# ھەدىسلەر توپلىمى

## (جەمئۇلفەۋائىد)

مۇئەللىپ

مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان مەغرىبىي

4 ـ جىلد (3751 ـ ھەدىستىن 4675 ـ ھەدىسقىچە)

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

تەشكىللىگۈچى: دوكتور/ ئالىمجان ئاتائۇللاھ (بۇغدا)

تەرجىمە قىلغۇچى: سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى تەرجىمە بۆلۈمى

تەرجىمە تەھرىرى: ئابدۇلھەكىمخان مەخسۇم (تەكلىماكان)
ئابدۇلخالىق ئابدۇلباقى (ئۇيغۇر)
مۆمىنجان سىدىق

مۇھەررىرى: سابىرجان

بەتچىك: ئا. روزى توختى

**سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى**
**2009**

## بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە

**سەنەد** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى ھەدىسنىڭ تېكىستىگە تۇتاشقۇچە ئارىلىقتىكى راۋىيلار زەنجىرى «سەنەد» دېيىلىدۇ.

**سەھىھ** ـ بىرىنچىدىن، سەنەدى مۇتتەسىل (بىر ـ بىرىگە ئىزچىل تۇتاشقان) بولغان، يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تاكى ھەدىسشۇناسقىچە بولغان سەنەد زەنجىرىنىڭ ھەممىسىدىكى راۋىي مەزكۇر ھەدىسنى ئۆزىدىن بۇرۇنقى راۋىيدىن بىۋاستە ئالغان؛ ئىككىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى بالاغەتكە يەتكەن ۋە ئەقلى ـ ھوشى جايىدا، ئىخلاسمەن مۇسۇلمان بولغان؛ ئۈچىنچىدىن، ھەممە راۋىيلىرى ھەدىسنى پىششىق ياد ئېلىش ياكى يېزىپ قالدۇرۇش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان؛ تۆتىنچىدىن، ھەدىس شاز بولمىغان، يەنى ئىشەنچلىك بىر راۋىينىڭ ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىكرەك يەنە بىر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ ھەدىسىگە زىت بولمىغان؛ بەشىنچىدىن، ھەدىسنىڭ سەھىھلىكىگە تەسىر يەتكۈزىدىغان بىرەر ئىللەت (قۇسۇر) بولمىغان (يەنى مەزكۇر بەش شەرت تېپىلغان) ھەدىس «سەھىھ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**ھەسەن** ـ سەھىھ ھەدىسنىڭ بارلىق شەرتلىرى تېپىلغان، پەقەت ئۈچىنچى شەرت ھېسابلانغان ”پىششىق ياد ئېلىش قابىلىيىتى“ بىر ئاز تۆۋەن بولغان راۋىي تەرىپىدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «ھەسەن» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**سەھىھ ۋە ھەسەن** ـ ئەگەر ھەدىس ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلىنغان بولسا، مەزكۇر ھەدىس بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن سەھىھ، يەنە بىر سەنەد ئېتىبارى بىلەن ھەسەن دېگەنلىك بولىدۇ. شۇڭا مۇنداق ھەدىس بىرلا ۋاقىتتا «سەھىھ ۋە ھەسەن» دېيىلىدۇ. ناۋادا ھەدىسنىڭ سەنەدى بىر بولسا، مۇنداق ھەدىس بىر قىسىم كىشىلەر

تەرىپىدىن «سەھىھ»، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن «ھەسەن» دەپ قارالغان دېگەنلىك بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسقىمۇ ئەمەل قىلىش ۋاجىپ بولىدۇ).

**زەئىپ** ـ ھەسەن ھەدىسنىڭ شەرتلىرىدىن بىرەرسى تېپىلماي قېلىپ، ھەسەن دەرىجىسىگە يېتەلمىگەن ھەرقانداق ھەدىس «زەئىپ» دېيىلىدۇ. زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ دەرىجىلىرى سەنەدتىكى بىرەر راۋىينىڭ ياكى بىر قانچە راۋىينىڭ شەرتكە تولۇق لايىق بولماسلىقىغا ئەگىشىپ پەرقلىق بولىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس ئىنتايىن زەئىپ بولمىسا، بىر قىسىم ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مەلۇم شەرت ئاستىدا ئەمەل قىلىشقا بولىدۇ. تەپسىلاتى ئۈچۈن «ھەدىس ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە» دېگەن تېمىغا مۇراجىئەت قىلىڭ).

**ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ياكى تېكىستىدە ئۇنىڭ زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**سەنەدى سەھىھ** ـ ئەسلىدە بىر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن بولسا، سەھىھ ھەدىسنىڭ ئالدىنقى ئۈچ شەرتىگە تولۇق كاپالەتلىك قىلغانلىقىنى، لېكىن ئاخىرقى ئىككى شەرتنى ئىسپاتلاشقا كاپالەتلىك قىلالمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بىراق ھەدىس تەتقىقات ئىلمىدە تونۇلغان بىرەر ھەدىسشۇناس: «بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدى سەھىھ» دېگەن، ئەمما مۇنداق دېيىشنىڭ ئىللىتىنى بايان قىلمىغان بولسا، بۇ ھالدا مەزكۇر ھەدىسنىڭ تېكىستىمۇ سەھىھ بولغان بولىدۇ.

**سەنەدى ھەسەن** ـ سەنەدى سەھىھ ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشمايدىغان، پەقەت ھەسەن ھەدىسنىڭ سەنەدىنىڭ شەرتلىرىگە توشىدىغان ھەدىس «سەنەدى ھەسەن» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرەر ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە زەئىپلىكىگە سەۋەب بولىدىغان بىرقانچە ئىللەت تېپىلسا، مەزكۇر ھەدىس «سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ» دېيىلىدۇ.

**مۇئەللەق** ـ ھەدىسشۇناستىن تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ياكى ساھابىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد ۋەياكى تابىئىنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى پۈتۈن سەنەد كۆتۈرۈۋېتىلىپ رىۋايەت قىلىنغان ھەدىس «مۇئەللەق» دېيىلىدۇ. (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما «بۇخارى» ۋە «مۇسلىم»دا كەلگەن مۇئەللەق ھەدىسلەردە: ”دېدى... ئېيتتى...“ دېگەندەك كەسكىن لەۋزى بىلەن كەلسە، سەھىھ ھەدىسنىڭ ھۆكمى بېرىلىدۇ. ”دېيىلدى... ئېيتىلدى...“ دېگەندەك ئېھتىماللىق لەۋزى بىلەن كەلسە، ئۇنداق ھەدىس تەكشۈرۈلۈپ، ئاندىن باھا بېرىلىدۇ).

**مۇرسەل** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە تابىئىندىن ئىلگىرىكى كىشى (يەنى ساھابە) چۈشۈپ قالغان، يەنى بىرەر تابىئىن مەزكۇر ھەدىسنى: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن... دېگىنىچە ئۆزى بىۋاستە باشلاپ كەتكەن بولسا، مۇنداق ھەدىس «مۇرسەل» دېيىلىدۇ (ئەسلىدە بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ، ئەمما بەزى شەرتلەر ئاستىدا ئەمەل قىلىنىدىغان مۇرسەل ھەدىسلەرمۇ بار).

**مۇئزەل** ـ سەنەدتە ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ كىشى ئارقا ـ ئارقىدىن چۈشۈپ قالغان ھەدىس «مۇئزەل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇنقەتىئ** ـ سەنەد مەيلى بېشىدىن ياكى ئوتتۇرىسىدىن ۋەياكى ئاخىرىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۈزۈلۈپ قالسا، يەنى ئارىدىن بىرەر راۋىي چۈشۈپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنقەتىئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مۇدەللەس** ـ سەنەدتىكى بىرەر ئەيىبنىڭ يوشۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ (سەنەدنىڭ) تاشقى ھالىتىنىڭ چىرايلىق كۆرسىتىلىشى «مۇدەللەس» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىس زەئىپ ھەدىسلەرنىڭ بىر تۈرىدۇر).

**مەترۇك** ـ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە يالغان ئېيتقانلىقى بايقالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مەترۇك» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇنكەر** - ھەدىسنىڭ سەنەدىدە كۆپ خاتالاشقان ياكى بىپەرۋالىق قىلغان ۋەياكى پاسىقلىقى ئاشكارىلىنىپ قالغان بىرەر راۋىي بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «مۇنكەر» دېيىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەدىسى زەئىپ بىرىنىڭ رىۋايىتى ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايىتىگە زىت بولۇپ قالسىمۇ، ئۇنىڭ ھەدىسى «مۇنكەر» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكىمۇ ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**مۇزتەرىب** - بىر - بىرىدىن پەرقلىق بىرقانچە شەكىلدە رىۋايەت قىلىنغان، ئەمما دەرىجە كۈچى جەھەتتە ھەممە شەكلى تەڭلىشىپ قالىدىغان، لېكىن مەزمۇنى بىر - بىرىگە زىت بولغان، قايسىسىنىڭ قايسىسىدىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئايرىغىلى بولمايدىغان ھەدىس «مۇزتەرىب» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسنى تەكشۈرۈپ، بىر رىۋايەتنىڭ يەنە بىرىدىن كۈچلۈك ياكى ساغلام ئىكەنلىكى بىلىنسە ئەمەل قىلىنىدۇ، بولمىسا ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**شاز** - ئىشەنچلىك بىرىنىڭ رىۋايەت قىلغان ھەدىسى ئۇنىڭدىنمۇ ئىشەنچلىك بىرىنىڭ ھەدىسىگە زىت بولۇپ قالسا، مۇنداق ھەدىس «شاز» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسكە ئەمەل قىلىنمايدۇ).

**قۇددۇسىي** - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەرۋەردىگارى الله تائالادىن بىزگە رىۋايەت قىلىپ بەرگەن، لەۋزى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە، مەنىسى الله تائالاغا ئائىت بولغان ھەدىس «قۇددۇسىي» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەرفۇئ** - پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ياكى ماقۇللۇق ۋەياكى بىرەر سۈپەت تەسۋىرلەنگەن ھەدىس «مەرفۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەۋقۇف** - بىرەر ساھابىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش - ھەرىكەت ۋەياكى ماقۇللۇق تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەۋقۇف» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەرمۇ ھەدىسكە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مەقتۇئ** ـ بىرەر تابىئىنگە ياكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى كىشىگە ئائىت سۆز ياكى ئىش ـ ھەرىكەت تەسۋىرلەنگەن تېكىست «مەقتۇئ» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى رىۋايەتلەر ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

**مۇتتەسىل** ـ سەنەدى مەرفۇئ ياكى مەۋقۇف ھالەتتە تۇتاشقان ھەدىس «مۇتتەسىل» دېيىلىدۇ (بۇ تۈردىكى ھەدىسمۇ ھەدىسلەرگە باھا بېرىش قائىدىسى بويىچە سەھىھ، ھەسەن، زەئىپ، مەۋزۇ قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ).

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەزمۇنلار ھەدىس ئىلمىگە مۇناسىۋەتلىك ساھەلەرنىڭ ئاساسىي قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پەقەت ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بىلىشىۋېلىشىغا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە ۋە ئاتالغۇلارنى قىسقىچە چۈشەندۈرۈپ ئۆتتۇق. كىتابخانلىرىمىزنىڭ ھەر بىر ھەدىسنى ئوقۇش جەريانىدا، شۇ ھەدىسكە بېرىلگەن باھانىمۇ نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىنى ۋە شۇنىڭغا قارىتا پايدىلىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. اللە تائالادىن بۇ كىتابنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىكىمىز ئۈچۈن پايدىلىق قىلىپ بېرىشىنى چىن دىلىمىزدىن تىلەيمىز.

2009 ـ يىل

## ھەج سەپىرىدە توسۇلۇپ قېلىش، ھەجگە ئۈلگۈرەلمەسلىك، فىدىيە بېرىش ۋە شەرتلىك ھەج قىلىش

3571 - عن الْحَجاجَ ْبنَ عَمْرِو الْأَنصَارِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللـهُ عَلْيْـهِ وَسَلمَ مَنْ كُسِرَ أَوْ عَرِجَ فَقَدْ حَل وَعَلْيِهِ الْحَج ِمنْ قَابِلٍ قَالَ عِكْرَمَةُ سَأَلْتُ ْابنَ عَباسٍ وَأَبا هُرَيْرَةَ عَنْ ذَِلكَ فَقَالَا صَدَقَ.

3571 ـ ھەججاج ئىبنى ئەمر ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمنىڭ بىر يېرى سۇنۇپ كەتسە ياكى ئاقساپ قالسا، ئېھرامدىن چىقىپ، كېيىنكى يىلى ھەج قىلسۇن» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرەدىن بۇ توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ ئىككىسى:

ـ ھەججاجنىڭ رىۋايىتى راست، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1862)

3572 - عن عمرو بن سعيد النخعي: أنه أهل بعمرة فلما بلغ ذات الشقوق لدغ فخرج أصحابه إلى الطريق عسى أن يلقوا من يسألونه فإذا هم بابن مسعود فقال لهـم: ليبعث بدى أو بثمنه واجعلوا بينكم وبينه آمادا يوما فإذا ذبح فليحلل وعليه قضاء عمرته.

3572 ـ ئەمر ئىبنى سەئىد نەخەئىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئۆمرەگە ئېھرام باغلاپ، زاتى شۇقۇق دېگەن يەرگە كەلگەندە، يىلان چېقىۋالدى. ھەمراھلىرىم بۇ مەسىلىنى سورايدىغان بىرەر كىشى

---

[1] ئەلبانى (1639): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇچرىتىپ قالارمىز دېگەن ئۈمىدتە يولغا چىقتى. يولدا ئىبنى مەسئۇد بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، مەسىلىنى ئۇنىڭدىن سورىغانىدى، ئۇ:

ـ قۇربانلىق قىلىنىدىغان مال ياكى مال ئالغۇدەك پۇلنى مەككىگە ئەۋەتسۇن. سىلەر ئۇنىڭ بىلەن بىر كۈننىڭ مەلۇم ۋاقتىنى ئېھرامدىن چىقىش ئۈچۈن بەلگىلىۋېلىڭلار. قۇربانلىق مال بوغۇزلانغاندىن كېيىن، ئېھرامدىن چىقسۇن، ئەمما كېلەر يىلى ئۆمرەنىڭ قازاسىنى قىلىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3573 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أَن سَعِيدَ بْنَ حُزَابَةَ الْمَخْزُومِي صُرِعَ بِبَعْRِ طَرِيقِ مَكة وَهُوَ مُحْرِمٌ فَسَأَلَ عَلَى الْمَاءِ الذِي كَانَ عَلَيْهِ عَنْ الْعُلَمَاءِ فَوَجَدَ عَبْدَ اللهِ بْـنَ عُمَـرَ وَعَبْدَ اللهِ بْنَ الزبَيْرِ وَمَرْوَانَ بْنَ الْحَكَمِ فَذَكَرَ لَهُمْ الذِي عَرَضَ لَهُ فَكُلُّهُمْ أَمَرَهُ أَنْ يَتَدَاوَى بِمَا لَا بُد لَهُ مِنْهُ وَيَفْتَدِيَ فَإِذَا صَح اعْتَمَرَ فَحَل مِنْ إِحْرَامِهِ ثُم عَلَيْهِ حَج قَابِلٍ وَيُهْدِي مَـا اسْتَيْسَرَ مِنْ الْهَدْيِ.

3573 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى ھۇزابە مەخزۇمى مەككە يولىنىڭ بىر يېرىدە ئېھراملىق كېتىۋېتىپ، ئۇلىغىدىن يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئېغىر زەخمىلەندى. شۇنىڭ بىلەن، يېقىن ئەتراپتىكى سۇنىڭ بويىغا چۈشكەنلەردىن قانداق قىلىش ھەققىدە پەتىۋا سورىماقچى بولدى ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير، مەرۋان ئىبنى ھەكەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارنى كۆرۈپ، ئۇلارغا بولغان ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۇلار بىردەك ئۇنىڭ داۋالىنىشى ۋە فىدىيە بېرىشى كېرەكلىكى، ئەگەر ياخشىلىنىپ قالسا، ئۆمرە قىلغاندىن كېيىن، ئېھرامدىن چىقىشى، ئاندىن كېلەر يىلى قايتا ھەج قىلىپ، چامى يەتكۈدەك مالدىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ قۇربانلىق قىلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا پەتىۋا بەردى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3574 - عَنْ أَيوبَ ْبنِ أَبِي َتمِيمَةَ السخْتِيَانِي عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَهْلِ الْبَصْرَةِ كَانَ قَدِمًا أَنهُ قَالَ خَرَجْتُ إِلَى مَكةَ حَتى إِذَا كُنتُ بِبَعْRِ̀ الطرِيقِ كُسِرَتْ فَخِذِي فَأَرْسَلْتُ إِلَى مَكةَ وَبِهَا عَبْدُ اللهِ ْبنُ عَباسٍ وَعَبْدُ اللهِ ْبنُ عُمَرَ وَالناسُ فَلَمْ يُرَخÒ لِي أَحَدٌ أَنْ أَحِل فَأَقَمْـتُ عَلَى ذَلِكَ الْمَاءِ سَبْعَةَ أَشْهُرٍ حَتى أَحْلَلْتُ بِعُمْرَةٍ.

3574 ـ ئەييۇب ئىبنى ئەبۇ تەممە سىختىيانىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بەسرەلىك بىر ئادەم ئۆز بېشىدىن ئۆتكەن مۇنداق بىر ۋەقەنى ئېيتىپ بەرگەن: مەككىگە قاراپ يولغا چىقىپ، بىر يەرگە بارغاندا، پۇتۇم سۇنۇپ كەتتى. مەن ئېھرامدىن چىقىشقا پەتىۋا سوراش ئۈچۈن مەككىگە ئادەم ئەۋەتتىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ۋە باشقىلار مەككىدە ئىكەن. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مېنىڭ ئېھرامدىن چىقىشىمغا رۇخسەت قىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۆزەم چۈشكەن يەردىكى سۇنىڭ بويىدا يەتتە ئاي تۇرۇپ، (ساقايغاندىن كېيىن) ئۆمرە قىلىپ، ئاندىن ئېھرامدىن چىقتىم.

(مالىك: 811)

3575 - عَنْ عَبْدِ اللهِ ْبنِ عُمَرَ أَنهُ قَالَ الْمُحْصَرُ بِمَرَضٍ لَا يَحِل حَتى يَطُوفَ بِالْبَيْتِ وَيَسْعَى بَيْنَ الصفَا وَالْمَرْوَةِ فَإِذَا اضْطُر إِلَى لُبْسِ شَيْءٍ مِنْ الثيَابِ الِتي لَا ُبد لَـهُ مِنْهَـا أَوْ الدوَاءِ صَنَعَ ذَلِكَ وَافْتَدَى.

3575 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: (ھەج يولىدا) كېسەل سەۋەبىدىن توسۇلۇپ قالغان كىشى بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلىپ، سەفا بىلەن مەرۋە ئارىسىدا سەئيى قىلمىغۇچە ئېھرامدىن چىقمايدۇ. كىيىم كىيىش ياكى دورا ئىچىشكە مەجبۇر بولۇپ قالسا، فىدىيە بېرىپ، ئاندىن شۇنداق قىلسا بولىدۇ.

(مالىك: 809)

3576 - قَالَ ابْنُ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَدْ أُحْصِرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَحَلَقَ رَأْسَهُ وَجَامَعَ نِسَاءَهُ وَنَحَرَ هَدْيَهُ حَتى اعْتَمَرَ عَامًا قَابِلًا.

3576 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: (ھۇدەيبىيە يىلى) رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۆمرە ئۈچۈن يولغا چىقىپ، ھۇدەيبىيەگە كەلگەندە) كەئبىگە كىرىشتىن چەكلەندى. شۇنىڭ بىلەن، چېچىنى چۈشۈردى، ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلدى ۋە قۇربانلىقنى بوغۇزلىدى. ئاندىن كېيىنكى يىلى قايتا ئۆمرە قىلدى.

(بۇخارى: 1809)

3577 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا إِنمَا الْبَدَلُ عَلَى مَنْ نَقَضَ حَجهُ بِالتلَـذذِ فَأَما مَنْ حَبَسَهُ عُذْرٌ أَوْ غَيْرُ ذَلِكَ فَإِنهُ يَحِل وَلَا يَرْجِعُ وَإِنْ كَانَ مَعَهُ هَدْيٌ وَهُوَ مُحْصَـرٌ نَحَرَهُ إِنْ كَانَ لَا يَسْتَطِيعُ أَنْ يَبْعَثَ بِهِ وَإِنْ اسْتَطَاعَ أَنْ يَبْعَثَ بِهِ لَمْ يَحِل حَتى يَبْلُغَ الْهَدْيُ مَحِلهُ.

3577 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بەدەل (يەنى قازا ھەج قىلىش) ئېھرامدا تۇرۇپ چەكلەنگەن ئىشلارنى قىلىپ، ھەججىنى بۇزغان كىشىگە ۋاجىب بولىدۇ. ئەمما بىر ئادەم ئۆزرە ياكى ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلار سەۋەبىدىن يولدا توسۇلۇپ قالسا، ئېھرامدىن چىقىدۇ، لېكىن يۇرتىغا قايتمايدۇ. ئەگەر قۇربانلىق ئېلىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇنى مەككىگە ئەۋەتىشكە ئامال تاپالمىسا، توسۇلۇپ قالغان يېرىدە بوغۇزلايدۇ. ئەگەر مەككىگە ئەۋەتىش ئامالى بولسا، قۇربانلىقنى جايىغا يەنى مەككىگە يېتىپ بېرىپ بوغۇزلانغانغا قەدەر ئېھرامدىن چىقمايدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3578 - عَنْ نَاجِيَةَ بنِ جُنْدُبٍ الأَسْلَمِي، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ صُد الْهَدْيُ، فَقُلْتُ: "يَا رَسُولَ اللهِ ابْعَثْ مَعِي بِالْهَدْيِ فَلْنَحَرْهُ فِي الْحَـرَمِ،

قَالَ: وَكَيْفَ تَأْخُذُ بِهِ؟ قُلْتُ: آخُذُ بِهِ فِي أَوْدِيَةٍ، لا يَقْدِرُونَ عَلَيَّ فِيهَا، فَبَعَثَهُ مَعِي حَتَّى نَحَرْتُهُ فِي الْحَرَمِ.

3578 ـ ناجىيە ئىبنى جۇندۇب ئەسلەمى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مۇشرىكلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەرەمدە قۇربانلىق قىلىشتىن توسقان ۋاقىتتا، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! قۇربانلىقىڭنى ماڭا قوشۇپ قويغىن، مەن ئېلىپ بېرىپ، بەيتۇللاھنىڭ يېنىدا بوغۇزلاپ بېرەي، ـ دېسەم:

ــ بەيتۇللاھقا قانداق ئېلىپ بارىسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ مۇشرىكلار يېتىپ بارالمايدىغان جىلغىلار ئارقىلىق ئېلىپ بارىمەن، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقىنى ماڭا قوشۇپ قويدى. مەن قۇربانلىقنى ئېلىپ بېرىپ، بەيتۇللاھنىڭ يېنىدا بوغۇزلىدىم.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3579 - عَنْ مَالِك قَالَ مَنْ حُبِسَ بِعَدُو فَحَالَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْبَيْتِ فَإِنَّهُ يَحِلُّ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ وَيَنْحَرُ هَدْيَهُ وَيَحْلِقُ رَأْسَهُ حَيْثُ حُبِسَ وَلَيْسَ عَلَيْهِ قَضَاءٌ و حَدَثَنِي عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَل هُوَ وَأَصْحَابُهُ بِالْحُدَيْبِيَةِ فَنَحَرُوا الْهَدْيَ وَحَلَقُوا رُءُوسَهُمْ وَحَلُّوا مِنْ كُل شَيْءٍ قَبْلَ أَنْ يَطُوفُوا بِالْبَيْتِ وَقَبْلَ أَنْ يَصِلَ إِلَيْهِ الْهَدْيُ ثُم لَمْ يُعْلَمْ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ أَحَدًا مِنْ أَصْحَابِهِ وَلَا مِمنْ كَانَ مَعَهُ أَنْ يَقْضُوا شَيْئًا وَلَا يَعُودُوا لِشَيْءٍ.

3579 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىمكى دۈشمەن تۈپەيلىدىن يولدا توسۇلۇپ قالسا، توسۇلۇپ قالغان يەردە قۇربانلىقنى بوغۇزلايدۇ، چېچىنى چۈشۈرىدۇ ۋە ئېھرامدىن يېشىنىدۇ. مۇنداق ھەجنىڭ قازاسىنى قىلمايدۇ. ماڭا يېتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ساھابىلىرى ھۆدەيبىيەدە توسۇلۇپ قالغاندا، بەيتۇللاھنى تاۋاپ قىلماي ۋە قۇربانلىقماللار بوغۇزلىنىدىغان جايغا،

يەنى ھەرەمگە يېتىپ بارماي تۇرۇپ، چاچلىرىنى چۈشۈرۈپ، قۇربانلىقلىرىنى بوغۇزلاپ، ئېھرامدىن يۈتۈنلەي چىققان. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلىرىدىن ياكى ئۆزىگە ھەمراھ بولغانلاردىن ھېچكىمنى ئۆمرەنىڭ قازاسىنى قىلىشقا ياكى ئۇنىڭ پائالىيەتلىرىدىن بىرەر ئىشنى قايتىدىن قىلىشقا بۇيرىمىغان.
(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3580 - عن سُلَيْمَانُ بْنُ يَسَارٍ أن أبا أيوبَ الْأَنصَارِي خَرَجَ حَاجًا حَتى إذَا كَانَ بِالنازِيَةِ مِنْ طَرِيقِ مَكةَ أَضَل رَوَاحِلَهُ وَإِنهُ قَدِمَ عَلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ يَوْمَ النحْرِ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ عُمَرُ اصْنَعْ كَمَا يَصْنَعُ الْمُعْتَمِرُ ثُم قَدْ حَلَلْتَ فَإِذَا أَدْرَكَكَ الْحَج قَابِلًا فَاحْجُجْ وَأَهْدِ مَا اسْتَيْسَرَ مِنْ الْهَدْيِ.

3580 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەج قىلىش نىيىتىدە يولغا چىقىپ، مەككىنىڭ يولىدىكى نازىيە دېگەن جايغا بارغاندا مىنىدىغان تۆگىلىرىنى يۈتتۈرۈپ قويدى. شۇ سەۋەبتىن ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ يېنىغا قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى ئاران كېلەلىدى ۋە ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:
ــ ئۆمرە قىلىپ، ئاندىن ئېھرامدىن چىققىن. كېلەر يىلى ئۆمرۈڭ يار بەرسە، ھەج قىلىپ، قۇربىڭغا لايىق قۇربانلىق قىلغىن! ـ دېدى.
(مالىك: 870)

3581 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أن هَبارَ بْنَ الْأَسْوَدِ جَاءَ يَوْمَ النحْرِ وَعُمَرُ بْنُ الْخَطابِ يَنْحَرُ هَدْيَهُ فَقَالَ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ أَخْطَأْنَا الْعِدةَ كُنا نَرَى أن هَذَا الْيَوْمَ يَوْمُ عَرَفَةَ فَقَالَ عُمَرُ اذْهَبْ إِلَى مَكةَ فَطُفْ أَنتَ وَمَنْ مَعَكَ وَانْحَرُوا هَدْيًا إِنْ كَانَ مَعَكُمْ ثُم احْلِقُوا أَوْ قَصرُوا وَارْجِعُوا فَإِذَا كَانَ عَامٌ قَابِلٌ فَحُجوا وَأَهْدُوا فَمَنْ لَمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَاثَةِ أَيامٍ فِي الْحَج وَسَبْعَةٍ إِذَا رَجَعَ.

3581 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: ھەببار ئىبنى ئەسۋەد قۇربان ھېيتنىڭ بىرىنچى كۈنى يېتىپ كەلدى. بۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇربانلىقنى بوغۇزلاۋاتاتتى. ھەببار:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بىز كۈنلەرنى خاتا ساناپ، بۈگۈننى ئەرافات كۈنى (يەنى زۇلھەججە ئېيىنىڭ توققۇزىنچى كۈنى) دەپ ھېسابلاپتىمىز، ـ دېۋىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ھەمراھلىرىڭ بىللە بىللە مەككىگە بېرىپ، تاۋاپ قىلىڭلار. قۇربانلىقىڭلار بولسا، بوغۇزلىغاندىن كېيىن، چېچىڭلارنى چۈشۈرۈپ ياكى قىسقارتىپ، ئاندىن يۇرتۇڭلارغا قايتىڭلار. كېلەر يىلى قايتا ھەج قىلىڭلار ۋە قۇربانلىق مال ئېلىپ كېلىپ بوغۇزلاڭلار. كىم قۇربانلىق قىلالمىسا، ھەجدە ئۈچ كۈن، ئۆز يۇرتىغا قايتقاندا يەتتە كۈن روزا تۇتسۇن، ـ دېدى.

(مالىك: 871)

3582 - عن ابن عباس: في قوله تعالى ﴿فإن أحصرتم فما استيسر مـن الهـدى﴾ قال: يعني ما استيسر من الأزواج الثمانية الأناث أو الذكور من الإبل والبقـر والضـأن والمعز.

3582 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما اللە تائالانىڭ: ﴿ئەگەر (دۈشمەن ياكى كېسەللىك سەۋەبىدىن) ھەج ياكى ئۆمرەنى ئادا قىلىشتا توسقۇنلۇققا ئۇچرىساڭلار، ئۇ ھالدا نېمە ئوڭاي بولسا (يەنى تۆگە، كالا، قويدىن نېمىنى تاپالىساڭلار) شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار﴾[1] دېگەن ئايىتى ھەققىدە توختىلىپ: تۆگە، كالا، قوي ۋە ئۆچكىنىڭ ئەركەك ياكى چىشىسىدىن ئىبارەت سەككىز تۈرلۈك مالدىن قايسىسىنى تاپالىساڭلار، شۇنى قۇربانلىق قىلىڭلار دېگەنلىك بولىدۇ، ـ دېگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] سۈرە بەقەرە، 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

3583 - عن ابن عمر: سئل عما استيسر من الهدى فقال: بدنة أو بقرة أو سـبع شياه وأن أهدى شاة أحب إليّ من أن أصوم أو أشرك في جزور. (رزين).

3583 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن يۇقىرىقى ئايەتتىكى: نېمە ئوڭاي بولساﻻ دېگەن ئىبارىنىڭ مەنىسى ھەققىدە سورالغاندى، ئۇ:

ــ بۇ ئىبارىدىن تۆگە ياكى كالا ۋە ياكى يەتتە قوي كۆزدە تۇتۇلغان. بىر تۇياق قوينى مۇستەقىل قۇربانلىق قىلىش ــ مەن ئۈچۈن ئۈن كۈن روزا تۇتۇش ياكى ئالتە ئادەم بىلەن بىرلىشىپ (ئۆزى بىلەن يەتتە بولىدۇ)، بىر تۆگىگە شېرىك بولۇشتىن ياخشىراق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3584 - عن عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ أَبِي لَيْلَى أن كَعْبَ بْنَ عُجْرَةَ حَدثَهُ قَالَ وَقَفَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِالْحُدَيْبِيَةِ وَرَأْسِي يَتَهَافَتُ قَمْلًا فَقَالَ يُؤْذِيكَ هَوَامكَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ فَاحْلِقْ رَأْسَكَ أَوْ قَالَ احْلِقْ قَالَ فِي نَزَلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ فَمَنْ كَانَ مِنْكُمْ مَرِيضًا أَوْ بِهِ أَذًى مِنْ رَأْسِهِ إِلَى آخِرِهَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صُمْ ثَلَاثَةَ أَيامٍ أَوْ تَصَدقْ بِفَرَقٍ بَيْنَ سِتةٍ أَوْ انْسُكْ بِمَا تَيَسرَ.

3584 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا كەئب ئىبنى ئۇجرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھۇدەيبىيە كۈنلىرى، بېشىمنى پىت بېسىپ كەتكەن ھالدا تۇرسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمغا كېلىپ:

ــ پىتلىرىڭ سېنى قىيناۋاتامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ چېچىڭنى چۈشۈرۈۋەتكىن! ــ دېدى. ئاندىن مۇشۇ ھەققىدە: سىلەردىن كىمكى كېسەل (يەنى چېچىنى چۈشۈرسە زىيان قىلىدىغان كېسەل) ياكى بېشىدا ئىللەت (يەنى باش ئاغرىقى، پىتقا ئوخشاش) بولۇپ (بېشىنى چۈشۈرمىسە)، فىديە قىلىش يۈزىسىدىن (ئۈچ كۈن) ورزا تۇتسۇن ياكى (ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا) سەدىقە بەرسۇن،

ياكى (بىرەر مال) قۇربانلىق قىلسۇن[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

— ئۈچ كۈن روزا تۇتقىن ياكى ئالتە مىسكىنگە ئۈچ سا سەدىقە بەرگىن ۋەياكى نېمە ئاسان بولسا، شۇنى قۇربانلىق قىلغىن! ـ دېدى. (بۇخارى: 1815)

3585 - عَنْ كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَآهُ وَأنهُ يَسْقُطُ عَلَى وَجْهِهِ فَقَالَ أَيُؤْذِيكَ هَوَامكَ قَالَ نَعَمْ فَأَمَرَهُ أَنْ يَحْلِقَ وَهُوَ بِالْحُدَيْبِيَةِ وَلَمْ يَتَبَينْ لَهُمْ أَنهُمْ يَحِلونَ بِهَا وَهُمْ عَلَى طَمَعٍ أَنْ يَدْخُلُوا مَكةَ فَأَنْزَلَ اللهُ الْفِدْيَةَ بنحوه.

3585 ـ كەئب ئىبنى ئۇجرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پىتلارنىڭ يۈزۈمگە چۈشۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

ـ پىتلىرىڭ سېنى چېقىۋاتامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ھەئە، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنداقتا، چېچىڭنى چۈشۈرىۋەتكىن! ــ دېدى. ئۇ ۋاقىتتا بىز تېخىچە مەككىگە كىرىش نىيىتىدە بولۇپ، ھۇدەيبىيەدە ئېھرامدىن چىقىدىغانلىقىمىز ئېنىق بولمىغانىدى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا فىدىيە بېرىش ھەققىدە ئايەت نازىل قىلدى. داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش.

(بۇخارى: 1818)

3586 - وفي رواية: والفرق ثلاثةآصع. مسلم1201.

3586 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: بىر پەرەق ئۈچ ساغا تەڭ، ـ دېيىلگەن. (مۇسلىم: 1201)

[1] سۈرە بەقەرە، 196 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

3587 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَعْقِلٍ قَالَ جَلَسْتُ إِلَى كَعْبِ بْنِ عُجْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فَسَأَلْتُهُ عَنْ الْفِدْيَةِ فَقَالَ نَزَلَتْ فِي خَاصةً وَهِيَ لَكُمْ عَامةً حُمِلْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالْقَمْلُ يَتَنَاثَرُ عَلَى وَجْهِي فَقَالَ مَا كُنتُ أُرَى الْوَجَعَ بَلَغَ بِكَ مَا أَرَى أَوْ مَا كُنتُ أُرَى الْجَهْدَ بَلَغَ بِكَ مَا أَرَى تَجِدُ شَاةً فَقُلْتُ لَا فَقَالَ فَصُمْ ثَلَاثَةَ أَيامٍ أَوْ أَطْعِمْ سِتةَ مَسَاكِينَ لِكُل مِسْكِينٍ نِصْفَ صَاعٍ.

3587 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەئقەلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن كەئىب ئىبنى ئۇجرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭدىن فىدىيە توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ فىدىيە ھۆكمى ماڭا خاس، لېكىن سىلەرگە ئورتاق بولۇپ نازىل بولغان. بېشىمنى پىت بېسىپ كەتكەن ھالدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا ئېلىپ بېرىلدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى كۆرۈپ:

ـ ساڭا يەتكەن ئەزىيەتنىڭ بۇ ھالغا يەتكىنىنى ئويلىماپتىمەن (ياكى: ساڭا بۇ قەدەر ئەزىيەت يەتكەنلىكىنى ئويلىماپتىمەن). قۇربانلىق ئۈچۈن بىر قوي تاپالامسەن؟ ـ دېدى:

ـ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردىم.

ـ ئۇنداقتا، ئۈچ كۈن روزا تۇت ياكى ئالتە مىسكىننىڭ ھەر بىرىگە يېرىم سادىن بۇغداي سەدىقە قىلغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 1816)

3588 - وفي رواية: فَحَلَقْتُ رَأْسِي ثُم نَسَكْتُ.

3588 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: چېچىمنى چۈشۈردۈم ۋە قۇربانلىق قىلدىم، ـ دەپ كەلگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1860)

[1] ئەلبانى (1637): ھەسەن، ـ دېگەن.

3589 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى ضُبَاعَةَ بِنْتِ الزبَيْرِ فَقَالَ لَهَا أَرَدْتِ الْحَج قَالَتْ وَاللهِ مَا أَجِدُنِي إِلا وَجِعَةً فَقَالَ لَهَا حُجي وَاشْتَرِطِي وَقُولِي اللهُم مَحِلي حَيْثُ حَبَسْتَنِي وَكَانَتْ تَحْتَ الْمِقْدَادِ.

3589 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبائە بىنتى زۇبەيرنىڭ قېشىغا كىرىپ:

- ھەج قىلماقچىمۇسەن؟ - دەپ سورىدى، ئۇ:

- شۇنداق قىلماقچى ئىدىم، لېكىن بەكلا مىجەزىم يوق، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- شۇنداقتىمۇ ھەجگە ئېھرام باغلىغىن ۋە: ”ئى الله! سەن مېنى توختىتىپ قويغان يەردە ئېھرامدىن چىقىمەن“ دەپ شەرتلىك نىيەت قىلغىن! - دېدى. زۇبائە ئۇ چاغدا مىقدادنىڭ نىكاھىدا ئىدى.

(مۇسلىم: 1207)

3590 - عَنْ سَالِمٍ قَالَ كَانَ ابْنُ عُمَرَ يُنْكِرُ الِاشْتِرَاطَ فِي الْحَج وَيَقُولُ أَلَيْسَ حَسْبُكُمْ سُنةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنْ حُبِسَ أَحَدُكُمْ عَنْ الْحَج طَافَ بِالْبَيْتِ وَبِالصفَا وَالْمَرْوَةِ ثُم حَل مِنْ كُل شَيْءٍ حَتى يَحُج عَامًا قَابِلًا وَيُهْدِي وَيَصُومُ إِنْ لَمْ يَجِدْ هَدْيًا.

3590 - سالىم مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەجدە شەرت قوشۇشنى رەت قىلىپ مۇنداق دەيتتى:

- رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى سىلەرگە يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ كىمكى توسۇلۇپ قېلىپ ھەج قىلالمىسا، كەئبىنى تاۋاپ قىلىدۇ، ئاندىن سەفا بىلەن مەرۋەنىڭ ئارىلىقىنى سەئيى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئېھرامدىن پۈتۈنلەي چىقىدۇ. كېيىنكى يىلى ئۇ ئادەم قايتا ھەج قىلىدۇ ۋە قۇربانلىق مال بوغۇزلايدۇ. ئەگەر قۇربانلىق قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، روزا تۇتىدۇ[1].

(نەسائى: 2769)

[1] ئەلبانى (2594): سەھىھ - دېگەن.

## مەككىگە كىرىش، مەككىدىن چىقىش ۋە مۇھەسسەب دېگەن جىلغىدا قونۇش

3591 - عَنِ ابْنِ عَبَاسٍ رَضِي اللهُ تَعَالَى عَنْهُمَا، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: غَيرَ ثَوْبَيِ الإِحْرَامِ عِنْدَ التَنْعِيمِ حِينَ دَخَلَ مَكةَ.

3591 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كىرىدىغان چاغدا، تەنئىم دېگەن يەردە ئىككى پارچە ئېھراملىق كىيىمىنى ئالماشتۇردى[1].

(«ئەلكەبىر»: 10510)

3592 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ مَكةَ مِنْ الثنِيةِ العُلْيَا التِي بِالْبطْحَاءِ وَخَرَجَ مِنْ الثنِيةِ السفْلَى.

3592 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە بەتھادىكى ئۈستۈنكى داۋاندىن كىرىپ، چىقىشتا تۆۋەنكى داۋاندىن چىقتى[2].

(نەسائى: 2865)

3593 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا خَرَجَ إِلَى مَكةَ يُصَلي فِي مَسْجِدِ الشجَرَةِ وَإِذَا رَجَعَ صَلى بِذِي الْحُلَيْفَةِ بِبَطْنِ الْوَادِي وَبَاتَ حَتى يُصْبِحَ.

---

[1] ھەيسەمى (5460): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لەھىئە ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2683): سەھىھ ـ دېگەن.

3593 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە قاراپ يولغا چىقىدىغان چاغدا، مەسجىدى شەجەرەدە ناماز ئوقۇيتتى. مەككىدىن قايتقاندا، زۇلھۇلەيفەدىكى ۋادىدا ناماز ئوقۇپ، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى.

(بۇخارى: 1799)

3594 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ دَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْفَتْحِ مِنْ كَدَاءَ مِنْ أَعْلَى مَكةَ وَدَخَلَ فِي الْعُمْرَةِ مِنْ كُدًى قَالَ وَكَانَ عُرْوَةُ يَدْخُلُ مِنْهُمَا جَمِيعًا وَكَانَ أَكْثَرُ مَا كَانَ يَدْخُلُ مِنْ كُدًى وَكَانَ أَقْرَبَهُمَا إِلَى مَنْزِلِهِ.

3594 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فەتھى يىلى مەككىگە (مەككىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى) كەدائە دېگەن يولدىن، ئۆمرە قىلغان يىلى مەككىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كۇدا يولىدىن كىردى.

ھىشام ئىبنى ئۇرۋە مۇنداق دېگەن: ئۇرۋە ھەر ئىككى يولدىن كىرەتتى. ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتتا كۇدا يولىنى تاللايتتى. چۈنكى كۇدا يولى ئۇنىڭ ئۆيىگە تېخىمۇ يېقىن ئىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1868)

3595 - رَوَى نَافِعٌ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنهُ كَانَ يَغْتَسِلُ لِدُخُولِ مَكةَ.

3595 ـ نافىئ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەككىگە كىرىش ئۈچۈن غۇسلى قىلدى[2].

(تىرمىزى: 852)

---

[1] ئەلبانى (1645): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (149): سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

3596 – و في رواية أسلم عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ اغْتَسَلَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِدُخُولِهِ مَكةَ بِفَخٍّ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ غَيْرُ مَحْفُوظٍ وَالصحِيحُ مَا رَوَى نَافِعٌ عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنهُ كَانَ يَغْتَسِلُ لِدُخُولِ مَكةَ .

3596 ـ ئەسلەمنىڭ رىۋايىتىدە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كىرىشتىن بۇرۇن فەخ دېگەن يەردە غۇسلى قىلدى.

تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: ئەسلەمنىڭ بۇ ھەدىسى سەھىھ ئەمەس، بەلكى نافىئنىڭ: ئىبنى ئۆمەر مەككىگە كىرىش ئۈچۈن غۇسلى قىلاتتى، ـ دېگەن ھەدىسى سەھىھتۇر.

3597 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ أَخْبَرَهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَنْزِلُ بِذِي الْحُلَيْفَةِ حِينَ يَعْتَمِرُ وَفِي حَجتِهِ حِينَ حَج تَحْتَ سَمُرَةٍ فِي مَوْضِعِ الْمَسْجِدِ الذِي بِذِي الْحُلَيْفَةِ وَكَانَ إِذَا رَجَعَ مِنْ غَزْوٍ كَانَ فِي تِلْكَ الطرِيقِ أَوْ حَج أَوْ عُمْرَةٍ هَبَطَ مِنْ بَطْنِ وَادٍ فَإِذَا ظَهَرَ مِنْ بَطْنِ وَادٍ أَنَاخَ بِالْبَطْحَاءِ التِي عَلَى شَفِيرِ الْوَادِي الشرْقِيةِ فَعَرسَ ثَم حَتى يُصْبِحَ لَيْسَ عِنْدَ الْمَسْجِدِ الذِي بِحِجَارَةٍ وَلَا عَلَى الْأَكَمَةِ التِي عَلَيْهَا الْمَسْجِدُ كَانَ ثَم خَلِيجٌ يُصَلي عَبْدُ اللهِ عِنْدَهُ فِي بَطْنِهِ كُثُبٌ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَم يُصَلي فَدَحَا السيْلُ فِيهِ بِالْبَطْحَاءِ حَتى دَفَنَ ذَلِكَ الْمَكَانَ الذِي كَانَ عَبْدُ اللهِ يُصَلي فِيهِ وَأَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ حَدثَهُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى حَيْثُ الْمَسْجِدُ الصغِيرُ الذِي دُونَ الْمَسْجِدِ الذِي بِشَرَفِ الروْحَاءِ وَقَدْ كَانَ عَبْدُ اللهِ يَعْلَمُ الْمَكَانَ الذِي كَانَ صَلى فِيهِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ ثَم عَنْ يَمِينِكَ حِينَ تَقُومُ فِي الْمَسْجِدِ تُصَلي وَذَلِكَ الْمَسْجِدُ عَلَى حَافَةِ الطرِيقِ الْيُمْنَى وَأَنْتَ ذَاهِبٌ إِلَى مَكةَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْمَسْجِدِ الْأَكْبَرِ رَمْيَةٌ بِحَجَرٍ أَوْ نَحْوُ ذَلِكَ وَأَن ابْنَ عُمَرَ كَانَ يُصَلي إِلَى الْعِرْقِ الذِي عِنْدَ مُنْصَرَفِ الروْحَاءِ وَذَلِكَ الْعِرْقُ انْتِهَاءُ طَرَفِهِ عَلَى حَافَةِ الطرِيقِ دُونَ الْمَسْجِدِ الذِي بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْمُنْصَرَفِ وَأَنْتَ ذَاهِبٌ إِلَى مَكةَ وَقَدْ ابْتُنِيَ ثَم مَسْجِدٌ فَلَمْ يَكُنْ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ يُصَلي فِي ذَلِكَ الْمَسْجِدِ كَانَ يَتْرُكُهُ عَنْ يَسَارِهِ وَوَرَاءَهُ وَيُصَلي أَمَامَهُ إِلَى الْعِرْقِ نَفْسِهِ وَكَانَ عَبْدُ اللهِ يَرُوحُ مِنْ الروْحَاءِ فَلَا يُصَلي الظهْرَ حَتى يَأْتِيَ ذَلِكَ الْمَكَانَ فَيُصَلي فِيهِ

الظُّهْرَ وَإِذَا أَقْبَلَ مِنْ مَكَّةَ فَإِنْ مَرَّ بِهِ قَبْلَ الصُّبْحِ بِسَاعَةٍ أَوْ مِنْ آخِرِ السَّحَرِ عَرَّسَ حَتَّى يُصَلِّيَ بِهَا الصُّبْحَ وَأَنَّ عَبْدَ اللَّهِ حَدَّثَهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَنْزِلُ تَحْتَ سَرْحَةٍ ضَخْمَةٍ دُونَ الرُّوَيْثَةِ عَنْ يَمِينِ الطَّرِيقِ وَوِجَاهَ الطَّرِيقِ فِي مَكَانٍ بَطْحٍ سَهْلٍ حَتَّى يُفْضِيَ مِنْ أَكَمَةٍ دُوَيْنَ بَرِيدِ الرُّوَيْثَةِ بِمِيلَيْنِ وَقَدْ انْكَسَرَ أَعْلَاهَا فَانْثَنَى فِي جَوْفِهَا وَهِيَ قَائِمَةٌ عَلَى سَاقٍ وَفِي سَاقِهَا كُثُبٌ كَثِيرَةٌ وَأَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ حَدَّثَهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صَلَّى فِي طَرَفِ تَلْعَةٍ مِنْ وَرَاءِ الْعَرْجِ وَأَنْتَ ذَاهِبٌ إِلَى هَضْبَةٍ عِنْدَ ذَلِكَ الْمَسْجِدِ قَبْرَانِ أَوْ ثَلَاثَةٌ عَلَى الْقُبُورِ رَضَمٌ مِنْ حِجَارَةٍ عَنْ يَمِينِ الطَّرِيقِ عِنْدَ سَلَمَاتِ الطَّرِيقِ بَيْنَ أُولَئِكَ السَّلَمَاتِ كَانَ عَبْدُ اللَّهِ يَرُوحُ مِنْ الْعَرْجِ بَعْدَ أَنْ تَمِيلَ الشَّمْسُ بِالْهَاجِرَةِ فَيُصَلِّي الظُّهْرَ فِي ذَلِكَ الْمَسْجِدِ وَأَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ حَدَّثَهُ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَزَلَ عِنْدَ سَرَحَاتٍ عَنْ يَسَارِ الطَّرِيقِ فِي مَسِيلٍ دُونَ هَرْشَى ذَلِكَ الْمَسِيلُ لَاصِقٌ بِكُرَاعِ هَرْشَى بَيْنَهُ وَبَيْنَ الطَّرِيقِ قَرِيبٌ مِنْ غَلْوَةٍ وَكَانَ عَبْدُ اللَّهِ يُصَلِّي إِلَى سَرْحَةٍ هِيَ أَقْرَبُ السَّرَحَاتِ إِلَى الطَّرِيقِ وَهِيَ أَطْوَلُهُنَّ وَأَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ حَدَّثَهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَنْزِلُ فِي الْمَسِيلِ الَّذِي فِي أَدْنَى مَرِّ الظَّهْرَانِ قِبَلَ الْمَدِينَةِ حِينَ يَهْبِطُ مِنْ الصَّفْرَاوَاتِ يَنْزِلُ فِي بَطْنِ ذَلِكَ الْمَسِيلِ عَنْ يَسَارِ الطَّرِيقِ وَأَنْتَ ذَاهِبٌ إِلَى مَكَّةَ لَيْسَ بَيْنَ مَنْزِلِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَبَيْنَ الطَّرِيقِ إِلَّا رَمْيَةٌ بِحَجَرٍ وَأَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ حَدَّثَهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَانَ يَنْزِلُ بِذِي طُوًى وَيَبِيتُ حَتَّى يُصْبِحَ يُصَلِّي الصُّبْحَ حِينَ يَقْدَمُ مَكَّةَ وَمُصَلَّى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ ذَلِكَ عَلَى أَكَمَةٍ غَلِيظَةٍ لَيْسَ فِي الْمَسْجِدِ الَّذِي بُنِيَ ثَمَّ وَلَكِنْ أَسْفَلَ مِنْ ذَلِكَ عَلَى أَكَمَةٍ غَلِيظَةٍ وَأَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ حَدَّثَهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اسْتَقْبَلَ فُرْضَتَيْ الْجَبَلِ الَّذِي بَيْنَهُ وَبَيْنَ الْجَبَلِ الطَّوِيلِ نَحْوَ الْكَعْبَةِ فَجَعَلَ الْمَسْجِدَ الَّذِي بُنِيَ ثَمَّ يَسَارَ الْمَسْجِدِ بِطَرَفِ الْأَكَمَةِ وَمُصَلَّى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَسْفَلَ مِنْهُ عَلَى الْأَكَمَةِ السَّوْدَاءِ تَدَعُ مِنْ الْأَكَمَةِ عَشَرَةَ أَذْرُعٍ أَوْ نَحْوَهَا ثُمَّ تُصَلِّي مُسْتَقْبِلَ الْفُرْضَتَيْنِ مِنْ الْجَبَلِ الَّذِي بَيْنَكَ وَبَيْنَ الْكَعْبَةِ.

3597 ـ نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: زۇلھۇلەيفەدىكى مەسجىدنىڭ ئورنىدا بىر تۈپ سەمۇرە دەرىخى بار بولۇپ، رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم ئۆمرە ياكى ھەج ئۈچۈن سەپەر قىلغاندا، شۇ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئارام ئالاتتى. ئۇ، شۇ يول تەرەپتە يۈز بەرگەن بىرەر ئۇرۇشتىن ياكى ئۆمرە ۋەياكى ھەجدىن قايتقاندا، ئەقىق ۋادىسىنىڭ ئىچى بىلەن يۇرۇپ، ۋادىدىن چىققاندىن كېيىن، (ۋادىنىڭ) شەرق تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان شېغىللىقتا تۆگىسىنى چۆكتۇرۇپ، تاڭ ئاتقۇچە ئارام ئالاتتى. ئارام ئالىدىغان ئۇ يەر نە ھازىرقى تاشتىن سېلىنغان مەسچىدنىڭ، نە ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەسجىدنىڭ قېشىدا ئەمەس ئىدى.

ئۇ يەردە ۋادىنىڭ چىقىش ئېغىزى بار بولۇپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما شۇ يەردە ناماز ئوقۇيتتى، چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەممۇ قۇم يىغىلىپ قالغان شۇ يەردە ناماز ئوقۇغانىدى. كېيىن كەلكۈن كېلىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ناماز ئوقۇغان يەرنى تاش ـ تۇپراق بىلەن تىندۇرۇۋەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ نافىئقا ئېيتىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم رەۋھا[1] تۆپىلىكىدىكى مەسجىدنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى كىچىك مەسجىدنىڭ ئورنىدا ناماز ئوقۇغان ئىكەن. ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ناماز ئوقۇغان يېرىگە بەلگە قىلىپ قويغاچقا:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ناماز ئوقۇغان يېرى سەن (ھازىر) مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇغان يەرنىڭ ئوڭ تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ، ـ دەيتتى. ئۇ مەسجىد مەككە يۆلىنىشىگە نىسبەتەن يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن چوڭ مەسجىدنىڭ ئارىسى بىر تاش ئېتىم مۇساپىسى ياكى شۇ ئەتراپتا كېلەتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما يەنە رەۋھانىڭ ئاخىرقى تەرىپىدىكى تۆپىلىككە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ تۆپىلىك مەككە يۆلىنىشىگە نىسبەتەن رەۋھانىڭ ئاخىرقى قىسمى بىلەن شۇ تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مەسجىدنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يولنىڭ

[1] رەۋھا: مەدىنىگە قاراپ يولغا چىققاندا، ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى بىر مەھەللە.

بويىغىچە كېلەتتى. گەرچە ئۇ يەردە بىر مەسجىد بىنا قىلىنغان بولسىمۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇ مەسجىدتە ناماز ئوقۇماي، مەسجىدنى ئارقىسىدا ۋە سول تەرىپىدە قالدۇرۇپ، مەسجىدنىڭ قىبلە تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان ھېلىقى تۆپىلىككە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى. ئۇ، رەۋھا مەھەللىسىدىن پېشىن نامىزىنى ئوقۇمايلا يولغا چىقىپ، ھېلىقى تۆپىلىككە قاراپ ناماز ئوقۇغان جايغا كېلىپ، ئاندىن (پېشىن نامىزىنى) ئوقۇيتتى. مەككىدىن قايتقاندا، تاڭ يورۇشتىن بىر سائەت بۇرۇن ياكى تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغاندا شۇ يەرگە كېلىپ قالسا، بامدات نامىزىغىچە توختاپ ئارام ئالاتتى ۋە بامدات نامىزىنى شۇ يەردە ئوقۇيتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رۇۋەيسە[1]گە بارىدىغان يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يوغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدا ئارام ئالاتتى. يولنىڭ ئالدى تەرىپى تاكى رۇۋەيسەنىڭ ئىككى مىل بېرىسىدىكى تۆپىلىككىچە سوزۇلۇپ ياتقان ۋە كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك ئىدى. شاخلىرى سۇنۇپ، ئىچىگە ئېگىلىپ قالغان بولسىمۇ، گەۋدىسى يەنىلا تىك تۇرغان بۇ دەرەخنىڭ ئەتراپىنى قۇم دۆۋىلىرى ئوراپ تۇراتتى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە كېتىۋاتقاندا، ئەرج[2] دېگەن يەرنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان سۇ ئېقىنىنىڭ بىر چېتىدە، يول بويىدىكى دەرەخلەرنىڭ يېنىدا ناماز ئوقۇغانىدى. شۇ يەردىكى مەسجىدنىڭ يېنىدىكى قۇملۇق تۆپىلىككە چىقساڭ، ئۇ يەردە ئىككى ـ ئۈچ قەبرىنىڭ بارلىقىنى كۆرىسەن. قەبرىلەر يولنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بولۇپ، ئۈستىگە تاش دۆۋىلەپ قويۇلغانىدى.

[1] رۇۋەيسە: مەدىنىدىن مەككىگە قاراپ يولغا چىققاندا، تەخمىنەن 82 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بىر مەھەللە.

[2] ئەرج: بىر مەھەللە بولۇپ، رۇۋەيسە بىلەن بولغان ئارىلىقى تەخمىنەن 22 كىلومېتىر كېلىدۇ.

نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ھاۋانىڭ ئىسسىقىغا قارىماي، ئەرج مەھەللىسىدىن كۆن قايرىلغاندىن كېيىن يولغا چىقىپ، پېشىن نامىزىنى ئەشۇ مەسجىدكە بېرىپ ئوقۇيتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولنىڭ سول چېتىدىكى ھەرشا تېغىنىڭ ئالدى تەرىپىگە جايلاشقان دەرەخلىك ئويمانغا چۈشۈپ ئارام ئالاتتى. بۇ دەرەخلىك ئويمان ھەرشا تېغىنىڭ بىر پېشىگە تۇتۇشۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يولنىڭ ئارىسى بىر ئوق ئېتىمى ئەتراپىدا ئىدى.

ئابدۇللاھ ئەنە شۇ دەرەخزارلىقتىكى يولغا ئەڭ يېقىن ۋە ئەڭ ئېگىز دەرەخ تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇيتتى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنە تەرەپتىن كېلىۋېتىپ، سەفراۋات تۆپىلىكىدىن چۈشكەندىن كېيىن، مەررۇ زەھران[①]غا ئەڭ يېقىن جىلغىنىڭ ئىچىگە، مەككە يۆلىنىشىگە نىسبەتەن يولنىڭ سول تەرىپىگە چۈشكۈن قىلاتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چۈشكەن يەر بىلەن يولنىڭ ئارىسى بىر تاش ئېتىمى ئەتراپىدا كېلەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇتۇۋا دېگەن يەرگە چۈشۈپ، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى. تاڭ سەھەردە يولغا چىقىپ، بامدات نامىزىنى مەككىگە كىرگەندە ئوقۇيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇغان يەر قىيالىقنىڭ ئۈستىكى تۆپىلىك بولۇپ، ھازىرقى مەسجىد بىنا قىلىنغان يەر ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ تۆۋىنىدىكى قىيالىق تۆپىلىكتە ئىدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى تۇرغان يەردىكى تاغ بىلەن كەئبە تەرەپتىكى ئېگىز تاغ ئېغىزىدىن قىبلە تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈپ ناماز ئوقۇغانىدى. شۇنداق بولغاندا، كېيىن شۇ جايغا بىنا قىلىنغان مەسجىد تاشلىق تۆپىلىكنىڭ بىر تەرىپىگە سېلىنغان

[①] مەررۇ زەھران: جاي ئىسمى بولۇپ، مەككىدىن تەخمىنەن 25 كىلومېتىر يىراقلىقتا.

مەسجىدنىڭ سول تەرىپىدە قالاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ مەسجىدنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى قارا تاشلىق تۆپىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناماز ئوقۇغانىدى. ئەگەر شۇ تاشلىق تۆپىلىكتىن ئون گەز ياكى شۇ ئەتراپتا يەر تاشلىۋېتىپ تۇرۇپ، ئۆزەڭ بىلەن كەئبە تەرەپتىكى تاغنىڭ ئېغىزىدىن كەئبە تەرەپكە قاراپ ناماز ئوقۇساڭ، دەل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ناماز ئوقۇغان يەردە ئوقۇغان بولىسەن.
(بۇخارى: 492)

3598 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَنَّهُ كَانَ إِذَا أَقْبَلَ بَاتَ بِذِي طُوًى حَتى إِذَا أَصْبَحَ دَخَلَ وَإِذَا نَفَرَ مَر بِذِي طُوًى وَبَاتَ بِهَا حَتى يُصْبِحَ وَكَانَ يَذْكُرُ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَفْعَلُ ذَلِكَ.

3598 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما زۇتۇۋا دېگەن يەردە قونۇپ، تاڭ ئاتقاندا مەككىگە كىرەتتى. مەككىدىن قايتقاندىمۇ زۇتۇۋاغا بېرىپ، شۇ يەردە قوناتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى.
(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3599 - عَنْ نَافِعٍ قَالَ كَانَ ٱبْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا إِذَا دَخَلَ أَدْنَى الْحَرَمِ أَمْسَكَ عَنْ التلْبِيَةِ ثُم يَبِيتُ بِذِي طِوًى ثُم يُصَلي بِهِ الصبْحَ وَيَغْتَسِلُ وَيُحَدثُ أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَفْعَلُ ذَلِكَ

3599 ـ نافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ھەرەمگە يېقىنلاشقاندا، تەلبىيە ئېيتىشتىن توختاپ، زۇتۇۋا دېگەن يەردە قوناتتى، بامدات نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن غۇسلى قىلاتتى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇنداق قىلغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەتتى.
(بۇخارى: 1573)

3600 - عَنْ نَافِعٍ أَن ٱبنَ عُمَرَ كَانَ يَرَى التحْصِيبَ سُنةً وَكَانَ يُصَلي الظهْرَ يَـوْمَ النفْرِ بِالْحَصْبَةِ.

3600 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇھەسسەبتە قونۇشنى سۈننەت دەپ قارايتتى ۋە قۇربان ھېيتنىڭ تۆتىنچى كۈنى پېشىن نامىزىنى مۇھەسسەبتە ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

3601 - عَنْ ٱبنِ عُمَرَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى الظهْرَ وَالعَصْرَ وَالْمَغْرِبَ وَالْعِشَاءَ بِالْبطْحَاءِ ثُم هَجَعَ بِهَا هَجْعَةً ثُم دَخَلَ مَكةَ وَكَانَ ٱبْنُ عُمَرَ يَفْعَلُهُ.

3601 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پېشىن، ئەسىر، شام ۋە خۇپتەن نامازلىرىنى بەتھا[1]دا ئوقۇپ، كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزەتتى ۋە سەھەردە مەككىگە كىرەتتى. راۋىي مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ شۇنداق قىلاتتى.

(ئەبۇ داۋۇد: 2013)

3602 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَيْسَ التحْصِيبُ بِشَيْءٍ إِنمَا هُوَ مَنزِلٌ نَزَلَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3602 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: مۇھەسسەبتە قونۇش ھەج پائالىيەتلىرىدىن ئەمەس، لېكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ يەردە قونۇپ ئۆتۈپ كەتكەن.

(بۇخارى: 1766)

3603 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ نُزُولُ الْأَبطَحِ لَيْسَ بِسُنةٍ إِنمَا نَزَلَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِأَنهُ كَانَ أَسْمَحَ لِخُرُوجِهِ إِذَا خَرَجَ.

3603 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەبتەھ (بەتھا) دېگەن جىلغىدا قونۇش سۈننەت ئەمەس. ئۇ، سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن

[1] بەتھا: مەككە بىلەن مىنانىڭ ئارىسىدىكى بىر جاينىڭ ئىسمى.

تېخىمۇ مۇۋاپىق يەر بولغانلىقى ئۈچۈنلا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ يەردە قونغان.

(مۇسلىم رىۋايەت قىلغان)

3604 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ قَالَ قَالَ أَبُو رَافِعٍ لَمْ يَأْمُرْنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ أَنزِلَ الْأَبطَحَ حِينَ خَرَجَ مِنْ مِنًى وَلَكِني جِئْتُ فَضَرَبْتُ فِيهِ قُبتَهُ فَجَاءَ فَنَزَلَ.

3604 ـ سۇلايمان ئىبنى يەسار ئەبۇ رافىئنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادىن قايتقاندا، مېنى ئەبتەھگە چۈشۈشكە بۇيرىمىغانىدى، لېكىن مەن ئۆزەم ئۇ يەرگە كېلىپ، چېدىر تىكتىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ يەرگە چۈشۈپ قوندى.

(مۇسلىم: 1313)

3605 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنَ الْغَدِ يَوْمَ النحْرِ وَهُوَ بِمِنًى نَحْنُ نَازِلُونَ غَدًا بِخَيْفِ بَنِي كِنَانَةَ حَيْثُ تَقَاسَمُوا عَلَى الْكُفْرِ يَعْنِي ذَلِكَ الْمُحَصبَ وَذَلِكَ أَن قُرَيْشًا وَكِنَانَةَ تَحَالَفَتْ عَلَى بَنِي هَاشِمٍ وَبَنِي عَبْدِ الْمُطلِبِ أَوْ بَنِي الْمُطلِبِ أَنْ لَا يُنَاكِحُوهُمْ وَلَا يُبَايِعُوهُمْ حَتى يُسْلِمُوا إِلَيْهِمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3605 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت كۈنى ئەتىگىنى مىنادا تۇرۇپ: «ئەتە بەنى كىنانە ۋادىسىغا، يەنى قۇرەيش مۇشرىكلىرى كۇفرى ئۈستىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن قەسەمىيات قىلىشقان ئورۇنغا چۈشىمىز» دېدى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ سۆزى ئارقىلىق مۇھەسسەبنى كۆزدە تۇتقانىدى. چۈنكى قۇرەيش كاپىرلىرى بىلەن بەنى كىنانە قەبىلىسى بەنى ھاشىم بىلەن بەنى ئابدۇلمۇتتەلىب قەبىلىسىگە قارشى ئىتتىپاق تۈزۈپ، تاكى ئۇ ئىككى قەبىلە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇپ بەرمىگىچە، ئۇلار

بىلەن قۇدا ـ باجا بولماسلىق ۋە ئېلىم ـ بېرىم قىلماسلىقتا كېلىشىپ قەسەم ئىچىشكەندى.

(بۇخارى: 1590)

3606 - عن الْعَلَاءَ بْنَ الْحَضْرَمِي قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُقِيمُ الْمُهَاجِرُ بِمَكةَ بَعْدَ قَضَاءِ نُسُكِهِ ثَلَاثًا.

3606 ـ ئەلا ئىبنى ھەزرەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇھاجىرلار ھەج پائالىيەتلىرىنى ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ.

(مۇسلىم: 1352)

3607 - عن الْعَلَاءَ بْنَ الْحَضْرَمِي قال: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لِلْمُهَاجِرِ إِقَامَةُ ثَلَاثٍ بَعْدَ الصدَرِ بِمَكةَ كَأَنهُ يَقُولُ لَا يَزِيدُ عَلَيْهَا.

3607 ـ ئەلا ئىبنى ھەزرەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مىنادىن قايتقاندىن كېيىن، مۇھاجىرنىڭ مەككىدە ئۈچ كۈن تۇرۇش ھەققى بار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن خۇددى مۇھاجىرنىڭ ئۇنىڭدىن ئارتۇق تۇرۇش ھەققى يوقتەك مەنە چىقىپ تۇراتتى.

(مۇسلىم: 1352)

3608 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ أَقْبَلَ مِنْ مَكةَ حَتى إِذَا كَانَ بِقُدَيْدٍ جَاءَهُ خَبَرٌ مِنْ الْمَدِينَةِ فَرَجَعَ فَدَخَلَ مَكةَ بِغَيْرِ إِحْرَامٍ.

3608 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەككىدىن ئايرىلىپ، قۇدەيدكە كەلگەندە، مەدىنىدىن خەۋەر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئارقىسىغا قايتىپ، مەككىگە ئېھرامسىز كىردى.

(مالىك: 965)

## ۋاكالەتەن ھەج قىلىش ۋە كىچىك بالىنىڭ ھەج قىلىشى

3609 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن عَباسٍ أنهُ قَالَ كَانَ الْفَضْلُ بْنُ عَباسٍ رَدِيفَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَاءَتْه امْرَأةٌ مِنْ خَثْعَمَ تَسْتَفْتِيهِ فَجَعَلَ الْفَضْلُ يَنظُرُ إِلَيْهَا وَتَنظُرُ إِلَيْهِ فَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَصْرِفُ وَجْهَ الْفَضْلِ إِلَى الشق الْآخَرِ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إن فَرِيضَةَ اللهِ عَلَى عِبَادِهِ فِي الْحَج أدْرَكَتْ أبِي شَيْخًا كَبِيرًا لَا يَسْتَطِيعُ أنْ يَثْبُتَ عَلَى الراحِلَةِ أفَأحُج عَنْهُ قَالَ نَعَمْ وَذَلِكَ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ.

3609 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھـۇ ئەنهۇمانىـڭ مۇنـداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم فەزل ئىبنى ئابباسنى تۆگىسىگە مىنگەشتۈرۈۋالغانىدى. يولدا خەسئەم قەبىلىسىلىك بىر ئايال كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن پەتىۋا سورىدى. فەزل ئۇ ئايالغا قارىغانىدى، ئۇ ئايالمۇ فەزلگە قاراشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم فەزلنىڭ يۈزىنى باشقا تەرەپكە بۇراپ قويدى. ئۇ ئايال:

ـ ئى اللهنىڭ پەيغەمبىرى! الله تائالا بەندىلىرىگە ھەج ئىبادىتىنى پەرز قىلدى. دادام تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرالمايدىغان دەرىجىدە قېرىپ قالدى، شۇڭا مەن دادامنىڭ ئورنىغا ھەج قىلسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ـ ھەئە، بولىدۇ. ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇ ئىش ۋىدالىشىش ھەجىدە بولغانىدى.

(مۇسلىم: 1334)

3610 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ إِن أَبِي مَاتَ وَلَمْ يَحُج أَفَأَحُج عَنْهُ قَالَ أَرَأَيتَ لَوْ كَانَ عَلَى أَبِيكَ دَيْنٌ أَكُنْتَ قَاضِيَهُ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَدَيْنُ اللهِ أَحَق.

3610 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! دادام (ھەج قىلماي تۇرۇپ) ئۆلۈپ كەتكەندى، ئۇنىڭ ئورنىغا مەن ھەج قىلسام بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ــ داداڭنىڭ گەردىنىدە قەرز بولسا، ئۇنى سەن تۆلىۋەتمەمتىڭ؟ ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

ــ تۆلىۋېتەتتىم، ـ دەپ جاۋاب بەرگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق بولغانىكەن، الله تائالاغا بولغان قەرز ئادا قىلىنىشقا تېخىمۇ ھەقلىقتۇر، ـ دېدى[①].

(نەسائى: 2639)

3611 - وفي رواية: وَهُوَ شَيْخٌ كَبِيرٌ لَا يَثْبُتُ عَلَى رَاحِلَتِهِ فَإِنْ شَدَدْتُهُ خَشِيتُ أَنْ يَمُوتَ.

3611 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: دادام تۆگىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرالمىغۇدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتتى. ئەگەر تۆگىگە تېڭىپ ئېلىپ چىقسام، ئۇنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىدىن قورقىمەن، ـ دېيىلگەن[②].

(نەسائى: 2640)

3612 - ولأحمد: فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ٱبْنَ أَخِي إِن هَذَا يَوْمٌ مَنْ مَلَكَ فِيهِ سَمْعَهُ وَبَصَرَهُ وَلِسَانَهُ غُفِرَ لَهُ.

---

[①] ئەلبانى (165): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (166): شاز ياكى مۇنكەر، ـ دېگەن.

3612 ـ ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (فەزل ئىبنى ئابباسقا): «ئى قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى! كىم بۇگۈن قۇلىقى، كۆزى ۋە تىلىنى الله تائالا ھارام قىلغان ئىشلاردىن ساقلىسا، ئۇنىڭغا مەغپىرەت قىلىنىدۇ» دېدى[1].

(ئەھمەد: 3033)

3613 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ أَتى رَجُلٌ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ إِن أُخْتِي قَدْ نَذَرَتْ أَنْ تَحُج وَإِنهَا مَاتَتْ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ كَانَ عَلَيْهَا دَيْنٌ أَكُنْتَ قَاضِيَهُ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَاقْضِ اللهَ فَهُوَ أَحَق بِالْقَضَاءِ.

3613 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ مېنىڭ بىر ھەمشىرەم ھەج قىلىشقا ۋەدە قىلغانىدى، لېكىن ھەج قىلالماي ئۆلۈپ كەتتى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەگەر ئۇنىڭ ئۈستىدە قەرزى بولغان بولسا، سەن ئۇنى ئادا قىلامتىڭ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئادەم:

ـ ئادا قىلاتتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ھەمشىرەڭنىڭ الله تائالاغا بولغان قەرزىنى ئادا قىلغىن، چۈنكى ئۇنىڭ قەرزى ئادا قىلىنىشقا ئەڭ ھەقلىقتۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6699)

[1] ھەيسەمى (5545): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى («ئەلكەبىر»دە) رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3614 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَمِعَ رَجُلًا يَقُولُ لَبيْكَ عَنْ شُبْرُمَةَ قَالَ مَنْ شُبْرُمَةُ قَالَ أخٌ لِي أوْ قَرِيبٌ لِي قَالَ حَجَجْتَ عَنْ نَفْسِكَ قَالَ لَا قَالَ حُج عَنْ نَفْسِكَ ثُم حُج عَنْ شُبْرُمَةَ.

3614 ـ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــادىن مۇنــداق رىــۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەلل‍‍ەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئادەمنىڭ:

ـــ ئــى الله! شــۇبرۇمە نامىـــدىن بۇيرۇقىڭغــا بويســۇنۇپ كەلــدىم، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلاپ:

ـ شۇبرۇمە دېگەن كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ـ مېنىڭ بىـر تۇغقىنىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەلل‍‍ەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن ئۆزەڭ ئۈچۈن ھەج قىلغانمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئادەم:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەلل‍‍ەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئــاۋۋال ئــۆزەڭ ئۈچــۈن ھەج قىــل، ئانــدىن شــۇبرۇمە نامىـــدىن ھەج قىلارسەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1811)

3615 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقِيَ رَكْبًا بِالروْحَاءِ فَقَالَ مَنْ الْقَوْمُ قَالُوا الْمُسْلِمُونَ فَقَالُوا مَنْ أنتَ قَالَ رَسُولُ اللهِ فَرَفَعَتْ إلَيْهِ امْرَأةٌ صَبِيًا فَقَالَتْ ألِهَذَا حَج قَالَ نَعَمْ وَلَكِ أجْرٌ.

3615 ـ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا مۇنــداق دەيــدۇ: پەيغەمبەر سەلل‍‍ەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەۋھا دېگەن يەردە بىر كارۋان بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ:

ـ سىلەر كىم؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇلار:

ـــ بىــز (ھەجگە كېتىۋاتقان) مۇسۇلمانلارمىز. سەن ئــۆزۈڭ كىــم بولىسەن؟ ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەلل‍‍ەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (1596): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ مەن اللە تائالانىڭ ئەلچىسى بولىمەن، ـ دېدى. (كارۋان ئىچىدىن) بىر ئايال كىچىك بالىنى (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا) كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـــ بۇ بالام ھەج قىلسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بولىدۇ، شۇنداق قىلسا، ساڭىمۇ ساۋاب بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. (مۇسلىم: 1336)

3616 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ كُنا إِذَا حَجَجْنَا مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكُنا نُلَبـي عَنْ النسَاءِ وَنَرْمِي عَنْ الصبْيَانِ

قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا حَدِيثٌ غَرِيبٌ لَا نَعْرِفُهُ إِلا مِنْ هَذَا الْوَجْهِ وَقَدْ أَجْمَعَ أَهْلُ الْعِلْـمِ عَلَى أَن الْمَرْأَةَ لَا يُلَبي عَنْهَا غَيْرُهَا.

3616 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە ھەج قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئاياللارغا ۋاكالىتەن تەلبىيە ئوقۇپ[1]، كىچىك بالىلارغا ۋاكالىتەن شەيتانغا تاش ئېتىپ قوياتتۇق[2]. (تىرمىزى: 927).

ئەبۇ ئىيسا تىرمىزى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس پەقەت مۇشۇ سەنەد بىلەنلا رىۋايەت قىلىنغان. ئۆلىمالار ئاياللارغا ۋاكالىتەن تەلبىيە ئېيتىلمايدىغانلىقىغا ۋە باشقا پائالىيەتلەرنىڭمۇ قىلىنمايدىغانلىقىغا بىرلىككە كەلگەن.

3617 - عَنْ زَيْدِ بن أَرْقَمَ ، قَالَ : قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ : مَنْ حَج عَنْ أَبِيهِ أَوْ عَنْ أُمِهِ أَجْزَأَ ذَلِكَ عَنْهُ وَعَنْهُمَا.

[1] بۇ ھەدىس يەنە بىر رىۋايەتتە: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ھەج قىلغانىدۇق، ئارىمىزدا ئاياللار ۋە كىچىك بالىلار بار ئىدى. بىز كىچىك بالىلارغا ۋاكالىتەن تەلبىيە ئېيتىپ، شەيتانغا تاش ئېتىپ قوياتتۇق، ـ دېيىلگەن. ئۆلىمالار مانا بۇ رىۋايەتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

[2] ئەلبانى (160): زەئىپ، ـ دېگەن.

3617 ـ زەيــد ئىبنــى ئەرقەم رەزىيەللاھــۇ ئەنهــۇدىن پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى دادىسى ياكى ئانىسىغا ۋاكالىتەن ھەج قىلسا، ھەم ئۆزى ھەم ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھەجى ئادا بولغان بولىدۇ» دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان[1].

(«ئەلكەبىر»: 5083)

3618 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ حَجَّ عَنْ مَيتٍ فَلِلذِي حَج عَنْهُ مِثْلُ أَجْرِهِ، وَمَنْ فَطرَ صَائِمًا فَلَهُ مِثْلُ أَجْرِهِ، وَمَنْ دَل عَلَى خَيْرٍ فَلَهُ مِثْلُ أَجْرِ فَاعِلِهِ.

3618 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆلۈپ كەتكەن كىشىگە ۋاكالىتەن ھەج قىلسا، ئۇنىڭغا ئۆلگۈچىگە بېرىلگەن ئەجىرنىڭ ئوخشىشى بېرىلىدۇ. كىم بىر روزىدارنى ئىپتار قىلدۇرسا، ئۇنىڭغا روزىدارغا بېرىلگەنگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ. كىمكى بىر ياخشىلىققا تۈرتكە بولسا، ئۇنىڭغا شۇ ياخشىلىقنى قىلغۇچىنىڭ ئەجرىگە ئوخشاش ئەجىر بېرىلىدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (5685): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نامەلۇم بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5686): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىبنى يەزىد ئىبنى بەھرامدىن باشقا راۋىيلارنىڭ ھەممىسى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## تەشرىق كۈنلىرىدە تەكبىر ئېيتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبىلىرى، قانچە قېتىم ھەج، قانچە قېتىم ئۆمرە قىلغانلىقى ۋە ئۇنىدىن باشقا پائالىيەتلەر

3619 - كَانَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يُكَبِّرُ فِي قُبَّتِهِ بِمِنًى فَيَسْمَعُهُ أَهْلُ الْمَسْجِدِ فَيُكَبِّرُونَ وَيُكَبِّرُ أَهْلُ الْأَسْوَاقِ حَتَّى تَرْتَجَّ مِنًى تَكْبِيرًا.

3619 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مىنادىكى چېدىرىنىڭ ئىچىدە تەكبىر ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان مەسجىد جامائىتىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەكبىر ئېيتاتتى. ئۇلاردىن كېيىن بازاردىكىلەرمۇ تەكبىر ئېيتىشقا باشلايتتى. شۇنداق قىلىپ، مىنا جاراڭلىق تەكبىر سادالىرى بىلەن زىلزىلىگە كېلەتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3620 - كَانَ ابْنُ عُمَرَ يُكَبِّرُ بِمِنًى تِلْكَ الْأَيَّامَ وَخَلْفَ الصَّلَوَاتِ وَعَلَى فِرَاشِهِ وَفِي فُسْطَاطِهِ وَمَجْلِسِهِ وَمَمْشَاهُ تِلْكَ الْأَيَّامَ جَمِيعًا.

3620 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما تەشرىق كۈنلىرى مىنادا ھەر نامازدىن كېيىن، شۇنداقلا مەيلى تۆشەكتە ياكى چېدىردا بولسۇن، مەيلى ئولتۇرغان ياكى ماڭغاندا بولسۇن، ئىشقىلىپ ھەممىلا ۋاقىتتا تەكبىر ئېيتاتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3621 - وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ وَأَبُو هُرَيْرَةَ يَخْرُجَانِ إِلَى السُّوقِ فِي أَيَّامِ الْعَشْرِ يُكَبِّرَانِ وَيُكَبِّرُ النَّاسُ بِتَكْبِيرِهِمَا.

3621 ـ ئىبنى ئۆمەر ۋە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىسى زۇلھەججە ئېيىنىڭ ئاۋۋالقى ئون كۈنىدە بازارلارغا چىقىپ، تەكبىر ئېيتاتتى، ئۇلارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان باشقىلارمۇ ئۇلارغا ئەگىشەتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3622 - عَنْ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ مُعَاذٍ قَالَ خَطَبَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمِنًى فَفَتَحَ اللهُ أَسْمَاعَنَا حَتى إِنْ كُنا لَنَسْمَعُ مَا يَقُولُ وَنَحْنُ فِي مَنَازِلِنَا فَطَفِقَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُعَلمُهُمْ مَنَاسِكَهُمْ حَتى بَلَغَ الْجِمَارَ فَقَالَ بِحَصَى الْخَذْفِ وَأَمَرَ الْمُهَاجِرِينَ أَنْ يَنْزِلُوا فِي مُقَدمِ الْمَسْجِدِ وَأَمَرَ الْأَنصَارَ أَنْ يَنْزِلُوا فِي مُؤَخرِ الْمَسْجِدِ.

3622 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادا خۇتبە سۆزلىدى. الله تائالا قۇلاقلىرىمىزنى شۇ دەرىجىدە ئېچىۋەتكەنىدىكى، بىز قونالغۇلىرىمىزدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلىيالايتتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە ھەج پائالىيەتلىرىنى ئۆگىتىپ، شەيتانغا تاش ئېتىش پائالىيىتىگە كەلگەندە: «سوزماق (رەگەتكە) تېشىدەك كىچىك تاشلارنى ئېتىڭلار!» دېدى ۋە مۇھاجىرلارنى مەسجىد (خەيف مەسجىدى) نىڭ ئالدى تەرىپىگە، ئەنسارىلارنى مەسجىدنىڭ كەينى تەرىپىگە چۈشۈشكە بۇيرىدى[1].

(نەسائى: 2996)

3623 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ مُعَاذٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ خَطَبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الناسَ بِمِنًى وَنَزلَهُمْ مَنَازِلَهُمْ فَقَالَ لِيَنْزِلْ الْمُهَاجِرُونَ هَا هُنَا وَأَشَارَ إِلَى مَيْمَنَةِ الْقِبْلَةِ وَالْأَنصَارُ هَا هُنَا وَأَشَارَ إِلَى مَيْسَرَةِ الْقِبْلَةِ ثُم لِيَنْزِلْ الناسُ حَوْلَهُمْ.

3623 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى مۇئاز ئەنسارى ساھابىلەردىن بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مىنادا خۇتبە ئوقۇدى ۋە ھەممەيلەننى ئۆزى كۆرسەتكەن ئورۇنغا چۈشۈشكە بۇيرىدى. ئۇ، قىبلىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى ئىشارەت قىلىپ:

[1] ئەلبانى (2802): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ مۇھاجىرلار بۇ تەرەپكە چۈشسۇن! ـ دېدى. ئاندىن قىبلىنىڭ سول تەرىپىنى ئىشارەت قىلىپ:

ــ ئەنسارلار ئۇ تەرەپكە چۈشسۇن. قالغانلار مۇشۇلارنى چۆرىدەپ ئورۇنلاشسۇن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1954)

3624 - عن الْهِرْمَاسُ بْنُ زِيَادٍ الْبَاهِلِي قَالَ رَأَيتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ يَخْطُبُ الناسَ عَلَى نَاقَتِهِ الْعَضْبَاءِ يَوْمَ الْأَضْحَى بِمِنًى.

3624 ـ ھىرماس ئىبنى زىياد باھىلى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇربان ھېيت كۈنى مىنادا ئەزبا[2] دېگەن تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ جامائەتكە خىتاب قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 1954)

3625 - عَنْ ابْنِ أَبِي نَجِيحٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ رَجُلَيْنِ مِنْ بَنِي بَكْرٍ قَالَا رَأَيْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْطُبُ بَيْنَ أَوْسَطِ أَيامِ التشْرِيقِ وَنَحْنُ عِنْدَ رَاحِلَتِهِ وَهِـيَ خُطْبَـةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الَتِي خَطَبَ بِمِنًى.

3625 ـ ئىبنى ئەبۇ نەجىھ دادىسى ئارقىلىق بەنى بەكرى قەبىلىسىلىك ئىككى كىشىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خۇتبە ئوقۇۋاتقانلىقىنى كۆردۇق. بىز ئۇنىڭ تۆگىسىنىڭ يېنىدا ئىدۇق. بۇ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىنادا ئوقۇغان خۇتبىسى ئىدى[4].

---

[1] ئەلبانى (1719): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەزبا: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسىنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ يەنە قەسۋائ، جەدئا دېگەندەك ئىسىملىرىمۇ بار. يەنى بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرلا تۆگىنىڭ ئىسمى.

[3] ئەلبانى (1712): ھەسەن، ـ دېگەن.

[4] ئەلبانى (1723): سەھىھ ـ دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇد: 1952)

3626 - عن رَافِعُ بْنُ عَمْرٍو الْمُزَنِي قَالَ رَأَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَخْطُبُ الناسَ بِمِنًى حِينَ ارْتَفَعَ الضحَى عَلَى بَغْلَةٍ شَهْبَاءَ وَعَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يُعَبرُ عَنْهُ وَالناسُ بَيْنَ قَاعِدٍ وَقَائِمٍ.

3626 ـ رافىئ ئىبنى ئەمىر مۇزەنى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مىنادا چاشكا ۋاقتىدا بوز قېچىرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ خۇتبە ئوقۇغانلىقىنى كۆردۈم. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى يىراقتىكىلەرگە ئاڭلىتىۋاتاتتى. بەزى كىشىلەر ئولتۇرىۋالغان، يەنە بەزى كىشىلەر ئۆرە تۇرۇۋالغانىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1956)

3627 - عَنْ أَبِي حُرةَ الرقَاشِي عَنْ عَمِهِ قَالَ كُنتُ آخِذًا بِزِمَامِ نَاقَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي أَوْسَطِ أَيامِ التشْرِيقِ أَذُودُ عَنْهُ الناسَ فَقَالَ أَلَا لَا تَظْلِمُوا أَلَا لَا تَظْلِمُوا أَلَا لَا تَظْلِمُوا إِنهُ لَا يَحِلُّ مَالُ امْرِئٍ إِلا بِطِيبِ نَفْسٍ مِنْهُ أَلَا وَإِن كُل دَمٍ وَمَالٍ وَمَأْثَرَةٍ كَانَتْ فِي الْجَاهِلِيةِ تَحْتَ قَدَمِي هَذِهِ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ ... وَمَنْ كَانَتْ عِنْدَهُ أَمَانَةٌ فَلْيُؤَدهَا إِلَى مَنْ ائْتَمَنَهُ عَلَيْهَا.

3627 ـ ئەبۇ ھۇررە رەقاشى تاغىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: تەشرىق كۈنلىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ تۆگىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتۇپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ قىستاپ قويۇشىدىن قوغداپ تۇراتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خۇتبە ئوقۇپ:

ـ ئاگاھ بولۇڭلاركى، بىر ـ بىرىڭلارغا زۇلۇم قىلماڭلار! زۇلۇم قىلماڭلار! زۇلۇم قىلماڭلار!... شۇبھىسىزكى، مۇسۇلماننىڭ مېلى پەقەت ئۆز كۆڭلىدىن رازى بولۇپ بەرگەندىلا باشقىلارغا ھالال بولىدۇ. ئاگاھ بولۇڭلاركى، جاھىلىيەت دەۋرىدىن قالغان ھەرقانداق قان قىساسى، (ئۆسۈملۈك) قەرز ۋە شەخسىيەتچىلىك قىلىش تاكى قىيامەتكە قەدەر مۇشۇ ئاياغلىرىمنىڭ ئاستىغا

[1] ئەلبانى (1723): سەھىھ ـ دېگەن.

كۆمۈپ تاشلاندى. كىمنىڭ يېنىدا ئامانەت بولسا، ئۇنى ئۇز ئىگىسىگە تاپشۇرسۇن! ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 20172)

3628 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ رضى الله عَنْهُمَا، رفعه، قال في العقبة: "إن الزمـان قـد اسْتَدَارَ، كَهَيْئَتِهِ يَوْمَ خَلَقَ اللهُ السمَاوَاتِ وَالأَرْضَ، وَإِن عِدةَ الشهُورِ عِنْدَ اللهِ اثْنا عَشَـرَ شَهْرًا فِي كِتَابِ اللهِ عز وجل، مِنْهَا أَرْبَعَةٌ حُرُمٌ: رَجَبُ مُضَرَ بَيْنَ جُمَادَى وَشَعْبَانَ، وَذُو الْقِعْدَةِ، وَذُو الْحِجةِ، وَالْمُحَرمُ إنمَا النسِيءُ زِيَادَةٌ فِي الْكُفْرِ يَضِل بِهِ الذِينَ كَفَرُوا إِلَى مَا حَرمَ اللهُ ذَلِكَ أَنهُمْ كَانُوا يَجْعَلُونَ صَفَرًا عَامًا حَلالا، وَعَامًا حَرَامًا، وَكَذَا الْمُحَرمُ، وَذَلِكَ النسِيءُ مِنَ الشيْطَانِ.... يا أيها الناس من كانت عنده وديعة فليؤدها إلى من ائتمنه عليها ايها الناس ان الشيطان أيس ان يعبد ببلادكم آخر الزمان وقد رضى منكم بمحقـرات الاعمال فاحذروا على دينكم محقرات الاعمال.

3628 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەقەبەدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«زامان اللە تائالا ئاسمان ۋە زېمىننى ياراتقان كۈندىكى ئىزىغا چۈشۈپ ئايلىنىشقا باشلىدى. شۈبھىسىزكى، اللەنىڭ دەرگاھىدا (يەنى اللەنىڭ كىتابى لەۋھۇلمەھفۇزدا) ئايلارنىڭ سانى 12 بولۇپ، ئۇلاردىن رەجەب، زۇلقەئدە، زۇلھەججە ۋە مۇھەررەم قاتارلىق تۆتى ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ھۆرمەتلىك ئايلاردۇر. شۈبھىسىزكى، ئاسمان ۋە زېمىن يارىتىلغاندىن تارتىپ (قەمەرى) ئايلارنىڭ سانى اللەنىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) ئون ئىككىدۇر، ئۇلاردىن تۆتى (يەنى زۇلقەئدە، زۇلھەججە، مۇھەررەم ۋە رەجەب) ئۇرۇش قىلىش ھارام قىلىنغان ئايلاردۇر. بۇ توغرا دىندۇر (يەنى مەزكۇر تۆت ئايدا ئۇرۇشنىڭ ھارام قىلىنىشى اللەنىڭ توغرا دىنىدۇر)، بۇ ئايلاردا (ئۇلارنىڭ

[1] ھەيسەمى (5621): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ ھۇررە رەقاشى ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەبۇ داۋۇد ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئىبنى مۇئىن ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ سەنەدىدە يەنە ئەلى ئىبنى زەيد ئىسىملىك سەلبىيرەك باھا بېرىلگەن كىشى بار، ـ دېگەن.

ھـۆرمـىتـىنـى ساقـلـىماسـلـىق بـىـلـەن، اﷲ چەكلـىـگـەن گۇنـاھ ئـىشـلارنى قـىلـىش بـىلـەن) ئۆزەڭلارغا زىيان سالـماڭلار﴾[①]؛ ﴿ئـايـنى ئارقـىغـا سۈرۈش (يەنى ئۇرۇش ھارام قـىلـىنغان ئاينى باشقا بـىر ئايغا ئۆزگـەرتـىپ، يـىلـنـىڭ ئـون ئـىككـى ئـېيـىنـى ئـون ئـۈچ ئايغـا كـۆپـەيـتـىش) كـۇفرىنى زىيـادە قـىلـىشتۇر﴾[②]. ئۇلار بـىر يـىلى سەپەر ئـېيـىنـى ھـالال قـىلـسـا، ئـىككـىنـچـى بـىر يـىلـى مۇھـەررەم ئـېيـىنـى ھارام قـىلـىدۇ، ئەنە شۇ كـەيـىنـگە سۈرۈشـتۇر. ئـى ئـىنـسـانلار! كـىمـدە بـىرسـىـنـىڭ ئامـانـىتى بولسـا، ئـۇنى ئـىگـىسـىـگە قايتۇرسۇن. ئى ئـىنسانلار! شەيتان ئـاخـىر زامـانغـىچە دىيـارىڭلاردا مـەبـۇد بولۇشـتـىـن ھـەقـىـقـەتـەن ئۈمـىـد ئـۈزدى. لـېكـىـن ئـۇ سـىلـەرنـىڭ كـىچـىـك گۇنـاھـلارنى كـۆزگـە ئـىلماسـلـىقـىڭلارغا رازى بولــدى. شـۇنـىڭ ئۈچـۈن، دىـنـىڭلارغا ھېزى بولۇپ، كـىچـىك گۇناھلاردىن ساقـلـىنـىڭلار!»[③].

(بەززار: 1141)

3629 - عن كلثوم بن جبير بقصة فيها: إن الذي قتل عمارا بصفين أخ أنه سمع النبي خطب يوم العقبة فقال: ان دماءكم وأموالكم عليكم حرام كحرمة يومكم هـذا في شهركم هذا في بلدكم هذا ألا لا ترجعوا بعدى كفارا يضرب بعضكم رقاب بعض. وفي القصة: فلم أر رجلا ابين ضلالا منه عندي انه سمع من النبي صلى الله عليه وسلم ما سمع ثم قتل عمارا.

3629 ـ كۇلسـۇم ئـىبـنـى جـۇبەيردىن رىـۋايەت قـىلـىنغــان بـىــر قـىسـسـىدە مۇنداق دېيـىلـگەن: سـىففـىـيـن ئۇرۇشـىدا ئەمـمـارنى ئۆلـتـۈرگـەن كـىشـىـنـىڭ ئـېيـتـىشـىـچە، ئـۇ پەيغەمـبەر سـەللەللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللەمـنـىڭ ئەقەبە كـۈنى خـۇتبە ئوقۇغانـدا مۇنـداق دېگەنلـىكـىنـى ئاڭـلـىغان ئـىكەن:

«قانـلـىرىڭلار ۋە مـالـلـىرىڭلار بـىر ـ بـىرىڭلارغا خۇددى سـىلەرگە مۇشۇ ئـاي، مۇشـۇ يەر ۋە مۇشـۇ كـۈن (دە ئـۇرۇش قـىلـىش) ھـارام بولغانـدەك

[①] سۈرە تەۋبە، 36 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[②] سۈرە تەۋبە، 37 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[③] ھەيسەمى (5643): بۇھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ھارامدۇر. ئاگاھ بولۇڭلاركى، مەندىن كېيىن بىر ـ بىرىڭلارنىڭ گەدەنلىرىگە چېپىپ، كاپىر بولغان ھالەتتە (ئۇ دۇنياغا) قايتماڭلار!»

بۇ قىسسىدە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ ئادەمدىنمۇ روشەن ئازغۇن ئادەم يوق، چۈنكى ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلايدىغاننى ئاڭلاپ تۇرۇپ ئەمىرنى ئۆلتۈرگەن[1].

(«ئەلكەبىر»: 362/20)

3630 ـ عن أبي امامة صدى ابن عجلان الباهلى رفعه في يوم عرفة ألا كل نـ ع قد مضت دعوته الا دعوتي فاني قد دخرتها عند ربي إلى يوم القيامة اما بعد فان الانبيـاء مكاثرون فلا تخزوني فاني جالس لكم على باب الحوض.

3630 ـ ئەبۇ ئۇمامەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرافات كۈنى مۇنداق دېگەن:

«بىلىڭلاركى، ھەر بىر پەيغەمبەرنىڭ دەۋەت قىلىدىغان زامانى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما مېنىڭ دەۋىتىم مۇستەسنادۇر. چۈنكى مەن دەۋىتىمنى تاكى قىيامەتكە قەدەر پەرۋەردىگارىمغا ئامانەت قويدۇم. ئۇنۇتماڭلاركى، ھەر پەيغەمبەر قىيامەت كۈنى ئۆز ئۇممەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. سىلەر (ئۇ كۈنى) مېنى رەسۋا قىلماڭلار. چۈنكى مەن سىلەرنى كەۋسەر كۆلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا كۈتۈپ ئولتۇرىمەن[2].

(«ئەلكەبىر»: 7632)

3631 - وفي رواية بلين: "لا تَأْلُوا عَلَى اللهِ، لا تَأْلُوا عَلَى اللهِ، فَإِنَّهُ مَنْ تَأَلى عَلَى اللهِ أَكْذَبَهُ اللهُ".

---

[1] ھەيسەمى (5623): تەبەرانى بۇ ھەدىسنى ئىككى سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بىر سەنەدنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5636): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەقىيە ئىبنى ۋەلىد ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3631 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «اللهقا قارشى قەسەم قىلماڭلار، اللهقا قارشى قەسەم قىلماڭلار. كىم اللهقا قارشى قەسەم قىلسا، الله ئۇنى يالغانچى قىلىدۇ»[①].

(«ئەلكەبىر»)

632 - عن العداء بن خالد بن عمرو بن عامر، أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قال في حَجةِ الْوَدَاعِ: "إن اللهَ عَز وَجَل يَقُولُ: يَأيها الناسُ إنا خَلَقْنَاكُمْ مِنْ ذَكَرٍ وَأُنْثَى وَجَعَلْنَاكُمْ شُعُوبًا وَقَبَائِلَ لِتَعَارَفُوا إن أَكْرَمَكُمْ عِنْدَ اللهِ أَتْقَاكُمْ، فَلَيْسَ لِعَرَبِي عَلَى عَجَمِي فَضْلٌ، وَلا لِعَجَمِي عَلَى عَرَبِي فَضْلٌ، وَلا لأَسْوَدَ عَلَى أَبْيَRٍ وَلا لأَبْيَRَ عَلَى أَسْوَدَ فَضْلٌ إلا بِالتقْوَى، يَا مَعْشَرَ قُرَيْشٍ، لا تَجِيئُونِي بِالدنْيَا تَحْمِلُونَهَا عَلَى أَعْنَاقِكُمْ وَيَجِيءُ الناسُ بِالآخِرَةِ فَإني لا أُغْنِي عَنْكُمْ مِنَ اللهِ شَيْئًا".

3632 ـ ئەدا ئىبنى خالىد ئىبنى ئەمر ئىبنى ئامىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەجىدە مۇنداق دېگەن:

«الله ئەززە ۋە جەللە: ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىز ھەقىقەتەن بىر ئەر، بىر ئايالدىن، (ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن ئىبارەت) بىر ئاتا، بىر ئانىدىن ياراتتۇق. ئۆز ئارا تونۇشۇشۇڭلار ئۈچۈن سىلەرنى نۇرغۇن مىللەت ۋە ئۇرۇق قىلدۇق، ھەقىقەتەن ئەڭ تەقۋادار بولغىنىڭلار اللهنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك ھېسابلىنىسىلەر (يەنى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئارتۇق بولۇشى نەسەب بىلەن ئەمەس، تەقۋادارلىق بىلەن بولىدۇ)، الله ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى، ھەممىدىن خەۋەرداردۇر[②] دەيدۇ. ئەرەبلەرنىڭ ئەجەملەردىن ئەجەملەرنىڭ ئەرەبلەردىن، ئاق تەنلىكلەرنىڭ قارا تەنلىكلەردىن، قارا تەنلىكلەرنىڭ ئاق تەنلىكلەردىن تەقۋادارلىق قىلىشتىن باشقا ھېچقانداق ئارتۇقچىلىقى يوق. ئى قۇرەيش جامائەسى! ئاخىرەتتە يېنىمغا دۇنيانى بوينۇڭلارغا ئارتىۋالغان ھالەتتە كەلمەڭلار (يەنى ئاخىرەتنى ئۇنتۇپ، دۇنياغا بېرىلگەن ھالەتتە

---

① ھەيسەمى (5638): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلى ئىبنى يەزىد ئىسىملىك بىرى بار. ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ بولسىمۇ، بەزىلەر ئۇنى ئىشەنچلىك دەپ قارىغان، ـ دېگەن.

② سۈرە ھۇجۇرات، 13 ـ ئايەت.

ئۆلمەڭلار)! ھالبۇكى، باشقىلار ئاخىرەتتە ئەسقاتىدىغان ياخشى ئەمەللەر بىلەن كېلىدۇ. چۈنكى مەن سىلەردىن اللهنىڭ ھېچبىر ئازابىنى قايتۇرۇشقا ئەسقاتمايمەن[1].

(«ئەلكەبىر»: 13 ـ 12/18)

3633 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَج ثَلَاثَ حِجَجٍ حَجتَيْنِ قَبْلَ أَنْ يُهَاجِرَ وَحَجةً بَعْدَ مَا هَاجَرَ وَمَعَهَا عُمْرَةٌ فَسَاقَ ثَلَاثَةً وَسِتينَ بَدَنَةً وَجَاءَ عَلِي مِنْ الْيَمَنِ بِبَقِيتِهَا فِيهَا جَمَلٌ لِأَبِي جَهْلٍ فِي أَنْفِهِ بُرَةٌ مِنْ فِضةٍ فَنَحَرَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَمَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ كُل بَدَنَةٍ بِبَضْعَةٍ فَطُبِخَتْ وَشَرِبَ مِنْ مَرَقِهَا.

3633 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچ قېتىم ھەج قىلغان بولۇپ، ئىككىسىنى ھىجرەتتىن بۇرۇن، بىرىنى ھىجرەتتىن كېيىن ئۆمرە بىلەن بىرگە قىلغاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ھەجدە 63 تۆگە قۇربانلىق تۆگە ئېلىپ كەلگەندى، قالغان قۇربانلىق تۆگىلەرنى ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەمەندىن ئېلىپ كەلدى. ئۇ تۆگىلەرنىڭ ئارىسىدا ئەبۇ جەھلدىن ئولجا ئېلىنغان ۋە بۇرنىغا كۈمۈش ھالقا سېلىنغان بىر تۆگىمۇ بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن تۆگىلەرنى بوغۇزلاپ بولغاندىن كېيىن، ھەر بىر تۆگىدىن بىر پارچە گۆش پىشۇرۇلۇشىنى تاپشۇردى ۋە پىشقان گۆشتىن يەپ، شورپىسىدىن ئىچتى[2].

(تىرمىزى: 815)

3634 - عن قَتَادَةُ أن أَنَسًا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَخْبَرَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اعْتَمَرَ أَرْبَعَ عُمَرٍ كُلهُن فِي ذِي الْقَعْدَةِ إلا التِي مَعَ حَجتِهِ عُمْرَةً مِنْ الْحُدَيْبِيَةِ أَوْ زَمَنَ

[1] ھەيسەمى (5641): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى بىر قانچە سەنەد بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇ سەنەدى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (652): سەھىھ ـ دېگەن.

الْحُدَيْبِيَةِ فِي ذِي الْقَعْدَةِ وَعُمْرَةً مِنْ الْعَامِ الْمُقْبِلِ فِي ذِي الْقَعْدَةِ وَعُمْرَةً مِنْ جِعْرَانَةَ حَيْثُ قَسَمَ غَنَائِمَ حُنَيْنٍ فِي ذِي الْقَعْدَةِ وَعُمْرَةً مَعَ حَجِّتِهِ.

3634 ـ قەتادەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەنەس مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆت قېتىم ئۆمرە قىلغان بولۇپ، ھەج بىلەن بىرلىكتە قىلغان ئۆمرەدىن باشقىسىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلغان. يەنى ھۇدەيبىيەدىن ياكى ھۇدەيبىيە زامانىدا ئېھرام باغلاپ قىلىنغان ئۆمرە زۇلقەئدە ئېيىدا؛ ئىككىنچى يىلى قىلىنغان قازا ئۆمرە زۇلقەئدە ئېيىدا؛ ھۇنەيىن ئۇرۇشىدا ئېلىنغان غەنىمەت تارقىتىلغان چاغدا جىئرانەدىن ئېھرام باغلاپ قىلىنغان ئۆمرەمۇ زۇلقەئدە ئېيىدا بولغانىدى، ئاخىرقى ئۆمرەنى ھەج بىلەن بىرلىكتە قىلغان.

(مۇسلىم: 1253)

3635 - عَنْ مُحَرِّشٍ الْكَعْبِيِّ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ خَرَجَ مِنْ الْجِعِرَّانَةِ لَيْلًا مُعْتَمِرًا فَدَخَلَ مَكَّةَ لَيْلًا فَقَضَى عُمْرَتَهُ ثُمَّ خَرَجَ مِنْ لَيْلَتِهِ فَأَصْبَحَ بِالْجِعِرَّانَةِ كَبَائِتٍ فَلَمَّا زَالَتْ الشَّمْسُ مِنْ الْغَدِ خَرَجَ مِنْ بَطْنِ سَرِفَ حَتَّى جَاءَ مَعَ الطَّرِيقِ طَرِيقِ جَمْعٍ بِبَطْنِ سَرِفَ فَمِنْ أَجْلِ ذَلِكَ خَفِيَتْ عُمْرَتُهُ عَلَى النَّاسِ.

3635 ـ مۇھەررىش كەئبى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىئرانە دېگەن يەردىن ئۆمرەگە ئېھرام باغلاپ، مەككىگە كېچىدە كىردى ۋە ئۆمرەنى تاماملاپ، شۇ كېچىدە قايتىپ چىقتى. شۇنىڭ بىلەن، كېچىنى خۇددى جىئرانەدە ئۆتكۈزگەندەك بولدى. ئەتىسى كۈن قايرىلغاندىن كېيىن، سەرف جىلغىسىدىن ئۆتۈپ، مۇزدەلىفە يولى بىلەن يۈرۈپ كەتتى. شۇڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بۇ قېتىملىق ئۆمرە ھەجىنى كۆپىنچە كىشى بىلمەيدۇ[1].

(تىرمىزى: 935)

[1] ئەلبانى (743): سەھىھ ـ دېگەن.

3636- عَنْ مُحَرِشٍ الْكَعْبِي قَالَ دَخَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْجِعْرَانَة فَجَاءَ إِلى الْمَسْجِدِ فَرَكَعَ مَا شَاءَ اللهُ ثُم أَحْرَمَ ثُم اسْتَوى عَلى رَاحِلَتِهِ فَاسْتَقْبَلَ بَطْنَ سَرِفَ حَتى لَقِيَ طَرِيقَ الْمَدِينَةِ فَأَصْبَحَ بِمَكةَ كَبَائِتٍ.

3636 ـ مۇھەررىش كەئبىنىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جىئرانەگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، مەسجىدكە كىرىپ، الله خالىغان مىقداردا ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئېھرام باغلاپ، تۆگىسىگە مىندى ۋە سەرف جىلغىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. مەدىنە يولىغا چىقىپلا، (خۇددى كېچىنى مەككىدە ئۆتكۈزگەن ئادەمدەك) سەھەردە مەككىگە كىرىپ بولدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 1996)

3637 - عَنْ هِشَامِ بْنِ عُرْوَةَ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَعْتَمِرْ إِلا ثَلَاثًا إِحْدَاهُن فِي شَوالٍ وَاثْنَتَيْنِ فِي ذِي الْقَعْدَةِ.

3637 ـ ھىشام ئىبنى ئۇرۋە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچلا قېتىم ئۆمرە قىلغان بولۇپ، بىرىنى شەۋۋال ئېيىدا، ئىككىسىنى زۇلقەئدە ئېيىدا قىلغانىدى.

(مالىك: 767)

3638 - عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اعْتَمَرَ عُمْرَتَيْنِ عُمْرَةً فِي ذِي الْقِعْدَةِ وَعُمْرَةً فِي شَوالٍ.

3638 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككى قېتىم ئۆمرە قىلغان بولۇپ، بىرى زۇلقەئدە ئېيىدا، يەنە بىرى شەۋۋال ئېيىدا ئىدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 1991)

[①] ئەلبانى (1758): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (1754): سەھىھ ـ دېگەن.

3639 - عن عُرْوَةُ بْنُ الزّبَيْرِ قَالَ كُنْتُ أَنَا وَابْنُ عُمَرَ مُسْتَنِدَيْنِ إِلَى حُجْرَةِ عَائِشَةَ وَإِنَّا لَنَسْمَعُ ضَرْبَهَا بِالسِّوَاكِ تَسْتَنُّ قَالَ فَقُلْتُ يَا أَبَا عَبْدِ الرَّحْمَنِ اعْتَمَرَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي رَجَبٍ قَالَ نَعَمْ فَقُلْتُ لِعَائِشَةَ أَيْ أُمَّتَاهُ أَلَا تَسْمَعِينَ مَا يَقُولُ أَبُو عَبْدِ الرَّحْمَنِ قَالَتْ وَمَا يَقُولُ قُلْتُ يَقُولُ اعْتَمَرَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي رَجَبٍ فَقَالَتْ يَغْفِرُ اللَّهُ لِأَبِي عَبْدِ الرَّحْمَنِ لَعَمْرِي مَا اعْتَمَرَ فِي رَجَبٍ وَمَا اعْتَمَرَ مِنْ عُمْرَةٍ إِلَّا وَإِنَّهُ لَمَعَهُ قَالَ وَابْنُ عُمَرَ يَسْمَعُ فَمَا قَالَ لَا وَلَا نَعَمْ سَكَتَ.

3639 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىمىز ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتۇق. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مىسۋاك قىلىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مەن:

ــ ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەجەپ ئېيىدا ئۆمرە قىلغانمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دېدى. مەن دەرھال:

ــ ئى ئانا! ئەبۇ ئابدۇراھماننىڭ نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـ دېدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ نېمە دەيدۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەجەپ ئېيىدا ئۆمرە قىلغان دەۋاتىدۇ، ـ دېدىم. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ الله تائالا ئەبۇ ئابدۇراھماننى كەچۈرسۇن! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رەجەب ئېيىدا ئۆمرە قىلمىدى. ئىبنى ئۆمەر ھەممە ئۆمرەدە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىدى، ـ دېدى. ئىبنى ئۆمەر ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، ھېچقانداق ئىپادە بىلدۇرمىدى.

(مۇسلىم: 1255)

3640 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللَّهِ أَلَا نَبْنِي لَكَ بِمِنًى بَيْتًا أَوْ بِنَاءً يُظِلُّكَ مِنْ الشَّمْسِ فَقَالَ لَا إِنَّمَا هُوَ مُنَاخُ مَنْ سَبَقَ إِلَيْهِ.

3640 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى اللهنىڭ ئەلچىسى! مىنادا ساڭا قۇياشتىن پاناھلانغۇدەك بىر ئۆي ياكى بىنا سالساق بولمامدۇ؟ ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ياق، مىنا كىم بۇرۇن چىقسا، شۇ تۆگىسىنى چۆكتۈرۈپ، ئارام ئالىدىغان ئورۇن (يەنى ئولتۇراقلىشىدىغان جاي ئەمەس)، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2019)

3641 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ، قَالَ: قُلْنا: يَا رَسُولَ اللهِ، إِن أُمُورَ مِنًى لَعَجَبٌ، هِـيَ ضَيقَةٌ، فَإِذَا نَزَلَهَا الناسُ اتسَعَتْ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِنمَا مَثَلُ مِنًـى كَالرحِمِ، هِيَ ضَيقَةٌ، فَإِذَا حَمَلَتْ وَسعَهَا اللهُ".

3641 ـ ئەبۇ دەردانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! مىنا ھەقىقەتەن ئاجايىب بىر يەر. گەرچە ئۆزى تار بولسىمۇ، ئادەملەر كەلگەندە كېڭىيىپ كېتىدۇ، ـ دېسەك، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مىنا خۇددى بالا ياتقۇغا ئوخشايدۇ. بالا ياتقۇ تار بولىدۇ، لېكىن ھامىلدار بولغاندا، الله ئۇنى كېڭەيتىۋېتىدۇ، ـ دېدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

3642 - عَنْ ابْنِ لِأَبِي وَاقِدٍ اللَّيْثِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لِأَزْوَاجِهِ فِي حَجةِ الْوَدَاعِ هَذِهِ ثُم ظُهُورَ الْحُصْرِ.

3642 ـ ئەبۇ ۋاقىد لەيسىنىڭ بىر ئوغلى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

---

[1] ئەلبانى (438): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5617): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە نامەلۇم بىرى بار، ـ دېگەن.

ۋەسەللەمنىڭ ۋىدالىشىش ھەجىدە ئاياللىرىغا: «بۇ ھەجدىن كېيىنكى جايىڭلار بوراڭلارنىڭ ئۈستى بولسۇن (يەنى بۇندىن كېيىن ھەج قىلىش سىلەرگە پەرز ئەمەس، ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار)!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم①.

(ئەبۇ داۋۇد: 1722)

3643 - وزاد البزار وأبو داود والموصلي عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ فَكُن كُلُّهن يَحْجُجْنَ إِلا زَيْنَبَ بِنْتَ جَحْشٍ وَسَوْدَةَ بِنْتَ زَمْعَةَ وَكَانَتَا تقُولَانِ وَاللِهِ لَا تُحَرِكُنَا دَابةٌ بَعْدَ أَنْ سَـمِعْنَا ذَلِكَ مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِسْحَاقُ بْنُ سُلَيْمَانَ فِي حَدِيثِهِ قَالَتَا وَاللـهِ لَـا تُحَرِكُنَا دَابةٌ بَعْدَ قَوْلِ رَسُولِ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذِهِ ثُم ظُهُورَ الْحُصْرِ.

3643 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىدىن زەينەپ بىنتى جەھش بىلەن سەۋدە بىنتى زەمئەدىن باشقا ھەممىسى ھەج قىلاتتى. ئۇ ئىككىسى:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ھېچقانداق ئۇلاغ بىزنى ئورنىمىزدىن قوزغىيالمايدۇ (يەنى بىز قايتا ھەج قىلمايمىز)، ـ دەيتتى.

ئىسھاق ئىبنى سۇلايمان ئۆزى رىۋايەت قىلغان ھەدىستە ئۇ ئىككىسىنىڭ:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «بۇ ھەجدىن كېيىنكى جايىڭلار بوراڭلارنىڭ ئۈستى بولسۇن (يەنى بۇندىن كېيىن ھەج قىلىش سىلەرگە پەرز ئەمەس، ئۆيۈڭلاردا ئولتۇرۇڭلار)!» دېگەن سۆزىدىن كېيىن، ھېچقانداق ئۇلاغ بىزنى ئۆز ئورنىمىزدىن قوزغىيالمايدۇ، ـ دېگەنلىكىنى نەقىل قىلغان②.

(ئەھمەد: 26211؛ بەززرا ۋە مەۋسىلى)

① ئەلبانى (1515): سەھىھ ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (5309): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

3644 - عن إِبْرَاهِيمُ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَذِنَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لِأَزْوَاجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي آخِرِ حَجةٍ حَجهَا فَبَعَثَ مَعَهُن عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ وَعَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ عَوْفٍ.

3644 - ئىبراھىم دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاخىرقى قېتىم قىلغان ھەجدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرىنىڭ ھەج قىلىشىغا رۇخسەت بېرىپ، ئوسمان ئىبنى ئەففان بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋفنى ئۇلارغا قوشۇپ ئەۋەتكەنىدى.

(بۇخارى: 1860)

3645 - عَنْ ثُمَامَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَنسٍ قَالَ حَج أَنسٌ عَلَى رَحْلٍ وَلَمْ يَكُنْ شَحِيحًا وَحَدثَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَج عَلَى رَحْلٍ وَكَانَتْ زَامِلَتَهُ.

3645 - سۇمامە ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەنەس مۇنداق دەيدۇ: ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوزۇق - تۈلۈكى ئارتىلغان تۆگىسىگە مىنىپ (يەنى ئايرىم تۆگىگە مىنمەي) ھەجگە چىقتى. ئۇ، بېخىللىقىدىن ئەمەس، بەلكى كەمتەرلىكىدىن شۇنداق قىلغانىدى. ئۇ باشقىلارغا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ يۈك - تاق ئارتىلغان تۆگىگە مىنىپ ھەج قىلغانلىقىنى، يۈك - تاق ئارتىدىغان باشقا تۆگىسىنىڭ يوقلۇقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى.

(بۇخارى: 1517)

## مەككە ۋە كەئبىنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىقنىڭ ھارام بولۇشى، زەمزەم، ئۇ يەردىكى ئەزان، كەئبىنىڭ يوپۇقى ۋە سۇ تارقىتىش ھەققىدىكى ھەدىسلەر

3646 - عَنْ أَبِي ذَر قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ أَولِ مَسْجِدٍ وُضِعَ فِي الْأَرْضِ قَالَ الْمَسْجِدُ الْحَرَامُ قُلْتُ ثُم أَي قَالَ الْمَسْجِدُ الْأَقْصَى قُلْتُ كَمْ بَيْنَهُمَا قَالَ أَرْبَعُونَ عَامًا.

3646 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ زېمىن يۈزىدە تۇنجى قېتىم قۇرۇلغان مەسجىد قايسى؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ھەرام مەسجىدى، ـ دېدى.

ــ ئۇنىڭدىن قالسىچۇ؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ مەسجىدى ئەقسا، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا قانچە يىل پەرق بار؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ 40 يىل، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 520)

3647 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَزَلَ الْحَجَرُ الْأَسْوَدُ مِنْ الْجَنةِ وَهُوَ أَشَد بَيَاضًا مِنْ اللبَنِ فَسَودَتْهُ خَطَايَا بَنِي آدَمَ.

3647 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەجرى

ئەسۋەد (قارا تاش) جەننەتتىن چۈشكەندە سۈتتىن ئاق ھالەتتە ئىدى. ئادەم بالىلىرىنىڭ گۇناھلىرى ئۇنى قارا قىلىۋەتتى»[1].

(تىرمىزى: 877)

3648 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي الْحَجَرِ وَاللهِ لَيَبْعَثَنهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ لَهُ عَيْنَانِ يُبْصِرُ بِهِمَا وَلِسَانٌ يَنْطِقُ بِهِ يَشْهَدُ عَلَى مَنْ اسْتَلَمَهُ بِحَق.

3648 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەجەرى ئەسۋەد ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، قىيامەت كۈنى الله ئۇنى كۆرىدىغان ئىككى كۆزى ۋە سۆزلەيدىغان تىلى بار ھالەتتە كەلتۈرىدۇ. ئۇ تىلى بىلەن ئۆزىنى ھەق (ئىخلاس) بىلەن سۆيگەنلەرگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 961)

3649 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُمَا، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: يَبْعَثُ اللهُ الْحَجَرَ الأَسْوَدَ، وَالركْنَ الْيَمَانِي يَوْمَ الْقِيَامَةِ، وَلَهُمَا عَيْنَانِ وَلِسَانٌ وَشَفَتَانِ يَشْهَدَانِ لِمَنِ اسْتَلَمَهُما بِالْوَفَاءِ.

3649 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى، الله تائالا ھەجەرى ئەسۋەد بىلەن رۇكنىل يەمانىنى ئىككى كۆزى، تىلى ۋە ئىككى كالپۇكى بار ھالەتتە تۇرغۇزىدۇ. ئۇ ئىككىسى ئۆزلىرىنى سەممىمىي ساداقەت بىلەن سۆيۈپ، سىلىغانلار ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»: 11432)

---

[1] ئەلبانى (695): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (768): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (5489): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەكرى ئىبنى مۇھەممەد قۇرەشى بىلەن ھارىس ئىبنى غەسسان ئىسىملىك ئىككى كىشى بار. مەن ھەر ئىككىلىسى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە ئەمەس، ـ دېگەن.

3650 - عن الْحَاجِبَ قَال سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرٍو يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ يَقُولُ إن الركْنَ وَالْمَقَامَ يَاقُوتَتَانِ مِنْ يَاقُوتِ الْجَنةِ طَمَسَ اللهُ نُورَهُمَا وَلَوْ لَمْ يَطْمِسْ نُورَهُمَا لَأَضَاءَتَا مَا بَيْنَ الْمَشْرِقِ وَالْمَغْرِبِ قَالَ أَبو عِيسَى هَذَا يُرْوَى عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو مَوْقُوفًا قَوْلُهُ.

3650 ـ ھاجىب مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىكەن:

«رۇكنىل يەمانى ۋە ماقامى ئىبراھىم جەننەتتىكى قىزىل ياقۇتلاردىن ئىككىسى بولۇپ، الله تائالا ئۇ ئىككىسىنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتكەن. ئەگەر ئىككىسىنىڭ نۇرىنى ئۆچۈرۈۋەتمىگەن بولسا ئىدى، ئۇ نۇر كۈن چىقىش بىلەن كۈن پېتىشنىڭ ئارىسىنى يورۇتىۋەتكەن بولاتتى»[1].

(تىرمىزى: 878)

3651 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرو بْنِ الْعَا ٱ ِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ يَأْتِي الركْنُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْظَمَ مِنْ أَبِي قُبَيْسٍ لَهُ لِسَانٌ وَشَفَتَانِ.

3651 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قىيامەت كۈنى رۇكنىل يەمانى تىلى ۋە ئىككى كالپۇكى بىلەن، ئەبۇ قۇبەيس تېغىدىنمۇ چوڭ ھالەتتە كېلىدۇ»[2].

(ئەھمەد: 6939)

---

[1] ئەلبانى: بۇ ھەدىسكە باھا بەرمىگەن، لېكىن بۇ ھەدىس سەھىھ كىتابتا نەقىل قىلىنغان.

[2] ھەيسەمى (5486): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى («ئەلئەۋسەت»تە) رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئەممىل ئىسىملىك كىشىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بار. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

3652 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن عَمْرٍو، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "يَأْتِي الركْنُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ أَعْظَمَ مِنْ أَبِي قُبَيْسٍ، لَهُ لِسَانٌ، وَشَفَتَانِ، يَشْهَدَانِ لِمَنِ اسْتَلَمَهُ بِالْحَق، وَهُوَ يَمِينُ اللهِ عَز وَجَل التِي يُصَافِحُ بِهَا خَلْقَهُ".

3652 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «رۇكنىل يەمانى قىيامەت كۈنىدە تىلى ۋە ئىككى كالپۇكى بىلەن، ئەبۇ قۇبەيس تېغىدىنمۇ چوڭ شەكىلدە كېلىپ، ئۆزىنى ئىخلاس بىلەن سىلىغان كىشىلەرگە گۇۋاھلىق بېرىدۇ. ئۇ، الله تائالانىڭ خەلق بىلەن كۆرۈشىدىغان قولىدۇر»[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 567)

3653 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "الْحَجَرُ الأَسْوَدُ مِنْ حِجَارَةِ الْجَنةِ، وَمَا فِي الأَرْضِ مِنَ الْجَنةِ غَيْرُهُ، وَكَانَ أَبْيَضَ كَالْمَهَا، فَلَوْلا مَا مَسهُ مِنْ دَنَسِ الْجَاهِلِيةِ، مَا مَسهُ مِنْ ذِي عَاهَةٍ إِلا بَرَأَ".

3653 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: «ھەجرى ئەسۋەد جەننەتنىڭ تاشلىرىدىن بولۇپ، زېمىندا ئۇنىڭدىن باشقا جەننەتتىن كەلگەن ھېچبىر تاش يوق. ئۇ ئەسلىدە خرىستالدەك سۈزۈك، ئاپئاق ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭغا جاھىلىيەت كىرلىرى يۇقمىغان بولسا ئىدى، كېسەل بىرى ئۇنى سىلىغان ھامان (كېسىلىدىن) ساقىيىپ كەتكەن بولاتتى»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 149)

---

[1] ھەيسەمى (5486): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئەممەل ئىسىملىك كىشىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بار. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5490): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ لەيلا ئىسىملىك كىشىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

3654 - عن عبد الله بن عمرو قال نزل الركن الاسود من السماء فوضع على أŶ قبيس كأنه مهاة بيضاء فمكث أربعين سنة Ż وضع على قواعد ابراهيم.

3654 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر مۇنداق دېگەن: ھەجەرى ئەسۋەد ئاسماندىن ئەبۇ قۇبەيس تېغىنىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ گويا خرىستالدەك ئاپئاق ۋە سۈپسۈزۈك ئىدى. ئۇ يەردە 40 يىل تۇرغاندىن كېيىن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇرۇپ چىققان كەئبىنىڭ ئۇلىغا قويۇلدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

3655 - عَنِ ابْنِ عَبَاسٍ، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "لَوْلا مَا طُبِعَ الركْنُ مِنْ أَنْجَاسِ الْجَاهِلِيَةِ، وَأَرْجَاسِهَا، وَأَيْدِي الظلَمَةِ، وَالأَثَمَةِ لاسْتُشْفِيَ بِهِ مِنْ كُل عَاهَةٍ، وَلأُلْفِيَ الْيَوْمَ كَهَيْئَتِهِ يَوْمَ خَلَقَهُ اللهُ، وَإِنمَا غَيَرَهُ اللهُ بِالسوَادِ لِئَلا يَنْظُرَ أَهْلُ الدنْيَا إِلَى زِينَةِ الْجَنةِ، وَلَيَصِيرَن إِلَيْهَا، وَإِنهَا لَيَاقُوتَةٌ مِنْ يَاقُوتِ الْجَنةِ وَضَعَهُ اللهُ حِينَ أُنْزِلَ آدَمَ فِي مَوْضِعِ الْكَعْبَةِ قَبْلَ أَنْ تَكُونَ الْكَعْبَةُ، وَالأَرْضُ يَوْمَئِذٍ طَاهِرَةٌ وَلَمْ يُعْمَلْ فِيهَا شَيْءٌ مِنَ الْمَعَاصِي، وَلَيْسَ لَهَا أَهْلٌ يُنَجسُونَهَا ، فَوُضِعَ لَهُ صَف مِنَ الْمَلائِكَةِ عَلَى أَطْرَافِ الْحَرَمِ يَحْرُسُونَهُ مِنْ سُكانِ الأَرْضِ وَسُكانُهَا يَوْمَئِذٍ الْجِن، لا يَنْبَغِي لَهُمْ أَنْ يَنْظُرُوا إِلَيْهِ لأَنَهُ شَيْءٌ مِنَ الْجَنةِ ، فَالْمَلائِكَةُ يَذُودونَهُمْ عَنْهُ وَهُمْ وُقُوفٌ عَلَى أَطْرَافِ الْحَرَمِ يَحْدِقُونَ بِهِ مِنْ كُل جَانِبٍ وَلِذَلِكَ سُميَ الْحَرَمُ لأَنَهُمْ يَحُولُونَ فِيمَا بَيْنَهُمْ وَبَيْنَهُ".

3655 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەجەرى ئەسۋەدكە جاھىلىيەتنىڭ كىر ۋە نىجىسلىرى، زالىم ـ گۇناھكارلارنىڭ قوللىرى تەگمىگەن بولسا ئىدى، ھەرقانداق كېسەلگە شىپا بولاتتى ۋە الله تائالا ياراتقان كۈندىكىدەك پاك، سۈزۈك پېتى تۇراتتى. لېكىن الله زېمىن ئەھلىنىڭ ئۇنىڭغا جەننەتنىڭ زىبۇزىننەتلىرى دېگەن تونۇشتا قاراپ قالماسلىقى ئۈچۈن قارا رەڭگە ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن جەننەتنىڭ ياقۇتلىرىدىن بىرى بولۇپ،

[1] ھەيسەمى (5493): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

الله تائـالا ئـۇنى ھەزرىتـى ئـادەمنى جەننەتـتـىن چۈشـۈرگەندە، كەئبىنىـڭ ئورنىغا، كەئبە ياسىلىشتىن بۇرۇن قويغانىدى. ئۇ چاغدا، زېمىـن تېخـى پـاك بولـۇپ، ئۈستـىدە ھـېچ گۇنـاھ ئىشلـەنمىگەنىدى، گۇنـاھ ئۆتكـۈزۈپ، زېمىننـى پاسـكىنا قىلىـدىغان ئىنسـانمۇ يـوق ئىـدى. الله تائـالا ئـۇنى زېمىـن ئەھلـىدىن قوغـداش ئۈچـۈن بىـر گـۇرۇھ پەرىشـتىنى ھەرامنىـڭ ئەتراپىغـا قاتـار قىلىـپ ئورۇنلاشـتۇردى، ئـۇ چـاغلاردا زېمىـن ئەھلـى جىنلاردىن ئىبـارەت بولـۇپ، ھىجـرى ئەسـۋەد جەننەتـتـىن چىققـان تـاش بولغاچقا، جىنلارنىڭ ئۇنىڭغا قاراش سالاھىيىتى يوق ئىدى. پەرىشتىلەر ھەرامنىـڭ ئەتراپىدا چۆرىدەپ سەپ تۇتۇپ قوغداپ تۇرغاچقا، ئـۇ يەر ھەرەم (چەكلەنـگەن، ھـۆرمەتلەنگەن) دەپ ئاتالغانـىدى. چـۈنكى پەرىشـتىلەر جىنلارنى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشتىن توسۇپ تۇراتتى»[①].
(«ئەلكەبىر»: 11028)

3656 - عَنْ حَنْظَلَةَ الْأَسْلَمِي قَالَ سَمِعْتُ أَبا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يُحَدثُ عَـنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَيُهلن ابْنُ مَرْيَمَ بِفَج الروْحَاءِ حَاجا أَوْ مُعْتَمِرًا أَوْ لَيَثْنِيَنهُمَا.

3656 ـ ھەنـزەلە ئەسـلەمى ئەبـۇ ھـۇرەيرە رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىۋايەت قىلىـدۇكى، پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم مۇنـداق دېگەن: «جېنىـم ئىلكـىدە بولغـان زات بىـلەن قەسـەمكى، مەريەم ئـوغلى (يەنى ئىيسا ئەلەيھىسسالام) ھەج ياكى ئۆمرە ۋەياكى ھەر ئىككىسـىنى بىـرلىكتە ئـادا قىلىـش ئۈچـۈن رەۋھـا كوچىسـىدا چوقـۇم تەلبىـيە ئېيتىدۇ».

(مۇسلىم: 1228)

3657 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر بِـوَادِي الْـأَزْرَقِ فَقَالَ أَي وَادٍ هَذَا فَقَالُوا هَذَا وَادِي الْأَزْرَقِ قَالَ كَأَني أَنظُرُ إِلَى مُوسَى عَلَيْهِ السلَام هَابِطًـا مِنْ الثنِيةِ وَلَهُ جُؤَارٌ إِلَى اللهِ بِالتلْبِيَةِ ثُم أَتى عَلَى ثَنِيةِ هَرْشَى فَقَالَ أَي ثَنِيةٍ هَذِهِ قَالُوا ثَنِيـةُ

[①] ھەيسەمى (5492): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ناتونۇش بىرى بار، ـ دېگەن.

هَرْشَى قَالَ كَأَنِي أَنظُرُ إِلَى يُونُسَ بْنِ مَتى عَلَيْهِ السلَام عَلَى نَاقَةٍ حَمْرَاءَ جَعْدَةٍ عَلَيْهِ جُبةٌ مِنْ صُوفٍ خِطَامُ نَاقَتِهِ خُلْبَةٌ وَهُوَ يُلَبي.

3657 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەزرەق ۋادىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ بۇ قايسى ۋادى؟ ـ دەپ سورىدى. ھەمراھلىرى:

ــ بۇ، ئەزرەق ۋادىسى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ داۋاندىن بوم ئاۋازى بىلەن الله تائالاغا تەلبىيە ئېيتىپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن، ـ دېدى. ئاندىن ھەرشا داۋىنىغا يېتىپ كېلىپ:

ــ بۇ قايسى داۋان؟ ـ دەپ سورىدى. ھەمراھلىرى:

ــ بۇ ھەرشا داۋىنى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەن يۇنۇس ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇچىسىغا يۇڭدىن توقۇلغان تون كىيىپ، چۇلۋۇرى خورما قوۋزىقىدىن توقۇلغان، سېمىز، قىزىل تۆگىسىنىڭ ئۈستىدە تەلبىيە ئېيتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 166)

3658 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْرِ أَن عَائِشَةَ قَالَتْ عَبَثَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي مَنَامِهِ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ صَنَعْتَ شَيْئًا فِي مَنَامِكَ لَمْ تَكُنْ تَفْعَلُهُ فَقَالَ الْعَجَبُ إِن نَاسًا مِنْ أُمتِي يَؤُمونَ بِالْبَيْتِ بِرَجُلٍ مِنْ قُرَيْشٍ قَدْ لَجَأَ بِالْبَيْتِ حَتى إِذَا كَانُوا بِالْبَيْدَاءِ خُسِفَ بِهِمْ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ إِن الطرِيقَ قَدْ يَجْمَعُ الناسَ قَالَ نَعَمْ فِيهِمْ الْمُسْتَبْصِرُ وَالْمَجْبُورُ وَابْنُ السبِيلِ يَهْلِكُونَ مَهْلَكًا وَاحِدًا وَيَصْدُرُونَ مَصَادِرَ شَتى يَبْعَثُهُمْ اللهُ عَلَى نِياتِهِمْ.

3658 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر

ســـەللاللاھۇ ئەلەيھـــى ۋەســـەللەم ئۇخلاۋېتىـــپ قىمىلـــداپ كەتتـــى. ئويغانغاندىن كېيىن:

ــ ئـى اللەنىـڭ ئەلچىسـى! ئۇيقۇڭـدا بەكـمۇ قىمىلـداپ كەتتىـڭ، ئىلگىرى بۇنداق بولۇپ باقمىغانىدىڭ، ـ دېسەك:

ــ ھەقىـقەتەن غەلىـتە (چـۈش كـۆرۈپتىمەن). ئۈممىتىمـدىن بىـر تۈركـۈم كىشـى بەيتۇللاھقـا پاناھلىنىۋالغـان قۇرەيشـلىك بىرىنىـڭ سەۋەبى بىـلەن بەيتـۇللاھنى چېقىۋېتىشـنى كـۆزلەپ يولغـا چىققـۇدەك. بەيزا دېگەن جايغا كەلگەندە، ھەممىسىنى يەر يۇتـۇپ كېتىپتـۇ، ـ دېدى. بىز:

ــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! يولـدا باشـقا ئىنسـانلارمۇ بـار ئەمەسـمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ شـۇنداق، ئۇلارنىـڭ ئارىسـىدا بىلىـپ تـۇرۇپ قەسـتەن چىققـانلار، مەجبۇرىي چىققانلار ۋە (ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتى بولمىغان) يولۇچىلارمـۇ بولـۇپ، اللە تائـالا ھەممىسـىنى بىـرلا كۇنـدە بىـر ـ بىرىـدىن پەرقلىـق تىرىلدۈرىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2884)

3659 - عن عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ يَغْزُو جَيْشٌ الْكَعْبَةَ فَإِذَا كَانُوا بِبَيْدَاءَ مِنْ الْأَرْضِ يُخْسَفُ بِأَوِلِهِمْ وَآخِرِهِمْ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ كَيْفَ يُخْسَفُ بِأَوِلِهِمْ وَآخِرِهِمْ وَفِيهِمْ أَسْوَاقُهُمْ وَمَنْ لَيْسَ مِنْهُمْ قَالَ يُخْسَفُ بِأَوِلِهِمْ وَآخِرِهِمْ ثُم يُبْعَثُونَ عَلَى نِيَاتِهِمْ.

3659 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىـڭ مۇنـداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بىر قوشۇن كەئبىنى ئۆرۈۋېتىش نىيىتىـدە يولغـا چىقىـپ، بەيـزا دېـگەن جايغـا يېتىـپ كەلگەنـدە، ئۇلارنىـڭ ھەممىسـىنى يەر يۇتـۇپ كېتىدۇ، ـ دېدى. مەن:

— ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! يەر نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋېتىدۇ؟ ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە تىجارەتچىلەر ۋە ئۇلارغا مۇناسىۋەتسىز ئادەملەرمۇ بولۇپ قالىدىغان تۇرسا؟ - دەپ سورىسام:
— ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يەر يۇتۇپ كېتىدۇ. كېيىن ئۇلار نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرۈلىدۇ، - دېدى.
(بۇخارى: 2118)

3660 - عَنْ صَفِيةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَنْتَهِي الناسُ عَنْ غَزْوِ هَذَا الْبَيتِ حَتى يَغْزُوَ جَيْشٌ حَتى إِذَا كَانُوا بِالْبَيْدَاءِ أَوْ بِبَيْدَاءَ مِنْ الْأَرْضِ خُسِفَ بِأَولِهِمْ وَآخِرِهِمْ وَلَمْ يَنْجُ أَوْسَطُهُمْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فَمَنْ كَرِهَ مِنْهُمْ قَالَ يَبْعَثُهُمْ اللهُ عَلَى مَا فِي أَنْفُسِهِمْ.

3660 — سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
— ئىنسانلار بۇ ئۆيگە داۋاملىق ئۇرۇش ئاچىدۇ، ھەتتا بىر قوشۇن كەئبىنى ئۆرۈۋېتىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ، بەيزا دېگەن جايغا يېتىپ كەلگەندە، ھەممىسى يەرگە يۇتتۇرۇلىدۇ، ئۇلاردىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدۇ، - دېدى. مەن:
— ئى ئاللاھنىڭ رەسۇلى! ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۇرۇش قىلىشنى ياقتۇرمىغان كىشىلەرچۇ؟ - دەپ سورىسام، ئۇ جاۋابەن:
— ئاللاھ (قىيامەتتە) ئۇلارنى نىيەتلىرىگە يارىشا تىرىلدۈرىدۇ، - دېدى[①].
(تىرمىزى: 2184)

3661 - عن عَبْدُ اللهِ بْنُ صَفْوَانَ عَنْ أُم الْمُؤْمِنِينَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ سَيَعُوذُ بِهَذَا الْبَيتِ يَعْنِي الْكَعْبَةَ قَوْمٌ لَيْسَتْ لَهُمْ مَنَعَةٌ وَلَا عَدَدٌ وَلَا عُدةٌ يُبْعَثُ إِلَيْهِمْ جَيْشٌ حَتى إِذَا كَانُوا بِبَيْدَاءَ مِنْ الْأَرْضِ خُسِفَ بِهِمْ قَالَ يُوسُفُ وَأَهْلُ الشأْمِ يَوْمَئِذٍ يَسِيرُونَ إِلَى مَكةَ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ صَفْوَانَ أَمَا وَاللهِ مَا هُوَ بِهَذَا الْجَيْشِ.

[①] ئەلبانى (1775): سەھىھ - دېگەن.

3661 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «(دۈشمەنگە) قارشى تۇرغۇدەك كۈچى، ئادەم سانى ۋە قورال ـ يارىقى بولمىغان بىر خەلق بەيتۇللاھقا (كىرىپ) پاناھلىنىدۇ. زور بىر قوشۇن ئۇلارغا قارشى ئاتلىنىدۇ. بۇ قوشۇن بەيزا دېگەن يېتىپ كەلگەندە، ئۇلارنى يەر يۇتۇپ كېتىدۇ».

راۋىيلاردىن يۈسۈف (ئىبنى ماھەك) مۇنداق دەيدۇ: دەل شۇ كۈنلەردە شام خەلقى مەككىگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئابدۇللاھ ئىبنى سەفۋان: اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇلار بۇ قوشۇن ئەمەس، ـ دېگەن.

(مۇسلىم: 2883)

3662 - عَنْ شَيْبَةَ يَعْنِي ابْنَ عُثْمَانَ قَالَ قَعَدَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ فِي مَقْعَدِكَ الَّذِي أَنْتَ فِيهِ فَقَالَ لَا أَخْرُجُ حَتَّى أَقْسِمَ مَالَ الْكَعْبَةِ قَالَ قُلْتُ مَا أَنْتَ بِفَاعِلٍ قَالَ بَلَى لَأَفْعَلَنَّ قَالَ قُلْتُ مَا أَنْتَ بِفَاعِلٍ قَالَ لِمَ قُلْتُ لِأَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَدْ رَأَى مَكَانَهُ وَأَبُو بَكْرٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ وَهُمَا أَحْوَجُ مِنْكَ إِلَى الْمَالِ فَلَمْ يُخْرِجَاهُ فَقَامَ فَخَرَجَ.

3662 ـ شەيبە ئىبنى ئوسمان (كەئبىدە ئۆزىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان) شەقىققە مۇنداق دېدى: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەن ئولتۇرغان مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ:

ـ مەن كەئبىنىڭ مۈلكىنى (پېقىرلارغا) تەقسىم قىلىۋەتمىگىچە بۇ يەردىن چىقمايمەن، ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇنداق قىلالمايسەن (يەنى ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ)، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ راستىنلا شۇنداق قىلىمەن، ـ دېدى، مەن يەنە:

ـ ئۇنداق قىلالمايسەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ـ نېمىشقا؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ چۈنكى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ بۇ ماللارنى كۆرگەنىدى، لېكىن ئۇنى

چىقارمىغانىدى. ھالبۇكى، ئۇلار بۇ مالغا سەندىنمۇ بەكرەك ئېھتىياجلىق ئىدى، ـ دېدىم. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قوپقىنىچە (كەئبىدىن) چىقىپ كەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2031)

3663 - عَنْ أَبِي وَائِلٍ قَالَ جَلَسْتُ مَعَ شَيْبَةَ عَلَى الْكُرْسِيِّ فِي الْكَعْبَةِ فَقَالَ لَقَدْ جَلَسَ هَذَا الْمَجْلِسَ عُمَرُ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ فَقَالَ لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ لَا أَدَعَ فِيهَا صَفْرَاءَ وَلَا بَيْضَاءَ إِلَّا قَسَمْتُهُ قُلْتُ إِنَّ صَاحِبَيْكَ لَمْ يَفْعَلَا قَالَ هُمَا الْمَرْءَانِ أَقْتَدِي بِهِمَا.

3663 ـ ئەبۇ ۋائىلنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندۇ: شەيبە ئىككىمىز كەئبىنىڭ ئىچىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتۇق. ئۇ (شەيبە) مۇنداق دېدى:

ــ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ: ''مەن ئۇ يەردىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشنىڭ ھەممىسىنى پېقىرلارغا تارقىتىۋېتىش نىيىتىگە كەلدىم'' دېدى. مەن: ''ئىككى دوستۇڭ (يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى) ئۇنداق قىلمىغانغۇ؟'' دېسەم، ئۇ: ''ئۇنداقتا، مەن ئۇ ئىككىسىگە ئەگىشىمەن'' دېدى.

(بۇخارى: 1594)

3664 - عَنْ أَبِي شُرَيْحٍ الْعَدَوِيِّ أَنَّهُ قَالَ لِعَمْرِو بْنِ سَعِيدٍ وَهُوَ يَبْعَثُ الْبُعُوثَ إِلَى مَكَّةَ ائْذَنْ لِي أَيُّهَا الْأَمِيرُ أُحَدِّثْكَ قَوْلًا قَامَ بِهِ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِلْغَدِ مِنْ يَوْمِ الْفَتْحِ فَسَمِعَتْهُ أُذُنَايَ وَوَعَاهُ قَلْبِي وَأَبْصَرَتْهُ عَيْنَايَ حِينَ تَكَلَّمَ بِهِ إِنَّهُ حَمِدَ اللَّهَ وَأَثْنَى عَلَيْهِ ثُمَّ قَالَ إِنَّ مَكَّةَ حَرَّمَهَا اللَّهُ وَلَمْ يُحَرِّمْهَا النَّاسُ فَلَا يَحِلُّ لِامْرِئٍ يُؤْمِنُ بِاللَّهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ أَنْ يَسْفِكَ بِهَا دَمًا وَلَا يَعْضُدَ بِهَا شَجَرَةً فَإِنْ أَحَدٌ تَرَخَّصَ لِقِتَالِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقُولُوا لَهُ إِنَّ اللَّهَ أَذِنَ لِرَسُولِهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَلَمْ يَأْذَنْ لَكُمْ وَإِنَّمَا أَذِنَ لِي سَاعَةً مِنْ نَهَارٍ وَقَدْ عَادَتْ حُرْمَتُهَا الْيَوْمَ كَحُرْمَتِهَا بِالْأَمْسِ وَلْيُبَلِّغْ الشَّاهِدُ الْغَائِبَ فَقِيلَ

[1] ئەلبانى (1778): سەھىھ ـ دېگەن.

لِأَبِي شُرَيْحٍ مَا قَالَ لَكَ عَمْرٌو قَالَ أَنَا أَعْلَمُ بِذَلِكَ مِنْكَ يَا أَبَا شُرَيْحٍ إِنَّ الْحَرَمَ لَا يُعِيذُ عَاصِيًا وَلَا فَارًّا بِدَمٍ وَلَا فَارًّا بِخُرْبَةٍ خُرْبَةٌ بَلِيَّةٌ.

3664 ـ ئەبۇ شۇرەيھ ئەدەۋى مەككىگە قوشۇن ئەۋەتكەن ئەمر ئىبنى سەئىدكە مۇنداق دېدى:

ـ ئى ئەمر! ماڭا ئىجازەت بەرسەڭ، مەن ساڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەككە فەتھە بولغان كۈننىڭ ئەتىسى ئېيتقان سۆزىنى ئېيتىپ بېرەي. ئۇ سۆزلەۋاتقاندا ئىككى كۆزۈم ئۇنى كۆرگەن، سۆزلىرىنى ئىككى قۇلىقىم ئاڭلىغان ۋە دىلىم خاتىرىلىۋالغانىدى. ئۇ ئالدى بىلەن الله تائالاغا لايىق ھەمدۇ سانا ۋە گۈزەل مەدھىيەلەر ئېيتىپ، ئاندىن:

«مەككىدە ئۇرۇش قىلىشنى ئىنسانلار ئەمەس، بەلكى الله تائالا ھارام قىلغان. شۇڭا الله تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمانى بار ھەر قانداق ئىنساننىڭ بۇ يەردە قان تۆكۈشى ۋە بۇ يەرنىڭ دەل ـ دەرىخىنى كېسىشى ھالال ئەمەس. ئەگەر بىر ئىنسان: ”پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇرۇش قىلىش رۇخسەت قىلىنىپتىكەنغۇ؟“ دېسە، ئۇنىڭغا: ”الله ھەقىقەتەن ئۆز پەيغەمبىرىگە رۇخسەت قىلغان، لېكىن سىلەرگە رۇخسەت قىلمىدى“ دەڭلار. الله ماڭا كۈندۈزنىڭ ئازغىنە ۋاقتىدا ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلدى. بۈگۈن ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىشنىڭ ھارام ئىكەنلىك ھۆكمى بۇرۇنقىدەكلا ئەسلىگە قايتتى. بۇ يەرگە ھازىر بولغانلار سۆزلىرىمنى بۇ يەردە بولمىغانلارغا يەتكۈزسۇن!» دېدى. ئەبۇ شۇرەيھتىن:

ـ ئەمر ساڭا نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئەبۇ شۇرەيھ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ ئۇ: ”ئى ئەبۇ شۇرەيھ! مەن ئۇنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن. ھەرام مەسجىدى ئاسىيلىق قىلغۇچىنى، قان داۋاسىدىن قېچىپ كەتكۈچىنى ۋە بۇزغۇنچىلىق قىلغاندىن كېيىن قېچىپ كەتكۈچىنى پاناھىغا ئالالمايدۇ“ دېدى.

(بۇخارى: 1832)

3665 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إن اللهَ حَرمَ مَكةَ فَلَمْ تَحِل لِأحَدٍ قَبْلِي وَلَا تَحِل لِأحَدٍ بَعْدِي وَإنمَا أُحِلتْ لِي سَاعَةً مِنْ نَهَارٍ لَا يُخْتَلَى خَلَاهَا وَلَا يُعْضَدُ شَجَرُهَا وَلَا يُنَفرُ صَيْدُهَا وَلَا تُلْتَقَطُ لُقَطَتُهَا إلا لِمُعَرفٍ وَقَالَ الْعَباسُ يَا رَسُولَ اللهِ إلا الْإذْخِرَ لِصَاغَتِنَا وَقُبُورِنَا فَقَالَ إلا الْإذْخِرَ وَعَنْ خَالِدٍ عَنْ عِكْرِمَةَ قَالَ هَلْ تَدْرِي مَا لَا يُنَفرُ صَيْدُهَا هُوَ أنْ يُنَحيَهُ مِنْ الظل يَنْزِلُ مَكَانَهُ.

3665 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «الله تائالا ھەقىقەتەن مەككىدە ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلدى. ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىش مەندىن بۇرۇن ھېچكىمگە ھالال بولمىغان، مەندىن كېيىنمۇ ھېچكىمگە ھالال بولمايدۇ. الله ئۇنى ماڭا پەقەت كۈندۈزنىڭ مەلۇم سائىتىدىلا ھالال قىلىپ بەردى. ئۇنىڭ ئوت ـ چۆپى يۇلۇنمايدۇ، دەل ـ دەرىخى كېسىلمەيدۇ، ئوۋ ھايۋانلىرى ۋە ئۇچار قۇشلىرى ئۈركۈتۈۋېتىلمەيدۇ، چۈشۈپ قالغان نەرسە ئېلىۋېلىنمايدۇ، ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن ئېلىش بۇنىڭدىن مۇستەسنا» دېدى. مەن (يەنى ئىبنى ئابباس):

ـ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! چىغ بۇنىڭ سىرتىدا (ھالال) بولسۇن. بىز ئۇنى زەرگەرلىكتە ۋە ئۆيلىرىمىزنىڭ تورۇسىغا ئىشلىتىمىز، ـ دېگەنىدىم، ئۇ:

ـ چىغنى ئورۇش ھالال، ـ دېدى.

خالىد ئىكرىمەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئوۋ ھايۋانلىرىنى ۋە قۇشلارنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىكنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟ ئۇ، ئۇلارنى سايىداپ تۇرغان يېرىدىن قوغلىۋېتىپ، سايىداق يەرنى ئىگەللىۋېلىشتۇر.

(بۇخارى: 1833)

3666 - وللكبير والأوسط بلين نحوه، وزاد في آخره: فَقِيلَ لَهُ هَذَا خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ يَقْتُلُ، قَالَ: "قُمْ يَا فُلَانُ، فأْتِ خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ فَلْيَرْفَعْ يَدَهُ مِنَ الْقَتْلِ"، فَأَتَاهُ الرجُلُ، فَقَالَ:

إن َنبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، َيقُولُ: "اقْتُلْ َمنْ قَدَرْتَ عَلَيْهِ"، فَقَتَلَ سَبْعِينَ إِنْسَـ ـاًنا، فَأُتِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذُكِرَ ذَلِكَ لَهُ، فَأَرْسَلَ إِلى خَالِدٍ، فَقَالَ: "أَلَمْ أُنهَكَ عَنِ الْقَتْلِ؟" فَقَالَ: جَاءَنِي فُلانٌ، فَأَمَرَنِي أَنْ أَقْتُلَ َمنْ قَدَرْتُ عَلَيْهِ، فَأَرْسَلَ إِلَيْهِ، "أَلَمْ آمُرْكَ؟" قَالَ: أَرَدْتَ أَمْرًا وَأَرَادَ اللهُ أَمْرًا، فَكَانَ أَمْرُ اللهِ فَوْقَ أَمرِكَ، وَمَا اسْتَطَعْتُ إِلا الذِي كَـ ـانَ فَسَكَتَ عَنْهُ َنبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَا َرد عَلَيْهِ شَيْئًا.

3666 ـ تەبەرانــى «ئەلكەبىــر» ۋە «ئەلئەۋسەت»تە يۇقىرىقىغا ئوخشاش بىر ھەدىس رىۋايەت قىلغان، لېكىن ئۇنىڭ ئاخىرىدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن:

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىد ئىبنى ۋەلىدنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلىكىنى ئاڭلاپ، بىر ەيلەنگە:

ــ ئى پالانى! سەن بېرىپ، خالىدقا ئېيتقىن، ئۇ قولىنى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن تارتسۇن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم خالىدنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنى تۇتۇۋالغانلىكى ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، خالىد 70 ئادەمنى ئۆلتۈرىۋەتتى. بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خالىدقا:

ــ مەن سېنى ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن توسمىدىممۇ؟ ـ دەپ خەۋەر يوللىدى. خالىد ئىبنى ۋەلىد:

ـ پالانى كىشى كېلىپ، سېنىڭ مېنى تۇتۇۋالغانلىكى ئادەمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغانلىقىڭنى يەتكۈزدى، ـ دەپ جاۋاب قايتۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئادەمنى چاقىرتىپ:

ـ مەن خالىدنىڭ ھېچكىمنى ئۆلتۈرمەسلىكىنى بۇيرۇمىدىممۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ سەن بىر ئىشقا ئەمىر قىلدىڭ، لېكىن الله تائالا باشقا بىر ئىشنى ئىرادە قىلىپتۇ. اللهنىڭ ئىرادىسى سېنىڭ ئەمرىڭدىن ئۈستۈندۇر، مەن مۇشۇنچىلىك قىلالىدىم (يەنى مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغىنى

مۇشۇنچىلىك)، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا بىر نەرسە دېمىدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

3667 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ حُبْشِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَطَعَ سِدْرَةً صَوبَ اللهُ رَأْسَهُ فِي النارِ.

3667 ــ ئابدۇللاھ ئىبنى ھۇبشى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمكى ياۋا چىلان دەرىخىدىن بىر تۈپ كەسسە، الله ئۇنى دوزاخقا بېشىچە تاشلايدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5239)

3668 - عن حَسانُ بْنُ إِبْرَاهِيمَ قَالَ سَأَلْتُ هِشَامَ بْنَ عُرْوَةَ عَنْ قَطْعِ السدْرِ وَهُوَ مُسْتَنِدٌ إِلَى قَصْرِ عُرْوَةَ فَقَالَ أَتَرَى هَذِهِ الْأَبْوَابَ وَالْمَصَارِيعَ إِنمَا هِيَ مِنْ سِدْرِ عُرْوَةَ كَانَ عُرْوَةُ يَقْطَعُهُ مِنْ أَرْضِهِ وَقَالَ لَا بَأْسَ بِهِ .

3668 ـ ھەسسان ئىبنى ئىبراھىم مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇرۋەنىڭ قەسرىنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرغان ھىشام ئىبنى ئۇرۋەدىن ياۋا چىلان دەرىخىنى كېسىش توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ كۆرمەيۋاتامسەن؟ مانا بۇ دەرۋازا ۋە ئۇنىڭ كېشەكلىرى مەخسۇس ياۋا چىلان دەرىخىنىڭ ياغاچلىرىدىن ياسالغان. ئۇرۋە ئۆزىنىڭ ئېتىزلىقىدىكى ياۋا چىلان دەرىخىنى كېسەتتى ۋە: "ئۇنى كېسىشكە بولىدۇ" دەيتتى، ـ دېدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 5241)

[1] ھەيسەمى (5696): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەتا ئىبنى سائىب دېگەن كىشىنىڭ ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ياخشى ئەمەس، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4364): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (1123): زەئىپ، ـ دېگەن.

3669 - زاد في رواية: فَقَالَ هِيَ يَا عِرَاقِي جِئْتَنِي بِبِدْعَةٍ قَالَ قُلْتُ إِنمَا الْبِدْعَةُ مِنْ قِبَلِكُمْ سَمِعْتُ مَنْ يَقُولُ بِمَكةَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ قَطَعَ السدْرَ ثُـم سَاقَ مَعْنَاهُ.

3669 ـ يەنە بىر رىۋايەتنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: ھىشام سۆزىنىڭ داۋامىدا ھەسسانغا:

ــ ئەي ئىراقلىق! سەن بىزگە بىدئەت ئېلىپ كەلدىڭ، ـ دېدى. ھەسسان ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ:

ــ مەن سىلەرگە بىدئەت ئېلىپ كەلمىدىم، بەلكى بىدئەت سىلەردىن چىقىدۇ. مەن مەككىدە بىر كىشىنىڭ: ”رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ياۋا چىلان دەرىخىنى كەسكەن كىشىگە لەنەت ئوقۇدى“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى ۋە سۆزىنى يۇقىرىقى ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدا داۋاملاشتۇردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5241)

3670 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ كُنتُ مَعَ ابْنِ عُمَرَ حِينَ أَصَابَهُ سِنَانُ الرمْحِ فِـي أَخْمَصِ قَدَمِهِ فَلَزِقَتْ قَدَمُهُ بِالركَابِ فَنَزَلْتُ فَنَزَعْتُهَا وَذَلِكَ بِمِنًى فَبَلَغَ الْحَجـاجَ فَجَعَـلَ يَعُودُهُ فَقَالَ الْحَجاجُ لَوْ نَعْلَمُ مَنْ أَصَابَكَ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ أَنتَ أَصَبْتَنِي قَالَ وَكَيْـفَ قَـالَ حَمَلْتَ السلَاحَ فِي يَوْمٍ لَمْ يَكُنْ يُحْمَلُ فِيهِ وَأَدْخَلْتَ السلَاحَ الْحَرَمَ وَلَمْ يَكُـنْ السـلَاحُ يُدْخَلُ الْحَرَمَ.

3670 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەيرنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ پۇتىغا نەيزىنىڭ ئۇچى كىرىپ كېتىپ، پۇتى ئۈزەڭگىگە چاپلىشىپ قالدى، مەن ئۇلىغىمدىن چۈشۈپ، ئۇنىڭ پۇتىنى ئۈزەڭگىدىن ئاجرىتىۋالدىم، بۇ ئىش مىنادا بولغان ئىدى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان ھەججاج (ئىبنى يۇسۇف) ئىبنى ئۆمەرنى يوقلاپ كەلدى. ئۇ ئەمدىلا سۆز باشلاپ:

[1] ئەلبانى (1123): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ ساڭا مۇسىبەت يەتكۈزگەن ئادەمنى بىلگەن بولساق...، ـ دەپ تۇرۇشىغا، ئىبنى ئۆمەر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ:

ــ ماڭا باشقىسى ئەمەس، بەلكى سەن مۇسىبەت يەتكۈزدۈڭ، ـ دېدى. ھەججاج:

ــ نېمە؟! مەن قانداقسىگە ساڭا مۇسىبەت يەتكۈزدۈم؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئۆمەر:

ــ سەن قورال كۆتۈرۈلمەيدىغان بۇ ئۇلۇغ كۈندە قورال كۆتۈردۈڭ ۋە قورال ئېلىپ يۈرۈشكە بولمايدىغان ھەرەمغا قورال ئېلىپ كىردىڭ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 966)

3671 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَحِلُّ لِأَحَدِكُمْ أَنْ يَحْمِلَ بِمَكةَ السلَاحَ.

33671 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەككىدە قورال كۆتۈرۈش ھېچبىرىڭلارغا ھالال ئەمەس» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(مۇسلىم: 1356)

3672 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَدِي بْنِ حَمْرَاءَ الزهْرِي قَالَ رَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَاقِفًا عَلَى الْحَزْوَرَةِ فَقَالَ وَاللهِ إِنكِ لَخَيْرُ أَرْضِ اللهِ وَأَحَب أَرْضِ اللهِ إِلَى اللهِ وَلَوْلَا أَني أُخْرِجْتُ مِنْكِ مَا خَرَجْتُ.

3672 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەدى ئىبنى ھەمرا زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەزۋەرە دېگەن جايدا توختاپ: «اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ھەقىقەتەن اللهنىڭ زېمىنىدىكى ئەڭ ياخشى ۋە اللهقا ئەڭ سۆيۈملۈك جاي سەن، ئەگەر

سەندىن مەجبۇرىي چىقىرىلمىسام ئىدىم، ھەرگىز چىقمىغان بولاتتىم» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[1].

(تىرمىزى: 3925)

3673 - عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِمَكةَ مَا أَطْيَبَكِ مِنْ بَلَدٍ وَأَحَبكِ إِلَي وَلَوْلَا أَن قَوْمِي أَخْرَجُونِي مِنْكِ مَا سَكَنْتُ غَيْرَكِ.

3673 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىگە خىتاب قىلىپ: «سەن مەن ياخشى كۆرگەن ئەڭ گۈزەل يۇرت سەن. قەۋمىم مېنى سەندىن چىقىرىۋەتمىگەن بولسا، مەن سەندىن باشقا شەھەردە ياشىمىغان بولاتتىم» دېدى[2].

(تىرمىزى: 3926)

3674 - عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم أَذَقْتَ أَولَ قُرَيْشٍ نَكَالًا فَأَذِقْ آخِرَهُمْ نَوَالًا.

3674 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يەنە مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى الله! قۇرەيش خەلقىنىڭ ئەجدادلىرىغا ئازابىڭنى تېتىتقانىدىڭ، بۇنىڭدىن كېيىنكىلىرىنى مۇكاپاتلىغىن (يەنى نېمىتىڭنى ئاتا قىلغىن)!» دېدى[3].

(تىرمىزى: 3908)

3675 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ عِمْرَانَ الْأَنْصَارِي عَنْ أَبِيهِ أَنهُ قَالَ عَدَلَ إِلَي عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ وَأَنَا نَازِلٌ تَحْتَ سَرْحَةٍ بِطَرِيقِ مَكةَ فَقَالَ مَا أَنْزَلَكَ تَحْتَ هَذِهِ السرْحَةِ فَقُلْتُ أَرَدْتُ ظِلهَا فَقَالَ هَلْ غَيْرُ ذَلِكَ فَقُلْتُ لَا مَا أَنْزَلَنِي إِلا ذَلِكَ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ قَالَ رَسُولُ اللهِ

---

[1] ئەلبانى (3082): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3083): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (3067): سەھىھ ـ دېگەن.

صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كُنتَ بَيْنَ الْأَخْشَبَيْنِ مِنْ مِنًى وَنَفَخَ بِيَدِهِ نَحْوَ الْمَشْرِقِ فَإِن هُنَاكَ وَادِيًا يُقَالُ لَهُ السرَرُ بِهِ شَجَرَةٌ سُرَ تَحْتَهَا سَبْعُونَ نَبِيًا.

3675 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئىمران ئەنسارى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن مەككە يولىدىكى چوڭ بىر دەرەخنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ ئارام ئېلىۋاتاتتىم، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما كېلىپ:

ــ نېمە سەۋەبتىن بۇ دەرەخنىڭ ئاستىغا چۈشتۈڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ سايىداش ئۈچۈن چۈشتۈم، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ ئۇنىڭدىن باشقا مەقسەتتە چۈشمىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ياق، سايىداشتىن باشقا مەقسەتتە چۈشمىدىم، ـ دېدىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېدى:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (قولى بىلەن شەرق تەرەپنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ): «مىنادىكى ئىككى تاغنىڭ ئارىسىدا سىرەر ئىسىملىك بىر جىلغا بار. ئۇ جىلغىنىڭ ئىچىدە بىر توپ دەرەخ بار بولۇپ، (ئۇ دەرەخنىڭ) ئاستىدا يەتمىش پەيغەمبەرنىڭ كىندىكى كېسىلگەن (يەنى شۇ يەردە تۇغۇلغان)» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(مالىك: 966)

3676- عن مُوسَى بْنُ بَاذَانَ قَالَ أَتَيتُ يَعْلَى بْنَ أُمَيةَ فَقَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ احْتِكَارُ الطَعَامِ فِي الْحَرَمِ إِلْحَادٌ فِيهِ.

3676 ـ مۇسا ئىبنى بازان مۇنداق دەيدۇ: مەن يەئلا ئىبنى ئۇمەييەنىڭ قېشىغا بارغان ئىدىم، ئۇ ماڭا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەرەم تەۋەسىدە قىممەتچىلىكنى كۆزلەپ

ئاشلىقنى بېسىۋېلىش ھەققىدە بۇرالغانلىقتۇر» دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2020)

3677 - عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ قَالَ سَقَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ مِـ ـنْ زَمْـ ـزَمَ فَشَرِبَهُ وَهُوَ قَائِمٌ.

3677 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەمزەم سۈيى قۇيۇپ بەرگەنىدىم، ئۇ ئۆرە تۇرۇپ ئىچتى[2].

(نەسائى: 2965)

3678 - عن ٱبْنَ عَباسٍ قَالَ سَقَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِـ ـنْ زَمْـ ـزَمَ فَشَرِبَ قَائِمًا وَاسْتَسْقَى وَهُوَ عِنْدَ ٱلْبَيتِ فَأَتَيْتُهُ بِدَلْوٍ.

3678 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە زەمزەم سۈيى قۇيۇپ بەرگەنىدىم، ئۇ ئۆرە تۇرۇپلا ئىچتى. ئۇ بەيتۇللاھنىڭ قېشىدىكى ۋاقتىدىمۇ سۇ سورىغانىدى، بىر چېلەك سۇ ئەكىلىپ بەردىم.

(مۇسلىم: 2027)

3679 - عن ابن عمر: أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أمر رجلا من قريش في المدة أن يأتيه بماء زمزم إلى الحديبية فذهب به منه إلى المدينة. رزين.

3679 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇدەيبىيە سۈلھىسى بولغان ۋاقىتتا قۇرەيشلىك بىر ئادەمنى ھۇدەيبىيەگە زەمزەم ئېلىپ كېلىشكە بۇيرىدى. ئۇ ئادەم زەمزەمنى ئېلىپ كەلدى.

[1] ئەلبانى (439): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2775): سەھىھ ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنى ھۇدەيبىيەدىن مەدىنىگە ئېلىپ كەتتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3680 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَنَهَا كَانَتْ تَحْمِلُ مِنْ مَاءِ زَمْزَمَ وَتُخْبِرُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَحْمِلُهُ.

3680 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ھەج كۈنلىرىدە) يېنىدا زەمزەم سۈيى ئېلىپ يۈرەتتى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتاتتى[①].

(تىرمىزى: 963)

3681 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ رَضِي اللهُ تَعَالَى عَنْهُمَا، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: خَيْرُ مَاءٍ عَلَى وَجْهِ الأَرْضِ مَاءُ زَمْزَمَ فِيهِ طَعَامٌ مِنَ الطعْمِ وَشِفَاءٌ مِنَ السقْمِ، وَشَر مَاءٍ عَلَى وَجْهِ الأَرْضِ مَاءٌ بِوَادِي بَرَهُوتٍ بَقِيةُ حَضْرَمَوْتَ كَرِجْلِ الْجَرَادِ مِنَ الْهَوَامِ يُصْبِحُ يَتَدَفقُ وَيُمْسِي لا بَلالَ بِهَا.

3681 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«يەر يۈزىدىكى سۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى زەمزەم سۈيى بولۇپ، ئۇ، ئاچقا تائام، كېسەلگە شىپا بولىدۇ. يەر يۈزىدىكى سۇلارنىڭ ئەڭ ناچىرى ھەزرەمەۋتنىڭ بەرھۇت جىلغىسىدىكى سۇدۇر، ئۇ خۇددى چېكەتكە پۇتىدەك (ئەگرى ـ بۈگرى) بولۇپ، ئەتىگىنى شارقىراپ ئاقسا، كەچ كىرگىچە قۇرۇپ كېتىدۇ (يەنى سۇ ئاقمايدۇ)»[②].

(«ئەلكەبىر»: 11167)

[①] ئەلبانى (769): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (5712): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3682 - عن أبي الطفيل عن ابن عباس قال سمعته يقول كنا نسميها شباعة يعني زمزم وكنا نجدها نعم العون على العيال.

3682 ـ ئەبۇ تۇفەيل مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: بىز زەمزەمنى "تويغۇزغۇچى" دەپ ئاتايتتۇق، چۈنكى زەمزەم بالىلىرىمىزنىڭ ئەڭ ياخشى غىزاسى ئىدى، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[①].

(«ئەلكەبىر»: 10637)

3683 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن آيَةَ مَا بَيْنَنَا وَبَيْنَ الْمُنَافِقِينَ إِنهُمْ لَا يَتَضَلعُونَ مِنْ زَمْزَمَ.

3683 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىزنى مۇناپىقلاردىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر ئالاھىدىلىك شۇكى، ئۇلار زەمزەمدىن قانغۇچە ئىچەلمەيدۇ»[②].

(ئىبنى ماجە: 3062)

3684 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَاءُ زَمْزَمَ لِمَا شُرِبَ لَهُ.

3684 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «زەمزەم سۈيى نېمىنى مەقسەت قىلىپ ئىچىلسە، شۇنىڭغا پايدىلىق بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[③].

(ئىبنى ماجە: 3062)

3685 - عَنِ ابْنِ أَبِي مَحْذُورَةَ عَنْ أَبِيهِ أَوْ عَنْ جَدهِ قَالَ جَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْأَذَانَ لَنَا وَلِمَوَالِينَا وَالسقَايَةَ لِبَنِي هَاشِمٍ وَالْحِجَابَةَ لِبَنِي عَبْدِ الدارِ.

---

① ھەيسەمى (5713): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

② ئەلبانى (655): زەئىپ، ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (2484): سەھىھ ـ دېگەن.

3685 ـ ئەبۇ مەھزۇرە دادىسى ياكى بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ۋە جەمەتىمىزنى ئەزان ئوقۇشقا؛ بەنى ھاشىم جەمەتىنى ھاجىلارغا سۇ يەتكۈزۈش ۋەزىپىسىگە؛ بەنى ئابدۇددار جەمەتىنى كەئبىگە يوپۇق يېپىش ۋەزىپىسىگە تەيىنلىدى[①].

(ئەھمەد: 26709؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

3686 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "خُذُوهَا يَا بَنِي طَلْحَةَ خَالِدَةً تَالِدَةً، لا يَنْزِعُهَا مِنْكُمْ إلا ظَالِمٌ"، يَعْنِي حِجَابَةَ الْكَعْبَةِ.

3686 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىگە يوپۇق يېپىش خىزمىتىنى تەلھە جەمەتىگە تاپشۇرۇپ: «ئى بەنى تەلھە جەمەتى! بۇ ئىشنى ئەجدادتىن ئەۋلادقا مىراس سۈپىتىدە مەڭگۈلۈك تاپشۇرۇۋېلىڭلار، بۇنى زالىمدىن باشقا ھېچكىم سىلەردىن تارتىۋالالمايدۇ» دېدى[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 492)

3687 - عن جبير بن مطعم Sع النF صلى الله عليه وسلم يقول لعثمان بن طلحة حين دفع إليه مفتاح الكعبة هاﺁم غيبه قال فلذلك تغيب اţفتاح.

3687 ـ جۇبەير ئىبنى مۇتئىم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەئبىنىڭ ئاچقۇچىنى ئوسمان ئىبنى تەلھەگە تۇتقۇزۇپ: «بۇ ئاچقۇچنى مەخپىي ساقلىغىن!» دېدى. كەئبىنىڭ ئاچقۇچى شۇڭا مەخپىي ساقلىنىدۇ[③].

(«ئەلكەبىر»: 1536)

[①] ھەيسەمى (5706): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھۇزەيل ئىبنى ھىلال ئەشئەرى ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (5707): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى مۇئەممىل ئىسىملىك ھەرخىل باھا بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (5738): بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3688 - عَنْ أَبِي الطُّفَيْلِ، قَالَ: خَاصَمَ عَلِي الْعَباسَ فِي السقَايَةِ، فَشَهِدَ طَلْحَةُ بْنُ عُبَيْدِ اللهِ، وَعَامِرُ بْنُ مَخْرَمَةَ بْنِ نَوْفَلٍ، وَأَزْهَرُ بْنُ عَبْدِ عَوْفٍ، " أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَفَعَهَا إِلَى الْعَباسِ يَوْمَ الْفَتْحِ".

3688 ـ ئەبۇ تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى بىلەن ئاببىاس ئىككىسى ھاجىلارغا سۇ يەتكۈزۈش خىزمىتىنى تالىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ، ئامىر ئىبنى مەخرەمە ئىبنى نەۋفەل ۋە ئەزھەر ئىبنى ئابدۇ ئەۋف قاتارلىقلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ فەتىھ كۈنى ئۇ خىزمەتكە ئاببىاسنى تەيىنلىگەنلىكىگە گۇۋاھلىق بەردى①.

(«ئەلئەۋسەت»)

3689 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِن اللهَ تَعَالَى يُنزِلُ فِي كُل يَوْمٍ وَلَيْلَةٍ عِشْرِينَ وَمِائَةَ رَحْمَةٍ يُنزِلُ عَلَى هَذَا الْبَيْتِ سِتونَ لِلطائِفِينَ، وَأَرْبَعُونَ لِلْمُصَلينَ، وَعِشْرُونَ لِلناظِرِينَ".

3689 ـ ئىبنى ئاببىاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: الله تائالا ھەر بىر كېچە ۋە كۈندۈزدە كەئبىنىڭ ئۈستىگە 120 رەھمەت چۈشۈرىدۇ. 60 رەھمەت تاۋاپ قىلغۇچىلارغا، 40 رەھمەت ناماز ئوقۇغۇچىلارغا، 20 رەھمەت كەئبىگە قارىغۇچىلارغا بېرىلىدۇ②.

(«ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

3690 - وفي رواية: يُنزِلُ اللهُ عَلَى أَهْلِ الْمَسْجِدِ مَسْجِدِ مَكةَ.

---

① ھەيسەمى (5708): بۇ ھەدىسنىڭ سەنەدىدە ۋاقىدى ئىسىملىك بىرى بولۇپ، بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى ئۆلىمالار ئۇنىڭغا سەلبىي باھا بەرگەن، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (5739): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۈسۈف ئىبنى سەفەر ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك بىرى بار، ـ دېگەن.

3690 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «اللە تائالا رەھمىتىنى مەسجىد ئەھلىگە، يەنى مەككە مەسجىدى ئەھلىگە چۈشۈرىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»: 11248)

3691 - عَنْ الأَسْوَدِ بْنِ خَلَفٍ، أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ "أَمَرَهُ أَنْ يُجَدِدَ أَنْصَابَ الْحَرَمِ عَامَ الْفَتْحِ".

3691 ـ ئەسۋەد ئىبنى خەلەف مۇنداق دەيدۇ: مەككە فەتىھ بولغان يىلى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى ھەرام چېگرىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن قويۇلغان تاشلارنى يېڭىلاشقا بۇيرىدى[2].

(بەززار: 1160؛ «ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (5739): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يۈسۈف ئىبنى سەفەر ئىسىملىك ھەدىسى مەترۇك بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5771): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەسۋەد ئىسىملىك ناتونۇش بىرى بار، ـ دېگەن.

## كەئبىنىڭ قۇرۇلمىسى، بىنا قىلىنىشى، ئۇنىڭ يىقىتىلىشى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار

3692 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَيُحَجَّنَّ الْبَيْتُ وَلَيُعْتَمَرَنَّ بَعْدَ خُرُوجِ يَأْجُوجَ وَمَأْجُوجَ تَابَعَهُ أَبَانُ وَعِمْرَانُ عَنْ قَتَادَةَ.

3692 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يەئجۇج ۋە مەئجۇج پەيدا بولغاندىن كېيىنمۇ، ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرى داۋاملىشىدۇ» دېگەن.

3693 - وَقَالَ عَبْدُ الرَّحْمَنِ عَنْ شُعْبَةَ قَالَ لَا تَقُومُ السَّاعَةُ حَتَّى لَا يُحَجَّ الْبَيْتُ.

3693 ـ ئابدۇراھمان شۇئبەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: «بەيتۇللاھنى ھەج تاۋابى قىلىش توختىمىغىچە، قىيامەت قايىم بولمايدۇ».

(بۇخارى: 1593)

3694 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَهَا أَلَمْ تَرَيْ أَنَّ قَوْمَكِ لَمَّا بَنَوْا الْكَعْبَةَ اقْتَصَرُوا عَنْ قَوَاعِدِ إِبْرَاهِيمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا تَرُدُّهَا عَلَى قَوَاعِدِ إِبْرَاهِيمَ قَالَ لَوْلَا حِدْثَانُ قَوْمِكِ بِالْكُفْرِ لَفَعَلْتُ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ لَئِنْ كَانَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا سَمِعَتْ هَذَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا أُرَى رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَرَكَ اسْتِلَامَ الرُّكْنَيْنِ اللَّذَيْنِ يَلِيَانِ الْحِجْرَ إِلَّا أَنَّ الْبَيْتَ لَمْ يُتَمَّمْ عَلَى قَوَاعِدِ إِبْرَاهِيمَ.

3694 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋات قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

— قەۋمىڭنىڭ كەئبىنى يېڭىلاپ سالغاندا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ۋاقىتتىكى ئۇلدىن كىچىكلىتىپ سالغانلىقىنى بىلەمسەن؟ - دېدى. مەن:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سالغان ئۇلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇپ چىقمامسەن؟ - دەپ سورىدىم. ئۇ:

— قەۋمىڭ كۇپرىدىن يېڭىلا قۇتۇلمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە شۇنداق قىلاتتىم، - دېدى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ھەدىسنى راستىنلا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئاڭلىغان بولسا، مەن: "رەسۇلۇللاھ بەيتۇللاھنىڭ ھىجر تەرەپتىكى ئىككى بۇرجىكىنى كەئبە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇرغان ئۇلىغا ئاساسەن ياسالمىغانلىقى سەۋەبىدىن سىلىمىغان ئىكەن" دەپ ئويلايمەن.

(بۇخارى: 1583)

3695 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْلَا حَدَاثَةُ قَوْمِكِ بِالْكُفْرِ لَنَقَضْتُ الْبَيْتَ ثُم لَبَنَيْتُهُ عَلَى أَسَاسِ إِبْرَاهِيمَ عَلَيْهِ السلَام فَإِن قُرَيْشًا اسْتَقْصَرَتْ بِنَاءَهُ وَجَعَلْتُ لَهُ خَلْفًا قَالَ أَبُو مُعَاوِيَةَ حَدثَنَا هِشَامٌ خَلْفًا يَعْنِي بَابًا.

3695 - ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئەگەر قەۋمىڭ كۇپرىدىن يېڭىلا ئايرىلمىغان بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەن كەئبىنى بۇزۇپ، ئۇنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇرغان ئۇلنىڭ ئۈستىگە قايتا بىنا قىلغان بولاتتىم. چۈنكى قۇرەيش ئۇنى ئەسلى ئورنىدىن كىچىك قىلىپ سېلىپ قويغان. مەن كەئبىگە ئارقا ئىشىكتىن بىرنى قويغان بولاتتىم» دېدى.

(بۇخارى: 1585)

3696 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ سَأَلْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عَنْ الْجَدْرِ أَمِنَ الْبَيْتِ هُوَ قَالَ نَعَمْ قُلْتُ فَمَا لَهُمْ لَمْ يُدْخِلُوهُ فِي الْبَيْتِ قَالَ إِن قَوْمَكِ قَصرَتْ بِهِمْ النفقَةُ قُلْتُ فَمَا شَأْنُ بَابِهِ مُرْتَفِعًا قَالَ فَعَلَ ذَلِكَ قَوْمُكِ لِيُدْخِلُوا مَنْ شَاءُوا وَيَمْنَعُوا مَنْ شَاءُوا وَلَوْلَا أن قَوْمَكِ حَدِيثٌ عَهْدُهُمْ بِالْجَاهِلِيةِ فَأَخَافُ أَنْ تُنكِرَ قُلُوبُهُمْ أَنْ أُدْخِلَ الْجَدْرَ فِي الْبَيْتِ وَأَنْ أُلْصِقَ بَابَهُ بِالْأَرْضِ.

3696 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـــ ھەتىم (كەئبىنىڭ بىر تەرىپىدىكى پاكار تامنىڭ ئىسمى) كەئبىگە تەۋەمۇ ياكى ئەمەسمۇ؟ - دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ھەئە (كەئبىگە تەۋە)، ـ دېدى.

ـ ئۇنداق بولسا، قۇرەيشلەر ئۇنى نېمىشقا كەئبىگە قوشۇۋەتمىگەندۇ؟ ـ دەپ سورىدىم:

ـ ئىقتىسادى يېتىشمىگەچكە شۇنداق قىلدى، ـ دېدى. مەن يەنە:

ـ ئۇنىڭ ئىشىكىنى نېمە سەۋەبتىن ئۇنچە ئېگىز قىلغاندۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ـــ قەۋمىڭ كەئبىگە ئۆزلىرى خالىغان ئادەمنى كىرگۈزۈپ، خالىمىغاننى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق قىلدى. ئەگەر قەۋمىڭ جاھىلىيەتتىن يېڭىلا قول ئۈزمىگەن بولسا ئىدى، كەئبىنى چۇۋۇپ قايتا سالاتتىم ۋە ھەتىمنى كەئبىگە قوشۇپ، (كەئبە) ئىشىكىنى يەر بىلەن تەڭ قىلغان بولاتتىم. لېكىن مەن ئۇلارنىڭ دىللىرىنىڭ بۇنىڭغا قارشى چىقىشىدىن ئەنسىرەيمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1584)

3697 – و منها: قَالَتْ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عَنْ الْحِجْرِ.

3697 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن: "ھىجر كەئبىگە تەۋەمۇ ئەمەسمۇ؟" دەپ سورىدىم، ـ دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

3698 - عن يَزِيدُ بْنُ رُومَانَ عَنْ عُرْوَةَ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا أن النبي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ لَهَا يَا عَائِشَةُ لَوْلَا أن قَوْمَكِ حَدِيثُ عَهْدٍ بِجَاهِلِيَةٍ لَأَمَرْتُ بِالْبَيْتِ فَهُدِمَ فَأَدْخَلْتُ فِيهِ مَا أُخْرِجَ مِنْهُ وَأَلْزَقْتُهُ بِالْأَرْضِ وَجَعَلْتُ لَهُ بَابَيْنِ بَابًا شَرْقِيًا وَبَابًا غَرْبِيًا فَبَلَغْتُ بِهِ أَسَاسَ إِبْرَاهِيمَ فَذَلِكَ الذِي حَمَلَ ابْنَ الزبَيْرِ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا عَلَى هَدْمِهِ.

3698 ـ يەزىد ئىبنى رۇمان ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

«ئى ئائىشە! ئەگەر قەۋمىڭ جاھىلىيەتتىن يېڭىلا قول ئۈزمىگەن بولسا ئىدى، ئەلۋەتتە، مەن بەيتۇللاھنى چېقىشقا بۇيرۇپ، ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلگەن يەرلەرنى قوشۇپ، ئىشىكىنى يەر بىلەن تەڭ قىلىپ سالدۇراتتىم، ئاندىن ئۇنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە بىردىن ئىككى ئىشىك قويغۇزاتتىم» دېدى. مانا بۇ سۆزلەر ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ كەئبىنى يىقىتىپ، قايتىدىن سېلىشىغا سەۋەب بولغان.

(بۇخارى: 1586)

3699 - قَالَ يَزِيدُ وَشَهِدْتُ ابْنَ الزبَيْرِ حِينَ هَدَمَهُ وَبَنَاهُ وَأَدْخَلَ فِيهِ مِنْ الْحِجْرِ وَقَدْ رَأَيْتُ أَسَاسَ إِبْرَاهِيمَ حِجَارَةً كَأَسْنِمَةِ الْإِبِلِ قَالَ جَرِيرٌ فَقُلْتُ لَهُ أَيْنَ مَوْضِعُهُ قَالَ أُرِيكَهُ الْآنَ فَدَخَلْتُ مَعَهُ الْحِجْرَ فَأَشَارَ إِلَى مَكَانٍ فَقَالَ هَا هُنَا قَالَ جَرِيرٌ فَحَزَرْتُ مِنْ الْحِجْرِ سِتَةَ أَذْرُعٍ أَوْ نَحْوَهَا.

3699 ـ يەزىد (ئىبنى رۇمان) مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى زۇبەير كەئبىنى ئۆرۈپ، ئۇنىڭدىن چىقىرىۋېتىلگەن يەرلەرنى قوشۇپ، قايتا سالغان چاغدا، مەنمۇ بار ئىدىم. ئۇ يەردىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان تۆگە لوكىلىرىدەك تاشلار چىققانىدى.

راۋىيلاردىن جەرىر مۇنداق دەيدۇ: مەن يەزىدتىن:

ــ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان ئۇل قەيەردە ئىكەن؟ ـ دەپ سورىدىم، ئۇ:

ــ ساڭا ئۇنى كۆرسىتىپ قوياي، ــ دېدى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھىجرنىڭ ئىچىگە كىردىم. ئۇ بىر يەرنى كۆرسىتىپ:

ــ مانا مۇشۇ يەر، ــ دېدى. مەن ھىجردىن باشلاپ ئالتە گەز يەرنىڭ كەئبىگە تەۋە ئىكەنلىكىنى مۆلچەرلىدىم.

(بۇخارى: 1586)

3700 - عَنْ عَطَاءٍ قَالَ لَما احْتَرَقَ الْبَيتُ زَمَنَ يَزِيدَ بْنِ مُعَاوِيَةَ حِينَ غَزَاهَا أَهْلُ الشامِ فَكَانَ مِنْ أَمْرِهِ مَا كَانَ تَرَكَهُ ابْنُ الزبَيْرِ حَتى قَدِمَ الناسُ الْمَوْسِمَ يُرِيدُ أَنْ يُجَرئَهُمْ أَوْ يُحَربَهُمْ عَلَى أَهْلِ الشامِ فَلَما صَدَرَ الناسُ قَالَ يَا أَيهَا الناسُ أَشِيرُوا عَلَي فِي الْكَعْبَةِ أَنْقُضُهَا ثُم أَبْنِي بِنَاءَهَا أَوْ أُصْلِحُ مَا وَهَى مِنْهَا قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَإِني قَدْ فُرِقَ لِي رَأْيٌ فِيهَا أَرَى أَنْ تُصْلِحَ مَا وَهَى مِنْهَا وَتَدَعَ بَيْتًا أَسْلَمَ الناسُ عَلَيْهِ وَأَحْجَارًا أَسْلَمَ الناسُ عَلَيْهَا وَبُعِثَ عَلَيْهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ ابْنُ الزبَيْرِ لَوْ كَانَ أَحَدُكُمْ احْتَرَقَ بَيْتُهُ مَا رَضِيَ حَتى يُجِدهُ فَكَيْفَ بَيْتُ رَبكُمْ إِني مُسْتَخِيرٌ رَبي ثَلَاثًا ثُم عَازِمٌ عَلَى أَمْرِي فَلَما مَضَى الثلَاثُ أَجْمَعَ رَأْيَهُ عَلَى أَنْ يَنْقُضَهَا فَتَحَامَاهُ الناسُ أَنْ يَنْزِلَ بِأَولِ الناسِ يَصْعَدُ فِيهِ أَمْرٌ مِنْ السمَاءِ حَتى صَعِدَهُ رَجُلٌ فَأَلْقَى مِنْهُ حِجَارَةً فَلَما لَمْ يَرَهُ الناسُ أَصَابَهُ شَيْءٌ تَتَابَعُوا فَنَقَضُوهُ حَتى بَلَغُوا بِهِ الْأَرْضَ فَجَعَلَ ابْنُ الزبَيْرِ أَعْمِدَةً فَسَترَ عَلَيْهَا الستُورَ حَتى ارْتَفَعَ بِنَاؤُهُ وَقَالَ ابْنُ الزبَيْرِ إِني سَمِعْتُ عَائِشَةَ تَقُولُ إِن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْلَا أَن الناسَ حَدِيثٌ عَهْدُهُمْ بِكُفْرٍ وَلَيْسَ عِنْدِي مِنْ النفَقَةِ مَا يُقَوي عَلَى بِنَائِهِ لَكُنْتُ أَدْخَلْتُ فِيهِ مِنْ الْحِجْرِ خَمْسَ أَذْرُعٍ وَلَجَعَلْتُ لَهَا بَابًا يَدْخُلُ الناسُ مِنْهُ وَبَابًا يَخْرُجُونَ مِنْهُ قَالَ فَأَنَا الْيَوْمَ أَجِدُ مَا أُنْفِقُ وَلَسْتُ أَخَافُ الناسَ قَالَ فَزَادَ فِيهِ خَمْسَ أَذْرُعٍ مِنْ الْحِجْرِ حَتى أَبْدَى أُسا نَظَرَ الناسُ إِلَيْهِ فَبَنَى عَلَيْهِ الْبِنَاءَ وَكَانَ طُولُ الْكَعْبَةِ ثَمَانِيَ عَشْرَةَ ذِرَاعًا فَلَما زَادَ فِيهِ اسْتَقْصَرَهُ فَزَادَ فِي طُولِهِ عَشْرَ أَذْرُعٍ وَجَعَلَ لَهُ بَابَيْنِ أَحَدُهُمَا يُدْخَلُ مِنْهُ وَالْآخَرُ يُخْرَجُ مِنْهُ فَلَما قُتِلَ ابْنُ الزبَيْرِ كَتَبَ الْحَجاجُ إِلَى عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ مَرْوَانَ يُخْبِرُهُ بِذَلِكَ وَيُخْبِرُهُ أَن ابْنَ الزبَيْرِ قَدْ وَضَعَ الْبِنَاءَ عَلَى أُس نَظَرَ إِلَيْهِ الْعُدُولُ مِنْ أَهْلِ مَكةَ فَكَتَبَ إِلَيْهِ عَبْدُ الْمَلِكِ إِنا لَسْنَا مِنْ تَلْطِيخِ

ابْنِ الزبَيْرِ فِي شَيْءٍ أما مَا زَادَ فِي طُولِهِ فَأَقِرهُ وَأما مَا زَادَ فِيهِ مِنْ الْحِجْرِ فَرُدهُ إِلَى بِنَائِـهِ وَسُد الْبَابَ الذِي فَتحَهُ فَنقَضَهُ وَأَعَادَهُ إِلَى بِنَائِهِ.

3700 ـ ئەتانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيەنىڭ زامانىدا شاملىقلار مەككىگە ھۇجۇم قىلىپ، كەئبىگە ئوت قويۇۋەتتى. ئىبنى زۇبەير تاكى ھەج مەۋسۇمى يېتىپ كەلگىچە كەئبىنى شۇ پېتى تاشلاپ قويدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ھاجىلارنى شاملىقلارغا قارشى كۈشكۈرتۈش ۋە ئۇلارغا قارشى ئۇرۇش قوزغاش ئىدى. ھاجىلار ھەج پائالىيەتلىرىنى تۈگىتىپ، مەككىدىن قايتىدىغان ۋاقتىدا، ئۇ ھاجىلارغا خىتاب قىلىپ:

ــ ئى خالايىق! ماڭا كەئبە توغرىسىدا مەسلىھەت بېرىڭلار. مەن ئۇنى ئۆرۈپ قايتا سېلىپ چىقايمۇ ياكى ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكەن يەرلىرىنى تۈزەپ، رېمونت قىلىپ قويايمۇ؟ ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ مەنچە بولغاندا، بەيتۇللاھنى چاقماي، ئۇنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى رېمونت قىلىپ قويغىن. ئىنسانلار مۇسۇلمان بولغان چاغدا كۆرگەن كەئبىگە، ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى تاشلىرىغا ۋە مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىلگەن چاغدا بار بولغان بەلگە ــ ئىشارەتلەرگە چېقىلمىغىن! ــ دېدى. ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ ئۆيۈڭلار كۆيۈپ كەتسە، ئۇنى يېڭىدىن ياسىمىغۇچە كۆڭلۈڭلار ئارام تاپمايدۇ ـ يۇ، رەببىڭلارنىڭ ئۆيى كۆيۈپ كەتسە، قانداق ئارام تاپىدۇ؟ مەن رەببىمگە ئۈچ كۈن ئىستىخارە قىلىپ، ئاندىن قارارىمنى بېرىمەن، ـ دېدى.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئىبنى زۇبەير كەئبىنى قايتا سېلىش قارارىغا كەلدى. خەلق كەئبىنى بۇزۇش ئۈچۈن ئۈستىگە چىققان تۇنجى كىشىگە ئاسماندىن بالا چۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى قارارىدىن يېنىشقا ئۈندىدى. لېكىن، ئارىدىن بىرەيلەن كەئبىنىڭ ئۈستىگە چىقىپ، تاشلارنى پەسكە تاشلاشقا باشلىدى. خەلق ئۇنىڭغا ھېچنېمە

بولمىغانلىقىنى كۆرۈپ، بەس - بەستە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى ۋە كەئبىنى يەر بىلەن بىر قىلىپ قويدى. ئىبنى زۇبەير كەئبىنىڭ بىناسى سېلىنىپ بولغۇچە، قىبلە بولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئەتراپقا تۈۋرۈك تىكلەپ، پەردە تارتىپ قويدى ۋە:

ـ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەگەر بۇ قەۋم كۇپرىدىن يېڭىلا قول ئۈزمىگەن بولسا ئىدى، كەئبىگە ھىجىردىن بەش گەز يەر قوشۇپ، ئۇممىتىمنىڭ بىرىدىن كىرىپ، يەنە بىرىدىن چىقىشى ئۈچۈن ئىككى ئىشىك قويغان بولاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەندە ئۇنى قايتا سېلىپ چىققۇدەك ئىقتىسادمۇ يوق» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم. مەندە بۇ ئىشقا يەتكۈدەك ئىقتىساد بار، ھەم ھېچكىمدىنمۇ قورقمايمەن، - دېدى.

راۋى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى زۇبەير كەئبىگە ھىجىردىن بەش گەز قوشتى ۋە ئۇ يەردىن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان ئۇلدىن بىرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى. خەلق ئۇ ئۇلنى كۆردى. ئىبنى زۇبەير كەئبىنى شۇ ئۇلنىڭ ئۈستىگە بىنا قىلدى. كەئبىنىڭ ئەسلى ئۇزۇنلىقى 18 گەز ئىدى، ئۇنىڭغا كېيىن قوشۇلغان يەرنى ئاز كۆرۈپ، يەنە ئون گەز قوشۇپ كېڭەيتتى. ئالدىن بىرىدىن كىرىپ، يەنە بىرىدىن چىقىش ئۈچۈن ئىككى ئىشىك بېكىتتى.

ئىبنى زۇبەير قەتلى قىلىنغاندىن كېيىن، ھەججاج (ئىبنى يۇسۇف) ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋانغا مەكتۇپ يوللاپ، ئىبنى زۇبەيرنىڭ كەئبىنىڭ بۇرۇنقى ئۇلىنى مەككە خەلقىدىن ئادىل كىشىلەرگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ، شۇ ئۇلنىڭ ئۈستىگە قۇرۇپ چىققانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا جاۋاب خەت يېزىپ:

ـ بىز ئىبنى زۇبەيرنىڭ قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنىڭ ھېچبىرىگە شېرىك بولمىدۇق. ئۇنىڭ ئۇزارتقان يېرىنى شۇ پېتى قويغىن. ھىجىردىن كەئبىگە قوشقان يېرىنى ئېلىۋېتىپ، ئەسلى ئورنىغا قايتۇرغىن ۋە ئۇ ئاچقان ئىشىكنى ئېتىۋەتكىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ھەججاج كەئبىنى ئۆرۈپ، بۇرۇنقى ئورنىغا ئاساسەن قايتا سالدى.
(مۇسلىم: 1333)

3701 - قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُبَيْدٍ وَفَدَ الْحَارِثُ بْنُ عَبْدِ اللهِ عَلَى عَبْدِ الْمَلِكِ بْنِ مَرْوَانَ فِي خِلَافَتِهِ فَقَالَ عَبْدُ الْمَلِكِ مَا أَظُنُّ أَبَا خُبَيْبٍ يَعْنِي ابْنَ الزُّبَيْرِ سَمِعَ مِنْ عَائِشَةَ مَا كَانَ يَزْعُمُ أَنَّهُ سَمِعَهُ مِنْهَا قَالَ الْحَارِثُ بَلَى أَنَا سَمِعْتُهُ مِنْهَا قَالَ سَمِعْتَهَا تَقُولُ مَاذَا قَالَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن قَوْمَكِ اسْتَقْصَرُوا مِنْ بُنْيَانِ الْبَيْتِ وَلَوْلَا حَدَاثَةُ عَهْدِهِمْ بِالشرْكِ أَعَدْتُ مَا تَرَكُوا مِنْهُ فَإِنْ بَدَا لِقَوْمِكِ مِنْ بَعْدِي أَنْ يَبْنُوهُ فَهَلُمي لِأُرِيَكِ مَا تَرَكُوا مِنْهُ فَأَرَاهَا قَرِيبًا مِنْ سَبْعَةِ أَذْرُعٍ هَذَا حَدِيثُ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُبَيْدٍ وَزَادَ عَلَيْهِ الْوَلِيدُ بْنُ عَطَاءٍ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَجَعَلْتُ لَهَا بَابَيْنِ مَوْضُوعَيْنِ فِي الْأَرْضِ شَرْقِيا وَغَرْبِيا وَهَلْ تَدْرِينَ لِمَ كَانَ قَوْمُكِ رَفَعُوا بَابَهَا قَالَتْ قُلْتُ لَا قَالَ تَعَززًا أَنْ لَا يَدْخُلَهَا إِلا مَنْ أَرَادُوا فَكَانَ الرجُلُ إِذَا هُوَ أَرَادَ أَنْ يَدْخُلَهَا يَدَعُونَهُ يَرْتَقِي حَتى إِذَا كَادَ أَنْ يَدْخُلَ دَفَعُوهُ فَسَقَطَ قَالَ عَبْدُ الْمَلِكِ لِلْحَارِثِ أَنْتَ سَمِعْتَهَا تَقُولُ هَذَا قَالَ نَعَمْ قَالَ فَنَكَتَ سَاعَةً بِعَصَاهُ ثُم قَالَ وَدِدْتُ أَني تَرَكْتُهُ وَمَا تَحَملَ.

3701 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇبەيد مۇنداق دەيدۇ: هارىس ئىبنى ئابدۇللاھ خەلىپە ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋاننىڭ قېشىغا ئەلچى بولۇپ كەلدى. ئابدۇلمەلىك ئۇنىڭغا:

ــ مەن ئەبۇ خۇبەيب (يەنى ئىبنى زۇبەير)نىڭ: ”ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم“ دېگەن سۆزلىرى يالغانمىكىن دەپ ئويلايمەن، ـ دېدى. هارىس:

ــ ئۇنداق ئەمەس، مەنمۇ ئۇ ھەدىسنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئاڭلىدىم، ـ دېدى. ئابدۇلمەلىك:

ــ نېمە دېگىنىنى ئاڭلىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. هارىس مۇنداق دېدى:

ــ مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «شۈبھىسىزكى، قەۋمىڭ كەئبىنىڭ بىناسىنى كىچىكلىتىپ سالدى، ئەگەر ئۇلار مۇشرىكلىكتىن يېڭىلا قول ئۈزمىگەن بولسا ئىدى، كەئبىنى چۈۋۈپ، ئۇلار تاشلاپ قويغان يەرلەرنى قوشۇپ قايتا سالاتتىم. مەن بىلەن كەلگىن! مەن ساڭا ئۇلار تاشلاپ قويغان يەرلەرنى كۆرسىتىپ قوياي، مەندىن كېيىن قەۋمىڭ كەئبىنى قايتا سېلىپ

قالسا (كۆرسىتىپ قويارسەن)» دېدى ۋە ماڭا يەتتە گەزگە يېقىن يەرنى كۆرسىتىپ قويدى.

ۋەلىد ئىبنى ئەتا مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا (يەنى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا):

ـ مەن كەئبىنىڭ شەرق ۋە غەرب تەرىپىگە يەر بىلەن تەڭ قىلىپ ئىككى ئىشىك قوياتتىم. قەۋمىڭنىڭ كەئبىنىڭ ئىشىكىنى نېمە ئۈچۈن يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دېدى.

ـ ياق، ـ دېسەم:

— ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرى خالىغان كىشىلەردىن باشقىلارنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. ئەگەر باشقا بىر ئادەم كەئبىگە كىرمەكچى بولسا، ئۇلار ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەتتى — دە، ئۇ ئادەم پەشتاقتىن ئۆرلەپ كەئبىگە كىرەي دېگەندە، ئۇنى ئىتتىرىۋېتەتتى، ئۇ ئادەم يەرگە يىقىلىپ چۈشەتتى، ـ دېدى.

ئابدۇلمەلىك ھارىسقا:

— سەن راستىنلا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانمىتىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ھارىس:

ـ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئابدۇلمەلىك قولىدىكى ھاسىسى بىلەن يەرنى سىزىپ ئولتۇرۇپ، بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن:

— ئىبنى زۇبەيرنىڭ زېممىسىگە ئالغان ئىشىغا تەگمىسەم بولۇپتىكەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1333)

3702 - وفي رواية: وَهَلْ تَدْرِينَ لِمَ كَانَ قَوْمُكِ رَفَعُوا بَابَهَا قَالَتْ قُلْتُ لَا قَالَ تَعَزُّزًا أَنْ لَا يَدْخُلَهَا إِلا مَنْ أَرَادُوا فَكَانَ الرجُلُ إِذَا هُوَ أَرَادَ أَنْ يَدْخُلَهَا يَدَعُونَهُ يَرْتَقِي حَتى إِذَا كَادَ أَنْ يَدْخُلَ دَفَعُوهُ فَسَقَطَ"

3702 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قەۋمىڭنىڭ كەئبىنىڭ ئىشىكىنى نېمە ئۈچۈن يەردىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ياسىغانلىقىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن (ئائىشە):

ـ ياق، ـ دېسەم:

ـــ ئۇلار چوڭچىلىق قىلىپ، ئۆزلىرى خالىغان كىشىلەردىن باشقىلارنى كىرگۈزمەسلىك ئۈچۈن شۇنداق قىلغان. ئەگەر باشقا بىرى كەئبىگە كىرمەكچى بولسا، ئۇلار ئۇنى ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەتتى ــ دە، ئۇ ئادەم پەشتاقتىن ئۆرلەپ كەئبىگە كىرەي دېگەندە، ئۇنى ئىتتىرىۋېتەتتى، ئۇ ئادەم يەرگە يىقىلىپ چۈشەتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1333)

3703 - عَنْ أَبِي قَزَعَةَ أَن عَبْدَ الْمَلِكِ بْنَ مَرْوَانَ بَيْنَمَا هُوَ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ إِذْ قَالَ قَاتَلَ اللهُ ابْنَ الزبَيْرِ حَيْثُ يَكْذِبُ عَلَى أُم الْمُؤْمِنِينَ يَقُولُ سَمِعْتُهَا تَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَائِشَةُ لَوْلَا حِدْثَانُ قَوْمِكِ بِالْكُفْرِ لَنَقَضْتُ الْبَيْتَ حَتى أَزِيدَ فِيهِ مِنْ الْحِجْرِ فَإِن قَوْمَكِ قَصرُوا فِي الْبِنَاءِ فَقَالَ الْحَارِثُ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي رَبِيعَةَ لَا تَقُلْ هَذَا يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ فَأَنَا سَمِعْتُ أُم الْمُؤْمِنِينَ تُحَدثُ هَذَا قَالَ لَوْ كُنْتُ سَمِعْتُهُ قَبْلَ أَنْ أَهْدِمَهُ لَتَرَكْتُهُ عَلَى مَا بَنَى ابْنُ الزبَيْرِ.

3703 ـ ئەبۇ قەزەئەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋېتىپ تۇيۇقسىزلا:

ـــ الله تائالا ئىبنى زۇبەيرگە لەنەت قىلسۇن! چۈنكى ئۇ مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەنىڭ نامىدىن يالغان توقۇپ: "مەن ئائىشەدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: ئى ئائىشە! ئەگەر قەۋمىڭ كۇفرىدىن يېڭىلا قول ئۈزمىگەن بولسا ئىدى، مەن بەيتۇللاھنى بۇزۇپ، ئۇنىڭغا ھىجردىن يەر قوشۇپ قايتا سالاتتىم، چۈنكى قەۋمىڭ بەيتۇللاھنى ئەسلى ئورنىدىن كىچىكلىتىۋەتتى، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم" دەۋالدى، ـ دېدى.

بۇنى ئاڭلىغان ھارىس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ رەبىئە:

ــ ئى مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇنداق دېمىگىن، چۈنكى مەنمۇ مۆئمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشەنىڭ مۇشۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم، ـ دېۋىدى، ئابدۇلمەلىك:

ـ بۇ سۆزنى كەئبىنى چېقىشتىن بۇرۇن ئاڭلىغان بولسام، كەئبىنى بۇزۇۋەتمەي، ئىبنى زۇبەير سالغان پېتى قويۇپ قويغان بولاتتىم، ـ دېدى.
(مۇسلىم: 1333)

3704 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ لَما بُنِيَتْ الْكَعْبَةُ ذَهَبَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعَباسٌ يَنقُلَانِ الْحِجَارَةَ فَقَالَ عَباسٌ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ اجْعَلْ إِزَارَكَ عَلَى رَقَبَتِكَ يَقِيكَ مِنْ الْحِجَارَةِ فَخَر إِلَى الْأَرْضِ وَطَمَحَتْ عَيْنَاهُ إِلَى السمَاءِ ثُم أَفَاقَ فَقَالَ إِزَارِي إِزَارِي فَشَد عَلَيْهِ إِزَارَهُ.

3704 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كەئبە (قۇرەيشلىكلەر تەرىپىدىن) بىنا قىلىنىۋاتقان ۋاقىتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تاغىسى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تاش توشۇپ بېرەتتى. ئابباس پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا:

ــ تامبىلىڭنى سېلىپ، مۈرەڭگە قويۇۋالغىن، تاش مۈرەڭگە پېتىپ كەتمىسۇن! ــ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تامبىلىنى سېلىپ، مۈرىسىگە قويغاندىن كېيىن، بىردىنلا ھوشىنى يوقىتىپ، يەرگە يىقىلىپ چۈشتى ۋە ئىككى كۆزى ئاسمانغا چەكچىيىپ قاراپ قالدى. بىر ئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ:

ــ تامبىلىم، تامبىلىم! ـ دېگىنىچە تامبىلىنى كىيىۋالدى.
(بۇخارى: 3829)

3705 - وفي رواية: فَسَقَطَ مَغْشِيًا عَلَيْهِ فَمَا رُئِيَ بَعْدَ ذَلِكَ عُرْيَانًا صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ.

3705 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىھوش بولۇپ يىقىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يالىڭاچ ھالەتتە كۆرۈنۈپ باقمىدى.

(بۇخارى: 364)

3706 - عَنْ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ وَعُبَيْدِ اللهِ بْنِ أَبِي يَزِيدَ قَالَا لَمْ يَكُنْ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَوْلَ الْبَيْتِ حَائِطٌ كَانُوا يُصَلونَ حَوْلَ الْبَيْتِ حَتى كَانَ عُمَرُ فَبَنَى حَوْلَهُ حَائِطًا قَالَ عُبَيْدُ اللهِ جَدْرُهُ قَصِيرٌ فَبَنَاهُ ابْنُ الزبَيْرِ.

3706 ـ ئەمر ئىبنى دىنار ۋە ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ يەزىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا بەيتۇللاھنىڭ چۆرىسىدە ھېچقانداق تام يوق بولۇپ، كىشىلەر بەيتۇللاھنى چۆرىدەپ ناماز ئوقۇيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئەتراپىغا تام سالدى، لېكىن ئۇ تام پاكار ئىدى. كېيىن ئىبنى زۇبەير ئېگىزلەتتى.

(بۇخارى: 3830)

3707 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "لَما هَبطَ آدَمُ إِلَى الْأَرْضِ بَكَى عَلَى الْجَنةِ مِائَةَ خَرِيفٍ، ثُم نَظَرَ إِلَى سَعَةِ الْأَرْضِ، فَقَالَ: أَيْ رَب، أَمَا لِأَرْضِكَ عَامِرٌ يَسْكُنُهَا غَيْرِي، فَأَوْحَى اللهُ إِلَيْهِ: أَنْ بَلَى، إِنهَا سَتَرْتَفِعُ بُيُوتٌ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمِي، وَسَأُبَوئُكَ مِنْهَا بَيْتًا أَخْتَصهُ بِكَرَامَتِي، وأُحَللُهُ عَظَمَتِي، وأُسَميهِ بَيْتِي، أُنْطِقُهُ بِعَظَمَتِي، وَلَسْتُ أَسْكُنُهُ، وَلَيْسَ يَنْبَغِي لِي أَنْ أَسْكُنَ الْبُيوتَ وَلا تَسَعُنِي، وَلَكِني عَلَى عَرْشِي وكُرْسِي عَظَمَتِي، وَلَيْسَ يَنْبَغِي لِشَيْءٍ مِما خَلَقْتُ أَنْ يَخْرُجَ مِنْ قَبْضَتِي، وَلا مِنْ قُدْرَتِي، وَتَعْمُرُهُ يَا آدَمُ مَا كُنْتَ حَيا، ثُم تَعْمُرُهُ الْقُرُونُ مِنْ بَعْدِكَ أُمةً بَعْدَ أُمةٍ، قَرْنًا بَعْدَ قَرْنٍ، حَتى يَنْتَهِيَ إِلَى وَلَدٍ مِنْ أَوْلادِكَ، يُقَالُ لَهُ: إِبْرَاهِيمُ أَجْعَلُهُ مِنْ عُمارِهِ وسُكانِهِ".

3707 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئادەم ئاتا زېمىنغا چۈشۈرۈلگەندىن كېيىن، جەننەتتىن ئايرىلىپ قالغىنىغا يۈز يىل يىغلىدى. كېيىن ئۇ زېمىنىنىڭ كەڭرىلىكىگە قاراپ:

ـ ئى رەببىم! زېمىنىڭدا مەندىن باشقا (ئاۋات قىلىپ ياشايدىغان) ھېچكىم يوقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. الله تائالا ئۇنىڭغا ۋەھيى قىلىپ مۇنداق دېدى:

ـــ ئەلۋەتتە بار. شۇنىسى مۇھەققەقكى، زېمىنىدا ئىسمىم ياد قىلىنىپ تۇرىدىغان ئۆيلەر تۇرغۇزىلىدۇ. سېنىمۇ شۇ ئۆيلەردىن ئۆز كارامىتىمگە خاسلاشتۇرغان بىر ئۆيگە يەرلەشتۈرىمەن. ئۇنى بۈيۈك ھۆرمىتىمگە خاس قىلىپ، ئۇنىڭدا كاتتىلىقىمنى تەجەللىي قىلدۇرىمەن ۋە ئۇنى ”ئۆيۈم“ دەپ ئاتايمەن. ئۇ ئۆي ئارقىلىق كاتتىلىقىمنى نامايەن قىلدۇرۇپ تۇرىمەن. بىراق مەن ئۇ ئۆيدە ئولتۇرمايمەن. چۈنكى ئۆيلەردە ئولتۇرۇش ماڭا لايىق ئەمەس ھەم ھېچقانداق ئۆي مېنى (كاتتىلىقىمدىن) سىغدۇرالمايدۇ. مەن پەقەت ئەرشىم ۋە كۇرسىمىنىڭ ئۈستىدىنلا (ئۆزەمگە خاس شەكىلدە) ئورۇن ئالىمەن. مەن ياراتقان مەخلۇقاتنىڭ ھېچبىرى مېنىڭ ئىلكىم ۋە قۇدرىتىمنىڭ سىرتىغا چىقالمايدۇ. ئى ئادەم! ئۇنى سەن ياشىغان مۇددەتكىچە ئاۋات قىلىسەن. سەندىن كېيىن كېلىدىغان نەسىللەرمۇ بىرىدىن كېيىن بىرى ئۇ ئۆينى ئاۋات قىلىدۇ. تاكى سېنىڭ نەسلىڭدىن ئىبراھىم ئىسىملىك بىرى كەلگەنگە قەدەر مۇشۇ شەكىلدە داۋاملىشىدۇ. مەن ئۇنى ئۇ ئۆيۈمنىڭ ئاۋاتلاشتۇرغۇچىسى ۋە شۇ ئەتراپقا يەرلەشكۈچى قىلىمەن»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

3708 - عن عبد الله بن عمرو قال lţ أهبط الله آدم من ا2نة قال lb مهبط معك بيتا أو مhلا يطاف حوله كما يطاف حول عرشى ويصلى عنده كما يصلى حول عرشى

[1] ھەيسەمى (5724): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىسمائىل ئىبنى ئەمر ۋە ئىسمائىل ئىبنى ئەيياش ئىسىملىك ئىككى كىشى ھەققىدە ھەرخىل باھالار بېرىلگەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

فلما كان زمن الطوفان رفع وكان الانبياء 3جونه ولا يعلمون مكانه فبواه لابراهيم فبناه من Rسة أجبل حراء وثبير ولبنان وجبل الطور وجبل ا1ير فتمتعوا منه ما استطعتم.

3708 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: الله تائالا ئادەم ئەلەيھىسسالامنى جەننەتتىن چۈشۈرگەن چاغدا: ”مەن زېمىنغا سەن بىلەن بىللە بىر ئۆي چۈشۈرىمەنكى، ئەرشىمنىڭ ئەتراپىي (پەرىشتىلەر تەرىپىدىن) قانداق تاۋاپ قىلىنسا، شۇ ئۆينىڭ ئەتراپىمۇ شۇنداق تاۋاپ قىلىنىدۇ. شۇنداقلا، ئەرشىمنىڭ ئەتراپىدا قانداق ناماز ئوقۇلسا، ئۇنىڭ ئەتراپىدىمۇ شۇنداق ناماز ئوقۇلىدۇ“ دېدى. توپان بالاسى بولغاندا، ئۇ ئۆي كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. پەيغەمبەرلەر ئۇنى (ھەج) تاۋاب قىلىش ئۈچۈن كېلەتتى ـ يۇ، ئۇنىڭ ئەسلى ئورنىنى بىلمەيتتى. كېيىن، الله تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ ئورنىنى ھازىرلاپ بەردى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەئبىنى: ھىرا، سۇبەير، لۇبنان، تۇر ۋە خەير قاتارلىق بەش تاغنىڭ تاشلىرىدىن بىنا قىلىپ چىقتى. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئۆيدىن ئىمكانىڭلارنىڭ يېتىشىچە پايدىلىنىڭلار[1].

(«ئەلكەبىر»)

3709 - عن عبد الله بن عمرو بن العا آ قال وضع البيت قبل الارض بالفى سنة فكان البيت ربدة بيضاء حG كان العرش على اlاء وكانت الارض 0تە كأE ـ ا خسـ ـفة فدحيت منه.

3709 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كەئبە زېمىندىن ئىككى مىڭ يىل بۇرۇن بىنا قىلىنغان بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا كىچىككىنە ئاپئاق كۆپۈكتەك كۆرۈنەتتى. ئەرشمۇ ئۇ چاغدا تېخى سۇنىڭ ئۈستىدە ئىدى. يەر شارى كەئبىنىڭ ئاستىدا بولۇپ،

[1] ھەيسەمى (5725): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى مەۋقۇف رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

خۇددى قازانغا ئوخشايتتى. كېيىن شۇنىڭدىن يېپىلدى (يەنى ھازىرقى ھالىتىگە كەلدى)[1].

(«ئەلكەبىر»)

3710 - عَنْ أَبِي الطُّفَيْلِ وَذَكَرَ بِنَاءَ الْكَعْبَةِ فِي الْجَاهِلِيَّةِ قَالَ فَهَدَمَتْهَا قُرَيْشٌ وَجَعَلُوا يَبْنُونَهَا بِحِجَارَةِ الْوَادِي تَحْمِلُهَا قُرَيْشٌ عَلَى رِقَابِهَا فَرَفَعُوهَا فِي السَّمَاءِ عِشْرِينَ ذِرَاعًا فَبَيْنَا النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَحْمِلُ حِجَارَةً مِنْ أَجْيَادٍ وَعَلَيْهِ نَمِرَةٌ فَضَاقَتْ عَلَيْهِ النَّمِرَةُ فَذَهَبَ يَضَعُ النَّمِرَةَ عَلَى عَاتِقِهِ فَيُرَى عَوْرَتُهُ مِنْ صِغَرِ النَّمِرَةِ فَنُودِيَ يَا مُحَمَّدُ خَمِّرْ عَوْرَتَكَ فَلَمْ يُرَ عُرْيَانًا بَعْدَ ذَلِكَ.

3710 ـ ئەبۇ تۇفەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدىكى بىنا قىلىنىش ئەھۋالىنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېدى: قۇرەيش خەلقى كەئبىنى چېقىپ، تاغ ـ جىلغىلاردىن مۈرىلىرىدە كۆتۈرۈپ كەلگەن تاشلار بىلەن بىنا قىلىشقا باشلىدى ۋە ئېگىزلىكىنى 20 گەز كۆتۈردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەممۇ ئەجياد جىلغىسىدىن تاش كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىدە يوڭدىن توقۇلغان ئۇزۇن ۋە تار كۆينەك بار ئىدى، كۆينەكنىڭ بىر تەرىپىنى مۈرىسىگە ئارتىپ قويماقچى بولدى. لېكىن كىيىم كىچىك بولغاچقا، ئەۋرىتى كۆرۈنۈپ قالدى ۋە:

ـ ئى مۇھەممەد! ئەۋرىتىڭنى ياپقىن! ـ دېگەن ئاۋاز كەلدى. شۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يالىڭاچ كۆرۈلۈپ باقمىدى[2].

(ئەھمەد: 23288؛ «ئەلكەبىر»)

---

[1] ھەيسەمى (5727): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5729): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەر ئىككىلىسىنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

3711 - عن عروة قال lţ حرقت الكعبة تثلمت فقال ابن الزبير لو مسكن أحدكم كان هكذا ما رضى حG يغيره بنحو حديث عطاء، فيه: Ż حفر الاساس حG وقع علـى أساس ابراهيم عليه السلام قال فكان يدخل العتلة من جانب من جوانبها فتهتز جوانبـها Ṗيعا Ż بناها على ما زاد منها في اΣجر فرفعها وكان طولها يوم هدمها ɑان عشرة ذراعا فلما زاد فيها استقصرت فقال ابن له زد فيها تسع أذرع ووضع فيها ثلاث دعائم أن سد بابا الذى زاد ابن الزبير ويكسفها على ما كانت عليها وتطرح عنها الزيادة اΣG زاد ابن الزبير من اΣجر ففعل ذلك وبناٱه الذى فيه اليوم بناء ابن الزبير الا ما غير اΣجاج مـن ناحية اΣجر وكبسه الذى كبسه اΣجاج.

3711 ـ ئۇرۋەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كەئبىگە ئوت قويۇۋېتىلگەندىن كېيىن، يوغان بىر چاك پەيدا بولدى. ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ ئەگەر بىرىڭلارنىڭ ئۆيى مۇشۇنداق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنى يېڭىلاپ سالمىغىچە كۆڭلۈڭلار ئارام تاپمايتتى، ـ دېدى. ھەدىسنىڭ داۋامى ئەتانىڭ ھەدىسى (يەنى 3700 ـ ھەدىس) بىلەن ئوخشاش بولۇپ، بۇنىڭدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبنى زۇبەير كەئبىنىڭ تېگىنى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قويغان ئۇلغىچە كولىدى. لوم تۆمۈرنى كەئبىنىڭ قايسى تەرىپىدىن تىقسا، ھەممە تەرىپى تەڭ لىڭشىپ كېتەتتى. ئىبنى زۇبەير كەئبىنى تولۇق چېقىپ، ھىجىردىن ئازراق يەر قوشۇپ، تېمىنى قوپاردى. كەئبىنىڭ چېقىلىشتىن بۇرۇنقى ئۇزۇنلۇقى 18 گەز ئىدى. ئۇنىڭغا قوشۇلغان يەر يەنە ئاز كۆرۈلدى. ئىبنى زۇبەيرنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرى:

ـــ يەنە توققۇز گەز قوشقىن! ـ دېدى. ئۇنىڭدىن سىرت، ئۈچ تال تۈۋرۈك قويۇلدى.

ئابدۇلمەلىك ھاكىمىيەتنى قولغا ئالغاندىن كېيىن، ئىبنى زۇبەير قەتلى قىلىندى. ئابدۇلمەلىك ھەججاجغا ئىبنى زۇبەير يېڭىدىن ئاچقان ئىشىكنى تاقىۋېتىشنى، ئىبنى زۇبەير ھىجىردىن قوشۇپ قويغان يەرلەرنى چېقىۋېتىپ، كەئبىنى ئەسلى ھالىتىگە كەلتۈرۈشنى

تاپىلىدى. ھەججاج ئابدۇلمەلىكنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. بەيتۇللاھنىڭ بۇگۈنكى شەكلى ھەججاجنىڭ ھىجىر تەرەپتىن ئېلىۋەتكىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىبنى زۇبەير قۇرغان پېتى تۇرماقتا[1].

(«ئەلكەبىر»)

3712 - عَنْ مُجَاهِدٍ عَنْ مَوْلَاهُ أَنَّهُ حَدثَهُ أَنَّهُ كَانَ فِيمَنْ يَبْنِي الْكَعْبَةَ فِي الْجَاهِلِيَّةِ قَالَ وَلِي حَجَرٌ أَنَا نَحَتُّهُ بِيَدَي أَعْبُدُهُ مِنْ دُونِ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى فَأَجِيءُ بِاللَّبَنِ الْخَاثِرِ الذِي أَنْفَسُهُ عَلَى نَفْسِي فَأَصُبُّهُ عَلَيْهِ فَيَجِيءُ الْكَلْبُ فَيَلْحَسُهُ ثُم يَشْغَرُ فَيَبُولُ فَبَنَيْنَا حَتى بَلَغْنَا مَوْضِعَ الْحَجَرِ وَمَا يَرَى الْحَجَرَ أَحَدٌ فَإِذَا هُوَ وَسْطَ حِجَارَتِنَا مِثْلَ رَأْسِ الرجُلِ يَكَادُ يَتَرَاءَى مِنْهُ وَجْهُ الرجُلِ فَقَالَ بَطْنٌ مِنْ قُرَيْشٍ نَحْنُ نَضَعُهُ وَقَالَ آخَرُونَ نَحْنُ نَضَعُهُ فَقَالُوا اجْعَلُوا بَيْنَكُمْ حَكَمًا قَالُوا أَولَ رَجُلٍ يَطْلُعُ مِنْ الْفَج فَجَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا أَتَاكُمْ الْأَمِينُ فَقَالُوا لَهُ فَوَضَعَهُ فِي ثَوْبٍ ثُم دَعَا بُطُونَهُمْ فَأَخَذُوا بِنَوَاحِيهِ مَعَهُ فَوَضَعَهُ هُوَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

3712 ـ مۇجاھىد ئازادگەردىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: (جاھىلىيەت دەۋرىدە) كەئبىنى ياسىغانلارنىڭ ئىچىدە مەنمۇ بار ئىدىم. مېنىڭ ئۆز قولۇم بىلەن ئويۇپ ياسىۋالغان تېشىم بار بولۇپ، مەن اللّٰهنى قويۇپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلاتتىم. ھەر كۈنى ئۆزەم شۇنداق ياخشى كۆرىدىغان قېتىقنى ئېلىپ كېلىپ، بىر قاچىغا تۆكۈپ قوياتتىم. بىر ئىت كېلىپ، قېتىقنى يالاپ (ئىچىپ) بولغاندىن كېيىن، بىر پۇتىنى كۆتۈرۈپ قاچىغا سىيىپ قوياتتى. بىز كەئبىنىڭ تېمىنى قوپۇرۇپ، ھەجەر ئەسۋەدنى قويىدىغان يەرگە كەلدۇق. ئۇنى ھېچكىم كۆرمەپتۇ، قارىساق، تاشلارنىڭ ئارىسىدا ئادەم بېشى چوڭلۇقتا، خۇددى ئەينەكتەك پارقىراق ۋە سۈزۈك ھالەتتە تۇراتتى. قۇرەيش جەمەتلىرىدىن بىرى:

ـ بۇ تاشنى (ئورنىغا) بىز قويىمىز، ـ دېسە، يەنە بىر جەمەت:

[1] ھەيسەمى (5733): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ ياق، بىز قويمىز، ـ دەيتتى. شۇنىڭ بىلەن، تالاش ـ تارتىش يۈز بەردى. ئاخىرى:

ــ ئارىمىزدىن بىر ئادەمنى ھۆكۈم چىقىرىشقا بەلگىلەيلى، بۇ تەرەپتىن كىم تۇنجى بولۇپ يېتىپ كەلسە، شۇ ھۆكۈم چىقارسۇن، ـ دېيىشتى. كۆپ ئۆتمەي، ئۇ تەرەپتىن (تۇنجى بولۇپ) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېتىپ كەلدى. ئۇلار:

ــ ئەمىن (يەنى ئىشەنچلىك كىشى) كەلدى، ــ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ھەجەرى ئەسۋەدنى بىر پارچە كىيىمنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، قۇرەيش جەمەتلىرىنى چاقىردى. ھەر بىرى كىيىمنىڭ بىر ئۇچىدىن تۇتۇپ كۆتۈردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەجەرى ئەسۋەدنى ئۆز قولى بىلەن جايىغا قويدى[1].

(ئەھمەد: 15078)

3713 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُخَربُ الْكَعْبَـةَ ذُو السوَيْقَتَيْنِ مِنْ الْحَبَشَةِ.

3713 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كەئبىنى ئىككى پاچىقى ئىنچىكە كەلگەن ھەبەشلىك بىرى خاراب قىلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[2].

(نەسائى: 2904)

3714 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ سَمْعَانَ قَالَ سَمِعْتُ أَبا هُرَيْرَةَ يُخْبِرُ أَبا قَتَادَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يُبَايَعُ لِرَجُلٍ مَا بَيْنَ الركْنِ وَالْمَقَامِ وَلَنْ يَسْتَحِل الْبَيْتَ إِلا أَهْلُـهُ فَإِذَا اسْتَحَلوهُ فَلَا يُسْأَلُ عَنْ هَلَكَةِ الْعَرَبِ ثُم تَأْتِي الْحَبَشَةُ فَيُخَربُونَهُ خَرَابًا لَا يَعْمُرُ بَعْـدَهُ أَبَدًا وَهُمْ الذِينَ يَسْتَخْرِجُونَ كَنْزَهُ.

---

[1] ھەيسەمى (5735): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھىلال ئىبنى خەبباب ئىسىملىك ھەر خىل باھا بېرىلگەن بىرى بار. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2719): سەھىھ ـ دېگەن.

3714 - سەئىد ئىبنى سەمئاننىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەبۇ قەتادەگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنۇ سۆزىنى ئېيتىپ بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «ھەجرى ئەسۋەد بىلەن ماقامى ئىبراھىمنىڭ ئارىلىقىدا بىر كىشىگە بەيئەت قىلىنىدۇ. بەيتۇللاھنى پەقەت ئۇنى بۇزىدىغانلارلا بۇزىدۇ. ئۇنى بۇزىدىغانلار ئوتتۇرىغا چىققاندا، ئەرەبلەرنىڭ ھالاكىتىگە يۈزلەنگەنلىكىدىن گەپ ئاچساڭمۇ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن ھەبەشىيلەر (قارا تەنلىكلەر) كېلىپ، بەيتۇللاھنى قايتا ياسىغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئۇنىڭ ئاستىدىكى بايلىقنى چىقىرىۋالىدىغانلارمۇ ئەنە شۇلاردۇر»[1].

(ئەھمەد: 7850)

3715 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ كَأَني بِهِ أَسْوَدَ أَفْحَجَ يَقْلَعُهَا حَجَرًا حَجَرًا.

3715 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مەن ئۇ ئالچاڭ پۇت نېگىرنىڭ كەئبە تاشلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ تاشلاۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن».

(بۇخارى: 1595)

3716 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اتْرُكُوا الْحَبَشَةَ مَا تَرَكُوكُمْ فَإِنهُ لَا يَسْتَخْرِجُ كَنْزَ الْكَعْبَةِ إِلا ذُو السوَيْقَتَيْنِ مِنْ الْحَبَشَةِ.

3716 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «نېگىرلار سىلەرگە چېقىلمىسىلا،

[1] ھەيسەمى (5775): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

سىلەرمۇ ئۇلارغا چېقىلماڭلار. چۈنكى كەئبىنىڭ بايلىقىنى شادىپاچاق نىگىردىن باشقىسى چىقارمايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4309)

3717 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يُخَرِبُ الْكَعْبَةَ ذُو السوَيْقَتَيْنِ مِنْ الْحَبَشَةِ وَيَسْلُبُهَا حِلْيَتَهَا وَيُجَرِدُهَا مِنْ كِسْوَتِهَا وَلَكَـ أَني أَنْظُرُ إِلَيْهِ أُصَيْلِعَ أُفَيْدِعَ يَضْرِبُ عَلَيْهَا بِمِسْحَاتِهِ وَمِعْوَلِهِ.

3717 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان:

«شادىپاچاق بىر نىگىر كەئبىنى چېقىپ، ئىچىدىكى زىبۇزىننەتنى ئېلىپ، يوپۇقىنىمۇ يىغىۋالىدۇ. پايىنەك باش، پۇت ـ قوللىرى مايماق ئۇ نىگىرنىڭ گۈرجەك ۋە سۈمبە بىلەن كەئبىنى بۇزۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇۋاتىمەن»[2].

(ئەھمەد: 7013؛ «ئەلكەبىر»)

3718 - عَنْ جَابِرٍ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَخْبَرَهُ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ سَيَخْرُجُ أَهْلُ مَكةَ ثُم لَا يَعْبُرُ بِهَا أَوْ لَا يَعْرِفُهَا إِلا قَلِيلٌ ثُم تَمْتَلِئُ وَتُبْنَى ثُم يَخْرُجُونَ مِنْهَا فَلَا يَعُودُونَ فِيهَا أَبَدًا.

3718 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەككە ئاھالىسى مەككىدىن چىقىپ كېتىدۇ، ناھايىتى ئاز قىسمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مەككىدىن ئۆتىدىغانلار ياكى ئۇ يەرنى بىلىدىغانلار قالمايدۇ. كېيىن مەككە يەنە ئادەمگە لىق تولۇپ،

[1] ئەلبانى (3620): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5774): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە ئىبنى ئىسھاق ئىسىملىك بىرى بار بولۇپ، گەرچە ئۇ ئىشەنچلىك بولسىمۇ، ھەدىسى مۇدەللەستۇر، ـ دېگەن.

ئاۋاتلىشىپ كېتىدۇ. يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن، كىشىلەر مەككىدىن يەنە چىقىپ كېتىدۇ ۋە مەڭگۈ قايتىپ كەلمەيدۇ»[1].

(ئەھمەد: 153؛ مەۋسىلى)

3719 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ أَشْهَدُ بِاللهِ لَسَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يُحِلُّهَا وَيَحُلُّ بِهِ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ لَوْ وُزِنَتْ ذُنُوبُهُ بِذُنُوبِ الثقَلَيْنِ لَوَزَنَتْهَا.

3719 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر مۇنداق دەيدۇ: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

«ھەرامدا زۇلۇم قىلىدىغان قۇرەيشلىك بىر ئادەم چىقىدۇ. تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۇنىڭ گۇناھلىرى، يەنە بىر تەرىپىگە بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ گۇناھلىرى قويۇلسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئېغىر بېسىپ كېتىدۇ»[2].

(ئەھمەد: 6808)

3720 - عن سَعِيدُ بْنُ عَمْرٍو قَالَ أَتى عَبْدُ اللهِ بْنُ عَمْرٍو ابْنَ الزبَيْرِ وَهُوَ جَالِسٌ فِي الْحِجْرِ فَقَالَ يَا ابْنَ الزبَيْرِ إِياكَ وَالْإِلْحَادَ فِي حَرَمِ اللهِ فَإِني أَشْهَدُ لَسَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يُحِلُّهَا وَيَحُلُّ بِهِ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ لَوْ وُزِنَتْ ذُنُوبُهُ بِذُنُوبِ الثقَلَيْنِ لَوَزَنَتْهَا قَالَ فَانْظُرْ أَنْ لَا تَكُونَ هُوَ يَا ابْنَ عَمْرٍو فَإِنكَ قَدْ قَرَأْتَ الْكُتُبَ وَصَحِبْتَ الرسُولَ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَإِني أُشْهِدُكَ أَن هَذَا وَجْهِي إِلَى الشأْمِ مُجَاهِدًا.

3720 ـ سەئىد ئىبنى ئەمر مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ھىجر (يەنى ھەتىم) نىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان ئىبنى زۇبەيرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى ئىبنى زۇبەير! اللهنىڭ ھەرامدا زۇلۇم قىلىشتىن قەتئىي ساقلان، چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ھەرامدا زۇلۇم

[1] ھەيسەمى (5773): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىبنى لۇھەيئە ئىسىملىك ھەدىسى ھەسەن بىرى بار. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5699): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

قىلىدىغان قۇرەيشلىك بىر ئادەم چىقىدۇ. تارازىنىڭ بىر تەرىپىگە ئۇنىڭ گۇناھلىرى، يەنە بىر تەرىپىگە بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ گۇناھلىرى قويۇلسا، ئۇنىڭ گۇناھلىرى ئېغىر بېسىپ كېتىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانلىقىمغا گۇۋاھلىق بېرىمەن، ـ دېدى. ئىبنى زۇبەير:

ـ ئى ئىبنى ئەمر! سەن شۇ كىشى بولۇپ قالماسلىقا دىققەت قىلغىن. چۈنكى نۇرغۇن كىتاب ئوقۇدۇڭ ھەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۆھبەتلىرىگە داخىل بولدۇڭ، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئۇنىڭغا جاۋابەن:

ـ مەن سېنى گۇۋاھلىققا تارتىمەنكى، شۇ تاپتا مەن جىھاد قىلىش ئۈچۈن شامغا قاراپ يولغا چىقتىم، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 7003)

3721 - عن إِسْحَاقُ بْنُ سَعِيدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ أَتى عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ عَبْدَ اللهِ بْنَ الزبَيْرِ فَقَالَ يَا ابْنَ الزبَيْرِ إِيَاكَ وَالْإِلْحَادَ فِي حَرَمِ اللهِ تَبَارَكَ وَتَعَالَى فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنهُ سَيُلْحِدُ فِيهِ رَجُلٌ مِنْ قُرَيْشٍ لَوْ وُزِنَتْ ذُنُوبُهُ بِذُنُوبِ الثقَلَيْنِ لَرَجَحَتْ قَالَ فَانْظُرْ لَا تَكُونُهُ.

3721 ـ ئىسھاق ئىبنى سەئىد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىبنى زۇبەيرنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ئى ئىبنى زۇبەير! الله تائالانىڭ ھەرەمىدە ھەددىدىن ئېشىپ، زۇلۇم قىلىشتىن ساقلانغىن. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «شۈبھىسىزكى، ھەرەمدە قۇرەيش قەبىلىسىدىن بىر زالىم چىقىدۇ، ئۇنىڭ گۇناھلىرى بارلىق ئىنسى ـ جىنىنىڭ گۇناھلىرىنى بېسىپ چۈشىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم، ـ دېدى. ئىبنى زۇبەير:

[1] ھەيسەمى (5701): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

— سەن شۇ كىشى بولۇپ قالماسلىققا تىرىشقىن! - دېدى[①].
(ئەھمەد: 6165)

3722 - عَنْ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ لَهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ الزبَيْرِ حِينَ حُصِرَ إِن عِنْدِي نَجَائِبَ قَدْ أَعْدَدْتُهَا لَكَ فَهَلْ لَكَ أَنْ تَحَولَ إِلَى مَكةَ فَيَأْتِيكَ مَنْ أَرَادَ أَنْ يَأْتِيَكَ قَالَ لَا إِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يُلْحِدُ بِمَكةَ كَبْشٌ مِنْ قُرَيْشٍ اسْمُهُ عَبْدُ اللهِ عَلَيْهِ مِثْلُ نِصْفِ أَوْزَارِ الناسِ.

3722 - ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قورشاۋغا چۈشۈپ قالغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئۇنىڭغا:

— مەن ساڭا ئېسىل تۆگىلەرنى تەييارلاپ قويدۇم، شۇ تۆگىلەر بىلەن مەككىگە كېتىشنى خالامسەن؟ خالىغانلار سەن بىلەن بىللە كەتسە بولىدۇ، - دېۋىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ياق، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەككىدە قۇرەيش قەبىلىسىدىن ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر كاتتىۋاش زۇلۇم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھلىرى بارلىق ئىنسان ۋە جىنلارنىڭ گۇناھلىرىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كېلىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، - دېدى[②].

(ئەھمەد: 463؛ بەززار)

3723 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا، أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: "يَلْحَدُ رَجُلٌ بِمَكةَ يُقَالُ لَهُ عَبْدُ اللهِ عَلَيْهِ نِصْفُ عَذَابِ الْعَالَمِ".

3723 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەككىدە

[①] ھەيسەمى (5702): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[②] ھەيسەمى (5703): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. بۇ ھەدىسنى بەززارمۇ رىۋايەت قىلغان، - دېگەن.

ئابدۇللاھ ئىسمىلىك بىر كىشى زۇلۇم بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، پۈتۈن ئالەمنىڭ ئازابىنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ ئۈستىگە يۈكلىنىدۇ» دېگەن[1].

(بەززار: 1174)

3724 - عن عائشة زوج النF صلى الله عليه وسلم قالت لقد رأيت قائد الفيـل وسائمه أعميƏ مقمدين يستطعمان ηكة.

3724 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن كەئبىنى ئۆرۈشكە كەلگەن پىل قوشۇنىنىڭ قوماندانى بىلەن پىل باققۇچىسى (ئىككىسى)نىڭ كور ۋە پالەچ ھالەتتە مەككىدە تىلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم[2].

(بەززار: 1176)

3725 - عن عبد الله بن الزبير قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم اƖا Ƨـى البيت العتيق لانه أعتق من اƧبابرة فلم ينله جبار قط، أو B يقدر عليه جبار.

3725 ـ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كەئبە قەدىمىي ئۆي دەپ ئاتالدى، چۈنكى ئۇ نۇرغۇنلىغان زوراۋانلارنى مەغلۇپ قىلدى. بۇ زالىملارنىڭ ھېچبىرى ئۇنى ئىگەللىۋالالماي ياكى ئۇنىڭغا زىيان سالالماي مەغلۇپ بولدى»[3].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ھەيسەمى (5700): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى كەسىر ئىسىملىك بىرى بار. سالىھ ئىبنى مۇھەممەد، ئىبنى سەئد ۋە ئىبنى ھىببان قاتارلىقلار ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، ئەھمەد ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5704): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (5766): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى سالىھ كاتىب لەيسى ئىسىملىك بىرى بار. ئەھمەد ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. قالغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

3726 - عن عبد الله بن عمرو قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم لا O ـل إجارًا ولا رباعها يع ا مكة.

3726 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەككىنى ۋە ئۇنىڭ ئۆيلىرىنى ئىجارىگە بېرىش دۇرۇس ئەمەس» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»)

3727 - عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ نَضْلَةَ قَالَ تُوُفِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبو بَكْرٍ وَعُمَرُ وَمَا تُدْعَى رِبَاعُ مَكةَ إِلا السوَائِبَ مَنْ احْتَاجَ سَكَنَ وَمَنْ اسْتَغْنَى أَسْكَنَ.

3727 ـ ئەلقەمە ئىبنى نەزلەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم، ئەبۇ بەكرى ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالار ۋاپات بولغانغا قەدەر مەككىدىكى ئۆي - قورۇلار ''سەۋائىب'' (يەنى نەزر قىلىۋېتىلگەن) دەپ ئاتىلاتتى. كىمنىڭ ئېھتىياجى بولسا، شۇ ئولتۇرۇپ، ئېھتىياجى بولمىسا، باشقىسىنى (ھەق ئالماي) ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى[2].

(ئىبنى ماجە: 3107)

3728 - عَنِ ٱبْنِ عُمَرَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: ''فِي مَسْجِدِ الْخَيْفِ قَبْرُ سَبْعِينَ نَبِيًا''.

3728 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «خەيف مەسجىدىدە يەتمىش پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسى بار» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[3].

(بەززار: 1177)

---

[1] ھەيسەمى (5767): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇھاجىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (663): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (5769): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3729 - عن ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَما أَشْرَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْمَقْبُـرَةِ وَهِيَ عَلَى طَرِيقِهِ الْأُولَى أَشَارَ بِيَدِهِ وَرَاءَ الضفِيرِ أَوْ قَالَ وَرَاءَ الضفِيرَةِ شَكَ عَبْدُ الـرزاقِ فَقَالَ نِعْمَ الْمَقْبُرَةُ هَذِهِ.

3729 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قەبرىستانلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قولى بىلەن قاتار كەتكەن قەبرىلەرنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ: «بۇ نېمىدېگەن رەتلىك قەبرىستانلىق ـ ھە؟!» دېگەنىدى.

(ئەھمەد: 3462؛ تەبەرانى؛ بەززار)

## مەدىنىنىڭ پەزىلىتى، ھەرەم ئىكەنلىكى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر

3730 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمَدِينَةُ حَرَمٌ فَمَنْ أَحْدَثَ فِيهَا حَدَثًا أَوْ آوَى مُحْدِثًا فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللهِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالناسِ أَجْمَعِينَ لَا يُقْبَلُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَدْلٌ وَلَا صَرْفٌ و حَدثنَا أَبُو بَكْرِ بْنُ النضْرِ بْنِ أَبِي النضْرِ حَدثَنِي أَبُو النضْرِ حَدثَنِي عُبَيْدُ اللهِ الْأَشْجَعِي عَنْ سُفْيَانَ عَنْ الْأَعْمَشِ بِهَذَا الْإِسْنَادِ مِثْلَهُ وَلَمْ يَقُلْ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَزَادَ وَذِمةُ الْمُسْلِمِينَ وَاحِدَةٌ يَسْعَى بِهَا أَدْنَاهُمْ فَمَنْ أَخْفَرَ مُسْلِمًا فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللهِ وَالْمَلَائِكَةِ وَالناسِ أَجْمَعِينَ لَا يُقْبَلُ مِنْهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَدْلٌ وَلَا صَرْفٌ.

3730 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەدىنە ھەرەمدۇر. كىم ئۇنىڭدا بىدئەت پەيدا قىلسا ياكى بىدئەتچىنى ئۆز پاناھىغا ئالسا، ئۇنىڭغا اللهنىڭ، مالائىكىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولىدۇ. قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ پەرز ياكى نەفلە ئىبادەتلىرىنىڭ ھېچبىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ».

ئەئمەشتىنمۇ مۇشۇنىڭ ئوخشىشى رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا: «قىيامەت كۈنى...» دېگەن ئىبارە كەلمىگەن ۋە مۇنداق بايان قىلىنغان: «مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى ئامانلىق بېرىش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئەڭ تۆۋەن تەبىقىدىكى مۇسۇلمانمۇ باشقىلارغا ئامانلىق بېرەلەيدۇ. كىم بىر مۇسۇلمان بىلەن بولغان ئەھدىنى بۇزسا، ئۇنىڭغا اللهنىڭ، مالائىكىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولسۇن، قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ پەرز ۋە نەفلە ئىبادەتلىرىدىن ھېچنېمە قوبۇل قىلىنمايدۇ» دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 1371)

3731 - عَنْ أَبِي حَسانَ عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ فِي هَذِهِ الْقِصةِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يُخْتَلى خَلَاهَا وَلَا يُنفرُ صَيْدُهَا وَلَا تُلْتَقطُ لُقَطَتُهَا إِلا لِمَنْ أَشَادَ بِهَا وَلَا يَصْلُحُ لِرَجُلٍ أَنْ يَحْمِلَ فِيهَا السلَاحَ لِقِتَالٍ وَلَا يَصْلُحُ أَنْ يُقْطَعَ مِنْهَا شَجَرَةٌ إِلا أَنْ يَعْلِفَ رَجُلٌ بَعِيرَهُ.

3731 ـ ئەبۇ ھەسسان ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ داۋامىدا يەنە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەدىنەنىڭ ئوت - چۆپى ئورۇلمايدۇ، ئوۋ ھايۋانلىرى ۋە قۇشلىرى ئۈركىتىۋېتىلمەيدۇ. يۈتۈپ كەتكەن نەرسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشتىن باشقا مەقسەتتە ئېلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن قورال كۆتۈرۈش ياكى دەل ــ دەرەخلىرىنى كېسىشكە بولمايدۇ، ئەمما تۆگىنى ئوتلىتىشقا بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2034)

3732 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ زَيْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن إِبْرَاهِيمَ حَرمَ مَكةَ وَدَعَا لَهَا.

3732 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: «شۈبھىسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ”ھەرەم“ (چەكلەنگەن رايون) دەپ جاكارلىدى ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلدى».

(بۇخارى: 2129)

3733 – وفي رواية: وَدَعَا لَهَا وَحَرمْتُ الْمَدِينَةَ كَمَا حَرمَ إِبْرَاهِيمُ مَكةَ وَدَعَوْتُ لَهَا فِي مُدهَا وَصَاعِهَا مِثْلَ مَا دَعَا إِبْرَاهِيمُ عَلَيْهِ السلَام لِمَكةَ.

[1] ئەلبانى (1690): سەھىھ ـ دېگەن.

3733 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىكە ئۈچۈن دۇئا قىلدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى ''ھەرەم'' دەپ جاكارلىغاندەك، مەنمۇ مەدىنىنى ''ھەرەم'' دەپ جاكارلىدىم. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىگە دۇئا قىلغاندەك، مەنمۇ مەدىنە خەلقىنىڭ ئۆلچەم تارازىلىرىنىڭ بەرىكىتىگە دۇئا قىلدىم».

(بۇخارى: 2129)

3734 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنِّي حَرمْتُ مَا بَيْنَ لَابَتَي الْمَدِينَةِ كَمَا حَرمَ إِبْرَاهِيمُ مَكةَ قَالَ ثُم كَانَ أَبُو سَعِيدٍ يَأْخُذُ وَقَالَ أَبُو بَكْرٍ يَجِدُ أَحَدَنَا فِي يَدِهِ الطيْرُ فَيَفُكهُ مِنْ يَدِهِ ثُم يُرْسِلُهُ.

3734 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىبراھىم مەككىنى ''ھەرەم'' دەپ جاكارلىغاندەك، مەنمۇ مەدىنىنىڭ ئىككى سايلىقى ئارىسىنى ''ھەرەم'' دەپ جاكارلىدىم».

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: بىرەرىمىزنىڭ قولىدا قانىتى بوغۇلغان قۇش كۆرۈپ قالسا، ئەبۇ سەئىد ئۇنى تارتىۋېلىپ قويۇۋېتەتتى.

(مۇسلىم: 1374)

3735 - عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدٍ أَن سَعْدًا رَكِبَ إِلَى قَصْرِهِ بِالْعَقِيقِ فَوَجَدَ عَبْدًا يَقْطَعُ شَجَرًا أَوْ يَخْبِطُهُ فَسَلَبَهُ فَلَما رَجَعَ سَعْدٌ جَاءَهُ أَهْلُ الْعَبْدِ فَكَلمُوهُ أَنْ يَرُد عَلَى غُلَامِهِمْ أَوْ عَلَيْهِمْ مَا أَخَذَ مِنْ غُلَامِهِمْ فَقَالَ مَعَاذَ اللهِ أَنْ أَرُد شَيْئًا نَفلَنِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبَى أَنْ يَرُد عَلَيْهِمْ.

3735 ـ ئامىر ئىبنى سەئد مۇنداق دەيدۇ: (دادام) سەئد ئۆلىنغا مىنىپ ئەقىق دېگەن يەردىكى سارىيىغا يېتىپ بارغاندا، بىر قۇلنىڭ دەرەخ كېسىۋاتقانلىقىنى ياكى دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى قېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تارتىۋالدى. ئۇ سارايدىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، قۇلنىڭ خوجايىنلىرى ئۇنىڭ قۇللىرىدىن ئېلىۋالغان

نەرسىلەرنى ئۇلارغا ياكى قۇللىرىغا قايتۇرۇپ بېرىشىنى سورىغاندى، سەئد:

ــ رەسۇلۇللاھ ماڭا غەنىمەت قىلىپ بەرگەن نەرسىنى قايتۇرۇپ بېرىشتىن الله ساقلىسۇن! ـ دەپ، ئۇلارنىڭ تەلىپىنى رەت قىلدى.

(مۇسلىم: 2038)

3736 - عَنْ صَالِحٍ مَوْلَى التَّوْأَمَةِ عَنْ مَوْلًى لِسَعْدٍ أَنَّ سَعْدًا وَجَدَ عَبِيدًا مِنْ عَبِيدِ الْمَدِينَةِ يَقْطَعُونَ مِنْ شَجَرِ الْمَدِينَةِ فَأَخَذَ مَتَاعَهُمْ وَقَالَ يَعْنِي لِمَوَالِيهِمْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَنْهَى أَنْ يُقْطَعَ مِنْ شَجَرِ الْمَدِينَةِ شَيْءٌ وَقَالَ مَنْ قَطَعَ مِنْهُ شَيْئًا فَلِمَنْ أَخَذَهُ سَلَبُهُ.

3736 ـ تەۋئەمەنىڭ ئازادگەردىسى سالىھ سەئدنىڭ ئازادگەردىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: سەئد (ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس) مەدىنىلىك بىر قۇلنىڭ مەدىنە دەرەخلىرىنى كېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تارتىۋالدى ۋە ئۇنىڭ خوجايىنىغا مۇنداق دېدى:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەدىنە دەرەخلىرىنى كېسىشتىن چەكلەپ: «كىم مەدىنە دەرەخلىرىنى كەسكەنلەرنى تۇتۇۋالسا، ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى تارتىۋالسۇن» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2038)

3737 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ أَبِي عَبْدِ اللَّهِ قَالَ رَأَيْتُ سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقَّاصٍ أَخَذَ رَجُلًا يَصِيدُ فِي حَرَمِ الْمَدِينَةِ الَّذِي حَرَّمَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَسَلَبَهُ ثِيَابَهُ فَجَاءَ مَوَالِيهِ فَكَلَّمُوهُ فِيهِ فَقَالَ إِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَرَّمَ هَذَا الْحَرَمَ وَقَالَ مَنْ أَخَذَ أَحَدًا يَصِيدُ فِيهِ فَلْيَسْلُبْهُ ثِيَابَهُ فَلَا أَرُدُّ عَلَيْكُمْ طُعْمَةً أَطْعَمَنِيهَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَلَكِنْ إِنْ شِئْتُمْ دَفَعْتُ إِلَيْكُمْ ثَمَنَهُ.

---

[①] ئەلبانى (1792): سەھىھ ـ دېگەن.

3737 ـ سۇلايمان ئىبنى ئەبۇ ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنىڭ ''ھەرەم'' دەپ جاكارلىغان دائىرىسىدە ئوۋ ئوۋلاۋاتقان بىر قۇلنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالدۇرۇۋالغانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭ خوجايىنلىرى سەئدتىن كىيىملەرنى قايتۇرۇپ بېرىشنى سورىغانىدى، ئۇ جاۋابەن:

ــ شۈبھىسىزكى، اللهنىڭ رەسۇلى سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ يەرنى ''ھەرەم'' دەپ جاكارلىدى ۋە: «كىم مەدىنىدە ئوۋ ئوۋلىغان بىرىنى تۇتۇۋالسا، ئۇنىڭ كىيىملىرىنى سالدۇرۇۋالسۇن» دېدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، رەسۇلۇللاھ ماڭا ھالال قىلىپ بەرگەن غەنىمەتنى سىلەرگە قايتۇرۇپ بەرمەيمەن. ئەگەر خالىساڭلار، ئالغان نەرسەمنىڭ پۇلىنى تۆلەپ بېرەي، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2037)

3738 - عَنْ عَدِيِّ بْنِ زَيْدٍ قَالَ حَمَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُل نَاحِيَةٍ مِنْ الْمَدِينَةِ بَرِيدًا بَرِيدًا لَا يُخْبَطُ شَجَرُهُ وَلَا يُعْضَدُ إلا مَا يُسَاقُ بِهِ الْجَمَلُ.

3738 ـ ئەدىي ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنىڭ ھەر بىر تەرىپىدىن بىر بەرىدلىك (12 مىل) يەرنى ''ھەرەم'' دەپ جاكارلىدى. بۇ يەرلەردىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قېقىلمايدۇ، شاخلىرى تۆگە ھەيدەشتىن باشقا ئىش ئۈچۈن كېسىلمەيدۇ[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2036)

3739 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَنْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يُخْـبَطُ وَلَا يُعْضَدُ حِمَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَكِنْ يُهَش هَشا رَفِيقًا.

---

[①] ئەلبانى (1791): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (442): زەئىپ، ـ دېگەن.

3739 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«رەسۇلۇللاھنىڭ چېگراسى ئىچىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىنى قېقىشقا، شاخلىرىنى كېسىشكە بولمايدۇ. ئەمما يەڭگىل ئىرغىتىشقا بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2039)

3740 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ مَوْلَى الْمَهْرِيِ أَنَهُ أَصَابَهُمْ بِالْمَدِينَةِ جَهْدٌ وَشِدةٌ وَأَنَه أَتى أَبا سَعِيدٍ الْخُدْرِي فَقَالَ لَهُ إني كَثِيرُ الْعِيَالِ وَقَدْ أَصَابَتْنَا شِدةٌ فَأَرَدْتُ أَنْ أَنقُلَ عِيَالِي إِلَى بَعْRِ̈ الريفِ فَقَالَ أَبو سَعِيدٍ لَا تَفْعَلْ الْزَمْ الْمَدِينَةَ فَإِنا خَرَجْنَا مَعَ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيْن أَنهُ قَالَ حَتى قَدِمْنَا عُسْفَانَ فَأَقَامَ بِهَا لَيَالِيَ فَقَالَ الناسُ وَاللهِ مَا نَحْنُ هَا هُنَا فِي شَيْءٍ وَإِن عِيَالَنَا لَخُلُوفٌ مَا نَأْمَنُ عَلَيْهِمْ فَبَلَغَ ذَلِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا هَذَا الذِي بَلَغَنِي مِنْ حَدِيثِكُمْ مَا أَدْرِي كَيْفَ قَالَ وَالذِي أَحْلِفُ بِهِ أَوْ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَقَدْ هَمَمْتُ أَوْ إِنْ شِئْتُمْ لَا أَدْرِي أَيتَهُمَا قَالَ لَآمُرَن بِنَاقَتِي تُرْحَلُ ثُم لَا أَحُلُ لَهَا عُقْدَةً حَتى أَقْدَمَ الْمَدِينَةَ وَقَالَ اللهُم إِن إِبْرَاهِيمَ حَرمَ مَكةَ فَجَعَلَهَا حَرَمًا وَإِني حَرمْتُ الْمَدِينَةَ حَرَامًا مَا بَيْنَ مَأْزِمَيْهَا أَنْ لَا يُهْرَاقَ فِيهَا دَمٌ وَلَا يُحْمَلَ فِيهَا سِلَاحٌ لِقِتَالٍ وَلَا تُخْبَطَ فِيهَا شَجَرَةٌ إِلا لِعَلْفٍ اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي مَدِينَتِنَا اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي مُدنَا اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي مُدنَا اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي مَدِينَتِنَا اللهُم اجْعَلْ مَعَ الْبَرَكَةِ بَرَكَتَيْنِ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا مِنْ الْمَدِينَةِ شِعْبٌ وَلَا نَقْبٌ إِلا عَلَيْهِ مَلَكَانِ يَحْرُسَانِهَا حَتى تَقْدَمُوا إِلَيْهَا ثُم قَالَ لِلناسِ ارْتَحِلُوا فَارْتَحَلْنَا فَأَقْبَلْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ فَوَالذِي نَحْلِفُ بِهِ أَوْ يُحْلَفُ بِهِ الشك مِنْ حَمادٍ مَا وَضَعْنَا رِحَالَنَا حِينَ دَخَلْنَا الْمَدِينَةَ حَتى أَغَارَ عَلَيْنَا بَنُو عَبْدِ اللهِ بْنِ غَطَفَانَ وَمَا يَهِيجُهُمْ قَبْلَ ذَلِكَ شَيْءٌ.

3740 ـ مەھرىنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەدىنەنى قۇرغاقچىلىق ۋە قەھەتچىلىك بېسىپ كەتكەن بىر يىلى ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

[1] ئەلبانى (1793): سەھىھ ـ دېگەن.

— مېنىڭ بالىلىرىم كۆپ، قىيىن ئەھۋالدا قالدۇق. شۇڭا بالا - چاقامنى پالانچى يېزىغا يۆتكەپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، - دېدىم. ئەبۇ سەئىد ماڭا:

— ئۇنداق قىلما، مەدىنىدىن ئايرىلما! بىر قېتىم، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن يولغا چىقتۇق (راۋىي مۇنداق دەيدۇ: يادىمدا قېلىشىچە، ئەبۇ سەئىد: ئۇسفان دېگەن يەرگە يېتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قانچە كېچە تۇردى، - دېدى). ئارىمىزدىن بەزىلەر:

— اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق ئىشىمىز يوق. بالا - چاقىلىرىمىزمۇ ئارقىمىزدا (يەنى مەدىنىدە) قالدى، ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خاۋاتىرلىنىۋاتىمىز، - دېيىشتى. بۇ گەپ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈلگەندى، ئۇ:

— ئاجايىپ غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمەنغۇ؟ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر خالىساڭلار، تۆگەمنىڭ تەييارلىنىشىنى بۇيرۇيمەن، تاكى مەدىنىگە يېتىپ بارغۇچە ئۇنىڭ يۈكىنى چۈشۈرمەيمەن (يەنى مەدىنىگە بارغۇچە تۆگىدىن چۈشمەيمەن)، - دېدى. ئارقىدىنلا:

— ئى الله! ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام مەككىنى چەكلەنگەن رايون قىلىپ، ئۇنى "ھەرەم" دەپ جاكارلىدى. مەنمۇ مەدىنىنىڭ ئىككى تېغىنىڭ ئارىسىنى چەكلەنگەن رايون قىلىپ، "ھەرەم" دەپ جاكارلايمەن. ئۇ يەردە ناھەق قان تۆكۈلمەيدۇ، ئۇرۇش ئۈچۈن قورال كۆتۈرۈلمەيدۇ. ئۇ يەردىكى دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى مال - چارۋىلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇشتىن باشقا مەقسەتتە قېقىلمايدۇ. ئى الله! مەدىنىمىزنى بەرىكەتلىك قىلغىن! ئى الله! سا ۋە مۇدلىرىمىزغا (يەنى تارازا - مىزانلىرىمىزغا) بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ئى الله! سا ۋە مۇدلىرىمىزغا بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ئى الله! مەدىنىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن! ئى الله! ھەر بىر بەرىكەتكە ئىككى بەرىكەتنى قوشۇپ ئېھسان قىلغىن! - دەپ دۇئا قىلىپ:

ــ جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەدىنىنىڭ ھەر بىر تاغ ۋە يول ئېغىزلىرىدا ئىككىدىن پەرىشتە بار بولۇپ، سىلەر قايتىپ بارغۇچە ئۇلار ئۇنى (يەنى مەدىنىنى) قوغداپ تۇرىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن ئەتراپىدىكىلەرگە:

ــ يولغا چىقىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق قىلدى. بىز قوزغىلىپ، مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز مەدىنىگە كىرىپ، يۈكلىرىمىزنى چۈشۈرە ـ چۈشۈرمەي، بەنى ئابدۇللاھ ئىبنى غەتفان قەبىلىسىنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچرىدۇق. ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ مەدىنىگە بۇندىن بۇرۇن ھۇجۇم قىلىشىغا ھېچقانداق سەۋەب يوق ئىدى.

(مۇسلىم: 1374)

3741 - عن عَامِرُ بْنُ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِني أُحَرِمُ مَا بَيْنَ لَابَتَيْ الْمَدِينَةِ أَنْ يُقْطَعَ عِضَاهُهَا أَوْ يُقْتَلَ صَيْدُهَا وَقَالَ الْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ لَا يَدَعُهَا أَحَدٌ رَغْبَةً عَنْهَا إِلا أَبْدَلَ اللهُ فِيهَا مَنْ هُوَ خَيْرٌ مِنْهُ وَلَا يَثْبُتُ أَحَدٌ عَلَى لَأْوَائِهَا وَجَهْدِهَا إِلا كُنْتُ لَهُ شَفِيعًا أَوْ شَهِيدًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ وحَدثَنَا ابْنُ أَبِي عُمَرَ حَدثَنَا مَرْوَانُ بْنُ مُعَاوِيَةَ حَدثَنَا عُثْمَانُ بْنُ حَكِيمٍ الْأَنْصَارِي أَخْبَرَنِي عَامِرُ بْنُ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقا آ ٍ عَنْ أَبِيهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ثُم ذَكَرَ مِثْلَ حَدِيثِ ابْنِ نُمَيْرٍ وَزَادَ فِي الْحَدِيثِ وَلَا يُرِيدُ أَحَدٌ أَهْلَ الْمَدِينَةِ بِسُوءٍ إِلا أَذَابَهُ اللهُ فِي النارِ ذَوْبَ الرصَا آ ِ أَوْ ذَوْبَ الْمِلْحِ فِي الْمَاءِ.

3741 ـ ئامىر ئىبنى سەئد دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مەن مەدىنىنىڭ ئىككى سېپىنىڭ ئارىسىدىكى دەل ـ دەرەخلەرنىڭ كېسىلىشىنى ۋە ئوۋ ھايۋانلىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىنى ھارام قىلدىم. ئەگەر كىشىلەر بىلسە ئىدى، ئۇلار ئۈچۈن مەدىنە ئەڭ ياخشىدۇر. كىمكى مەدىنىنى ئۆز رىغبىتى بىلەن تاشلاپ كېتىدىكەن، الله ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى بىرىنى مەدىنىگە يەرلەشتۈرىدۇ.

كىمكى مەدىنىدە قىيىنچىلىق ۋە ئاچارچىلىققا سەۋر قىلسا، قىيامەت كۈنى مەن ئۇنىڭ شاپائەتچىسى ۋە گۇۋاھچىسى بولىمەن».

ئامىر ئىبنى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس دادىسىدىن رىۋايەت قىلغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش دېگەنلىكى، ئاخىرىدا يەنە: «كىمكى مەدىنە خەلقىگە يامانلىق قىلىش نىيىتىدە بولسا، الله ئۇنى جەھەننەمنىڭ ئوتىدا خۇددى قوغۇشۇننى ئوتتا ياكى تۇزنى سۇدا ئېرىتكەندەك ئېرىتىۋېتىدۇ» دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

(مۇسلىم: 1363)

3742 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَأْتِي عَلَى الناسِ زَمَانٌ يَدْعُو الرجُلُ ابْنَ عَمهِ وَقَرِيبَهُ هَلُم إِلَى الرخَاءِ هَلُم إِلَى الرخَاءِ وَالْمَدِينَةُ خَيْرٌ لَهُمْ لَوْ كَانُوا يَعْلَمُونَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ لَا يَخْرُجُ مِنْهُمْ أَحَدٌ رَغْبَةً عَنْهَا إِلا أَخْلَفَ اللهُ فِيهَا خَيْرًا مِنْهُ أَلَا إِن الْمَدِينَةَ كَالْكِيرِ تُخْرِجُ الْخَبِيثَ لَا تَقُومُ الساعَةُ حَتى تَنْفِيَ الْمَدِينَةُ شِرَارَهَا كَمَا يَنْفِي الْكِيرُ خَبَثَ الْحَدِيدِ.

3742 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«شۇنداق بىر زامان كېلىدۇكى، كىشى ئۇرۇغ ـ تۇغقان ۋە يېقىنلىرىغا: ”يۈرۈڭلار، (مەدىنىدىن چىقىپ) ھۇزۇر ـ ھالاۋەتكە ئېرىشەيلى!“ دەيدۇ. ئەگەر ئۇلار بىلسە ئىدى، مەدىنە ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ خەيرلىكتۇر. جېنىم ئىلكىدە بولغان اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، (مەدىنە خەلقىدىن) كىم مەدىنىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىدىكەن، الله تائالا ئۇنىڭ ئورنىغا مەدىنىگە ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى كىشىنى يەرلەشتۈرىدۇ. بىلىپ قويۇڭلاركى، مەدىنە تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىگە ئوخشايدۇ. تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكى تۆمۈردىكى داتنى چىقىرىپ تاشلىغاندەك، مەدىنەمۇ ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى يامان ئادەملەرنى چىقىرىپ تاشلىمىغىچە قىيامەت قايىم بولمايدۇ.

(مۇسلىم: 1381)

3743 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَخَافَ أَهْلَ الْمَدِينَةِ فَقَدْ أَخَافَ مَا بَيْنَ جَنْبي.

3743 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىم مەدىنە خەلقىنى قورقۇتسا، مېنىڭ يۈرىكىمنى قورقۇتقان ھېسابلىنىدۇ»[1].

(ئەھمەد: 14803)

3744 - عَنْ عُبَادَةَ بْنِ الصامِتِ، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، أَنهُ قَـالَ: "اللهُم مَنْ ظَلَمَ أَهْلَ الْمَدِينَةِ وَأَخَافَهُمْ فَأَخِفْهُ، وَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللهِ وَالْمَلائِكَةِ وَالناسِ أَجْمَعِينَ، لا يُقْبَلُ مِنْهُ صَرْفٌ وَلا عَدْلٌ".

3744 ـ ئۇبادە ئىبنى سامىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئى الله! كىم مەدىنە خەلقىگە زۇلۇم قىلسا ۋە قورقۇتسا، سەنمۇ ئۇنى قورقۇتقىن! ئۇنىڭغا اللهنىڭ، مالائىكىلەرنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ لەنەتلىرى بولسۇن! ئۇنىڭ پەرز ۋە نەپلە ئىبادەتلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»، «ئەلكەبىر»)

3745 - عَنْ جَابِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ جَاءَ أَعْرَابِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَبَايَعَهُ عَلَى الْإِسْلَامِ فَجَاءَ مِنْ الْغَدِ مَحْمُومًا فَقَالَ أَقِلْنِي فَأَبَى ثَلَاثَ مِرَارٍ فَقَالَ الْمَدِينَةُ كَالْكِيرِ تَنْفِي خَبَثَهَا وَيَنْصَعُ طَيبُهَا.

---

[1] ھەيسەمى (5822): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5823): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

3745 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر بەدەۋىي ئۆزىنىڭ ئىسلامغا كىرگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بەيئەت قىلدى. ئەتىسى، بەزگەككە گىرىپتار بولغان ھالدا كېلىپ:

ـ بەيئىتىمنى قايتۇرۇپ بەرگىن! ـ دەپ تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ تەلىپىنى ئۈچ قېتىم رەت قىلغاندىن كېيىن:

ـــ مەدىنە تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۆزىدىكى ئەسكىلەرنى تازىلاپ، ياخشىلارنى ئايرىپ قالىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 1883)

3746 - عن أبي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُمِرْتُ بِقَرْيَةٍ تَأْكُلُ الْقُرَى يَقُولُونَ يَثْرِبُ وَهِيَ الْمَدِينَةُ تَنْفِي الناسَ كَمَا يَنْفِي الْكِيرُ خَبَثَ الْحَدِيدِ.

3746 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«مەن يەسرىب دەپ ئاتىلىدىغان، بارلىق شەھەرلەردىن ئۈستۈن كېلىدىغان، ئىنسانلارنى خۇددى تۆمۈرچىنىڭ كۆرۈكى تۆمۈرنىڭ دېتىنى تازىلىغاندەك تازىلايدىغان شەھەرگە ھىجرەت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. ئۇ مەدىنە شەھىرىدۇر».

(بۇخارى: 1871)

3747 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ اسْتَطَاعَ أَنْ يَمُوتَ بِالْمَدِينَةِ فَلْيَمُتْ بِهَا فَإِني أَشْفَعُ لِمَنْ يَمُوتُ بِهَا.

3747 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىم مەدىنىدە ئۆلۈشكە ئامال قىلالىسا، مەدىنىدە ئۆلسۇن (يەنى مەدىنىدە ياشىسۇن). چۈنكى مەن ئۇ شەھەردە ئۆلگەن كىشىگە شاپائەت قىلىمەن»[1].

(تىرمىزى: 3917)

3748 - عَنْ مَالِك عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ قَالَ كَانَ رَسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَالِسًا وَقَبْرٌ يُحْفَرُ بِالْمَدِينَةِ فَاطلَعَ رَجُلٌ فِي الْقَبْرِ فَقَالَ بِئْسَ مَضْجَعُ الْمُؤْمِنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِئْسَ مَا قُلْتَ فَقَالَ الرجُلُ إِني لَمْ أُرِدْ هَذَا يَا رَسُولَ اللهِ إِنمَا أَرَدْتُ الْقَتْلَ فِي سَبِيلِ اللهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا مِثْلَ لِلْقَتْلِ فِي سَبِيلِ اللهِ مَا عَلَى الْأَرْضِ بُقْعَةٌ هِيَ أَحَب إِلَي أَنْ يَكُونَ قَبْرِي بِهَا مِنْهَا ثَلَاثَ مَراتٍ يَعْنِي الْمَدِينَةَ.

3748 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەھيا ئىبنى سەئىدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە ئولتۇراتتى، ئۇ ئولتۇرغان يەرنىڭ قېشىدا بىر قەبرە كولىنىۋاتاتتى. بىر ئادەم قەبرىگە قاراپ:

ـ مۇئمىنىنىڭ ياتىدىغان جايى نېمىدېگەن يامان؟! ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمانداق يامان گەپ قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قەبرىنى كۆزدە تۇتمىدىم، بەلكى الله يولىدا شېھىد بولۇشنىڭ بۇ يەردە يېتىشتىنمۇ خەيرلىك رەك بولىدىغانلىقىنى مەقسەت قىلدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله يولىدا شېھىد بولۇشتىنمۇ ئەۋزەل ئۆلۈم يوق، ـ دېدى. ئاندىن مەدىنىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا ئۈچ قېتىم:

ـ مەن قەبرەمنىڭ يەر يۈزى ئىچىدە پەقەت مۇشۇ يەردە بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىمەن، ـ دېدى.

(مالىك: 1005)

[1] ئەلبانى (3076): سەھىھ ـ دېگەن.

3749 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ قَالَ اللَّهُمَّ ارْزُقْنِي شَهَادَةً فِي سَبِيلِكَ وَاجْعَلْ مَوْتِي فِي بَلَدِ رَسُولِكَ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ.

3749 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم دادىسىدىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: ”ئى الله! ماڭا يولۇڭدا شېھىت بولۇشنى نېسىپ قىلغىن! شۇنداقلا ئۆلۈمىمنى پەيغەمبىرىڭنىڭ شەھىرىدە قىلغىن!“ دەپ دۇئا قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

(بۇخارى: 1890)

3750 - وفي رواية: قالت حفصة: أbّ يكون هذا؟ قال: يأتيـ به الله إن شاء.

3750 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ بۇ قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ الله خالىسا، بۇنى ماڭا نېسىپ قىلىدۇ (يەنى ماڭا شېھىدلىكنى بېرىدۇ)، ـ دېدى.

3751 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَدِمَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْمَدِينَةَ وَهِيَ وَبِيئَةٌ ذُكِرَ أَنَّ الْحُمَّى صَرَعَتْهُمْ فَمَرِضَ أَبُو بَكْرٍ وَكَانَ إِذَا أَخَذَتْهُ الْحُمَّى يَقُولُ

كُلُّ امْرِئٍ مُصَبَّحٌ فِي أَهْلِهِ وَالْمَوْتُ أَدْنَى مِنْ شِرَاكِ نَعْلِهِ

قَالَتْ وَكَانَ بِلَالٌ إِذَا أَخَذَتْهُ الْحُمَّى يَقُولُ

أَلَا لَيْتَ شِعْرِي هَلْ أَبِيتَنَّ لَيْلَةً بِوَادٍ وَحَوْلِي إِذْخِرٌ وَجَلِيلُ

وَهَلْ أَرِدَنْ يَوْمًا مِيَاهَ مِجَنَّةٍ وَهَلْ تَبْدُوَنْ لِي شَامَةٌ وَطَفِيلُ

اللَّهُمَّ الْعَنْ عُتْبَةَ بْنَ رَبِيعَةَ وَشَيْبَةَ بْنَ رَبِيعَةَ وَأُمَيَّةَ بْنَ خَلَفٍ كَمَا أَخْرَجُونَا مِنْ مَكَّةَ فَلَمَّا رَأَى رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مَا لَقُوا قَالَ اللَّهُمَّ حَبِّبْ إِلَيْنَا الْمَدِينَةَ كَحُبِّنَا مَكَّةَ أَوْ أَشَدَّ اللَّهُمَّ صَحِّحْهَا وَبَارِكْ لَنَا فِي صَاعِهَا وَمُدِّهَا وَانْقُلْ حُمَّاهَا إِلَى الْجُحْفَةِ قَالَ فَكَانَ الْمَوْلُودُ يُولَدُ بِالْجُحْفَةِ فَمَا يَبْلُغُ الْحُلُمَ حَتَّى تَصْرَعَهُ الْحُمَّى.

3751 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، مەدىنىدە ۋابا كېسەللى يامراپ كېتىپتىكەن.

مەدىنىلىكلەرنىڭ قىزىتما كېسىلىگە دۇچار بولغانلىقى بىلدۈرۈلدى (ئەبۇ بەكرى ۋە بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارمۇ ۋاباغا گىرىپتار بولدى). دادام ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) كېسەل بولۇپ قالغان چاغدا مۇنداق دەيتتى:

گەر ئاتسا تاڭ، ھەر كىشى سورار ئامان ـ ئېسەنلىك،
ۋە لېكىن بەكمۇ يېقىندۇر ئاڭا ئۆلۈم ـ كېسەللىك.

بىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيتتى:

ئاھ! قونارمەنمۇ ئەجىبا يەنە بىر كېچە،
ئەشۇ چىغ ۋە سۇمبۇل قىزارغان دالىدا؟
ئاھ! ئىچەرمەنمۇ سۇلىرىدىن بىر كۈن،
يۈرەرمەنمۇ شامە، تەفىل[1] تاغلىرى بويىدا؟

بىلال يەنە: ئى الله! ئۇتبە ئىبنى رەبىيئە، شەيبە ئىبنى رەبىئە ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەف قاتارلىق كاپىرلارغا لەنەت قىلغىن! ـ دەيتتى.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ ئازابلىرىدىن خەۋەر تېپىپ: «ئى الله! مەدىنىنى بىزگە مەككىدەك، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك قىلىپ بەرگىن! ئى الله! مەدىنىنىڭ ھاۋاسىنى ساپ قىلغىن. مەدىنىنىڭ ئۆلچەم ـ تارازىلىرىدا بىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. مەدىنىدىكى ۋابا كېسىلىنى جۇھفەگە كۆچۈرگىن!» دەپ دۇئا قىلدى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: جۇھفەدە تۇغۇلغان بالا بالاغەتكە يەتمەي تۇرۇپلا تەپ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، ئۆلۈپ كېتەتتى.

(ئەھمەد: 25708)

3752 - وفي رواية: زاد بلال بعد البيتين: اللهُم الْعَنْ شَيْبَةَ بْنَ رَبِيعَةَ وَعُتْبَةَ بْنَ رَبِيعَةَ وَأُمَيةَ بْنَ خَلَفٍ كَمَا أَخْرَجُونَا مِنْ أَرْضِنَا إِلَى أَرْضِ الْوَبَاءِ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اللهُم حَببْ إِلَيْنَا الْمَدِينَةَ كَحُبنَا مَكةَ أَوْ أَشَد اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا وَفِي

[1] شامە ۋە تافىل: مەككىدىكى ئىككى تۆپىلىك.

مُدنَا وَصَححْهَا لَنا وَانْقُلْ حُماهَا إِلَى الْجُحْفَةِ قَالَتْ وَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ وَهِيَ أَوْبَأُ أَرْضِ اللهِ قَالَتْ فَكَانَ بُطْحَانُ يَجْرِي نَجْلًا تَعْنِي مَاءً آجِنًا.

3752 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: بىلال ئىككى بېيىتتىن كېيىن:

ـ ئى الله! شەيبە ئىبنى رەبىيئەگە ۋە ئۇمەييە ئىبنى خەلەفكە لەنەت قىلغىنكى، ئۇلار بىزنى ئۆز يۇرتىمىزدىن ۋابا كېسەللى بار يەرگە قوغلىۋەتتى، ـ دەپ دۇئا قىلغان. ئۇندىن كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى الله! مەككىنى بىزگە سۆيۈملۈك قىلغانىدىڭ. مەدىنىنىمۇ شۇنداق سۆيۈملۈك قىلغىن، ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك قىلغىن! ئى الله! تارازا ـ مىزانلىرىمىزدا بەرىكەت ئاتا قىلغىن! مەدىنىنىڭ ھاۋاسىنى بىز ئۈچۈن ساپ قىلىپ بەرگىن، ئۇنىڭدىكى تەپ كېسىلىنى جۇھفەگە كۆچۈرگىن!» دەپ دۇئا قىلدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېدى: بىز مەدىنىگە كەلگەندە، مەدىنە يەر يۈزىدە يۇقۇملۇق كېسەل ئەڭ كەڭ يامرىغان يەر ئىكەن. بۇتھان جىلغىسىنىڭ سۈيى يېپىيېشىل رەڭدە ئاقاتتى، يەنى سۈنىڭ رەڭگى ۋە تەمى بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى.

(بۇخارى: 1889)

3753 - عَنْ عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ وَكَانَ عَامِرُ بْنُ فُهَيْرَةَ يَقُولُ

قَدْ رَأَيتُ الْمَوْتَ قَبْلَ ذَوْقِهِ     إِن الْجَبَانَ حَتْفُهُ مِنْ فَوْقِهِ.

3753 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئامىر ئىبنى فۇھەيرەنىڭ مۇنداق بېيىت ئوقۇغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

ئۆلمەي تۇرۇپ كۆرۈندى كۆزۈمگە ئۆلۈم،
قورقۇنچاق كۆرىدۇ كۈندە مىڭ ئۆلۈم.

(مالىك: 1648)

3754 - عَنْ أَنسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُم اجْعَلْ بِالْمَدِينَةِ ضِعْفَيْ مَا جَعَلْتَ بِمَكةَ مِنْ الْبَرَكَةِ.

3754 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئى اﷲ! مەككىگە ئاتا قىلغان بەرىكەتنىڭ ئىككى ھەسسىسىنى مەدىنىگە ئاتا قىلغىن!»

(بۇخارى: 1885)

3755 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنهُ قَالَ كَانَ الناسُ إِذَا رَأَوْا أَولَ الثمَرِ جَاءُوا بِهِ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِذَا أَخَذَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ اللهُم بَارِكْ لَنَا فِي ثَمَرِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِي مَدِينَتِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِي صَاعِنَا وَبَارِكْ لَنَا فِي مُدنَا اللهُم إِن إِبْرَاهِيمَ عَبْدُكَ وَخَلِيلُكَ وَنَبِيكَ وَإِني عَبْدُكَ وَنَبِيكَ وَإِنهُ دَعَاكَ لِمَكةَ وَإِني أَدْعُوكَ لِلْمَدِينَةِ بِمِثْلِ مَا دَعَاكَ لِمَكةَ وَمِثْلِهِ مَعَهُ قَالَ ثُم يَدْعُو أَصْغَرَ وَلِيدٍ لَهُ فَيُعْطِيهِ ذَلِكَ الثمَرَ.

3755 ـ ئەبۇ ھۈرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر مېۋىلەرنىڭ باش بۇرنىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىلەرنى قولىغا ئېلىپ: «ئى اﷲ! مېۋىلىرىمىزنى بەرىكەتلىك قىلغىن، مەدىنە شەھىرىمىزگە بەرىكەت ئاتا قىلغىن. تارازا ـ مىزانلىرىمىزنىمۇ بەرىكەتلىك قىلغىن. ئى اﷲ! شۈبھىسىزكى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام سېنىڭ قۇلۇڭ، دوستۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭدۇر. مەنمۇ سېنىڭ قۇلۇڭ ۋە پەيغەمبىرىڭمەن. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ساڭا مەككىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن دۇئا قىلدى، مەنمۇ ساڭا ئۇنىڭ دۇئاسىنىڭ ئوخشىشىنى مەدىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن قىلىمەن ۋە مەككىگە ئاتا قىلغىنىڭنىڭ يەنە بىر ھەسسىسىنى مەدىنىگە ئاتا قىلىشىڭنى تىلەيمەن» دەپ دۇئا قىلاتتى. ئاندىن مېۋە ئىگىسىنىڭ ئەڭ كىچىك ئوغلىنى چاقىرىپ، (دۇئا قىلىنغان) مېۋىلەرنى شۇنىڭغا بېرەتتى.

(مۇسلىم: 1373)

3756 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى أَنْقَابِ الْمَدِينَةِ مَلَائِكَةٌ لَا يَدْخُلُهَا الطاعُونُ وَلَا الدجالُ.

3756 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەدىنىنىڭ يول ئېغىزلىرىدا پەرىشتىلەر بار. شۇڭا مەدىنىگە ۋابا ۋە دەججال كىرەلمەيدۇ».

(بۇخارى: 1880)

3757 ـ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ يَأْتِي الْمَسِيحُ مِنْ قِبَلِ الْمَشْرِقِ هِمتُهُ الْمَدِينَةُ حَتى يَنْزِلَ دُبُرَ أُحُدٍ ثُم تَصْرِفُ الْمَلَائِكَةُ وَجْهَهُ قِبَلَ الشامِ وَهُنَالِكَ يَهْلِكُ.

3757 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسىھ (دەججال) شەرق تەرەپتىن چىقىپ، مەدىنىگە كىرمەكچى بولىدۇ ۋە ئۇھۇد تېغىنىڭ ئارقىسىغا چۈشىدۇ. پەرىشتىلەر ئۇنىڭ يۈزىنى شام تەرەپكە بۇرايدۇ ـ دە، ئۇ ئەشۇ يەردە ھالاك بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1380)

3758 - عَنْ أَبِي بَكْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَدْخُلُ الْمَدِينَةَ رُعْبُ الْمَسِيحِ الدجالِ لَهَا يَوْمَئِذٍ سَبْعَةُ أَبْوَابٍ عَلَى كُل بَابٍ مَلَكَانِ.

3758 ـ ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەسىھ (دەججال)نىڭ قورقۇسى مەدىنىگە كىرمەيدۇ، چۈنكى ئۇ زامانلاردا مەدىنىنىڭ يەتتە دەرۋازىسى بولۇپ، ھەر بىر دەرۋازىدا ئىككىدىن پەرىشتە بولىدۇ».

(بۇخارى: 1879)

3759 - عن أنسُ بْنُ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَيسَ مِنْ بَلَدٍ إلا سَيَطَؤُهُ الدجالُ إلا مَكةَ وَالْمَدِينَةَ لَيسَ لَهُ مِنْ نِقَابِهَا نَقْبٌ إلا عَلَيْهِ الْمَلَائِكَةُ صَافِينَ يَحْرُسُونَهَا ثُم تَرْجُفُ الْمَدِينَةُ بِأَهْلِهَا ثَلَاثَ رَجَفَاتٍ فَيُخْرِجُ اللهُ كُل كَافِرٍ وَمُنَافِقٍ.

3759 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «دەججالنىڭ يەر يۈزىدە مەككە ۋە مەدىنەدىن باشقا دەسسىمىگەن يېرى قالمايدۇ. چۈنكى پەرىشتىلەر يول ئېغىزلىرىدا قاتار تىزىلىپ، بۇ ئىككى شەھەرنى قوغدايدۇ. ئاندىن مەدىنە ئۆز خەلقى بىلەن ئۈچ قېتىم تەۋرەپ كېتىدۇ. نەتىجىدە، الله بارلىق كاپىر ۋە مۇناپىقنى سىرتقا (دەججالنىڭ ئارقىسىغا) چىقىرىۋېتىدۇ».

(بۇخارى: 1881)

3760 - عَنْ أنسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ فَذَكَرَ نَحْوَهُ غَيْرَ أنهُ قَالَ فَيَأْتِي سِبْخَةَ الْجُرُفِ فَيَضْرِبُ رِوَاقَهُ وَقَالَ فَيَخْرُجُ إلَيْهِ كُلُّ مُنَافِقٍ وَمُنَافِقَةٍ.

3760 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش ھەدىس سۆزلەپ بەرگەن ۋە يەنە مۇنداق دېگەن: «دەججال جۇرۇف[1] شورلۇقىغا كېلىپ، چېدىر ئۆيلەرنى قۇرىدۇ. ئاندىن بارلىق مۇناپىق ئەر ـ ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدۇ».

(مۇسلىم: 2943)

3761 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "يَا أَهْلَ الْمَدِينَةِ، اذْكُرُوا يَوْمَ الْخَلَاصِ" قَالَهَا ثَلَاثًا، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، وَمَا يَوْمُ الْخَلَاصِ؟ قَالَ: "يَأْتِي الدجالُ حَتى يَنْزِلَ بِذُبَابٍ، فَلَا يَبْقَى بِالْمَدِينَةِ كَافِرٌ، وَلَا كَافِرَةٌ، وَلَا مُشْرِكٌ،

[1] جۇرۇف: مەدىنىدىن تەخمىنەن بىر ـ ئىككى مىل يىراقلىقتىكى جاينىڭ ئىسمى.

وَلا مُشْرِكَةٌ، وَلا مُنَافِقٌ، وَلا مُنَافِقَةٌ، إلا خَرَجُوا إِلَيْهِ فَيَخْلُصُ يَوْمَئِذٍ الْمُؤْمِنُونَ، فَذَلِكَ يَوْمُ الْخَلاصِ".

3761 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى مەدىنە خەلقى! قۇتۇلۇش كۈنىنى ياد ئېتىڭلار! ــ دېدى ۋە بۇ سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئۇلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قۇتۇلۇش كۈنى دېگەن نېمە؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ دەججال زۇباب تېغىغا كېلىپ چۈشىدۇ. مەدىنىنىڭ بارلىق ئەر ـ ئايال كاپىر، مۇشرىك ۋە مۇناپىقلىرى ئۇنىڭ (چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ مەدىنىدىن) قېشىغا چىقىدۇ. شۇندىلا مۇئمىنلەر ئۇلاردىن قۇتۇلىدۇ. ئەنە شۇ كۈن قۇتۇلۇش كۈنىدۇر، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 2186)

3762 - وزاد أحمد: فَيَكُونُ أَكْثَرَ مَنْ يَخْرُجُ إِلَيْهِ النِّسَاءُ .

3762 ـ ئىمام ئەھمەد: «دەججالنىڭ ئالدىغا چىقىدىغانلارنىڭ كۆپرەكى ئاياللاردۇر» دېگەن ئىبارىنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان[2].

(ئەھمەد: 5330)

3763- عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَبْلُغُ الْمَسَاكِنُ إِهَابَ أَوْ يَهَابَ قَالَ زُهَيْرٌ قُلْتُ لِسُهَيْلٍ فَكَمْ ذَلِكَ مِنْ الْمَدِينَةِ قَالَ كَذَا وَكَذَا مِيلًا.

3763 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەدىنىنىڭ ئۆيلىرى ئىھاب (ياكى يەھاب) دېگەن يەرگىچە يېتىپ بارىدۇ» دېگەن.

[1] ھەيسەمى (5830): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5829): بۇ ھەدىسنىڭ بىر قىسمى بۇخارى بىلەن سەھىھ مۇسلىمدا رىۋايەت قىلىنغان، ـ دېگەن.

زۇھەيىر مۇنداق دەيدۇ: مەن سۇھەيلدىن ئۇ يەرنىڭ مەدىنىدىن قانچىلىك يىراقلىقتا ئىكەنلىكىنى سورىسام، ئۇ:

ـ بىر قانچە مىل يىراقلىقتا، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 2903)

3764 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ آخِرُ قَرْيَةٍ مِنْ قُرَى الْإِسْلَامِ خَرَابًا الْمَدِينَةُ.

3764 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئىسلام شەھەرلىرىدىن ئەڭ ئاخىرىدا ۋەيران بولىدىغىنى مەدىنەدۇر» دېدى[1].

(تىرمىزى: 3919)

3765 - عَنْ سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيبِ أَن أَبَا هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ يَتْرُكُونَ الْمَدِينَةَ عَلَى خَيْرِ مَا كَانَتْ لَا يَغْشَاهَا إِلا الْعَوَافِ يُرِيدُ عَوَافِيَ السبَاعِ وَالطيْرِ وَآخِرُ مَنْ يُحْشَرُ رَاعِيَانِ مِنْ مُزَيْنَةَ يُرِيدَانِ الْمَدِينَةَ يَنْعِقَانِ بِغَنَمِهِمَا فَيَجِدَانِهَا وَحْشًا حَتى إِذَا بَلَغَا ثَنِيةَ الْوَدَاعِ خَرا عَلَى وُجُوهِهِمَا.

3765 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان:

«مەدىنە خەلقى مەدىنىنى ياخشىلىق ئۈستىدە تاشلاپ كېتىدۇ ۋە مەدىنىدە ئوزۇق ئىزدەپ يۈرىدىغان يىرتقۇچ ھايۋان ۋە قۇشلاردىن باشقا ھېچنېمە قالمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، توپلىنىدىغان مۇزەينەلىك ئىككى پادىچى چىقىپ، مەدىنىگە بارماقچى بولىدۇ. ئۇ ئىككىسى قويلىرىنى ھەيدىگەن پېتى يېتىپ كېلىدۇ ۋە مەدىنىنىڭ ئادەمسىز قالغانلىقىنى كۆرىدۇ. ئۇلار ۋەدا داۋىنىغا بارغاندا، يەرگە دۈم چۈشۈپ ئۆلىدۇ».

(بۇخارى: 1874)

[1] ئەلبانى (821): زەئىپ، ـ دېگەن.

3766 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَتُتْرَكَن الْمَدِينَةُ عَلَى أَحْسَنِ مَا كَانَتْ حَتى يَدْخُلَ الْكَلْبُ أَوْ الذئْبُ فَيُغَذي عَلَى بَعْRِ سَوَارِي الْمَسْجِدِ أَوْ عَلَى الْمِنْبَرِ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ فَلِمَنْ تَكُونُ الثمَارُ ذَلِكَ الزمَانَ قَالَ لِلْعَوَافِي الطيْرِ وَالسبَاعِ.

3766 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مەدىنە ئەڭ ياخشى ۋاقتىدا تەرك ئېتىلىدۇ. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارىدۇكى، ئىت ـ بۆرىلەر مەسجىدكە كىرىپ، ئۇنىڭ تۈۋرۈكلىرىگە ياكى مۇنبەرگە سىيىپ قويىدۇ ـ دېدى. ساھابىلار:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ چاغدا، مېۋىلەر كىمگە قالىدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋابەن:

ـ ياۋايى ھايۋان ۋە قۇشلارغا قالىدۇ ـ دېدى.

(مالىك: 1643)

3767 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْإِيمَانَ لَيَأْرِزُ إِلَى الْمَدِينَةِ كَمَا تَأْرِزُ الْحَيةُ إِلَى جُحْرِهَا.

3767 – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خۇددى يىلان ئۇۋىسىغا يىغىلغاندەك، ئىمانمۇ مەدىنىگە يىغىلىدۇ».

(بۇخارى: 1886)

3768 - عَنْ جَابِرِ بْنِ سَمُرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِن اللهَ تَعَالَى سَمى الْمَدِينَةَ طَابَةَ.

3768 ـ جابىر ئىبنى سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ: «ھەقىقەتەن، اللە مەدىنەنى ''تابە'' (پاك شەھەر) دەپ ئاتىدى» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

(مۇسلىم: 1385)

3769 - عَنِ الْبَرَاءِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ سَمى الْمَدِينَةَ يَثْرِبَ فَلْيَسْتَغْفِرْ اللهَ عَز وَجَل هِيَ طَابَةُ هِيَ طَابَةُ.

3769 ـ بەرا ئىبنى ئازىب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى مەدىنىنى ''يەسرىب'' دەپ ئاتىسا، اللەتىن كەچۈرۈم سورىسۇن. چۈنكى ئۇنىڭ ئىسمى ''تابە'' دۇر، ئۇنىڭ ئىسمى''تابە'' دۇر» دېدى[1].

(ئەھمەد: 18048؛ مەۋسىلى)

3770 - عن سعد: لما رجع رسول اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ من تبوك تلقاه رجال من المتخلفين من المؤمنين, فأثاروا غبارا, فخمر من كان معه أنفه فأزال اللثام عن وجهه فقال: والذى نفسى بيده إن غبارها شفاء من كل داء: وأراه ذكره من الجذام والبرص.

3770 ـ سەئدنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەبۇك غازىتىدىن قايتقاندا، ئۇرۇشقا چىقماي مەدىنىدە قېلىپ قالغان بىر بۆلۈك مۆئمىنلەر ئۇنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئالدىغا چىقتى. يولدىن چاڭ ـ توزاڭ كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەمراھلىقىدىكى بەزى كىشىلەر بۇرۇنلىرىنى ئېتىۋالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يۈزىنى ئېتىۋالغان نەرسىنى قايرىۋېتىپ: «جېنىم ئىلكىدە بولغان اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەدىنەنىڭ چاڭ توزىنى ھەر قانداق كېسەلگە شىپا بولىدۇ» دېدى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەنچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم موخو كېسىلى بىلەن ئاق كېسەلنى كۆزدە تۇتقان بولۇشى مۇمكىن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

---

[1] ھەيسەمى (5784): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3771 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْقَاسِمِ أن أَسْلَمَ مَوْلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ أَخْبَرَهُ أنهُ زَارَ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَياشٍ الْمَخْزُومِي فَرَأى عِنْدَهُ نَبِيذًا وَهُوَ بِطَرِيقِ مَكةَ فَقَالَ لَهُ أَسْلَمُ إِن هَذَا الشرَابَ يُحِبهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَحَمَلَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عَياشٍ قَدَحًا عَظِيمًا فَجَاءَ بِهِ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ فَوَضَعَهُ فِي يَدَيْهِ فَقَربَهُ عُمَرُ إِلَى فِيهِ ثُم رَفَعَ رَأْسَهُ فَقَالَ عُمَرُ إِن هَذَا لَشَرَابٌ طَيبٌ فَشَرِبَ مِنْهُ ثُم نَاوَلَهُ رَجُلًا عَنْ يَمِينِهِ فَلَما أَدْبَرَ عَبْدُ اللهِ نَادَاهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَقَالَ أَأَنْتَ الْقَائِلُ لَمَكةُ خَيْرٌ مِنْ الْمَدِينَةِ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ فَقُلْتُ هِيَ حَرَمُ اللهِ وَأَمْنُهُ وَفِيهَا بَيْتُهُ فَقَالَ عُمَرُ لَا أَقُولُ فِي بَيْتِ اللهِ وَلَا فِي حَرَمِهِ شَيْئًا ثُم قَالَ عُمَرُ أَأَنْتَ الْقَائِلُ لَمَكةُ خَيْرٌ مِنْ الْمَدِينَةِ قَالَ فَقُلْتُ هِيَ حَرَمُ اللهِ وَأَمْنُهُ وَفِيهَا بَيْتُهُ فَقَالَ عُمَرُ لَا أَقُولُ فِي حَرَمِ اللهِ وَلَا فِي بَيْتِهِ شَيْئًا ثُم انْصَرَفَ.

3771 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى قاسىم مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئازادگەردىسى ئەسلەم ماڭا مۇنداق سۆزلەپ بەردى: مەككىنىڭ يولىدا كېتىۋېتىپ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئەيياش مەخزۇمىنى يوقلاپ ئۆتتۈم. ئۇنىڭ يېنىدىكى خورما شەربىتىنى كۆرۈپ:

ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بۇ شەربەتنى بەكمۇ ياخشى كۆرىدۇ، ـ دېدىم. ئەييياش يوغان قاچىدىن بىرگە شەربەت تولدۇرۇپ، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئېلىپ كەلدى. ھەزرىتى ئۆمەر قاچىنى قولىغا ئېلىپ، بۇرنىغا يېقىنلاشتۇردى ـ دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ:

ــ ئېسىل شەربەت ئىكەن، ـ دېدى ۋە ئازراق ئىچىپ، ئوڭ تەرىپىدىكى ئادەمگە بەردى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئەييياش مەخزۇمى قايتماقچى بولۇپ، ئارقىغا بۇرۇلغانىدى، ھەزرىتى ئۆمەر ئۇنى چاقىرىپ:

ــ سەن مەككىنىڭ مەدىنەدىنمۇ خەيرلىكرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ:

ـ مەن مەككىنىڭ اللہ تائالانىڭ ھەرەمى ئىكەنلىكىنى، اللہنىڭ ئۇ يەرنى ”بىخەتەر يۇرت“ قىلغانلىقىنى ۋە اللہنىڭ ئۆيىنىڭمۇ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنى ئېيتتىم، ـ دېدى. ئۆمەر ئىبنى خەتتاب:

ــ مەن ئۇلۇغ اﷲنىڭ ئۆيى ۋە ھەرەمى توغرۇلۇق گەپ قىلمىدىم. سەن مەككىنىڭ مەدىنىدىنمۇ خەيرلىكرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتتىڭمۇ؟ ـ دېدى. ئابدۇللاھ:

ــــ مەن پەقەت مەككىنىڭ اﷲ تائالانىڭ ھەرەمى ئىكەنلىكىنى، اﷲنىڭ ئۇ يەرنى "بىخەتەر يۇرت" قىلغانلىقىنى ۋە اﷲنىڭ ئۆيىنىڭمۇ شۇ يەردە ئىكەنلىكىنىلا ئېيتتىم، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ يەنە:

ــ مەن ئۇلۇغ اﷲنىڭ ئۆيى ۋە ھەرەمى توغرۇلۇق گەپ قىلمىدىم، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، چىقىپ كەتتى.

(مالىك: 1654)

3772 - عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "افْتُتِحَتِ الْبِلادُ بِالسَّيْفِ، وَافْتُتِحَتِ الْمَدِينَةُ بِالْقُرْآنِ".

3772 ــ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«باشقا شەھەرلەر قىلىچ بىلەن، مەدىنە بولسا، قۇرئان بىلەن فەتھە قىلىندى»[1].

(بەززار: 1180)

3773 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "الْمَدِينَةُ قُبَّةُ الإِسْلامِ، وَدَارُ الإِيمَانِ، وَأَرْضُ الْهِجْرَةِ، وَمُبَوَّأُ الْحَلالِ وَالْحَرَامِ".

3773 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «مەدىنە ـ ئىسلامنىڭ گۈمبىزى، ئىماننىڭ ۋەتىنى، ھىجرەت يۇرتى، ھالال ۋە ھارام ئېنىق بېكىتىلگەن جايدۇر»[2].

(«ئەلئەۋسەت»: 1/124/1)

---

[1] ھەيسەمى (5776): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى زۇبالە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5777): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىيسا ئىبنى مىينا قالۇن ئىسىملىك ھەدىسى ھەسەن بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3774 - عن رافع بن خديج انه كان جالسا عند منƎ مروان بن اΣكـم ηكـة ومروان Ƹطب الناس فذكر مروان مكة وفضلها وƁ يذكر اƫدينة فوجد رافع في نفسه من ذلك وكان قد أسن فقام إليه فقال أين هذا اƫتكلم أراك قد أطنبت في مكة وذكرت فيها فضلا وما سكت عنه من فضلها أكثر وƁ تذكر اƫدنية وأشهد لسمعت رسول الله صلى الله عليه وسلم يقول اƫدينة خير من مكة.

3774 ـ رافىئ ئىبنى خەدىجدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مەككىدە مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ مۇنبىرىنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى، مەرۋان بولسا، مۇنبەر ئۈستىدە جامائەتكە خۇتبە ئوقۇۋاتاتتى. ئۇ خۇتبىسىدە مەككىنى تىلغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتتى، لېكىن مەدىنە ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدى. بۇ ئەھۋال رافىئنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان ئىدى. رافىئ ئورنىدى تۇرۇپ:

ــ مەككىنى ماختىدىڭ ۋە ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى ساناپ ئۆتتۈڭ. لېكىن (مەككىنىڭ پەزىلەتلىرى ھەققىدە) سانىمىغانلىرىڭ ساناپ ئۆتكەنلىرىڭدىنمۇ كۆپتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەدىنە ھەققىدە ھېچنېمە دېمىدىڭ. گۇۋاھلىق بېرىمەنكى، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەدىنە مەككىدىنمۇ خەيرلىكرەكتۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 4450)

3775 - عَنِ الْعَباسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ، قَالَ: خَرَجْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنَ الْمَدِينَةِ، فَالْتفَتَ إِلَيْهَا، فَقَالَ: "إِن اللهَ قَدْ برأَ هَذِهِ الْجَزِيرَةَ مِنَ الشـرْكِ" وفي رواية: "إِن اللهَ قَدْ طَهرَ هَذِهِ الْقَرْيَةَ مِنَ الشرْكِ، إِنْ لَمْ تُضِلهُمُ النجُومُ.

3775 ـ ئابباس ئىبنى ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن

[1] ھەيسەمى (5778): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرراھمان ئىبنى رەداد ئىسىملىك بىرى بار. ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىگە بىرلىككە كەلگەن، ـ دېگەن.

بىللە مەدىنىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتۇق، ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ (مەدىنىگە قاراپ): «الله ھەقىقەتەن بۇ جەزىرىنى شېرىكتىن ئادا ـ جۇدا قىلدى» دېدى.

يەنە بىر رىۋايەتتە: «مۇنەججىملەر بۇ شەھەر خەلقىنى ئازدۇرۇپ كەتمىسىلا، الله بۇ شەھەرنى شېرىكتىن پاك قىلدى» دەپ كەلگەن[1].

(مەۋسىلى: 6714؛ بەززار؛ «ئەلكەبىر»)

3776 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "مَنْ كَانَ لَهُ بِالْمَدِينَةِ أَصْلٌ، فَلْيَسْتَمْسِكْ بِهِ، وَمَنْ لَمْ يَكُنْ لَهُ بِهَا أَصْلٌ، فَلْيَجْعَلْ لَهُ بِهَا أَصْلا، فَلَيأْتِين عَلَى الناسِ زَمَانٌ يَكُونُ الذِي لَيسَ لَهُ بِهَا أَصْلٌ كَالْخَارِجِ مِنْهَا الْمُجْتَازِ إِلَى غَيْرِهَا".

3776 ـ سەھل ئىبنى سەئدتىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«كىمنىڭ مەدىنىدە جەمەتى بولسا، شۇ جەمەتىگە مەھكەم ئېسىلسۇن (يەنى ئۇ جەمەتىدىن ئايرىلمىسۇن). مەدىنىدە جەمەتى بولمىغان كىشى ئۆزى ئۈچۈن جەمەت تۇتۇشقا تىرىشسۇن. چۈنكى ئىنسانلارنىڭ بېشىغا شۇنداق بىر زامانلار كېلىدۇكى، مەدىنىدە جەمەتى بولمىغان كىشى ئۇ يەردىن باشقا يەرگە چىقىپ كەتكۈچىلەر قاتارىدىن سانىلىدۇ»[2].

(«ئەلكەبىر»: 6027)

[1] ھەيسەمى (5781): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە قەيس ئىبنى رەبىئ ئىسىملىك بىرى بار. شۇئبە ۋە سەۋرى ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، بىر قىسىم ئۆلىمالار ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەبۇ يەئلانىڭ قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5790): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، ئۇلارغا سەلبىي باھا بەرمىگەن، ـ دېگەن.

3777 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ: أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ "نَهَى عَنْ آطَامِ الْمَدِينَةِ أَنْ تُهْدَمَ".

3777 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنەنىڭ سېپىللىرىنى ئۆرۈشتىن توستى[①].

(بەززار: 1189)

3778 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، أَنّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "مَنْ غَابَ عَنِ الْمَدِينَةِ ثَلاثَةَ أَيامٍ، جَاءَهَا وَقَلْبُهُ مُشَربٌ جَفْوَةً.

3778 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىم مەدىنىدىن ئۈچ كۈن ئايرىلسا، قەلبى ھەسرەتكە تولغان ھالدا (ئۇنىڭغا) قايتىپ كېلىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[②].

(«ئەلئەۋسەت»: 880)

3779 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ إِنهَا أَرْضٌ قَلِيلَةُ الْمَطَرِ قَالَ يَعْنِي الْمَدِينَةَ.

3779 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەدىنە ھەقىقەتەن يامغۇر ئاز ياغىدىغان يەر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم[③].

(ئەھمەد: 9342؛ «ئەلئەۋسەت»)

---

[①] ھەيسەمى (5789): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەسەن ئىبنى يەھيا ئىسىملىك ناتونۇش بىرى بار. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (5839): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەلقەمە ئىبنى ئەلى ئىسىملىك ناتونۇش بىرى بار. قالغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (6250): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

3780 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ سَاعِدَةَ، أَنَّ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَـالَ: " مَـنْ كَانَتْ لَهُ غَنَمٌ فَلْيَسْرِ بِهَا عَنِ الْمَدِينَةِ، فَإِن الْمَدِينَةَ أَقَلُّ أَرْضِ اللهِ مَطَرًا".

3780 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى سائىدە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«كىمنىڭ قويلىرى بولسا، (ئوتلىتىش ئۈچۈن) مەدىنەنىڭ سىرتىغا ئېلىپ چىقىپ كەتسۇن. چۈنكى مەدىنە ئۇلۇغ اﷲنىڭ زېمىنىدىكى يامغۇر ئەڭ ئاز ياغىدىغان يەر»[1].

(«ئەلكەبىر»)

---

[1] ھەيسەمى (6260): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان ئىبنى مەسمۇل ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدى، ئۇنى زىيارەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە مەدىنىنىڭ بەلگىلىك ئورۇنلىرى

3781 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ لَا تُشَد الرحَالُ إِلا إِلَى ثَلَاثَةِ مَسَاجِدَ مَسْجِدِ الْحَرَامِ وَمَسْجِدِي هَذَا وَمَسْجِدِ الْأَقْصَى.

3781 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«پەقەت مۇنۇ ئۈچ مەسجىدنى زىيارەت قىلىش (ياكى ئۇلاردا ناماز ئوقۇش) ئۈچۈنلا سەپەرگە چىقىلىدۇ. ئۇلار: مەسجىدى ھەرەم، مېنىڭ بۇ مەسجىدىم ۋە مەسجىدى ئەقسا»[1].

(تىرمىزى: 326)

3782 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "لا تُشَـد الرحَالُ إِلا إِلَى ثَلاثَةِ مَسَاجِدَ: مَسْجِدِ الْخَيْفِ، وَمَسْجِدِ الْحَرَامِ، وَمَسْجِدِي هَذَا".

3782 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«پەقەت مۇنۇ ئۈچ مەسجىدنى زىيارەت قىلىش (ياكى ئۇلاردا ناماز ئوقۇش) ئۈچۈنلا سەپەرگە چىقىلىدۇ. ئۇلار: مەسجىدى خەيف[2]، مەسجىدى ھەرەم ۋە مېنىڭ بۇ مەسجىدىم»[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

---

[1] ئەلبانى (269): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] مەسجىدى خەيف: مىنادىكى مەسجىد.

[3] ھەيسەمى (5852): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە خەيسەم ئىبنى مەرۋان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

3783 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صَلَاةٌ فِي مَسْجِدِي هَذَا خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ صَلَاةٍ فِيمَا سِوَاهُ إلا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ.

3783 – ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇشۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر ناماز ھەرەم مەسجىدىدىن باشقا ھەر قانداق مەسجىدتە ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ئەۋزەلدۇر».

(بۇخارى: 1190)

3784 - وزاد في رواية: فَإِني آخِرُ الْأَنْبِيَاءِ وَإِن مَسْجِدِي آخِرُ الْمَسَاجِدِ.

3784 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنۇ ئىبارە قوشۇپ نەقىل قىلىنغان: «چۈنكى مەن پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىمەن، مېنىڭ مەسجىدىمۇ مەسجىدلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر».

(مۇسلىم: 1394)

3785 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بن الزبَيْرِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلَاةٌ فِي مَسْجِدِي هَذَا أَفْضَلُ مِنْ أَلْفِ صَلَاةٍ فِيمَا سِوَاهُ مِنْ الْمَسَاجِدِ إلا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ وَصَلَاةٌ فِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ أَفْضَلُ مِنْ مِائَةِ صَلَاةٍ فِي هَذَا.

3785 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر ناماز مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ئەۋزەلدۇر، مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان بىر ناماز بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان يۈز نامازدىن ئەۋزەلدۇر»[1].

(ئەھمەد: 15685)

[1] ھەيسەمى (5858): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ـ دېگەن.

3786 – وفي رواية: صلاة في مسجدي هذا أفضل من ألف صلاة فيما سـواه إلا المسجد الحرام وصلاة في المسجد الحرام فانه يزيد عليه مائة.

3786 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر ناماز مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ئەۋزەل، مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان بىر ناماز مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان نامازدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق»[1].

(بەززار: 425)

3787 - عن عَبْدَ اللهِ بن الزبَيْرِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ: "صَلاةٌ فِي مَسْجِدِي هَذَا أَفْضَلُ مِنْ أَلْفِ صَلاةٍ فِيمَا سِوَاهُ، إلا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ، وَصَـلاةٌ فِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ أَفْضَلُ مِنْ صَلاةٍ فِي مَسْجِدِي بِأَلْفِ صَلاةٍ".

3787 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيردىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر ناماز مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ئەۋزەل، مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان بىر ناماز مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ئەۋزەل»[2].

(«ئەلكەبىر»)

3788 - عَنْ جَابِرٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ صَلَاةٌ فِي مَسْـجِدِي أَفْضَلُ مِنْ أَلْفِ صَلَاةٍ فِيمَا سِوَاهُ إلا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ وَصَلَاةٌ فِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ أَفْضَلُ مِنْ مِائَةِ أَلْفِ صَلَاةٍ فِيمَا سِوَاهُ.

3788 ـ جابىردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

---

[1] ھەيسەمى (5858): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5865): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

«مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر ناماز مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ئەۋزەل، مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان بىر ناماز باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان يۈز مىڭ نامازدىن ئەۋزەل»[①].

(ئىبنى ماجە: 1406)

3789 - عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "صَلَاةٌ فِي مَسْجِدِي هَذَا خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ صَلَاةٍ فِيمَا سِوَاُه مِنَ الْمَسَاجِدِ إِلا الْمَسْجِدَ الْحَرَامَ".

3789 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر ناماز مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ياخشىراق» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[②].

(مەۋسىلى: 4691)

3790 - عن أŷ سعيد اǐدرى قال ودع رسول الله صلى الله عليه وسلم رجلا قال أين قال أريد بيت اţقدس فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم صلاة في مسجدي هذا أفضل من مائة صلاة فيما سواه إلا اţسجد اΣرام.

3790 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىرەيلەننى ئۇزىتىپ قويۇپ:

ـ نەگە بارماقچى بولۇۋاتىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

ـــ بەيتۇلمۇقەددەسكە بارماقچىمەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[①] ئەلبانى (1155): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (5861): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

ــ مېنىڭ بۇ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر ناماز مەسجىدى ھەرەمدىن باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان يۈز نامازدىنمۇ ئەۋزەل، ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 1165)

3791 - عَنْ الأَرْقَمِ قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ: صَلاةٌ هَهُنا خَيْرٌ مِنْ أَلْفِ صَلاةٍ ثَم.

3791 ــ ئەرقەمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«بۇ يەردە (مەسجىدى ھەرەمدە) ئوقۇلغان بىر ناماز ئۇ يەردە (يەنى مەسجىدى ئەقسادا) ئوقۇلغان مىڭ نامازدىن ياخشىراق»[2].

(«ئەلكەبىر»: 907)

3792 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ دَخَلْتُ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فِي بْيتِ بَعْضِ نِسَائِهِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَي الْمَسْجِدَيْنِ الذِي أُسسَ عَلَى التقْوَى قَالَ فَأَخَذَ كَفًا مِنْ حَصْبَاءَ فَضَرَبَ بِهِ الْأَرْضَ ثُم قَالَ هُوَ مَسْجِدُكُمْ هَذَا لِمَسْجِدِ الْمَدِينَةِ.

3792 ــ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىدىن بىرىنىڭ ھۇجرىسىدا ئىكەن. مەن ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ:

ــ ئى اللهنىڭ رەسۇلى! ئىككى مەسجىدتىن قايسىسى (ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان) تەقۋا ئۈستىگە قۇرۇلغان؟ ـ دەپ سورىدىم. ئۇ بىر سىقىم شېغىل تاشنى ئېلىپ يەرگە چاچقاندىن كېيىن، مەدىنە مەسجىدىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ــ سىلەرنىڭ مۇشۇ مەسجىدىڭلار، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1398)

---

[1] ھەيسەمى (5868): بۇ ھەدىس ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. ئەبۇ يەئلا يەنە بىر سەنەد بىلەن ئائىشەدىن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بۇنىڭ راۋىيلىرىمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5863): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ سەنەدىدە يەھيا ئىبنى ئىمران ئىسىملىك بىرى بار. ئەبۇ ھاتەم ئۇ كىشىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكىنى ئېيتقان. تەبەرانىنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3793 - عَنْ ابْنِ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ عَنْ أَبِيهِ قَالَ تَمَارَى رَجُلَانِ فِي الْمَسْجِدِ الَّذِي أُسِّسَ عَلَى التَّقْوَى مِنْ أَوَّلِ يَوْمٍ فَقَالَ رَجُلٌ هُوَ مَسْجِدُ قُبَاءَ وَقَالَ الْآخَرُ هُوَ مَسْجِدُ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ هُوَ مَسْجِدِي هَذَا.

3793 ـ ئىبنى ئەبۇ سەئىد خۇدرى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئىككى ئادەم (ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان) دەسلەپكى كۈندىن ئېتىبارەن تەقۋا ئۈستىگە قۇرۇلغان مەسجىد توغرىسىدا دەتالاش قىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى:

ـ ئۇ مەسجىدى قۇبا، ـ دېسە، يەنە بىرى:

ـ ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇشۇ مەسجىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ مۇنازىرىنى ئاڭلاپ:

ـ ئۇ، مېنىڭ مۇشۇ مەسجىدىمدۇر، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 697)

3794 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ صَلَاةُ الرَّجُلِ فِي بَيْتِهِ بِصَلَاةٍ وَصَلَاتُهُ فِي مَسْجِدِ الْقَبَائِلِ بِخَمْسٍ وَعِشْرِينَ صَلَاةً وَصَلَاتُهُ فِي الْمَسْجِدِ الَّذِي يُجَمَّعُ فِيهِ بِخَمْسِ مِائَةِ صَلَاةٍ وَصَلَاتُهُ فِي الْمَسْجِدِ الْأَقْصَى بِخَمْسِينَ أَلْفِ صَلَاةٍ وَصَلَاتُهُ فِي مَسْجِدِي بِخَمْسِينَ أَلْفِ صَلَاةٍ وَصَلَاةٌ فِي الْمَسْجِدِ الْحَرَامِ بِمِائَةِ أَلْفِ صَلَاةٍ.

3794 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ:

«كىشىنىڭ ئۆز ئۆيىدە ئوقۇغان نامىزىغا بىر قېتىم ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى؛ مەھەللە مەسجىدىدە ئوقۇغان نامىزىغا 25 قېتىم ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى؛ يۇرتنىڭ چوڭ مەسجىدىدە ئوقۇغان نامىزىغا 500 قېتىم ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى؛ مەسجىدى ئەقسادا ئوقۇغان نامىزىغا 50 مىڭ قېتىم ناماز ئوقۇغاننىڭ ساۋابى؛ مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇغان نامىزىغا 50 مىڭ قېتىم ناماز ئوقۇغاننىڭ

[1] ئەلبانى (673): سەھىھ ـ دېگەن.

ساۋابى؛ مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇغان نامىزىغا 100 مىڭ قېتىم ناماز ئوقۇغانىنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 1413)

3795 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ مَنْ صَلى فِي مَسْجِدِي أَرْبَعِينَ صَلَاةً لَا يَفُوتُهُ صَلَاةٌ كُتِبَتْ لَهُ بَرَاءَةٌ مِنْ النارِ وَنَجَاةٌ مِنْ الْعَذَابِ وَبَرِئَ مِنْ النفَاقِ.

3795 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىم مېنىڭ مەسجىدىمدە ھېچبىر نامازنىڭ ۋاقتىنى كېچىكتۈرمىگەن ھالدا 40 ۋاقىت ناماز ئادا قىلسا، ئۇنىڭغا جەھەننەمدىن قۇتۇلۇش ۋە ئازابقا دۇچار بولماسلىق يېزىۋېتىلىدۇ ھەم ئۇ نىپاقتىن نېرى قىلىنىدۇ»[2].

(ئەھمەد: 12173؛ «ئەلئەۋسەت»)

3796 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا بَيْنَ بَيْتِي وَمِنْبَرِي رَوْضَةٌ مِنْ رِيَاضِ الْجَنةِ وَمِنْبَرِي عَلَى حَوْضِي.

3796 ـ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھۇجرام بىلەن مۇنبىرىمنىڭ ئارىسى جەننەت باغچىلىرىدىن بىرىدۇر، مۇنبىرىم كۆلۈم (ھەۋزى كەۋسەر)نىڭ ئۈستىدىدۇر».

(بۇخارى: 1888)

3797 - عَنْ أُم سَلَمَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن قَوَائِمَ مِنْبَرِي هَذَا رَوَاتِبُ فِي الْجَنةِ

---

[1] ئەلبانى (299): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5878): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، تەبەرانى ۋە تىرمىزى (بىر قىسمىنى) رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3797 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇنبىرىمنىڭ پۇتلىرى دەسسىگەن جاي جەننەتتىندۇر»[1].

(نەسائى: 696)

3798 - عن سعد بن أŶ وقا Ĩ أن الن̈F صلى الله عليه وسلم قال ما بين بيG ومنـƎى (أو قƎي ومنƎي) روضة من رياض اϩنة.

3798 - سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ھۇجرام بىلەن مۇنبىرىم (ياكى قەۋرەم بىلەن مۇنبىرىم)نىڭ ئارىسى جەننەت باغچىلىرىدىن بىرىدۇر»[2].

(بەززار: 1195؛ «ئەلئەلكەبىر»)

3799 - عن أŶ سعيد اĺدرى أن رسول الله صلى الله عليه وسلم قـال منـƎى على ترعة من ترع اϩنة وما بين اţ̈Ǝ وبيت عائشة روضة من رياض اϩنة.

3799 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇنبىرىم جەننەت دەرۋازىلىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر. مۇنبىرىم بىلەن ئائىشەنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئارىسى جەننەت باغچىلىرىدىن بىرىدۇر»[3].

(«ئەلئەۋسەت»)

3800 - عَنْ عَائِشَةَ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ، قَالَ: "إِن فِي الْمَسْجِدِ لُبقْعَةً قْبلَ هَذِهِ الْأَسْطُوَانِةِ، لَوْ يَعْلَمُ الناسُ مَا صَلوْا فِيهَا إلا أَنْ يُطَيرَ لَهُمْ فِيهَا قُرْعَةٌ"، وَعِنْدَهَا جَمَاعَةٌ

[1] ئەلبانى (672): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5884): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (5888): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

مِنْ أَصْحَابِهِ، وَأَبْنَاءِ الْمُهَاجِرِينَ، فَقَالُوا: يَا أُمَّ الْمُؤْمِنِينَ، وَأَيْنَ هِيَ؟ فَاسْتَعْجَمَتْ عَلَيْهِمْ، فَمَكَثُوا عِنْدَهَا سَاعَةً، ثُمَّ خَرَجُوا، وَثَبَتَ عَبْدُ اللهِ بْنُ الزُّبَيْرِ، فَقَالُوا: إِنَّهَا سَتُخْبِرُهُ بِذَلِكَ الْمَكَانِ، فَأَرْمَقُوهُ فِي الْمَسْجِدِ حَتَّى يَنْظُرُوا حَيْثُ يُصَلِّي، فَخَرَجَ بَعْدَ سَاعَةٍ، فَصَلَّى عِنْدَ الْأُسْطُوَانَةِ الَّتِي صَلَّى إِلَيْهَا ابْنُهُ عَامِرُ بْنُ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزُّبَيْرِ، وَقِيلَ لَهَا: أُسْطُوَانَةُ الْقُرْعَةِ، قَالَ عَتِيقٌ: ”وَهِيَ الْأُسْطُوَانَةُ الَّتِي وَاسِطَةٌ بَيْنَ الْقَبْرِ وَالْمِنْبَرِ، عَنْ يَمِينِهَا إِلَى الْمِنْبَرِ أُسْطُوَانَتَيْنِ، وَبَيْنَهَا وَبَيْنَ الْمِنْبَرِ أُسْطُوَانَتَيْنِ، وَبَيْنَهَا وَبَيْنَ الرَّحْبَةِ أُسْطُوَانَتَيْنِ، وَهِيَ وَاسِطَةٌ بَيْنَ ذَلِكَ، وَهِيَ تُسَمَّى: أُسْطُوَانَةُ الْقُرْعَةِ“.

3800 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەسجىدنىڭ مۇشۇ تۈۋرۈكى ئۇدۇلىدا بىر ئورۇن باركى، مۇسۇلمانلار ئۇ يەرنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلسە ئىدى، شۇ ئورۇندا ناماز ئوقۇش ئۈچۈن چەك تاشلاشقان بولاتتى» دېگەنلىكىنى نەقىل قىلىدى. ئۇنىڭ يېنىدا بىر توپ ساھابە بىلەن بىر قىسىم مۇھاجىرلارنىڭ بالىلىرى بار ئىدى. ئۇلار:

ـــ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى! ئۇ يەر قەيەر؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇلارغا ئوچۇق ئىپادە بىلدۈرمىدى. ئۇلار ئائىشەنىڭ قېشىدا بىرەر سائەتتەك ئولتۇرغاندىن كېيىن چىقىپ كەتتى، لېكىن ئىبنى زۇبەير قېلىپ قالدى. ئۇلار:

ـ شۇ ئورۇننى ئىبنى زۇبەيرگە ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن، ـ دەپ ئويلاشتى ۋە ئۇنىڭ قەيەردە ناماز ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن مەسجىدكە كىرىپ، ئۇنى ساقلاشقا باشلىدى. ئىبنى زۇبەير بىر ۋاقىتتىن كېيىن چىقىپ، مەسجىدكە كىردى ۋە ئوغلى ئامىر ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير قاراپ ناماز ئوقۇغان تۈۋرۈكنىڭ قېشىدا ناماز ئوقۇدى. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئۇ تۈۋرۈك ”چەك تاشلاش تۈۋرۈكى“ دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى.

ئەتىق (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: ئۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى بىلەن مۇنبىرى ئارىسىدىكى تۈۋرۈكتۇر. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن مۇنبەرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئىككى تۈۋرۈك، ئۇنىڭ بىلەن مۇنبەر ئارىسىدا ئىككى تۈۋرۈك، ئۇنىڭ بىلەن ھويلا ئارىسىدا ئىككى تۈۋرۈك بار بولۇپ،

ئۇ مۇشۇ تۇۋرۇكلەرنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا ئىدى ۋە ”چەك تاشلاش تۇۋرۇكى“ دەپ ئاتىلاتتى[1].

(«ئەلئەۋسەت»: 866)

3801 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: ”مَنْ زَارَ قَبْرِي وَجَبَتْ لَهُ شَفَاعَتِي“.

3801ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىم مېنىڭ قەبرەمنى زىيارەت قىلسا، ئۇنىڭغا مېنىڭ شاپائىتىم ۋاجىب بولىدۇ» دېگەن[2].

(بەززار: 1198)

3802 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: ”مَنْ حَج فَزَارَ قَبْرِي بَعْدَ مَوْتِي كَانَ كَمَنْ زَارَنِي فِي حَيَاتِي“.

3802 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن ھەج قىلىپ، مېنىڭ قەبرەمنى زىيارەت قىلسا، مېنى ھايات ۋاقتىمدا زىيارەت قىلغانغا ئوخشاش بولىدۇ»[3].

(«ئەلكەبىر»: 13497؛ «ئەلئەۋسەت»)

3803 - عَنْ عَلِي بْنِ حُسَيْنٍ، أَنهُ رَأَى رَجُلًا يَجِيءُ إِلَى فُرْجَةٍ كَانَتْ عِنْدَ قَبْرِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَيَدْخُلُ فِيهَا فَيَدْعُو، فَنَهَاهُ، فَقَالَ: أَلا أُحَدثُكُمْ حَدِيثًا سَمِعْتُهُ

[1] ھەيسەمى (5891): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇئەللىپ بۇ يەردە قىسقارتىپ نەقىل قىلغان، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5841): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى ئىبراھىم غەففارى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (5843): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەفس ئىبنى ئەبۇ داۋۇد ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، بەزىلەر ئۇنىڭ ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان، ـ دېگەن.

مِنْ أَبِي، عَنْ جَدي، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ: "لا تَتخِذُوا قَبْرِي عِيدًا، وَلا بُيوتَكُمْ قُبورًا، فَإِن تَسْلِيمَكُمْ يَبْلُغُنِي أَيْنَمَا كُنْتُمْ".

3803 ـ ئەلى ئىبنى ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كىشىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قەبرىسى يېنىدىكى بىر ئازگالغا كىرىۋېلىپ دۇئا قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۇنىداق قىلىشتىن توسۇپ:

— مەن سىلەرگە چوڭ دادام (ئەلى) دىن ئاڭلىغان مۇنداق بىر ھەدىسنى سۆزلەپ بېرەي. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مېنىڭ قەبرەمنى ھېيتگاھ قىلىۋالماڭلار، ئۆز ئۆيۈڭلارنى قەبرىستانلىقتا ئايلاندۇرۇپ قويماڭلار. شۈبھىسىزكى، مەيلى قەيەردە بولۇشۇڭلاردىن قەتئىينەزەر، ئوقۇغان ھەر بىر دۇرۇد ۋە سالاملىرىڭلار ماڭا يېتىدۇ» دېگەنىكەن، ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 469)

3804 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يَزُورُ قُبَاءً رَاكِبًا وَمَاشِيًا.

3804 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇبانى بەزىدە ئۇلاغلىق، يەنە بەزىدە پىيادە زىيارەت قىلاتتى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1399)

3805 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَأْتِي مَسْجِدَ قُبَاءٍ رَاكِبًا وَمَاشِيًا فَيُصَلي فِيهِ رَكْعَتَيْنِ.

[1] ھەيسەمى (5847): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جەئفەر ئىبنى ئىبراھىم جەئفەرى ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم ئۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن بولسىمۇ، سەلبىي باھا بەرمىگەن. قالغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3805 ـ ئىبنــى ئــۆمەر رەزىيەللاھــۇ ئەنھۇمــا يەنە مۇنــداق دەيــدۇ: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەســەللەم قۇبا مەسجىدىگە ئۇلاغلىق ياكى پىيادە كېلەتتى ۋە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇيتتى.

(مۇسلىم: 1399)

3806 - عَنْ أُسَيْدَ بْنَ ظُهَيْرٍ الْأَنصَارِي وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحَدثُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الصلَاةُ فِي مَسْجِدِ قُبَاءٍ كَعُمْرَةٍ.

3806 ـ ساھابىلەردىن ئۇسەيد ئىبنى زۇھەير ئەنسارى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «قۇبا مەسجىدىدە ئوقۇلغان نامازغا ئۆمرە قىلغاننىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 324)

3807 - عَنْ جَابِرِ بن سَمُرَةَ، قَالَ: لَما سَأَلَ أَهْلُ قُبَاءٍ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَبْنِيَ لَهُمْ مَسْجِدًا، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "لِيَقُومَ بَعْضُكُمْ فَيَرْكَبَ النَاقَةَ"، فَقَامَ أَبو بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، فَرَكِبَهَا، فَحَركَهَا، فَلَمْ تَنْبَعِثْ، فَرَجَعَ فَقَعَدَ فَقَامَ عُمَرُ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، فَرَكِبَهَا، فَحَركَهَا، فَلَمْ تَنْبَعِثْ، فَرَجَعَ فَقَعَدَ، ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لأَصْحَابِهِ: "لِيَقُومَ بَعْضُكُمْ فَيَرْكَبَ النَاقَةَ"، فَقَامَ عَلِي رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، فَلَما وَضَعَ رِجْلَهُ فِي غَرْزِ الركَابِ، وَثَبَتَ بِهِ، قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "يَا عَلِي إِرْخِ زِمَامَهَا وَابْنُوا عَلَى مَدَارِهَا فَإِنهَا مَأْمُورَةٌ".

3807ـ جابىر ئىبنى سەمۇرەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: قۇبا ئەھلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزلىرى ئۈچۈن مەسجىد سېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

[1] ئەلبانى (267): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ بىرىڭلار تۆگىگە مىنىسۇن! ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىگە مىنىپ، ھەيدىمەكچى بولدى. لېكىن تۆگە ھەرىكەت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ بەكرى تۆگىدىن چۈشۈپ جايىغا ئولتۇردى. ئاندىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىگە مىنىپ، ھەيدىمەكچى بولدى. ئەمما تۆگە يەنە ھەرىكەت قىلمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇمۇ قايتىپ كېلىپ جايىغا ئولتۇردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە بىر قېتىم:

ــ بىرىڭلار تۆگىگە مىنىپ، ھەيدىسۇن! ــ دېدى. بۇ قېتىم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ تۆگىگە مىنىپ ھەيدىمەكچى بولدى ۋە پۇتىنى ئۈزەڭگىگە قويۇپ چىڭ ئولتۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى ئەلى! تۆگىنىڭ چۇلۋۇرنى بوش قويۇپ بەرگىن! ــ دېدى. ئاندىن باشقىلارغا:

ـــ تۆگە ئايلىنىپ كېلىپ توختىغان يەرگە مەسجىد سېلىڭلار، چۈنكى تۆگە مەسجىد سېلىنغان ئورۇننى كۆرسىتىشكە بۇيرۇلغان، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 2033)

3808 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: " أُحُدُ رُكْنٌ مِنْ أَرْكَانِ الْجَنةِ".

3808 - سەھل ئىبنى سەئدتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇھۇد (تېغى) جەننەت رۇكنى (بۇلۇڭ)لىرىدىن بىرىدۇر»[2].

---

[1] ھەيسەمى (5897): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى يەئلا ئەسلەمى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5911): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇللاھ ئىبنى جەئفەر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

(مەۋسىلى: 7516)

3809 - عَنْ أَنسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ إِن أُحُـدًا جَبَلٌ يُحِبنَا وَنُحِبهُ.

3809 - ئەنەس ئىبنى مالىكتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۇھۇد شۇنداق بىر تاغكى، ئۇ بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز».

(مۇسلىم: 1393)

3810 - وزاد في الأوسط: فَإِذَا جِئْتُمُوهُ فَكُلُوا مِنْ شَجَرِه، وَلَوْ مِنْ عِضَاهِهِ".

3010 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر ئۇھۇد تېغىغا كېلىپ قالساڭلار، ئۇنىڭ دەرەخىدىن (بىر نەرسىلەر) يەڭلار. ئەڭ بولمىغاندا تىكەنلىرىدىن بولسىمۇ يەڭلار!»[①]

(«ئەلئەۋسەت»: 1926)

3811 - عُثْمَانُ بْنُ إِسْحَاقَ بْنِ أَبِي عَبْسِ بْنِ جَبْرٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَدِهِ أَبِي عَبْسٍ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ، قَالَ: "أُحُدٌ جَبَلٌ يُحِبنَا وَنُحِبهُ ، إِنهُ عَلَى بَابٍ مِنْ أَبْوَابِ الْجَنةِ، وَعِيرٌ جَبَلٌ يُبْغِضُنَا وَنُبْغِضُهُ، وَهُوَ عَلَى بَابٍ مِنْ أَبْوَابِ النارِ".

3811 ـ ئوسمان ئىبنى ئىسهاق ئىبنى ئەبۇ ئەبس ئىبنى جەبىر دادىسى ئارقىلىق بوۋىسى ئەبۇ ئەبستىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئۇھۇد تېغى بىزنى ياخشى كۆرىدۇ، بىزمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمىز. ئۇ، جەننەتنىڭ ئىشىكلىرىدىن بىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر. ئەير تېغى بولسا،

[①] ھەيسەمى (5913): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كەسىر ئىبنى زەيد ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام ئەھمەد ئۇنى ئىشەنچلىك دەپ قارىسا، باشقىلار ئۇنىڭغا ھەر خىل باھا بەرگەن. ـ دېگەن.

بىزنى يامان كۆرىدۇ، بىزمۇ ئۇنى يامان كۆرىمىز. ئۇ، جەھەننەمنىڭ ئىشىكلىرىدىن بىرىنىڭ ئاستىدىدۇر»①.

(بەززار: 1199)

3812 – سَهْلِ ابن سَعْدِ "أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ صَلى عَلَى ذُبَابٍ". قَالَ أُبو الْقَاسِمِ: بَلَغَنِي أَن ذُبَابَ جَبَلٌ بِالْحِجَازِ، وَقَوْلُهُ صَلى عَلَيْهِ يَعْنِي بَارَكَ عَلَيْهِ.

3812 ـ سەھل ئىبنى سەئد مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىجاز زېمىنىدىكى زۇباب ئىسىملىك تاغقا بەرىكەت تىلەپ دۇئا قىلدى②.

(«ئەلكەبىر»: 5712)

3813 - عن عروة بن الزبير أن عائشة أخبرته أنها سمعت النبي صلى الله عليه وسلم يقول بطحان على بركة من برك الجنة.

3813 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ماڭا ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇتھان (ۋادىسى) جەننەتتىكى كۆللەردىن بىرىنىڭ ئۈستىدىدۇر» دېگەن③.

(بەززار: 1200)

3814 - عن أبْنَ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قال إنهُ سَمِعَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُـولُ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِوَادِي الْعَقِيقِ يَقُولُ أَتَانِي اللَّيْلَةَ آتٍ مِنْ رَبي فَقَالَ صَل فِي هَذَا الْوَادِي الْمُبَارَكِ وَقُلْ عُمْرَةً فِي حَجةٍ

① ھەيسەمى (5912): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلمەجىد ئىبنى ئەبۇ ئەبەس ئىسىملىك بىر بار، ـ دېگەن.

② ھەيسەمى (5915): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئابدۇلمۇھەيمىن ئىبنى ئابباس ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (5918): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

3814 ـ ئىبنى ئاbباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئەقىق ۋادىسىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «بۇ كېچە پەرۋەردىگارىم تەرەپتىن بىرى كېلىپ، ماڭا: بۇ مۇبارەك جىلغىدا ناماز ئوقۇغىن ۋە: ’’ھەج ئىچىدە ئۆمرەگە نىيەت قىلدىم‘‘ دېگىن! ـ دېدى».

(بۇخارى: 1534)

3815 - قَالَ مَالِكٌ لَا يَنْبَغِي لِأَحَدٍ أَنْ يُجَاوِزَ الْمُعَرسِ إِذَا قَفَلَ رَاجِعًا إِلَى الْمَدِينَةِ حَتى يُصَليَ فِيهَا مَا بَدَا لَهُ لِأَنهُ بَلَغَنِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَرسَ بِهِ.

3815 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەدىنىگە قايتىپ كېلىۋاتقان ھەرقانداق كىشى مۇئەررەس دېگەن يەردە چامىنىڭ يېتىشىچە ناماز ئوقۇپ ئۆتسۇن. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ شۇ يەردە قونۇپ (ۋە ناماز ئوقۇپ) ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2045)

3816 - عن سَعْدِ بن خَيْثَمَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: رَأَيْتُ كَأَن رَحْمَةً وَقَعَتْ بَيْنَ بني سَالِمٍ وَبَيْنَ بني بَيَاضَةَ، فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، أَفَنَنْتَقِلُ إِلَى مَوْضِعِهَا؟ قَالَ: لا، وَلَكِنِ اقْبُرُوا فِيهَا، فَقَبَرُوا فِيهَا مَوْتَاهُمْ.

3816 ـ سەئد ئىبنى خەيسەمە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بەنى سالىم قەبىلىسى بىلەن بەنى بەياز قەبىلىسىنىڭ ئوتتۇرىسى (دىكى جاي)غا رەھمەت چۈشكەنلىكىنى كۆرگەندەك بولدۇم، ـ دېدى. ساھابىلار:

[1] ئەلبانى (1799): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ رەھمىتى چۈشكەن يەرگە كۆچمەيلىمۇ؟ ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق (كۆچمەڭلار)، لېكىن ئۆلۈكلىرىڭلارنى شۇ يەردە دەپنە قىلساڭلار بولىدۇ، ـ دېدى. ئۇلاردىن بىرەسى ۋاپات بولسا، شۇ يەرگە دەپنە قىلىناتتى[1].

(«ئەلكەبىر»: 5416)

3817 - قَالَتْ أُم قَيْسٍ: لَوْ رَأَيْتَنِي وَرَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم آخذ بيدي في سكة من سكك المدينة، ما فيها بيت حتى انتهى إلى بقيع الغرقد، فقال لي: يَا أُم قَيْسٍ. قُلْتُ: لَبَّيْكَ وَسَعْدَيْكَ يَا رَسُولَ اللهِ. قَالَ: لَتَرَيِن هَذِهِ الْمَقْبَرَةَ يَبْعَثُ اللهُ مِنْهَا سَبْعِينَ أَلْفًا يَوْمَ الْقِيَامَةِ عَلَى صُورَةِ الْقَمَرِ لَيْلَةَ الْبَدْرِ، يَدْخُلُونَ الْجَنةَ بِغَيْرِ حِسَابٍ. فَقَامَ عُكاشَةُ، فَقَالَ: وَأَنَا يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: وَأَنتَ. فَقَامَ آخِرُ، فَقَالَ: وَأَنَا يَا رَسُولَ اللهِ؟ قَالَ: سَبَقَكَ بِهَا عُكاشَةُ.

3817 ـ ئۇممۇ قەيستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىنىڭ ئۆي يوق كوچىلىرىدىن بىرىدە قولۇمدىن تۇتقان پېتى كېتىۋاتاتتى. باقى مازارلىقىغا كەلگەندە:

ــ ئى ئۇممۇ قەيس! ـ دېدى. مەن:

ــ خىزمىتىڭگە ھازىرمەن ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا خىزمەت قىلىشنى بەخت دەپ بىلىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ قىيامەت كۈنىدە بۇ قەبرىستانلىقتىن 70 مىڭ كىشىنى يۈزلىرى تولۇن ئايدەك نۇرلۇق ھالدا تۇرغۇزغانلىقىنى ۋە ھېسابسىزلا جەننەتكە كىرگۈزگەنلىكىنى كۆرىسەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۇككاشە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەنچۇ (مەنمۇ شۇلاردىنمۇ)؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ھەيسەمى (5907): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى يەئقۇب ئىبنى مۇھەممەد زۆھرى ھەققىدە ھەر خىل باھالار بېرىلگەن، ـ دېگەن.

ـــ سەنمۇ (شۇلارنىڭ قاتارىدىن بولىسەن)، ـ دېدى. يەنە بىر ساھابىمۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەنچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇككاشە سەندىن چاققان چىقتى، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 181/25)

[1] ھەيسەمى (5908): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ماڭا ناتونۇش بىرى بار، ـ دېگەن.

## قۇربانلىق قىلىش

3818 - عن أبي سعيد قال قال رسول الله صلى الله عليه وسلم: يا فاطمة قومي إلى أضحيتك فاشهديها فان لك بكل قطرة تقطر من دمها أن يغفر لك ما سلف من ذنوبك قالت يا رسول الله صلى الله عليه وسلم ألنا خاصة أهل البيت أولنا وللمسلمين قال بل لنا وللمسلمين.

3818 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ـ ئى فاتىمە! قۇربانلىقىڭ بوغۇزلىنىۋاتقاندا، سەنمۇ يېنىدا تۇرغىن. چۈنكى قۇربانلىقتىن ئاققان ھەر بىر تامچە قان ئۈچۈن الله ئۆتكەن گۇناھلىرىڭنى مەغپىرەت قىلىدۇ، ـ دېدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ، بىز ئەھلى بەيت ئۈچۈنلا خاسمۇ ياكى بىز ۋە بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن شۇنداقمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەم بىز ھەم بارلىق مۇسۇلمانلار ئۈچۈن (شۇنداق)، ـ دېدى[1].

(بەززار: 1202)

3819 - وللكبير والأوسط بضعف نحوه عن عمران بن حصين، وزاد: وَقُولي: إن صَلاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلهِ.

3819 – ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىنمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: مېنىڭ نامىزىم،

---

[1] ھەيسەمى (5934): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتىيە ئىبنى قەيس ئىسىملىك ھەر خىل باھالار بېرىلگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم (دۇنيادا قىلغان ياخشىلىقلىرىم ۋە تائەت ـ ئىبادەتلىرىم) ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر[①] دېگىن! ـ دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان[②].

(«ئەلكەبىر»: 239/18)

3820 - عَنِ ٱبنِ عَباسٍ، رفَعَهُ: فِي يَوْمِ أَضْحَى، مَا عَمِلَ ٱبْنُ آدَمَ فِي هَذَا الْيَوْمِ، أَفْضَلَ مِنْ دَمٍ يُهَرَاقُ، إلا أَنْ يَكُونَ رَحِمًا مَقْطُوعَةً تُوصَلُ.

3820 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «قۇربان ھېيت كۈنى، ئارىسى ئۈزۈلۈپ قالغان ئۇرۇق ـ تۇغقاننى يوقلاشنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئىنسانلار ئۈچۈن قۇربانلىق قىلىشتىنمۇ ئەۋزەل ئىش يوق»[③].

(«ئەلكەبىر»: 10948)

3821 - عَنْ مِخْنَفِ بْنِ سُلَيْمٍ قَالَ كُنا وُقُوفًا مَعَ النبِي بِعَرَفَاتٍ فَسَمِعْتُهُ يَقُولُ يَا أَيهَا الناسُ عَلَى كُل أَهْلِ بَيْتٍ فِي كُل عَامٍ أُضْحِيةٌ وَعَتِيرَةٌ هَلْ تَدْرُونَ مَا الْعَتِيرَةُ هِيَ التِي تُسَمونَهَا الرجَبِيةَ.

3821ـ مىخنەف ئىبنى سۇلەيم مۇنداق دەيدۇ: ئەرافاتتا پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە تۇراتتۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئى خالايىق! (كۆچى يەتكەن) ھەر بىر ئائىلە يىلدا بىر قېتىم قۇربانلىق ۋە ئەتىرە قىلىشى كېرەك. سىلەر ئەتىرەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئەتىرە ـ سىلەر ”رەجەبىيە“ دەپ ئاتىۋالغان

① سۈرە ئەنئام، 162 ـ ئايەت.

② ھەيسەمى (5938): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ ھەمزە سەمالى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

③ ھەيسەمى (5939): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەسەن ئىبنى يەھيا خۇشەنى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

(يەنى رەجەب ئېيىنىڭ ھۆرمىتىگە ئاتاپ بوغۇزلىغان) قۇربانلىقتۇر»
دېدى[①].

(تىرمىزى: 1518)

3822 - عَنْ جَبَلَةَ بْنِ سُحَيْمٍ أن رَجُلًا سَأَلَ ابْنَ عُمَرَ عَنْ الْأُضْحِيَةِ أَوَاجِبَةٌ هِيَ فَقَالَ ضَحى رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلمَ الْمُسْلِمُونَ فَأَعَادَهَا عَلَيْهِ فَقَالَ أَتَعْقِلُ ضَحى رَسُولُ الله وَالْمُسْلِمُونَ.

3822 ـ جەبەلە ئىبنى سۇھەيم مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئۆمەر ئىبنى خەتتابتىن:

ـ قۇربانلىق قىلىش ۋاجىپمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە مۇسۇلمانلار قۇربانلىق قىلغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ كىشى يەنە سورىغانىدى، ھەزرىتى ئۆمەر:

ـــ "پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە مۇسۇلمانلار قۇربانلىق قىلغان" دېگىنىمنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟! ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 1506)

3823 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ أَقَامَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم بِالْمَدِينَةِ عَشْرَ سِنِينَ يُضَحي.

3823 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە تۇرغان 10 يىل بويىچە قۇربانلىق قىلغان[③].

(تىرمىزى: 1507)

[①] ئەلبانى (1225): سەھىھ ـ دېگەن.
[②] ئەلبانى (260): زەئىپ، ـ دېگەن.
[③] ئەلبانى (261): زەئىپ، ـ دېگەن.

3824 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم قَالَ مَنْ كَانَ لَهُ سَعَةٌ وَلَمْ يُضَح فَلَا يَقْرَبن مُصَلَانَا.

3824 ـ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىمكانىيىتى يار بېرىپ تۇرۇپ قۇربانلىق قىلمىغانلار مەسجىدىمىزگە يېقىنلاشمىسۇن!»[①]

(ئىبنى ماجە: 3123)

3825 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْعَا ا ـِ أَن النبي صلى الله عليه وسـلم قَـالَ أُمِرْتُ بِيَوْمِ الْأَضْحَى عِيدًا جَعَلَهُ اللهُ عَز وَجَل لِهَذِهِ الْأُمةِ قَالَ الرجُلُ أَرَأَيتَ إِنْ لَمْ أَجِدْ إِلا أُضْحِيةً أُنثَى أَفَأُضَحي بِهَا قَالَ لَا وَلَكِنْ تَأْخُذُ مِنْ شَعْرِكَ وَأَظْفَارِكَ وَتَقُص شَارِبَكَ وَتَحْلِقُ عَانَتَكَ فَتِلْكَ تَمَامُ أُضْحِيتِكَ عِنْدَ اللهِ عَز وَجَل.

3825 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەن قۇربانلىق كۈنى ھېيت قىلىشقا بۇيرۇلدۇم. الله تائالا بۇ كۈننى ئىسلام ئۈممىتىگە ھېيت كۈنى قىلىپ بەردى، ـ دېدى. شۇ يەردىكى كىشىلەردىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئەگەر چىشى مالدىن باشقىسىنى تاپالمىسام، شۇنى قۇربانلىق قىلامدىم؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق. لېكىن چېچىڭنى ياسىتىپ، تىرنىقىڭنى ئالىسەن. بۇرۇتۇڭنى قىسقارتىسەن ۋە ئەۋرەتلىرىڭنى تازىلايسەن. ئەنە شۇنداق قىلساڭ، الله ئالدىدىكى قۇربانلىقىڭ تولۇق ئادا بولغان بولىدۇ، ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2789)

3826 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ لَمْ يَكُنْ يُضَحي عَما فِي بَطْنِ الْمَرْأَةِ.

---

[①] ئەلبانى (2532): ھەسەن، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (595): زەئىپ، ـ دېگەن.

3826ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما قورساقتىكى بالىنىڭ نامىغا قۇربانلىق قىلمايتتى.

(مالىك: 1053)

3827 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم فِي سَفَرٍ فَحَضَرَ الْأَضْحَى فَاشْتَرَكْنا فِي الْبَقَرَةِ سَبْعَةً وَفِي الْبَعِيرِ عَشَرَةً.

3827 ـ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە سەپەردە ئىدۇق، ھېيت كۈنى كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، بىر كالىنى يەتتە كىشى، بىر تۆگىنى ئون كىشى شېرىكلىشىپ قۇربانلىق قىلدۇق[1].

(تىرمىزى: 1501)

3828 - عَنْ عُمَارَةَ بْنِ صَيادٍ أن عَطَاءَ بْنَ يَسَارٍ أَخْبَرَهُ أن أَبَا أَيوبَ الْأَنْصَارِي أَخْبَرَهُ قَالَ كُنا نُضَحي بِالشاةِ الْوَاحِدَةِ يَذْبَحُهَا الرجُلُ عَنْهُ وَعَنْ أَهْلِ بَيْتِهِ ثُم تَبَاهَى الناسُ بَعْدُ فَصَارَتْ مُبَاهَاةً.

3828 ـ ئەممار ئىبنى سەييادنىڭ ئەتا ئىبنى يەساردىن رىۋايەت قىلىشىچە، ئەبۇ ئەييۇب ئەنسارى مۇنداق دېگەن: بۇرۇن ھەم ئۆزىمىز ھەم ئائىلىمىز ئۈچۈن بىر قوي قۇربانلىق قىلاتتۇق. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، كىشىلەر (بىردىن كۆپ) قۇربانلىق قىلىش ئارقىلىق پەخىرلىنىدىغان بولۇپ قالدى ۋە قۇربانلىق (كىشىلەرنىڭ) پەخىرلىنىش ئوبيېكتىسىغا ئايلىنىپ قالدى.

(مالىك: 1050)

3829 - عَنْ ابن عمر قال: لا يشترك في النسك الجماعة إنما يكون ذلك في أهل البيت الواحد فقط.

3829 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر

[1] ئەلبانى (1214): سەھىھ ـ دېگەن.

قۇربانلىققا جامائەت ئىچىدىن بىر قانچە كىشى شېرىك بولالمايدۇ، ئەمما جەمەت (ئائىلە) ئىچىدىن (بىر قانچە كىشى) شېرىك بولسا بولىدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3830 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم خَيْرُ الْأُضْحِيَةِ الْكَبْشُ وَخَيْرُ الْكَفَنِ الْحُلة.

3830 ـ ئەبۇ ئۇمامەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇربانلىقنىڭ ياخشىسى قوچقار؛ كېپەنلىكنىڭ ياخشىسى (پۈتۈن بەدەننى يۆگەپ تۇرىدىغان ئۇزۇن ۋە كەڭ) توندۇر»[1].

(تىرمىزى: 1517)

3831 - عَنْ جَابِرٍ قال نَحَرَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ نِسَائِهِ بَقَرَةً فِي حَجِتِهِ.

3831 ـ جابىر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەج قىلغان يىلى ئاياللىرى ئۈچۈن بىر كالا قۇربانلىق قىلدى.

(مۇسلىم: 1319)

3832 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ ذَبَحَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ عَائِشَةَ بَقَرَةً يَوْمَ النحْرِ.

3832 ـ جابىر يەنە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت كۈنى ئايالى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۈچۈن بىر كالا قۇربانلىق قىلدى.

(مۇسلىم: 1319)

[1] ئەلبانى (263): زەئىپ. ـ دېگەن.

3833 - عَنْ حَنَشٍ قَالَ رَأَيْتُ عَلِيًّا يُضَحِّي بِكَبْشَيْنِ فَقُلْتُ لَهُ مَا هَذَا فَقَالَ إِنَّ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم أَوْصَانِي أَنْ أُضَحِّيَ عَنْهُ فَأَنَا أُضَحِّي عَنْهُ.

3833 ـ ھەنەش مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئىككى قوچقار قۇربانلىق قىلغىنىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى سورىسام، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى ئۈچۈنمۇ قۇربانلىق قىلىشىمنى ۋەسىيەت قىلغانىدى، شۇڭا ئۇنىڭ نامىدا قۇربانلىق قىلىۋاتىمەن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2790)

3834 - عَنْ أَبِي كِبَاشٍ قَالَ جَلَبْتُ غَنَمًا جُذْعَانًا إِلَى الْمَدِينَةِ فَكَسَدَتْ عَلَيَّ فَلَقِيتُ أَبَا هُرَيْرَةَ فَسَأَلْتُهُ فَقَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم يَقُولُ نِعْمَ أَوْ نِعْمَتِ الْأُضْحِيَةُ الْجَذَعُ مِنْ الضَّأْنِ قَالَ فَانْتَهَبَهُ النَّاسُ.

3834 ـ ئەبۇ كىباش مۇنداق دەيدۇ: مەن مەدىنىگە (سېتىش ئۈچۈن) بىر توپ تۆل ئېلىپ كەلدىم، لېكىن بازىرىم بەكمۇ كاسات بولدى. شۇ ئارىدا، ئەبۇ ھۇرەيرە بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە سورىدىم. ئەبۇ ھۇرەيرە:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «تۆل نېمىدېگەن ياخشى قۇربانلىق ـ ھە؟!» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى. بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغان خەلق تۆللىرىمنى بەس ـ بەس بىلەن سېتىۋالدى[2].

(تىرمىزى: 1499)

3835 - عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللَّهِ صلى الله عليه وسلم وَأَشَارَ بِأَصَابِعِهِ وَأَصَابِعِي أَقْصَرُ مِنْ أَصَابِعِ رَسُولِ اللَّهِ يُشِيرُ بِأُصْبُعِهِ يَقُولُ لَا يَجُوزُ مِنْ الضَّحَايَا الْعَوْرَاءُ الْبَيِّنُ عَوَرُهَا وَالْعَرْجَاءُ الْبَيِّنُ عَرَجُهَا وَالْمَرِيضَةُ الْبَيِّنُ مَرَضُهَا وَالْعَجْفَاءُ الَّتِي لَا تُنْقِي.

[1] ئەلبانى (596): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (258): زەئىپ، ـ دېگەن.

3835 ـ بەرا ئىبنى ئازىب مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بارماقلىرى بىلەن ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ (مەنمۇ بارماقلىرىم بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، لېكىن مېنىڭ بارماقلىرىم ئۇنىڭكىدىن قىسقىراق) مۇنداق دېدى:

«بىر كۆزى كور، توكۇر ياكى كېسەل ئىكەنلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرغان ۋە يىلىكى قۇرۇپ كەتكەن (ئورۇق) قويلارنى قۇربانلىق قىلىش جائىز ئەمەس»[1].

(نەسائى: 4371)

3836 - عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم أَنْ نَسْتَشْرِفَ الْعَيْنَ وَالْأُذُنَ وَأَنْ لَا نُضَحِّيَ بِمُقَابَلَةٍ وَلَا مُدَابَرَةٍ وَلَا شَرْقَاءَ وَلَا خَرْقَاءَ وعنه مِثْلَهُ وَزَادَ قَالَ الْمُقَابَلَةُ مَا قُطِعَ طَرَفُ أُذُنِهَا وَالْمُدَابَرَةُ مَا قُطِعَ مِنْ جَانِبِ الْأُذُنِ وَالشَّرْقَاءُ الْمَشْقُوقَةُ وَالْخَرْقَاءُ الْمَثْقُوبَةُ.

3836 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى قۇربانلىق ماللارنىڭ كۆز ۋە قۇلاقلىرىغا دىققەت قىلىشقا ۋە قۇلىقىنىڭ ئۇچى ياكى تۈۋى كېسىلگەن، ياكى ئوتتۇرىدىن ئۇزۇنىغا تىلىۋېتىلگەن، ياكى (قۇلىقى) تېشىلگەن مالنى قۇربانلىق قىلماسلىققا بۇيرىدى.[2]

(تىرمىزى: 1498)

3837 - عَنْ يَزِيدَ ذِي مِصْرَ قَالَ أَتَيْتُ عُتْبَةَ بْنَ عَبْدٍ السُّلَمِيَّ فَقُلْتُ يَا أَبَا الْوَلِيدِ إِنِّي خَرَجْتُ أَلْتَمِسُ الضَّحَايَا فَلَمْ أَجِدْ شَيْئًا يُعْجِبُنِي غَيْرَ ثَرْمَاءَ فَكَرِهْتُهَا فَمَا تَقُولُ قَالَ أَفَلَا جِئْتَنِي بِهَا قُلْتُ سُبْحَانَ اللهِ تَجُوزُ عَنْكَ وَلَا تَجُوزُ عَنِّي قَالَ نَعَمْ إِنَّكَ تَشُكُّ وَلَا أَشُكُّ إِنَّمَا نَهَى رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ الْمُصْفَرَةِ وَالْمُسْتَأْصَلَةِ وَالْبَخْقَاءِ وَالْمُشَيَّعَةِ

---

[1] ئەلبانى (4075): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (256 ۋە 257): زەئىپ ـ دېگەن.

وَكِسَرًا وَالْمُصْفَرَةُ الَّتِي تُسْتَأْصَلُ أُذُنُهَا حَتَّى يَبْدُوَ سِمَاخُهَا وَالْمُسْتَأْصَلَةُ الَّتِي اسْتُؤْصِلَ قَرْنُهَا مِنْ أَصْلِهِ وَالْبَخْقَاءُ الَّتِي تُبْخَقُ عَيْنُهَا وَالْمُشَيَّعَةُ الَّتِي لَا تَتْبَعُ الْغَنَمَ عَجَفًا وَضَعْفًا وَالْكَسْرَاءُ الْكَسِيرَةُ.

3837 ـ يەزىد زۇ مىسرى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۇقبە ئىبنى ئابدۇسۇلەمىنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ــ ئى ئەبۇ ۋەلىد! مەن قۇربانلىق ئىزدەپ چىققانىدىم، چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن بىر قېرى قويدىن باشقا ئەرزىگۈدەك بىر نەرسە تاپالمىدىم. قانداق قىلسام بولار؟ ـ دېدىم. ئۇ:

ــ ماڭا ئەكىلىپ بەرگەن بولساڭچۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ سۇبھانالالاھ! ماڭا دۇرۇس بولمايدۇ ـ يۇ، ساڭا دۇرۇس بولامدۇ؟ ـ دېدىم. ئۇ:

ــ توغرا دېدىڭ، چۈنكى سەن شەك قىلىسەن، مەن شەك قىلمايمەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى قۇلىقى پۈتۈنلەي كېسىۋېتىلگەن، مۈڭگۈزى تۈۋىدىن چىقىرىۋېتىلگەن، كۆزى قويۇلۇپ كەتكەن، ئاجىزلىقىدىن پادىغا ئەگىشىپ ماڭالمايدىغان، پۈتى سۇنۇپ كەتكەن مالنى قۇربانلىق قىلىشتىن توسقانىدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2803)

3838 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ قَالَ ابْتَعْنَا كَبْشًا نُضَحِّي بِهِ فَأَصَابَ الذِّئْبُ مِنْ أَلْيَتِهِ أَوْ أُذُنِهِ فَسَأَلْنَا النَّبِيَّ صلى الله عليه وسلم فَأَمَرَنَا أَنْ نُضَحِّيَ بِهِ.

3838 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن بىر تۇياق قوچقار سېتىۋالدۇق، ئۇنىڭ قۇيرۇقىنى (ياكى قۇلىقىنى) بۆرە چىشلىۋالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇنى قۇربانلىق قىلساق بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى سورىغاندۇق، ئۇنى قۇربانلىق قىلىشىمىزغا

[1] ئەلبانى (599): زەئىپ، ـ دېگەن.

بۇيرۇدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3146)

3739 - عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ ضَحى خَالٌ لِي يُقَالُ لَهُ أَبُو بُرْدَةَ قَبْلَ الصَّلَاةِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم شَاتُكَ شَاةُ لَحْمٍ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن عِنْدِي دَاجِنًا جَذَعَةً مِنْ الْمَعَزِ قَالَ اذْبَحْهَا وَلَنْ تَصْلُحَ لِغَيْرِكَ ثُم قَالَ مَنْ ذَبَحَ قَبْلَ الصَّلَاةِ فَإِنمَا يَذْبَحُ لِنَفْسِهِ وَمَنْ ذَبَحَ بَعْدَ الصَّلَاةِ فَقَدْ تَم نُسُكُهُ وَأَصَابَ سُنةَ الْمُسْلِمِين.

3839 ـ بەرا ئىبنى ئازىب مۇنداق دەيدۇ: تاغام ئەبۇ بۇردە قۇربانلىق مېلىنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بوغۇزلىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىنىڭ قويۇڭ قۇربانلىق بولماي، گۆش بوپتۇ، ـ دېدى. ئەبۇ بۇردە:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەندە يېشىغا توشمىغان ئوغلاق بار، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ شۇنى قۇربانلىق قىلغىن، لېكىن سەندىن باشقىلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا بولمايدۇ، ـ دېدى. ئاندىن سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ــ كىمكى قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بوغۇزلايدىكەن، ئۇ ئۆزى يېيىش ئۈچۈن بوغۇزلانغان مالغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ھېيت نامىزىدىن كېيىن بوغۇزلىغانلار قۇربانلىقنى تولۇق ئادا قىلغان ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئادىتىگە ئۇيغۇن ئىش قىلغان بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5556)

3840 - عَنْ الْبَرَاءِ بْنِ عَازِبٍ قَالَ خَطَبَنَا رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم فِي يَوْمِ نَحْرٍ فَقَالَ لَا يَذْبَحَن أَحَدُكُمْ حَتى يُصَلِّيَ قَالَ فَقَامَ خَالِي فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ هَذَا يَوْمٌ اللحْمُ فِيهِ مَكْرُوهٌ وَإِني عَجلْتُ نُسُكِي لِأُطْعِمَ أَهْلِي وَأَهْلَ دَارِي أَوْ جِيرَانِي قَالَ فَأَعِدْ ذَبْحًا آخَرَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم عِنْدِي عَنَاقُ لَبَنٍ وَهِيَ خَيْرٌ مِنْ شَاتَيْ لَحْمٍ أَفَأَذْبَحُهَا قَالَ نَعَمْ وَهِيَ خَيْرُ نَسِيكَتَيْكَ وَلَا تُجْزِئُ جَذَعَةٌ بَعْدَكَ.

[1] ئەلبانى (679): سەنەدى ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

3840 ـ بەرا ئىبنى ئازىب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت كۈنى بىزگە خۇتبە ئوقۇپ: «ھېيت نامىزى ئوقۇپ بولماستىن قۇربانلىقلارنى بوغۇزلىماڭلار!» دېدى. تاغام ئورنىدىن تۇرۇپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۈگۈن (قۇربانلىق گۆشىنىڭ موللىقىدىن) توقچىلىق بولۇپ كېتىدىغان كۈن. شۇڭا مەن قۇربانلىقىمنى بۈگۈن سەھەردىلا ئائىلەم، جەمەتىم ۋە قوشنىلىرىمنىڭ (بالدۇرراق) ئېغىز تېگىشى ئۈچۈن بوغۇزلىۋەتكەنىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ باشقىنى قۇربانلىق قىلغىن! ـ دېدى. تاغام:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ سۈت ئېمىدىغان بىر ئوغلىقىم بار، ئۇ (نىڭ گۆشى) ئىككى تۇياق قويغا تەڭ كېلىدۇ. شۇنى بوغۇزلايمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بولىدۇ، ئۇ سېنىڭ ئىككى قۇربانلىقىڭنىڭ ئەۋزىلىدۇر. ئەمما سەندىن كېيىن ئوغلاق قۇربانلىق قىلىنسا، (قۇربانلىق) ئادا تاپمايدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1508)

3841 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قال: صَلى بِنَا النبِي يَوْمَ النحْرِ بِالْمَدِينَةِ فَتقَدمَ رِجَالٌ فَنَحَرُوا وَظَنوا أن النبِي صلى الله عليه وسلم قَدْ نَحَرَ فَأَمَرَ النبِي مَنْ كَانَ نَحَرَ قَبْلَهُ أَنْ يُعِيدَ بِنَحْرٍ آخَرَ وَلَا يَنْحَرُوا حَتى يَنْحَرَ النبِي.

3841 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدە ھېيت نامىزىنى ئوقۇپ بەردى. بەزىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى قۇربانلىقىنى بوغۇزلاپ بولدى دەپ ئويلاپ، ئۆزلىرىنىڭ قۇربانلىقلىرىنى نامازدىن بۇرۇن بوغۇزلىۋەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

[1] ئەلبانى (1217): سەھىھ ـ دېگەن.

قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىدىن بۇرۇن بوغۇزلىۋەتكەنلەرنىڭ قايتىدىن قۇربانلىق قىلىشىنى ۋە ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچكىمنىڭ قۇربانلىق مالىنى بوغۇزلىماسلىقىنى ئېيتتى.

(مۇسلىم: 1964)

3842 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن النبيَّ صلى الله عليه وسلم كَانَ يَذْبَحُ أُضْحِيَتَهُ بِالْمُصَلى وَكَانَ ابْنُ عُمَرَ يَفْعَلُهُ.

3842 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىقنى ھېيت نامىزىنى ئوقۇغان يەردە بوغۇزلايتتى. راۋىي: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمامۇ شۇنداق قىلاتتى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2811)

3843 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ قَالَ الْأَضْحَى يَوْمَانِ بَعْدَ يَوْمِ الْأَضْحَى عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ مِثْلُ ذَلِكَ.

3843 ـ نافىئدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: قۇربانلىق ھېيت نامىزى ئوقۇلغان كۈندىن كېيىنكى ئىككى كۈن ئىچىدە بوغۇزلانسىمۇ بولىدۇ، ـ دېگەن.

ئىمام مالىك: ماڭا ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭمۇ مۇشۇنداق دېگەنلىكى يەتتى، ـ دېگەن.

(مالىك: 1052)

3844 - عَنْ عَائِشَةَ أن رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم أَمَرَ بِكَبْشٍ أَقْرَنَ يَطَأُ فِي سَوَادٍ وَيَبْرُكُ فِي سَوَادٍ وَيَنْظُرُ فِي سَوَادٍ فَأُتِيَ بِهِ لِيُضَحيَ بِهِ فَقَالَ لَهَا يَا عَائِشَةُ هَلُمي الْمُدْيَةَ ثُم قَالَ اشْحَذِيهَا بِحَجَرٍ فَفَعَلَتْ ثُم أَخَذَهَا وَأَخَذَ الْكَبْشَ فَأَضْجَعَهُ ثُم ذَبَحَهُ ثُم قَالَ بِاسْمِ

[1] ئەلبانى (2437): ھەسەن، ـ دېگەن.

اللهِ اللهم تَقبلْ مِنْ مُحَمدٍ وَآلِ مُحَمدٍ وَمِنْ أُمةِ مُحَمدٍ ثُم ضَحى بِهِ.

3844 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق ئۈچۈن مۈڭگۈزلۈك، پۇتلىرى، قورساقلىرى ۋە كۆزلىرىنىڭ ئەتراپى قارا قوي كەلتۈرۈشكە بۇيرىدى. شۇنداق قوي كەلتۈرۈلگەندى، ماڭا:

ـ ئى ئائىشە پىچاقنى ئېلىپ كەلگىن! ـ دېدى. ئارقىدىنلا:

ـ ئۇنى بىر تاشقا سۈركەپ بىلىگىن! ـ دېدى. دېگىنىنى قىلدىم. ئاندىن پىچاقنى قولىغا ئېلىپ، قوچقارنى تۇتۇپ ياتقۇزدى ۋە: «اللهنىڭ ئىسمى بىلەن بوغۇزلايمەن. ئى الله! بۇنى مۇھەممەدتىن، مۇھەممەدنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن ۋە بارلىق ئۈممىتىدىن قوبۇل قىلغىن!» دېدى، ئاندىن قوينى بوغۇزلىدى.

(مۇسلىم: 1967)

3845 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ ذَبحَ النبِيُ صلى الله عليه وسلم يَوْمَ الذبْحِ كَبْشَيْنِ أَقْرَنَيْنِ أَمْلَحَيْنِ مُوجَأَيْنِ فَلَما وَجهَهُمَا قَالَ إِني وَجهْتُ وَجْهِيَ لِلذِي فَطَرَ السمَوَاتِ وَالْأَرْضَ عَلَى مِلةِ إِبْرَاهِيمَ حَنِيفًا وَمَا أَنا مِنْ الْمُشْرِكِينَ إِن صَلَاتِي وَنُسُكِي وَمَحْيَايَ وَمَمَاتِي لِلهِ رَب الْعَالَمِينَ لَا شَرِيكَ لَهُ وَبِذَلِكَ أُمِرْتُ وَأَنا مِنْ الْمُسْلِمِينَ اللهُم مِنْكَ وَلَكَ وَعَنْ مُحَمدٍ وَأُمتِهِ بِاسْمِ اللهِ وَاللهُ أَكْبَرُ ثُم ذَبحَ.

3845 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربان ھېيت كۈنى مۈڭگۈزلۈك، چار رەڭلىك، پىچىۋېتىلگەن ئىككى تۇياق قوي بوغۇزلىدى. ئۇلارنى قىبلىگە قارىتىپ ياتقۇزۇپ:

«مەن ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىدىن بولۇپ، ئاسمان ـ زېمىننى يوقتىن بار قىلغان الله تائالاغا يۈزلەندىم. مەن مۇشرىكلاردىن ئەمەسمەن. شۈبھىسىزكى، مېنىڭ نامىزىم، قۇربانلىقىم، ھاياتىم ۋە ماماتىم ھېچ شېرىكى بولمىغان، پۈتۈن ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى الله ئۈچۈندۇر. مەن مۇشۇنىڭغا بۇيرۇلدۇم، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن (يەنى مۇشۇنىڭغا تەسلىم بولدۇم). ئى الله! بۇ، سەن بىزگە ئاتا قىلغان

نىمەتتىۇر. مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئۇممىتى نامىدىمۇ ساڭا قۇربانلىق قىلىنىدۇ. بىسمىللاھى ۋەللاھۇ ئەكبەر» دېدى ۋە قويلارنى بوغۇزلىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2795)

3846 - وفي رواية وَقَالَ بِسْمِ اللهِ وَاللهُ أَكْبَرُ هَذَا عَني وَعَمنْ لَمْ يُضَح مِنْ أُمتِي.

3846 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىسمىللاھى ۋەللاھۇ ئەكبەر. بۇ قۇربانلىق مېنىڭ ۋە قۇربانلىق قىلمىغان ئۈممەتلىرىمنىڭ نامىدىن» دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2810)

3847 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم يُضَحي بِكَبْشٍ أَقْرَنَ فَحِيلٍ يَنْظُرُ فِي سَوَادٍ وَيَأْكُلُ فِي سَوَادٍ وَيَمْشِي فِي سَوَادٍ.

3847 ـ ئەبۇ سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈڭگۈزلۈك، كۆزلىرى، تۇمشۇقى ۋە پۇتلىرى قارا قوچقارنى قۇربانلىق قىلاتتى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2796)

3848 - عن أŷ سعيد أن رسول الله صلى الله عليه وسلم أتى يوم النحر بكبشين أقرنين أملحين فقرب أحدƵا فقال بسم الله منك ولك هذا عن Ţمد وأهل بيته وقـرب اȼخر وقال بسم الله اللهم منك ولك هذا عن من وحدك من أمƠ.

3848 ـ ئەبۇ سەئىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھېيت كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىككى تۇياق مۈڭگۈزلۈك چار قوچقار كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ بىرىنى ياتقۇزۇپ:

[1] ئەلبانى (597): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2436): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2426): سەھىھ ـ دېگەن.

«بىسمىللاھ! بۇ سەندىن ئىدى، مۇھەممەد ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىدىن يەنە ساڭا قايتۇرۇلدى» دېدى. ئاندىن يەنە بىرىنى ياتقۇزۇپ: «بىسمىللاھ! ئى الله! بۇ سەندىن ئىدى، سېنى بىر دەپ بىلگەن ئۇممەتلىرىم نامىدىن يەنە ساڭا قايتۇرۇلدى» دېدى[1].

(بەززار: 1209)

3849 - وللموصلي والكبير والأوسط عن أبي طلحة رضى الله عنه أن النبي صلى الله عليه وسلم قال عند ذبح الثاني: عن من آمن بي وصدقني من أمتي.

3849 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قىلىنغان رىۋايەتتە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىنچى قوچقارنى ياتقۇزۇپ: «بۇ، ئۇممىتىم ئىچىدىن ماڭا ئىشەنگەن ۋە مېنى تەستىقلىغانلارنىڭ نامىدىن...»[2] دېدى.

(مەۋسىلى: 1417؛ «ئەلكەبىر»؛ «ئەلئەۋسەت»)

3850 - عَنْ أَنس بْنُ مَالِكٍ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم يُضَحي بِكَبْشَيْنِ أَمْلَحَيْنِ أَقْرَنَيْنِ وَكَانَ يُسَمي وَيُكَبرُ وَلَقَدْ رَأَيْتُهُ يَذْبَحُهُمَا بِيَدِهِ وَاضِعًا رِجْلَهُ عَلَى صِفَاحِهِمَا.

3850 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈڭگۈزلۈك چار قوچقاردىن ئىككىنى قۇربانلىق قىلاتتى. بوغۇزلاشتىن بۇرۇن: «بىسمىللاھ!» دەيتتى ۋە تەكبىر ئوقۇيتتى. مەن ئۇنىڭ تىزىنى قوچقارلارنىڭ بىقىنىغا نىقتاپ تۇرۇپ، ئۆز قولى بىلەن بوغۇزلىغانلىقىنى كۆردۈم[3].

(نەسائى: 4416)

[1] ھەيسەمى (5970): بۇ ھەدىسنى بەززار مۇشۇ لەۋزى بىلەن رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5973): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (4113): سەھىھ ـ دېگەن.

3851 - عن النعمان بن أﺑﻲ فاطمة أنه اشترى كبشا أقرن أعين وأن النﺒﻲ صلى الله عليه وسلم رآه فقال كأن هذا الكبش الذى ذبح ابراهيم، فعمد رجـل مـن الانصـار فاشترى للنﺒﻲ صلى الله عليه وسلم من هذه الصفة فأخذه النﺒﻲ فضحى به.

3851 - نۇئمان ئىبنى ئەبۇ فاتىمە مۇنداق دەيدۇ: مەن مۈڭگۈزلۈك، كۆزلىرى چوڭ قوچقاردىن بىرنى قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن سېتىۋالدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ:

ــ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام قۇربانلىق قىلغان قوچقارمۇ مۇشۇ قوچقارغا ئوخشايتتى، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئەنسارلاردىن بىرى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قوچقاردىن بىرنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈچۈن سېتىۋالدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ قوچقارنى قۇربانلىق قىلدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

3852 - عن أﺑﻲ موسى: أمر بناته أن يضحين بأيديهن ووضـع القـدم صـفحة الذبيحة والتكبير والتسمية عند الذبح.

3852 ـ ئەبۇ مۇسادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ قىزلىرىنى ئۆز قۇربانلىقلىرىنى ئۆز قوللىرى بىلەن بوغۇزلاشقا، تىزى بىلەن قۇربانلىقنىڭ بېقىنىغا نىقتاپ تۇرۇشقا، بوغۇزلاشتىن بۇرۇن: ‘‘بىسمىللاھ’’ دېيىش ۋە تەكبىر ئوقۇشقا بۇيرىغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3853 - عَنْ ٱبْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ الله صلى الله عليه وسلم نَهَى أَنْ تُؤْكَلَ لُحُـومُ الْأَضَاحِي بَعْدَ ثَلَاثٍ.

3853 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق قىلغان كىشىنىڭ قۇربانلىق گۆشنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشنى توسقان.

(مۇسلىم: 1970)

[1] ھەيسەمى (5978): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

3854 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ وَاقِدٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم عَنْ أَكْلِ لُحُومِ الضحَايَا بَعْدَ ثَلَاثٍ قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ أَبِي بَكْرٍ فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِعَمْرَةَ فَقَالَتْ صَدَقَ سَمِعْتُ عَائِشَةَ تَقُولُ دَفَّ أَهْلُ أَبْيَاتٍ مِنْ أَهْلِ الْبَادِيَةِ حَضْرَةَ الْأَضْحَى زَمَنَ رَسُولِ اللهِ صلى الله عليه وسلم فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم ادخِرُوا ثَلَاثًا ثُم تَصَدقُوا بِمَا بَقِيَ فَلَما كَانَ بَعْدَ ذَلِكَ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ إِن الناسَ يَتخِذُونَ الْأَسْقِيَةَ مِنْ ضَحَايَاهُمْ وَيَجْمُلُونَ مِنْهَا الْوَدَكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم وَمَا ذَاكَ قَالُوا نَهَيْتَ أَنْ تُؤْكَلَ لُحُومُ الضحَايَا بَعْدَ ثَلَاثٍ فَقَالَ إِنمَا نَهَيْتُكُمْ مِنْ أَجْلِ الدافِةِ الِتي دَفتْ فَكُلُوا وَادخِرُوا وَتَصَدقُوا.

3854 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ۋاقىد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق گۆشىنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشتىن توستى.

ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇنى ئەمرەگە ئېيتقانىدىم، ئۇ مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ (ئابدۇللاھ) توغرا ئېيتىپتۇ. مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ زامانىدا، چۆل بەدەۋىيلىرى قۇربان ھېيتتىن بىر نەچچە كۈن بۇرۇن كېلىپ ياردەم تەلەپ قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جامائەتكە:

ـ ئۆزەڭلارغا ئۈچ كۈنلۈك گۆش ئېلىپ قېلىپ، قالغىنىنى سەدىقە قىلىڭلار! ـ دېدى. ئۇندىن كېيىنكى قۇربان ھېيتلاردىن بىرىدە ساھابىلار پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بەزىلەر قۇربانلىق مالنىڭ تېرىسىدىن سۇ تۇلۇمى ياساپ، يېغىنى ئېرىتىپ ساقلايدىكەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـ سەن قۇربانلىقنىڭ گۆشىنى ئۈچ كۈندىن كۆپ يېيىشتىن توسقان ئىدىڭغۇ؟ ـ دەپ سوراشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەم:

ــ مەن چۆلدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ كەلگەن بەدەۋىيلەر ئۈچۈن شۇنداق قىلغان ئىدىم. ئەمدى يېگىنىڭلارچە يەپ، ئاشقىنىنى خالىساڭلار ساقلاپ يەڭلار، خالىساڭلار سەدىقە قىلىڭلار، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1971)

3855 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَقَدْ كُنا نَرْفَعُ الْكُرَاعَ فَيأْكُلُهُ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم بَعْدَ خَمْسَ عَشْرَةَ مِنْ الْأَضَاحِي.

3855 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز قۇربانلىق ماللارنىڭ پاقالچاقلىرىنى ساقلاپ قوياتتۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى 15 كۈندىن كېيىنمۇ يەيتتى[1].

(ئىبنى ماجە: 3313)

3856 - عَنْ الْقَاسِمِ أَن ابْنَ خَبابٍ أَخْبَرَهُ أَنهُ سَمِعَ أَبا سَعِيدٍ يُحَدثُ أَنهُ كَانَ غَائِبًا فَقَدِمَ فَقُدمَ إِلَيْهِ لَحْمٌ قَالُوا هَذَا مِنْ لَحْمِ ضَحَايَانَا فَقَالَ أَخرُوهُ لَا أَذُوقُهُ قَالَ ثُم قُمْتُ فَخَرَجْتُ حَتى آتِيَ أَخِي أَبا قَتَادَةَ وَكَانَ أَخَاهُ لِأُمهِ وَكَانَ بَدْرِيا فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ إِنهُ قَدْ حَدَثَ بَعْدَكَ أَمْرٌ.

3856 ـ قاسىم ئىبنى خەبباتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئەبۇ سەئىد مۇنداق دېگەن: بىر سەپەردىن قايتىپ كەلگىنىمدە، تۇغقانلىرىم ئالدىمغا گۆش كەلتۈردى ۋە:

ــ بۇ، قۇربانلىق گۆشىمىز، ـ دېدى. مەن:

ــ بۇ گۆشنى ئېلىۋېتىڭلار، مەن بۇنى يېمەيمەن، ـ دېدىم. ئۇ يەردىن چىقىپ، قېرىندىشىم ئەبۇ قەتادەنىڭ قېشىغا باردىم ۋە بولغان ئەھۋالنى ئېيتتىم (راۋىي: ئەبۇ قەتادە سەئىدنىڭ ئانا بىر قېرىندىشى بولۇپ، بەدرى غازىتىغا قاتناشقانلاردىن بىرى ئىدى، ـ دېدى). ئۇ:

ــ سەن (سەپەرگە چىقىپ) كەتكەندىن كېيىن (قۇربانلىق گۆشنى

[1] ئەلبانى (2678): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۈچ كۈندىن كۆپ ساقلاپ يېيىشكە بولىدىغانلىقى ھەققىدە) يېڭى ئەمىر بېرىلدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5568)

3857 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي أَن رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم نَهَى عَنْ لُحُومِ الْأَضَاحِي فَوْقَ ثَلَاثَةِ أَيامٍ فَقَدِمَ قَتَادَةُ بْنُ النعْمَانِ وَكَانَ أَخَا أَبِي سَعِيدٍ لِأُمِهِ وَكَانَ بَدْرِيا فَقَدمُوا إِلَيْهِ فَقَالَ أَلَيْسَ قَدْ نَهَى عَنْهُ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم قَالَ أَبُو سَعِيدٍ إِنهُ قَدْ حَدَثَ فِيهِ أَمْرٌ أَن رَسُولَ اللهِ صلى الله عليه وسلم نَهَانَا أَنْ نَأْكُلَهُ فَوْقَ ثَلَاثَةِ أَيامٍ ثُم رَخص لَنا أَنْ نَأْكُلَهُ وَنَدخِرَهُ.

3857ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق گۆشنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاشتىن چەكلىدى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: قەتادە ئىبنى نۇئمان بىر سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، ئانا بىر تۇغقان ۋە بەدرى غازىتىغا قاتناشقان قېرىندىشى ئەبۇ سەئىدنىڭكىگە باردى. ئۇنىڭ ئالدىغا قۇربانلىقتىن ئاشقان گۆش كەلتۈرۈلدى. قەتادە ئىبنى نۇئمان:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنىڭدىن توسقان ئەمەسمىدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئەبۇ سەئىد:

ـ سەن (سەپەرگە چىقىپ) كەتكەندىن كېيىن، يېڭى ئەمىر چىقتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قۇربانلىق گۆشنى ئۈچ كۈندىن ئارتۇق يېيىشتىن توسقان ئىدى، كېيىن ھەم ئۈچ كۈندىن ئارتۇق يېسەك ھەم (ئېشىپ قالغىنىنى) ساقلاپ قويساق بولىدىغانلىقىغا رۇخسەت بەردى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 4428)

3858 - عَنْ نُبَيْشَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم إِنا كُنا نَهَيْناكُمْ عَنْ

[1] ئەلبانى (4125): سەھىھ ـ دېگەن.

لُحُومِهَا أَنْ تَأْكُلُوهَا فَوْقَ ثَلَاثٍ لِكَيْ تَسَعَكُمْ فَقَدْ جَاءَ اللَّهُ بِالسَعَةِ فَكُلُوا وَادخِرُوا وَاتجِرُوا أَلَا وَإِن هَذِهِ الْأَيامَ أَيامُ أَكْلٍ وَشُرْبٍ وَذِكْرِ اللهِ عَز وَجَل.

3858 ـ نۇبەيشەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇربانلىق گۆشتىن ھەممەيلەننىڭ ئېغىز تېگىشى ئۈچۈن سىلەرنى (قۇربانلىق گۆشنى) ئۈچ كۈندىن ئارتۇق ساقلاپ يېيىشتىن توسقان ئىدۇق. الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا سىلەرگە مولچىلىق ئاتا قىلدى. بۇندىن كېيىن، خالىغىنىڭلارچە يەپ ـ ئىچىڭلار، ئاشقىنىنى ساقلاپ يەڭلار ياكى (پېقىر ـ مىسكىنلەرگە) تارقىتىپ بېرىپ، ساۋابقا ئېرىشىڭلار. شۇنى ئۇنۇتماڭلاركى، بۇ كۈنلەر يەپ ـ ئىچىش ۋە الله تائالانى زىكىر قىلىش كۈنلىرىدۇر»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2813)

3859 - عن أُم سَلَمَةَ قال قَالَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم مَنْ كَانَ لَهُ ذِبْحٌ يَذْبَحُهُ فَإِذَا أُهِل هِلَالُ ذِي الْحِجةِ فَلَا يَأْخُذَن مِنْ شَعْرِهِ وَلَا مِنْ أَظْفَارِهِ شَيْئًا حَتى يُضَحيَ.

3859 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قۇربانلىق قىلماقچى بولغانلار زۇلھەججە ئېيى كىرگەندىن باشلاپ، تاكى قۇربانلىقنى بوغۇزلىغۇچە چاچ ياكى تىرنىقىنى ئالمىسۇن!»

(مۇسلىم: 1977)

3860 - عن كبيرة بنت سفيان، قَالَتْ: وَقَالَ لَنا رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم: دَمُ عَفْرَاءَ أَزْكَى عِنْدَ اللهِ مِنْ دَمِ سَوْدَاءَ.

3860 ـ كەبىرە بىنتى سۇفيان رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2439): سەھىھ ـ دېگەن.

«اللهنىڭ دەرگاھىدا ئاق يۇڭلۇق قوي قارا يۇڭلۇق قويغا قارىغاندا تېخىمۇ مەقبۇلدۇر»[1].

(«ئەلكەبىر»: 15/25)

3861 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صلى الله عليه وسلم قَالَ الْجَذَعُ مِنْ الضأْنِ خَيْرٌ مِنْ السيدِ مِنْ الْمَعْزِ قَالَ دَاوُدُ السيدُ الْجَلِيلُ.

3861 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(قۇربانلىق قىلىش ئۈچۈن) تۆل سەركىدىن ياخشىراق» دېگەن[2].

(ئەھمەد: 8974)

[1] ھەيسەمى (5944): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى سۇلايمان ئىبنى مەسمۇل ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (5945): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبۇ سەفال ئىسىملىك بىرى بار. ئىمام بۇخارى ئۇنىڭ ھەققىدە ھەرخىل باھا بېرىلگەنلىكىنى تەكىتلىگەن، ـ دېگەن.

## ئوۋ ئوۋلاش

3862 - عَنْ عَدِيِّ بْنِ حَاتِمٍ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنِّي أُرْسِلُ كَلْبِي وَأُسَمِّي فَقَالَ النَّبِيُّ ﷺ إِذَا أَرْسَلْتَ كَلْبَكَ وَسَمَّيْتَ فَأَخَذَ فَقَتَلَ فَأَكَلَ فَلَا تَأْكُلْ فَإِنَّمَا أَمْسَكَ عَلَى نَفْسِهِ قُلْتُ إِنِّي أُرْسِلُ كَلْبِي أَجِدُ مَعَهُ كَلْبًا آخَرَ لَا أَدْرِي أَيُّهُمَا أَخَذَهُ فَقَالَ لَا تَأْكُلْ فَإِنَّمَا سَمَّيْتَ عَلَى كَلْبِكَ وَلَمْ تُسَمِّ عَلَى غَيْرِهِ وَسَأَلْتُهُ عَنْ صَيْدِ الْمِعْرَاضِ فَقَالَ إِذَا أَصَبْتَ بِحَدِّهِ فَكُلْ وَإِذَا أَصَبْتَ بِعَرْضِهِ فَقَتَلَ فَإِنَّهُ وَقِيذٌ فَلَا تَأْكُلْ.

3862 ـ ئەدى ئىبنى ھاتىمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئوۋچىلىققا تەربىيىلىگەن ئىتىمنى ”بىسمىللاھ“ دەپ ئوۋغا قويۇپ بېرىمەن، بۇنىڭ ھۆكمى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئىتىڭنى ”بىسمىللاھ“ دەپ قويۇۋەتكەن بولساڭمۇ، ئىتىڭ ئوۋلىغان ھايۋاننى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭدىن يېگەن بولسا، سەن (ئۇنىڭدىن) يېمىگىن. چۈنكى ئىت ئوۋنى ئۆزى ئۈچۈن ئوۋلىغان بولىدۇ، ـ دېدى. مەن يەنە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئىتىمنى قويۇپ بېرىپ، ئارقىسىدىن ئوۋ يېرىگە بارغاندا، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر ئىتنىڭ بارلىقىنى كۆرىمەن ۋە ئوۋنى ئۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ ئوۋلىغىنىنى بىلەلمەيمەن، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭدىن يېمىگىن. چۈنكى سەن ئۆز ئىتىڭنى ”بىسمىللاھ“ دەپ قويۇپ بېرىسەن، باشقا ئىتقا ئۇنداق قىلالمايسەن، ـ دېدى. مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يەنە ئۇچى ئۇچلۇق، ئوتتۇرى تومتاق ئوق بىلەن ئوۋ ئوۋلاشنىڭ ھۆكمىنى سورىدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر ئوۋغا ئاتقان كالتەككىنىڭ ئۇچى تەگكەن بولسا، ئۇنى يېسەڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۇچى تەگمەي، توغرىسى تېگىپ ئۆلۈپ قالغان بولسا يېمىگىن. چۇنكى ئۇ بىسى يوق كالتەك بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن هايۋاننىڭ هۆكمىگە كىرىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5486)

3863 - عَنْ عَدِي ْبنِ حَاتِمٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي ﷺ قَالَ إِذَا أَرْسَلْتَ كَلْبَكَ وَسَمْيتَ فَأَمْسَكَ وَقَتلَ فَكُلْ وَإِنْ أَكَلَ فَلَا تَأْكُلْ فَإِنمَا أَمْسَكَ عَلَى نَفْسِهِ وَإِذَا خَالَطَ كِلَابًا لَمْ يُذْكَرْ اسْمُ اللهِ عَلَيْهَا فَأَمْسَكْنَ وَقَتلْنَ فَلَا تَأْكُلْ فَإِنكَ لَا تَدْرِي أَيهَا قَتلَ وَإِنْ رَمْيتَ الصيْدَ فَوَجَدْتُهُ بَعْدَ يَوْمٍ أَوْ يَوْمَيْنِ لَيْسَ بِهِ إِلا أَثَرُ سَهْمِكَ فَكُلْ وَإِنْ وَقَعَ فِي الْمَاءِ فَلَا تَأْكُلْ.

3863 ـ ئەدى ئىبنى هاتىم رەزىيەللاهۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«"بىسمىللاه" دەپ قويۇپ بەرگەن ئىتىڭ ئوۋنى ئوۋلىغان بولسا، ئۇنى يېگىن. ئەگەر ئىتىڭ ئوۋلىغان هايۋاندىن يېگەن بولسا، سەن ئۇنىڭدىن يېمىگىن. چۇنكى ئۇ ئۆزى ئۇچۇن ئوۋلىغان بولىدۇ. ئەگەر "بىسمىللاه" دەپ قويۇپ بەرگەن ئىتىڭ باشقا ئىتلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن بولسا، ئوۋنى يېمىگىن. چۇنكى سەن ئۇلاردىن قايسىسىنىڭ ئوۋلىغانلىقىنى بىلمەيسەن. ئەگەر سەن ئوۋغا ئوق ئېتىپ، ئۇ هايۋىنىنى بىر ياكى ئىككى كۈندىن كېيىن تاپقان بولساڭ، ئۇنىڭدا سەن ئاتقان ئوقيادىن باشقا نەرسىنىڭ ئىزى بولمىسا، ئۇنى يېگىن. ئەگەر سۇغا چۈشۈپ كەتكەن بولسا (ئۇنىڭ ئوقۇڭدا ياكى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنلىكىنى بىلەلمەيدىغانلىقىڭ ئۇچۇن)، ئۇنى يېمىگىن!»

(بۇخارى: 4585)

3864 - عن أُبي إِدْرِيسَ عَائِذُ اللهِ قَالَ سَمِعْتُ أَبا ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ يَقُولُ أَتيْتُ رَسُولَ اللهِ ﷺ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنا بِأَرْضِ قَوْمٍ أَهْلِ الْكِتَابِ نَأْكُلُ فِي آنِيَتِهِمْ وَأَرْضِ صَيْدٍ أَصِيدُ بِقَوْسِي وَأَصِيدُ بِكَلْبِي الْمُعَلمِ وَالذِي لَيْسَ مُعَلمًا فَأَخْبِرْنِي مَا

الذي يَحِلُّ لَنا مِنْ ذَلِكَ فَقَالَ أَما مَا ذَكَرْتَ أَنكَ بِأَرْضِ قَوْمٍ أَهْلِ الْكِتَابِ تَأْكُلُ فِي آنِيَتِهِمْ فَإِنْ وَجَدْتُمْ غَيْرَ آنِيَتِهِمْ فَلَا تَأْكُلُوا فِيهَا وَإِنْ لَمْ تَجِدُوا فَاغْسِلُوهَا ثُم كُلُوا فِيهَا وَأَما مَا ذَكَرْتَ أَنكَ بِأَرْضِ صَيْدٍ فَمَا صِدْتَ بِقَوْسِكَ فَاذْكُرْ اسْمَ اللهِ ثُم كُلْ وَمَا صِدْتَ بِكَلْبِكَ الْمُعَلمِ فَاذْكُرْ اسْمَ اللهِ ثُم كُلْ وَمَا صِدْتَ بِكَلْبِكَ الذِي لَيْسَ مُعَلمًا فَأَدْرَكْتَ ذَكَاتَهُ فَكُلْ.

3864 ـ ئەبۇ ئىدرىس ئائىزۇللاھ رىۋايەت قىلىدۇكى، ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز ئەھلى كىتاب قەۋمىنىڭ زېمىنىدا ياشاۋاتىمىز. ئۇلارنىڭ قاچا ـ قۇچىلىرىدا تاماق يەيمىز. ئۇندىن باشقا، مەن ئوقيا، ئۆگىتىلگەن ۋە ئۆگىتىلمىگەن ئىتلىرىم بىلەن ئوۋغا چىقىمەن. بۇلاردىن قايسىسىنىڭ بىزگە ھالال ياكى ھارام ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرگەن بولساڭ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئېيتقىنىڭدەك، ئەھلى كىتاب زېمىنىدا ياشاۋېتىپسەن. ئەگەر ئۇلارنىڭ قاچىلىرىدىن باشقا قاچا تاپالىساڭ، شۇ قاچىدا يېگىن. ئەگەر باشقا قاچا تاپالمىساڭ، ئەھلى كىتابنىڭ قاچىسىنى يۇيۇۋېتىپ، ئاندىن تاماق يېسەڭ بولىدۇ. ئەمدى ئوۋ مەسىلىسىگە كەلسەك، ئوقيا بىلەن ئوۋلىغان نەرسەڭنى ''بىسمىللاھ'' دەپ يېگىن. ئوۋغا ئۆگىتىلگەن ئىتىڭ ئوۋلىغان نەرسىنىمۇ ئاۋۋال ''بىسمىللاھ'' دەپ، ئاندىن يېسەڭ بولىدۇ. ئوۋغا ئۆگىتىلمىگەن ئىتىڭ ئوۋلىغان نەرسىنى (جېنى چىقىپ كېتىشتىن بۇرۇن) بوغۇزلاشقا ئۈلگۈرەلىسەڭ، ئۇنى يېسەڭ بولىدۇ (ئۈلگۈرەلمىسەڭ يېمىگىن)، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5488)

3865 – و في رواية: إِنْ كَانَ لَكَ كِلَابٌ مُكَلبَةٌ فَكُلْ مِما أَمْسَكْنَ عَلَيْكَ قَالَ ذَكِيًا أَوْ غَيْرَ ذَكِي قَالَ نَعَمْ قَالَ فَإِنْ أَكَلَ مِنْهُ قَالَ وَإِنْ أَكَلَ مِنْهُ.

3865 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۆگىتىلگەن ئىتنىڭ ئوۋلىغان ھايۋاننى يېسەڭ بولىدۇ. ـ دېدى. ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنى:

ــ بوغۇزلاشقا ئۈلگۈرەلمىسەممۇ بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بولىدۇ، ـ دېدى. ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنى:

ــ ئەگەر ئىت ئۇنىڭدىن يېگەن بولسىچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2857)

3866 - عَنْ أَبِي ثَعْلَبَةَ الْخُشَنِيِ عَنْ النبِي ﷺ قَالَ إِذَا رَمَيْتَ الصيْدَ فَأَدْرَكْتَهُ بَعْدَ ثَلَاثِ لَيَالٍ وَسَهْمُكَ فِيهِ فَكُلْهُ مَا لَمْ يُنْتِنْ.

3866ـ ئەبۇ سەئلەبە خۇشەنىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆزەڭ ئوۋلىغان ھايۋاننى ئۈچ كۈندىن كېيىن تاپالىساڭ ۋە سېنىڭ ئوقۇڭدىن باشقا نەرسە كۆرمىسەڭ، ئۇ ھايۋان بۇزۇلۇپ قالمىغانلا بولسا، يېسەڭ بولىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2861)

3867 - وفي رواية: وَقَالَ فِي الْكَلْبِ كُلْهُ بَعْدَ ثَلَاثٍ إِلا أَنْ يُنْتِنَ فَدَعْهُ.

3867 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئۆگىتىلگەن ئىتنىڭ ئوۋلىغان ئوۋنى ئۈچ كۈندىن كېيىن تاپالىساڭ، يېسەڭ بولىدۇ. ئەگەر ئوۋ پۇراپ قالغان بولسا، ئۇنى يېمىگىن!» دېگەن.

(مۇسلىم: 1931)

[1] ئەلبانى (2482): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (2487): سەھىھ ـ دېگەن.

3868 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ عَنْ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقا آ ٍ أَنَّهُ سُئِلَ عَنْ الْكَلْبِ الْمُعَلمِ إِذَا قَتَلَ الصَّيْدَ فَقَالَ سَعْدٌ كُلْ وَإِنْ لَمْ تَبْقَ إِلا بَضْعَةٌ وَاحِدَةٌ

3868 ـ ئىمام مالىك مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ماڭا يېتىشىچە، سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاستىن ئۆگىتىلگەن ئىت ئۆلتۈرۈپ قويغان ئوۋ هايۋىنى توغرۇلۇق سورالغاندا، ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس:

ــ ئەگەر ئوۋ ئىتى ئوۋنى ئۆلتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، شۇ ئىت ياكى باشقا نەرسە ئوۋنى يەپ، ئاران بىر پارچىسى ئېشىپ قالغان بولسىمۇ، شۇنى يېسەڭ بولىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

3869 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مُغَفلٍ الْمُزَنِي قَالَ نَهَى النبِي ﷺ عَنْ الْخَذْفِ وَقَالَ إِنهُ لَا يَقْتُلُ الصَّيْدَ وَلَا يَنْكَأُ الْعَدُو وَإِنهُ يَفْقَأُ الْعَيْنَ وَيَكْسِرُ السن.

3869 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەل مۇزەنى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئوۋغا) شېغىل تاش ئېتىشتىن توستى ۋە: «ئۇنىڭ بىلەن يا ئوۋ ئوۋلىغىلى ياكى دۈشمەننى يارىلاندۇرغىلى بولمايدۇ. ئۇ پەقەت كۆزنى قويۇپ، چىشنى سۇندۇرالايدۇ» دېدى.

(بۇخارى: 6220)

3870 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ نُهِينَا عَنْ صَيْدِ كَلْبِ الْمَجُوسِ.

3870 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز مەجۇسىلارنىڭ ئىتى ئوۋلىغان هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلەندۇق»[1].

(تىرمىزى: 1466)

[1] ئەلبانى (247): زەئىپ، ـ دېگەن.

3871 – عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قال: بَعَثَنا رَسُولُ اللهِ وَنَحْنُ ثَلَاثُ مِائَـةِ رَاكِـبٍ وَأَمِيرُنَا أُبو عُبَيْدَةَ بْنُ الْجَراحِ نَرْصُدُ عِيرًا لِقُرَيْشٍ فَأَقَمْنا بِالساحِلِ نِصْفَ شَهْرٍ فَأَصَابَنا جُوعٌ شَدِيدٌ حَتى أَكَلْنا الْخَبطَ فَسُمِيَ جَيْشَ الْخَبطِ فَأَلْقَى لَنا الْبَحْرُ دَابةً يُقَالُ لَهَا الْعَنْبَرُ فَأَكَلْنـا مِنْهَا نِصْفَ شَهْرٍ وَادهَنا مِنْ وَدَكِهَا حَتى ثَابَتْ أَجْسَامُنا قَالَ فَأَخَذَ أُبو عُبَيْدَةَ ضِلَعًا مِـنْ أَضْلَاعِهِ فَنَصَبَهُ ثُم نَظَرَ إِلَى أَطْوَلِ رَجُلٍ فِي الْجَيْشِ وَأَطْوَلِ جَمَلٍ فَحَمَلَهُ عَلَيْهِ فَمَر تَحْتَـهُ قَالَ وَجَلَسَ فِي حَجَاجِ عَيْنِهِ نَفَرٌ قَالَ وَأَخْرَجْنا مِنْ وَقْبِ عَيْنِهِ كَذَا وَكَذَا قُلةَ وَدَكٍ قَـالَ وَكَانَ مَعَنَا جِرَابٌ مِنْ تَمْرٍ فَكَانَ أُبو عُبَيْدَةَ يُعْطِي كُل رَجُلٍ مِنا قُبْضَةً قُبضَةً ثُـم أَعْطَانَـا تَمْرَةً تَمْرَةً فَلَما فَنِيَ وَجَدْنا فَقْدَهُ.

3871 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى قۇرەيشنىڭ (شامدىن كەلگەن) تىجارەت كارۋىنىنى كۆزىتىشكە ئەۋەتتى. بىز 300 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇن بولۇپ، ئەمىرىمىز ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھ ئىدى. دېڭىز بويىدا يېرىم ئاي ساقلىدۇق. بۇ جەرياندا يەيدىغان نەرسىلىرىمىز تۈگەپ كېتىپ، دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىمۇ يېدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كېيىنكى ۋاقىتلاردا ”يوپۇرماق قوشۇنى“ دەپ ئاتالدۇق. بىر كۈنى، دېڭىز دولقۇنلىرى قىرغاققا ئەنبەرە دەپ ئاتىلىدىغان يوغان بېلىقتىن بىرنى چىقىرىپ قويدى. بىز يېرىم ئاي بويىچە شۇ بېلىقنىڭ گۆشىنى يەپ، يېغىدا بەدىنىمىزنى مايلىدۇق. شۇنىڭ بىلەن، قايتىدىن ئەسلىمىزگە كېلىپ، خېلىلا كۈچلىنىپ قالدۇق.

ئەبۇ ئۇبەيدە بېلىقنىڭ قوۋۇرغىلىرىدىن بىرنى ئېلىپ يەرگە تىكلىدى. ئاندىن ئارىمىزدىكى ئەڭ ئېگىز بويلۇق ئادەم بىلەن ئەڭ يوغان تۆگىنى تېپىپ، ئۇ ئادەمنى تۆگىگە مىندۈردى. ئۇ ئادەم تۆگىگە مىنگەن ھالدا بېلىقنىڭ قوۋۇرغىسى ئاستىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بېلىقنىڭ كۆز سۆڭىكىدە بىر قانچە كىشى ئولتۇرالايتتى. بىز ئۇنىڭ كۆز ئورنىدىن بىر نەچچە كوزا ياغ يىغىۋالدۇق. يېنىمىزدا بىر خورجۇن خورما قالغانىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە ھەر بىرىمىزگە بىر سىقىمدىن

خورما بېرەتتى. خورما ئاز قالغانسېرى بىر تالدىن بېرىشكە باشلىدى. ئۇمۇ تۈگىگەندى، يوقلۇقىنىڭ دەردىنى خېلى ئوبدانلا تارتتۇق.
(مۇسلىم: 1935)

3872 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ بَعَثَنَا رَسُولُ اللهِ ﷺ وَأَمَّرَ عَلَيْنَا أَبَا عُبَيْدَةَ نَتَلَقَّى عِيرًا لِقُرَيْشٍ وَزَوَّدَنَا جِرَابًا مِنْ تَمْرٍ لَمْ يَجِدْ لَنَا غَيْرَهُ فَكَانَ أَبُو عُبَيْدَةَ يُعْطِينَا تَمْرَةً تَمْرَةً قَالَ فَقُلْتُ كَيْفَ كُنْتُمْ تَصْنَعُونَ بِهَا قَالَ نَمَصُّهَا كَمَا يَمَصُّ الصَّبِيُّ ثُمَّ نَشْرَبُ عَلَيْهَا مِنْ الْمَاءِ فَتَكْفِينَا يَوْمَنَا إِلَى اللَّيْلِ وَكُنَّا نَضْرِبُ بِعِصِيِّنَا الْخَبَطَ ثُمَّ نَبُلُّهُ بِالْمَاءِ فَنَأْكُلُهُ قَالَ وَانْطَلَقْنَا عَلَى سَاحِلِ الْبَحْرِ فَرُفِعَ لَنَا عَلَى سَاحِلِ الْبَحْرِ كَهَيْئَةِ الْكَثِيبِ الضَّخْمِ فَأَتَيْنَاهُ فَإِذَا هِيَ دَابَّةٌ تُدْعَى الْعَنْبَرَ قَالَ قَالَ أَبُو عُبَيْدَةَ مَيْتَةٌ ثُمَّ قَالَ لَا بَلْ نَحْنُ رُسُلُ رَسُولِ اللهِ ﷺ وَفِي سَبِيلِ اللهِ وَقَدْ اضْطُرِرْتُمْ فَكُلُوا قَالَ فَأَقَمْنَا عَلَيْهِ شَهْرًا وَنَحْنُ ثَلَاثُ مِائَةٍ حَتَّى سَمِنَّا قَالَ وَلَقَدْ رَأَيْتُنَا نَغْتَرِفُ مِنْ وَقْبِ عَيْنِهِ بِالْقِلَالِ الدُّهْنَ وَنَقْتَطِعُ مِنْهُ الْفِدَرَ كَالثَّوْرِ أَوْ كَقَدْرِ الثَّوْرِ فَلَقَدْ أَخَذَ مِنَّا أَبُو عُبَيْدَةَ ثَلَاثَةَ عَشَرَ رَجُلًا فَأَقْعَدَهُمْ فِي وَقْبِ عَيْنِهِ وَأَخَذَ ضِلَعًا مِنْ أَضْلَاعِهِ فَأَقَامَهَا ثُمَّ رَحَلَ أَعْظَمَ بَعِيرٍ مَعَنَا فَمَرَّ مِنْ تَحْتِهَا وَتَزَوَّدْنَا مِنْ لَحْمِهِ وَشَائِقَ فَلَمَّا قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ أَتَيْنَا رَسُولَ اللهِ ﷺ فَذَكَرْنَا ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ هُوَ رِزْقٌ أَخْرَجَهُ اللهُ لَكُمْ فَهَلْ مَعَكُمْ مِنْ لَحْمِهِ شَيْءٌ فَتُطْعِمُونَا قَالَ فَأَرْسَلْنَا إِلَى رَسُولِ اللهِ ﷺ مِنْهُ فَأَكَلَهُ.

3872 ـ جابىر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ ئۇبەيدە جەرراھنى بىزگە ئەمىر قىلىپ، قۇرەيشنىڭ كارۋىنىنى كۈزىتىشكە ئەۋەتتى. بىزگە خورما بەردى، ئۇنىڭدىن باشقا بەرگۈدەك نەرسىمۇ تاپالمىغانىدى. ئەبۇ ئۇبەيدە سەپەردە بىزگە بىر تالدىن خورما بېرەتتى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن:

ـ بىر تال خورمىنى قانداق يەيتتىڭلار؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ بىز خورمىنى خۇددى كىچىك بالىدەك شۈمەيتتۇق. ئاندىن ئۈنىڭ ئۈستىگە سۇ ئىچەتتۇق. شۇ بىزنىڭ بىر كۈنلۈك ئوزۇقىمىز بولاتتى. بەزىدە ھاسىلىرىمىز بىلەن دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى قېقىپ،

سۇغا چىلاپ يەيتتۇق. (شۇنداق ماڭغانچە) دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ باردۇق. دېڭىز دولقۇنى خۇددى قۇم دۆۋىسىدەك يوغان بىر نەرسىنى قىرغاققا چىقىرىپ قويىدى. يېقىن بېرىپ قارىساق، ئەنبەر دەپ ئاتىلىدىغان يوغان بېلىق ئىكەن. ئەبۇ ئۇبەيدە دەسلەپ:

ــ بۇ ئۆلۈپتۇ، يېسەك بولمايدۇ، ـ دېدى. كۆپ ئۆتمەي، قارارىنى ئۆزگەرتىپ:

ــ بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ الله يولىدا ئەۋەتكەن ئەلچىلىرىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەرمۇ قىينىلىپ كەتتىڭلار. شۇڭا بۇنى يېسەڭلار بولىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، 300 كىشىلىك قوشۇن ئۇ بېلىقنى بىر ئاي بويىچە يەپ، خېلىلا ئەتلىنىپ قالدۇق. بېلىقنىڭ كۆز ئورىسىدىن نەچچە كوزا ياغ يىغىۋالدۇق. ئۇنىڭدىن ئۆكۈزدەك چوڭلۇقتا (گۆش) كېسىۋالاتتۇق. ئەبۇ ئۇبەيدە بىزدىن 13 كىشىنى ئۇنىڭ كۆز ئورىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى. ئاندىن ئۇنىڭ قوۋۇرغىسىدىن بىرنى تىكلەپ قويۇپ، ئەڭ ئېگىز تۆگىنى ئىگەرلىدى. تۆگە قوۋۇرغىنىڭ ئاستىدىن بىمالال ئۆتۈپ كەتتى. گۆشنىڭ ئېشىپ قالغىنىنى سۈرلەپ ئېلىۋالدۇق.

مەدىنىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بولغان ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتىپ بەردۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ اللهنىڭ سىلەرگە بەرگەن رىزقى. يېنىڭلاردا ئۇنىڭ گۆشىدىن بارمۇ؟ بولسا بىزمۇ تېتىپ باقايلى، ـ دېدى. بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۇنىڭ گۆشىدىن يەتكۈزۈپ بەردۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن يېدى.

(مۇسلىم: 1935)

3873 – ومن رواياته: فَنَحَرَ رَجُلٌ ثَلَاثَ جَزَائِرَ ثُم جَاعُوا فَنَحَرَ رَجُلٌ ثَلَاثَ جَزَائِرَ ثُم جَاعُوا فَنَحَرَ رَجُلٌ ثَلَاثَ جَزَائِرَ ثُم نَهَاهُ أُبو عُبْيدَةَ.

3873 ـ ئۇنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: (چىدىغۇسىز ئاچلىققا دۇچ كەلدۇق) بىر ئادەم ئۈچ تۇياق تۆگە بوغۇزلىدى. كۆپ ئۆتمەي، ئاچلىق يەنە باشلىنىۋىدى، يەنە بىر ئادەم ئۈچ تۇياق تۆگە بوغۇزلىدى. كېيىن قوشۇندىكىلەر يەنە ئاچ قالدى. بىر ئادەم يەنە ئۈچ تۇياق بوغۇزلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن، ئەبۇ ئۇبەيدە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ تۆگە بوغۇزلاشقا رۇخسەت قىلمىدى[①].

(نەسائى: 4352)

3874 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ بَعَثَنَا النبِي وَنَحْنُ ثَلَاثُ مِائَةٍ نَحْمِلُ أَزْوَادَنَا عَلَى رِقَابِنَا.

3874 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىزدىن 300 كىشىلىك قوشۇن تەشكىللەپ بىر يەرگە ئەۋەتتى. بىز يۈك ـ تاقلىرىمىزنى ئۆشنىلىرىمىزدە ئېلىپ ماڭاتتۇق.

(مۇسلىم: 1935)

3875 - عَنْ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم سَـرِيةً ثَلَاثَ مِائَةٍ وَأَمرَ عَلَيْهِمْ أَبَا عُبَيْدَةَ بْنَ الْجَراحِ فَفَنِيَ زَادُهُمْ فَجَمَعَ أُبو عُبَيْدَةَ زَادَهُمْ فِي مِزْوَدٍ فَكَانَ يُقَوتُنَا حَتى كَانَ يُصِيبُنَا كُل يَوْمٍ تَمْرَةٌ.

3875 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن يەنە مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم 300 كىشىدىن تەركىپ تاپقان ئالاھىدە قوشۇن تەييارلاپ، ئەبۇ ئۇبەيدە ئىبنى جەرراھنىڭ قوماندانلىقىدا بىر يەرگە ئەۋەتتى. ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز ئاز قالغان ۋاقىتتا، ئەبۇ ئۇبەيدە ھەممىمىزنىڭ ئوزۇقىنى بىرلا خورجۇنغا يىغدى. كۈنلۈك ئوزۇقىمىزنى ئۇ ئۆلەشتۈرۈپ بېرەتتى، بەزى كۈنلىرى بىر تالدىن خورما تېگەتتى.

(مۇسلىم: 1935)

[①] ئەلبانى (4059): سەھىھ ـ دېگەن.

3876 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قال: بَعَثَ رَسُولُ الله صلى الله عليه وسلم سَرِيةً أَنا فِيهِمْ إِلَى سِيفِ الْبَحْرِ وَسَاقُوا جَمِيعًا بَقِيةَ الْحَدِيثِ كَنَحْوِ حَدِيثِ عَمْرِو بْنِ دِينَارٍ وَأَبِي الزُّبَيْرِ غَيْرَ أَن فِي حَدِيثِ وَهْبِ بْنِ كَيْسَانَ فَأَكَلَ مِنْهَا الْجَيْشُ ثَمَانِيَ عَشْرَةَ لَيْلَةً.

3876 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالاھىدە قوشۇن تەييارلاپ دېڭىز ساھىلىغا ئەۋەتتى، مەنمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە ئىدىم.

بۇ ھەدىسنى باشقىلارمۇ يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ۋەھب ئىبنى كەيساننىڭ رىۋايىتىدە: قوشۇن بېلىقنىڭ گۆشىنى 18 كۈن يېدى، ـ دېگەن ئىبارە قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان.

(مۇسلىم: 1935)

3877 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ بَعَثَ رَسُولُ اللهِ صلى الله عليه وسلم بَعْثًا إِلَى أَرْضِ جُهَيْنَةَ وَاسْتَعْمَلَ عَلَيْهِمْ رَجُلًا وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِهِمْ.

3877 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالاھىدە قوشۇن تەييارلاپ جۇھەينە تەرەپكە ئەۋەتتى ۋە ئۇلارغا بىر كىشىنى ئەمىر قىلىپ بەلگىلىدى (داۋامى يۇقىرىقى ھەدىسلەرگە ئوخشاش).

(مۇسلىم: 1935)

3878 - وفي رواية: وَكُنا بِبَعْضِ الطريقِ فَنِيَ الزادُ فَأَمَرَ أَبو عُبَيْدَةَ بِأَزْوَادِ الْجَيْشِ فَجُمِعَ فَكَانَ مِزْوَدَيْ تَمْرٍ بنحوه.

3878 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: يولنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە كەلگەندە، ئوزۇق ـ تۈلۈكىمىز تۈگىگىلى تۇردى. ئەبۇ ئۇبەيدە قوشۇندىكى ھەممەيلەننىڭ يېمەك ـ ئىچمىكىنى بىر يەرگە يىغىشقا بۇيرىدى. يىغىلغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئىككى خالتا (خورما) چىقتى...

(بۇخارى: 4360)

3879 - ومنها: أن قَيْسَ بْنَ سَعْدٍ قَالَ لِأَبِيهِ كُنْتُ فِي الْجَيْشِ فَجَاعُوا قَالَ انْحَرْ قَالَ نَحَرْتُ قَالَ ثُم جَاعُوا قَالَ انْحَرْ قَالَ نَحَرْتُ قَالَ ثُم جَاعُوا قَالَ انْحَرْ قَالَ نَحَرْتُ ثُم جَاعُوا قَالَ انْحَرْ قَالَ نُهِيتُ.

3879 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە قەيس ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دادىسىغا مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: مەن قوشۇن بىلەن بىرگە ئىدىم. ئۇلارنىڭ قورسىقى ئېچىپ، ماڭا:

ــ تۆگە سويغىن! ـ دېيىشتى. مەن بىر تۆگە سويدۇم. ئۇ تۆگىنىڭ گۆشى تۈگەپ، قورساق ئېچىشقا باشلىۋىدى، ماڭا يەنە:

ــ تۆگە سويغىن! ــ دېيىشتى. مەن يەنە بىر تۆگە سويدۇم. ئاندىن يەنە ئاچ قالدۇق. ئۇلار:

ــ يەنە سويغىن! ـ دېيىشتى. مەن يەنە بىر تۆگە سويدۇم. تۆتىنچى قېتىم:

ــ يەنە سويغىن! ــ دېيىشتى. لېكىن مەن قايتا تۆگە سويۇشتىن چەكلەنگەنىدىم.

(بۇخارى: 4361)

3880 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ مَا أَلْقَى الْبَحْرُ أَوْ جَزَرَ عَنْهُ فَكُلُوهُ وَمَا مَاتَ فِيهِ وَطَفَا فَلَا تَأْكُلُوهُ.

3880 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىزگە: «دېڭىز دولقۇنى قىرغاققا چىقىرىۋەتكەن ياكى دېڭىز سۈيى كېيىنگە تارتىلغاندا قىرغاققا چىقىپ قالغان نەرسىلەرنى يېسەڭلار بولىدۇ. ئۆزى ئۆلۈپ قېلىپ، سۇ ئۈستىگە لەيلەپ قالغان نەرسىلەرنى يېمەڭلار!» دېگەنىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3815)

[1] ئەلبانى (821): زەئىپ، ـ دېگەن.

3881 - عَنْ سَعْدٍ الْجَارِي مَوْلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ أَنَّهُ قَالَ سَأَلْتُ عَبْدَ اللهِ بْـنَ عُمَرَ عَنْ الْحِيتَانِ يَقْتُلُ بَعْضُهَا بَعْضًا أَوْ تَمُوتُ صَرَدًا فَقَالَ لَيْسَ بِهَا بَأْسٌ قَالَ سَـعْدٌ ثُـم سَأَلْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَا آ فَقَالَ مِثْلَ ذَلِكَ.

3881 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئازادگەردىسى سەئد جارى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن بىر ـ بىرىنى ئۆلتۈرۈپ قويغان ياكى سوغۇقتا ئۆلۈپ كەتكەن بېلىقنىڭ ھۆكمىنى سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ يېيىشكە بولىدۇ. ـ دەپ جاۋاب بەردى. كېيىن بۇ سوئالنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن سورىغانىدىم، ئۇمۇ ئوخشاش جاۋاب بەردى.

(مالىك: 1072)

3882 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ مَنْ اقْتَنَى كَلْبًا أَوْ اتَّخَذَ كَلْبًا لَيْسَ بِضَارٍ وَلَا كَلْبَ مَاشِيَةٍ نَقَصَ مِنْ أَجْرِهِ كُلَّ يَوْمٍ قِيرَاطَانِ.

3882 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىتنى ئوۋ ئوۋلاش ياكى پادىسىنى قوغداش ئۈچۈن باقماي، باشقا مەقسەتتە باقىدىكەن، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ساۋابىدىن ئىككى قىرات[1] كېمىيىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1487)

3883 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّ النَّبِيَّ ﷺ قَالَ مَنْ اتَّخَذَ كَلْبًا إِلَّا كَلْبَ مَاشِيَةٍ أَوْ صَيْدٍ أَوْ زَرْعٍ انْتَقَصَ مِنْ أَجْرِهِ كُلَّ يَوْمٍ قِيرَاطٌ.

3883 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر قىرات ئۇھۇد تېغىغا تەڭ» دېگەن.
[2] ئەلبانى (1202): سەھىھ ـ دېگەن.

«كىمكى پادىلىرىنى ياكى ئېكىنزارلىقىنى قوغداش ۋە ياكى ئوۋ ئوۋلاشتىن باشقا مەقسەتتە ئىت باقسا، ئۇنىڭ ساۋابى ھەركۈنى بىر قىرات كېمىيىپ كېتىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1489)

3884 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي ﷺ قَالَ مَنْ اتخَذَ كَلْبًا لَيْسَ بِكَلْبِ زَرْعٍ وَلَا صَيْدٍ وَلَا مَاشِيَةٍ فَإِنهُ يَنْقُÒ مِنْ أَجْرِهِ كُل يَوْمٍ قِيرَاr قَالَ سُلَيْمٌ وَأَحْسَبُهُ قَدْ قَالَ وَالْقِيرَاr مِثْلُ أُحُدٍ.

3884 ـ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئېكىنزارلىقىنى ساقلاش ياكى پادىلىرىنى قوغداش ۋە ياكى ئوۋ ئوۋلاشتىن باشقا مەقسەتتە ئىت باقسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ساۋابىدىن بىر قىرات كېمىيىپ كېتىدۇ».

سۇلەيم مۇنداق دېگەن: ئېسىمدە قېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر قىرات ئۇھۇد تېغىغا تەڭ» دېگەنىدى.

(ئەھمەد: 8342)

3885 – وفي رواية: مَنْ اتخَذَ كَلْبًا إِلا كَلْبَ مَاشِيَةٍ أَوْ صَيْدٍ أَوْ زَرْعٍ انْتَقَÒ مِنْ أَجْرِهِ كُل يَوْمٍ قِيرَاr قَالَ الزهْرِي فَذُكِرَ لِابْنِ عُمَرَ قَوْلُ أَبِي هُرَيْرَةَ فَقَالَ يَرْحَمُ اللهُ أَبَا هُرَيْرَةَ كَانَ صَاحِبَ زَرْعٍ.

3885 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «كىمكى ئېكىنزارلىقىنى ساقلاش ياكى ئوۋ ئوۋلاش ۋەياكى پادىلىرىنى قوغداشتىن باشقا مەقسەتتە ئىت باقسا، ھەر كۈنى ئۇنىڭ ساۋابىدىن بىر قىرات كېمىيىپ كېتىدۇ».

[1] ئەلبانى (1204): سەھىھ ـ دېگەن.

زۇھرى مۇنداق دەيدۇ: بۇ ھەدىس ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا يەتكۈزۈلگەندى، ئۇ:

ــ الله ئەبۇ ھۇرەيرەگە رەھمەت قىلسۇن! چۈنكى ئۇنىڭ تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى، ـ دېدى.

3886 - وفي رواية: قِيرَاطَانِ

3886- يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىككى قىرات (كېمىيىپ كېتىدۇ)» دەپ كەلگەن.

(بۇخارى: 5480)

3887 - عَنْ عَمْرِو بْنِ الشرِيدِ قَالَ سَمِعْتُ الشرِيدَ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللـهِ ﷺ يَقُولُ مَنْ قَتلَ عُصْفُورًا عَبَثًا عَج إِلَى اللهِ عَز وَجَل يَوْمَ الْقِيَامَةِ يَقُولُ يَا رَب إِن فُلَانًا قَتلَنِي عَبَثًا وَلَمْ يَقْتُلْنِي لِمَنْفَعَةٍ.

3887 ـ ئەمىر ئىبنى شەرىد دادىسى شەرىدنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «كىمكى قۇشقاچنى بىكاردىن بىكارلا ئۆلتۈرسە، ئۇ قۇشقاچ قىيامەت كۈنى ئۇنىڭ ئۈستىدىن الله تائالاغا ئەرز قىلىپ يۇقىرى ئاۋازدا: ”ئى الله! پالانى كىشى مېنى پايدىلىنىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى بىكاردىن بىكار ئۆلتۈرۈۋەتتى“ دەيدۇ»[1].

(نەسائى: 4446)

[1] ئەلبانى (303): زەئىپ، ـ دېگەن.

## مال سويۇشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى

3888 - عَنْ شَدادِ بْنِ أَوْسٍ قَالَ ثِنْتَانِ حَفِظْتُهُمَا عَنْ رَسُولِ اللهِ ﷺ قَالَ إِنَّ اللهَ كَتَبَ الْإِحْسَانَ عَلَى كُلِّ شَيْءٍ فَإِذَا قَتَلْتُمْ فَأَحْسِنُوا الْقِتْلَةَ وَإِذَا ذَبَحْتُمْ فَأَحْسِنُوا الذَّبْحَ وَلْيُحِدَّ أَحَدُكُمْ شَفْرَتَهُ فَلْيُرِحْ ذَبِيحَتَهُ.

3888 ـ شەدداد ئىبنى ئەۋس مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىككى جۈملە سۆزىنى ئاڭلاپ يادلىۋالدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

«شۈبھىسىزكى، الله ھەر قانداق ئىشتا ياخشى مۇئامىلىدە بولۇشقا بۇيرىدى. ئەگەر جانلىق نەرسىنى ئۆلتۈرمەكچى ياكى مال بوغۇزلىماقچى بولساڭلار، ئۇنى ياخشى ئۇسۇل بىلەن بىر تەرەپ قىلىڭلار (يەنى ئۇنى قىينىمۇەتمەڭلار). مال بوغۇزلىماقچى بولغىنىڭلاردا، مالنىڭ قىينىلىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن، پىچاقنى ياخشى بىلەڭلار!»

(مۇسلىم: 1955)

3889 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ قَالَ أَمَرَ رَسُولُ اللهِ ﷺ بِحَدِّ الشِّفَارِ وَأَنْ تُوَارَى عَنْ الْبَهَائِمِ وَقَالَ إِذَا ذَبَحَ أَحَدُكُمْ فَلْيُجْهِزْ.

3889 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مال سويغۇچىلارنى پىچاقنى ياخشى بىلەشكە ۋە ئۇنى مالغا كۆرسەتمەسلىككە بۇيرىدى، ئاندىن: «مال سويماقچى بولساڭلار، ئۇنى تېز بوغۇزلاڭلار!» دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 3172 )

---

[1] ئەلبانى (682): زەئىپ، ـ دېگەن.

3890 - عن ابن عباس, قال: من نسي التسمية فلا بأس ومن تعمد فلا تأكل.

3890 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: كىمكى مال بوغۇزلىغاندا، ”بىسمىللاھ“ دېيىشنى ئۇنتۇپ قالسا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. ئەمما ”بىسمىللاھ“ نى قەستەن دېمىسە، ئۇ بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولمايدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3891 ـ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو يَرْفَعُهُ قَالَ مَنْ قَتَلَ عُصْفُورًا فَمَا فَوْقَهَا بِغَيْرِ حَقِّهَا سَأَلَ اللهُ عَزَّ وَجَلَّ عَنْهَا يَوْمَ الْقِيَامَةِ قِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ فَمَا حَقُّهَا قَالَ حَقُّهَا أَنْ تَذْبَحَهَا فَتَأْكُلَهَا وَلَا تَقْطَعْ رَأْسَهَا فَيُرْمَى بِهَا.

3891 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ كىمكى قۇشقاچ ياكى ئۇنىڭدىن چوڭ قۇشنى ناھەق ئۆلتۈرسە، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭدىن بۇنىڭ ھېسابىنى ئالىدۇ، ـ دېدى. ساھابىلاردىن بىرى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى ھەققى بىلەن ئۆلتۈرۈش قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىڭ بېشىنى ئۈزۈۋېلىپ تاشلاپ قويماي، يېيىش كېرەك، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 4445)

3892 - عَنْ أَبِي وَاقِدٍ اللَّيْثِي قَالَ قَدِمَ النبي ﷺ الْمَدِينَةَ وَهُمْ يَجُبونَ أَسْنِمَةَ الْإِبِلِ وَيَقْطَعُونَ أَلْيَاتِ الْغَنَمِ فَقَالَ مَا قُطِعَ مِنْ الْبهيمَةِ وَهِيَ حَيةٌ فَهِيَ مَيْتَةٌ.

3892 ـ ئەبۇ ۋاقىد لەيسى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە كەلگەندە، مەدىنىلىكلەر تۆگىنىڭ لوكىسى بىلەن قوينىڭ قۇيرۇقىنى (تىرىك تۇرغۇزۇپلا) كېسىپ يەيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى كۆرۈپ: «تىرىك

[1] ئەلبانى (302): زەئىپ، ـ دېگەن.

ھايۋاندىن كېسىلگەن پارچە تاپقا (يەنى ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننىڭ بىر پارچىسىغا) ئوخشايدۇ (شۇڭا ئۇنى يېيىشكە بولمايدۇ)» دېدى[1].
(تىرمىزى: 1480)

3893 - عَنْ أَبِي الْعُشَرَاءِ عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَمَا تَكُونُ الذكَاةُ إِلا مِنَ اللبةِ أَوْ الْحَلْقِ قَالَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ لَوْ طَعَنْتَ فِي فَخِذِهَا لَأَجْزَأَ عَنْكَ.

3893 ـ ئەبۇ ئۇشەرا دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مالنى پەقەت بوغۇز ياكى بويىنىدىنلا بوغۇزلاشقا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام:

ـــ زۆرۈر تېپىلغاندا، يوتىسىغا بىر نەرسە تىقىۋەتسەڭمۇ كۇپايە قىلىدۇ، ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2825)

3894 - قَالَ ابْنُ عَباسٍ مَا أَعْجَزَكَ مِنْ الْبَهَائِمِ مِما فِي يَدَيْكَ فَهُوَ كَالصيْدِ وَفِي بَعِيرٍ تَرَدى فِي بِئْرٍ مِنْ حَيْثُ قَدَرْتَ عَلَيْهِ فَذَكهِ وَرَأَى ذَلِكَ عَلِي وَابْنُ عُمَرَ وَعَائِشَةُ وَقَالَ ابن عَباسٍ الذكَاةُ فِي الْحَلْقِ وَاللبةِ وَقَالَ ابْنُ عُمَرَ وَابْنُ عَباسٍ وَأَنَسٌ إِذَا قَطَعَ الرأْسَ مع ابتداء الذبح من الحلق فَلَا بَأْسَ فإن ذبح من القفا لا تؤكل سواء قطع الرأس أو لا يقطع.

3894 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئۆيدە باققان مالنى بوغۇزلاشقا كۈچ يەتمىسە، ئۇنى ئوۋ ھايۋىنىغا ئوخشاش ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ. قۇدۇققا چۈشۈپ كەتكەن تۆگىنىڭ قەيېرىگە كۈچ يەتسە، شۇ يەرگە پىچاق ئۇرۇش كېرەك.

ھەزرىتى ئەلى، ئىبنى ئۆمەر ۋە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملارمۇ مۇشۇنداق دەپ قارايتتى.

[1] ئەلبانى (1197): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (604): مۇنكەر ـ دېگەن.

ئىبنى ئابباس يەنە مۇنداق دەيدۇ: مال پەقەت بويۇن ۋە بوغۇزىدىنلا بوغۇزلىنىدۇ.

ئىبنى ئۆمەر، ئىبنى ئاباس ۋە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇملار مۇنداق دەيدۇ: مال كېكىردەك تەرەپتىن بوغۇزلىنىۋاتقاندا، بېشى ئۈزۈلۈپ كەتسە، ھېچۋەقەسى يوق. گەدىنىدىن بوغۇزلانغان مال (بېشى ئۈزۈلۈپ كەتسۇن ياكى كەتمىسۇن) ھالال بولمايدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

3895 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قال: نَهى رَسُولُ اللهِ ﷺ عَنْ شَرِيطَةِ الشـيْطَانِ زَادَ ٱبـنُ عِيسَى فِي حَدِيثِهِ وَهِيَ التِي تُذْبحُ فُيُقْطَعُ الْجِلْدُ وَلَا تُفْرَى الْأَوْدَاجُ ثُم تُتْرَكُ حَتى تَمُوتَ.

3895 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مالنى شەيتاندەك بوغۇزلاشتىن توستى.

ئىبنى ئىيسا بىر ھەدىسىدە شەيتاندەك مال بوغۇزلاشنى شەرھلەپ: مالنىڭ تېرىسىنى (ۋە بوغۇزنىڭ بىر قىسمىنى) كېسىپ، جان تومۇرىنى ئۈزۈۋەتمەي ئۆلگەنگە قەدەر تاشلاپ قويۇشتۇر، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2826)

3896 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ عَنْ النبِي ﷺ قَالَ ذَكَاةُ الْجَنِينِ ذَكَاةُ أُمِهِ.

3896 ـ ئەبۇ سەئىددىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بوغاز مال بوغۇزلانسا، قورسىقىدىكى بالىسىمۇ بوغۇزلانغان بولىدۇ»[2] دېگەن.

(تىرمىزى: 1476)

[1] ئەلبانى (605): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (1193): سەھىھ ـ دېگەن.

3897 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ ﷺ عَنْ الْجَنِينِ فَقَالَ كُلُوهُ إِنْ شِئْتُمْ وَقَالَ مُسَدَّدٌ قُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ نَنْحَرُ النَّاقَةَ وَنَذْبَحُ الْبَقَرَةَ وَالشَّاةَ فَنَجِدُ فِي بَطْنِهَا الْجَنِينَ أَنُلْقِيهِ أَمْ نَأْكُلُهُ قَالَ كُلُوهُ إِنْ شِئْتُمْ فَإِنَّ ذَكَاتَهُ ذَكَاةُ أُمِّهِ

3897 ـ ئەبۇ سەئىد مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بوغۇزلانغان مالنىڭ قورسىقىدىن چىققان بالىسىنىڭ ھۆكمىنى سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ خالىساڭلار يەڭلار، ـ دېدى. مۇسەددەد:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىز قوي، كالا، تۆگە سويىمىز، بەزىدە ئۇلارنىڭ باللىرى چىقىپ قالىدۇ. ئۇنى تاشلىۋېتەمدۇق ياكى يېسەك بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ خالىساڭلار يەڭلار، چۈنكى ئانىسىنىڭ بوغۇزلىنىشى ئۇنىڭغا كۇپايە قىلىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2827)

3898 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ كَانَ يَقُولُ إِذَا نُحِرَتْ النَّاقَةُ فَذَكَاةُ مَا فِي بَطْنِهَا فِي ذَكَاتِهَا إِذَا كَانَ قَدْ تَمَّ خَلْقُهُ وَنَبَتَ شَعَرُهُ فَإِذَا خَرَجَ مِنْ بَطْنِ أُمِّهِ ذُبِحَ حَتَّى يَخْرُجَ الدَّمُ مِنْ جَوْفِهِ.

3898 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: تۆگە بوغۇزلانغاندا، ئۇنىڭ قارنىدىكى بالىسىمۇ، بالىسى تولۇق يېتىلىپ، تېرىسىگە تۈك چىقىپ بولغان بولسا، بوغۇزلانغان بولىدۇ. ئانىسىنىڭ قارنىدىن چىقىرىلغاندىن كېيىن، قورسىقىدىكى قاننى چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قايتا بوغۇزلىنىدۇ.

(مالىك: 1061)

[1] ئەلبانى (2451): سەھىھ ـ دېگەن.

3899 - عَنْ عَبَايَةَ بْنِ رِفَاعَةَ بْنِ رَافِعٍ عَنْ جَدِّهِ رَافِعِ بْنِ خَدِيجٍ قَالَ كُنَّا مَعَ النَّبِيِّ ﷺ بِذِي الْحُلَيْفَةِ فَأَصَابَ النَّاسَ جُوعٌ فَأَصَبْنَا إِبِلًا وَغَنَمًا وَكَانَ النَّبِيُّ ﷺ فِي أُخْرَيَاتِ النَّاسِ فَعَجِلُوا فَنَصَبُوا الْقُدُورَ فَدُفِعَ إِلَيْهِمْ النَّبِيُّ ﷺ فَأَمَرَ بِالْقُدُورِ فَأُكْفِئَتْ ثُمَّ قَسَمَ فَعَدَلَ عَشَرَةً مِنْ الْغَنَمِ بِبَعِيرٍ فَنَدَّ مِنْهَا بَعِيرٌ وَكَانَ فِي الْقَوْمِ خَيْلٌ يَسِيرَةٌ فَطَلَبُوهُ فَأَعْيَاهُمْ فَأَهْوَى إِلَيْهِ رَجُلٌ بِسَهْمٍ فَحَبَسَهُ اللَّهُ فَقَالَ النَّبِيُّ ﷺ إِنَّ لِهَذِهِ الْبَهَائِمِ أَوَابِدَ كَأَوَابِدِ الْوَحْشِ فَمَا نَدَّ عَلَيْكُمْ مِنْهَا فَاصْنَعُوا بِهِ هَكَذَا قَالَ وَقَالَ جَدِّي إِنَّا لَنَرْجُو أَوْ نَخَافُ أَنْ نَلْقَى الْعَدُوَّ غَدًا وَلَيْسَ مَعَنَا مُدًى أَفَنَذْبَحُ بِالْقَصَبِ فَقَالَ مَا أَنْهَرَ الدَّمَ وَذُكِرَ اسْمُ اللَّهِ عَلَيْهِ فَكُلْ لَيْسَ السِّنَّ وَالظُّفُرَ وَسَأُخْبِرُكُمْ عَنْهُ أَمَّا السِّنُّ فَعَظْمٌ وَأَمَّا الظُّفُرُ فَمُدَى الْحَبَشَةِ.

3899 ـ ئەبايە ئىبنى رىفائە ئىبنى رافىئ بوۋىسى رافىئ ئىبنى خەدىج رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن زۇلھۇلەيفەدە بىللە ئىدۇق. ھەممىمىزگە ئاچلىق يەتكەندى، شۇنىڭ بىلەن، (غەنىمەت ئېلىنغان) تۆگە ۋە قويلاردىن بىر نەچچىنى سويدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قوشۇننىڭ سەل ئارقىسىدا ئىدى. ئالدىراپ كەتكىنىمىزدىن قازان ئېسىپ، گۆشنى پىشۇرۇشقا باشلىدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېتىپ كېلىپ، قازاننى ئۆرۈۋېتىشكە بۇيرۇدى، قازانلار ئۆرۈۋېتىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئون قوينى بىر تۆگىگە ھېسابلاپ (غەنىمەتلەرنى) تەقسىم قىلدى. شۇ ئەسنادا، تۆگىدىن بىرسى قېچىپ كەتتى. بىزدە ئات ئاز بولغاچقا، تۆگىنى قوغلىغان بولسىمۇ تۇتالمىدى. ئارىدىن بىرەيلەن تۆگىگە قارىتىپ (ئوقيادىن) ئوق ئاتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله ئۇ تۆگىنىڭ جېنىنى ئالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— بۇ ھايۋانلارنىڭ ئىچىدە ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش قاچىدىغانلىرى بار. ئەگەر مۇشۇنداق ئەھۋالغا دۇچ كەلسەڭلار، بۇ ئادەمگە ئوخشاش قىلىڭلار! ـ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەتە دۈشمەنگە دۇچ كېلىشىمىز مۇمكىن، يېنىمىزدا پىچاقمۇ يوق. (مال سويۇشقا توغرا كېلىپ قالسا) قومۇش بىلەن بوغۇزلىساق بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله تائالانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ، قان چىقارغۇدەك نەرسە بىلەن بوغۇزلانغان مالنىڭ گۆشىنى يېسەڭلار بولىدۇ. ئەمما چىش ياكى تىرناقنى قوللىنىشقا بولمايدۇ. بۇنىمۇ سىلەرگە چۈشەندۈرۈپ قوياي، چىش (دېگىنىم) ئۇستىخان؛ تىرناق (بولسا) ھەبەشلىكلەرنىڭ پىچىقىدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5498)

3900 - عَنْ عَدِي ْبنِ حَاتِمٍ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيْتَ إِنْ أَحَدُنَا أَصَابَ صَيْدًا وَلَيْسَ مَعَهُ سِكينٌ أَيَذْبَحُ بِالْمَرْوَةِ وَشِقةِ الْعَصَا فَقَالَ أَمْرِرْ الدمَ بِمَا شِئْتَ وَاذْكُرْ اسْمَ اللـهِ عَز وَجَل.

3900ـ ئەدى ئىبنى ھاتىم مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر بىرەرسىمىز ئوۋ ئوۋلاپ، يېنىدا پىچاق بولمىسا، ئۇنى بىسلىق تاش ۋە ھاسا يېرىندىسىغا ئوخشاش نەرسىلەر بىلەن ئۆلتۈرسە بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمىنى خالىساڭ، شۇنىڭ بىلەن قان چىقارغىن. ئەمما اللهنىڭ ئىسمى ئاتالماي قالمىسۇن، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2824)

[1] ئەلبانى (2450): سەھىھ ـ دېگەن.

3901 - عَنْ كَعْبِ بْنِ مَالِكٍ أَنَّهُ كَانَتْ لَهُمْ غَنَمٌ تَرْعَى بِسَلْعٍ فَأَبْصَرَتْ جَارِيَةٌ لَنَا بِشَاةٍ مِنْ غَنَمِنَا مَوْتًا فَكَسَرَتْ حَجَرًا فَذَبَحَتْهَا بِهِ فَقَالَ لَهُمْ لَا تَأْكُلُوا حَتَّى أَسْأَلَ النَّبِيَّ ﷺ أَوْ أُرْسِلَ إِلَى النَّبِيِّ ﷺ مَنْ يَسْأَلُهُ وَأَنَّهُ سَأَلَ النَّبِيَّ ﷺ عَنْ ذَاكَ أَوْ أَرْسَلَ فَأَمَرَهُ بِأَكْلِهَا.

3901 ـ كەئب ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەلئى تېغىدا باقىدىغان قويلىرىمىز بار ئىدى. (قويغا قاراۋاتقان) بىر دېدەكىمىز قويلاردىن بىرىنىڭ جان تالىشىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بىر تاشنى چېقىپ، قىرلىق تەرىپى بىلەن قوينى بوغۇزلىغان ئىكەن. مەن:

ـ بۇنىڭ ھۆكمىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىمىغىچە ياكى سوراپ كېلىش ئۈچۈن بىرىنى ئەۋەتمىگىچە، گۆشىنى يېمەي تۇرۇڭلار! ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بۇيرىدى.

(بۇخارى: 2304)

3902 - عَنْ عَطَاءِ بْنِ يَسَارٍ عَنْ رَجُلٍ مِنْ بَنِي حَارِثَةَ أَنَّهُ كَانَ يَرْعَى لِقْحَةً بِشِعْبٍ مِنْ شِعَابِ أُحُدٍ فَأَخَذَهَا الْمَوْتُ فَلَمْ يَجِدْ شَيْئًا يَنْحَرُهَا بِهِ فَأَخَذَ وَتَدًا فَوَجَأَ بِهِ فِي لَبَّتِهَا حَتَّى أُهْرِيقَ دَمُهَا ثُمَّ جَاءَ إِلَى النَّبِيِّ ﷺ فَأَخْبَرَهُ بِذَلِكَ فَأَمَرَهُ بِأَكْلِهَا.

3902 ـ ئەتا ئىبنى يەسار بەنى ھارىسە قەبىلىسىلىك بىر كىشىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، ئۇ كىشى ئۇھۇد تېغىنىڭ بىر جىلغىسىدا بوغاز تۆگىدىن بىرنى ئوتلىتىۋاتقانىكەن، تۆگە تۇيۇقسىزلا جان تالىشىشقا باشلاپتۇ. ئۇ كىشى تۆگىنى بوغۇزلاشقا بىر نەرسە تاپالماي، قوزۇقنى تۆگىنىڭ كېكىرتىكىگە تىقىپ، قېنىنى ئېقىتىپتۇ. ئاندىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئېيتقانىكەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بۇيرۇپتۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2823)

[1] ئەلبانى (2449): سەھىھ ـ دېگەن.

3903 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَن ذِئْبًا نَيبَ فِي شَاةٍ فَذَبَحُوهَا بِمَرْوَةٍ فَرَخَّصَ النبِي ﷺ فِي أَكْلِهَا.

3903 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر بۆرە قويلاردىن بىرىنى چىشلىۋەتتى، ئادەملەر بىسلىق تاش بىلەن ئۇنى بوغۇزلىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بۇيرىدى[①].

(نەسائى: 4407)

3904 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ ﷺ عَنْ أَكْلِ الْمُجَثمَةِ وَهِيَ التِي تُصْبَرُ بِالنبْلِ.

3904 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يەرگە باغلىنىپ، قارىغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈلگەن ھايۋانىنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى[②].

(تىرمىزى: 1473)

3905 - وزاد رزين: وعن الجليسة وهي التي يأخذها الذئب فاستنقذت بعد اليأس منها.

3905ـ رەزىنىنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۆرە ئېلىپ قېچىپ، ھايات قېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈلگەندىن كېيىن قۇتۇلدۇرۇۋېلىنغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى.

3906 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن قَوْمًا قَالُوا لِلنبِي ﷺ إِن قَوْمًا يَأْتُونَا بِاللحْمِ لَا نَدْرِي أَذُكِرَ اسْمُ اللهِ عَلَيْهِ أَمْ لَا فَقَالَ سَموا عَلَيْهِ أَنْتُم وَكُلُوهُ قَالَتْ وَكَانُوا حَدِيثِي عَهْدٍ بِالْكُفْرِ.

---

① ئەلبانى (4098): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (1190): سەھىھ ـ دېگەن.

3906 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر قەۋم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! باشقا بىر قەۋم بىزگە گۆش ئېلىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ مال بوغۇزلىغاندا، اﷲنىڭ ئىسمىنى تىلغا ئالىدىغان ياكى ئالمايدىغانلىقىنى بىلمەيمىز، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سىلەر "بىسمىللاھ" دەپ يەڭلار! ــ دېدى. بۇنى سورىغۇچىلار يېڭىدىن مۇسۇلمان بولغانلار ئىدى.

(بۇخارى: 5507)

3907 - عَنْ دِحْيَةَ الْكَلْبِي، قَالَ: أُهْدِيَتْ لِرَسُولِ اللهِ جُبةٌ صُوفٌ وخُفيْنِ فَلَبِسَهُمَا حَتى تَخَرقَا وَلَمْ يَسْأَلْ عَنْهُمَا ذَكيْناهُمَا أَمْ لاَ؟

3907 ـ دىھيە كەلبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يۇڭدىن توقۇلغان بىر تون بىلەن بىر جۈپ ئۆتۈك ھەدىيە قىلىندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يىرتىلىپ كەتكىچە كىيدى. ئەمما ئۆتۈك تېرىسىنىڭ "بىسمىللاھ" دەپ بوغۇزلانغان ھايۋاننىڭ ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى سورىمىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 4200)

3908 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ أَنهُ سُئِلَ عَنْ ذَبَائِحِ نَصَارَى الْعَرَبِ فَقَالَ لَا بَـأْسَ بِهَا وَتَلَا هَذِهِ الْآيَةَ ﴿وَمَنْ يَتَوَلهُمْ مِنْكُمْ فَإِنهُ مِنْهُمْ﴾.

3908ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ ئەرەب خرىستىئانلىرى بوغۇزلىغان مالنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولامدۇ ـ بولمامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئۇ:

[1] ھەيسەمى (8627): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى زەرىس ئىسىملىك ناتونۇش بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ (يېسەڭلار) بولىدۇ، ـ دېدى، ئاندىن: «سىلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتسا، ئۇمۇ ئەنە شۇلاردىن سانىلىدۇ»[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(مالىك: 1058)

3909 - عَنْ ابْنِ عَبَاسٍ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ ﷺ عَنْ مُعَاقَرَةِ الْأَعْرَابِ.

3909 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەئرابىلار (يەنى بەدەۋىيلەر) ماختىنىش ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن بەسلىشىپ سويغان تۆگىنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توسقان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2820)

3910 - عَنْ أَبِي مُرةَ مَوْلَى عَقِيلِ بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنَهُ سَأَلَ أَبَا هُرَيْـرَةَ عَـنْ شَـاةٍ ذُبِحَتْ فَتَحَرَكَ بَعْضُهَا فَأَمَرَهُ أَنْ يَأْكُلَهَا ثُم سَأَلَ عَنْ ذَلِكَ زَيْدَ بْنَ ثَابِتٍ فَقَالَ إِن الْمَيْتَـةَ لَتَتَحَرَكُ وَنَهَاهُ عَنْ ذَلِكَ.

3910 ـ ئەقىل ئىبنى ئەبۇ تالىبنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ مۇررە مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پىچاقتا ئاران ئۆلگۈرگەن قوينىڭ بەزى يەرلىرى ھەرىكەت قىلسا، ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ يېيىشكە بولىدۇ، ـــ دەپ جاۋاب بەردى. ئوخشاش سوئالنى زەيد ئىبنى سابىتتىن سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ئۆلۈپ بولغان ھايۋانلارمۇ بەزىدە ھەرىكەت قىلىپ قالىدۇ، ـ دېدى ۋە ئۇنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توستى.

(مالىك: 1060)

---

[1] سۈرە مائىدە، 51 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەينى زاماندا بۇ ئايەت ئەرەبلەرگە خىتاب قىلىنغان بولۇپ، ئەرەبلەردىن خرىستىئان دىنىغا كىرگەنلەرنىڭمۇ ئەھلى كىتاب ھېسابلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئەھلى كىتابلارنىڭ ئەسلى دىنىدا الله كۆرسەتكەن بويىچە بوغۇزلانغان ماللىرى مۇسۇلمانلارغىمۇ ھالال. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ”ئەرەبلەردىن كىمكى ئۇلارنى دوست تۇتسا (يەنى ئۇلارنىڭ دىنىغا كىرسە)“ دېگەن نۇقتىنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇ ئايەتنى ئوقۇغان.

[3] ئەلبانى (2446): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

3911 - عن أنس بن مالك، قال: قال رسول الله: "إذا سميتم فكبروا (يعني: على الذبيحة).

3911 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«(مال بوغۇزلىماقچى بولساڭلار) ”بىسمىللاھ“ دېيىش بىلەن بىرگە تەكبىر ئوقۇڭلار!» دېگەن[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

3912 - عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرةَ عَنْ أَبِيهِ أن رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إني لَأَذْبَحُ الشاةَ وَأَنا أَرْحَمُهَا أَوْ قَالَ إني لَأَرْحَمُ الشاةَ أَنْ أَذْبَحَهَا فَقَالَ وَالشاةُ إِنْ رَحِمْتَهَا رَحِمَكَ اللهُ.

3912 ـ مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن قوي بوغۇزلىغاندا، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ بوغۇزلايمەن (يەنى ئۇنى قىينىۋەتمەيمەن)، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن قويغا ئىچ ئاغرىتساڭ، الله تائالامۇ ساڭا رەھىم قىلىدۇ، ـ دېدى[2].

(ئەھمەد: 15165)

3913 – وللبزار والكبير والصغير: عَنْ مُعَاوِيَةَ بْنِ قُرةَ، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: قُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، إني لأَذْبَحُ الشاةَ وَأَنا أَرْحَمُهَا، قَالَ: "وَالشاةُ إِنْ رَحِمْتَهَا، رَحِمَكَ اللهُ".

3913 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، مۇئاۋىيە ئىبنى قۇررە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ:

---

[1] ھەيسەمى (6015): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئوسمان ئىبنى ئابدۇرراھمان قۇرەشى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6029): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قوي بوغۇزلىغاندا، ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن قويغا ئىچ ئاغرىتساڭ، الله تائالامۇ ساڭا ئىچ ئاغرىتىدۇ (يەنى رەھىم قىلىدۇ)، ـ دېدى[①].

(بەززار: 1221)

3914 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ الله: "مَنْ رَحِـمَ، وَلَوْ ذَبِيحَةَ عُصْفُورٍ رَحِمَهُ اللهُ يَوْمَ الْقِيَامَةِ".

3914 ـ ئەبۇ ئۇمامەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى قۇشقاچ چاغلىق نەرسە بوغۇزلىسىمۇ، ئۇنىڭغا رەھىم قىلسا، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭغا رەھىم قىلىدۇ»[②].

(«ئەلكەبىر»: 7915)

3915 - عَنِ ابْنِ عَبَاسٍ، قَالَ: مَر رَسُولُ اللهِ عَلَى رَجُلٍ وَاضِعٍ رِجْلَهُ عَلَى صَفْحَةِ شَاةٍ، وَهُوَ يَحُد شَفْرَتَهُ، وَهِيَ تَلْحَظُ إِلَيْهِ بِبَصرِها، قَالَ: أَفَلا قَبْلَ هَذَا، أَوَ تُرِيدُ أَنْ تُمِيتَهَـا مَوْتَتَانِ.

3915 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دەيـدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يولدا كېتىۋېتىپ، بىر كىشىنىڭ قوينىڭ كۆكسىگە دەسسەپ تۇرۇپ، پىچىقنى بىلەۋاتقانلىقىنى كۆردى. قوي (پىچاق بىلەۋاتقان ئادەمگە) قورقۇنچ ئىچىدە قاراپ تۇراتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[①] ھەيسەمى (6029): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (6031): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ قوينى ياتقۇزۇشتىن بۇرۇن پىچىقىڭنى بىلىۋالساڭ بولمامتى؟ ياكى سەن بۇ قوينى ئىككى قېتىم ئۆلتۈرمەكچى بولدۇڭمۇ؟ ـ دېدى[①].

(«ئەلكەبىر»؛ «ئەلئەۋسەت»: 11956)

3916 - عن على بن عبد الله البارقى قال استفتت امرأة بمكة فقلت هذا عبد الله بن عمر عليك به فاستفتيه فاندفعت نحوه فاتبعتها أسمع ما تقول قالت يا عبد الله افتني عن الجراد قال ذكى كله.

3916 - ئەلى ئىبنى ئابدۇللاھ بارىقى مۇنداق دەيدۇ: مەككىدە بىر ئايال مەندىن پەتىۋا سورىماقچى بولغانىدى، مەن ئۇ ئايالغا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنى كۆرسىتىپ:

ــ ئۇ كىشىدىن سورىغىن! ـ دېدىم. ئۇ ئايال ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر تەرەپكە قاراپ ماڭدى، مەن ئۇ ئايالنىڭ نېمە سوئال سورايدىغانلىقىغا قىزىقىپ، ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇ ئايال:

ــ ئى ئابدۇللاھ! چېكەتكىنىڭ ھۆكمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە پەتىۋا بەرگەن بولساڭ، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

ــ چېكەتكە پاكتۇر (يەنى يېيىشكە بولىدۇ)، ـ دېدى[②].

(«ئەلكەبىر»)

3917 - عن جَابِرٌ قال: دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ ﷺ فَعَمَدْتُ إِلَى عَنْزٍ لِأَذْبَحَهَا فَثَغَتْ فَسَمِعَ ثَغْوًا فَقَالَ يَا جَابِرُ لَا تَقْطَعْ دَرًّا وَلَا نَسْلًا فَقُلْتُ يَا نَبِي اللهِ إنمَا هِيَ عُتُودَةٌ عَلَفْتُهَا الْبَلَحَ وَالرطَبَ حَتى سَمِنَتْ.

3917 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنىڭ ئۆيگە كەلدى، مەن ئۇنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئۆچكە بوغۇزلىماقچى بولدۇم، ئەمما ئۆچكە مەرەپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

---

[①] ھەيسەمى (6033): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (6076): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ـ ئى جابىر! ئوغلاقلاۋاتقان ۋە سۈت بېرىۋاتقان ئۆچكەڭنى سويمىغىن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ ئۆچكىنى ھۆل ۋە قۇرۇق خورما بىلەن بېقىپ، سويۇش ئۈچۈن سەمرىتكەنىدىم، ـ دېدىم[①].

(ئەھمەد: 14842)

[①] ھەيسەمى (6084): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تونۇمايدىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

## گۆشى هارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھ بولغان هايۋانلار

3918 - عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ قَالَ كَانَ أَهْلُ الْجَاهِلِيةِ يَأْكُلُونَ أَشْيَاءَ وَيَتْرُكُـونَ أَشْـيَاءَ تَقَذُّرًا فَبَعَثَ اللهُ تَعَالَى نَبِيهُ ﷺ وَأَنْزَلَ كِتَابَهُ وَأَحَلَ حَلَالَهُ وَحَرمَ حَرَامَهُ فَمَا أَحَل فَهُوَ حَلَالٌ وَمَا حَرمَ فَهُوَ حَرَامٌ وَمَا سَكَتَ عَنْهُ فَهُوَ عَفْوٌ وَتَلَا اا قُلْ لَا أَجِدُ فِيمَا أُوحِيَ إِلَي مُحَرَّمًا ا إِلَى آخِرِ الْآيِةِ.

3918 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشىغانلار بەزى نەرسىلەرنى يەپ، بەزى نەرسىلەرنى پاسكىنا ساناپ يېمەيتتى. الله سۇبھانەھۇ ۋەتەئالا پەيغەمبىرىنى ئەۋەتىپ، كىتابى قۇرئاننى نازىل قىلدى ۋە هالال بىلەن هارامنى ئېنىق ئايرىپ بەردى. شۇندىن تارتىپ، الله هالال قىلغان نەرسىلەر هالال، هارام قىلغان نەرسىلەر هارام هېسابلاندى. تىلغا ئېلىنمىغان نەرسىلەرنى الله ئەپۇ قىلدى (يەنى مۇباھ قىلدى).

ئاندىن ئىبنى ئابباس: (ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيي قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋە ياكى چوشقا گۆشى (چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن گۆشى پاسكىنىدۇر) ۋە اللهتىن غەيرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن باشقىنى هەر قانداق ئادەم ئۈچۈن هارام كۆرمەيمەن. كىمكى ئۇلاردىن (يەنى يۇقىرىقى هارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز هالدا هاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە (هېچ گۇناھ بولمايدۇ). چۈنكى

پەرۋەردىگارىڭ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر، (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇرŶ[1]
دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3800)

3919 - عن قَبِيصَةُ بْنُ هُلْبٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ﷺ وَسَأَلَهُ رَجُلٌ فَقَالَ إِن مِنْ الطَعَامِ طَعَامًا أَتحَرجُ مِنْهُ فَقَالَ لَا يَتخَلجَن فِي صَدْرِكَ شَيْءٌ ضَارَعْتَ فِيهِ النصْرَانِيةَ.

3919 ـ قەبىيسە ئىبنى ھۇلب دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— مەن بەزى تاماقلارنى يېيىشتىن شەكلىنىپ قالىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

— ئۇنداق دەرگۇمانىدا بولمىغىن، ئۇنداق قىلىۋەرسەڭ، (ھالال يېمەكلىكلەردىنمۇ گۇمانلىنىدىغان) خىرىستىيئانلاردەك بولۇپ قالىسەن، ـ دېدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 3784)

3920 - عن سُلَيْمَانُ الشيْبَانِي قَالَ سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ أَبِي أَوْفَى يَقُولُ: أَصَابَتْنَا مَجَاعَةٌ لَيَالِيَ خَيْبَرَ فَلَما كَانَ يَوْمُ خَيْبَر وَقَعْنَا فِي الْحُمُرِ الْأَهْلِيةِ فَانْتَحَرْنَاهَا فَلَما غَلَتْ بِهَا الْقُدُورُ نَادَى مُنَادِي رَسُولِ اللهِ أَنْ اكْفَئُوا الْقُدُورَ وَلَا تَأْكُلُوا مِنْ لُحُومِ الْحُمُرِ شَيْئًا قَالَ فَقَالَ نَاسٌ إِنمَا نَهَى عَنْهَا رَسُولُ اللهِ لِأَنهَا لَمْ تُخَمسْ وَقَالَ آخَرُونَ نَهى عَنْهَا أَلْبَتةَ.

3920 ـ سۇلايمان شەيبانى ئۆزىنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفادىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: خەيبەرگە ھەربىي يۈرۈش قىلغاندا، قوشۇندىكىلەر ئاچ قالغانىدى. خەيبەر فەتھە قىلىنغان كۈنى بىر توپ ئىشەكنى غەنىمەت ئالدۇق ۋە ئۇلارنى سويۇپ، قازانلارغا

[1] سۈرە ئەنئام، 145 ـ ئايەت.
[2] ئەلبانى (3225): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (3214): ھەسەن، ـ دېگەن.

سالدۇق. گۆش پىشاي دەپ قالغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جاكارچىسى:

ــ قازانلارنى ئۆرۈۋېتىڭلار، ئېشەكلەرنىڭ گۆشىنى يېمەڭلار! ــ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بەزىلەر:

ــ غەنىمەتنىڭ بەشتىن بىرىنى بەيتۇلمالغا ئايرىمىدۇق، شۇڭا يېيىشتىن توستى، ـ دېسە؛ يەنە بەزىلەر:

ــ بۇنىڭدىن كېيىن ئېشەك گۆشى يېيىشتىن پۈتۈنلەي چەكلەندۇق، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1937)

3921 - وعن عَنْ أنسٍ نحوه وفيه: فَقَالَ إن اللهَ عَز وَجَل وَرَسُولَهُ يَنْهَاكُمْ عَـنْ لُحُومِ الْحُمُرِ فَإنهَا رِجْسٌ

3921 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يەنە: الله تائالا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى سىلەرنى ئېشەك گۆشى يېيىشتىن توستى، چۈنكى ئۇ نىجىستۇر، ـ دېيىلگەن[1].

(نەسائى: 4340)

3922 - و عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ لَا أَدْرِي إنمَا نَهَى عَنْهُ رَسُولُ اللهِ ﷺ مِنْ أَجْلِ أَنـهُ كَانَ حَمُولَةَ الناسِ فَكَرِهَ أَنْ تَذْهَبَ حَمُولَتُهُمْ أَوْ حَرمَهُ فِي يَوْمِ خَيْبَرَ لُحُومَ الْحُمُرِ الْأَهْلِيةِ.

3922 ـ ئىبنى ئابباس مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېشەكنىڭ (ئېشەك كىشىلەرنىڭ نەرسە - كېرەكلىرىنى توشۇيدىغانلىقى ئۈچۈن) نەسلى قۇرۇپ كەتمەسلىكىنى كۆزدە تۇتقانمۇ ياكى خەيبەر كۈنى ئېشەك گۆشى يېيىشنى پۈتۈنلەي چەكلىگەنمۇ؟ (سەۋەبىنى) بىلەلمىدىم.

(مۇسلىم: 1939)

[1] ئەلبانى (4048): سەھىھ ـ دېگەن.

3923 - قَالَ عَمْرٌو قُلْتُ لِجَابِرِ بْنِ زَيْدٍ يَزْعُمُونَ أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ نَهى عَنْ حُمُرِ الْأَهْلِيةِ فَقَالَ قَدْ كَانَ يَقُولُ ذَاكَ الْحَكَمُ بْنُ عَمْرٍو الْغِفَارِي عِنْدَنَا بِالْبَصْرَةِ وَلَكِنْ أَبـى ذَاكَ الْبَحْرُ ابْنُ عَباسٍ وَقَرَأَ ﴿قُلْ لَا أَجِدُ فِيمَا أُوحِيَ إِلَي مُحَرَّمًا﴾.

3923 ـ ئەمر (ئىبنى دىنار) مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ بەزىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئېشەك گۆشىنى يېيىشتىن توسقانلىقىنى ئېيتىشۋاتىدۇ، ـ دېدىم. ئۇ مۇنداق دېدى:

بەسرەدە ھەكەم ئىبنى ئەمر غىفارىمۇ شۇنداق دېگەنىدى، لېكىن بۇيۈك ئالىم ئىبنى ئابباس ئۇنىڭ سۆزىگە قارشى چىقىپ: (ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋەياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە اللهتىن غەيرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن. كىمكى ئۇلاردىن (يەنى يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە (ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر﴿ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(بۇخارى: 5529)

3924 - عَنْ غَالِبِ بْنِ أَبْجَرَ قَالَ أَصَابَتْنَا سَنَةٌ فَلَمْ يَكُنْ فِي مَالِي شَيْءٌ أُطْعِمُ أَهْلِي إِلا شَيْءٌ مِنْ حُمُرٍ وَقَدْ كَانَ رَسُولُ اللهِ ﷺ حَرمَ لُحُومَ الْحُمُرِ الْأَهْلِيةِ فَأَتَيْـتُ النبِـي ﷺ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَصَابَتْنَا السنَةُ وَلَمْ يَكُنْ فِي مَالِي مَا أُطْعِمُ أَهْلِي إِلا سِمَانُ الْحُمُرِ وَإِنكَ حَرمْتَ لُحُومَ الْحُمُرِ الْأَهْلِيةِ فَقَالَ أَطْعِمْ أَهْلَكَ مِنْ سَمِينِ حُمُرِكَ فَإِنمَا حَرمْتُهَا مِنْ أَجْـلِ جَوالِ الْقَرْيَةِ يَعْنِي الْجَلالَةَ.

3924 ـ غالىب ئىبنى ئەبجەر مۇنداق دەيدۇ: بىر يىلى، يۇرتىمىزدا قۇرغاقچىلىق يۈز بەردى. ئائىلەمدە سىمىز ئېشەكلىرىمىزدىن باشقا يېگۈدەك بىر نەرسە قالمىدى. هالبۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېشەك گۆشىنى يېيىشتىن توسقان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! يۇرتىمىزدا قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بەردى. ئېشەكتىن باشقا يېگۈدەك نەرسىمىز قالمىدى. لېكىن سەن ئېشەك گۆشىنى يېيىشنى هارام قىلغان ئىدىڭ، قانداق قىلىمەن؟ ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئائىلەڭگە شۇ ئېشەكلەرنىڭ سىمىزىنى يېگۈزگىن. ئۇ هايۋانلار نىجىس نەرسە يېگەنلىكى ئۈچۈن، مەن ئۇلارنى يېيىشتىن توسقانىدىم، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3809)

3925 - عَنْ خَالِدِ بْنِ الْوَلِيدِ قَالَ غَزَوْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ ﷺ خَيْبَرَ فَأَتَتْ الْيَهُـودُ فَشَكَوْا أن الناسَ قَدْ أَسْرَعُوا إِلَى حَظَائِرِهِمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ أَلَا لَا تَحِلُّ أَمْـوَالُ الْمُعَاهَدِينَ إلا بِحَقِّهَا وَحَرَامٌ عَلَيْكُمْ حُمُرُ الْأَهْلِيَةِ وَخَيْلُهَا وَبِغَالُهَا وَكُلُّ ذِي نَابٍ مِنْ السَبَاعِ وَكُلُّ ذِي مِخْلَبٍ مِنْ الطَيْرِ.

3925 ـ خالىد ئىبنى ۋەلىد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە خەيبەر ئۇرۇشىغا باردىم. خەيبەر يەھۇدىيلىرى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ماللىرىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش ئۈچۈن ئېغىللىرىغا هۇجۇم قىلىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مۇسۇلمانلارغا): «ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئارىمىزدا ئىتتىپاق تۈزۈلگەن مىللەتلەرنىڭ ماللىرىنى شەرىئەتتە بەلگىلەنگەن سىرتىدا ئېلىۋېلىش هالال ئەمەس. ئات، ئېشەك، قېچىر،

① ئەلبانى (817): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

بارلىق يىرتقۇچ هايۋان ۋە (يىرتقۇچ) قۇشلارنىڭ گۆشلىرىمۇ هارامدۇر» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3809)

3926 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن رَسُولَ اللهِ ﷺ نَهَى يَوْمَ خَيْبَرَ عَنْ لُحُومِ الْحُمُرِ الْأَهْلِيةِ وَأَذِنَ فِي لُحُومِ الْخَيْلِ.

3926 - جابىر ئىبنى ئابدۇللاهتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى ئېشەك گۆشىنى يېيىشتىن توسۇپ، ئات گۆشىنى يېيىشكە رۇخسەت قىلغان.

(مۇسلىم: 1941)

3927 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن النبِي ﷺ نَهَى عَنْ ثَمَنِ الْهِر قَالَ ابْنُ عَبْدِ الْمَلِكِ عَنْ أَكْلِ الْهِر وَأَكْلِ ثَمَنِهَا.

3927 - جابىر ئىبنى ئابدۇللاهتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۈشۈكنىڭ پۇلىنى خەجلەشتىن توسقان.

ئىبنى ئابدۇلمەلىك مۇنداق دېگەن: يەنى مۈشۈك گۆشىنى ۋە ئۇنىڭ پۇلىنى يېيىشتىن توسقان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3807)

3928 - عن ابن عباس أن النبي ﷺ نَهَى عَن أكلِ المُجَثمَة وهي المصبورة للقتل، وعَن أكْلِ الجَلالَة وشرب لبنها.

3928 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىشانغا ئېلىپ (تاش ياكى ئوق ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان نەرسىلەر بىلەن) ئۆلتۈرۈلگەن

[1] ئەلبانى (815): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (816): زەئىپ، ـ دېگەن.

هايۋاننىڭ گۆشىنى يېيىشتىن چەكلىگەن. ئۇنىڭدىن باشقا، نىجىس نەرسىلەرنى يەيدىغان هايۋانلارنىڭ گۆشىنى يېيىش ۋە سۈتىنى ئىچىشتىنمۇ چەكلىگەن.

(ئەھمەد: 2666)

3929 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ نُهِيَ عَنْ رُكُوبِ الْجَلَالَةِ.

3929 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نىجىس نەرسىلەرنى يەيدىغان هايۋانلارغا مىنىشتىن توسقان[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2557)

3930 - عَنْ زَهْدَمٍ قَالَ كُنَّا عِنْدَ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِيِّ وَكَانَ بَيْنَنَا وَبَيْنَ هَذَا الْحَيِّ مِنْ جَرْمٍ إِخَاءٌ فَأُتِيَ بِطَعَامٍ فِيهِ لَحْمُ دَجَاجٍ وَفِي الْقَوْمِ رَجُلٌ جَالِسٌ أَحْمَرُ فَلَمْ يَدْنُ مِنْ طَعَامِهِ قَالَ ادْنُ فَقَدْ رَأَيْتُ رَسُولَ اللَّهِ ﷺ يَأْكُلُ مِنْهُ قَالَ إِنِّي رَأَيْتُهُ أَكَلَ شَيْئًا فَقَذِرْتُهُ فَحَلَفْتُ أَنْ لَا آكُلَهُ فَقَالَ ادْنُ أُخْبِرْكَ أَوْ أُحَدِّثْكَ إِنِّي أَتَيْتُ النَّبِيَّ ﷺ فِي نَفَرٍ مِنَ الْأَشْعَرِيِّينَ". فذكر الحديث.

3930 ـ زەھدەم مۇنداق دەيدۇ: بىز ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا ئىدۇق، جەرىم جەمەتىدىن بولغان بۇ قەبىلە بىلەن قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىمىز بار ئىدى. داستىخانغا توخۇ گۆشىدىن قىلىنغان تاماق كەلتۈرۈلدى. ئارىمىزدا چىرايى قىزىل بىر ئادەم بار ئىدى، ئۇ ئادەم ئۆزىگە كەلتۈرۈلگەن تاماققا قول ئۇزاتماي ئولتۇردى. ئەبۇ مۇسا ئۇنىڭغا:

ـــ تاماقنى يېگىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ مۇشۇ تاماقتىن يېگىنىنى كۆرگەنىدىم، ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

[①] ئەلبانى (2230): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ مەن توخۇنىڭ نىجىس نەرسىنى يەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بەكمۇ يىرگىنىپ كەتكەچكە، شۇندىن بېرى توخۇ گۆشى يېمەسلىككە الله نامىدىن قەسەم قىلىۋەتكەنىدىم. ـ دېدى. ئەبۇ مۇسا:

ــ (تاماقنى) يېقىن كەلگىن، مەن ساڭا (بىر ۋەقەنى) ئېيتىپ بېرەي! مەن ئەشئەرىلەردىن بىر قانچە كىشىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدىم... ــ دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

(بۇخارى: 5518)

3931 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ شِبْلٍ أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ نَهَى عَنْ أَكْلِ لَحْمِ الضب.

3931 - ئابدۇراھمان ئىبنى شىبلدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلەرنىڭ گۆشىنى يېيىشتىن توسقان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3796)

3932 - عن ابْن عَباسٍ أَخْبَرَهُ أَن خَالِدَ بْنَ الْوَلِيدِ الذي يُقَالُ لَهُ سَيْفُ اللهِ أَخْبَرَهُ أَنهُ دَخَلَ مَعَ رَسُولِ اللهِ ﷺ عَلَى مَيْمُونَةَ زَوْجِ النبِي ﷺ وَهِيَ خَالَتُهُ وَخَالَةُ ابْنِ عَباسٍ فَوَجَدَ عِنْدَهَا ضَبا مَحْنُوذًا قَدِمَتْ بِهِ أُخْتُهَا حُفَيْدَةُ بِنْتُ الْحَارِثِ مِنْ نَجْدٍ فَقَدمَتْ الضب لِرَسُولِ اللهِ ﷺ وَكَانَ قَلمَا يُقَدمُ يَدَهُ لِطَعَامٍ حَتى يُحَدثَ بِهِ وَيُسَمى لَهُ فَأَهْوَى رَسُولُ اللهِ ﷺ يَدَهُ إِلَى الضب فَقَالَتْ امْرَأَةٌ مِنْ النسْوَةِ الْحُضُورِ أَخْبِرْنَ رَسُولَ اللهِ ﷺ مَا قَدمْتن إِلَيْهِ قُلْنَ هُوَ الضب يَا رَسُولَ اللهِ فَرَفَعَ رَسُولُ اللهِ ﷺ يَدَهُ عَنْ الضب فَقَالَ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ أَحَرَامٌ الضب يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ لَا وَلَكِنْ لَمْ يَكُنْ بِأَرْضِ قَوْمِي فَأَجِدُنِي أَعَافُهُ قَالَ خَالِدٌ فَاجْتَرَرْتُهُ فَأَكَلْتُهُ وَرَسُولُ اللهِ ﷺ يَنْظُرُ إِلَي فَلَمْ يَنْهَنِي.

3932 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما "اللهنىڭ قىلىچى" دەپ نام ئالغان خالىد ئىبنى ۋەلىدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن

[1] ئەلبانى (3224): ھەسەن، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى) مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ھۇجرىسىغا كىردىم. مەيمۇنە ئىبنى ئابباس ئىككىمىزنىڭ ھاممائاچىسى ئىدى. مەيمۇنەنىڭ ھۇجرىسىدا ھەمشىرىسى ھۇفەيد بىنتى ھارىس نەجدتىن كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇپ ئېلىپ كەلگەن كېلەر گۆشى بار ئىكەن. مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ گۆشنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا قويدى، لېكىن گۆشنىڭ نەدىن كەلگەنلىكى ياكى قايسى ھايۋاننىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنى ئېيتمىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى گۆشكە سۇنۇپ تۇرۇشىغا، ھۇجرىدىكى ئاياللاردىن بىرى مەيمۇنەگە:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بۇنىڭ قانداق گۆش ئىكەنلىكىنى، نەدىن كەلگەنلىكىنى ئېيتمىدىڭلارغۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ گۆش كېلەرنىڭ گۆشى، ـ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام گۆشتىن قولىنى تارتتى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! كېلەر گۆشى ھاراممۇ؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ھارام ئەمەس، لېكىن بىزنىڭ يۇرتىمىزدا بولمىغانلىقتىن تەبىئىتىم (يېيىشنى) ياقتۇرمايدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن گۆشنى ئالدىمغا تارتىپ يېيىشكە باشلىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئۇ مېنى توسمىدى.

(ئەھمەد: 16374)

3933 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ كُنْتُ فِي بَيْتِ مَيْمُونَةَ فَدَخَلَ رَسُولُ اللهِ ﷺ وَمَعَهُ خَالِدُ بْنُ الْوَلِيدِ فَجَاءُوا بِضَبَّيْنِ مَشْوِيَّيْنِ عَلَى ثُمَامَتَيْنِ فَتَبَزَّقَ رَسُولُ اللهِ ﷺ فَقَالَ خَالِدٌ إِخَالُكَ تَقْذُرُهُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ أَجَلْ.

3933 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن مەيمۇنەنىڭ ئۆيىدە ئىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

بىلەن خالىد ئىبنى ۋەلىد كىردى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئىككى زىققا ئۆتكۈزۈلۈپ، كاۋاپ قىلىپ پىشۇرۇلغان ئىككى دانە كېلەر كەلتۈرۈلگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى كۆرۈپ، تۈكۈرۈشكە باشلىدى. خالىد:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭدىن يىرگەنىدىڭمۇ قانداق؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۇنداق، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3730)

3934 - عَنْ ٱبنَ عُمَرَ نحو ذلك وفيه: كُلُوا فَإِنَّهُ حَلَالٌ وَلَكِنَّهُ لَيْسَ مِنْ طَعَامِي.

3934 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ رىۋايىتىدە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش نەقىل قىلىنغان ۋە ئاخىرىدا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كېلەر ھالال، شۇڭا يېسەڭلار بولىدۇ. لېكىن مەن بۇنى يەپ كۆنگەن ئەمەس» دېگەن.

(مۇسلىم: 1944)

3935 - وفي أخرى: لَسْتُ بِآكِلِهِ وَلَا مُحَرِمِهِ.

3935 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: «مەن ئۇنى يېمەيمەن، لېكىن سىلەرنى يېيىشتىن چەكلىمەيمەن» دېگەن.

(مۇسلىم: 1943)

3936 - عَنْ سَمُرَةَ، أَنّ رَسُولَ اللهِ، أَتاهُ رَجُلٌ يَسْتَفْتِيهِ فِي أَكْلِ الضبِ، فَقَالَ: "لَسْتُ آمِرًا بِهِ، وَلا نَاهِيًا عَنْهُ أَحَدًا ، غَيْرَ أَنا آلَ مُحَمدٍ لَسْنا طَاعِمِيهِ".

3936 ـ سەمۇرەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن كېلەر ھەققىدە پەتىۋا سورىغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا: «مەن ئۇنى يېيىشكىمۇ بۇيرىمايمەن،

[1] ئەلبانى (3173): ھەسەن، ـ دېگەن.

يېمەسلىككىمۇ بۇيرىمايمەن. لېكىن ئۇ مۇھەممەد ئائىلىسىنىڭ يەيدىغان تامىقى ئەمەس» دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 7072)

3937 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ أَن أَعْرَابِيًا أَتى رَسُولَ اللهِ فَقَالَ إني فِي غَائِطٍ مَضَبةٍ وَإِنهُ عَامةُ طَعَامِ أَهْلِي قَالَ فَلَمْ يُجِبْهُ فَقُلْنا عَاوِدْهُ فَعَاوَدَهُ فَلَمْ يُجِبْهُ ثَلَاثًا ثُم نَادَاهُ رَسُولُ اللهِ فِي الثالِثَةِ فَقَالَ يَا أَعْرَابِي إِن اللهَ لَعَنَ أَوْ غَضِبَ عَلَى سِبْطٍ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ فَمَسَخَهُمْ دَوَاب يَدِبونَ فِي الْأَرْضِ فَلَا أَدْرِي لَعَل هَذَا مِنْهَا فَلَسْتُ آكُلُهَا وَلَا أَنْهَى عَنْهَا.

3937 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئەئرابى كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن كېلەر كۆپ زېمىندا ياشايمەن، ئائىلەمنىڭ ئاساسلىق تامىقىمۇ شۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمىدى. بىز ئەئرابىغا:

ــ قايتا سورىغىن! ــ دېدۇق. ئۇ قايتىلاپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە جاۋاب بەرمىدى. ئۈچىنچى قېتىم سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئى ئەئرابى! شەكسىزكى، الله تائالا بەنى ئىسرائىلنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىر قەبىلە ئادەمگە لەنەت قىلىپ (ياكى غەزەپلىنىپ)، ئۇلارنىڭ شەكلىنى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان هايۋانغا ئۆزگەرتىۋەتكەن. بۇ جانلىق شۇنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئۇنى يېمەيمەن، ئەمما باشقىلارنى يېيىشتىن توسمايمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1951)

[1] هەيسەمى (6064): بۇ هەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى هەبىب ئىسمىلىك ناتونۇش بىرى بار، ـ دېگەن.

3938 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَتْ أُم حَبِيبَةَ اللهُم مَتعْنِي بِزَوْجِي رَسُـولِ اللهِ وَبِأَبِي أَبِي سُفْيَانَ وَبِأَخِي مُعَاوِيَةَ فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ إنكِ سَأَلْتِ اللهَ لِآجَالٍ مَضْرُوبَةٍ وَآثَارٍ مَوْطُوءَةٍ وَأَرْزَاقٍ مَقْسُومَةٍ لَا يُعَجلُ شَيْئًا مِنْهَا قَبْلَ حِلهِ وَلَا يُؤَخرُ مِنْهَا شَيْئًا بَعْدَ حِلهِ وَلَوْ سَأَلْتِ اللهَ أَنْ يُعَافِيَكِ مِنْ عَذَابٍ فِي النارِ وَعَذَابٍ فِي الْقَبْرِ لَكَانَ خَيْرًا لَكِ قَالَ فَقَالَ رَجُلٌ يَا رَسُولَ اللهِ الْقِرَدَةُ وَالْخَنَازِيرُ هِيَ مِما مُسِخَ فَقَالَ النبِي إن اللهَ عَز وَجَل لَمْ يُهْلِكْ قَوْمًا أَوْ يُعَذبْ قَوْمًا فَيَجْعَلَ لَهُمْ نَسْلًا وَإن الْقِرَدَةَ وَالْخَنَازِيرَ كَانُوا قَبْلَ ذَلِكَ.

3938 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئى الله! يولدىشىم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن، دادام ئەبۇ سۇفياندىن، قېرىندىشىم مۇئاۋىيەدىن بەھرىمەن بولۇشىمغا نېسىپ قىلغىن! ـ دەپ دۇئا قىلغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ سەن اللهتىن تەقدىر قىلىنىپ بولغان ۋە پۈتۈلۈپ بولغان ئىشلارنى، تەقسىم قىلىنىپ بولغان رىزىقلارنى سورىدىڭ. سەن سورىغان نەرسىلەر ۋاقتى كەلمىگىچە ئالدىن يۈز بەرمەيدۇ، ۋاقتى كەلگەندە، بىر دەقىقىمۇ كېچىكمەيدۇ (يەنى الله تەقدىر قىلغان بويىچە بولىدۇ). شۇڭا الله تائالادىن قەبرە ئازابى ۋە دوزاخ ئازابىدىن ساقلىشىنى تىلىسەڭ، سەن ئۈچۈن تېخىمۇ خەيرلىك بولاتتى، ـ دېدى. شۇ ئەسنادا بىر كىشى:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! الله بەزى ئىنسانلارنىڭ سۈرىتىنى ئۆزگەرتىپ، توڭگۇز، مايمۇن قىلىپ قويغانمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ الله تائالا بىر قەۋمنى ھالاك قىلسا ياكى ئازابلىسا، ئۇلارنىڭ نەسلىنى تەلتۆكۈس قۇرۇتىۋېتىدۇ. لېكىن توڭگۇز ۋە مايمۇنلار بۇرۇندىن تارتىپلا بار ئىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2663)

3939 - عَنْ خُزَيْمَةَ بنِ جَزْءٍ قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ ﷺ عَنْ أَكْلِ الضَّبُعِ فَقَالَ أَوَ يَأْكُلُ الضَّبُعَ أَحَدٌ وَسَأَلْتُهُ عَنْ الذِّئْبِ فَقَالَ أَوَيَأْكُلُ الذِّئْبَ أَحَدٌ فِيهِ خَيْرٌ.

3939 ـ خۇزەيمە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ سىرتلاننى يېسە بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سىرتلاننى يەيدىغانلارمۇ بارمۇ؟ ـ دېدى.

ــ بۆرىنى يېسە بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ ئوڭلۇق ئادەم بۆرە يەمدۇ؟ ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1792)

3940 - عَنْ ابْنِ أَبِي عَمارٍ قَالَ قُلْتُ لِجَابِرٍ الضَّبُعُ أَصَيْدٌ هِيَ قَالَ نَعَمْ قَالَ قُلْتُ آكُلُهَا قَالَ نَعَمْ قَالَ قُلْتُ أَقَالَهُ رَسُولُ اللهِ ﷺ قَالَ نَعَمْ.

3940 ـ ئىبنى ئەبۇ ئەممار مۇنداق دەيدۇ: مەن جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ سىرتلاننى ئوۋلاشقا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ ئۇنى يېسەك بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىسام، يەنە:

ــ ھەئە، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ــ بۇنى (يەنى سىرتلاننى يېسە بولىدىغانلىقىنى) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېيتتىمۇ؟ ـ دەپ سورسام، ئۇ يەنە:

ــ ھەئە، ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 851)

[1] ئەلبانى (303): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (676): سەھىھ ـ دېگەن.

3941 - عَنْ عِيسَى بْنِ نُمَيْلَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كُنتُ عِنْدَ ابْنِ عُمَرَ فَسُئِلَ عَنْ أَكْلِ الْقُنْفُذِ فَتَلَا «قُلْ لَا أَجِدُ فِيمَا أُوحِيَ إِلَيَّ مُحَرَّمًا» الْآيَةَ قَالَ قَالَ شَيْخٌ عِنْدَهُ سَمِعْتُ أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ ذُكِرَ عِنْدَ النبي ﷺ فَقَالَ خَبِيثَةٌ مِنْ الْخَبَائِثِ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ إِنْ كَانَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ هَذَا فَهُوَ كَمَا قَالَ مَا لَمْ نَدْرِ.

3941 ـ ئىيسا ئىبنى نۇمەيلە دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىدا ئىدىم، ئۇنىڭدىن كىرپىنىڭ ھۆكمى سورالدى. ئۇ: (ئى مۇھەممەد! مەككە كۇففارلىرىغا) ئېيتقىنكى، ساڭا ۋەھيى قىلىنغان ئەھكاملار ئىچىدە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان نەرسە ياكى ئېقىپ چىققان قان ۋەياكى چوشقا گۆشى ـ چوشقا نىجىس يېمەكلىكلەرگە ئادەتلەنگەنلىكى ئۈچۈن چوشقا گۆشى پاسكىنىدۇر ـ ۋە اﷲتىن غەيرىنىڭ ئىسمى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان گۇناھ مالدىن غەيرىينى ھەر قانداق ئادەم ئۈچۈن ھارام كۆرمەيمەن.كىمكى ئۇلاردىن (يەنى يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) نائىلاج ۋە ئىختىيارسىز ھالدا ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە (ھېچ گۇناھ بولمايدۇ)، چۈنكى پەرۋەردىگارىڭ مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر (بەندىلىرىگە) مېھرىباندۇر؟ دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

مەجلىستە ئولتۇرغان شەيخلەردىن بىرى مۇنداق دېدى:

ــ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن مۇنداق ئاڭلىغانىدىم: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا كىرپىنىڭ مەسىلىسى توغرىسىدا گەپ بولغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ كىرپە نىجىس ھايۋانلارنىڭ قاتارىدىن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ ئەگەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇنداق دېگەن بولسا، كىرپىنىڭ ھۆكمى شۇ بولىدۇ. ئەمما بىز بۇنىڭدىن بىخەۋەر ئىكەنمىز، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3799)

[1] ئەلبانى (814): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

3942 - عن خَالِدَ بْنَ الْحُوَيْرِثِ قال: إن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرٍو كَانَ بِالصفَاحِ قَالَ مُحَمدٌ مَكَانٌ بِمَكةَ وَإِن رَجُلًا جَاءَ بِأَرْنَبٍ قَدْ صَادَهَا فَقَالَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرٍو مَا تَقُولُ قَالَ قَدْ جِيءَ بِهَا إِلى رَسُولِ اللهِ ﷺ وَأَنا جَالِسٌ فَلَمْ يَأْكُلْهَا وَلَمْ يَنْهَ عَنْ أَكْلِهَا وَزَعَمَ أَنهَا تَحِيضُ.

3942 ـ خالىد ئىبنى ھۇۋەيرىس مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر سىفاھ دېگەن يەردە ئىدى (مۇھەممەد ئىسمائىل راۋىي: سىفاھ مەككىگە يېقىن بىر يەر، ـ دېدى). بىر كىشى ئۆزى ئوۋلىغان توشقاندىن بىرنى ئېلىپ كېلىپ:

ــ ئى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمىر! بۇنىڭ (ھۆكمى) ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ــ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن ئولتۇراتتىم، ئۇنىڭغا توشقان كەلتۈرۈلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى يېمىدى، لېكىن باشقىلارنى يېيىشتىن توسمىدى ۋە توشقاننىڭ ھەيز كۆرىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3792)

3943 - عَنْ هِشَامِ بْنِ زَيْدِ بْنِ أَنسٍ قَال سَمِعْتُ أَنسًا يَقُولُ أَنفَجْنا أَرْنَبًا بِمَر الظهْرَانِ فَسَعَى أَصْحَابُ النبِي ﷺ خَلْفَهَا فَأَدْرَكْتُهَا فَأَخَذْتُهَا فَأَتيْتُ بِهَا أَبا طَلْحَةَ فَذَبَحَهَا بِمَرْوَةٍ فَبَعَثَ مَعِي بِفَخِذِهَا أَوْ بِوَرِكِهَا إِلى النبِي ﷺ فَأَكَلَهُ قَالَ قُلْتُ أَكَلَهُ قَالَ قَبِلَهُ.

3943 ـ ھىشام ئىبنى زەيد چوڭ دادىسى ئەنەستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىز مەررى زەھران دېگەن جايدا بىر توشقان كۆرۈپ قالدۇق. ساھابىلار توشقاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى، مەن ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىپ تۇتۇۋالدىم ۋە ئەبۇ تەلھەنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدىم. ئەبۇ تەلھە ئۇنى قىرلىق تاش بىلەن بوغۇزلاپ، بىر پۇتىنى مەندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەۋەتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى يېدى.

[1] ئەلبانى (811): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەستىن:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام (توشقان گۆشىنى) يېدىمۇ؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ قوبۇل قىلدى، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1789)

3944 - عن بُرَيْهُ بْنُ عُمَرَ بْنِ سَفِينَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ أَكَلْتُ مَعَ رَسُولِ اللهِ ﷺ لَحْمَ حُبَارَى.

3944 ـ بۇرەيھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى سەفىينە دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىللە دوغداق گۆشى يېگەنىدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3797)

3945 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ أُحِلتْ لَكُمْ مَيْتَتَانِ وَدَمَانِ فَأَما الْمَيْتَتَانِ فَالْحُوتُ وَالْجَرَادُ وَأَما الدمَانِ فَالْكَبِدُ وَالطحَالُ.

3945 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سىلەرگە ئىككى ئۆلۈك نەرسىنىڭ گۆشى بىلەن ئىككى خىل قان ھالال قىلىندى. ئىككى ئۆلۈكنىڭ بىرسى بېلىق، يەنە بىرسى چېكەتكە؛ ئىككى قاننىڭ بىرسى جىگەر، يەنە بىرسى تال»[3].

(ئىبنى ماجە: 3314)

3946 - عَنْ سَلْمَانَ قَالَ سُئِلَ النبِي ﷺ عَنْ الْجَرَادِ فَقَالَ أَكْثَرُ جُنُودِ اللهِ لَا آكُلُهُ وَلَا أُحَرمُهُ.

[1] ئەلبانى (1461): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (812): زەئىپ، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (2679): سەھىھ ـ دېگەن.

3946 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن چېكەتكىنىڭ ھۆكمى سورالغاندى: «چېكەتكە الله تائالانىڭ زېمىندىكى سانى ئەڭ كۆپ ئەسكىرىدۇر. مەن ئۇنى يېمەيمەن، (لېكىن باشقىلارنى) يېيىشتىنمۇ توسمايمەن» دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3813)

3947 - عن ابْنَ أَبِي أَوْفَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ غَزَوْنَا مَعَ النبِي ﷺ سَبْعَ غَزَوَاتٍ أَوْ سِتًا كُنا نَأْكُلُ مَعَهُ الْجَرَادَ.

3947 ـ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئالتە ياكى يەتتە قېتىم ئۇرۇشقا قاتناشتۇق. شۇ جەرياندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرگە چېكەتكە يېگەندۇق.

(بۇخارى: 4595)

3948 - عَنْ جَابِرٍ، وَأَنسٍ، قَالا: كَانَ رَسُولُ اللهِ ﷺ يَدْعُو عَلَى الْجَرَادِ: اللهُـم اقْتُلْ كِبَارَهُ، وَأَهْلِكْ صِغَارَهُ، وَأَفْسِدْ بَيْضَهُ، وَأَهْلِكْ دَابِرَهُ، وَخُذْ بِأَفْوَاهِهِ عَـنْ مَعَايِشِـنَا وَأَرْزَاقِنَا إنكَ سَمِيعُ الدعَاءِ فَقَالَ رَجُلٌ: يَا رَسُولَ اللهِ تَدْعُو عَلَى جُنْدٍ مِنْ أَجْنَادِ اللهِ بِقَطْعِ دَابِرِهِ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ: إنمَا الْجَرَادُ نَثْرَةُ حُوتٍ فِي الْبَحْرِ.

3948 ـ جابىر ۋە ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چېكەتكىلەرگە بەددۇئا قىلىپ: «ئى الله! ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنى ئۆلتۈرگىن، كىچىكلىرىنى ھالاك قىلغىن. تۇخۇملىرىنى بۇزۇپ، ئۇنىڭ نەسلىنى قۇرۇتۇۋەتكىن. ئۇلارنىڭ ئېغىزلىرىنى بىزنىڭ يېمەك ـ ئىچمەكلىرىمىز ۋە رىزىقلىرىمىزدىن يىراق قىلغىن. مۇھەققەقكى،

[1] ئەلبانى (819): زەئىپ ـ دېگەن.

سەن دۇئانى ئاڭلىغۇچى ۋە ئىجابەت قىلغۇچىسەن» دېدى. بۇنى ئاڭلىغان بىر كىشى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ﷲنىڭ ئەسكەرلىرىدىن بىر تۈركۈمنىڭ زېمىندىن يوقاپ كېتىشىگە دۇئا قىلىۋاتامسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ چېكەتكە دېگەن، دېڭىزدىكى بىر خىل چوڭ بېلىقنىڭ ئاغزىدىن ئېتىلىپ چىققان مەخلۇقتۇر، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3949 - عن مِلْقَامُ بْنُ التِلِب عَنْ أَبِيهِ قَالَ صَحِبْتُ النبِي ﷺ فَلَمْ أَسْمَعْ لِحَشَرَةِ الْأَرْضِ تَحْرِيمًا.

3949 - مىلقام ئىبنى تەلەب دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىرىمەن، ئۇنىڭ ھاشارەتلەردىن بىرەرسىنى ھارام قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ باقمىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3798)

3950 - عَنْ وَابِصَةَ بن مَعْبَدٍ، قَالَ: سَمِعْتُ النبِي ﷺ، يَقُولُ: إِن شَر هَذِهِ السَبَاعِ الثعْلُ يَعْنِي الثعْلَبَ.

3950- ۋابىسە ئىبنى مەئبەد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ ئەڭ ئەسكىسى تۈلكىدۇر» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[2].

(«ئەلكەبىر»: 144/22)

[1] ئەلبانى (813): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6081): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇبەششىر ئىبنى ئەبىد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

3951 - عَنْ عَائِشَةَ، أَنَّهَا قَالَتْ: "إِنِّي لَأَعْجَبُ مِمَّنْ يَأْكُلُ الْغُرَابَ، وَقَدْ أَذِنَ رَسُولُ اللهِ ﷺ فِي قَتْلِهِ، وَسَمَّاهُ فَاسِقًا، وَاللهِ مَا هُوَ مِنَ الطَّيِّبَاتِ".

3951 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆلتۈرۈشكە رۇخسەت قىلغان ۋە "پاسىق" دەپ ئاتىغان قاغىنى يېگەنلەرگە ھەيرانمەن. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇ (يېگىلى بولمايدىغان) نىجىس نەرسىدۇر[1].

(بەززار: 1214)

[1] ھەيسەمى (6082): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

## ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك ۋە ئۆلتۈرمەسلىككە تېگىشلىك جانلىقلار

3952 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ خَمْسٌ مِنْ الدوَاب لَيْسَ عَلَى الْمُحْرِمِ فِي قَتْلِهن جُنَاحٌ الْغُرَابُ وَالْحِدَأَةُ وَالْعَقْرَبُ وَالْفَأْرَةُ وَالْكَلْبُ الْعَقُورُ.

3952 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ھەج ياكى ئۆمرە ئۈچۈن ئېھرامغا كىرىپ بولغانلار: قاغا، سا، چايان، چاشقان ۋە غالجىر ئىتتىن ئىبارەت بەش تۈرلۈك جانلىقنى ئۆلتۈرسە، گۇناھ بولمايدۇ» دېگەن.

(مۇسلىم: 1199)

3953 - وفي رواية: لَا جُنَاحَ فِي قَتْلِهن عَلَى مَنْ قَتَلَهُن فِي الْحِل وَالْحُرُمِ.

3953 - يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «مەيلى ئېھرامدا بولسۇن ياكى بولمىسۇن، بۇ بەش خىل جانلىقنى ئۆلتۈرسە، گۇناھ بولمايدۇ» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 1846)

3954 – وفي رواية: قَالَ الْحَيةَ وَالْعَقْرَبَ وَالْفُوَيْسِقَةَ وَيَرْمِي الْغُرَابَ وَلَا يَقْتُلُهُ وَالْكَلْبَ الْعَقُورَ وَالْحِدَأَةَ وَالسبُعَ الْعَادِيَ.

3954 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «يىلان، چايان، چاشقان، غالجىر ئىت، سا، يىرتقۇچ

---

[1] ئەلبانى (1629): سەھىھ ـ دېگەن.

ھايۋانلارنى ئۆلتۈرسە بولىدۇ. قاغىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەي، بىر نەرسە ئېتىپ ھۈركۈتىۋەتسە بولىدۇ» دېگەن.

(ئەھمەد: 10607)

3955 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ النبِي ﷺ خَمْسٌ مِنْ الدوَاب كُلُّهن فَاسِقٌ يُقْتَلْنَ فِي الْحِل وَالْحَرَمِ الْكَلْبُ الْعَقُورُ وَالْغُرَابُ وَالْحِدَأَةُ وَالْعَقْرَبُ وَالْفَأْرَةُ.

3955 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەش خىل جانلىق باركى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىيانداشتۇر. شۇڭا ئۇلارنى مەيلى ئېھرامدا بولسۇن ياكى (ئېھرامدا) بولمىسۇن، ئۆلتۈرۈشكە بولىدۇ. ئۇلار: غالجىر ئىت، قاغا، سا، چايان، چاشقان قاتارلىقلاردۇر»[1].

(نەسائى: 2887)

3956 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ ﷺ فِي غَارٍ فَنَزَلَتْ وَالْمُرْسَلَاتِ عُرْفًا فَإِنا لَنَتَلَقاهَا مِنْ فِيهِ إِذْ خَرَجَتْ حَيةٌ مِنْ جُحْرِهَا فَابْتَدَرْنَاهَا لِنَقْتُلَهَا فَسَبَقَتْنَا فَدَخَلَتْ جُحْرَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ وُقِيَتْ شَركُمْ كَمَا وُقِيتُمْ شَرهَا.

3956 ـ ئابدۇللاھ (ئىبنى مەسئۇد) مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر ئۆڭكۈردە بىللە ئىدۇق. شۇ ئەسنادا مۇرسەلات سۈرىسى نازىل بولدى، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاغزىدىن سۈرىنى ئاڭلاپ ئۆلتۈراتتۇق، ئۇشتۇمتۇت بىر يىلان ئۇۋىسىدىن چىقتى. بىز ئۇنى ئۆلتۈرەيلى دەپ ئورنىمىزدىن تۇرساق، يىلان قېچىپ ئۇۋىسىغا كىرىۋالدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ سىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلاردىن قۇتۇلدى، سىلەرمۇ ئۇنىڭ چېقىۋېلىشىدىن قۇتۇلدۇڭلار، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3317)

[1] ئەلبانى (2704): سەھىھ ـ دېگەن.

3957 - عَنْ أَبِي عُبَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كُنا مَعَ رَسُولِ اللهِ ﷺ لَيْلَةَ عَرَفَةَ الَتِي قَبْلَ يَوْمِ عَرَفَةَ فَإِذَا حِس الْحَيةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ اقْتُلُوهَا فَدَخَلَتْ شَق جُحْرٍ فَأَدْخَلْنَا عُودًا فَقَلَعْنَا بَعْR̀ الْجُحْرِ فَأَخَذْنَا سَعَفَةً فَأَضْرَمْنَا فِيهَا نَارًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ وَقَاهَـا اللـهُ شَـركُمْ وَوَقَاكُمْ شَرهَا.

3957 ـ ئەبۇ ئۇبەيدە دادىسى (ئىبنى مەسئۇد)دىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئەرافات كېرىدىغان كېچىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئىدۇق، بىر يىلاننىڭ شەپىسىنى ئاڭلاپ قالدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنى ئۆلتۈرۈڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق قىلىپ تۇرۇشىغا، يىلان بىر تۆشۈككە كىرىۋالدى. بىز ياغاچ تىقىپ، تۆشۈكنى بىر ئاز ئاچتۇق. ئاندىن خورما غازىڭىغا ئوت يېقىپ، ئىسسىنى تۆشۈككە كىرگۈزدۇق. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ الله ئۇنى سىلەرنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىڭلاردىن، سىلەرنىمۇ ئۇنىڭ چېقىۋېلىشىدىن ساقلىدى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 2884)

3958 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أنه سَمِعَ النبِي ﷺ يَخْطُبُ عَلَى الْمِنْبَـرِ يَقُولُ اقْتُلُوا الْحَياتِ وَاقْتُلُوا ذَا الطفْيَتَيْنِ وَالْأَبْتَرَ فَإِنهُمَا يَطْمِسَانِ الْبَصَرَ وَيَسْتَسْقِطَانِ الْحَبَلَ قَالَ عَبْدُ اللهِ فَبَيْنَا أَنَا أُطَارِدُ حَيةً لِأَقْتُلَهَا فَنَادَانِي أَبُو لُبَابَةَ لَا تَقْتُلْهَا فَقُلْتُ إِن رَسُولَ اللـهِ ﷺ قَدْ أَمَرَ بِقَتْلِ الْحَياتِ قَالَ إِنهُ نَهَى بَعْدَ ذَلِكَ عَنْ ذَوَاتِ الْبُيُوتِ وَهِيَ الْعَوَامِرُ.

3958 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنبەر ئۈستىدە خۇتبە ئوقۇپ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم: «يىلانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. بولۇپمۇ، (دۈمبىسى) ئىككى ئاق سىزىقلىق يىلان بىلەن ئوق يىلانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار. چۈنكى بۇ ئىككى خىل يىلان ئىنساننىڭ كۆزىنى كور قىلىۋېتىدۇ، ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ».

[1] ئەلبانى (2704): سەھىھ ـ دېگەن.

ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر يىلاننى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قوغلاۋاتاتتىم، ئەبۇ لۇبابە مېنى كۆرۈپ:
ـ ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن! ـ دېدى. مەن:
ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يىلانلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىغان تۇرسا؟! ـ دېسەم، ئۇ:
ـــ كېيىنچە، ئۆيگە كىرىۋالىدىغان يىلانلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقانىدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 3299)

3959 - عَنْ سَائِبَةَ مَوْلَاةٍ لِعَائِشَةَ أن رَسُولَ اللهِ ﷺ نَهَى عَنْ قَتْلِ الْجِنانِ التِي فِـي الْبُيوتِ إلا ذَا الطفْيَتيْنِ وَالْأَبْتَرَ فَإِنهُمَا يَخْطِفَان الْبصَرَ وَيطْرَحَان مَا فِي بُطُون النسَاءِ.

3959 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئازادگەردىسى سائىبە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرىۋالىدىغان يىلانلارنى ئۆلتۈرۈشتىن توستى ۋە دۈمبىسى ئىككى سىزىقلىق يىلان بىلەن ئوق يىلاننى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. چۈنكى بۇ ئىككى خىل يىلان ئىنساننىڭ كۆزىنى كورمەيدىغان قىلىپ قويىدۇ، ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ.

(مالىك: 1827)

3960 - عن أبي السائِبِ مَوْلَى هِشَامِ بْنِ زُهْرَةَ أَنهُ دَخَلَ عَلَى أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي فِي بيْتِهِ قَالَ فَوَجَدْتُهُ يُصَلي فَجَلَسْتُ أَنْتَظِرُهُ حَتى يَقْضِيَ صَلَاتَهُ فَسَمِعْتُ تَحْرِيكًا فِي عَرَاجِينَ فِي نَاحِيَةِ الْبيتِ فَالْتَفت فَإِذَا حَيةٌ فَوَثَبْتُ لِأَقْتُلَهَا فَأَشَارَ إِلَي أَنْ اجْلِسْ فَجَلَسْتُ فَلَما انْصَرَفَ أَشَارَ إِلَى بيْتٍ فِي الدارِ فَقَالَ أَتَرَى هَذَا الْبيتَ فَقُلْتُ نَعَمْ قَالَ كَانَ فِيهِ فَتًى مِنا حَدِيثُ عَهْدٍ بِعُرْسٍ قَالَ فَخَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ ﷺ إِلَى الْخَنْدَقِ فَكَانَ ذَلِكَ الْفَتَى يَسْتَأْذِنُ رَسُولَ اللهِ ﷺ بِأَنْصَافِ النهَارِ فَيَرْجِعُ إِلَى أَهْلِهِ فَاسْتَأْذَنَهُ يَوْمًا فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ ﷺ خُذْ عَلَيْكَ سِلَاحَكَ فَإِني أَخْشَى عَلَيْكَ قُرَيْظَةَ فَأَخَذَ الرجُلُ سِلَاحَهُ ثُم رَجَعَ فَإِذَا امْرَأَتُهُ بيْنَ الْبابيْنِ قَائِمَةً فَأَهْوَى إِلَيْهَا الرمْحَ لِيَطْعُنَهَا بِهِ وَأَصَابَتْهُ غَيْرَةٌ فَقَالَتْ لَهُ اكْفُفْ عَلَيْكَ

رُمْحَكَ وَادْخُلْ الْبَيتَ حَتى تَنظُرَ مَا الذِي أَخْرَجَنِي فَدَخَلَ فَإِذَا بِحَيةٍ عَظِيمَةٍ مُنطَوِيَةٍ عَلَى الْفِرَاشِ فَأَهْوَى إِلَيهَا بِالرمْحِ فَانتَظَمَهَا بِهِ ثُم خَرَجَ فَرَكَزَهُ فِي الدارِ فَاضْطَرَبَتْ عَلَيْهِ فَمَا يُدْرَى أَيهُمَا كَانَ أَسْرَعَ مَوْتًا الْحَيةُ أَمْ الْفَتى قَالَ فَجِئْنَا إِلَى رَسُولِ اللهِ ﷺ فَذَكَرْنَا ذَلِكَ لَهُ وَقُلْنَا ادْعُ اللهَ يُحْيِيهِ لَنا فَقَالَ اسْتَغْفِرُوا لِصَاحِبِكُمْ ثُم قَالَ إِن بِالْمَدِينَةِ جِنا قَدْ أَسْلَمُوا فَإِذَا رَأَيْتُمْ مِنْهُمْ شَيْئًا فَآذِنُوهُ ثَلَاثَةَ أَيامٍ فَإِنْ بَدَا لَكُمْ بَعْدَ ذَلِكَ فَاقْتُلُوهُ فَإِنمَا هُوَ شَيْطَانٌ.

3960 ـ ھىشام ئىبنى زۇھرەنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ سائىب مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ سەئىد خۇدرىينىڭ يېنىغا باردىم. ئۇ ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن، نامىزىنى تۈگىتىپ بولغۇچە ساقلىدىم. شۇ ئەسنادا ئۆينىڭ بۇلۇڭىدىكى شاخ ـ شۇمبا ئىچىدىن بىر شەپە كەلدى. قارىسام، بىر يىلان تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ، ئورنۇمدىن تۇرغانىدىم، ئەبۇ سەئىد جىم ئولتۇرۇشقا ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن جىم ئولتۇردۇم. ئۇ نامازنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قورۇدىكى ئۆيلەردىن بىرنى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

ـ ئاۋۇ ئۆينى كۆردۈڭمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ھەئە، كۆردۈم، ـ دېدىم. ئەبۇ سەئىد:

ـ ئۇ ئۆيدە يېڭىلا توي قىلغان بىر يىگىت ئولتۇراتتى. بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە خەندەك ئۇرۇشىغا چىققاندا، ئۇ يىگىت چۈش ۋاقتىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رۇخسەت سوراپ، ئۆيىگە كېلىپ كېتەتتى. بىر كۈنى چۈشتە يەنە رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىپ:

ـ قورال ـ ياراقىڭنى ئېلىۋالغىن، بەنى قۇرەيزە يەھۇدىيلىرىنىڭ ساڭا يامانلىق قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيمەن، ـ دېدى. ئۇ يىگىت نەيزىسىنى ئېلىپ ئۆيىنىڭ ئالدىغان كەلگەندە، ئايالىنىڭ ئىككى ئىشىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بىردىنلا كۈنلەمچىلىكى تۇتۇپ، قولىدىكى نەيزىنى ئايالىغا ئاتماقچى بولغانىكەن، ئايالى:

ــ نەيزەڭنى تارت، ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ، مېنى تالاغا چىقىرىۋەتكەن نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى كۆرۈپ باقمامسەن؟! ــ دەپتۇ. يىگىت ئۆيگە كىرىپ قارىسا، چوڭ بىر يىلان تۆشەكتە تولغىنىپ ياتقۇدەك. ئۇ يىلاننى نەيزىسىگە سانجىپ، هويلىغا ئېلىپ چىقىپ، نەيزىنى يەرگە تىكلەپ قويۇپتۇ. ئەمما يىلانمۇ ئۇنىڭغا هۇجۇم قىلىپتۇ. ئۇ ئىككىسىدىن قايسىسىنىڭ تېز ئۆلگەنلىكى ئېنىق ئەمەس. بىز پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەهۋالنى يەتكۈزدۇق ۋە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! اللهقا دۇئا قىلغىن، بىزگە ئۇ بالىنى قايتۇرۇپ (تىرىلدۈرۈپ) بەرسۇن! ــ دېدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ــ قېرىنداشىڭلارغا ئىستىغپار ئېيتىڭلار! مەدىنىدە مۇسۇلمان جىنلار بار. ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭلار، ئۈچ كۈنلۈك مۆهلەت بېرىڭلار. ئۇندىن كېيىن كۆرۈپ قالساڭلار، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار! چۈنكى ئۇ شەيتاندۇر، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2236)

3961 – وفي رواية: إِن لِهَذِهِ الْبُيوتِ عَوَامِرَ فَإِذَا رَأَيْتُمْ شَيْئًا مِنْهَا فَحَرِجُوا عَلَيْهَا ثَلَاثًا فَإِنْ ذَهَبَ وَإِلا فَاقْتُلُوهُ فَإِنَّهُ كَافِرٌ وَقَالَ لَهُمْ اذْهَبُوا فَادْفِنُوا صَاحِبَكُمْ.

3961 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: بۇ ئۆيلەرگە سىلەردىن باشقىلار (يەنى جىنلار)مۇ كىرىۋالىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن بىرەرسىنى كۆرسەڭلار، ئۈچ قېتىم ئاگاهلاندۇرۇڭلار. ئەگەر يەنە چىقىپ كەتمىسە، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار. چۈنكى ئۇ كاپىردۇر، ـ دېدى. ئاندىن ئۇلارغا:

ــ بېرىپ قېرىنداشىڭلارنى دەپنە قىلىۋېتىڭلار! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2236)

3962 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي لَيْلَى عَنْ أَبِيهِ أن رَسُولَ اللهِ ﷺ سُئِلَ عَنْ حياتِ الْبُيوتِ فَقَالَ إِذَا رَأَيْتُمْ مِنْهُن شَيْئًا فِي مَسَاكِنِكُمْ فَقُولُوا أَنْشُدُكُن الْعَهْدَ الذِي أَخَذَ عَلَيْكُن نُوحٌ أَنْشُدُكُن الْعَهْدَ الذِي أَخَذَ عَلَيْكُن سُلَيْمَانُ أَنْ لَا تُؤْذُونَا فَإِنْ عُدْنَ فَاقْتُلُوهُن.

3962 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ لەيلا دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆيلەرگە كىرىۋالىدىغان يىلانلار توغرۇلۇق سورالغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئەگەر ئۆيلىرىڭلاردا يىلان كۆرۈپ قالساڭلار: "نۇھ ۋە سۇلايمان ئەلەيھىسسالاملارنىڭ سىلەردىن ئالغان ۋەدىسى بىلەن بىزگە ئازار بەرمەسلىكىڭلارنى تەلەپ قىلىمەن" دەڭلار! ئەگەر يەنە كىرىۋالسا، ئۆلتۈرۈۋېتىڭلار!» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5260)

3963 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ اقْتُلُوا الْحَياتِ كُلهُن فَمَنْ خَافَ ثَأْرَهُن فَلَيْسَ مِني.

3963 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يىلانلارنىڭ ھەممىسىنى (كۆرگەن يېرىڭلاردا) ئۆلتۈرۈڭلار. يىلاننىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن قورققانلار (ۋە مۇشۇ سەۋەبلىك ئۇلارنى ئۆلتۈرمىگەنلەر) مەندىن ئەمەس»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5249)

3964 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ أَنهُ قَالَ اقْتُلُوا الْحَياتِ كُلهَا إِلا الْجَان الْأَبْيَضَ الذِي كَأَنهُ قَضِيبُ فِضةٍ قَالَ أَبُو دَاوُد فَقَالَ لِي إِنْسَانٌ الْجَانُ لَا يَنْعَرِجُ فِي مِشْيَتِهِ فَإِذَا كَانَ هَذَا صَحِيحًا كَانَتْ عَلَامَةً فِيهِ إِنْ شَاءَ اللهُ.

---

[1] ئەلبانى (1126): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4371): سەھىھ ـ دېگەن.

3964 ـ ئىبنى مەسئۇد مۇنداق دېگەن: كۈمۈش پارچىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان يىلاندىن باشقا ھەممە يىلاننى ئۆلتۈرۈڭلار!

ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشىنىڭ ماڭا سۆزلەپ بېرىشىچە، كۈمۈشكە ئوخشاش ئاق يىلان ئەگرى ـ بۈگرى ماڭماي، تۈز ماڭىدىكەن. ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنى راست بولسا، بۇ، ئۇ يىلاننىڭ ئەڭ كۆرۈنەرلىك ئالامىتى ئىكەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5261)

3965 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ مَا سَالَمْنَاهُن مُنْذُ حَارَبْنَاهُن وَمَنْ تَـرَكَ شَيْئًا مِنْهُن خِيفَةً فَلَيْسَ مِنا.

3965 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىز يىلانلارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىغاندىن بېرى ئۇلارغا ئارام بەرمىدۇق. كىمكى يىلاننىڭ ئىنتىقام ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئۆلتۈرمىسە، ئۇ بىزدىن ئەمەس»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5284)

3966 - عَنْ الْعَباسِ بْنِ عَبْدِ الْمُطلِبِ أَنهُ قَالَ لِرَسُولِ اللهِ ﷺ إِنا نُرِيدُ أَنْ نَكْنُسَ زَمْـزَمَ وَإِن فِيهَا مِنْ هَذِهِ الْجِنانِ يَعْنِي الْحَياتِ الصغَارَ فَأَمَرَ النبِي ﷺ بِقَتْلِهِن.

3966 ـ ئاببـاس ئىبنـى ئابدۇلمۇتتەلىب رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن مۇنـداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ زەمــزەم قــۇدۇقىنى تازىلىمــاقچى ئىــدۇق. لــېكىن ئۇنىڭــدا كۈمــۈش پارچىسىدەك كىچىك يىلانلار بار ئىكەن، قانداق قىلىمىز؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 5251)

[1] ئەلبانى (4381): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4370): سەھىھ ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (4373): سەھىھ ـ دېگەن.

3967 - عَنْ عَامِرِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ أن النبي ﷺ أَمَرَ بِقَتْلِ الْوَزَغِ وَسَمَاهُ فُوَيْسِقًا.

3967 ـ ئامىر ئىبنى سەئد دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سالىمنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى ۋە ئۇنى نىجىس (مەخلۇقلار) قاتارىدىن سانىدى.

(مۇسلىم: 2238)

3968 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ مَنْ قَتَلَ وَزَغَةً فِي أَولِ ضَرْبَةٍ فَلَهُ كَذَا وَكَذَا حَسَنَةً وَمَنْ قَتَلَهَا فِي الضربة الثانِيَةِ فَلَهُ كَذَا وَكَذَا حَسَنَةً لِدُون الْأُولَى وَإِنْ قَتَلَهَا فِي الضربة الثالِثَةِ فَلَهُ كَذَا وَكَذَا حَسَنَةً لِدُون الثانِيَة.

3968 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى سالىمنى بىر ئۇرۇشتا ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا مۇنداق ـ مۇنداق ياخشىلىق بار. كىمكى ئىككى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا مۇنداق ـ مۇنداق (ئالدىنقىسىدىن سەل ئازراق) ياخشىلىق بار. كىمكى ئۈچ ئۇرۇشتا ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا مۇنداق ـ مۇنداق (ئىككى قېتىملىقىدىن ئازراق) ياخشىلىق بار».

(مۇسلىم: 2240)

3969 - وفي رواية: مَنْ قَتَلَ وَزَغًا فِي أَولِ ضَرْبَةٍ كُتِبَتْ لَهُ مِائَةُ حَسَنَةٍ وَفِي الثانِيَةِ دُونَ ذَلِكَ وَفِي الثالِثَةِ دُونَ ذَلِكَ.

3969 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: «كىمكى سالىمنى بىر ئۇرۇش بىلەن ئۆلتۈرسە، ئۇنىڭغا 100 ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئىككى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرسە، بىرىنچىسىدىن ئاز ياخشىلىق يېزىلىدۇ. ئۈچىنچى ئۇرۇشتا ئۆلتۈرسە، ئىككىنچى قېتىملىقىدىن ئاز ياخشىلىق يېزىلىدۇ».

(مۇسلىم: 2240)

3970 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أن امْرَأَةً دَخَلَتْ عَلَى عَائِشَةَ وَبِيَدِهَا عُكازٌ فَقَالَتْ مَا هَذَا فَقَالَتْ لِهَذِهِ الْوَزَغِ لِأن نَبِي اللهِ ﷺ حَدثَنَا أَنهُ لَمْ يَكُنْ شَيْءٌ إلا يُطْفِئُ عَلَى إِبْرَاهِيمَ عَلَيْهِ السلَام إلا هَذِهِ الدابةُ فَأَمَرَنَا بِقَتْلِهَا وَنَهَى عَنْ قَتْلِ الْجِنانِ إلا ذَا الطفْيَتَيْنِ وَالْأَبْتَرَ فَإِنهُمَا يَطْمِسَانِ الْبَصَرَ وَيُسْقِطَانِ مَا فِي بُطُونِ النسَاءِ.

3970 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: قولىدا هاسا تۇتۇۋالغان بىر ئايال ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كىردى. ئائىشە:

ـ بۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال مۇنداق جاۋاب بەردى:

ـ بۇنى سالما ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىۋالدىم. چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىزگە: «ئىبراھىم ئەلەيهىسسالام ئوتقا تاشلانغاندا، سالمىدىن باشقا بارلىق جانلىق ئوتنى ئۆچۈرۈشكە قاتناشتى» دېدى ۋە ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى. دۈمبىسى ئىككى ئاق سىزىقلىق يىلان بىلەن ئوق يىلاندىن باشقا يىلاننى ئۆلتۈرۈشتىن توستى ۋە: «بۇ ئىككى خىل يىلان ئىنساننىڭ كۆزىنى كور قىلىپ، ھامىلىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ» دېدى[1].

(نەسائى: 2831)

3971 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ: اقْتُلُوا الْوَزَغَ، وَلَوْ فِي جَوْفِ الْكَعْبَةِ.

3971 ـ ئىبنى ئابباستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم: «سالمىنى كەئبىنىڭ ئىچىگە كىرىۋالسىمۇ ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەن.

(«ئەلكەبىر»)

3972 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ جَاءَتْ فَأْرَةٌ فَأَخَذَتْ تَجُر الْفَتِيلَةَ فَجَاءَتْ بِهَا فَأَلْقَتْهَا بَيْنَ يَدَيْ رَسُولِ اللهِ عَلَى الْخُمْرَةِ التِي كَانَ قَاعِدًا عَلَيْهَا فَأَحْرَقَتْ مِنْهَا مِثْلَ مَوْضِعِ الدرْهَمِ فَقَالَ إِذَا نِمْتُمْ فَأَطْفِئُوا سُرُجَكُمْ فَإِن الشيْطَانَ يَدُل مِثْلَ هَذِهِ عَلَى هَذَا فَتُحْرِقَكُمْ.

---

[1] ئەلبانى (2654): سەھىھ ـ دېگەن.

3972 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر چاشقان چىراقنىڭ پىلىكىنى سۆرەپ كېلىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئولتۇرغان جايناماز ئۈستىگە تاشلىدى ۋە جاينامازدىن بىر تەڭگىنىڭ ئورنىدەك يەرنى كۆيدۈرۈۋەتتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇخلاشتىن بۇرۇن چىراقلىرىڭلارنى ئۆچۈرۈۋېتىڭلار. چۈنكى شەيتان بۇ (جانلىق)لارنى مۇشۇنداق ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ ۋە (بۇ ئارقىلىق) سىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ» دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 5247)

3973 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي ﷺ قَالَ فُقِدَتْ أُمةٌ مِنْ بَنِي إِسْرَائِيلَ لَا يُدْرَى مَا فَعَلَتْ وَإِني لَا أُرَاهَا إِلا الْفَارَ إِذَا وُضِعَ لَهَا أَلْبَانُ الْإِبِلِ لَمْ تَشْرَبْ وَإِذَا وُضِعَ لَهَا أَلْبَانُ الشاءِ شَرِبَتْ.

3973 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بەنى ئىسرائىلدىن بىر جامائەت ئۇشتۇمتۇت يوقاپ كەتتى، ئۇلارنىڭ نېمە بولغانلىقى ھەققىدىمۇ ھېچقانداق مەلۇمات يوق. مەنچە ئۇلار چاشقان (دىن باشقىغا ئايلىنىپ كەتمىگەن) بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى چاشقانغا تۆگە سۈتى بەرسە ئىچمەي، قوي سۈتى بەرسە ئىچىدۇ».

(بۇخارى: 3305)

3974 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ يَأْمُرُ بِقَتْلِ الْكِلَابِ فَنَنْبَعِثُ فِي الْمَدِينَةِ وَأَطْرَافِهَا فَلَا نَدَعُ كَلْبًا إِلا قَتَلْنَاهُ حَتى إِنا لَنَقْتُلُ كَلْبَ الْمُرَيةِ مِنْ أَهْلِ الْبَادِيَةِ يَتْبَعُهَا.

3974 ـ ئابدۇللاھ (ئىبنى مەسئۇد) مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىتلارنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيتتى. بىز

① ئەلبانى (4369): سەھىھ ـ دېگەن.

مەدىنىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا بىرمۇ ئىت قويماي ئۆلتۈردۇق، ھەتتا سەھرالىق بىر ئايال ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىتنىمۇ ئۆلتۈرۈۋەتتۇق.
(مۇسلىم: 1570)

3975 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ ﷺ أَمَرَ بِقَتْلِ الْكِلَابِ إلا كَلْبَ صَيْدٍ أَوْ كَلْبَ غَنَمٍ أَوْ مَاشِيَةٍ فَقِيلَ لِابْنِ عُمَرَ إن أَبَا هُرَيْرَةَ يَقُولُ أَوْ كَلْبَ زَرْعٍ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ إن لِأبِي هُرَيْرَةَ زَرْعًا.

3975 - ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوۋ ئىتى، پادىچى ئىتى ۋە كالا ـ تۆگە ئىتىدىن باشقا ئىتلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرىغان.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـــ ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ دېيىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېكىنزارلىقنى ساقلاش ئۈچۈن باققان ئىتنىمۇ ئۆلتۈرۈشتىن توسقان ئىكەن، ـ دېيىلگەندى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ چۈنكى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ تېرىلغۇ يېرى بار ئىدى، ـ دېدى.
(مۇسلىم: 1571)

3976 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مُغَفلٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ لَوْلَا أن الْكِلَابَ أُمةٌ مِنْ الْأُمَمِ لَأَمَرْتُ بِقَتْلِهَا كُلهَا فَاقْتُلُوا مِنْهَا كُل أَسْوَدَ بَهِيمٍ.

3976 - ئابدۇللاھ ئىبنى مۇغەففەلدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئەگەر ئىتلارمۇ باشقا جانلىقلارغا ئوخشاش بىر پۈتۈن ئۈممەت بولمىغان بولسا، ئۇلارنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغان بولاتتىم. شۇنداقتىمۇ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىن تۇم قارا بولغانلارنى ئۆلتۈرۈڭلار!» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 1486)

[1] ئەلبانى (1201): سەھىھ ـ دېگەن.

3977 - عَنْ مَيْمُونَةُ أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ أَصْبَحَ يَوْمًا وَاجِمًا فَقَالَتْ مَيْمُونَةُ يَا رَسُولَ اللهِ لَقَدْ اسْتَنْكَرْتُ هَيْئَتَكَ مُنْذُ الْيَوْمِ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ إِن جِبْرِيلَ كَانَ وَعَدَنِي أَنْ يَلْقَانِي اللَّيْلَةَ فَلَمْ يَلْقَنِي أَمَ وَاللهِ مَا أَخْلَفَنِي قَالَ فَظَل رَسُولُ اللهِ ﷺ يَوْمَهُ ذَلِكَ عَلَى ذَلِكَ ثُم وَقَعَ فِي نَفْسِهِ جِرْوُ كَلْبٍ تَحْتَ فُسْطَاطٍ لَنا فَأَمَرَ بِهِ فَأُخْرِجَ ثُم أَخَذَ بِيَدِهِ مَاءً فَنَضَحَ مَكَانَهُ فَلَما أَمْسَى لَقِيَهُ جِبْرِيلُ فَقَالَ لَهُ قَدْ كُنتَ وَعَدْتَنِي أَنْ تَلْقَانِي الْبَارِحَةَ قَالَ أَجَلْ وَلَكِنا لَا نَدْخُلُ بَيْتًا فِيهِ كَلْبٌ وَلَا صُورَةٌ فَأَصْبَحَ رَسُولُ اللهِ ﷺ يَوْمَئِذٍ فَأَمَرَ بِقَتْلِ الْكِلَابِ حَتى إِنهُ يَأْمُرُ بِقَتْلِ كَلْبِ الْحَائِطِ الصغِيرِ وَيَتْرُكُ كَلْبَ الْحَائِطِ الْكَبِيرِ.

3977 ـ مەيمۇنە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەسۇلۇللاھنىڭ نۆۋەتى ماڭا كەلگەن كۈنلەرنىڭ بىرى ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم روھى ناھايىتى چۈشكۈن ھالەتتە ئورنىدىن تۇردى، مەن:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۈگۈن تاڭ ئاتقاندىن بېرى چۈشكۈن كۆرۈنىسەنغۇ؟ ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام بۈگۈن كېچە مەن بىلەن ئۇچرىشىشقا ۋەدە بەرگەنىدى، لېكىن كەلمىدى. اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنىڭ ھازىرغا قەدەر ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلغىنىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شۇ كۈنى كەچكىچە چۈشكۈن ھالەتتە يۈردى. كەچ بولغاندا، ئۇنىڭ ئېسىگە چېدىرىمىزنىڭ ئاستىدىكى كۈچۈك كەلدى ۋە ئۇ كۈچۈكنى چىقىرىۋېتىشكە بۇيرۇدى. كۈچۈك چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، قولى بىلەن سۇ ئېلىپ كېلىپ، كۈچۈك ياتقان يەرگە سەپتى.

شۇ كۈنى كەچتە جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام (ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن) كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ سەن تۈنۈگۈن كۆرۈشۈش ئۈچۈن ۋەدە قىلغان ئىدىڭ، ئەمما كەلمىدىڭغۇ؟ ـ دەپ سورىدى. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام:

ـ توغرا دېدىڭ، ئەمما بىز ئىت ياكى سۈرەت بار ئۆيگە كىرمەيمىز، ـ دېدى. ئەتىسىدىن باشلاپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم

پەقەت چوڭ باغلارنى ساقلايدىغان ئىتلارنى قويۇپ، كىچىك باغلارغا قارايدىغان ئىتلارنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى.

(مۇسلىم: 2105)

3978 - وفي رواية: حَتى إِنهُ لَيأْمُرُ بِقَتْلِ الْكَلْبِ الصغِيرِ.

3978 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ھەتتا كۈچۈكلەرنىمۇ ئۆلتۈرۈشكە بۇيرىدى، ـ دەپ كەلگەن[1].

(نەسائى: 4276)

3979 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ إِن النبِي ﷺ نَهَى عَنْ قَتْلِ أَرْبَعٍ مِنْ الدوَاب النمْلَةُ وَالنحْلَةُ وَالْهُدْهُدُ وَالصرَدُ.

3979 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: چۈمۈلە، ھەسەل ھەرىسى، ھۆپۈپ ۋە غورۇلاي قاتارلىق تۆت خىل جانلىقنى ئۆلتۈرۈشتىن توسقان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5267)

[1] ئەلبانى (3987): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4387): سەھىھ ـ دېگەن.

## ئەقىقە، فەرەئ ۋە ئەتىرە قۇربانلىقلىرى

3980 - عَنْ سَمُرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ ﷺ قَالَ كُلُّ غُلَامٍ رَهِينَةٌ بِعَقِيقَتِهِ تُذْبَحُ عَنْهُ يَوْمَ السابِعِ وَيُحْلَقُ رَأْسُهُ وَيُدَمى فَكَانَ قَتَادَةُ إِذَا سُئِلَ عَنْ الدمِ كَيْفَ يُصْنَعُ بِهِ قَالَ إِذَا ذَبَحْتَ الْعَقِيقَةَ أَخَذْتَ مِنْهَا صُوفَةً وَاسْتَقْبَلْتَ بِهِ أَوْدَاجَهَا ثُم تُوضَعُ عَلَى يَافُوخِ الصبِي حَتى يَسِيلَ عَلَى رَأْسِهِ مِثْلَ الْخَيْطِ ثُم يُغْسَلُ رَأْسُهُ بَعْدُ وَيُحْلَقُ.

3980 ـ سەمۇرە (ئىبنى جۇندۇب) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«يېڭى تۇغۇلغان ھەرقانداق بوۋاق ئۆز ئەقىقىسى ئۈچۈن سويۇلىدىغان مالغا گۆرۈگە قويۇلغان بولىدۇ. (بوۋاق تۇغۇلۇپ) يەتتىنچى كۈنى مال سويۇلۇپ، (مالنىڭ) قېنى (بوۋاقنىڭ) بېشىغا سۈرۈلىدۇ[1] ۋە بوۋاقنىڭ چېچى چۈشۈرۈلىدۇ».

قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن قاننىڭ (بالىنىڭ بېشىغا) قانداق سۈرىلىدىغانلىقى سورالغانىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

— جاھىلىيەت دەۋرىدە مالنىڭ يۇڭىدىن ئازراق ئېلىنىپ، بوغۇزىدىن ئېتىلىپ چىققان قانغا مىلىنەتتى، ئاندىن بوۋاقنىڭ بېشىغا تاكى قان سىرغىپ چۈشكىچە سۈرۈلەتتى، ئاندىن (بوۋاقنىڭ) بېشى يۇيۇلۇپ، چېچى چۈشۈرۈلەتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2837)

[1] بۇ ھەدىسنىڭ ئەرەبچىسىدە ”يۇدەمما“ دېگەن ئىبارە بار بولۇپ، ”قان سۈرۈلىدۇ“ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەمما بۇ ئىش جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئادەتلىرىدىندۇر. ھەدىسشۇناسلارنىڭ قارىشىچە، ھەدىستىكى ”يۇدەمما“ دېگەن ئىبارە ئەسلىدە ”يۇسەمما“ بولۇپ، ”ئىسىم قويۇلىدۇ“ دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ھەدىس راۋىيلىرىدىن بىرىنىڭ خاتالىقى سەۋەبىدىن ”يۇدەمما“ بولۇپ قالغان.

[2] ئەلبانى (2462): سەھىھ ـ دېگەن.

3981 - عن عَبْدُ اللهِ بْنُ بُرَيْدَةَ قَالَ سَمِعْتُ أَبِي بُرَيْدَةَ يَقُولُ كُنا فِي الْجَاهِلِيَةِ إِذَا وُلِدَ لِأَحَدِنَا غُلَامٌ ذَبحَ شَاةً وَلَطَّخَ رَأْسَهُ بِدَمِهَا فَلَما جَاءَ اللهُ بِالْإِسْلَامِ كُنا نَذْبَحُ شَاةً وَنَحْلِقُ رَأْسَهُ وَنُلَطخُهُ بِزَعْفَرَانٍ.

3981ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن مۇنداق ئاڭلىغانلىقىنى رىۋايەت قىلىدۇ: جاھىلىيەت دەۋرىدە بىرەرسىمىزنىڭ بالىسى تۇغۇلسا، ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قوي سويۇپ، ئۇنىڭ قېنىنى بالىنىڭ بېشىغا سۈرەتتۇق. ئىسلام دىنى كەلگەندىن كېيىن، بىر قوي سويۇپ، بالىنىڭ چېچىنى چۈشۈرىدىغان ۋە ئۇنىڭ بېشىغا زەپەر سۈرۈپ قويىدىغان بولدۇق[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2843)

3982 - عَنْ أُم كُرْزٍ أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ عَنْ الْغُلَامِ شَاتَانِ وَعَنْ الْجَارِيَةِ شَاةٌ لَا يَضُركُمْ ذُكْرَانًا كُن أَمْ إِنَاثًا.

3982ـ ئۇممۇ كۇرزىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئوغۇل بالا تۇغۇلسا، ئىككى قوي؛ قىز بالا تۇغۇلسا، بىر قوي ئەقىقە قىلىش كېرەك. سويۇلىدىغان قوي مەيلى ئەركەك ياكى چىشى بولسۇن، سىلەرگە ھېچ زىيىنى يوق»[2].

(نەسائى: 4218)

3983 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ عَق عَنْ الْحَسَنِ وَالْحُسَيْنِ كَبْشًا كَبْشًا.

3983 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەر بىرىگە بىردىن قوچقار ئەقىقە قىلدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2841)

[1] ئەلبانى (2469): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (3934): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (4219): سەھىھ ـ دېگەن.

3984 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ عَقَّ رَسُولُ اللهِ ﷺ عَنْ الْحَسَنِ وَالْحُسَيْنِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا بِكَبْشَيْنِ كَبْشَيْنِ.

3984 - ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ ھەر بىرىگە ئىككىدىن قوچقار ئەقىقە قىلدى[1].

(نەسائى: 4219)

3985 - وزاد البزار والوصلي: عَنْ عَائِشَةَ، رفعته: "اذْبَحُوا عَلَى اسْمِهِ، وَقُولُوا: بِسْمِ اللهِ، اللهُ أَكْبَرُ، اللهُم مِنْكَ وَلَكَ، هَذِهِ عَقِيقَةُ فُلَانٍ".

3985 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەقىقە مالنى اللەنىڭ نامىنى ئاتاپ تۇرۇپ بوغۇزلاڭلار ۋە: "بىسمىللاھ ئاللاھۇ ئەكبەر! ئى الله! بۇ سەندىن (كەلگەن نېمەت) ئىدى، يەنە ساڭا قايتۇرۇلدى. بۇ ئەقىقە پالانى ئۇچۇندۇر" دەڭلار!»[2].

(مەۋسىلى: 4521)

3986 - عَنْ جَابِرٍ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ "عَقَّ عَنِ الْحَسَنِ وَالْحُسَيْنِ، وَخَتَنَهُمَا لِسَبْعَةِ أَيامٍ".

3986 ـ جابىر مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ۋە ھۈسەيىن ئىككىسى تۇغۇلۇپ، يەتتە كۈن بولغاندا، ئۇلارنىڭ ئەقىقىسىنى ۋە خەتنىسىنى قىلغانىدى[3].

(«ئەلسەغىر»: 891)

---

[1] ئەلبانى (3935): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6189): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىسھاق ئىسىملىك كىشىنى تونۇمايمەن. قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (6200): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ سۇرەي ئىسىملىك بىرى بار. ئىبنى ھىببان ئۇنى ئىشەنچلىك كىشى دەپ قارىغان، ـ دېگەن.

3987 - عن أٔ رافع: أنه ﷺ أذن في أذن اΣسين واΣسن حين ولدا.

3987 ـ ئەبۇ رافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ھەسەن ۋە ھۈسەين ئىككىسى تۇغۇلغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئەزان ئوقۇغانىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 962)

3988 - وقرأ في أذن اΣسن سورة الإخلا آ وحنكة بتمرة.

3988 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەننىڭ قۇلىقىغا سۈرە ئىخلاسنى ئوقۇدى ۋە ئۇنى خورما بىلەن ئېغىزلاندۇردى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

3989 - عَنْ عَلِي ْبن أَبِي طَالِبٍ قَالَ عَق رَسُولُ اللهِ ﷺ عَنْ الْحَسَنِ بِشَاةٍ وَقَالَ َيا قَاطِمَةُ احْلِقِي رَأْسَهُ وَتَصَدِقِي بِزِنَةِ شَعْرِهِ فِضةً قَالَ فَوَزَنْتُهُ فَكَانَ وَزْنُهُ دِرْهَمًـا أَوْ بَعْـ R دِرْهَمٍ.

3989 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن ئۈچۈن ئەقىقە قىلدى ۋە:

— ئى فاتىمە! بۇنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، چاچنىڭ ئېغىرلىقى باراۋىرىدە كۈمۈش سەدىقە قىلغىن! ـ دېدى. فاتىمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) ھەسەننىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ تارتقانىدى، بىر تەڭگە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاز ئېغىرلىقتا تەڭ كەلدى[2].

(تىرمىزى: 1519)

[1] ھەيسەمى (6207): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەمماد ئىبنى شۇئەيب ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1226): ھەسەن، ـ دېگەن.

3990 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ، أَنَّ رَسُولَ اللهِ: "أَمَرَ بِرَأْسَـيِ الْحَسَنِ وَالْحُسَيْنِ ابْنَيْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُمْ يَوْمَ سَابِعِهِمَا فَحُلِقَ، ثُم تَصَدقَ بِوَزْنِهِ فِضةً، وَلَمْ يَجِدْ ذِبْحًا".

3990 ـ ئەنەس ئىبنى مالىكتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەن بىلەن ھۈسەين تۇغۇلۇپ، يەتتىنچى كۈنى ئۇلارنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈشكە ۋە چېچىنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە بېرىشكە بۇيرىدى، ئۇلار شۇنداق قىلدى. لېكىن ئەقىقىگە سويۇش ئۈچۈن مال تاپالمىدى[1].

(بەززار: 2575)

3991 - عن أبي رافع مولى رسول الله أن حسن بن على الاكبر حين ولد أرادت فاطمة أن تعق عنه بكبشين فقال رسول الله لا تعقى عنه ولكن احلقى رأسه ثم تصـدقي بوزنه من الورق في سبيل الله ، ثم ولدت حسين بعد ذلك فصنعت به مثل ذلك.

3991 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ رافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن تۇغۇلغاندا ئانىسى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ ئەقىقىسى ئۈچۈن ئىككى قوچقار سويماقچى بولغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئەقىقە قىلماي، ھەسەننىڭ چېچىنى چۈشۈرۈپ، چېچىنىڭ ئېغىرلىقى مىقداردىكى كۈمۈشنى الله يولىدا سەدىقە قىلىشقا بۇيرىدى. كېيىن، ھۈسەين تۇغۇلغاندىمۇ (فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا) شۇنداق قىلدى[2].

(ئەھمەد: 26655)

[1] ھەيسەمى (6182): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، تەبەرانىنىڭ سەنەدىدىكى ئىبنى لەھەيئە ھەدىسى ھەسەن، قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6180): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھەسەن ھەدىستۇر، ـ دېگەن.

3992 - عَنْ جَعْفَرِ بْنِ مُحَمدٍ عَنْ أَبِيهِ أَنهُ قَالَ وَزَنَتْ فَاطِمَةُ بِنْتُ رَسُولِ اللـهِ ﷺ شَعَرَ حَسَنٍ وَحُسَيْنٍ وَزَيْنَبَ وَأُم كُلْثُومٍ فَتَصَدقَتْ بِزِنَةِ ذَلِكَ فِضةً.

3992 ــ جەئــفەر ئىبنــى مــۇھەممەد دادىســىدىن رىــۋايەت قىلىــپ مۇنــداق دەيــدۇ: پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ قىــزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (بالىلىرى) ھەسەن، ھۈسەين، زەينەپ، ئۇممۇ گۈلسۈملەرنىڭ چىچىنى تارتىپ، شۇنىڭ ئېغىرلىقىدا كۈمۈش سەدىقە بەرگەندى.

(مالىك: 1083)

3993 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ، عَنْ أَبِيهِ، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ، قَالَ: "الْعَقِيقَةُ تُذْبَحُ لِسَبْعٍ، أَوْ أَرْبَعَ عَشْرَةَ، أَوْ أَحَدَ وَعِشْرِينَ".

3993 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «ئەقىقە ــ بالا تۇغۇلۇپ يەتتىنچى، ئون تۆتىنچى ياكى يىگىرمە بىرىنچى كۈنى بوغۇزلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان[1].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 723)

3994 - عَنْ أَنسٍ، أَن النبِي، "عَق عَنْ نَفْسِهِ بَعْدَمَا بَعَثَهُ اللهُ نَبِيًا".

3994 ـ ئەنەستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەيغەمبەرلىك ۋەھيىسى كېلىپ بولغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ نامىدا ئەقىقە قىلغان[2].

(بەززار: 998)

[1] ھەيسەمى (6202): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى مۇسلىم ئەلمەككى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (6203): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ھەيسەم ئىبنى جەمىل ئىشەنچلىك، قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

3995 - عن ابن عباس قال: سبعة من السنة في الصε يوم السابع يسمى وζ ـ f وζاr̂ عنه الاذى وتثقب أذنه ويعق عنه وƷلق رأسه ويلطÑ بدم عقيقته ويتصدق بـ ـوزن شعره في رأسه ذهبا أو فضة.

3995 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دەيـدۇ: يېڭى تۇغۇلغـان بـالا ئۇچـۇن شـۇ يەتـتە تۇرلـۇك ئىشـنى قىلـىش سـۈننەتتۇر: تۇغۇتنىـڭ يەتتىنچـى كـۈنى ئۇنىڭغـا ئىسـىم قويـۇش، يۇيـۇپ تـازىلاش، (ئوغـۇل بولسـا) خەتـنە قىلـىش، (قىـز بولسـا) قـۇلىقىنى تېشـىش، ئەقىقىسى ئۇچۇن مـال سويۇش، چېچىنـى چۈشـۈرۈش، مـالنىـڭ قېنىنـى (بوۋاقنىـڭ) بېشـىغا سۈرۈش ۋە ئۇنىـڭ چېچىنىـڭ ئېغىرلىقىـدا كۈمـۈش ياكى ئالتۇن سەدىقە بېرىش[①].

(«ئەلئەۋسەت»: 562)

3996 - قَالَ عَلِي رَضِيَ اللهُ تَعَالَى عَنْهُ " أما حَسَنٌ وَحُسَيْنٌ ومُحَسـنٌ فَإِنمَـا سَماهُمْ رَسُولُ اللهِ، وَعَق عَنْهُمْ، وَحَلَقَ رُءُوسَهُمْ، وَتَصَدقَ بوَزْنِهَا، وَأَمَرَ بِهِـمْ فَسُـروا وَخُتِنُوا".

3996 ـ ئەلـى رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇ مۇنـداق دەيـدۇ: پەيغەمـبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسـەللەم ھەسـەن، ھۈسـەين ۋە مۇھەسسـىن (مۇھسىن)لارنىـڭ ئىسـىملىرىنى قويـۇپ، ئۇلارنىـڭ ئەقىقىسى ئۇچـۇن مـال سـويدى ۋە چـاچلىرىنى چۈشـۈرۈپ، چاچنىـڭ ئېغىرلىقىغـا تەڭ مىقـداردا سـەدىقە بەردى. ئانـدىن ئۇلارنىـڭ كىنـدىكلىرىنى كېسـىپ، خەتنىلىرىنى قىلىشقا بۇيرىدى[②].

(«ئەلكەبىر»: 2571)

---

[①] ھەيسەمى (6204): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (6205): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتىيە ئەۋفىي ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. ـ دېگەن.

3997 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ أُرَاهُ عَنْ جَدِهِ قَالَ سُئِلَ رَسُولُ اللهِ ﷺ عَنْ الْعَقِيقَةِ فَقَالَ لَا يُحِبُ اللهُ الْعُقُوقَ كَأَنَهُ كَرِهَ الِاسْمَ وَقَالَ مَنْ وُلِدَ لَهُ وَلَدٌ فَأَحَبَ أَنْ يَنْسُكَ عَنْهُ فَلْيَنْسُكْ عَنْ الْغُلَامِ شَاتَانِ مُكَافِئَتَانِ وَعَنْ الْجَارِيَةِ شَاةٌ وَسُئِلَ عَنْ الْفَرَعِ قَالَ وَالْفَرَعُ حَقٌ وَأَنْ تَتْرُكُوهُ حَتَى يَكُونَ بَكْرًا شُغْزُبًا ابْنَ مَخَاضٍ أَوْ ابْنَ لَبُونٍ فَتُعْطِيَهُ أَرْمَلَةً أَوْ تَحْمِلَ عَلَيْهِ فِي سَبِيلِ اللهِ خَيْرٌ مِنْ أَنْ تَذْبَحَهُ فَيَلْزَقَ لَحْمُهُ بِوَبَرِهِ وَتَكْفَأَ إِنَاءَكَ وَتُولِهُ نَاقَتَكَ.

3997 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئەقىقە ھەققىدە سوئال سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ سۆز (ئەقىقە)نى ياقتۇرمىغاندەك قىلدى ۋە (ئۇنىڭ يەنە بىر مەنىسىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا):

«اللہ تائالا ئوقۇقنى (يەنى ئاتا ـ ئانىغا قارشى چىقىشنى) ياخشى كۆرمەيدۇ. كىمكى بالىسى تۇغۇلۇپ، مال بوغۇزلىماقچى بولسا، ئوغۇل ئۈچۈن ئوخشاش ئىككى تۇياق، قىز ئۈچۈن بىر تۇياق قوي بوغۇزلىسا بولىدۇ» دېدى.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يەنە فەرەئ (تۇنجى بوتىلاقنى بوغۇزلاش) توغرىسىدا سوئال سورالغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

«ئۇ، ھەق ئىشتۇر. لېكىن بوتىلاقنى سۆڭەكلىرى قېتىپ ئەتلىنىپ، چوڭ بولغىچە، ھەتتا ئىككى ـ ئۈچ ياشقا كىرگىچە بېقىپ، ئاندىن موھتاج تۇل خوتۇندىن بىرىگە بەرگىنىڭ ياكى اللہ يولىدا (يۈك توشۇش ئۈچۈن) ئىشلەتكىنىڭ، ئۇنى قىزىل ئەت پېتى سويىۋەتكىنىڭدىن ۋە تۆگەڭنى بوتىلاق ئازابىغا قويۇپ، ئۆزەڭنىمۇ سۈتسىز قويغىنىڭدىن ياخشى» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2842)

[1] ئەلبانى (2467): ھەسەن، ـ دېگەن.

3998 - عَنْ أَبِي الْمَلِيحِ قَالَ قَالَ نُبَيْشَةُ نَادَى رَجُلٌ رَسُولَ اللهِ ﷺ إنا كُنا نَعْتِـرُ عَتِيرَةً فِي الْجَاهِلِيةِ فِي رَجَبٍ فَمَا تَأْمُرُنَا قَالَ اذْبَحُوا لِلهِ فِي أي شَهْرٍ كَانَ وَبَروا اللهَ عَـز وَجَل وَأَطْعِمُوا قَالَ إنا كُنا نُفْرِعُ فَرَعًا فِي الْجَاهِلِيةِ فَمَا تَأْمُرُنَا قَالَ فِي كُل سَائِمَةٍ فَـرَعٌ تَغْذُوهُ مَاشِيَتَكَ حَتى إذَا اسْتَحْمَلَ قَالَ نَصْرٌ اسْتَحْمَلَ لِلْحَجِيجِ ذَبَحْتَهُ فَتَصَدقْتَ بِلَحْمِهِ قَالَ خَالِدٌ أَحْسَبُهُ قَالَ عَلَى ابْنِ السبِيلِ فَإِن ذَلِكَ خَيْرٌ قَالَ خَالِدٌ قُلْتُ لِأَبِي قِلَابَةَ كَمْ السـائِمَةُ قَالَ مِائَةٌ.

3998 ـ ئەبۇ مەلىھ نۇبەيشەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! جاھىلىيەت دەۋرىدە، ھەر يىلى رەجەب ئېيىدا ئەتىرە (رەجەب ئېيىغا ئاتاپ بوغۇزلانغان مال) قىلاتتۇق، بىزنى قانداق قىلىشقا بۇيرۇيسەن؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قايسى ئاي بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، الله يولىدا مال بوغۇزلىساڭلار بولىدۇ. ئۇلۇغ الله ئۈچۈن ياخشىلىق قىلىڭلار ۋە پېقىر ـ مىسكىنلەرگە تائام بېرىڭلار! ـ دېدى. ئۇ كىشى يەنە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! جاھىلىيەت دەۋرىدە بىز فەرەئ (تۆگە ياكى قوينىڭ تۇنجى بالىسىنى كېيىن تۇغۇلىدىغان ماللارنىڭ بەرىكەتلىك بولۇشىنى تىلەپ بوغۇزلاش) قىلاتتۇق، بۇ ھەقتە قانداق يوليورۇق بېرىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەر سائىمە[1]گە بىر فەرەئ كېلىدۇ. بۇ بوتىلاق ئانىسىنى ئېمىپ چوڭ بولۇپ، يۈك توشىيالىغۇدەك بولغاندا سويۇپ، گۆشىنى سەدىقە قىلساڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

راۋىيلاردىن نەسىر بۇ جۈملىنى: «ھاجىلارنى مىندۈرەلىگۈدەك بولغاندا سويۇپ، گۆشىنى سەدىقە قىلساڭ بولىدۇ» دېگەن شەكىلدە نەقىل قىلغان.

[1] سائىمە ـ بىر يىلنىڭ كۆپىنچە ۋاقتىنى يايلاقتا ئوتكۈزىدىغان ۋە سانى يۈزگە يېتىپ بارىدىغان تۆگە يىلقىسى.

راۋىــيلاردىن خالىــد ئەبــۇ قىلابەنىــڭ: «گۆشــىنى يولۇچىلارغــا تارقىتىپ بەرگىن، شۇنداق قىلىش تېخىمۇ ئەۋزەلدۇر» دېگەن شەكىلدە نەقىل قىلغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان. خالىد يەنە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ قىلابەدىن:

ــ فەرەئ قىلىش ئۈچۈن يىلقىــ (ــدىكى تۆگىــ)نىــڭ سانى نەچچىگە يېتىشى كېرەك؟ ـ دەپ سورىسام:

ــ يۈزگە، ـ دەپ جاۋاب بەردى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2830)

3999 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ ﷺ مِنْ كُل خَمْسِينَ شَاةً شَاةٌ.

3999 ــ ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھــا مۇنــداق دەيــدۇ: پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەر 50 تۇياق قوي ئۈچۈن بىر قويىنى (فەرەئ قىلىپ) بېرىشكە بۇيرىغانىدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2833)

4000 - عَنْ عَائِشَةَ، أنها سَمِعَتْ رَسُولَ الله، "يأْمُرُ بِالْفَرَعَةِ مِنَ الْغَنمِ مِنْ خَمْسَةٍ وَاحِدَةٌ".

4000 ــ ئائىشــە رەزىيەللاھــۇ ئەنھانىــڭ رىــۋايەت قىلىشــىچە، ئــۇ (ئائىشــە) پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەر 50 تۇياق قــوي ئۈچــۈن بىــر قــويىنى فەرەئ قىلىــپ بېرىشــكە بۇيرىغــانلىقىنى ئاڭلىغانىكەن[③].

(مەۋسىلى: 4509)

[①] ئەلبانى (2454): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (2457): سەھىھ ـ دېگەن.

[③] ھەيسەمى (6006): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

4001 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي ﷺ قَالَ لَا فَرَعَ وَلَا عَتِيرَةَ وَالْفَرَعُ أَولُ النَتَاجِ كَانُوا يَذْبَحُونَهُ لِطَوَاغِيتِهِمْ وَالْعَتِيرَةُ فِي رَجَبٍ.

4001 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «فەرەئ ۋە ئەتىرە دەپ ئاتىلىدىغان مال يوقتۇر» دېگەن.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: فەرەئ دېگەن، تۆگىنىڭ تۇنجى بوتىلىقى بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلىناتتى. ئەتىرە بولسا، ھەر يىلى رەجەب ئېيىدا بوغۇزلىنىدىغان مال ئىدى.

(بۇخارى: 5473)

4002 - قَالَ أَبو دَاوُد قَالَ بَعْضُهُمْ الْفَرَعُ أَولُ مَا تُنْتِجُ الْإِبِلُ كَانُوا يَذْبَحُونَهُ لِطَوَاغِيتِهِمْ ثُم يَأْكُلُونَهُ وَيُلْقَى جِلْدُهُ عَلَى الشجَرِ وَالْعَتِيرَةُ فِي الْعَشْرِ الْأُوَلِ مِنْ رَجَبٍ.

4002 ـ ئەبۇ داۋۇد مۇنداق دەيدۇ: بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، فەرەئ ـــ تۆگىنىڭ تۇنجى بوتىلىقى بولۇپ، جاھىلىيەت دەۋرىدە كىشىلەر ئۇنى بۇتلىرىغا ئاتاپ بوغۇزلايتتى ۋە گۆشىنى يەپ، تېرىسىنى دەرەخكە ئېسىپ قوياتتى. ئەتىرە بولسا، رەجەپ ئېيىنىڭ ئالدىنقى ئون كۈنى بۇتلارغا ئاتاپ بوغۇزلىنىدىغان مال ئىدى.

(ئەبۇ داۋۇد: 2833)

# قەسەم بۆلۈمى

4003 - عَنْ عَبْدِ اللهِ عَنْ رَسُولِ الله ﷺ قَالَ مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينِ صَبْرٍ يَقْتَطِعُ بِهَا مَالَ امْرِئٍ مُسْلِمٍ هُوَ فِيهَا فَاجِرٌ لَقِيَ اللهَ وَهُوَ عَلَيْهِ غَضْبَانُ قَالَ فَدَخَلَ الْأَشْعَثُ بْنُ قَيْسٍ فَقَالَ مَا يُحَدِّثُكُمْ أَبُو عَبْدِ الرَّحْمَنِ قَالُوا كَذَا وَكَذَا قَالَ صَدَقَ أَبُو عَبْدِ الرَّحْمَنِ فِيَّ نَزَلَتْ كَانَ بَيْنِي وَبَيْنَ رَجُلٍ أَرْضٌ بِالْيَمَنِ فَخَاصَمْتُهُ إِلَى النَّبِيِّ ﷺ قَالَ هَلْ لَكَ بَيِّنَةٌ فَقُلْتُ لَا قَالَ فَيَمِينُهُ قُلْتُ إِذَنْ يَحْلِفُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ عِنْدَ ذَلِكَ مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينِ صَبْرٍ يَقْتَطِعُ بِهَا مَالَ امْرِئٍ مُسْلِمٍ هُوَ فِيهَا فَاجِرٌ لَقِيَ اللهَ وَهُوَ عَلَيْهِ غَضْبَانُ فَنَزَلَتْ ﴿إِنَّ الَّذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلًا﴾ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ.

4003 ـ ئابدۇللاھ (ئىبنى مەسئۇد)تىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەستەن يالغان قەسەم ئىچسە، قىيامەت كۈنى ﷲنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار قاتارىدا تۇرغۇزۇلىدۇ».

ئابدۇللاھ بۇ ھەدىسنى تۈگىتىپ تۇرۇشىغا ئەشئەس ئىبنى قەيس كىردى. ئۇ:

ــ ئەبۇ ئابدۇراھمان سىلەرگە نېمە سۆزلەپ بەردى؟ ـ دېدى. ئۇنىڭغا:

ــ مۇنۇ ـ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى، ـ دېيىلگەنىدى، ئۇ:

ــ توغرا دەپتۇ، ھەتتا مېنىڭ ھەققىمدە ئايەتمۇ نازىل بولغانىدى. يەمەندىكى بىر پارچە زېمىن ھەققىدە بىر ئادەم بىلەن تالاش ـ تارتىش قىلىشىپ قالدۇق، مەن ئۇ ئادەمنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا:

ـــ ئۇ زېمىننىڭ سېنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان بىر ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ يوق، ـ دېدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئۇنداقتا، بۇ ئادەم قەسەم ئىچىدۇ، ـ دېدى. مەن:

ــ ئۇ يالغاندىن قەسەم ئىچىپ قويسىچۇ؟ ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ــ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ئېلىۋېلىش ئۈچۈن قەستەن يالغان قەسەم ئىچسە، قىيامەت كۈنى اللهنىڭ غەزىپىگە يولۇققانلار قاتارىدا تۇرغۇزۇلىدۇ، ـ دېدى. شۇ چاغدا: ﴿ اللهقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (اللهنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ. قىيامەت كۈنى الله ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ. ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

(مۇسلىم: 138)

4004 - عَنْ الْأَشْعَثِ بْنِ قَيْسٍ أَن رَجُلًا مِنْ كِنْدَةَ وَرَجُلًا مِنْ حَضْرَمَوْتَ اخْتَصَمَا إِلَى النبِي ﷺ فِي أَرْضٍ مِنْ الْيَمَنِ فَقَالَ الْحَضْرَمِي يَا رَسُولَ اللهِ إِن أَرْضِي اغْتَصَبَنِيهَا أَبُو هَذَا وَهِيَ فِي يَدِهِ قَالَ هَلْ لَكَ بَيِّنَةٌ قَالَ لَا وَلَكِنْ أُحَلِّفُهُ وَاللهُ يَعْلَمُ أَنهَا أَرْضِي اغْتَصَبَنِيهَا أَبُوهُ فَتَهَيَّأَ الْكِنْدِي لِلْيَمِينِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ لَا يَقْتَطِعُ أَحَدٌ مَالًا بِيَمِينٍ إِلا لَقِيَ اللهَ وَهُوَ أَجْذَمُ فَقَالَ الْكِنْدِي هِيَ أَرْضُهُ.

4004 ـ ئەشئەس ئىبنى قەيستىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىندى قەبىلىسىدىن بىر ئادەم بىلەن ھەزرەمەۋتلىك بىر ئادەم يەمەندىكى بىر پارچە زېمىن توغرۇلۇق جېدەل قىلىشىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. ھەزرەمەۋتلىك ئادەم:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇنىڭ دادىسى مېنىڭ زېمىنىمنى ئىگەللىۋالدى، يەر ھېلىمۇ بۇنىڭ دادىسىنىڭ قولىدا، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ــ بۇ ھەقتە بىرەر ئىسپاتىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

[1] سۈرە ئال ئىمران، 77 ـ ئايەت.

ــ يوق، لېكىن مەن ئۇنىڭ قەسەم ئىچىشىنى تەلەپ قىلىمەن. الله تائالا بىلىدۇكى، ئۇ يەر مېنىڭ، لېكىن بۇنىڭ دادىسى ئۇ يەرنى تارتىۋالدى، ـ دېدى. كىندىلىق ئادەم قەسەم ئىچمەكچى بولۇپ تۇرۇشىغا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ مېلىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش ئۈچۈن يالغاندىن قەسەم ئىچىدىكەن، قىيامەت كۈنى الله تائالانىڭ ھوزۇرىغا چولاق ھالدا كېلىدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان كىندىلىق:

ــ ئۇ زېمىن بۇ ئادەمنىڭ ئىدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3244)

4005 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ مَنْ اقْتَطَعَ حَق امْرِئٍ مُسْلِمٍ بِيَمِينِهِ فَقَدْ أَوْجَبَ اللهُ لَهُ النارَ وَحَرمَ عَلَيْهِ الْجَنةَ فَقَالَ لَهُ رَجُلٌ وَإِنْ كَانَ شَيْئًا يَسِيرًا يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ وَإِنْ قَضِيبًا مِنْ أَرَاكٍ.

4005 ـ ئەبۇ ئۇمامەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كىمكى يالغان قەسەم قىلىپ، بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى ئېلىۋالسا، الله تائالا ئۇنىڭغا دوزاخنى ۋاجىب قىلىپ، جەننەتنى ھارام قىلىدۇ، ـ دېدى. بىرەيلەن:

ــ ئەگەر ئېلىۋالغان نەرسىسى (سىنىڭ مىقدارى) ناھايىتى ئاز بولسىچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مىسۋاك ياغىچىدىن كىچىككىنە بىر پارچە ئېلىۋالسىمۇ ئوخشاش، ـ دېدى.

(مۇسلىم 137)

4006 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي ﷺ قَالَ يَعْنِي لِرَجُلٍ حَلفَهُ احْلِفْ بِاللهِ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ مَا لَهُ عِنْدَكَ شَيْءٌ يَعْنِي لِلْمُدعِي.

[1] ئەلبانى (278): سەھىھ ـ دېگەن.

4006 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم قىلماقچى بولغان بىرىگە: «سەن ئۆزىدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ بولمىغان الله تائالانىڭ نامى بىلەن دەۋاگەرنىڭ سەندە ھېچقانداق ھەققى يوق ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلغىن!» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3620)

4007 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ كَثِيرًا مِما كَانَ النبِي ﷺ يَحْلِفُ لَا وَمُقَلبِ الْقُلُوبِ.

4007 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆپىنچە ۋاقىتتا: «قەلبلەرنى ئۆزگەرتىپ تۇرىدىغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى...» دەپ قەسەم قىلاتتى.

(بۇخارى 6617)

4008 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ كَانَ رَسُولُ اللهِ ﷺ إِذَا اجْتَهَدَ فِي الْيَمِينِ قَالَ وَالذِي نَفْسُ أَبِي الْقَاسِمِ بِيَدِهِ.

4008 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەمنى مۇبالىغىلەشتۇرسە: «ئەبۇلقاسىمنىڭ نەپسى ئىلكىدە بولغان زاتقا قەسەمكى...» دەيتتى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3264)

4009 - عن أبي هُرَيْرَةَ قال: كَانَتْ يَمِينُ رَسُولِ اللهِ ﷺ إِذَا حَلَفَ يَقُولُ لَا وَأَسْتَغْفِرُ اللهَ.

[1] ئەلبانى (707): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (709): زەئىپ، ـ دېگەن.

4009 ـ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسەم ئىچسە: «مەن اللهنىڭ مەغپىرەت قىلىشىنى تىلەيمەن» دەيتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3265)

4010 - عَنْ قُتَيْلَةَ امْرَأَةٍ مِنْ جُهَيْنَةَ أَن يَهُودِيًا أَتَى النبِي ﷺ فَقَالَ إِنكُمْ تُنَددُونَ وَإِنكُمْ تُشْرِكُونَ تَقُولُونَ مَا شَاءَ اللهُ وَشِئْتَ وَتَقُولُونَ وَالْكَعْبَةِ فَأَمَرَهُمْ النبِي ﷺ إِذَا أَرَادُوا أَنْ يَحْلِفُوا أَنْ يَقُولُوا وَرَب الْكَعْبَةِ وَيَقُولُونَ مَا شَاءَ اللهُ ثُم شِئْتَ.

4010 ـ جۇھەينە قەبىلىسىدىن قۇتەيلە ئىسىملىك بىر ئايالدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: يەھۇدىيلاردىن بىرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ سىلەر اللهقا شېرىك كەلتۈرۈپ، باشقا نەرسىلەرنىمۇ ئىلاھ قىلىۋالىسىلەر. مەسىلەن، قەسەم قىلغان ۋاقىتىڭلاردا: ”الله خالىسا ۋە سەن خالىساڭ“، ”كەبىنىڭ ھەققى ئۈچۈن“ دەيسىلەر، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلارغا:

ــ ئەگەر قەسەم ئىچمەكچى بولساڭلار: ”كەئبىنىڭ ئىگىسى ۋە رەببى بولغان الله بىلەن قەسەم قىلىمەن“، ”الله خالىسا، ئاندىن سەن خالىساڭ“ دەڭلار! ـ دېدى[2].

(نەسائى: 3773)

4011 - عَنْ سَعْدِ بْنِ عُبَيْدَةَ أَن ابْنَ عُمَرَ سَمِعَ رَجُلًا يَقُولُ لَا وَالْكَعْبَةِ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ لَا يُحْلَفُ بِغَيْرِ اللهِ فَإِني سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ ﷺ يَقُولُ مَنْ حَلَفَ بِغَيْرِ اللهِ فَقَدْ كَفَرَ أَوْ أَشْرَكَ.

4011 ـ سەئد ئىبنى ئۇبەيدەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بىر كىشىنىڭ:

[1] ئەلبانى (710): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3533): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ كەئبە بىلەن قەسەمكى، ـ دېگىنىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

ــ اللهتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىشقا بولمايدۇ. چۈنكى مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى اللهتىن باشقىسى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، كاپىر بولغان ياكى اللهقا شېرىك كەلتۈرگەن بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[①].

(تىرمىزى: 1535)

4012 - عَنْ طَلْحَةَ بْنَ عُبَيْدِ اللهِ يَعْنِي فِي حَدِيثِ قِصةِ الْأَعْرَابِي قَالَ النبِي ﷺ أَفْلَحَ وَأَبِيهِ إِنْ صَدَقَ دَخَلَ الْجَنةَ وَأَبِيهِ إِنْ صَدَقَ.

4012 ـ تەلھە ئىبنى ئۇبەيدۇللاھ (بىر بەدەۋىنىڭ قىسسىسى سۆزلەنگەن ھەدىستە) مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئەگەر ئۇ راست سۆزلىگەن بولسا، دادىسى ئىككىسى نىجاتلىققا ئېرىشىدۇ. ئەگەر ئۇ راست سۆزلىگەن بولسا، جەننەتكە كىرىدۇ» دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3252)

4013 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن رَسُولَ اللهِ ﷺ أَدْرَكَ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ وَهُوَ يَسِيرُ فِي رَكْبٍ يَحْلِفُ بِأَبِيهِ فَقَالَ أَلَا إِن اللهَ يَنْهَاكُمْ أَنْ تَحْلِفُوا بِآبَائِكُمْ مَنْ كَانَ حَالِفًا فَلْيَحْلِفْ بِاللهِ أَوْ لِيَصْمُتْ.

4013 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (دادام) ئۆمەر ئىبنى خەتتاب بىر كارۋان بىلەن كېتىۋېتىپ، دادىسىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم قىلىۋاتاتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا يېتىشىپ كېلىپ:

«بىلىپ قېلىڭلاركى، الله تائالا سىلەرنى ئەجدادىڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىشتىن توستى. كىمكى قەسەم قىلماقچى

---

① ئەلبانى (1441): سەھىھ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (707): شاز، ـ دېگەن.

بولىدىكەن، الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلسۇن ياكى بولمىسا جىم تۇرسۇن (يەنى قەسەم ئىچمىسۇن)» دېدى.

(بۇخارى: 6646)

4014 - زاد في رواية: فَوَاللهِ مَا حَلَفْتُ بِهَا مُنْذُ سَمِعْتُ النبي ﷺ ذَاكِرًا وَلَا آثِرًا.

4014 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ مۇنداق دېگەن: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن شۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، (دادامنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ) ئۆزەممۇ قەسەم ئىچمىدىم، باشقىلارنىڭمۇ قەسەم ئىچكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

(بۇخارى: 6647)

4015 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ سَمِعَ النبي ﷺ رَجُلًا يَحْلِفُ بِأَبِيهِ فَقَالَ لَا تَحْلِفُوا بِآبَائِكُمْ مَنْ حَلَفَ بِاللهِ فَلْيَصْدُقْ وَمَنْ حُلِفَ لَهُ بِاللهِ فَلْيَرْضَ وَمَنْ لَمْ يَرْضَ بِاللهِ فَلَيْسَ مِنْ اللهِ.

4015 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىشىنىڭ دادىسىنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچكەنلىكىنى ئاڭلاپ مۇنداق دېدى:

«داداڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچمەڭلار. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغان كىشى راستچىل بولسۇن. اللهنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەمگە رازى بولۇڭلار. كىمكى اللهنىڭ نامى بىلەن قىلىنغان قەسەمگە رازى بولمايدىكەن، ئۇ، اللهنىڭ ئىمانلىق بەندىلىرى قاتارىدىن بولالمايدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 2101)

4016 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ إِنَمَا الْحَلِفُ حِنْثٌ أَوْ نَدَمٌ.

[1] ئەلبانى (1708): سەھىھ ـ دېگەن.

4016 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەسەم (نەتىجىدە) يا قەسەمنى بۇزۇشقا ئېلىپ بارىدۇ ياكى (قەسەم قىلغۇچىغا) نادامەت ئېلىپ كېلىدۇ» دېگەن①.

(ئىبنى ماجە: 2103)

4017 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ لَا تَحْلِفُوا بِآبَائِكُمْ وَلَا بِأُمَهَاتِكُمْ وَلَا بِالْأَنْدَادِ وَلَا تَحْلِفُوا إِلَا بِاللهِ وَلَا تَحْلِفُوا بِاللهِ إِلَا وَأَنْتُمْ صَادِقُونَ.

4017 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاتا ـ ئاناڭلارنىڭ ياكى بۇتلىرىڭلارنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلماي، پەقەت اللهنىڭ نامى بىلەنلا قەسەم قىلىڭلار، ھەم اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلغاندا راستچىل، سەمىمىي بولۇڭلار!» ②

(ئەبۇ داۋۇد: 3253)

4018 - عَنْ ابْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ مَنْ حَلَفَ بِالْأَمَانَةِ فَلَيْسَ مِنَا.

4018 ـ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «كىمكى ئامانەتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىدىكەن، ئۇ بىزدىن ئەمەس» دېگەن③.

(ئەبۇ داۋۇد: 2353)

4019 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ مَنْ قَالَ إِنِي بَرِيءٌ مِنْ الْإِسْلَامِ فَإِنْ كَانَ كَاذِبًا فَهُوَ كَمَا قَالَ وَإِنْ كَانَ صَادِقًا لَمْ يَعُدْ إِلَى الْإِسْلَامِ سَالِمًا.

① ئەلبانى (457): زەئىپ ـ دېگەن.

② ئەلبانى (2784): سەھىھ ـ دېگەن.

③ ئەلبانى (2788): سەھىھ ـ دېگەن.

4019 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «"مەن ئىسلامدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتەيكى..." دەپ قەسەم قىلغان كىشى، ئەگەر بۇ سۆزنى يالغاندىن دېگەن بولسا، ئۆزى ئېيتقاندەك ئىسلامدىن ئادا ـ جۇدا بولۇپ كېتىدۇ. ئەگەر (ئۇ سۆزنى) چىن كۆڭلىدىن ئېيتقان بولسا، ئۇ، ئىسلامغا ساغلام ھالەتتە قايتالمايدۇ (يەنى ھەقىقىي مۇسۇلمان بولالمايدۇ)»[1].

(نەسائى: 3772)

4020 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ لَا يَحْلِفُ أَحَدٌ عِنْدَ مِنْبَرِي هَذَا عَلَى يَمِينٍ آثِمَةٍ وَلَوْ عَلَى سِوَاكٍ أَخْضَرَ إِلَّا تَبَوَّأَ مَقْعَدَهُ مِنْ النارِ أَوْ وَجَبَتْ لَهُ النارُ.

4020 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇشۇ مۇنبىرىمنىڭ قېشىدا ھۆل مىسۋاك چاغلىق نەرسە ئۈچۈن بولسىمۇ يالغان قەسەم قىلغان كىشى ئۆزىگە دوزاختىن جاي ھازىرلىغان بولىدۇ ياكى ئۇنىڭ دوزاخقا كىرىشى ۋاجىب بولىدۇ».

(ئەبۇ داۋۇد: 3772)

4021 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ قَالَ مَنْ حَلَفَ فَقَالَ إِنْ شَاءَ اللهُ لَمْ يَحْنَثْ.

4021 ـ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى (بىر ئىش ئۈچۈن) قەسەم قىلغاندىن كېيىن: "الله خالىسا" دېسە، (ئۇ ئىشنى قىلىپ سالغان تەقدىردىمۇ) قەسىمى بۇزۇلمايدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1532)

[1] ئەلبانى (3235): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1238): سەھىھ ـ دېگەن.

4022 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ قَالَ سُلَيْمَانُ لَأَطُوفَن اللَّيْلَةَ عَلَى تِسْعِينَ امْرَأَةً كُلُّهُن تَأْتِي بِفَارِسٍ يُجَاهِدُ فِي سَبِيلِ اللهِ فَقَالَ لَهُ صَاحِبُهُ قُلْ إِنْ شَاءَ اللهُ فَلَمْ يَقُلْ إِنْ شَاءَ اللهُ فَطَافَ عَلَيْهِن جَمِيعًا فَلَمْ يَحْمِلْ مِنْهُن إِلا امْرَأَةٌ وَاحِدَةٌ جَاءَتْ بِشِقِ رَجُلٍ وَايْمُ الذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَوْ قَالَ إِنْ شَاءَ اللهُ لَجَاهَدُوا فِي سَبِيلِ اللهِ فُرْسَانًا أَجْمَعُونَ.

4022 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سۇلايمان ئەلەيھىسسالام: مەن بۈگۈن كېچە 90 ئايالىمنىڭ ھەممىسىنى ئايلىنىپ يۇرۇپ بىرگە بولىمەن. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى الله يولىدا جىھاد قىلىدىغان بىردىن چەۋەنداز تۇغۇپ بېرىدۇ. ـ دېدى. ئۇنىڭ بىر دوستى: الله خالىسا دېگىن، ـ دېدى. لېكىن ئۇ دېمىدى. دەرۋەقە، شۇ كېچىسى سۇلايمان ئەلەيھىسسالام ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى بىلەن بىرگە بولدى، لېكىن بىر ئايالىدىن باشقىسى ھامىلدار بولمىدى. ھامىلدار بولغان ئايالمۇ يېرىم جان بالا تۇغدى. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زاتنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام: "الله خالىسا" دېگەن بولسا، ئاياللىرىنىڭ ھەممىسى الله يولىدا جىھاد قىلىدىغان بىردىن چەۋەنداز تۇغقان بولاتتى».

(بۇخارى: 6639)

4023 - وروى ستين وسبعين وتسعين ومائة، وأنه نسي فلم يقل إن شاء الله.

4023 ـ سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنىڭ بەزى رىۋايەتتە 60، بەزى رىۋايەتتە 70، بەزى رىۋايەتتە 90 ۋە بەزى رىۋايەتتە 100 خوتۇنى بارلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىلەن بىرگە بولغانلىقى، لېكىن ئۇنىڭ: "الله خالىسا" دېمىگەنلىكى نەقىل قىلىنغان.

4024 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ سَمُرَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ ﷺ قَالَ إِذَا حَلَفَ أَحَدُكُمْ عَلَى يَمِينٍ فَرَأَى غَيْرَهَا خَيْرًا مِنْهَا فَلْيُكَفِرْ عَنْ يَمِينِهِ وَلْيَنْظُرْ الذِي هُوَ خَيْرٌ فَلْيَأْتِهِ.

4024 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى سەمۇرەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئەگەر بىر ئىش (نى قىلىش ياكى قىلماسلىق) توغرىسىدا قەسەم قىلىپ، كېيىن ئۇنىڭ ئەكسىنى توغرا كۆرسەڭلار، قىلغان قەسىمىڭلارغا كەففارەت بېرىپ، توغرا كۆرگىنىڭلارنى قىلىڭلار!»[1].
(نەسائى: 3782)

4025 - عَنْ أَبِي مُوسَى الْأَشْعَرِي قَالَ إِني أَتَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ فِي رَهْطٍ مِنْ الْأَشْعَرِيينَ نَسْتَحْمِلُهُ فَقَالَ وَاللهِ لَا أَحْمِلُكُمْ وَمَا عِنْدِي مَا أَحْمِلُكُمْ عَلَيهِ فَلَبِثْنَا مَا شَاءَ اللهُ فَأُتِيَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ بِنَهْبِ إِبِلٍ فَدَعَا بِنَا فَأَمَرَ لَنَا بِخَمْسِ ذَوْدٍ غُرِ الذُرَى قَالَ فَلَما انْطَلَقْنَا قَالَ بَعْضُنَا لِبَعْضٍ أَغْفَلْنَا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ يَمِينَهُ لَا يُبَارَكُ لَنَا فَرَجَعْنَا إِلَيهِ فَقُلْنَا يَا رَسُولَ اللهِ إِنا أَتَينَاكَ نَسْتَحْمِلُكَ وَإِنكَ حَلَفْتَ أَنْ لَا تَحْمِلَنَا ثُم حَمَلْتَنَا أَفَنَسِيتَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ إِني وَاللهِ إِنْ شَاءَ اللهُ لَا أَحْلِفُ عَلَى يَمِينٍ فَأَرَى غَيرَهَا خَيرًا مِنْهَا إِلا أَتَيتُ الذِي هُوَ خَيرٌ وَتَحَللْتُهَا فَانْطَلِقُوا فَإِنمَا حَمَلَكُمْ اللهُ عَز وَجَل.

4025 ـ ئەبۇ مۇسا ئەشئەرى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەشئەرىلىك بىر نەچچە كىشى بىللە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىزگە مىنگۈدەك تۆگە بېرىشىنى تەلەپ قىلدۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ـ ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن سىلەرگە بىر نەرسە بېرەلمەيمەن ھەم سىلەرگە بەرگۈدەك ئۇلىغىمۇ يوق، ـ دېدى. بىز ﷲ خالىغان بىر مۇددەتكىچە كۈتۈپ تۇردۇق. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا تەرەپ ـ تەرەپتىن غەنىمەت تۆگىلەر كېلىشكە باشلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىزنى چاقىرىپ، لوكىلىرى ئاق تۆگىدىن بەش تۇياق بېرىشكە بۇيرىدى. تۆگىلەرنى ئېلىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، ئارىمىزدىن بەزىلەر:

[1] ئەلبانى (3540): سەھىھ ـ دېگەن.

ــــ بىــــز پەيغەمــــبەر ئەلەيھىســــالامنى قەســــەمدىن غەيلەتــــتە قالدۇرساق، بىــزگە بەرىكەت بېرىلمەيدۇ. ـ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىــز سەندىن تۆگە تەلەپ قىلىــپ كەلگەنىــدۇق، بىــراق سەن بىــزگە تــۆگە بەرمەسلىككە قەسەم قىلغانىــدىڭ. كېيىــن بىــزگە تــۆگە بەردىــڭ، قەســەمىڭنى ئۇنتــۇپ قالــدىڭمۇ قانــداق؟ ـ دېگەنىدۇق، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــــ اللهنىــــڭ نــامى بىــلەن قەســەم قىلىمەنكــى، ئۇلــۇغ اللهنىــــڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن (بىر ئىشقا) قەسەم قىلىــپ بولغانــدىن كېيىــن، باشــقا ئىشــنى قىلغــان قەســەمىمدىنمۇ خەيرلىــك دەپ قارىســام، قەســەمىمگە كەففــارەت بېرىــپ، ياخشــى دەپ قارالغــان شــۇ ئىشــنى قىلىمەن. سىلەر خاتىرجەم كېتىۋېرىڭلار، بۇ تۆگىلەرنى سىلەرگە الله تائالا بەردى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1649)

4026 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أن أَبَا بَكْرٍ تَضَيفَ رَهْطًا فَقَالَ لِعَبْدِ الرحْمَنِ دُونَكَ أَضْيَافَكَ فَإِني مُنْطَلِقٌ إِلَى النبِي ﷺ فَافْرُغْ مِنْ قِرَاهُمْ قَبْلَ أَنْ أَجِيءَ فَانْطَلَقَ عَبْدُ الرحْمَنِ فَأَتَاهُمْ بِمَا عِنْدَهُ فَقَالَ اطْعَمُوا فَقَالُوا أَيْنَ رَب مَنْزِلِنَا قَالَ اطْعَمُوا قَالُوا مَا نَحْنُ بِآكِلِينَ حَتى يَجِيءَ رَب مَنْزِلِنَا قَالَ اقْبَلُوا عَنا قِرَاكُمْ فَإِنهُ إِنْ جَاءَ وَلَمْ تَطْعَمُوا لَنَلْقَين مِنْهُ فَأَبَوْا فَعَرَفْتُ أَنهُ يَجِدُ عَلَي فَلَما جَاءَ تَنَحيْتُ عَنْهُ فَقَالَ مَا صَنَعْتُمْ فَأَخْبَرُوهُ فَقَالَ يَا عَبْدَ الرحْمَنِ فَسَكَت ثُم قَالَ يَا عَبْدَ الرحْمَنِ فَسَكَت فَقَالَ يَا غُنْثَرُ أَقْسَمْتُ عَلَيْكَ إِنْ كُنْتَ تَسْمَعُ صَوْتِي لَما جِئْتَ فَخَرَجْتُ فَقُلْتُ سَلْ أَضْيَافَكَ فَقَالُوا صَدَقَ أَتَانَا بِهِ قَالَ فَإِنمَا انْتَظَرْتُمُونِي وَاللهِ لَا أَطْعَمُهُ اللَّيْلَةَ فَقَالَ الْآخَرُونَ وَاللهِ لَا نَطْعَمُهُ حَتى تَطْعَمَهُ قَالَ لَمْ أَرَ فِي الشر كَاللَّيْلَةِ وَيْلَكُمْ مَا أَنْتُمْ لِمَ لَا تَقْبَلُونَ عَنا قِرَاكُمْ هَاتِ طَعَامَكَ فَجَاءَهُ فَوَضَعَ يَدَهُ فَقَالَ بِاسْمِ اللهِ الْأُولَى لِلشيْطَانِ فَأَكَلَ وَأَكَلُوا.

4026 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (دادام) ئەبۇ بەكرى بىر قانچە كىشىنى مېھمانغا چاقىردى. (مېھمانلار كەلگەندە) ماڭا:

ــ مېھمانلارنى سەن كۈتۈپ تۇرغىن، مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەي. مەن كەلگىچە، مېھمانلارنىڭ تاماقىنى بېرىپ بولغىن! ــ دېدى. مەن تاماقلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى يېيىشكە تەكلىپ قىلدىم. لېكىن ئۇلار:

ـ ساھىبخان قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. يەنە تەكلىپ قىلىپ:

ـ قېنى يەڭلار! ـ دېدىم. ئۇلار:

ــ ساھىبخان كەلمىگۈچە يېمەيمىز، ـ دەپ يېگىلى ئۇنىمىدى. مەن:

ــ ئەبۇ بەكرى كېلىپ، تاماق يېمىگىنىڭلارنى كۆرسە، ھەممىمىزگە خاپا بولىدۇ، ـ دېدىم. ئۇلار يەنىلا يېگىلى ئۇنىمىدى. ئەبۇ بەكرىنىڭ ماڭا خاپا بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ كېلىشىگىلا بىر يەرگە مۆكۈۋالدىم. ئەبۇ بەكرى:

ـ نېمە ئىشلارنى قىلدىڭلار؟ ـ دەپ سورىدى، بولغان ئەھۋال ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىلدى. ئەبۇ بەكرى:

ــ ئەي ئابدۇراھمان! ــ دەپ مېنى چاقىرىشقا باشلىدى. مەن ئۈنچىقماي جىم تۇرۇۋالدىم. يەنە چاقىردى، يەنە جىم تۇرۇۋالدىم. ئۈچىنچى قېتىمدا:

ــ ئەي نادان! قەسەم قىلىۋېتىمەن، ئەگەر ئاۋازىمنى ئاڭلاۋاتقان بولساڭ، بۇ ياققا چىققىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مۆكۈۋالغان يېرىمدىن چىقىپ:

ــ (مېنىڭ ھېچ گۇناھىم يوق، خالىساڭ) مېھمانلىرىڭدىن سورىغىن! ـ دېدىم. مېھمانلار:

ـ ئابدۇراھمان راست ئېيتتى، ئۇ بىزگە تاماق ئېلىپ كەلگەنىدى (لېكىن بىز يېمىدۇق)، ـ دېيىشتى. ئەبۇ بەكرى:

ـ مېنى ساقلاپ ئولتۇردۇڭلارمۇ؟ قەسەم قىلىمەنكى، مەن بۈگۈن كەچتە تاماق يېمەيمەن، ـ دېدى. مېھمانلار:

ـ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن باشلاپ بەرمىسەڭ، بىزمۇ يېمەيمىز، ـ دەپ تۇرۇۋالدى. ئەبۇ بەكرى:

ـــ مەن ھاياتىم بويىچە بۈگۈنكىدەك (يامان ئۆتكەن) كېچىنى كۆرۈپ باقمىغانىدىم. سىلەرنىڭ ھالىڭلارغا ۋاي! نېمىشقا بىزنىڭ تامىقىمىزنى يېمەيسىلەر؟! (ئەي ئابدۇراھمان!) تاماقنى ئېلىپ كەل! ـ دېدى. تاماق كەلتۈرۈلگەنىدى، قولىنى تاماققا ئۇزارتتى ۋە:

ـ بىسمىللاھ! بىرىنچىسى (ئاچچىقىمدىن قىلىپ سالغان قەسەم) شەيتاندىن ئىدى، ـ دېدى ۋە تاماقنى يېيىشكە باشلىدى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تاماققا قول ئۇزارتتى.

(بۇخارى: 6140)

4027 – وفي رواية: فلما أصبح غدا على النبي ﷺ فقال يا رسول الله بروا وحنثت قال فأخبره فقال بل أنت أبرهم وأخيرهم قال ولم تبلغني كفارة.

4027 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: ئەتىسى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇلار قەسىمىدە تۇردى، لېكىن مەن قەسىمىمنى بۇزدۇم، ـ دېدى ۋە بولغان ئەھۋالنى سۆزلەپ بەردى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەكسىچە، سەن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن ۋەدىسىگە ئەڭ ۋاپا قىلىدىغىنى ۋە ئەڭ خەيرلىكىسەن، ـ دېدى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ بەكرىنىڭ (قەسىمىنى بۇزغانلىقى ئۈچۈن) كەففارەت بەرگەنلىكى توغرىسىدا ھېچقانداق مەلۇمات يوق.

(مۇسلىم: 2057)

4028 - وفي رواية أخرى: قال عَبْدُ الرحْمَنِ: وَايْمُ اللهِ مَا كُنا نَأْخُذُ مِنْ لُقْمَةٍ إلا رَبَا مِنْ أَسْفَلِهَا أَكْثَرُ مِنْهَا قَالَ يَعْنِي حَتى شَبِعُوا وَصَارَتْ أَكْثَرَ مِما كَانَتْ قَبْلَ ذَلِكَ فَنظَرَ إِلَيْهَا أَبُو بَكْرٍ فَإِذَا هِيَ كَمَا هِيَ أَوْ أَكْثَرُ مِنْهَا فَقَالَ لِامْرَأَتِهِ يَا أُخْتَ بَنِي فِرَاسٍ مَا هَذَا قَالَتْ لَا وَقُرةِ عَيْنِي لَهِيَ الْآنَ أَكْثَرُ مِنْهَا قَبْلَ ذَلِكَ بِثَلَاثِ مَراتٍ فَأَكَلَ مِنْهَا أَبُو بَكْرٍ وَقَالَ إِنمَا كَانَ ذَلِكَ مِنْ الشيْطَانِ يَعْنِي يَمِينَهُ ثُم أَكَلَ مِنْهَا لُقْمَةً ثُم حَمَلَهَا إِلَى النبِي ﷺ فَأَصْبَحَتْ عِنْدَهُ وَكَانَ بَيْنَنَا وَبَيْنَ قَوْمٍ عَقْدٌ فَمَضَى الْأَجَلُ فَفَرقَنَا اثْنَا عَشَرَ رَجُلًا مَعَ كُل رَجُلٍ مِنْهُمْ أُنَاسٌ اللهُ أَعْلَمُ كَمْ مَعَ كُل رَجُلٍ فَأَكَلُوا مِنْهَا أَجْمَعُونَ أَوْ كَمَا قَالَ.

4028 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، ئابدۇراھمان ئىبنى ئەبۇ بەكرى مۇنداق دېگەن: الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىز تاماقتىن بىر لوقما ئالساق، ئۇنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەتتى. مېھمانلار تويغۇچە يېدى، ئەبۇ بەكرى تاماقنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، ئايالىغا:

ـــ ئى بەنى فىراسنىڭ ھەمشىرىسى! بۇ قانداق گەپ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئايالى:

ـــ ئى مۇرەببىم! اللهنىڭ نامىدا قەسەم قىلىمەنكى، تاماق بۇرۇنقىدىن ئۈچ ھەسسە كۆپىيىپ كەتتى، ـ دېدى. ئەبۇ بەكرى تاماقتىن يېدى ۋە قىلغان قەسىمىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا:

ـ شەيتان (نىڭ كاساپىتى)دىن بولدى، ـ دېدى. ئاندىن يەنە بىر لوقما يەپ، قالغان تاماقنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېلىپ ماڭدى. تاماق ئەتىسى سەھەردە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا قويۇلدى. بىر قەۋم بىلەن ئارىمىزدا كېلىشىم بار بولۇپ، مۇددىتى توشۇپ قالغاندى. بىز تەرەپتىن 12 كىشى ئىدۇق، ھەر بىرىمىزنىڭ يېنىدا ئۇلار تەرەپتىن بىر نەچچە كىشى ئولتۇراتتى. ھەر بىرىمىزنىڭ يېنىدا قانچە كىشى بارلىقىنى الله تائالادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ، شۇ تاماقتىن (تويغۇچە) يېدى.

(بۇخارى: 3581)

4029 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أن النبي ﷺ قَالَ مَنْ حَلَفَ عَلَى يَمِينٍ فَرَأَى غَيْرَهَا خَيْرًا مِنْهَا فَلْيَتْرُكْهَا فَإِن تَرْكَهَا كَفارَتُهَا.

4029 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىرەر ئىش ئۈچۈن قەسەم قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئىشنى كۆرسە، قەسەمنى بۇزۇپ، ياخشى ئىشنى قىلسۇن. قەسەمنى بۇزغىنى ئۇنىڭ كەففارىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 2111)

4030 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ إِنمَا الْيَمِينُ عَلَى نِيةِ الْمُسْتَحْلِفِ.

4030 ـ ئەبۇ ھۇرەيرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قەسەم قىلغۇچىنىڭ قەسىمى قەسەم قىلدۇرغۇچىنىڭ نىيىتىگە باغلىقتۇر».

(ئىبنى ماجە: 2120)[2]

4031 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ يَمِينُكَ عَلَى مَا يُصَدِقُكَ عَلَيْهِ صَاحِبُكَ.

4031 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «قەسىمىڭ سېنى قەسەم قىلدۇرغۇچىنىڭ تەستىقلىشىغا باغلىقتۇر» دېگەن.

(مۇسلىم 1653)

4032 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أُنزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ لَا يُؤَاخِذُكُمْ اللهُ بِاللَّغْوِ فِي أَيمَانِكُمْ فِي قَوْلِ الرجُلِ لَا وَاللهِ وَبَلَى وَاللهِ.

[1] ئەلبانى (458): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1723): سەھىھ ـ دېگەن.

4032 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: الله سىلەرنى سەھۋەنلىك بىلەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتمايدۇ، لېكىن سىلەرنى قەستەن قىلغان قەسىمىڭلار ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىدۇ[1] دېگەن ئايەت: ''اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، شۇنداق!''، ''اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئۇنداق ئەمەس!'' دېگەنگە ئوخشاش (تىلغا ئادەت بولۇپ قالغان بويىچە) قەسەم قىلىدىغانلار ھەققىدە نازىل بولغان.

(بۇخارى: 4613)

4033 - عَنْ بَهْزِ بْنِ حَكِيمٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنْ جَدِهِ، أَنَّ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ ''مر بِقَوْمٍ يرْمُونَ وَهُمْ يَحْلِفُونَ أَخْطَأْتَ وَاللهِ أَصَبْتَ وَاللهِ، فَلما رَأَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ أَمْسَكُوا، فَقَالَ: ارْمُوا فَإِن أَيْمَانَ الرمَاةِ لَغْوٌ لا حِنْثَ فِيهَا وَلا كَفارَةَ''.

4033 ـ بەھز ئىبنى ھەكىم دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوقيا ئېتىۋاتقان ۋە بىر ـ بىرىگە: ''اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، دەل جايىغا تەگكۈزدۈڭ''، ''اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، قارىغا تەگكۈزەلمىدىڭ'' دەپ قەسەم قىلىشىۋاتقان بىر نەچچە كىشىنى ئۇچراتتى. ئۇلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى كۆرۈپ، ئوق ئېتىشتىن توختاپ قالدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلارغا:

ـ ئېتىشنى داۋاملاشتۇرۇڭلار. چۈنكى مەرگەنلەرنىڭ قەسەملىرى سەھۋەنلىك بىلەن بولىدۇ. بۇنداق قەسەمنى بۇزۇش ياكى كەففارەت بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، ـ دېدى.

(ئەلسەغىر: 1151)

[1] سۈرە مائىدە، 89 ـ ئايەت.

4034 - عَنْ سُوَيْدِ بْنِ حَنْظَلَةَ قَالَ خَرَجْنَا نُرِيدُ رَسُولَ اللهِ ﷺ وَمَعَنَا وَائِلُ بْنُ حُجْرٍ فَأَخَذَهُ عَدُو لَهُ فَتَحَرجَ الْقَوْمُ أَنْ يَحْلِفُوا وَحَلَفْتُ أَنهُ أَخِي فَخَلى سَبِيلَهُ فَأَتَيْنَا رَسُولَ اللهِ ﷺ فَأَخْبَرْتُهُ أَن الْقَوْمَ تَحَرجُوا أَنْ يَحْلِفُوا وَحَلَفْتُ أَنهُ أَخِي قَالَ صَدَقْتَ الْمُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ.

4034 ـ سۇۋەيد ئىبنى ھەنزەلە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىش ئۈچۈن يولغا چىقتۇق. ۋائىل ئىبنى ھۇجرمۇ بىز بىلەن بىللە ئىدى. يولدا دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئۇنى تۇتۇۋالدى. باشقىلار قەسەم قىلىشتىن تەپتارتتى. مەن:

ـ ئۇ مېنىڭ قېرىندىشىم بولىدۇ، ـ دەپ قەسەم قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار ۋائىلنى قويۇپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا يېتىپ بارغاندا، بولغان ئەھۋالنى ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـــ توغرا قىلىپسەن. چۈنكى مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، ـ دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 3256)

4035 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَجُلَيْنِ اخْتَصَمَا إِلَى النبِي ﷺ فَسَأَلَ النبِي ﷺ الطالِبَ الْبَينَةَ فَلَمْ تَكُنْ لَهُ بَينَةٌ فَاسْتَحْلَفَ الْمَطْلُوبَ فَحَلَفَ بِاللهِ الذِي لَا إِلَهَ إِلا هُوَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ بَلَى قَدْ فَعَلْتَ وَلَكِنْ قَدْ غُفِرَ لَكَ بِإِخْلَاصِ قَوْلِ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ.

4035 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىككى كىشى دەۋالىشىپ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دەۋاگەردىن دەۋاسىنى ئىسپاتلىغۇدەك دەلىل كۆرسىتىشىنى تەلەپ قىلدى. ئەمما دەۋاگەرنىڭ دەلىلى يوق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋابكاردىن قەسەم قىلىشىنى تەلەپ

[①] ئەلبانى (2791): سەھىھ ـ دېگەن.

قىلدى. جاۋابكار ”ئۆزىدىن باشقا ھېچبىر ئىلاھ بولمىغان ئۇلۇغ اللهنىڭ نامى بىلەن“ قەسەم قىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم جاۋابكارغا:

ـ سەن ئەسلىدە (دەۋاگەرگە ھەقسىزلىق قىلغانىدىڭ. لېكىن ”لا ئىلاھە ئىللەللاھ“ سۆزىدىكى ئىخلاسىڭ ئۈچۈن، الله سېنى مەغپىرەت قىلدى، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3275)

4036 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قال: قَالَ رَسُولُ اللهِ ﷺ وَاللهِ لَأَنْ يَلِجَّ أَحَدُكُمْ بِيَمِينِهِ فِي أَهْلِهِ آثَمُ لَهُ عِنْدَ اللهِ مِنْ أَنْ يُعْطِيَ كَفَارَتَهُ الَّتِي افْتَرَضَ اللهُ عَلَيْهِ.

4036 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، بىرىڭلارنىڭ ئۆز ئائىلىسى (نىڭ زىيىنى) ئۈچۈن قىلغان قەسەمدە چىڭ تۇرۇۋېلىشى، ئۇنىڭ قەسەمنى بۇزۇپ، الله تائالا تەرىپىدىن پەرز قىلىنغان كەففارەتنى تۆلىشىدىنمۇ ئېغىر گۇناھتۇر».

(بۇخارى: 6625)

4037 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ كَانَ يَقُولُ مَنْ حَلَفَ بِيَمِينٍ فَوَكَّدَهَا ثُمَّ حَنِثَ فَعَلَيْهِ عِتْقُ رَقَبَةٍ أَوْ كِسْوَةُ عَشَرَةِ مَسَاكِينَ وَمَنْ حَلَفَ بِيَمِينٍ فَلَمْ يُؤَكِّدْهَا ثُمَّ حَنِثَ فَعَلَيْهِ إِطْعَامُ عَشَرَةِ مَسَاكِينَ لِكُلِّ مِسْكِينٍ مُدٌّ مِنْ حِنْطَةٍ فَمَنْ لَمْ يَجِدْ فَصِيَامُ ثَلَاثَةِ أَيَّامٍ.

4037 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: كىمكى (بىر ئىش ھەققىدە) قايتا ـ قايتا قەسەم قىلغاندىن كېيىن، قەسەمنى بۇزسا، ئۇ، بىر قۇل ئازاد قىلىدۇ ياكى ئون مىسكىننى كىيىندۈرىدۇ. ئەگەر بىرلا قېتىم قەسەم قىلغاندىن كېيىن،

[1] ئەلبانى (2803): سەھىھ ـ دېگەن.

قەسىمىنى بۇزغان بولسا، ئۇ، ئون مىسكىنگە بىر مۇد[1]تىن بۇغداي بېرىدۇ. ئەگەر بۇنداق قىلىشقا قۇربى يەتمىسە، ئۈچ كۈن روزا تۇتىدۇ.
(مالىك: 1035)

4038 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ كَفرَ رَسُولُ اللهِ ﷺ بِصَاعٍ مِنْ تَمْرٍ وَأَمَرَ الناسَ بِذَلِكَ فَمَنْ لَمْ يَجِدْ فَنِصْفُ صَاعٍ مِنْ بُر.

4038 ـ ئىبنى ئاببــاس رەزىيەللاھــۇ ئەنهۇمــادىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قەسىمىنىڭ كەففارىتى ئۈچۈن بىر سا قۇرۇق خورما بېرىپ، باشقىلارنىمۇ شۇنداق قىلىشقا بۇيرىدى ۋە بۇنىڭغا قۇربى يەتمەيدىغانلارنىڭ يېرىم سا بۇغداي بەرسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى[2].
(ئىبنى ماجە: 2112)

4039 - عَنْ مُصْعَبِ بْنِ سَعْدٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ كُنا نَذْكُرُ بَعْضَ الْأَمْرِ وَأَنا حَدِيثُ عَهْدٍ بِالْجَاهِلِيةِ فَحَلَفْتُ بِاللاتِ وَالْعُزى فَقَالَ لِي أَصْحَابُ رَسُولِ اللهِ ﷺ بِئْسَ مَا قُلْتَ ائْتِ رَسُولَ اللهِ ﷺ فَأَخْبِرْهُ فَإِنا لَا نَرَاكَ إِلا قَدْ كَفَرْتَ فَأَتَيْتُهُ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ لِي قُلْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَحْدَهُ لَا شَرِيكَ لَهُ ثَلَاثَ مَراتٍ وَتَعَوذْ بِاللهِ مِنْ الشيْطَانِ ثَلَاثَ مَراتٍ وَاتْفُلْ عَنْ يَسَارِكَ ثَلَاثَ مَراتٍ وَلَا تَعُدْ لَهُ.

4039 ـ مۇسئەب ئىبنى سەئد دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن تېخى يېڭىلا مۇسۇلمان بولغان ئىدىم. بىر نەچچەيلەن بىلەن بىر مەسىلە ھەققىدە مۇنازىرىلىشىۋېتىپ، لات ۋە ئۇززانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ قەسەم ئىچتىم. ساھابىلار:

— بەكمۇ خەتەرلىك گەپ قىلدىڭ. بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقىن. چۈنكى بىز سېنى كاپىر بولۇپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلاۋاتىمىز، ـ دېيىشتى. مەن پەيغەمبەر

[1] مۇد ـــ ئېغىرلىق ئۆلچىمى بولۇپ، تەخمىنەن 550 گرامغا تەڭ.
[2] ئەلبانى (459): زەئىپ، ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئاۋۋال ئۈچ قېتىم: ”ﷲتىن باشقا ئىلاھ يوقتۇر، ئۇ بىردۇر، ھېچبىر شېرىكى يوقتۇر“ دېگىن. ئاندىن الله تائالاغا سېغىنىپ، شەيتاندىن ئۈچ قېتىم پاناھ تىلىگىن. ئاندىن سول تەرىپىڭگە ئۈچ قېتىم تۈكۈرۈۋەتكىن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق قەسەم قىلمىغىن! - دېدى[1].

(نەسائى: 3776)

[1] ئەلبانى (242): زەئىپ، - دېگەن.

# نەزىر بۆلۈمى

4040 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبي ﷺ قَالَ لَا تَنْذِرُوا فَإِن النذْرَ لَا يُغْنِي مِنْ الْقَدَرِ شَيْئًا وَإِنمَا يُسْتَخْرَجُ بِهِ مِنْ الْبَخِيلِ.

4040 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاتاپ نەزىر قىلماڭلار، چۈنكى ئاتاپ نەزىر قىلىش تەقدىردىن ھېچنېمىنى ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇ (نەزىر) پەقەت بېخىللارنىڭ مېلىنى چىقىرىشقىلا يارايدۇ»[1].

(نەسائى: 3805)

4041 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبي ﷺ قَالَ إِن النذْرَ لَا يُقَربُ مِنْ ابْنِ آدَمَ شَيْئًا لَمْ يَكُنْ اللهُ قَدرَهُ لَهُ وَلَكِنْ النذْرُ يُوَافِقُ الْقَدَرَ فَيُخْرَجُ بِذَلِكَ مِنْ الْبَخِيلِ مَا لَمْ يَكُنْ الْبَخِيلُ يُرِيدُ أَنْ يُخْرِجَ.

4041 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاتاپ نەزىر قىلىش الله تائالا تەقدىر قىلمىغان ھېچقانداق نەرسىنى ئىنسانغا ئېلىپ كەلمەيدۇ، لېكىن تەقدىرگە ئۇدۇللىشىپ قالىدۇ. بېخىلنىڭ بۇرۇن بەرمىگەنلىرىمۇ مۇشۇ نەزىر ئارقىلىق بېرىلىپ قالىدۇ.

(مۇسلىم)

---

[1] ئەلبانى (3563): سەھىھ ـ دېگەن.

4042 - عن ابن عمر قال ﷺ ى رسول الله عن النذر وأمرنا بالوفاء به.

4042 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى نەزىر قىلىشتىن توستى، ئەگەر بىر نەرسىنى نەزىر قىلىش ئۈچۈن ئەھدە بەرگەن بولساق، بەرگەن ئەھدىمىزگە چوقۇم ۋاپا قىلىشقا بۇيرىدى.

(«ئەلكەبىر»)

4043 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن رَجُلًا قَامَ يَوْمَ الْفَتْحِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللـهِ إِنـي نَذَرْتُ لِلهِ إِنْ فَتَحَ اللهُ عَلَيْكَ مَكةَ أَنْ أُصَليَ فِي بَيْتِ الْمَقْدِسِ رَكْعَتَيْنِ قَالَ صَل هَاهُنَا ثُم أَعَادَ عَلَيْهِ فَقَالَ صَل هَاهُنَا ثُم أَعَادَ عَلَيْهِ فَقَالَ شَأْنَكَ إِذَنْ.

4043 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەككە فەتىھ بولغان كۈنى بىر ئادەم:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! الله تائالا ساڭا مەككە فەتھىنى نېسىپ قىلسا، بەيتۇلمۇقەددەستە ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇشنى ئاتاپ نەزىر قىلغانىدىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇشۇ يەردە ئوقۇغىن! ـ دېدى. ئۇ ئادەم گېپىنى تەكرارلىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ مۇشۇ يەردە ئوقۇغىن! ـ دېدى. ئۈچىنچى قېتىم تەكرارلىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ خالىغىنىڭنى قىل! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3305)

4044 - عَنْ زِيَادِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا فَقَالَ إِني نَذَرْتُ أَنْ أَصُومَ يَوْمًا فَوَافَقَ يَوْمَ أَضْحَى أَوْ فِطْرٍ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَمَرَ اللـهُ تَعَالَى بِوَفَاءِ النذْرِ وَنَهَى رَسُولُ اللهِ ﷺ عَنْ صَوْمِ هَذَا الْيَوْمِ.

[1] ئەلبانى (2827): سەھىھ ـ دېگەن.

4044 ـ زىياد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

— ئى ئىبنى ئۆمەر! مەن بىر كۈن روزا تۇتۇشنى ئاتاپ نەزىر قىلغانىدىم، بۇ كۈن قۇربان ھېيت ياكى روزا ھېيت كۈنىگە توغرا كېلىپ قالدى (قانداق قىلىمەن)، ـ دېگەنىدى، ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

— الله سۇبھانەھۇ ۋەتائالا ئاتىغان نەزىرگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرىدى، لېكىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھېيت كۈنلىرىدە روزا تۇتۇشتىن توستى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مۇسلىم: 1139)

4045 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ بَيْنَا النبِي ﷺ يَخْطُبُ إِذَا هُوَ بِرَجُلٍ قَائِمٍ فَسَأَلَ عَنْـهُ فَقَالُوا أُبو إِسْرَائِيلَ نَذَرَ أَنْ يَقُومَ وَلَا يَقْعُدَ وَلَا يَسْتَظِل وَلَا يَتكَلَمَ وَيَصُومَ فَقَالَ النبِي ﷺ مُرْهُ فَلْيَتكَلَمْ وَلْيَسْتَظِل وَلْيَقْعُدْ وَلْيُتِم صَوْمَهُ

4045 ـ ئىبنى ئاببास رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خۇتبە سۆزلەۋېتىپ، كۆنگەي بىر يەردە ئۆرە تۇرغان بىر ئادەمنى كۆردى ۋە:

ـ ئۇ كىم؟ ـ دەپ سورىدى. جامائەت:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ ئەبۇ ئىسرائىل بولىدۇ. ئۇ ئۆرە تۇرۇشقا، ئولتۇرماسلىققا، سايىدىماسلىققا، گەپ ـ سۆز قىلماسلىققا ۋە روزا تۇتۇشقا ئەھدە نەزىر قىلدى، ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇڭلار، (ئەھدىدىن يېنىپ) ئولتۇرسۇن، سايىدىسۇن، گەپ ـ سۆز قىلسۇن، لېكىن روزىسىنى تاماملىسۇن! — دېدى.

(بۇخارى: 6704)

4046 - قَالَ مَالِك وَلَمْ أَسْمَعْ أَن رَسُولَ اللهِ ﷺ أَمَرَهُ بِكَفَارَةٍ وَقَدْ أَمَرَهُ رَسُولُ اللهِ ﷺ أَنْ يُتِم مَا كَانَ لِلهِ طَاعَةً وَيَتْرُكَ مَا كَانَ لِلهِ مَعْصِيَةً.

4046 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇ ئادەمنى كەففارەت بېرىشكە بۇيرىغىنىنى ئاڭلىمىدىم. بەلكى ئۇنى اللهقا ئىبادەت قىلىش ھېسابلىنىدىغان ئەھدە نەزىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئەكسىچە گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىرىنى تاشلاشقا بۇيرۇدى.

(مالىك: 1029)

4047 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ أَنَّهُ قَالَ نَذَرَتْ أُخْتِي أَنْ تَمْشِيَ إِلَى بَيْتِ اللهِ حَافِيَةً فَأَمَرَتْنِي أَنْ أَسْتَفْتِيَ لَهَا رَسُولَ اللهِ ﷺ فَاسْتَفْتَيْتُهُ فَقَالَ لِتَمْشِ وَلْتَرْكَبْ.

4047 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر مۇنداق دەيدۇ: مېنىڭ قىز قېرىندىشىم بەيتۇللاھقا يالاڭئاياق مېڭىپ بېرىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغانىكەن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ توغرۇلۇق پەتىۋا سوراپ كېلىشىمنى تەلەپ قىلدى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن سورىسام: «ھەم پىيادە ھەم ئۇلاغقا مىنىپ ماڭسۇن!» دېدى.

(مۇسلىم: 1644)

4048 - وفي رواية: نَذَرَتْ أَنْ تَحُج حَافِيَةً غَيْرَ مُخْتَمِرَةٍ فَقَالَ مُرُوهَا فَلْتَخْتَمِرْ وَلْتَرْكَبْ وَلْتَصُمْ ثَلَاثَةَ أَيامٍ.

4048 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ ئايال يالاڭئاياق ۋە ھىجاب ئارتماستىن ھەج قىلىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغان ئىكەن. (بۇنى سورىغىنىمدا) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئېيتىپ قويۇڭلار، ئۇ ھىجاب ئارتسۇن، ئۇلاغقا مىنسۇن ۋە (نەزىر كەففارىتى ئۈچۈن) ئۈچ كۈن روزا تۇتسۇن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3293)

[1] ئەلبانى (718): زەئىپ، ـ دېگەن.

4049 - وفي رواية عَنْ ٱبنِ عَباسٍ: فَلْتَرْكَبْ وَلْتُهْدِ بَدَنَةً.

4049 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان يەنە بىر ھەدىستە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «(ئۇ ئايال) ئۇلاغقا مىنسۇن ۋە بىر تۆگە قۇربانلىق قىلسۇن!» دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3303)

4050 - وفي رواية: فَأَمَرَهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تَرْكَبَ وَتُهْدِيَ هَدْيًا.

4050 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنى ئۇلاغقا مىنىشكە ۋە قۇربانلىق قىلىشقا بۇيرىغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3296)

4051 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن أُخْتِي نَذَرَتْ يَعْنِي أَنْ تَحُج مَاشِيَةً فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن اللهَ لَا يَصْنَعُ بِشَقَاءِ أُخْتِكَ شَيْئًا فَلْتَحُج رَاكِبَةً وَلْتُكَفرْ عَنْ يَمِينِهَا.

4051 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ھەمشىرەم پىيادە مېڭىپ ھەجگە بېرىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغانىدى، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— الله ھەمشىرەڭنىڭ ئۆزىنى قىيناپ قىلغان ھەجى ئۈچۈن ھېچنېمە قىلىپ (يەنى ساۋاب) بەرمەيدۇ. ھەمشىرەڭگە دەپ قويغىنكى، ئۇ ھەجنى ئۇلاغقا مىنىپ قىلسۇن ۋە قىلغان قەسىمى ئۈچۈن كەففارەت بەرسۇن! ـ دېدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 3295)

[1] ئەلبانى (2825): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (2818): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (720): زەئىپ، ـ دېگەن.

4052 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أن أَخَوَيْنِ مِنْ الْأَنصَارِ كَانَ بَيْنَهُمَا مِيرَاثٌ فَسَأَلَ أَحَدُهُمَا صَاحِبَهُ الْقِسْمَةَ فَقَالَ إِنْ عُدْتَ تَسْأَلُنِي عَنْ الْقِسْمَةِ فَكُلُّ مَالٍ لِي فِي رِتَاجِ الْكَعْبَةِ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ إن الْكَعْبَةَ غَنِيةٌ عَنْ مَالِكَ كَفرْ عَنْ يَمِينِكَ وَكَلمْ أَخَاكَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَمِينَ عَلَيْكَ وَلَا نَذْرَ فِي مَعْصِيَةِ الرب وَفِي قَطِيعَةِ الرحِمِ وَفِيمَا لَا تَمْلِكُ.

4052 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارلاردىن ئىككى قېرىنداشنىڭ ئارىسىدا (تەقسىم قىلىنمىغان) بىر مىراس بار ئىدى. ئىككىسىدىن بىرى مىراسنى بۆلۈشۈشنى تەلەپ قىلغانىدى، يەنە بىرى:

ـــ بۇ گەپنى قايتا تىلغا ئالىدىغان بولساڭ، بارلىق مالنى كەئبىنىڭ خىراجىتىگە ئاتىۋېتىمەن، ـ دەپ قەسەم قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ـــ كەئبىنىڭ سېنىڭ مېلىڭغا ئېھتىياجى يوق. قىلغان قەسىمىڭگە كەففارەت بەرگىن ۋە قېرىندىشىڭ بىلەن (مىراس توغرىسىدا) سۆزلەشكىن. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «اﷲقا ئاسىيلىق قىلىش، ئۇرۇغ ـ تۇغقان ئارىسىدا سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈش ۋە ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىنى باشقىلارغا بېرىۋېتىش توغرىسىدا قەسەم قىلىشقا ياكى ئاتاق نەزىر قىلىشقا بولمايدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3272)

4053 - عن ثَابِتُ بْنُ الضحاكِ قَالَ نَذَرَ رَجُلٌ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى الل اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَنحَرَ إِبِلًا بِبُوَانَةَ فَأَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إني نَذَرْتُ أَنْ أَنحَرَ إِبِلًا بِبُوَانَةَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَلْ كَانَ فِيهَا وَثَنٌ مِنْ أَوْثَانِ الْجَاهِلِيةِ يُعْبَدُ قَالُوا

[1] ئەلبانى (713): زەئىپ، ـ دېگەن.

لَا قَالَ هَلْ كَانَ فِيهَا عِيدٌ مِنْ أَعْيَادِهِمْ قَالُوا لَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْفِ بِنَذْرِكَ فَإِنَّهُ لَا وَفَاءَ لِنَذْرٍ فِي مَعْصِيَةِ اللهِ وَلَا فِيمَا لَا يَمْلِكُ ابْنُ آدَمَ.

4053 ـ سابىت ئىبنى زەھھاك مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بىر ئادەم بۇۋانە دېگەن بىر جايدا تۆگە بوغۇزلاشنى ئاتاپ نەزىر قىلغان ئىدى. ئۇ ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇۋانە دېگەن بىر جايدا تۆگە بوغۇزلاشنى ئاتاپ نەزىر قىلغاندىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ـ جاھىلىيەت دەۋرىدە بۇ جايدا (كىشىلەر چوقۇنىدىغان) بۇتلاردىن بىرەرسى بارمىدى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە:

ـ ئۇ جايدا ئۇلارنىڭ بىرەر بايرىمى بولامتى؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئاتىغان نەزرىڭگە ۋاپا قىل. ﷲقا ئاسىيلىق قىلىش ۋە ئۆز ئىلكىدە بولمىغان نەرسىنى سەدىقە قىلىش توغرىسىدا ئاتالغان نەزىرگە ۋاپا قىلىشقا (يەنى ئۇنى ئورۇنلاشقا) بولمايدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3313)

4054 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أَن امْرَأَةً أَتتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِني نَذَرْتُ أَنْ أَضْرِبَ عَلَى رَأْسِكَ بِالدف قَالَ أَوْفِي بِنَذْرِكِ قَالَتْ إِني نَذَرْتُ أَنْ أَذْبَحَ بِمَكَانِ كَذَا وَكَذَا مَكَانٌ كَانَ يَذْبَحُ فِيهِ أَهْلُ الْجَاهِلِيةِ قَالَ لِصَنَمٍ قَالَتْ لَا قَالَ لِوَثَنٍ قَالَتْ لَا قَالَ أَوْفِي بِنَذْرِكِ.

4054 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

[1] ئەلبانى (2834): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سېنى قارشى ئېلىپ، داپ چېلىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغان ئىدىم، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاتىغان نەزىرىڭگە ۋاپا قىلغىن! ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن پالانى ـ پالانى جايلاردا قان قىلىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغان ئىدىم، ـ دېدى ۋە جاھىلىيەت دەۋرىدە قان قىلىنىدىغان جايلارنى زىكرى قىلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن ئۇ جايدا بۇتلار ئۈچۈن قان قىلماقچىمۇ؟ ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئاتىغان نەزىرىڭگە ۋاپا قىلغىن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3312)

4055 - عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا نَذْرَ فِي مَعْصِيَةٍ وَكَفارَتُهُ كَفارَةُ الْيمِينِ.

4055 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«گۇناھ ئىشلار ئۈچۈن ئاتاپ نەزىر قىلىنمايدۇ، ئەگەر شۇنداق قىلىنغان بولسا، ئۇنىڭغا قەسەمنىڭ كەففارىتىگە ئوخشاش كەففارەت بېرىلىدۇ»[2].

(نەسەئى: 3834)

4056 - عَنْ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمدٍ أَنهُ سَمِعَهُ يَقُولُ أَتتْ امْرَأَةٌ إِلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ فَقَالَتْ إِني نَذَرْتُ أَنْ أَنْحَرَ ابْنِي فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ لَا تَنْحَرِي ابْنَكِ وَكَفرِي عَنْ يَمِينِكِ فَقَالَ شَيْخٌ عِنْدَ ابْنِ عَباسٍ وَكَيْفَ يَكُونُ فِي هَذَا كَفارَةٌ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ إِن اللهَ تَعَالَى قَالَ وَالذِينَ يُظَاهِرُونَ مِنْكُمْ مِنْ نِسَائِهِمْ ثُم جعل فِيهِ مِنْ الْكَفارَةِ مَا قَدْ رَأَيْت.

4056 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كېلىپ:

---
[1] ئەلبانى (2833): سەھىھ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3595): سەھىھ دېگەن.

ـ مەن ئوغلۇمنى قۇربانلىق قىلىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغانىدىم، ـ دېدى. ئىبنى ئابباس:

ـــ ئوغلۇڭنى قۇربانلىق قىلما! قىلغان قەسىمىڭگە كەففارەت بەرگىن! ـ دېدى. ئىبنى ئابباسنىڭ يېنىدىكى ياشانغان بىر كىشى:

ـ بۇنىڭغا، يەنى بۇنداق يامان ئىشقا قانداقسىگە كەففارەت كېلىدۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس ئۇنىڭغا:

ـ الله تائالا قۇرئانىدا: ﴿سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر، پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر. ھالبۇكى، ئۇلار (زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ. الله، شەك ـ شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر﴾[1] دېدى ۋە كۆرگىنىڭدەك (ئايەتنىڭ) داۋامىدا كەففارەتنىمۇ بەلگىلىدى، ـ دېدى.

(مالىك: 1030)

4057 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ نَذَرَ نَذْرًا لَمْ يُسَمِهِ فَكَفارَتُهُ كَفارَةُ يَمِينٍ وَمَنْ نَذَرَ نَذْرًا فِي مَعْصِيَةٍ فَكَفارَتُهُ كَفارَةُ يَمِينٍ وَمَنْ نَذَرَ نَذْرًا لَا يُطِيقُهُ فَكَفارَتُهُ كَفارَةُ يَمِينٍ وَمَنْ نَذَرَ نَذْرًا أَطَاقَهُ فَلْيَفِ بِهِ.

4057 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئىسمىنى ئاتىماي تۇرۇپ نەزىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا قەسەمنىڭ كەففارىتىگە ئوخشاش كەففارەت كېلىدۇ. كىمكى گۇناھ ئىش قىلىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغان بولسا، بۇنىڭغىمۇ قەسەمنىڭ كەففارىتىگە ئوخشاش كەففارەت كېلىدۇ. كىمكى كۈچى يەتمەيدىغان بىرەر ئىش قىلىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغان بولسا، ئۇنىڭغىمۇ قەسەمنىڭ

[1] سۈرە مۇجادىلە، 2 ـ ئايەت.

كەففارىتىگە ئوخشاش كەففارەت كېلىدۇ. كىمكى كۆچى يېتىدىغان بىرەر ئىش قىلىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغان بولسا، ئاتىغان نەزىرىگە ۋاپا قىلسۇن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3322)

4058 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ عَنْ عَمَّتِهِ أَنَّهَا حَدَّثَتْهُ عَنْ جَدَّتِهِ أَنَّهَا كَانَتْ جَعَلَتْ عَلَى نَفْسِهَا مَشْيًا إِلَى مَسْجِدِ قُبَاءٍ فَمَاتَتْ وَلَمْ تَقْضِهِ فَأَفْتَى عَبْدُ اللهِ بْنُ عَبَّاسٍ ابْنَتَهَا أَنْ تَمْشِيَ عَنْهَا.

4058 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ بەكرى ھاممىسىدىن چوڭ ئانىسىنىڭ قۇبا مەسجىدىگە پىيادە بېرىشنى ئاتاپ نەزىر قىلغانلىقىنى، لېكىن بۇ نەزىرنى ئادا قىلىشتىن بۇرۇن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى نەقىل قىلىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس ئۇنىڭ ھاممىسىنىڭ چوڭ ئانىسىنىڭ ئورنىدا قۇبا مەسجىدىگە پىيادە بېرىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا پەتىۋا بەردى.

(مالىك: 1025)

[1] ئەلبانى (723): بۇ ھەدىس مەرفۇئ، لېكىن زەئىپ، ـ دېگەن.

# نىكاھ بۆلۈمى

## پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى ئاياللىرىغا ئۆيلىنىشى

4059 - عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُرِيتُكِ فِي الْمَنَامِ ثَلَاثَ لَيَالٍ جَاءَنِي بِكِ الْمَلَكُ فِي سَرَقَةٍ مِنْ حَرِيرٍ فَيَقُولُ هَذِهِ امْرَأَتُكَ فَأَكْشِفُ عَنْ وَجْهِكِ فَإِذَا أَنتِ هِيَ فَأَقُولُ إِنْ يَكُ هَذَا مِنْ عِنْدِ اللهِ يُمْضِهِ.

4059 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:

«مەن ئۇدا ئۈچ كېچە چۈشۈمدە سېنى كۆردۇم. (چۈشۈمدە) پەرىشتە سېنى بىر پارچە يىپەكنىڭ ئىچىدە مېنىڭ يېنىمغا ئېلىپ كېلىپ: ”بۇ سېنىڭ ئايالىڭ“ دەيتتى. مەن سېنىڭ يۈزۈڭنى ئاچاتتىم. قارىسام، (ئىچىدىكى ئايال) سەن بولۇپ چىقاتتىڭ. شۇنىڭ بىلەن مەن: ”ئەگەر بۇ چۈش الله تەرىپىدىن بولسا، الله بۇ چۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ“ دەيتتىم». (مۇسلىم: 2438).

4060 - وفي رواية: فَقَالَ إِن هَذِهِ زَوْجَتُكَ فِي الدنْيا وَالْآخِرَةِ.

4060 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «پەرىشتە: ”بۇ سېنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتلىك ئايالىڭ“ دەيتتى»[1].

(تىرمىزى: 3880)

---

[1] ئەلبانى (3041): ”ئاخىرەتتىكى“ دېگەن سۆزدىن باشقا قىسمى سەھىھ ـ دېگەن.

4061 - عَنْ عُرْوَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَطَبَ عَائِشَةَ إِلى أَبِي بَكْرٍ فَقَالَ لَهُ أَبو بَكْرٍ إِنمَا أَنا أَخُوكَ فَقَالَ أَنتَ أَخِي فِي دِينِ اللهِ وَكِتَابِهِ وَهِيَ لِي حَلَالٌ.

4061 ـ ئۇرۋەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئەمرىگە ئېلىش ئۈچۈن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۆز ئاچقاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ مەن سېنىڭ قېرىندىشىڭ تۇرسام؟ ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سەن اللهنىڭ دىنى ۋە كىتابىدا مېنىڭ قېرىندىشىم (يەنى قان قېرىنداش ئەمەس). شۇڭا ئۇ (ئائىشە) ماڭا ھالال، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5081)

4062 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيتَ لَوْ نَزَلْتَ وَادِيًا وَفِيهِ شَجَرَةٌ قَدْ أُكِلَ مِنْهَا وَوَجَدْتَ شَجَرًا لَمْ يُؤْكَلْ مِنْهَا فِي أَيهَا كُنتَ تُرْتِعُ بَعِيرَكَ قَالَ فِي الذِي لَمْ يُرْتَعْ مِنْهَا تَعْنِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَتَزَوجْ بِكْرًا غَيْرَهَا.

4062 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! قېنى ئېيتىپ باققىن، سەن بىر ۋادىغا چۈشسەڭ ۋە ئۇ ۋادىنىڭ بىر تەرىپىدە يېيىلگەن، يەنە بىر تەرىپىدە يېيىلمىگەن چاتقاللىق كۆرسەڭ، تۆگىلىرىڭنى قايسى چاتقاللىقتا ئوتلىتىسەن؟ ـ دەپ سورىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئەلۋەتتە، يېيىلمىگەن چاتقاللىقتا ئوتلىتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بۇ سۆزى ئارقىلىق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ئىچىدە پەقەت ئۆزىنىڭلا ياتلىق بولۇپ باقمىغان ”قىز“ ئىكەنلىكىنى، باشقا ئاياللىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ جۇۋان ئىكەنلىكىنى ئەكس ئەتتۈرمەكچى بولغانىدى.

(بۇخارى:5077)

4063 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ تَزَوجَنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنا بِنْتُ سِت سِنِينَ فَقَدِمْنَا الْمَدِينَةَ فَنَزَلْنا فِي بَنِي الْحَارِثِ بْنِ خَزْرَجٍ فَوُعِكْتُ فَتَمرقَ شَعَرِي فَوَفَى جُمَيْمَةً فَأَتَتْنِي أُمي أُم رُومَانَ وَإِني لَفِي أُرْجُوحَةٍ وَمَعِي صَوَاحِبُ لِي فَصَرَخَتْ بِـي فَأَتَيْتُهَا لَا أَدْرِي مَا تُرِيدُ بِي فَأَخَذَتْ بِيَدِي حَتى أَوْقَفَتْنِي عَلَى بَابِ الدارِ وَإِني لَأُنهِجُ حَتى سَكَنَ بَعْR̀ نَفَسِي ثُم أَخَذَتْ شَيْئًا مِنْ مَاءٍ فَمَسَحَتْ بِهِ وَجْهِي وَرَأْسِي ثُم أَدْخَلَتْنِي الدارَ فَإِذَا نِسْوَةٌ مِنْ الْأَنصَارِ فِي الْبَيْتِ فَقُلْنَ عَلَى الْخَيْرِ وَالْبَرَكَةِ وَعَلَى خَيْرِ طَائِرٍ فَأَسْلَمَتْنِي إِلَيْهِن فَأَصْلَحْنَ مِنْ شَأْنِي فَلَمْ يَرُعْنِي إِلا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ضُحًى فَأَسْلَمَتْنِي إِلَيْـهِ وَأَنا يَوْمَئِذٍ بِنْتُ تِسْعِ سِنِينَ.

4063 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى نىكاھىغا ئالغاندا، مەن ئالتە ياشتا ئىدىم. كېيىن بىز مەدىنىگە كېلىپ، بەنى ھارىس ئىبنى خەزرەج مەھەللىسىگە ئورۇنلاشتۇق. مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن، تەپ كېسىلى بولۇپ قېلىپ، چاچلىرىم چۈشۈپ كەتكەنىدى. كېسەلدىن ساقايغاندا، قايتىدىن ئۆسۈپ يەلكەمگە چۈشتى. بىر كۈنى، دوستلىرىم بىلەن لىڭگىرتاختاق ئويناۋاتاتتىم. ئانام ئۇممۇ رۇمان كېلىپ مېنى چاقىردى، مەن ئانامنىڭ ئالدىغا باردىم، ئۇنىڭ مېنى نېمە مەقسەتتە چاقىرغانلىقىنى بىلمەيتتىم. ئانام مېنىڭ قولۇمدىن تۇتقان پېتى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. بەكمۇ تېز ماڭغانلىقىمىز ئۈچۈن، نەپسىم يېتىشمەي قالغانىدى. ئىشىك ئالدىدا بىر ئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئانام سۇ ئېلىپ، يۈزۈمنى ۋە بېشىمنى سۈرتتى، ئاندىن مېنى ھويلىغا ئېلىپ كىردى. ھويلىدا ئەنسارلاردىن بىر توپ ئايال بار ئىكەن، ئۇلار:

ــ خەيرلىك، بەرىكەتلىك ۋە مۇبارەك بولسۇن! ــ دېيىشتى. ئانام مېنى ئۇلارغا تاپشۇرۇپ بەردى، ئۇلار ئۇستى - بېشىمنى تۈزەشتۈرۈشكە باشلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چاشگاھ ۋاقتى بىلەن كىرىپ كەلدى، مەن شۇ چاغدىلا بىر ئاز قورقۇشقا باشلىدىم. ئاياللار

مىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تاپشۇرۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا توققۇز ياشتا ئىدىم.

(بۇخارى: 3894)

4064 - عَنْ هِشَامٍ عَنْ أَبِيهِ قَالَ تُوُفِّيَتْ خَدِيجَةُ قَبْلَ مَخْرَجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى الْمَدِينَةِ بِثَلَاثِ سِنِينَ فَلَبِثَ سَنَتَيْنِ أَوْ قَرِيبًا مِنْ ذَلِكَ وَنَكَحَ عَائِشَةَ وَهِيَ بِنْتُ سِت سِنِينَ ثُم بَنَى بِهَا وَهِيَ بِنْتُ تِسْعِ سِنِينَ.

4064 ـ ھىشام دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: خەدىجە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ چىقىشتىن ئۈچ يىل بۇرۇن ۋاپات بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ئاندىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى (ئالتە ياش ۋاقتىدا) نىكاھىغا ئالدى ۋە ئۇ توققۇز ياشقا كىرگەندە، بىر تۆشەككە باش قويدى.

(بۇخارى: 3896)

4065 - وفي رواية: وَمَكَثَتْ عِنْدَهُ تِسْعًا.

4065 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن توققۇز يىل بىللە ياشىدىم.

(بۇخارى: 5158)

4066 - وفي أخرى: تَزَوجَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنا بِنْتُ سَبْعٍ.

4066 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى يەتتە ياش ۋاقتىمدا نىكاھىغا ئالغانىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2121)

[1] ئەلبانى (1861): سەھىھ ـ دېگەن.

4067 - وزاد رزين و أهدي للنƑ ﷺ اƏ فقال للنسوة: اشربن منه و اسقين صاحبتكن (يعنيƗ) فقلن: ما نريده واستحيين، فَقَالَ: "لاَ تَجْمَعْنَ جُوعًا وَكَذِبًا، اشربن منه". فشربن منه.

4067 ـ رەزىن مۇنۇلارنى قوشۇپ رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (ئائىشە بىلەن توي قىلغاندا) سۈت سوۋغا قىلىندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەتراپىدىكى ئاياللارغا:

— سۈتتىن ئىچىڭلار، دوستۇڭلارغىمۇ (ئائىشەنى دېمەكچى) ئىچكۈزۈڭلار! ـ دېدى. ئاياللار تارتىنىپ:

— بىز ئىچمەيلى، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئاچلىق بىلەن يالغاننى (بىر قورساققا) يىغمۇالماي، سۈتنى ئىچىڭلار! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن ئاياللار سۈتتىن ئىچتى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4068 - عَنْ عَبْد اللهِ بْنَ عُمَرَ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطاب حِينَ تَأيمَتْ حَفْصَةُ بِنْتُ عُمَرَ مِنْ خُنَيْسِ بْنِ حُذَافَةَ السهْمِي وَكَانَ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلم قَدْ شَهِدَ بَدْرًا تُوُفيَ بِالْمَدِينَةِ قَالَ عُمَرُ فَلَقِيتُ عُثْمَانَ بْنَ عَفان فَعَرَضْتُ عَلَيْهِ حَفْصَةَ فَقُلْتُ إِنْ شِئْتَ أُنكحُتكَ حَفْصَةَ بِنتَ عُمَرَ قَالَ سَأنظُرُ فِي أَمْرِي فَلَبِثْتُ لَيَالِيَ فَقَالَ قَدْ بَدَا لِي أَنْ لَا أَتزَوجَ يَوْمِي هَذَا قَالَ عُمَرُ فَلَقِيتُ أَبَا بَكْرٍ فَقُلْتُ إِنْ شِئْتَ أُنكحُتكَ حَفْصَةَ بِنْتَ عُمَرَ فَصَمَتَ أَبُو بَكْرٍ فَلَمْ يَرْجِعْ إِلَي شَيْئًا فَكُنتُ عَلَيْهِ أَوْجَدَ مِني عَلَى عُثْمَانَ فَلَبِثْتُ لَيَالِيَ ثُم خَطَبَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَنكحْتُهَا إِياهُ فَلَقِيَنِي أَبُو بَكْرٍ فَقَالَ لَعَلكَ وَجَدْتَ عَلَي حِينَ عَرَضْتَ عَلَي حَفْصَةَ فَلَمْ أَرْجِعْ إِلَيْكَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ فَإِنهُ لَمْ يَمْنَعْنِي أَنْ أَرْجِعَ إِلَيْكَ فِيمَا عَرَضْتَ إِلا أَني قَدْ عَلِمْتُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ قَدْ ذَكَرَهَا فَلَمْ أَكُنْ لِأُفْشِيَ سِر رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَوْ تَرَكَهَا لَقَبِلْتُهَا.

4068 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دادىسى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەدر غازىتىغا قاتناشقان

ساھابىلىرىدىن خۇنەيس ئىبنى ھۇزافە ئەسلەمى مەدىنىدە ۋاپات بولۇپ، ئايالى ھەفسە (ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ قىزى) تۇل قالدى. مەن (ھەزرىتى ئۆمەر) ئوسمان (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)غا يولۇقۇپ، ئۇنىڭغا ھەفسەنى نىكاھىغا ئېلىش توغرىسىدا سۆز ئاچتىم ۋە:

ـ ئەگەر خالىساڭ، ھەفسەنى ساڭا ياتلىق قىلىپ قوياي، ـ دېدىم. ئۇ:

ـــ مەن ئويلىشىپ كۆرەي، ـ دېدى. ئارىدىن بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ:

ـ مەن ھازىرچە ئۆيلەنمەي تۇرۇش قارارىغا كەلدىم، ـ دېدى. ئاندىن ئەبۇ بەكرى (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)غا يولۇقۇپ:

ـ ئەگەر خالىساڭ، ھەفسەنى ساڭا ياتلىق قىلىپ قوياي، ـ دېسەم، ئۇ ماڭا لام ـ جىم دېمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا ئوسمانغا نارازى بولغاندىنمۇ بەكرەك نارازى بولدۇم. بىر قانچە كۈندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەفسەنى نىكاھىغا ئېلىش تەكلىپىنى بەردى. شۇنىڭ بىلەن، ھەفسەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نىكاھلاپ بەردىم. شۇندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا يولۇقۇپ:

ـ سەن ماڭا ھەفسەگە ئۆيلىنىش توغرىسىدا سۆز ئاچقاندا، مەن لام ـ جىم دېمىگەنلىكىم ئۈچۈن، (ئىچىڭدە) تازا ئاچچىقىڭ كەلگەندۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ھەئە، شۇنداق بولدى، ـ دېدىم. ئەبۇ بەكرى:

ـ ئۇ چاغدا سېنىڭ سۆزۈڭگە جاۋاب قايتۇرماسلىقىمدىكى سەۋەب شۇكى، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەفسەنى (نىكاھىغا ئېلىش توغرىسىدا) تىلغا ئالغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىدىم. ئەگەر ئۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نىكاھىغا ئالمىغان بولسا، ئەلۋەتتە، مەن ئالاتتىم، ـ دېدى. (بۇخارى: 4005)

4069 - عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ لَمَّا انْقَضَتْ عِدَّتُهَا بَعَثَ إِلَيْهَا أَبُو بَكْرٍ يَخْطُبُهَا عَلَيْهِ فَلَمْ تَزَوَّجْهُ فَبَعَثَ إِلَيْهَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ يَخْطُبُهَا عَلَيْهِ فَقَالَتْ أَخْبِرْ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنِّي امْرَأَةٌ غَيْرَى وَأَنِّي امْرَأَةٌ مُصْبِيَةٌ وَلَيْسَ أَحَدٌ مِنْ أَوْلِيَائِي شَاهِدٌ فَأَتَى رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ ارْجِعْ إِلَيْهَا فَقُلْ لَهَا أَمَّا قَوْلُكِ إِنِّي امْرَأَةٌ غَيْرَى فَسَأَدْعُو اللَّهَ لَكِ فَيُذْهِبُ غَيْرَتَكِ وَأَمَّا قَوْلُكِ إِنِّي امْرَأَةٌ مُصْبِيَةٌ فَسَتُكْفَيْنَ صِبْيَانَكِ وَأَمَّا قَوْلُكِ أَنْ لَيْسَ أَحَدٌ مِنْ أَوْلِيَائِي شَاهِدٌ فَلَيْسَ أَحَدٌ مِنْ أَوْلِيَائِكِ شَاهِدٌ وَلَا غَائِبٌ يَكْرَهُ ذَلِكَ فَقَالَتْ لِابْنِهَا يَا عُمَرُ قُمْ فَزَوِّجْ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَزَوَّجَهُ. مُخْتَصَرٌ.

4069 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىددىتى توشقاندا، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ئۆيلىنىش تەكلىپى بەرگەندى، ئۇ قوبۇل قىلمىدى. كۆپ ئۆتمەي، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى ئەلچى قويۇپ، ئۆيلىنىش تەكلىپى بەرگەندى، ئۇممۇ سەلەمە ھەزرىتى ئۆمەرگە:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈپ قويغىنكى، مېنىڭ كۈندەشلىكىم كۈچلۈك، كىچىك بالىلىرىممۇ كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېنىڭ ۋەلىلىرىمدىن ھېچقايسىسى يېنىمدا ئەمەس، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرگە:

ـ سەن قايتىپ بېرىپ ئۇنىڭغا: ”مەن سېنىڭ كۈندەشلىكىڭ ئۈچۈن اﷲ تائالاغا دۇئا قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن، اﷲ تائالا كۈندەشلىكىڭنى تۈگىتىدۇ. بالىلىرىڭغا كەلسەك، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجى تولۇق ئورۇندىلىدۇ. ئەمدى ۋەلىلىرىڭگە كەلسەك، سېنىڭ ۋەلىلىرىڭدىن يېنىڭدا بارلىرى بولسۇن ياكى يوقلىرى بولسۇن، ھېچقايسىسى بۇ ئىشقا نارازى بولمايدۇ“ دېگىن! ـ دېدى. ئۆمەر بۇ سۆزلەرنى يەتكۈزدى. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۆمەر دېگەن ئوغلىغا:

ـ ئەي ئۆمەر! ئورنۇڭدىن تۇر ۋە مېنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياتلىق قىلغىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئوغلى ئۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياتلىق قىلىپ قويدى[1].

(نەسائى: 3245)

4070 - قَالَ أَنسٌ لَما انْقَضَتْ عِدةُ زَيْنَبَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِزَيْدٍ فَاذْكُرْهَا عَلَي قَالَ فَانْطَلَقَ زَيْدٌ حَتى أَتَاهَا وَهِيَ تُخَمرُ عَجِينَهَا قَالَ فَلَما رَأَيْتُهَا عَظُمَتْ فِي صَدْرِي حَتى مَا أَسْتَطِيعُ أَنْ أَنْظُرَ إِلَيْهَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَكَرَهَا فَوَليْتُهَا ظَهْرِي وَنَكَصْتُ عَلَى عَقِبِي فَقُلْتُ يَا زَيْنَبُ أَرْسَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَذْكُرُكِ قَالَتْ مَا أَنَا بِصَانِعَةٍ شَيْئًا حَتى أُوَامِرَ رَبي فَقَامَتْ إِلَى مَسْجِدِهَا وَنَزَلَ الْقُرْآنُ وَجَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَخَلَ عَلَيْهَا بِغَيْرِ إِذْنٍ.

4070 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (زەيد ئىبنى ھارىسەنىڭ قويۇپ بەرگەن ئايالى) زەينەب (بىنتى جەھش) رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەيدكە:

ـــ سەن بېرىپ، ئۇنى نىكاھىمغا ئالماقچى بولغانلىقىمنى ئېيتقىن! ـ دېدى. زەيد يولغا چىقىپ، زەينەبنىڭ يېنىغا كەلدى، زەينەب خېمىر يۇغۇرىۋاتاتتى.

زەيد ئۇ چاغدىكى ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ مۇنداق دەيدۇ: ئۇنى كۆرگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنى) نىكاھىغا ئالماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن كۆڭلۈمدە شۇنداق ئۇلۇغ بىر ئايالغا ئايلاندىكى، ھەتتا ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ پېتىنالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن، كەينىمگە بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئارقامنى قىلىپ تۇرۇپ:

ـــ ئى زەينەب! پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنى ئەمرىگە ئالماقچى بولۇپ، مېنى ئەلچىلىككە ئەۋەتتى، ـ دېدىم. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

[1] ئەلبانى (206): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ الله تائالا بۇ ھەقتە بىر ھۆكۈم چىقارمىغۇچە، ھېچنەرسە دېمەيمەن، ـ دېدى ـ دە، نامازغا تۇردى. بۇ ھەقتە ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ، زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا رۇخسەتسىزلا كىردى.

(مۇسلىم: 1428)

4071 - عَنْ أُم حَبِيبَةَ أَنهَا كَانَتْ تَحْتَ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ جَحْشٍ فَمَاتَ بِأَرْضِ الْحَبَشَةِ فَزَوجَهَا النجَاشِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَمْهَرَهَا عَنْهُ أَرْبَعَةَ آلَافٍ وَبَعَثَ بِهَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَعَ شُرَحْبِيلَ ابْنِ حَسَنَةَ.

4071 ـ ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى جەھشنىڭ نىكاھىدا ئىدى. (ئۇ ئېرى بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلغان بولۇپ) ئېرى ھەبەشىستاندا ۋاپات تاپقاندىن كېيىن، ھەبەشىستاننىڭ پادىشاھى نەجاشى ئۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ياتلىق قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نامىدا (مەھرى ھەققى ئۈچۈن) ئۇنىڭغا تۆت مىڭ (كۈمۈش تەڭگە) تۆلەپ بەردى ۋە شۇرەھبىل ئىبنى ھەسەنە دېگەن كىشىگە قوشۇپ، (ھەبەشىستاندىن) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا (مەدىنىگە) ئەۋەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2107)

4072 - وفي رواية: عَلَى صَدَاقِ أَرْبَعَةِ آلَافِ دِرْهَمٍ.

4072 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: مەھرى ھەققى ئۈچۈن تۆت مىڭ تەڭگە بەردى، ـ دەپ كەلگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2108)

4073 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَدِمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَيْبَرَ فَلَما فَتَحَ اللهُ عَلَيْهِ الْحِصْنَ ذُكِرَ لَهُ جَمَالُ صَفِيةَ بِنْتِ حُيَي بْنِ أَخْطَبَ وَقَدْ قُتِلَ

---

[1] ئەلبانى (1853): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (455): زەئىپ ـ دېگەن.

زَوْجُهَا وَكَانَتْ عَرُوسًا فَاصْطَفَاهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِنفْسِهِ فَخَرَجَ بِهَا حَتى بَلَغْنَا سَد الروْحَاءِ حَلتْ فَبَنى بِهَا ثُم صَنَعَ حَيْسًا فِي نِطَعٍ صَغِيرٍ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ آذِنْ مَنْ حَوْلَكَ فَكَانَتْ تِلْكَ وَلِيمَةَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى صَفِيةَ ثُم خَرَجْنَا إِلَى الْمَدِينَةِ قَالَ فَرَأَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحَوي لَهَا وَرَاءَهُ بِعَبَاءَةٍ ثُم يَجْلِسُ عِنْدَ بَعِيرِهِ فَيَضَعُ رُكْبَتَهُ فَتَضَعُ صَفِيةُ رِجْلَهَا عَلَى رُكْبَتِهِ حَتى تَرْكَبَ.

4073 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (قوشۇن باشلاپ) خەيبەرگە كەلدى. الله تائالا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە خەيبەرنىڭ سېپىلىنى فەتىھ قىلىپ بەردى. فەتھەتتىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (يەھۇدىيلارنىڭ كاتتىبېشى) ھۇيەي ئىبنى ئەختەبنىڭ قىزى سەفىييەنىڭ گۈزەل بىر قىز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ يېقىندىلا توي قىلغانلىقى، لېكىن ئېرىنىڭ بۇ ئۇرۇشتا ئۆلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى (ئەسىرلەر ئىچىدىن) تاللىۋالدى. بىز ئۇ يەردىن چىقىپ، سەددۇررەۋھا دېگەن يەرگە يېتىپ بارغاندا، سەفىييە (ھەيزدىن) پاكلاندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ بىلەن (شۇ يەردە) بىر تۆشەكتە بولدى. ئاندىن كىچىك بىر پارچە تېرە داستىخان ئۈستىگە ھەيس[1] دېگەن تاماق تەييارلاپ، ماڭا:

ـ ھەمراھلىرىڭنى چاقىرغىن! ـ دېدى. بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ توي زىياپىتى بولدى. ئاندىن بىز (ئۇ يەردىن) مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. قارىسام، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىنىڭ ئارقىسىغا توندىن بىرنى يېيىپ، ئاندىن تۆگىسىنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ بەرگىنىنى، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۇنىڭ تىزىغا دەسسەپ تۇرۇپ تۆگىگە مىنگىنىنى كۆردۈم.

(بۇخارى: 2235)

[1] ھەيس ـ خورما، سۈزمە ۋە ماينى بىر ـ بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان تاماق.

4074 – وفي رواية: وَوَقَعَتْ فِي سَهْمِ دِحْيَةَ جَارِيَةٌ جَمِيلَةٌ فَاشْتَرَاهَا رَسُولُ اللهِ
صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِسَبْعَةِ أَرْؤُسٍ ثُم دَفَعَهَا إِلَى أُم سُلَيْمٍ تُصَنعُهَا لَهُ وَتُهَيئُهَا قَالَ وَأَحْسِبُهُ
قَالَ وَتَعْتَد فِي بَيْتِهَا وَهِيَ صَفِيةُ بِنْتُ حُيَي قَالَ وَجَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ
وَلِيمَتَهَا التمْرَ وَالْأَقِطَ وَالسمْنَ فُحِصَتْ الْأَرْضُ أَفَاحِيصَ وَجِيءَ بِالْأَنْطَاعِ فَوُضِعَتْ فِيهَا
وَجِيءَ بِالْأَقِطِ وَالسمْنِ فَشَبِعَ الناسُ قَالَ وَقَالَ الناسُ لَا نَدْرِي أَتَزَوجَهَا أَمْ اتخَذَهَا أُم وَلَدٍ
قَالُوا إِنْ حَجَبَهَا فَهِيَ امْرَأَتُهُ وَإِنْ لَمْ يَحْجُبْهَا فَهِيَ أُم وَلَدٍ فَلَما أَرَادَ أَنْ يَرْكَبَ حَجَبَهَا
فَقَعَدَتْ عَلَى عَجُزِ الْبَعِيرِ فَعَرَفُوا أَنهُ قَدْ تَزَوجَهَا فَلَما دَنَوْا مِنْ الْمَدِينَةِ دَفَعَ رَسُولُ اللهِ صَلى
اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدَفَعْنَا قَالَ فَعَثَرَتْ النَاقَةُ الْعَضْبَاءُ وَنَدَرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ
وَنَدَرَتْ فَقَامَ فَسَتَرَهَا وَقَدْ أَشْرَفَتْ النسَاءُ فَقُلْنَ أَبْعَدَ اللهُ الْيَهُودِيةَ.

4074 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: دىھيەنىڭ نېسىۋىسىگە (ئولجىدىن) چىرايلىق بىر چوكان توغرا كەلگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم دىھيەگە يەتتە نەپەر قۇل بېرىپ ئۇنى سېتىۋالدى ۋە ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا (جابدۇش ئۈچۈن) تاپشۇردى.

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: پەرەز قىلىشىمچە، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۇ چوكان ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلغانىدى، ـ دېگەن.

ئۇ چوكان دەل سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇنى نىكاھىغا ئالغاندا) توي زىياپىتى ئۈچۈن خورما، سۈزمە ۋە ياغ تەييارلىغان ئىدى. يەر يۈزى (داستىخاندا قويۇلغان ياغنىڭ ئېقىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) كاتەك ـ كاتەك قىلىپ كولاندى، ئاندىن تېرە داستىخانلار كاتەكلەر ئۈستىگە سېلىنىپ، سۈزمە، ماي قاتارلىقلار داستىخانغا كەلتۈرۈلدى. كىشىلەر زىياپەتتىن يەپ تويغاندىن كېيىن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ چوكاننى نىكاھلاپ ئالغانمىدۇ ياكى دېدىكى قىلامدىغاندۇ؟ ئەگەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ يۈزىنى ياپسا، نىكاھلاپ ئالغان بولىدۇ. يۈزىنى

ياپمىسا، دېدىكى قىلغان بولىدۇ. ـ دېيىشتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاغقا مىنىدىغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ يۈزىنى ياپتى، ئۇ چوكان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشتى. كىشىلەر بۇنىڭدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ چوكاننى نىكاھلاپ ئالغانلىقىنى ئۇقتى. مەدىنىگە يېقىنلاشقاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىنى چاپتۇردى، بىزمۇ ھەم چاپتۇردۇق. توساتتىن تۆگە تېيىلىپ كېتىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالى بىلەن بىرگە تۆگىدىن يىقىلغانىدى، ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئايالىنىڭ يۈزىنى ياپتى. ئاياللار بۇ ئىشنى كۆرۈپ:

ــ الله بۇ يەھۇدىي خوتۇننى (بىزدىن) يىراق قىلغاي! ـ دېيىشتى. (مۇسلىم: 1365)

4075 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ وَقَعَتْ جُوَيْرِيَةُ بِنْتُ الْحَارِثِ بْنِ الْمُصْطَلِقِ فِي سَهْمِ ثَابِتِ بْنِ قَيْسِ بْنِ شَماسٍ أَوْ ابْنِ عَم لَهُ فَكَاتَبَتْ عَلَى نَفْسِهَا وَكَانَتْ امْرَأَةً مَلاحَةً تَأْخُذُهَا الْعَيْنُ قَالَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا فَجَاءَتْ تَسْأَلُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي كِتَابَتِهَا فَلَما قَامَتْ عَلَى الْبَابِ فَرَأَيْتُهَا كَرِهْتُ مَكَانَهَا وَعَرَفْتُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَيَرَى مِنْهَا مِثْلَ الذِي رَأَيْتُ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ أَنَا جُوَيْرِيَةُ بِنْتُ الْحَارِثِ وَإِنمَا كَانَ مِنْ أَمْرِي مَا لَا يَخْفَى عَلَيْكَ وَإِني وَقَعْتُ فِي سَهْمِ ثَابِتِ بْنِ قَيْسِ بْنِ شَماسٍ وَإِني كَاتَبْتُ عَلَى نَفْسِي فَجِئْتُكَ أَسْأَلُكَ فِي كِتَابَتِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَهَلْ لَكِ إِلَى مَا هُوَ خَيْرٌ مِنْهُ قَالَتْ وَمَا هُوَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ أُؤَدي عَنْكِ كِتَابَتَكِ وَأَتَزَوجُكِ قَالَتْ قَدْ فَعَلْتُ قَالَتْ فَتَسَامَعَ تَعْنِي الناسَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ تَزَوجَ جُوَيْرِيَةَ فَأَرْسَلُوا مَا فِي أَيْدِيهِمْ مِنْ السبْيِ فَأَعْتَقُوهُمْ وَقَالُوا أَصْهَارُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَمَا رَأَيْنَا امْرَأَةً كَانَتْ أَعْظَمَ بَرَكَةً عَلَى قَوْمِهَا مِنْهَا أُعْتِقَ فِي سَبَبِهَا مِائَةُ أَهْلِ بَيْتٍ مِنْ بَنِي الْمُصْطَلِقِ.

4075 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: (ئولجا تەقسىم قىلىنغاندا) بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىن جۇۋەيرىيە (ھارىسنىڭ قىزى) سابىت ئىبنى قەيسكە ياكى ئۇنىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلىغا

تەقسىم قىلىندى. ئۇ ئايال ئىشلەپ (مەلۇم مىقداردا پۇل تېپىپ) بېرىش بەدىلىگە ئۆزىنى ئازاد قىلىش ھەققىدە خوجايىنى بىلەن كېلىشتى. ئۇ، كۆرگەنلا كىشىنىڭ كۆزى چۈشكىدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئايال ئىدى. بىر كۈنى، ئۇ ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ياردەم سوراپ كەلدى ۋە ئىشىك تۈۋىدە تۇردى. مەن ئۇ ئايالنى كۆرۈپلا، (كۈندەشلىكىمدىن) ئۇنىڭ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇشىنى ياقتۇرمىدىم. چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ گۈزەل جامالىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭمۇ خۇددى مەن كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەكلا كۆرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ ئايال:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن جۇۋەيرىيە بىنتى ھارىس (بولىمەن)، مېنىڭ بۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشىمنىڭ سەۋەبىنى ئوبدان بىلىسەن. مەن سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماسقا تەقسىم قىلىنغانىدىم. ئۇنىڭ بىلەن ئىشلەپ (پۇل تېپىپ) بېرىپ ئۆزەمنى ئازاد قىلىشقا كېلىشتىم. شۇڭا سەندىن ياردەم سوراپ كەلدىم، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق بىرەر ئىشنى قىلىشقا قانداق قارايسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ ئايال:

—— ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قانداق ئىش؟ - دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

— مەن سېنىڭ قەرزىڭنى تۆلەپ، سېنى نىكاھىمغا ئالاي، - دېدى. ئۇ ئايال:

— بولىدۇ، مەن قوشۇلىمەن، - دېدى. كىشىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ جۇۋەيرىيەنى نىكاھىغا ئالغانلىقىنى ئاڭلاپلا، قوللىرىدىكى ئەسىرلەرنى: ”بۇلار پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قۇدا - باجىلىرى بولۇپ قاپتۇ“ دېيىشىپ، ئازاد قىلىۋەتتى. بىز ئۆز قەۋمىگە بۇ ئايالدەك مەنپەئەت يەتكۈزگەن بىرەر

ئايالنى كۆرمىدۇق. مۇشۇ ئايالنىڭ سەۋەبىدىن بەنى مۇستەلەق قەبىلىسىدىن ئەسىرگە چۈشكەن يۈز ئائىلە ئازاد قىلىنىۋېتىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3931)

4076 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا أَن ابْنَةَ الْجَوْنِ لَما أُدْخِلَتْ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَدَنَا مِنْهَا قَالَتْ أَعُوذُ بِاللهِ مِنْكَ فَقَالَ لَهَا لَقَدْ عُذْتِ بِعَظِيمٍ الْحَقِي بِأَهْلِكِ.

4076 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: جەۋننىڭ قىزى (ئۇمەيمە) (نىكاھتىن كېيىن) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا يېقىنلىشىۋىدى:

ـ الله تائالاغا سېغىنىپ سەندىن پاناھ تىلەيمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

ـــ سەن بۈيۈك اللهتىن پاناھلىق تىلىدىڭ، ئائىلەڭنىڭ يېنىغا قايتىپ كەتكىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5254)

4077 – وفي رواية: فَلَما دَخَلَ عَلَيْهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ هَبِي نَفْسَكِ لِي قَالَتْ وَهَلْ تَهَبُ الْمَلِكَةُ نَفْسَهَا لِلسوقَةِ قَالَ فَأَهْوَى بِيَدِهِ يَضَعُ يَدَهُ عَلَيْهَا لِتَسْكُنَ فَقَالَتْ أَعُوذُ بِاللهِ مِنْكَ فَقَالَ قَدْ عُذْتِ بِمَعَاذٍ ثُم خَرَجَ عَلَيْنَا فَقَالَ يَا أَبَا أُسَيْدٍ اكْسُهَا رَازِقِيتَيْنِ وَأَلْحِقْهَا بِأَهْلِهَا.

4077 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا كىرگەندىن كېيىن:

ـ ئۆزەڭنى ماڭا بېغىشلىغىن! ـ دېۋىدى، ئۇ ئايال:

[1] ئەلبانى (3327): ھەسەن، ـ دېگەن.

ــــ قايسىبىر خانىش ئۆزىنى ئاۋام خەلقتىن بىرەرسىگە بېغىشلىغان؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى پەسكويغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتقانىدى، ئۇ ئايال:

ـ الله تائالاغا سېغىنىپ، سەندىن پاناھ تىلەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

سەن ھەقىقەتەن پاناھ تىلەشكە لايىق زاتتىن پاناھ تىلىدىڭ، ـ دېدى. ئاندىن بىزنىڭ يېنىمىزغا قايتىپ چىقىپ:

ــــ ئى ئەبۇ ئۇسەيد! ئۇمەيمەگە رازىقىييە (دەپ ئاتىلىدىغان رەخت)تىن ئىككى قۇر كىيىملىك بېرىپ، ئائىلىسىنىڭ يېنىغا ئاپىرىپ قويغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5257)

4078 - وفي أخرى: تَزَوجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُمَيْمَةَ بِنْتَ شَرَاحِيلَ بنحوه.

4078 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇمەيمە بىنتى شەراھىلنى نىكاھىغا ئالغان، ـ دەپ كەلگەن ۋە ئاخىرى يۇقىرىقىغا ئوخشاش بايان قىلىنغان.

4079 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ نحوه... فَقَالُوا لَهَا أَتَدْرِينَ مَنْ هَذَا قَالَتْ لَا قَالُوا هَذَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَاءَ لِيَخْطُبَكِ قَالَتْ كُنتُ أَنا أَشْقَى مِنْ ذَلِكَ.

4079 ـ سەھل ئىبنى سەئددىن يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق كەلگەن:

ساھابىلەر ئۇ ئايالغا:

ــ بۇ كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئايال:

ـ ياق، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـ بۇ بولسا پەيغەمبەر (سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)، ئۇ سېنى نىكاھىغا ئېلىش ئۈچۈن سەن بىلەن سۆزلەشكىلى كەلگەن ئىدى، ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ــ مەن پەيغەمبەر (ئەلەيھىسسالام)گە ياتلىق بولغۇدەك تەلەيلىك ئايال ئەمەس ئىكەنمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5637)

4080 - عَنْ أُم شَرِيكٍ أَنهَا كَانَتْ مِمنْ وَهَبَتْ نَفْسَهَا لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

4080 ـ ئۇممۇ شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئايال ئۆزىنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بېغىشلىغانلاردىن ئىدى.

(ئەھمەد: 27074)

4081 - عَنْ أَنسٍ قَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا تَتَزَوجُ مِنْ نِسَاءِ الْأَنصَارِ قَالَ إِن فِيهِمْ لَغَيْرَةً شَدِيدَةً.

4081 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ساھابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نىكاھىڭغا ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرىدىنمۇ ئالامسەن؟ ـ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەنسارىلارنىڭ ئاياللىرىنىڭ كۈندەشلىكى بەك كۈچلۈك، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3232)

[1] ئەلبانى (3032): سەنەدى سەھىھ ـ دېگەن.

## ئۆيلىنىشكە تەرغىپ قىلىش، چاي ئىچۈرۈش، (نىكاھتىن بۇرۇن) قىزنى كۆرۈش ۋە نىكاھ ئەدەپلىرى

4082 - عَنْ عَلْقَمَةَ قَال كُنتُ أَمْشِي مَعَ عَبْدِ اللهِ بِمِنًى فَلَقِيَهُ عُثْمَانُ فَقَامَ مَعَهُ يُحَدثُهُ فَقَالَ لَهُ عُثْمَانُ يَا أَبَا عَبْدِ الرحْمَنِ أَلَا نُزَوجُكَ جَارِيَةً شَابةً لَعَلهَا تُذَكرُكَ بَعْR̀ مَا مَضَى مِنْ زَمَانِكَ قَالَ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ لَئِنْ قُلْتَ ذَاكَ لَقَدْ قَالَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا مَعْشَرَ الشبَابِ مَنْ اسْتَطَاعَ مِنْكُمْ الْبَاءَةَ فَلْيَتَزَوجْ فَإِنهُ أَغَR̀ لِلْبَصَرِ وَأَحْصَنُ لِلْفَرْجِ وَمَنْ لَمْ يَسْتَطِعْ فَعَلَيْهِ بِالصوْمِ فَإِنهُ لَهُ وِجَاءٌ.

4082 ـ ئەلقەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ (ئىبنى مەسئۇد) بىلەن مىنادا كېتىۋاتاتتىم، يولدا ئوسمان (ئىبنى ئەففان) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇچراپ قېلىپ، ئىككىسى سۆزلىشىشكە باشلىدى. ھەزرىتى ئوسمان:

— ھەي ئەبۇ ئابدۇراھمان! ساڭا ياش قىزدىن بىرنى ئېلىپ بەرمەيلىمۇ؟! ئۆتكەن كۈچتۈڭگۈر كۈنلىرىڭنى ئەسلەتسە ئەجەپ ئەمەس! ـ دېدى. ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— سەن بۇنداق دەيسەن، ئەمما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ياشلار جامائەسى! ئاراڭلاردىن ئۆيلىنىشكە قادىر بولالايدىغانلار ئۆيلەنسۇن، چۈنكى ئۆيلىنىش كۆزنى ھارامغا قاراشتىن، ئەۋرەتنى ھارام ئالاقىدىن ساقلايدۇ. ئۆيلىنىشكە قادىر بولالمىغانلار روزا تۇتسۇن، چۈنكى روزا شەھۋەتنى كېسىدۇ» دېگەنىدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1400)

4083 - عَنْ مَعْقِلِ بْنِ يَسَارٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ إِني أَصَبْتُ امْرَأَةً ذَاتَ حَسَبٍ وَمَنْصِبٍ إِلا أَنهَا لَا تَلِدُ أَفَأَتَزَوجُهَا فَنَهَاهُ ثُم أَتَاهُ الثانِيَةَ فَنَهَاهُ ثُم أَتَاهُ الثالِثَةَ فَنَهَاهُ فَقَالَ تَزَوجُوا الْوَلُودَ الْوَدُودَ فَإِني مُكَاثِرٌ بِكُمْ.

4083 ـ مەئقىل ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن ئېسىلزادە ۋە يۈز ـ ئابرۇيلۇق بىر ئايالنى تاپقانتىم، بىراق ئۇ تۇغماس ئىكەن. ئۇنىڭغا ئۆيلىنەيمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۆيلىنىشتىن توستى. ئىككىنچى قېتىم يەنە كەلدى، يەنە توستى. ئۈچىنچى قېتىم كەلگەنىدى، يەنە توستى ۋە:

ـــ تۇغۇمچان ۋە كۆيۈمچان ئاياللارغا ئۆيلىنىڭلار. چۈنكى مەن سىلەرنىڭ سانىڭلارنىڭ كۆپلۈكى بىلەن پەخىرلىنىمەن، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3227)

4084 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ جُبَيْرٍ قَالَ قَالَ لِي ابْنُ عَباسٍ هَلْ تَزَوجْتَ قُلْتُ لَا قَالَ فَتَزَوجْ فَإِن خَيْرَ هَذِهِ الْأُمةِ أَكْثَرُهَا نِسَاءً.

4084 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مەندىن:

ـ ئۆيلەندىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ياق، ـ دېۋىدىم، ئۇ:

ـــ ئۆيلەنگىن، چۈنكى بۇ ئۇممەتنىڭ ياخشىلىرى كۆپ خوتۇنى بولغانلىرىدۇر، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5069)

4085 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الدنْيَا مَتَاعٌ وَخَيْرُ مَتَاعِ الدنْيَا الْمَرْأَةُ الصالِحَةُ.

[1] ئەلبانى (3026): سەھىھ ـ دېگەن.

4085 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دۇنيا ۋاقىتلىق نېمەتتۇر، دۇنيانىڭ ئەڭ ئەۋزەل نېمىتى سالىھ ئايالدۇر».

(مۇسلىم: 1467)

4086 - عَنْ أَبِي نَجِيحٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مِسْكِينٌ مِسْكِينٌ مِسْكِينٌ رَجُلٌ لَيْسَتْ لَهُ امْرَأَةٌ "، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، وَإِنْ كَانَ كَثِيرَ الْمَالِ؟ قَالَ: "وَإِنْ كَانَ كَثِيرَ الْمَالِ، مِسْكِينَةٌ مِسْكِينَةٌ مِسْكِينَةٌ امْرَأَةٌ لَيْسَ لَهَا زَوْجٌ"، قَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، وَإِنْ كَانَتْ غَنِيةً مُكْثِرَةً؟ قَالَ: "وَإِنْ كَانَتْ غَنِيةً مُكْثِرَةً".

4086 ـ ئەبۇ نەجىھ مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئايالى يوق ئەر مىسكىندۇر، مىسكىندۇر، مىسكىندۇر، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـــ پۇل ـ مېلى كۆپ بولسىمۇ، مىسكىن ھېسابلىنامدۇ؟ ـ دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ پۇل ـ مېلى كۆپ بولسىمۇ مىسكىندۇر، ـ دېدى. ئاندىن:

ـ ئېرى يوق ئايالمۇ مىسكىندۇر، مىسكىندۇر، مىسكىندۇر، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـــ پۇل ـ مېلى كۆپ ئايالمۇ مىسكىن ھېسابلىنامدۇ؟ ـ دەپ سورىۋېدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ پۇل ـ مېلى كۆپ بولسىمۇ مىسكىندۇر، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4087 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ: تُنْكَحُ الْمَرْأَةُ لِأَرْبَعٍ لِمَالِهَا وَلِحَسَبِهَا وَجَمَالِهَا وَلِدِينِهَا فَاظْفَرْ بِذَاتِ الدينِ تَرِبَتْ يَدَاكَ.

4087 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئايال بىلەن ئۆيلىنىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭ پۇل ـ مېلى، جەمەت ـ نەسەبى، ھۆسن ـ جامالى ۋە دىن ـ دىيانىتى قاتارلىق تۆت نەرسىسىگە قارىلىدۇ. سەن دىيانەتلىك خوتۇن ئالغىنكى، الله سېنى ئۆز پەزلىدىن باي قىلىدۇ».

(بۇخارى: 5090)

4088 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَزَوجُوا النسَاءَ لِحُسْنِهِن فَعَسَى حُسْنُهُن أَنْ يُرْدِيَهُن وَلَا تَزَوجُوهُن لِأَمْوَالِهِن فَعَسَى أَمْوَالُهُن أَنْ تُطْغِيَهُن وَلَكِنْ تَزَوجُوهُن عَلَى الدينِ وَلَأَمَةٌ خَرْمَاءُ سَوْدَاءُ ذَاتُ دِينٍ أَفْضَلُ.

4088 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاياللارنى (ئۇلارنىڭ) جامالىنى دەپلا ئالماڭلار، جامالى بەلكى ئۇلارنىڭ ھالاكىتىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن. بايلىقىنى دەپلا ئالماڭلار، بەلكى بايلىقى ئۇلارنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويۇشى مۇمكىن. ئايال ئالغاندا، دىيانىتىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ئېلىڭلار. دىيانەتلىك، ئەمما بۇرنى پۇچۇق قارا تەنلىك دېدەك، ئۆزى گۈزەل، ئەمما دىيانەتسىز ئاياللاردىن ئەلۋەتتە ئەۋزەلدۇر»[1].

(ئىبنى ماجە: 1859)

4089 - عَنْ الضحاكِ بْنِ مُزَاحِمٍ قَالَ سَمِعْتُ أَنَسَ بْنَ مَالِكٍ يَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ أَرَادَ أَنْ يَلْقَى اللهَ طَاهِرًا مُطَهرًا فَلْيَتَزَوجْ الْحَرَائِرَ.

4089 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى اللهنىڭ ھوزۇرىغا پاك ـ پاكىز ھالەتتە بېرىشنى خالىسا، ھۆر ئاياللارغا ئۆيلەنسۇن»[2].

(ئىبنى ماجە: 1862)

[1] ئەلبانى (409): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (410): زەئىپ، ـ دېگەن.

4090 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قال: تَزَوجْتُ فَقَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تَزَوجْتَ فَقُلْتُ تَزَوجْتُ ثَيِّبًا فَقَالَ مَا لَكَ وَلِلْعَذَارَى وَلِعَابِهَا.

4090 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئۆيلەنگەن ئىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ـ قانداق ئايال ئالدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ چوكان ئالدىم، ـ دېۋىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نېمە ئۈچۈن ئوينىشىپ، كۆڭۈل ئاچقۇدەك قىز ئالمىدىڭ؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 5080)

4091 - وفي رواية: قَالَ فَهَلا بِكْرًا تُلَاعِبُهَا وَتُلَاعِبُكَ.

4091 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «سەن بىلەن تەڭ ئويناشقۇدەك قىز ئالساڭچۇ؟!» دېدى.

(بۇخارى: 5247)

4092 - عن عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ سَالِمِ بْنِ عُتْبَةَ بْنِ عُوَيْمِ بْنِ سَاعِدَةَ الْأَنْصَارِي عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَيْكُمْ بِالْأَبْكَارِ فَإِنهُن أَعْذَبُ أَفْوَاهًا وَأَنْتَقُ أَرْحَامًا وَأَرْضَى بِالْيَسِيرِ.

4092 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى سالىم ئىبنى ئۇتبە ئىبنى ئۇۋەيم ئىبنى سائىدە ئەنسارى دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆيلەنمەكچى بولساڭلار، قىز ئېلىڭلار. چۈنكى قىزلارنىڭ ئاغزى تېخىمۇ تاتلىق، بالىياتقۇسى تېخىمۇ تۇغۇمچان كېلىدۇ ھەم ئۇلار ئاز نەرسىگە قانائەت قىلىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 1861)

[1] ئەلبانى (1508): ھەسەن، ـ دېگەن.

4093 - عَنْ جَابِرٍ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَأَى امْرَأَةً فَأَتى امْرَأَتَهُ زَيْنبَ وَهِيَ تَمْعَسُ مَنِيئَةً لَهَا فَقَضَى حَاجَتَهُ ثُم خَرَجَ إِلَى أَصْحَابِهِ فَقَالَ إِن الْمَرْأَةَ تُقْبِلُ فِي صُورَةِ شَيْطَانٍ وَتُدْبِرُ فِي صُورَةِ شَيْطَانٍ فَإِذَا أَبصَرَ أَحَدُكُمْ امْرَأَةً فَلْيَأْتِ أَهْلَهُ فَإِن ذَلِكَ يَرُد مَا فِي نَفْسِهِ.

4093 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايالنى كۆردى ـ دە، دەرھال تېرە ئاشلاۋاتقان ئايالى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولدى. ئاندىن ساھابىلەرنىڭ يېنىغا چىقىپ:

«خوتۇن كىشى بەزىدە خۇددى شەيتاندەك كېلىپ كېتىدۇ. قايسىبىرىڭلار بىرەر خوتۇننى كۆرۈپ (شەھۋىتى قوزغالسا)، دەرھال ئۆز ئايالى بىلەن بىرگە بولسۇن. چۈنكى بۇ ئۇنىڭ ئىچىدىكى شەھۋەتنى باسىدۇ» دېدى.

(مۇسلىم: 1403)

4094 - عَنْ أَبِي ذَر قَالَ دَخَلَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَجُلٌ يُقَالُ لَهُ عَكافُ بْنُ بِشْرٍ التمِيمِي فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَكافُ هَلْ لَكَ مِنْ زَوْجَةٍ قَالَ لَا قَالَ وَلَا جَارِيَةٍ قَالَ وَلَا جَارِيَةَ قَالَ وَأَنْتَ مُوسِرٌ بِخَيْرٍ قَالَ وَأَنَا مُوسِرٌ بِخَيْرٍ قَالَ أَنْتَ إِذًا مِنْ إِخْوَانِ الشيَاطِينِ وَلَوْ كُنْتَ فِي النصَارَى كُنْتَ مِنْ رُهْبَانِهِمْ إِن سُنتَنَا النكَاحُ شِرَارُكُمْ عُزابُكُمْ وَأَرَاذِلُ مَوْتَاكُمْ عُزابُكُمْ أَبِالشيْطَانِ تَمَرسُونَ مَا لِلشيْطَانِ مِنْ سِلَاحٍ أَبْلَغُ فِي الصالِحِينَ مِنْ النسَاءِ إِلا الْمُتَزَوجُونَ أُولَئِكَ الْمُطَهرُونَ الْمُبَرءُونَ مِنْ الْخَنَا وَيْحَكَ يَا عَكافُ إِنهُن صَوَاحِبُ أَيوبَ وَدَاوُدَ وَيُوسُفَ وَكُرْسُفَ فَقَالَ لَهُ بِشْرُ بْنُ عَطِيةَ وَمَنْ كُرْسُفُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ رَجُلٌ كَانَ يَعْبُدُ اللهَ بِسَاحِلٍ مِنْ سَوَاحِلِ الْبَحْرِ ثَلَاثَ مِائَةِ عَامٍ يَصُومُ النهَارَ وَيَقُومُ الليْلَ ثُم إِنهُ كَفَرَ بِاللهِ الْعَظِيمِ فِي سَبَبِ امْرَأَةٍ عَشِقَهَا وَتَرَكَ مَا كَانَ عَلَيْهِ مِنْ عِبَادَةِ اللهِ عَز وَجَل ثُم اسْتَدْرَكَهُ اللهُ بِبَعْضِ مَا كَانَ مِنْهُ فَتَابَ عَلَيْهِ وَيْحَكَ يَا عَكافُ تَزَوجْ وَإِلا فَأَنْتَ مِنْ الْمُذَبْذَبِينَ قَالَ زَوجْنِي يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ قَدْ زَوجْتُكَ كَرِيمَةَ بِنْتَ كُلْثُومٍ الْحِمْيَرِي.

4094 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەككاف ئىبنى بەشىر تەمىمى ئىسىملىك بىرەيلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭدىن:

ـ ھەي ئەككاف! ئايالىڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ يوق، ـ دېدى.

ـ دېدىكىڭمۇ يوقمۇ؟

ـ يوق.

ـ پۇل ـ مېلىڭ بارمۇ؟

ـ بار.

ـــ ئۇنداقتا، سەن شەيتاننىڭ بۇرادەرلىرىدىن ئىكەنسەن. ئەگەر خرىستىئان بولۇپ قالغان بولساڭ، راھىب بولۇپ كېتىدىكەنسەن. ئۆيلىنىش بىز مۇسۇلمانلارنىڭ (تۇتۇپ ماڭغان) يولىدۇر. بويتاقلىرىڭلار ناچارلىرىڭلاردۇر، بويتاق پېتى ئۆلۈپ كەتكەنلىرىڭلار ئىچىڭلاردىكى ئەڭ ناچار كىشىلەردۇر. سىلەر شەيتاننىڭ ياردەمچىسى بولماقچىمۇ؟! شەيتاننىڭ سالىھ، ياخشى كىشىلەرنى ئازدۇرۇشتا قوللىنىدىغان ئەڭ ئۆتكۈر قورالى ئاياللاردۇر، پەقەت ئۆيلەنگەن كىشىلەرلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆيلەنگەن كىشىلەر شەھۋانى سۆزلەردىن ئۆزلىرىنى پاك تۇتالايدىغان، ئېسىل كىشىلەردۇر. ئىسىت ساڭا، ھەي ئەككاف! ئەييۇب، داۋۇد، يۇسۇف ۋە كۇرسۇف قاتارلىق ئېسىل زاتلارنى ئازدۇرماقچى بولغانلار ئاياللاردۇر.

بىشر ئىبنى ئەتىييە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! كۇرسۇف دېگەن كىم؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇ، دېڭىز ساھىللىرىدىن بىرىدە 300 يىل بويىچە كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ناماز ئوقۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلغان كىشى ئىدى. كېيىن بىر خوتۇنغا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، شۇ خوتۇننىڭ سەۋەبىدىن قىلىۋاتقان ئىبادەتلىرىنى تاشلاپ، ئاللاھقا كاپىر بولۇپ كەتتى. ئاللاھ تائالا

ئۇنىڭ ئىلگىرى قىلغان بىر قىسىم ياخشى ئەمەللىرى ئۇيەيلىدىن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ، تەۋبىسىنى قوبۇل قىلدى. ھەي ئەككاف! ھالىڭغا ۋاي! خوتۇن ئال! خوتۇن ئالمىساڭ، سەنمۇ ئازغۇنلاردىن بولۇپ قالىسەن، ـ دېدى. ئەككاف:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداقتا، مېنى ئۆيلەپ قويغىن! ـــ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سېنى كۈلسۈم ھىميەرنىڭ قىزى كەرىمەگە ئۆيلەپ قوياي، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد: 20939)

4095 - عَنْ أَنسِ بْنِ مَالِكٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ: "مَنْ تَزَوجَ فَقَدِ اسْتَكْمَلَ نِصْفَ الإِيمَانِ، فَلْيَتقِ اللهَ فِي النصْفِ الْبَاقِي".

4095 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆيلەنگەنلەر ئىماننىڭ يېرىمىنى تولۇقلىغان بولىدۇ، قالغان يېرىمىنى تولۇقلاش ئۈچۈن الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلسۇن!»[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

4096 ـ عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ: "تَزَوجُوا النسَاءَ، فَإِنهُن يَأْتِينَكُمْ بِالْمَالِ".

4096 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ھەيسەمى (7297): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمى ئاتالمىغان بىرى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7310): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەزىد ۋە جابىر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ ئىككى كىشى بار، ـ دېگەن.

«ئۆيلىنىڭلار! چۈنكى ئاياللار سىلەرگە مال - بايلىق (يەنى ئۆيگە بەرىكەت) ئېلىپ كېلىدۇ»[1].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

4097 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَآلِهِ وَسَلمَ: "ثَلاثَةٌ مَنْ فَعَلَهُن ثِقَةً بِاللهِ وَاحْتِسَابًا كَانَ حَقًا عَلَى اللهِ أَنْ يُعِينَهُ، وَأَنْ يُبَارِكَ لَهُ مَنْ سَعَى فِي فَكَاكِ رَقَبَةٍ ثِقَةً بِاللهِ وَاحْتِسَابًا كَانَ حَقًا عَلَى اللهِ أَنْ يُعِينَهُ وَأَنْ يُبَارِكَ لَهُ، وَمَنْ تَزَوجَ ثِقَةً بِاللهِ وَاحْتِسَابًا كَانَ حَقًا عَلَى اللهِ أَنْ يُعِينَهُ وَأَنْ يُبَارِكَ لَهُ، وَمَنْ أَحْيَا أَرْضًا مَيتَةً ثِقَةً بِاللهِ وَاحْتِسَابًا كَانَ حَقًا عَلَى اللهِ أَنْ يُعِينَهُ وَأَنْ يُبَارِكَ لَهُ".

4097 - جابىر ئىبنى ئابدۇللاھتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالاغا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ۋە ساۋابىنى اللهتىنلا كۈتكەن ھالدا تۆۋەندىكى ئۈچ ئىشنى قىلغان كىشىگە ياردەم قىلىش ۋە ماللىرىغا بەرىكەت ئاتا قىلىش اللهنىڭ ئۈستىدىكى بىر ھەقتۇر: بىرى، اللهقا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ۋە ساۋابىنى اللهتىنلا كۈتكەن ھالدا قۇل ئازاد قىلىشقا تىرىشقان كىشى؛ ئىككىنچىسى، اللهقا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ۋە ساۋابىنى اللهتىنلا كۈتكەن ھالدا ئۆيلەنگەن كىشى؛ ئۈچىنچىسى، اللهقا چىن دىلىدىن ئىشەنگەن ۋە ساۋابىنى اللهتىنلا كۈتكەن ھالدا بوز يەر ئاچقان كىشى»[2].

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلكەبىر»)

---

[1] ھەيسەمى (7330): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7335): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ۋازىئ ئىسىملىك كىشىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىز ئىكەنلىكى نامەلۇم، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

4098 - عن ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا كَانَ يَقُولُ نَهَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَبِيعَ بَعْضُكُمْ عَلَى بَيْعِ بَعْضٍ وَلَا يَخْطُبَ الرجُلُ عَلَى خِطْبَةِ أَخِيهِ حَتى يَتْرُكَ الْخَاطِبُ قَبْلَهُ أَوْ يَأْذَنَ لَهُ الْخَاطِبُ.

4098 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ـ بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى بۇزماسلىقىقا، بىرىڭلار ئالماقچى بولغان قىزغا (ئالماقچى بولغان يىگىت ئېلىش نىيىتىدىن ۋاز كەچمىگىچە ياكى باشقىلارنىڭ ئېلىشىغا ئوچۇق رۇخسەت قىلمىغۇچە) سۆز ئاچماسلىقىقا بۇيرىدى.

(بۇخارى: 5142)

4099 - عَنْ عَدِيِ بْنِ حَاتِمٍ أَن رَجُلًا خَطَبَ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَنْ يُطِعْ اللهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ رَشَدَ وَمَنْ يَعْصِهِمَا فَقَدْ غَوَى فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِئْسَ الْخَطِيبُ أَنتَ قُلْ وَمَنْ يَعْصِ اللهَ وَرَسُولَه.

4099 ـ ئەدىي ئىبنى ھاتەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىدا خۇتبە سۆزلەپ:

ــ كىمكى اللهقا ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلسا، توغرا يول تاپىدۇ. كىمكى ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلسا ئازىدۇ، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن نېمىدېگەن ناچار خەتىپ سەن! ”ئۇلارغا“ دېمەي، ”كىمكى الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلسا ئازىدۇ“ دېگىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 870)

4100 - عَنْ عَبْدِ اللهِ قَالَ عَلمَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خُطْبَةَ الْحَاجَةِ أَنْ الْحَمْدُ لِلهِ نَسْتَعِينُهُ وَنَسْتَغْفِرُهُ وَنَعُوذُ بِهِ مِنْ شُرُورِ أَنْفُسِنَا مَنْ يَهْدِ اللهُ فَلَا مُضِل لَهُ وَمَنْ يُضْلِلْ فَلَا هَادِيَ لَهُ وَأَشْهَدُ أَنْ لَا إِلَهَ إِلا اللهُ وَأَشْهَدُ أَن مُحَمدًا عَبْدُهُ وَرَسُولُهُ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا اتقُوا اللهَ الذِي تَسَاءَلُونَ بِهِ وَالْأَرْحَامَ إِن اللهَ كَانَ عَلَيْكُمْ رَقِيبًا يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا

اتقُوا اللَهَ حَقَ تُقَاتِهِ وَلَا تَمُوتُن إلا وَأَنْتُمْ مُسْلِمُونَ يَا أَيهَا الذِينَ آمَنُوا اتقُوا اللَهَ وَقُولُوا قَوْلًا سَدِيدًا يُصْلِحْ لَكُمْ أَعْمَالَكُمْ وَيَغْفِرْ لَكُمْ ذُنُوبَكُمْ وَمَنْ يُطِعْ اللَهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ فَـازَ فَـوْزًا عَظِيمًا.

4100 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە بىرەر ئېھتىياجىمىزنى بايان قىلىشتىن بۇرۇن ئوقۇلىدىغان خۇتبىنى ئۆگىتىپ: «بارلىق ياخشى سۆزلەر بىلەن مەدھىيىلىنىش ئاللاھقىلا خاستۇر، بارلىق ئىشلىرىمىزنىڭ مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇشى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ياردىمىنى ئىستەيمىز. بارلىق گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم قىلىنىشىنى ئاللاھتىن تىلەيمىز، نەپسى خاھىشىمىزنىڭ يامانلىقىدىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمىز. ئىستىلىنىڭ ياخشىلىقىدىن ئاللاھ ھىدايەت قىلغان كىشىنى ھېچكىم ئازدۇرىۋېتەلمەيدۇ، ئىستىلىنىڭ پاسىسپلىقى ۋە ھەق ئالدىدا تەكەببۇرلۇق قىلىشى تۈپەيلىدىن ئاللاھ تۈيۈق يولغا گىرىپتار قىلغان كىشىنى ھېچكىم توغرا يولغا يېتەكلىيەلمەيدۇ. يېگانە ئاللاھتىن باشقا چوقۇنۇشقا لايىق ھېچبىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا، مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاللاھنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن. ئى ئىنسانلار! سىلەرنى بىر ئىنساندىن (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن) ياراتقان، شۇ ئىنساندىن (يەنى ئۆز جىنسىدىن) ئۇنىڭ جۈپتىنى (يەنى ھەۋۋانى) ياراتقان ۋە ئۇلاردىن (يەنى ئادەم بىلەن ھەۋۋادىن) نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللارنى ياراتقان پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار. بىر ـ بىرىڭلاردىن نەرسە سورىغاندا، نامى بىلەن سورايدىغان ئاللاھتىن قورقۇڭلار، سىلە ـ رەھىمنى ئۈزۈپ قويۇشتىن ساقلىنىڭلار. ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى (يەنى پۈتۈن ئەھۋالىڭلارنى) كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇرŶ[1]؛ ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا لايىق رەۋىشتە تەقۋادارلىق قىلىڭلار، پەقەت مۇسۇلمانلىق ھالىتىڭلار

[1] سۈرە نىسا، 1 ـ ئايەت.

بىلەنلا ۋاپات بولۇڭلار﴿[1]؛ ئى مۆمىنلەر! اللهتىن قورقۇڭلار، توغرا سۆزنى قىلىڭلار. الله سىلەرنىڭ ئەمەللىرىڭلارنى تۈزەيدۇ (يەنى سىلەرنى ياخشى ئەمەللەرگە مۇۋەپپەق قىلىدۇ)، گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. كىمكى اللهقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلسا، زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولىدۇ﴿»[2] دېدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2118)

4101 - وفي رواية: وَقَالَ بَعْدَ قَوْلِهِ وَرَسُولُهُ أَرْسَلَهُ بِالْحَقِّ بَشِيرًا وَنَذِيرًا بَيْنَ يَدَيْ السَّاعَةِ مَنْ يُطِعْ اللَّهَ وَرَسُولَهُ فَقَدْ رَشَدَ وَمَنْ يَعْصِهِمَا فَإِنَّهُ لَا يَضُرُّ إِلَّا نَفْسَهُ وَلَا يَضُرُّ اللَّهَ شَيْئًا.

4101 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە: «مۇھەممەد سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ اللهنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بېرىمەن» دېگەندىن كېيىن مۇنداق دېگەن: «الله ئۇنى ھەق بىلەن ئەۋەتتى، قىيامەتتىن ئىلگىرى (ئىنسانلارغا) خۇش بېشارەت بەرگۈچى ۋە (ئاسىيلارنى) ئاگاھلاندۇرغۇچى قىلدى. كىمكى اللهقا ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا ئىتائەت قىلسا، توغرا يول تاپقان بولىدۇ. كىمكى ئۇ ئىككىسىگە ئاسىيلىق قىلسا، ئۇنىڭ زىيىنىنى ئۆزى تارتىدۇ، الله تائالاغا ھېچبىر زىيىنى يەتمەيدۇ»[4].

(ئەبۇ داۋۇد: 2119)

4102 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كُلُّ خُطْبَةٍ لَيْسَ فِيهَا تَشَهُّدٌ فَهِيَ كَالْيَدِ الْجَذْمَاءِ.

4102 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] سۇرە ئال ئىمران، 102 ـ ئايەت.
[2] سۇرە ئەھزاب، 70 ـ 71 ـ ئايەتلەر.
[3] ئەلبانى (1860): سەھىھ ـ دېگەن.
[4] ئەلبانى (459): زەئىپ ـ دېگەن.

«تەشەھھۇدسىز (يەنى اللەتىن باشقا ئىلاھنىڭ يوقلۇقىغا ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ اللەنىڭ بەندىسى ۋە ئەلچىسى ئىكەنلىكىگە شاھادەت كەلتۈرمەي تۇرۇپ) ئوقۇلغان ھەرقانداق خۇتبە چولاق قولغا ئوخشايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1106)

4103 - عَنْ إِسْمَعِيلَ بْنِ إِبْرَاهِيمَ عَنْ رَجُلٍ مِنْ بَنِي سُلَيْمٍ قَالَ خَطَبْتُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُمَامَةَ بِنْتَ عَبْدِ الْمُطلِبِ فَأَنْكَحَنِي مِنْ غَيْرِ أَنْ يَتَشَهدَ.

4103 ـ ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم بەنى سۇلەيم قەبىلىسىلىك بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئابدۇلمۇتتەلىبنىڭ قىزى ئۇمامەنى ماڭا نىكاھلاپ بېرىشىنى تەلەپ قىلغان ئىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى ماڭا تەشەھھۇد ئوقۇماستىنلا نىكاھلاپ قويدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2120)

4104 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا خَطَبَ أَحَدُكُمْ الْمَرْأَةَ فَإِنْ اسْتَطَاعَ أَنْ يَنظُرَ إِلَى مَا يَدْعُوهُ إِلَى نِكَاحِهَا فَلْيَفْعَلْ قَالَ فَخَطَبْتُ جَارِيَةً فَكُنْتُ أَتَخَبأُ لَهَا حَتى رَأَيْتُ مِنْهَا مَا دَعَانِي إِلَى نِكَاحِهَا وَتَزَوجِهَا فَتَزَوجْتُهَا.

4104 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىرىڭلار بىرەر ئايالغا ئۆيلەنمەكچى بولسا، ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىنى جەلپ قىلىدىغان تەرەپلىرىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتى بولغان تەقدىردە، ئۇنى كۆرۈشكە تىرىشسۇن!» دېدى. مەن بىر قىزنى نىكاھىمغا ئالماقچى بولدۇم ۋە يوشۇرۇنىۋېلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلغان ۋە

[1] ئەلبانى (883): سەھىھ ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (460): زەئىپ ـ دېگەن.

نىكاھىمغا ئېلىشقا تۇرتكە بولغان تەرەپلىرى (مەسىلەن: يۈز ـ كۆزى)نى كۆرگەندىن كېيىن، (ئۇنى) نىكاھىمغا ئالدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2082)

4105 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ كُنْتُ عِنْدَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَتَاهُ رَجُلٌ فَأَخْبَرَهُ أَنهُ تَزَوجَ امْرَأَةً مِنْ الْأَنصَارِ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنظَرْتَ إِلَيْهَا قَالَ لَا قَالَ فَاذْهَبْ فَانْظُرْ إِلَيْهَا فَإِن فِي أَعْيُنِ الْأَنصَارِ شَيْئًا.

4105 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدىم، بىر كىشى كېلىپ، ئەنسارىلاردىن بىر ئايالغا ئۆيلەنگەنلىكىنى ئېيتقاندى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ سەن ئۇ ئايالنىڭ چىرايىغا ئىنچىكىلەپ قارىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ـ ياق، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ماڭ، بېرىپ كۆرۈپ كەل! چۈنكى ئۇلار (ئەنسارىلار) نىڭ كۆزلىرى بىرقانداق كېلىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1424)

4106 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْلِنُوا هَذَا النكَاحَ وَاجْعَلُوهُ فِي الْمَسَاجِدِ وَاضْرِبُوا عَلَيْهِ بِالدفُوفِ.

4106 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تويىنى (خەلققە) ئېلان قىلىڭلار ۋە (توي) مۇراسىمىنى مەسجىدكە ئوخشاش جامائەت توپلىنىدىغان يەرلەردە ئۆتكۈزۈڭلار، تەنتەنە قىلىش ئۈچۈن داپ چېلىڭلار»[2].

(تىرمىزى: 1089)

[1] ئەلبانى (1832): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى(185): زەئىپ، ـ دېگەن.

4107 - زاد رزين: "فإن فصل ما بين الحلال والحرام الإعلان".

4107 ـ رەزىنمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاش ھەدىس رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ داۋامىدا مۇنداق كەلگەن: «چۈنكى (نىكاھتا) ھالال بىلەن ھارامنىڭ پەرقى (ئۇنى خەلققە) ئىلان قىلىشتۇر».

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4108 - عَنْ عَائِشَةَ أَنهَا زَفتْ امْرَأَةً إِلَى رَجُلٍ مِنْ الْأَنصَارِ فَقَالَ نَبِي اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَا عَائِشَةُ مَا كَانَ مَعَكُمْ لَهْوٌ فَإِن الْأَنصَارَ يُعْجِبُهُمْ اللهْوُ.

4108 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ (ئائىشە) ئەنسارىلاردىن بىرىنىڭ تويىدىن قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئى ئائىشە! تويدا تەنتەنە قىلمىدىڭلارمۇ؟ ئەنسارىلار ئويۇن ـ تاماشانى ياخشى كۆرىدىغان خەلقتۇر» دېگەن.

(بۇخارى: 5163)

4109 - عَنْ عَائِشَةَ، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "مَا فَعَلَتْ فُلَانَةُ ؟"، لِيَتِيمَةٍ كَانَتْ عِنْدَهَا، فَقُلْتُ: أَهْدَيْنَاهَا إِلَى زَوْجِهَا، قَالَ: "فَهَلْ بَعَثْتُمْ مَعَهَا بِجَارِيَةٍ تَضْرِبُ بِالدف، وَتُغَني؟" قَالَتْ: تَقُولُ مَاذَا ؟ قَالَ: "تَقُولُ:

أَتَيْنَاكُمْ، أَتَيْنَاكُمْ　　فَحَيونَا، نُحَييكُمْ

لَوْلا الذهَبُ الأَحْمَرُ　　مَا حَلتْ بِوَادِيكُمْ

وَلَوْلا الْحَبةُ السمْرَاءُ　　مَا سَمِنَتْ عَذَارِيكُمْ"

4109 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ يېنىمدا تۇرىدىغان بىر يېتىم قىزنى سوراپ:

ــ پالانى قىز قېنى؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ئۇنى (تويىنى قىلىپ) ئېرىگە قوشۇپ قويدۇق، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ قىز بىلەن داپ چېلىپ، ناخشا ئېيتىدىغان دېدەكتىن بىرەرنى بىرگە ئەۋەتتىڭلارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ نېمە ناخشا ئېيتىدۇ؟ ـ دېسەم:

”مانا يېتىپ كەلدۇق بىزنى قارشى ئېلىڭلار،
بىزمۇ كېيىن كۈتەرمىز، كۈتۈۋېلىڭلار.
ھېچكىم يولىماس مەھەللەڭلەرگە قىزىل ئالتۇن بولمىسا،
قارا بۇغداي بولمىسا سەمىرىمەيدۇ قىزلىرىڭلار“

دەپ ئېيتسا بولىدۇ، ـ دېدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

4110 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَسْلَمَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا تَزَوجَ أَحَدُكُمْ الْمَرْأَةَ أَوْ اشْتَرَى الْجَارِيَةَ فَلْيَأْخُذْ بِنَاصِيَتِهَا وَلْيَدْعُ بِالْبَرَكَةِ وَإِذَا اشْتَرَى الْبَعِيرَ فَلْيَأْخُذْ بِذِرْوَةِ سَنَامِهِ وَلْيَسْتَعِذْ بِاللهِ مِنْ الشيْطَانِ.

4110 ـ زەيد ئىبنى ئەسلەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرىڭلار ئۆيلەنسە ياكى دېدەك سېتىۋالسا، ئۇنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، اللهتىن بەرىكەت ئاتا قىلىشىنى تىلىسۇن. ئەگەر تۆگە سېتىۋالسا، لوكىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، اللهقا سېغىنىپ، شەيتاننىڭ شەررىدىن پاناھ تىلىسۇن».

(مالىك: 1162)

4111 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا تَزَوجَ أَحَدُكُمْ امْرَأَةً أَوْ اشْتَرَى خَادِمًا فَلْيَقُلْ اللهُم إِني أَسْأَلُكَ خَيْرَهَا وَخَيْرَ مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ وَأَعُوذُ بِكَ مِنْ شَرهَا وَمِنْ شَر مَا جَبَلْتَهَا عَلَيْهِ وَإِذَا اشْتَرَى بَعِيرًا فَلْيَأْخُذْ بِذِرْوَةِ سَنَامِهِ وَلْيَقُلْ مِثْلَ ذَلِكَ.

---

[①] ھەيسەمى (7537): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە رەۋۋاد ئىبنى جەرراھ ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

4111 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بىرىڭلار تويي قىلسا ياكى خىزمەتچى سېتىۋالسا: ”ئى الله! ھەقىقەتەن مەن سەندىن ئۇنىڭ ياخشىلىقىنى ۋە سەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن مىجەز - خۇلقىنىڭ ياخشىلىقىنى سورايمەن، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن ۋە سەن ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا ئورۇنلاشتۇرۇۋەتكەن مىجەز - خۇلقىنىڭ يامانلىقىدىن ساڭا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن“ دېسۇن. ئەگەر تۆگە سېتىۋالسا، ئۇنىڭ لوكىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ، الله تائالاغا سېغىنىپ، شەيتاندىن پاناھ تىلىسۇن!»[1]

(ئەبۇ داۋۇد: 2160)

4112 - عَنْ الْحَسَنِ قَالَ تَزَوجَ عَقِيلُ بْنُ أَبِي طَالِبٍ امْرَأَةً مِنْ بَنِي جَثْمٍ فَقِيلَ لَهُ بِالرفَاءِ وَالْبَنِينَ قَالَ قُولُوا كَمَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَارَكَ اللهُ فِيكُمْ وَبَارَكَ لَكُمْ.

4112 ـ ھەسەن (بەسرى)دىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەقىل ئىبنى ئەبۇ تالىب جەسىم قەبىلىسىلىك بىر ئايالغا ئۆيلەندى، بىرەيلەن ئۇنى تەبرىكلەپ:

ــ ھۇزۇر - ھالاۋەتلىك ۋە كۆپ پەرزەنتلىك ھايات كەچۈرۈڭلار! ــ دېگەنىدى، ئۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدەك: «الله تويۇڭلارنى خەيرلىك ۋە مۇبارەك قىلسۇن» دەڭلار! ـ دېدى[2].

(نەسائى: 3371)

4113 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا رَفأَ الْإِنْسَانَ إِذَا تَزَوجَ قَالَ بَارَكَ اللهُ لَكَ وَبَارَكَ عَلَيْكَ وَجَمَعَ بَيْنَكُمَا فِي خَيْرٍ.

---

[1] ئەلبانى (1892): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3156): سەھىھ ـ دېگەن.

4113 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيلەنگەنلەرنى تەبرىكلىمەكچى بولسا: «الله تائالا بۇنى ساڭا خەيرلىك ۋە بەرىكەتلىك قىلسۇن. ئىككىڭلارنى ياخشىلىق ئۈستىگە جەم قىلسۇن!» دەيتتى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2130)

4114 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ تَزَوجَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي شَوالٍ وَبَنَى بِي فِي شَوالٍ فَأَي نِسَاءِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ أَحْظَى عِنْدَهُ مِني قَالَ وَكَانَتْ عَائِشَةُ تَسْتَحِب أَنْ تُدْخِلَ نِسَاءَهَا فِي شَوالٍ.

4114 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى شەۋۋال ئېيىدا نىكاھىغا ئالدى ۋە شەۋۋال ئېيىدا (مەن بىلەن) بىر ياستۇققا باش قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاياللىرىدىن كىم (ئۇنىڭ ئالدىدا) مەندەك ئەتىۋارلىق بولالىدى؟!

راۋىي مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا جەمەتىدىكى ئاياللارنىڭ شەۋۋال ئېيىدا توي قىلىشىنى ياخشى دەپ بىلەتتى.

(مۇسلىم: 1423)

4115 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ أَن أَحَدَهُمْ إِذَا أَرَادَ أَنْ يَأْتِيَ أَهْلَهُ قَالَ بِاسْمِ اللهِ اللهُم جَنبْنَا الشيْطَانَ وَجَنبْ الشيْطَانَ مَا رَزَقْتَنَا فَإِنهُ إِنْ يُقَدرْ بَيْنَهُمَا وَلَدٌ فِي ذَلِكَ لَمْ يَضُرهُ شَيْطَانٌ أَبَدًا.

4115 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئايالى بىلەن بىر يەردە بولماقچى بولغان كىشى (بىر يەردە بولۇشتىن بۇرۇن): "اللهنىڭ نامى بىلەن باشلايمەن. ئى الله! بىزدىن شەيتاننى يىراق قىلغىن، بىزگە ئاتا قىلىدىغان پەرزەنتىمىزدىن

[①] ئەلبانى (1866): سەھىھ ـ دېگەن.

شەيتاننى يىراق قىلغىن!“ دېسە ۋە شۇ جىمادا ئۇ ئىككىسىگە بىرەر پەرزەنت ئاتا قىلىنسا، ئۇ بالىغا شەيتان ھەرگىز زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ».

(مۇسلىم: 1434)

4116 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ إِنَّ امْرَأَتِي لَا تَمْنَعُ يَدَ لَامِسٍ قَالَ غَرِّبْهَا قَالَ أَخَافُ أَنْ تَتْبَعَهَا نَفْسِي قَالَ فَاسْتَمْتِعْ بِهَا.

4116 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئايالىم ئۆزىگە سۇنۇلغان يات قوللارنى رەت قىلمايدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئۇنىڭدىن ئايرىلغىن (قويۇپ بەرگىن)! ـ دېدى. ئۇ ئادەم:

— ئايرىلىپ كېتەي دېسەم، نەپسىمنىڭ ئۇ خوتۇندىن ۋاز كېچەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنداقتا، قويۇپ بەرمە! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2149)

4117- عَنْ أَبِي الزُّبَيْرِ الْمَكِّيِّ أَنَّ رَجُلًا خَطَبَ إِلَى رَجُلٍ أُخْتَهُ فَذَكَرَ أَنَّهَا قَدْ كَانَتْ أَحْدَثَتْ فَبَلَغَ ذَلِكَ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ فَضَرَبَهُ أَوْ كَادَ يَضْرِبُهُ ثُمَّ قَالَ مَا لَكَ وَلِلْخَبَرِ.

4117 ـ ئەبۇ زۇبەيىر مەككىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىرەيلەن يەنە بىرەيلەننىڭ ھەمشىرىسىگە ئۆيلەنمەكچى بولۇپ، سۆز ئاچقانىدى، ئۇ ئادەم ھەمشىرىسىنىڭ بۇرۇن زىنا قىلىپ سالغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ كىشىنى ئۇردى (ياكى ئۇرۇۋەتكىلى تاس قالدى) ۋە:

— نېمە ئۈچۈن ئۇنتۇپ كېتىلگەن ئىشنى تىلغا ئېلىپ (ئۆز ھەمشىرەڭنى پاش قىلىپ) يۈرىسەن؟ ـ دېدى.

(مالىك: 1163)

[1] ئەلبانى (1804): سەھىھ ـ دېگەن.

4118 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ جَهزَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاطِمَةَ فِي خَمِيلٍ وَقِرْبَةٍ وَوِسَادَةٍ حَشْوُهَا إِذْخِرٌ.

4118 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى فاتىمەنى ياتلىق قىلغاندا، ئۇنىڭغا (تويلۇقى سۈپىتىدە) بىر مەخمەل تۆشەك، بىر تۇلۇم، ئىچى چىغ پۆپۈكلىرى بىلەن تولدۇرۇلغان بىر ياستۇق بەرگەن[1].
(نەسائى: 3384)

4119 - عَنْ الْمِسْوَرَ بْنَ مَخْرَمَةَ قَالَ إِن عَلِيًا خَطَبَ بِنْتَ أَبِي جَهْلٍ فَسَمِعَتْ بِذَلِكَ فَاطِمَةُ فَأَتَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَزْعُمُ قَوْمُكَ أَنكَ لَا تَغْضَبُ لِبَنَاتِكَ وَهَذَا عَلِي نَاكِحٌ بِنْتَ أَبِي جَهْلٍ فَقَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَمِعْتُهُ حِينَ تَشَهدَ يَقُولُ أَما بَعْدُ أَنْكَحْتُ أَبَا الْعَاصِ بْنَ الربِيعِ فَحَدثَنِي وَصَدَقَنِي وَإِن فَاطِمَةَ بَضْعَةٌ مِني وَإِني أَكْرَهُ أَنْ يَسُوءَهَا وَاللهِ لَا تَجْتَمِعُ بِنْتُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبِنْتُ عَدُو اللهِ عِنْدَ رَجُلٍ وَاحِدٍ فَتَرَكَ عَلِي الْخِطْبَةَ.

4119 ـ مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھلنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالماقچى بولغانىدى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ قەۋمىڭ سېنى: ''قىزلىرى ئۈچۈن (ئۇلارنىڭ ئەرلىرىگە) ئاچچىقلانمايدۇ'' دېيىشىۋاتىدۇ. قارىغىنە، ئەلىمۇ ئەبۇ جەھلنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئورنىدىن تۇرۇپ، تەشەھھۇد ئېيتتى (ئۇنىڭ تەشەھھۇد ئېيتقان ئاۋازىنى مەنمۇ ئاڭلىدىم). ئاندىن:

ـ مەن ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئقا بىر قىزىمنى بەردىم، چۈنكى ئۇ مېنى تەستىقلىغانىدى. فاتىمە مەندىن بىر پارچىدۇر، مەن ئۇنىڭغا ئەزىيەت يېتىشىنى خالىمايمەن. الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى،

[1] ئەلبانى (220): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

پەيغەمبەر (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ قىزى بىلەن اللهنىڭ دۈشمىنىنىڭ قىزى بىر كىشىنىڭ نىكاھىدا بولالمايدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ جەھلىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش نىيىتىدىن ۋاز كەچتى.

(بۇخارى: 3729)

4120 - عَنْ الْمِسْوَرَ بْنَ مَخْرَمَةَ أنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْمِنْبرِ وَهُوَ يَقُولُ إِن بَنِي هِشَامِ بْنِ الْمُغِيرَةِ اسْتَأْذُنونِي أَنْ يُنْكِحُوا ابْنَتهمْ عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ فَلَا آذَنُ لَهُمْ ثُم لَا آذَنُ لَهُمْ ثُم لَا آذَنُ لَهُمْ إِلا أَنْ يُحِب ابْنُ أَبِي طَالِبٍ أَنْ يُطَلقَ ابْنَتِي وَيَنْكِحَ ابْنَتهمْ فَإِنمَا ابْنَتِي بَضْعَةٌ مِني يَرِيبُنِي مَا رَابَهَا وَيُؤْذِينِي مَا آذَاهَا.

4120 - مىسۋەر ئىبنى مەخرەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنبەرگە چىقىپ مۇنداق دېگەن:

«ھىشام ئىبنى مۇغىرە جەمەتى قىزلىرىنى ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبقا ياتلىق قىلىش ئۈچۈن مەندىن رۇخسەت سورىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا رۇخسەت قىلمايمەن، رۇخسەت قىلمايمەن، رۇخسەت قىلمايمەن. ئەمما ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب مېنىڭ قىزىمنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قىزىنى ئېلىشنى خالىسا، شۇنداق قىلسۇن. فاتىمە مەندىن بىر پارچىدۇر. ئۇنى خاۋاتىرلەندۇرگەن ئىش مېنىمۇ خاۋاتىرلەندۇرىدۇ، ئۇنىڭغا ئەزىيەت بېرىدىغان ھەر قانداق ئىش ماڭىمۇ ئەزىيەت بېرىدۇ».

(مۇسلىم: 2449)

4121 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، أنهُ كَانَ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالَ: أي شَيْءٍ خَيْرٌ لِلْمَرْأةِ ؟ فَسَكَتُوا، فَلَما رَجَعْتُ قُلْتُ لِفَاطِمَةَ: أي شَيْءٍ خَيْرٌ لِلنسَاءِ؟ قَالَتْ: ألا يَرَاهُن الرجَالُ، فَذَكَرْتُ ذَلِكَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالَ: "إِنمَا فَاطِمَةُ بِضْعَةٌ مِني".

4121 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇراتتۇق، بىزدىن:

ــ ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىش نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. ھېچقايسىمىز جاۋاب بەرمىدۇق. ئۆيگە قايتقاندا، فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ـ ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىش نېمە؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ــ ئەرلەرنىڭ ئۇلارنى كۆرمەسلىكى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. مەن بۇ سۆزنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ فاتىمە مەندىن بىر پارچىدۇر، ـ دېدى[1].

(بەززار: 1405)

4122 - عن ابن مسعود أن النبي صلى الله عليه وسلم قال إذا دخلت امرأة على زوجها يقوم الرجل فتقوم من خلفه فيصليان ركعتين ويقول اللهم بارك لى في أهلى وبارك لاهلي في اللهم ارزقهم مني وارزقني منهم اللهم اجمع بيننا ما جمعت في خير وفرق بيننا إذا فرقت إلى خير.

4122 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(يېڭى ياتلىق بولغان) ئايال ئېرىنىڭ يېنىغا (تۇنجى قېتىم) كىرگەندە، ئېرى ئورنىدىن تۇرسۇن ۋە ئايالىنى ئارقىسىدا تۇرغۇزۇپ، ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇسۇن، ئاندىن (ئېرى) مۇنۇ دۇئانى ئوقۇسۇن: ”ئى اللە! ئائىلەمنى مەن ئۈچۈن، مېنىمۇ ئائىلەم ئۈچۈن خەيرلىك قىلغىن. مەندىن ئايالىمغا، ئايالىمدىن ماڭا پەرزەنت ئاتا قىلغىن! ئى

[1] ھەيسەمى (7328): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ناتونۇش بىرى بار، ـ دېگەن.

اللە! بىزنى (جەم قىلساڭ) ياخشىلىق ئۈستىگە جەم قىلغىن، بىزنى ئايرىۋەتسەڭمۇ ياخشىلىق ئۈچۈن ئايرىۋەتكىن!"»[①]

(«ئەلئەۋسەت»)

4123 - عَنْ أَبِي رُهْمٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ مِنْ أَفْضَلِ الشفَاعَةِ أَنْ يُشَفعَ بَيْنَ الِاثْنَيْنِ فِي النكَاحِ.

4123 ـ ئەبۇ رۇھمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككىيلەننى ئۆيلەپ قويۇش ئۈچۈن ئەلچى بولۇشتىنمۇ ئەۋزەلرەك ئەلچىلىك يوقتۇر»[②].

(ئىبنى ماجە: 1975)

[①] ھەيسەمى (7546): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئىسمائىل ئىبنى ئىبراھىم ئىبنى مۇغىيرە مەرۋەزى ئىسىملىك بىرى بار. مەن ئۇنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم. سەنەدتە يەنە ئەتا ئىبنى سائىب ئىسىملىك ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى ئاجىزراق بىرى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى(429): زەئىپ، ـ دېگەن.

## (نىكاھتا) ۋەلىيلەر ۋە گۇۋاھچىلار، رازىلىق ئېلىش ۋە خىلىنى تېپىش

4124 - عَنْ عَائِشَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أيمَا امْرَأةٍ نَكَحَـتْ بِغَيرِ إِذْن وَلِيهَا فَنِكَاحُهَا بَاطِلٌ فَنِكَاحُهَا بَاطِلٌ فَنِكَاحُهَا بَاطِلٌ فَإِنْ دَخَلَ بِهَا فَلَهَا الْمَهْرُ بِمَا اسْتَحَل مِنْ فَرْجِهَا فَإِنْ اشْتَجَرُوا فَالسلْطَانُ وَلِي مَنْ لَا وَلِي لَهُ.

4124 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداقلا بىر ئايال ۋەلىيسىنىڭ رۇخسىتىسىز ئەرگە تەگسە، ئۇنىڭ نىكاھى باتىلدۇر، نىكاھى باتىلدۇر، نىكاھى باتىلدۇر (يەنى ئىناۋەتسىز). ئەگەر ئەر كىشى بۇ ئايال بىلەن بىر تۆشەكتە بولغان بولسا، يېقىنچىلىق قىلغانلىقى ئۈچۈن ئايالغا مەھرى ھەققى بېرىشى كېرەك. ۋەلىيلەر ئۆزئارا ئىختىلاپلىشىپ كېلىشەلمىسە، دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرى بۇنداق ۋەلىيسى بەلگىلىيەلمىگەنلەرنىڭ ۋەلىيسى بولىدۇ».

(تىرمىزى: 1102)

4125 - عَنْ أَبِي مُوسَى قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا نِكَـاحَ إِلـا بِوَلِي.

4125 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ۋەلىيسىز نىكاھ ئوقۇلمايدۇ» دېگەن[1].

(تىرمىزى: 1101)

[1] ئەلبانى: (879): سەھىھ ـ دېگەن.

4126 - عَنْ سَمُرَةَ بْنِ جُنْدَبٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَيمَا امْرَأَةٍ زَوجَهَا وَلِيانِ فَهِيَ لِلْأَولِ مِنْهُمَا وَمَنْ بَاعَ بَيْعًا مِنْ رَجُلَيْنِ فَهُوَ لِلْأَولِ مِنْهُمَا.

4126 ـ سەمۇرە ئىبنى جۇندەب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر ئايالنى ئىككى ۋەلىي بىر ـ بىرى بىلەن ئۇقۇشماستىن ئايرىم ـ ئايرىم ئىككى ئەرگە ياتلىق قىلغان بولسا، ئۇ ئايال دەسلەپ ياتلىق بولغان ئەرگە تەئەللۇق بولىدۇ. شۇنداقلا، بىر كىشى بىر نەرسىنى ئىككى كىشىگە ساتقان بولسا، مال دەسلەپ سېتىۋالغۇچىنىڭ بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1110)

4127 ـ زاد رزين: فإن دخل بها فهي لمن دخل.

4127 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئىككى ئەردىن قايسىسى ئۇ ئايال بىلەن بىرگە بولغان بولسا، ئۇ ئايال شۇنىڭكى بولىدۇ» دېيىلگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4128 ـ عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْبَغَايَا اللاتِي يُنْكِحْنَ أَنْفُسَهُن بِغَيْرِ بَينَةٍ.

4128 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھېچبىر گۇۋاھچىسىز ۋە ۋەلىيسىز ئەرگە تېگىدىغانلار پاھىشە ئاياللاردۇر»[2].

(تىرمىزى: 1103)

[1] ئەلبانى (189): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (188): زەئىپ، ـ دېگەن.

4129 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تُزَوجُ الْمَرْأَةُ الْمَرْأَةَ وَلَا تُزَوجُ الْمَرْأَةُ نَفْسَهَا فَإِن الزانِيَةَ هِيَ الِتِي تُزَوجُ نَفْسَهَا.

4129 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاياللار ئاياللارغا ۋەلىي بولۇپ، ئەرگە بېرەلمەيدۇ. ئايال كىشى ئۆزىگە ئۆزى ۋەلىي بولۇپ، ئەرگە تېگەلمەيدۇ. چۈنكى پەقەت پاھىشە ئاياللارلا ئۆزىنى ئۆزى ئەرگە بېرىدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 1882)

4130 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَنهُ قَالَ قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ لَا تُنْكَحُ الْمَرْأَةُ إلا بِإِذْنِ وَلِيهَا أَوْ ذِي الرأْيِ مِنْ أَهْلِهَا أَوْ السلْطَانِ.

4130 ـ ئىمام مالىك سەئىد ئىبنى مۇسەييىبتىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ھېچ بىر ئايال ۋەلىيسىنىڭ ياكى (ئائىلىسىدىكىلەر ئىچىدە) سۆزى ئۆتىدىغان بىرەرسىنىڭ ۋەياكى دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك خادىملىرىنىڭ رۇخسىتىسىز ياتلىق بولالمايدۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4131 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَيمَا عَبْدٍ تَزَوجَ بِغَيْرِ إِذْنِ مَوَالِيهِ فَهُوَ عَاهِرٌ.

4131 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خوجايىنىنىڭ رۇخسىتىسىز ئۆيلەنگەن ھەرقانداق قۇل زىنا قىلغان ھېسابلىنىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2078)

---

[1] ئەلبانى (1528): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1829): ھەسەن، ـ دېگەن.

4132 - عَنْ أَبِي الزبَيْرِ الْمَكي أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أُتِيَ بِنِكَاحٍ لَمْ يَشْهَدْ عَلَيْهِ إلا رَجُلٌ وَامْرَأَةٌ فَقَالَ هَذَا نِكَاحُ السر وَلَا أُجِيزُهُ وَلَوْ كُنتُ تَقَدمْتُ فِيهِ لَرَجَمْتُ.

4132 ـ ئەبۇ زۇبەير مەككىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: كىشىلەر بىر ئەر ۋە بىر ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەنلا ئوقۇلغان بىر نىكاھ ھەققىدە دەۋالىشىپ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھوزۇرىغا كەلگەندى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بۇ، مەخپىي نىكاھتۇر، مەن بۇنداق نىكاھقا ئىجازەت بەرمەيمەن. ئەگەر مەن بۇ ھۆكۈمنى خەلق ئارىسىدا بالدۇرراق ئېلان قىلغان بولسام ئىدىم، ھەر ئىككىلىسىنى رەجمگە ئالغان بولاتتىم، ـ دېدى.

(مالىك: 1136)

4133 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْأَيمُ أَحَق بِنَفْسِهَا مِنْ وَلِيهَا وَالْبِكْرُ تُسْتَأْذَنُ فِي نَفْسِهَا وَإِذْنُهَا صُمَاتُهَا.

4133 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«تۇل ئايالنىڭ ياتلىق بولۇش ياكى بولماسلىق قارارى ۋەلىيسىنىڭ قارارىدىن كۈچلۈكتۇر. ئەمما قىزلارنى ياتلىق قىلىشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك. قىز بالىنىڭ جاۋاب بەرمەي، سۈكۈت قىلىشى رازىلىق بىلدۈرگىنىدۇر».

(مالىك: 1114)

4134 - وفي رواية: وَالْبِكْرُ تُسْتَأْذَنُ فِي نَفْسِهَا وَإِذْنُهَا صُمَاتُهَا.

4134 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قىز بالىنى ياتلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۆزىنىڭ رازىلىقىنى ئېلىش كېرەك. قىز بالىنىڭ جاۋاب بەرمەي، سۈكۈت قىلىشى رازىلىق بىلدۈرگىنىدۇر».

(مۇسلىم: 1421)

4135 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن جَارِيَةً بِكْرًا أتتْ النبِي صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَتْ أن أباهَا زَوجَهَا وَهِيَ كَارِهَةٌ فَخَيرَهَا النبِي صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ.

4135 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: تېخى ياتلىق بولمىغان بىر قىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، دادىسىنىڭ ئۆزى خالىمايدىغان بىرىگە مەجبۇرىي ياتلىق قىلغانلىقىنى ئېيتقاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ قىزغا (نىكاھنى بۇزۇش ياكى قوبۇل قىلىش) ئىختىيارلىقىنى بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2096)

4136 - عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ قالَ قالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ إذَا خَطَبَ إليْكُمْ مَنْ تَرْضَوْنَ دِينَهُ وَخُلُقَهُ فَزَوجُوهُ إلا تَفْعَلُوا تَكُنْ فِتْنَةٌ فِي الأرْضِ وَفَسَادٌ عَرِيضٌ.

4136 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دىيانىتى ۋە ئەخلاقى سىلەرنى مەمنۇن قىلغۇدەك بىرەر كىشى سىلەردىن قىز سوراپ كەلسە، قىزىڭلارنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىڭلار. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساڭلار، نەتىجىدە، يەر يۈزىدە تۈگەتكۈسىز پىتنە ـ پاسات تېرىلىدۇ»[2].

(تىرمىزى: 1084)

4137 - عَنْ ابْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أبِيهِ قالَ قالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَليْهِ وَسَلمَ إن أحْسَابَ أهْلِ الدنْيَا الذِي يَذْهَبُونَ إليْهِ المَالُ.

4137 ـ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دۇنيانى سۆيىدىغانلار ھەر ئىشتا پۇل ـ مالغا ھەممىدىن بەك ئېتىبار بېرىدۇ»[3].

(نەسائى: 3225)

---

[1] ئەلبانى (1845): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (865): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] ئەلبانى (3024): سەھىھ ـ دېگەن.

4138 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن أبا حُذَيْفَةَ وَكَانَ مِمنْ شَهِدَ بَدْرًا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَبنى سَالِمًا وَأَنْكَحَهُ بِنْتَ أَخِيهِ هِنْدَ بِنْتَ الْوَلِيدِ بْنِ عُتْبَةَ وَهُوَ مَوْلًى لِامْرَأَةٍ مِنْ الْأَنْصَارِ.

4138 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ئەبۇ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەنسارىلاردىن بىر ئايالنىڭ ئازادگەردىسى بولغان سالىم (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ)نى بېقىۋېلىپ، ئۇنى قېرىندىشى ۋەلىد ئىبنى ئۇتبەنىڭ قىزى ھىندىغا ئۆيلەپ قويغان.

(بۇخارى: 4000)

4139 - زاد رزين: فأنكرت قريش فعل أبي حذيفة وقالوا: أنكح ابنة أخيه مولى. فقال: ما أعلم إلا أنه خير منها، فأعجبوا من قوله أشد من عجبهم بفعله.

4139 ـ رەزىنىــۇ يــۇقىرىقى ھەدىســنىڭ ئوخشىشــنى رىــۋايەت قىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ داۋامىدا مۇنداق دېيىلگەن: قۇرەيش خەلقى ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ بۇ قىلمىشىنى ئەيىبلەپ:

ـــ قېرىندىشــنىڭ قىزىنــى ئازادگەردىســگە ياتلىق قىلغــانمۇ بارمۇ؟! ـ دېيىشكەندى، ئەبۇ ھۇزەيفە:

ـ مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ ئازادگەردە قىزدىنمۇ ياخشىراق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، قۇرەيش خەلقى ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئىشىدىن بەكرەك بۇ سۆزىگە ھەيران قالدى.

4140 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ: "الْعَرَبُ بَعْضُهَا أَكْفَاءُ لِبَعْضٍ، وَالْمَوَالِي بَعْضُهُمْ أَكْفَاءُ لِبَعْضٍ".

4140 ـ مۇئــاز ئىبنــى جەبەل رەزىيەللاھــۇ ئەنھــۇدىن رىــۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەرەبلەر بىر-بىرىنىڭ، ئازادگەردىلەرمۇ بىر - بىرىنىڭ خىلى بولالايدۇ»[1].

(بەززار: 1424)

4141 - عَنْ سَهْلِ بْنِ مُعَاذِ بْنِ أَنسٍ، عَنْ أَبِيهِ، عَنِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "مَنْ كَظَمَ غَيْظًا وَهُوَ قَادِرٌ عَلَى إِنْفَاذِهِ خَيَّرَهُ اللهُ مِنَ الْحُورِ الْعِينِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ، وَمَنْ أَنْكَحَ عَبْدًا وَضَعَ اللهُ عَلَى رَأْسِهِ تَاجَ الْمُلْكِ يَوْمَ الْقِيَامَةِ".

4141 ـ مۇئاز ئىبنى ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇپ ئاچچىقىنى يۇتىۋەتسە، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭغا ھۆر - پەرىلەردىن خالىغىنىنى تاللىۋېلىش شەرىپىنى ئاتا قىلىدۇ. كىمكى بىرەر قۇلنى ئۆيلەندۈرسە، قىيامەت كۈنى الله ئۇنىڭ بېشىغا شاھلىق تاجى تاقايدۇ»[2].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 1112)

4142 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِن رَبكُمْ وَاحِدٌ، وَأَبَاكُمْ وَاحِدٌ، وَلا فَضْلَ لِعَرَبِي عَلَى عَجَمِي، وَلا لِعَجَمِي عَلَى عَرَبِي، وَلا أَحْمَرَ عَلَى أَسْوَدَ، وَلا أَسْوَدَ عَلَى أَحْمَرَ إِلا بِالتقْوَى".

4142 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىردۇر، ئاتاڭلار بىردۇر. ئەرەبنىڭ ئەجەمدىن، ئەجەمنىڭ ئەرەبتىن، قىزىل تەنلىكنىڭ قارا

[1] ھەيسەمى (7445): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى سۇلايمان ئىبنى ئەبۇلجەۋن ئىسىملىك كىشى ھەققىدە ھېچقانداق مەلۇمات يوق. قالغان راۋىيلار ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7452): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەقىييە ئىسىملىك ھەدىسى مۇدەللەس بىرى بار، ـ دېگەن.

تەنلىكتىن، قارا تەنلىكنىڭ قىزىل تەنلىكتىن تەقۋادارلىقتىن باشقا ھېچبىر ئارتۇقچىلىقى يوقتۇر»[1].

(بەززار: «ئەلئەۋسەت»)

4143 - رواه البزار بنحوه إلا أنه قال: إن أباكم واحد وإن دينكم واحد أبوكم آدم وآدم خلق من تراب.

4143 ـ بەززارنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: «شۈبھىسىزكى، سىلەرنىڭ رەببىڭلار بىردۇر، ئاتاڭلار بىردۇر. سىلەرنىڭ ئاتاڭلار ئادەم ئەلەيھىسسالامدۇر، ئادەم ئەلەيھىسسالام بولسا، تۇپراقتىن يارىتىلغاندۇر».

(بەززار: 2044)

4144 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَخَيَّرُوا لِنُطَفِكُمْ وَانْكِحُوا الْأَكْفَاءَ وَأَنْكِحُوا إِلَيْهِمْ.

4144 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆزەڭلارغا لايىق ئاياللارنى تاللاڭلار. ئۆزەڭلارنىڭ خىلىڭلاردىن ئۆيلىنىڭلار ۋە قىزلىرىڭلارنى ئۆزەڭلارنىڭ خىلىڭلاردىكى كىشىلەرگە ياتلىق قىلىڭلار»[2].

(ئىبنى ماجە: 1968)

[1] ھەيسەمى (13079): بۇ ھەدىسنى ئىمام تەبەرانى ۋە بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، بەززارنىڭ راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1602): ھەسەن، ـ دېگەن.

## مەھرى ھەققى، توي زىياپىتى ۋە چاقىرغان يەرگە بېرىش

4145 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ الساعِدِي قَالَ جَاءَتْ امْرَأَةٌ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ جِئْتُ أَهَبُ لَكَ نَفْسِي قَالَ فَنظَرَ إِلَيْهَا رَسُولُ اللهِ صَـلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ فَصَعدَ النظرَ فِيهَا وَصَوبَهُ ثُم طَأْطَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ رَأْسَهُ فَلَما رَأَتْ الْمَرْأَةُ أَنهُ لَمْ يَقْR ِفيهَا شَيْئًا جَلَسَتْ فَقَامَ رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِهِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنْ لَمْ يَكُنْ لَكَ بِهَا حَاجَةٌ فَزَوجْنِيهَا فَقَالَ وَهَلْ عِنْدَكَ مِنْ شَيْءٍ قَالَ لَا وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ فَقَالَ اذْهَبْ إِلَى أَهْلِكَ فَانْظُرْ هَلْ تَجِدُ شَيْئًا فَذَهَبَ ثُم رَجَعَ فَقَالَ لَا وَاللهِ مَا وَجَدْتُ شَيْئًا فَقَالَ رَسُولُ الله صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ انْظُرْ وَلَوْ خَاتَمًا مِنْ حَدِيدٍ فَذَهَبَ ثُم رَجَعَ فَقَالَ لَا وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ وَلَا خَاتَمًا مِنْ حَدِيدٍ وَلَكِنْ هَذَا إِزَارِي قَالَ سَهْلٌ مَا لَهُ رِدَاء فَلَهَا نِصْفُهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ مَا تَصْنَعُ بِإِزَارِكَ إِنْ لَبِسْتَهُ لَمْ يَكُنْ عَلَيْهَا مِنْهُ شَيْء وَإِنْ لَبِسَتْهُ لَمْ يَكُنْ عَلَيْكَ مِنْهُ شَيْء فَجَلَسَ الرجُلُ حَتى إِذَا طَالَ مَجْلِسُهُ قَامَ فَرَآهُ رَسُـولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ مُوَلِّيًا فَأَمَرَ بِهِ فَدُعِيَ فَلَما جَاءَ قَالَ مَاذَا مَعَكَ مِنْ الْقُرْآنِ قَالَ مَعِي سُورَةُ كَذَا وَسُورَةُ كَذَا عَددَهَا فَقَالَ تَقْرَؤُهُن عَنْ ظşهْرِ قَلْبِكَ قَالَ نَعَمْ قَالَ اذْهَـبْ فَقَـدْ مَلكْتُكَهَا بِمَا مَعَكَ مِنْ الْقُرْآنِ.

4145 ـ سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر ئايال كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆزەمنى ساڭا بېغىشلىماقچىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا تازا ئىنچىكىلەپ قارىۋەتكەندىن كېيىن، بېشىنى ئەگدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمنىڭ ئۆزى توغرۇلۇق بىر نەرسە دېمىگەنلىكىنى كۆرگەن ئايال بېرىپ ئولتۇردى. ساھابىلەردىن بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئەگەر ئۇ ئايالغا ئېھتىياجىڭ بولمىسا، ئۇنى ماڭا ياتلىق قىلىپ قويغىن! — دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سەندە (ئۇنىڭغا مەھرى ھەققى بەرگۈدەك) بىرەر نەرسە بارمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

— ھېچ نەرسە يوق، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇنداقتا، ئاتا - ئاناڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرەر نەرسە ئىزدەپ باق! - دېدى. ئۇ كىشى (ئاتا - ئانىسىنىڭ قېشىغا) بېرىپ قايتىپ كەلدى ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ھېچنەرسە تاپالمىدىم، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— تۆمۈر ئۈزۈك بولسىمۇ تېپىپ كەل! — دېدى. ئۇ كىشى يەنە كېتىپ، قايتىپ كەلدى ۋە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! تۆمۈر ئۈزۈكمۇ تاپالمىدىم، ئەمما ئۈستۈمدە يۆگىمە تامبىلىم بار، ئۇنىڭغا تامبىلىمنىڭ يېرىمىنى بېرەي، - دېدى (سەھل مۇنداق دەيدۇ: ھەقىقەتەن، ئۇنىڭ شۇ تامبىلىدىن باشقا ھېچنېمىسى يوق ئىدى). پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئۇ ئايال سېنىڭ تامبىلىڭنى نېمە قىلسۇن؟ ئەگەر تامبالنى بۇ ئايال كىيسە، سەن يالىڭاچ قالىسەن. ئەگەر سەن كىيسەڭ، ئۇ ئايالنىڭ ئۈستىدە كىيىم قالمايدۇ، - دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى ئولتۇردى. ئۇ، خېلى ئۇزۇن ئولتۇرغاندىن كېيىن، قايتىپ كېتىش ئۈچۈن ئورنىدىن تۇردى. بۇنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرتىپ:

— سەن قۇرئان سۈرىلىرىدىن قايسىلارنى بىلىسەن؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:

— پالان - پۈستان سۈرىلەرنى بىلىمەن، - دەپ ساناپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇلارنى يادقا بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ ھەئە، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ سۈرىلەرنى يادقا بىلگەنلىكىڭنىڭ بەدىلىگە ئۇ ئايالنى ساڭا ياتلىق قىلىپ قويىمەن، ـ دېدى.

4146 - عَنْ أَنسٍ قَالَ خَطَبَ أَبو طَلْحَةَ أُم سُلَيْمٍ فَقَالَتْ وَاللهِ مَا مِثْلُكَ يَـا أَبَـا طَلْحَةَ يُرَد وَلَكِنكَ رَجُلٌ كَافِرٌ وَأَنا امْرَأَةٌ مُسْلِمَةٌ وَلَا يَحِلُّ لِي أَنْ أَتَزوجَكَ فَإِنْ تُسْلِمْ فَذَاكَ مَهْرِي وَمَا أَسْأَلُكَ غَيْرَهُ فَأَسْلَمَ فَكَانَ ذَلِكَ مَهْرَهَا قَالَ ثَابِتٌ فَمَا سَمِعْتُ بِامْرَأَةٍ قَط كَانَتْ أَكْرَمَ مَهْرًا مِنْ أُم سُلَيْمٍ الْإِسْلَامَ فَدَخَلَ بِهَا فَوَلَدَتْ لَهُ.

4146 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىش تەكلىپى قويغانىدى، ئۇممۇ سۇلەيم رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ ئەي ئەبۇ تەلھە! سەندەك ئادەمنىڭ تەكلىپى رەت قىلىنمايدۇ. بىراق مەن مۇسۇلمان، سەن بولساڭ كاپىر. شۇڭا مېنىڭ ساڭا ياتلىق بولۇشۇم دۇرۇس ئەمەس. ئەمما سەن ئىمان ئېيتساڭ، ئېيتقان ئىمانىڭ مېنىڭ مەھرى ھەققىم بولسۇن، مەن سەندىن ئۇشۇقچە نەرسىمۇ تەلەپ قىلمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ تەلھە ئىمان ئېيتتى، ئۇنىڭ ئىمانى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭ مەھرى ھەققى بولدى.

سابىت (راۋىي) مۇنداق دەيدۇ: مەن پۈتۈن ئۆمرۈمدە مەھرى ھەققى ئۇممۇ سۇلەيمنىڭكىدىنمۇ ئېسىل بىر ئايالنى كۆرۈپ باقمىدىم. چۈنكى ئۇنىڭ تويلۇقى ئىمان ئېيتىش بولغانىدى. ئەبۇ تەلھە ئۇممۇ سۇلەيمدىن پەرزەنتلىك بولدى[①].

(نەسائى: 3341)

4147 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ أَعْطَى فِـي صَدَاقِ امْرَأَةٍ مِلْءَ كَفيْهِ سَوِيقًا أَوْ تَمْرًا فَقَدْ اسْتَحَل.

① ئەلبانى (3133): سەھىھ ـ دېگەن.

4147 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر ئايالنىڭ مەھرى ھەققى ئۈچۈن لىق بىر ئوچۇم تالقان ياكى خورما بەرسە، ئۇ ئايالنى ئۆزىگە ھالال قىلغان بولىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2110)

4148 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ كُنا عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَسْـتَمْتِعُ بِالْقُبْضَةِ مِنْ الطعَامِ عَلَى مَعْنَى الْمُتْعَةِ.

4148 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە ئاياللارنى بىر ئوچۇم ئاشلىق بەدىلىگە ۋاقىتلىق نىكاھىمىزغا ئالغانىدۇق.

4149 - عَنْ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَامِرِ بْنِ رَبِيعَةَ عَنْ أَبِيهِ أن امْرَأَةً مِنْ بَنِي فَزَارَةَ تَزَوجَـتْ عَلَى نَعْلَيْنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَرَضِيتِ مِنْ نَفْسِكِ وَمَالِكِ بِنَعْلَيْنِ قَالَتْ نَعَمْ قَالَ فَأَجَازَه.

4149 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئامىر ئىبنى رەبىئە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: فەزارە قەبىلىسىدىن بىر ئايال مەھرى ھەققى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر جۈپ كېپىشكە رازىلىق بىلدۈرۈپ، ياتلىق بولغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۆزەڭنى ۋە مال مۈلكۈڭنى بىر جۈپ كېپىش بەدىلىگە ئۆتنىڭغا بېرىشكە رازى بولدۇڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ ئايال:

ـــ ھەئە (رازى بولدۇم)، ـ دېۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ نىكاھنى تەستىقلىدى[②].

(تىرمىزى: 1113)

---

[①] ئەلبانى (456): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (190): زەئىپ، ـ دېگەن.

4150 - عَنْ أَبِي سَلَمَةَ قَالَ سَأَلْتُ عَائِشَةَ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَتْ فَعَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ عَلَى اثْنَتَيْ عَشْرَةَ أُوقِيَةً وَنَش وَذَلِكَ خَمْسُ مِائَةِ دِرْهَمٍ.

4150 ـ ئەبۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مەھرى ھەققى توغرىسىدا سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىنىڭ مەھرى ھەققى ئۇچۇن ئون ئىككى يېرىم ئۇقىيە بەرگەنىدى. بۇ، بەش يۈز تەڭگىگە توغرا كېلەتتى[1].

(نەسائى: 3347)

4151 - عن عائشة قالت تزوجني رسول الله صلى الله عليه وسلم على متاع يسوى أربعين درهما.

4151 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ مەھرى ھەققىم ئۇچۇن قىرىق تەڭگىلىك مال بەرگەنىدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

4152 - عَنْ أَنسٍ، "أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ تَزَوجَ أُم سَلَمَةَ عَلَى مَتَاعٍ قِيمَتُهُ عَشَرَةُ دَرَاهِمَ".

4152 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مەھرى ھەققى ئۈچۈن ئون تەڭگە قىممىتىدە مال بارگەن[3].

(مەۋسىلى: 3385؛ بەززار)

[1] ئەلبانى (3139): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7490): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەتىيە ئەۋفى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار. لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (7488): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا مەۋسىلى، بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەكەم ئىبنى ئەتىييە ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

4153 - قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ أَلَا لَا تُغَالُوا صَدُقَةَ النسَاءِ فَإِنهَا لَوْ كَانَتْ مَكْرُمَةً فِي الدنْيَا أَوْ تَقْوَى عِنْدَ اللهِ لَكَانَ أَوْلَاكُمْ بِهَا نَبِيُّ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا عَلِمْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَكَحَ شَيْئًا مِنْ نِسَائِهِ وَلَا أُنْكِحَ شَيْئًا مِنْ بَنَاتِهِ عَلَى أَكْثَرَ مِنْ ثِنْتَيْ عَشْرَةَ أُوقِيةً.

4153 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئى خالايىق! ئاياللارنىڭ مەھرى ھەققىنى يۇقىرى قىلىۋالماڭلار، چۈنكى بۇ (يەنى مەھرى ھەققىنى يۇقىرى قىلىۋېلىش) دۇنيادا شەرەپلىك ئىش بولغان بولسا ياكى ﷲنىڭ دەرگاھىدا تەقۋالىق سانىلىدىغان بىرەر ئىش ھېساپلانسا ئىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ئىشنى سىلەردىن بۇرۇن قىلغان بولاتتى. مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئاياللىرى ياكى قىزلىرىنىڭ مەھرى ھەققىنى ئون ئىككى ئۇقىيەدىن ئاشۇرۇۋەتكىنىنى بىلمەيمەن[1].

(تىرمىزى: 1114)

4154 – وفي رواية: وَإِن الرجُلَ لَيُغْلِي بِصَدُقَةِ امْرَأَتِهِ حَتى يَكُونَ لَهَا عَدَاوَةٌ فِي نَفْسِهِ وَحَتى يَقُولَ كُلِّفْتُ لَكُمْ عِلْقَ الْقِرْبَةِ.

4154 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئاياللارنىڭ مەھرى ھەققى كۆپىيىپ كەتسە، ئەرنىڭ كۆڭلىدە ئايالىغا قارىتا ئۆچمەنلىك پەيدا بولۇشقا سەۋەب بولىدۇ، ھەتتا ئەر: "مەن سېنىڭ سەۋەبىڭدىن ئۇستۇمگە كۆتۈرەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر يۈك ئارتىۋالدىم" دەپمۇ سالىدۇ، ـ دېگەن ئىبارە قوشۇپ نەقىل قىلىنغان[2].

(نەسائى: 3349)

4155 - عَنْ أَنسٍ بْنِ مَالِكٍ قَالَ قَدِمَ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ عَوْفٍ فَآخَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ سَعْدِ بْنِ الربِيعِ الْأَنْصَارِي وَعِنْدَ الْأَنْصَارِي امْرَأَتَانِ فَعَرَضَ عَلَيْهِ أَنْ

[1] ئەلبانى (889): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3141): سەھىھ ـ دېگەن.

يُنَاصِفُهُ أَهْلَهُ وَمَالَهُ فَقَالَ بَارَكَ اللهُ لَكَ فِي أَهْلِكَ وَمَالِكَ دُلُّونِي عَلَى السوقِ فَأَتى السوقَ فَرَبِحَ شَيْئًا مِنْ أَقِطٍ وَشَيْئًا مِنْ سَمْنٍ فَرَآهُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَعْدَ أَيامٍ وَعَلَيْهِ وَضَرٌ مِنْ صُفْرَةٍ فَقَالَ مَهْيَمْ يَا عَبْدَ الرحْمَنِ فَقَالَ تَزَوجْتُ أَنْصَارِيةً قَالَ فَمَا سُقْتَ إِلَيْهَا قَالَ وَزْنَ نَوَاةٍ مِنْ ذَهَبٍ قَالَ أَوْلِمْ وَلَوْ بِشَاةٍ.

4155 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى سەئد ئىبنى رەبىئ ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا قېرىنداش قىلىپ قويغان ئىدى. سەئدنىڭ ئىككى ئايالى بار بولۇپ، ئۇ ئابدۇراھمانغا ئايالى ۋە مال ـ دۇنياسىنى تەڭ بۆلۈشۈش تەكلىپىنى بەردى. ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ خوتۇن ـ بالىلىرىڭ ۋە مال ـ دۇنيالىرىڭغا الله بەرىكەت ئاتا قىلسۇن! ماڭا بازارنى كۆرسىتىپ قويغىن! ــ دېدى ۋە بازارغا چىقىپ، قۇرۇت، سېرىق ماي سېتىپ، ئاز ـ تولا پايدا ئالدى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۈستى ـ بېشىغا خۇشبۇي نەرسىلەرنى سۇرۇۋالغان ھالدا كۆردى ـ دە:

ــ ئەي ئابدۇراھمان! بۇ نېمە يېڭىلىق بولدىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئابدۇراھمان:

ــ ئەنسارىلاردىن بىر ئايالغا ئۆيلەندىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەھرى ھەققى ئۈچۈن نېمە بەردىڭ؟ ـ دەپ سورىدى، ئابدۇراھمان:

ــ بىر ئۆكچە ئالتۇن بەردىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداقتا، بىر تۇياق قوي بولسىمۇ سويۇپ زىياپەت بەرگىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5072)

4156 - و في رواية: إني أَكْثَرُ الْأَنصَارِ مَالًا فَأَقْسِمُ مَالِي نِصْفَيْنِ وَلِـي امْرَأَتَـانِ فَانظُرْ أَعْجَبَهُمَا إِلَيْكَ فَسَمِّهَا لِي أُطَلِّقْهَا فَإِذَا انْقَضَتْ عِدَّتُهَا فَتَزَوَّجْهَا قَالَ بَارَكَ اللَّهُ لَـكَ ...

4156 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن:

ــ مەن ئەنسارىلارنىڭ ئەڭ بېيى. پۇل ـ مېلىمنى ئىككىگە بۆلۈپ، يېرىمىنى ساڭا بېرەي. ئىككى ئايالىم بار، كۆرۈپ باققىن، قايسىسىنى ياقتۇرساڭ، شۇنى تالاق قىلاي. ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، ئۇنى نىكاھىڭغا ئالغىن! ـ دېدى. ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ الله ساڭا بەرىكەت ئاتا قىلسۇن!... ـ دېدى.

(بۇخارى: 3780)

4157 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ جَاءَ رَجُلٌ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ إِنِّـي تَزَوَّجْتُ امْرَأَةً مِنْ الْأَنْصَارِ فَقَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ هَلْ نَظَرْتَ إِلَيْهَا فَإِنَّ فِـي عُيُونِ الْأَنْصَارِ شَيْئًا قَالَ قَدْ نَظَرْتُ إِلَيْهَا قَالَ عَلَى كَمْ تَزَوَّجْتَهَا قَالَ عَلَى أَرْبَعِ أَوَاقٍ فَقَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى أَرْبَعِ أَوَاقٍ كَأَنَّمَا تَنْحِتُونَ الْفِضَّةَ مِنْ عُرْضِ هَذَا الْجَبَلِ مَا عِنْدَنَا مَا نُعْطِيكَ وَلَكِنْ عَسَى أَنْ نَبْعَثَكَ فِي بَعْثٍ تُصِيبُ مِنْهُ.

4157 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ مەن ئەنسارىلاردىن بىر ئايالغا ئۆيلەندىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ ئايالنى كۆردۈڭمۇ؟ چۈنكى ئەنسارىلارنىڭ كۆزلىرى بىرقانداق كېلىدۇ، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ــ كۆردۈم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەھرى ھەققى ئۈچۈن قانچىلىك بەردىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ــــ تـۆت ئـۇقـىيە بەردىـم، ـ دېـدى. پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللەم:

ـ تۆت ئۇقـىيە بەردىڭمۇ؟ سىـلەر كۈمۈشنى خۇددى بـۇ تاغـدىن يونـۇپ ئالـىدىغاندەك (ئـىشلـىتـىسـىلەر). بـىزدە ھازىـر ساڭـا بەرگـىدەك بـىـر نەرسـە يوق، بـىراق سـېنى قوشۇن بـىلەن بـىرگە بـىر يەرگە ئەۋەتسەك، شۇ يەردىن ئېلـىنغان ئولجـىدىن ساڭـىمۇ تېگـىپ قالسا ئەجەپ ئەمـەس، ـ دېدى.

(مۇسلـىم: 1424)

4158 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ أَنَّهُ سُئِلَ عَنْ رَجُلٍ تَزَوجَ امْرَأَةً وَلَمْ يَفْرِضْ لَهَا صَدَاقًا وَلَمْ يَدْخُلْ بِهَا حَتى مَاتَ فَقَالَ ابْنُ مَسْعُودٍ لَهَا مِثْلُ صَدَاقِ نِسَائِهَا لَا وَكْسَ وَلَا شَطَطَ وَعَلَيْهَا الْعِدةُ وَلَهَا الْمِيرَاثُ فَقَامَ مَعْقِلُ بْنُ سِنَانٍ الْأَشْجَعِي فَقَالَ قَضَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بِرْوَعَ بِنْتِ وَاشِقٍ امْرَأَةٍ مِنا مِثْلَ الذِي قَضَيْتَ فَفَرِحَ بِهَا ابْنُ مَسْعُودٍ.

4158 ـ بـىر كـىشى ئـىبـنى مەسـئۇد رەزىيـەللاھـۇ ئەنھـۇدىن مەھـرى ھـەققـىنى بەلگـىلـىمەسـتـىن بـىر ئايالغا ئۆيـلـىنـىپ، ئۇ ئايال بـىلەن بـىـرگە بولـماي تۇرۇپ ئۆلۈپ كـەتكەن كـىشى ھـەققـىدە پەتـىۋا سورىغانـىدى. ئـىبـنى مـەسئۇد رەزىيـەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇ ئايالغا ئاچا ـ سىڭـىلـلـىرىغا بېرىلگەن مـىقداردا مـەھـرى ھـەققـى بېرىلــىدۇ. ئۇنـىڭـدىن ئـاز بېرىشـكـىمۇ، جـىـق بېرىشـكـىمۇ بولمايـدۇ. ئـۇ ئايال ئـىـددەت تۇتـىـدۇ، ئۇنـىڭغـا مـىراسـىمۇ بېرىلـىـدۇ، ـ دەپ پەتـىـۋا بەردى. بۇنى ئاڭـلـىغان مەئقـىل ئـىبـنى سـىنـان ئەشجەئى ئورنـىدىن تۇرۇپ:

ــــ پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسـەللـەم بـىزنـىڭ قـەبىلــىدىن بولغـان بەرۋە بـىنـتـى ۋاشـىـق ئـىسـىملـىك ئايـال ھـەققـىـدە سـېنـىڭكـىگە ئوخشاش ھۆكـۈم چـىقارغانـىدى، ـ دېدى. ئـىبـنى مەسئۇد رەزىيـەللاھۇ ئەنھـۇ بۇ سۆزدىن تولـىمۇ خۇرسەن بولـدى[1].

(تـىرمـىزى: 1145)

[1] ئەلبانى (914): سەھـىھ ـ دېگەن.

4159 - عَنْ نَافِعٍ أَن ابْنَةَ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ وَأُمهَا بِنْتُ زَيْدِ بْنِ الْخَطابِ كَانَـتْ تَحْتَ ابْنٍ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ فَمَاتَ وَلَمْ يَدْخُلْ بِهَا وَلَمْ يُسَم لَهَا صَـدَاقًا فَابْتَغَـتْ أُمهَـا صَدَاقَهَا فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ لَيْسَ لَهَا صَدَاقٌ وَلَوْ كَانَ لَهَا صَدَاقٌ لَمْ نُمْسِـكْهُ وَلَـمْ نَظْلِمْهَا فَأَبتْ أُمهَا أَنْ تَقْبَلَ ذَلِكَ فَجَعَلُوا بَيْنَهُمْ زَيْدَ بْنَ ثَابِتٍ فَقَضَى أَنْ لَا صَدَاقَ لَهَا وَلَهَا الْمِيرَاثُ.

4159 ـ نـافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنـداق رىـۋايەت قىلىنىـدۇ: ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ قىزى (بۇ قىزنىڭ ئانىسى زەيد ئىبنى خەتتابنىڭ قىزى بولىدۇ) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ بىر ئوغلىغا مەھرى ھەققىنى پۈتۈشمەي تۇرۇپلا ياتلىق بولغان بولۇپ، بىر تۆشەكتە بولۇشتىن بۇرۇن، ئېرى ئۆلۈپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، قىزنىڭ ئانىسى قىزنىڭ مەھرى ھەققىنى تەلەپ قىلدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـــ (شەرىئەتتە) قىزىڭغا مەھرى ھەققى بېرىلمەيدۇ. ئەگەر بېرىلىدىغان بولسا ئىدى، تولۇق بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلمىغان بولاتتۇق، ـ دېدى. قىزنىڭ ئانىسى بۇ سۆزنى قوبۇل قىلماي، زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنى بۇ مەسىلىنى ئايرىپ قويۇشقا چاقىردى. زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ قىزغا مەھرى ھەققى بېرىلمەيدۇ، ئەمما مىراس بېرىلىدۇ، ـ دەپ ھۆكۈم قىلدى.

(مالىك: 1120)

4160 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنهُ كَانَ يَقُولُ لِكُل مُطَلقَةٍ مُتْعَةٌ إِلا التِي تُطَلقُ وَقَدْ فُرِضَ لَهَا صَدَاقٌ وَلَمْ تُمْسَسْ فَحَسْبُهَا نِصْفُ مَا فُرِضَ لَهَا.

4160 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: ئېرىدىن ئاجراشقان ھەرقانداق ئايالغا (ئېرى تەرىپىدىن) تۇرمۇشنى مەلۇم مۇددەت قامدىغۇدەك نەرسە بېرىلىشى كېرەك. ئەمما مەھرى ھەققى بەلگىلەنگەن ۋە نىكاھتىن كېيىن ئېرى بىلەن بىر يەردە

بولماي تۇرۇپ ئاجراشقان ئايالغا بەلگىلەنگەن مەھرى ھەققىنىڭ يېرىمى بېرىلسە بولىدۇ.

(مالىك: 1212)

4161 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَضَى فِي الْمَرْأَةِ إِذَا تَزَوجَهَا الرجُلُ أَنهُ إِذَا أُرْخِيَتْ الستُورُ فَقَدْ وَجَبَ الصدَاقُ.

4161 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (نىكاھتىن كېيىن) ئېرى بىلەن خاس ھۇجرىغا كىرگەن ئايالنىڭ (نىكاھتىن بۇرۇن بەلگىلەنمىگەن بولسىمۇ) مەھرى ھەققىنىڭ تولۇق بېرىلىشى كېرەكلىكىگە ھۆكۈم چىقارغان.

(مالىك: 1121)

4162 - عَنْ مُحَمدُ بْنُ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ ثَوْبَانَ عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن عَلِيا لَما تَزَوجَ فَاطِمَةَ بِنْتَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَرَادَ أَنْ يَدْخُلَ بِهَا فَمَنَعَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَتى يُعْطِيَهَا شَيْئًا فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ لَيْسَ لِي شَيْءٌ فَقَالَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَعْطِهَا دِرْعَكَ فَأَعْطَاهَا دِرْعَهُ ثُم دَخَلَ بِهَا.

4162 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇراھمان ئىبنى سەۋبان ساھابىلەردىن بىرىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەنگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە بولماقچى بولۇۋىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئايالىغا بىرەر نەرسە بەرمەي تۇرۇپ بىر يەردە بولۇشتىن توستى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەندە ئۇنىڭغا بەرگۈدەك نەرسە يوق، ـ دېگەنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ساۋۇتىڭنى بەرگىن! ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا (ھەزرىتى فاتىمەگە) ساۋۇتىنى بېرىپ، ئاندىن بىر يەردە بولدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2126)

4163 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ أَمَرَنِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ أُدْخِلَ امْرَأَةً عَلَى زَوْجِهَا قَبْلَ أَنْ يُعْطِيَهَا شَيْئًا.

4163 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايالنى ئېرى (ئۇنىڭغا) مەھرى ھەققىدىن بىرەر نەرسە بېرىشتىن بۇرۇن ئېرىنىڭ يېنىغا كىرگۈزۈپ قويۇشۇمغا بۇيرىدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2128)

4164 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَيمَا امْرَأَةٍ نُكِحَتْ عَلَى صَدَاقٍ أَوْ حِبَاءٍ أَوْ عِدَةٍ قَبْلَ عِصْمَةِ النكَاحِ فَهُوَ لَهَا وَمَا كَانَ بَعْدَ عِصْمَةِ النكَاحِ فَهُوَ لِمَنْ أُعْطَاهُ وَأَحَق مَا أُكْرِمَ عَلَيْهِ الرجُلُ ابْنَتُهُ أَوْ أُخْتُهُ.

4164 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن، دادىسى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقانداق ئايالغا نىكاھ ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن بېرىلگەن مەھرى ھەققى، سوۋغات ياكى كېيىن بېرىشكە ۋەدە قىلىنغان ھەرقانداق بىر نەرسە شۇ ئايالغا تېگىشلىك بولىدۇ. نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن بېرىلگەن نەرسە كىمگە ئاتاپ بېرىلسە، شۇنىڭ بولىدۇ[③]. بىر كىمگە قىزى ۋە ھەمشىرىسى يۈزىسىدىن بېرىلگەن سوۋغات ئەڭ ھالال سوۋغاتتۇر»[④].

---

[①] ئەلبانى (461): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (463): زەئىپ، ـ دېگەن.

[③] يەنى نىكاھ ئوقۇلۇشتىن بۇرۇن ۋەلىي تاپشۇرۇپ ئالغان ھەرقانداق نەرسە قىزنىڭ بولىدۇ، نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن ۋەلىينىڭ تاپشۇرۇپ ئالغان نەرسىلىرى كىمگە ئاتاپ بېرىلگەن بولسا، شۇنىڭ بولىدۇ.

[④] ئەلبانى (214): زەئىپ، ـ دېگەن.

(نەسائى: 3353)

4165 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَحَق الشرُوطِ أَنْ تُوفُوا بِهِ مَا اسْتَحْلَلْتُمْ بِهِ الْفُرُوجَ.

4165 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شەرتلەر ئىچىدە ئادا قىلىشقا ئەڭ تېگىشلىك بولغىنى توي قىلغاندا ئايال تەرەپنىڭ سىلەرگە قويغان شەرتلىرىدۇر».

(بۇخارى: 5151)

4166 - عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن مِنْ يُمْنِ الْمَرْأَةِ تَيْسِيرَ خِطْبَتِهَا وَتَيْسِيرَ صَدَاقِهَا وَتَيْسِيرَ رَحِمِهَا.

4166 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چاي ئىچۈرۈش ئىشلىرى ئاسان، مەھرى ھەققى مۇۋاپىق ۋە تۇغۇتى قولايلىق بولغان ئايال ئەڭ بەرىكەتلىك ئايالدۇر»[1].

(ئەھمەد: 23957)

4167 - عَنِ ابْنِ سِيرِينَ، قَالَ: "تَزَوجَ الْحَسَنُ بن عَلِي امْرَأَةً، فَأَرْسَلَ لَهَا بِمِائَةِ جَارِيَةٍ، مَعَ كُل جَارِيَةٍ أَلْفُ دِرْهَمٍ".

4167 ـ ئىبنى سىرىن مۇنداق دەيدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئوغلى ھەسەن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر ئايالغا ئۆيلەنگەندە، (ئۇ ئايالنىڭ) مەھرى ھەققى ئۈچۈن يۈز دېدەك يوللىغان بولۇپ، ھەر بىر دېدەكتە مىڭدىن تەڭگە بار ئىدى[2].

[1] ھەيسەمى (7482): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئۇسامە ئىبنى زەيد ئىبنى ئەسلەم ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن. ئىمام ئەھمەدنىڭ قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7503): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

(«ئەلكەبىر»: 2564)

4168 - عَنْ مَيْمُونٍ الْكُرْدِي، عَنْ أَبِيهِ، قَالَ: سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لا مَرةً وَلا مَرتَيْنِ وَلا ثَلاثَةً حَتى بَلَغَ عَشْرَ مِرَارٍ: "أَيمَا رَجُلٍ تَزَوجَ امْرَأَةً بِمَا قَل مِنَ الْمَهْرِ أَوْ كَثُرَ لَيْسَ فِي نَفْسِهِ أَنْ يُؤَدي إِلَيْهَا حَقهَا، خَدَعَهَا، فَمَاتَ وَلَمْ يُؤَد إِلَيْهَا حَقهَا، لَقِيَ اللهَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَهُوَ زَانٍ".

4168 ـ مەيمۇن كۇردى دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بىر، ئىككى ياكى ئۈچ قېتىم ئەمەس، بەلكى ئون قېتىمدەك مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم: «ھەر قانداق بىر ئادەم مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، بەلگىلەنگەن مەھرى ھەققىنى بېرىش نىيىتى يوق تۇرۇپ بىر ئايالغا ئۆيلەنسە، ئۇ ئايالنى ئالدىغان بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئايالنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلماستىن ئۆلۈپ كەتسە، قىيامەت كۈنى ئاللاھنىڭ ئالدىغا زىناخور سۈپىتى بىلەن بارىدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت» ۋە «ئەلسەغىر»)

4169 - عَنْ أَنسٍ قَالَ مَا أَوْلَمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى شَيْءٍ مِنْ نِسَائِهِ مَا أَوْلَمَ عَلَى زَيْنَبَ أَوْلَمَ بِشَاةٍ.

4169 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلەنگەندە، بىر قوي سويۇپ زىياپەت بەرگەن بولۇپ، باشقا ئاياللىرىغا ئۆيلەنگەندە بەرگەن زىياپەتنىڭ ھېچبىرىدە بۇنداق قىلمىغانىدى.

(بۇخارى: 5168)

4170 - وفي رواية: قَالَ أَطْعَمَهُمْ خُبْزًا وَلَحْمًا حَتى تَرَكُوهُ.

[①] ھەيسەمى (7507): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچىلىكتۇر، ـ دېگەن،

4170 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مېھمانلارغا نان بىلەن گۆش تارقىتىلدى. تاماقنىڭ كۆپلۈكىدىن مېھمانلار يەپ بولالماي ئاشۇرۇپ قويىدى.

(مۇسلىم: 1428)

4171 - عَنْ عَائِشَةَ وَأُم سَلَمَةَ قَالَتَا أَمَرَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ نُجَهزَ فَاطِمَةَ حَتى نُدْخِلَهَا عَلَى عَلِي فَعَمَدْنَا إِلَى الْبَيْتِ فَفَرَشْنَاهُ تُرَابًا لَينًا مِنْ أَعْرَاضِ الْبَطْحَاءِ ثُم حَشَوْنَا مِرْفَقَتَيْنِ لِيفًا فَنَفَشْنَاهُ بِأَيْدِينَا ثُم أَطْعَمْنَا تَمْرًا وَزَبِيبًا وَسَقَيْنَا مَاءً عَذْبًا وَعَمَدْنَا إِلَى عُودٍ فَعَرَضْنَاهُ فِي جَانِبِ الْبَيْتِ لِيُلْقَى عَلَيْهِ الثوْبُ وَيُعَلقَ عَلَيْهِ السقَاءُ فَمَا رَأَيْنَا عُرْسًا أَحْسَنَ مِنْ عُرْسِ فَاطِمَةَ.

4171 ـ ئائىشە ۋە ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۆيىگە كۆچۈرۈلۈشتىن بۇرۇن، ھۇجرىسىنى تەييارلاشقا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىز ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ياتىدىغان ئۆيىگە كىلىپ، بەتھا تەرەپتىن كەلتۈرۈلگەن يۇمشاق توپىنى ھۇجرىغا يايدۇق. ئاندىن ئىككى كىشىلىك ياستۇق تىكىپ، ئۇنى ئۆز قولىمىز بىلەن تىتقان خورما تالالىرى بىلەن تولدۇردۇق. توي زىياپىتى ئۈچۈن خورما، قۇرۇق ئۈزۈم ۋە تاتلىقسۇ بەردۇق. ئۆينىڭ بىر چېتىگە كىيىم ـ كېچەك ۋە سۇ تۇلۇمى قاتارلىقلارنى ئېسىش ئۈچۈن بىر پارچە ياغاچ ئورناتتۇق. بىز فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭكىدەك ياخشى ئۆتكەن توي كۆرۈپ باقمىدۇق[①].

(ئىبنى ماجە: 1911)

4172 - عَنْ مَنْصُورِ بْنِ صَفِيةَ عَنْ أُمهِ صَفِيةَ بِنْتِ شَيْبَةَ قَالَتْ أَوْلَمَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى بَعْضِ نِسَائِهِ بِمُدَيْنِ مِنْ شَعِيرٍ.

4172 ـ مەنسۇر ئىبنى سەفىيە ئانىسى سەفىيە بىنتى شەيبە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر

[①] ئەلبانى (419): زەئىپ ـ دېگەن.

سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىدىن بىرىگە ئۆيلەنگەندە، ئىككى مۇد ئارپا بىلەن زىياپەت بەرگەندى.

(بۇخارى: 5172)

4173 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنَّهُ قَالَ لَقَدْ بَلَغَنِي أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ يُولِمُ بِالْوَلِيمَةِ مَا فِيهَا خُبْزٌ وَلَا لَحْمٌ.

4173 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ئاڭلىشىمچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نانمۇ، گۆشمۇ بولمىغان زىياپەتمۇ بەرگەنىكەن.

(مالىك: 1158)

4174 - عَنْ سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ أَن أَبَا أُسَيْدٍ الساعِدِي دَعَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِعُرْسِهِ فَكَانَتْ امْرَأَتُهُ خَادِمَهُمْ يَوْمَئِذٍ وَهِيَ الْعَرُوسُ فَقَالَتْ أَوْ قَالَ أَتَدْرُونَ مَا أَنْقَعَتْ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْقَعَتْ لَهُ تَمَرَاتٍ مِنْ اللَيْلِ فِي تَوْرٍ.

4174 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ ئۇسەيد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى تويىغا چاقىردى. تېخى شۇ كۈنى كېلىن بولغان ئايال سەھل بىلەن بىرلىكتە مېھمانلارغا خىزمەت قىلىۋاتاتتى. كېلىننىڭ ئۇ كۈنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە نېمە ئىچكۈزگىنىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىچىشى ئۈچۈن كېچىدە ئايرىم بىر قاچىغا خورما شەربىتى تەييارلىغان ئىكەن.

(بۇخارى: 5183)

4175 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَعَامُ أَولِ يَوْمٍ حَق وَطَعَامُ يَوْمِ الثانِي سُنةٌ وَطَعَامُ يَوْمِ الثالِثِ سُمْعَةٌ وَمَنْ سَمعَ سَمعَ اللهُ بِهِ.

4175 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(توي ئۇچۇن) بىرىنچى كۈنى بېرىلگەن زىياپەت كېرەكلىك، ئىككىنچى كۈنى بېرىلگىنى سۈننەت، ئۇچىنچى كۈنى بېرىلگىنى ھەشەمەت (باشقىلارغا ئۆزىنى كۆز ـ كۆز قىلىش)تۇر. كىمكى ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۇچۇن ئىش قىلىدىكەن، الله ئۇنىڭ (ناچار) قىلمىشلىرىنى باشقىلارغا ئاشكارىلاپ قويىدۇ»[①].

(تىرمىزى: 1097)

4176 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ إِذَا دُعِيَ أَحَدُكُمْ إِلى الْوَلِيمَةِ فَلْيَأْتِهَا، فإن كان مفطرا فليطعم، وإن كان صائما فليدع.

4176 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىم تويغا چاقىرىلغان بولسا بارسۇن. روزىدار بولمىسا، تاماقتىن يېسۇن. روزىدار بولسا، (ساھىپخانغا) دۇئا قىلسۇن»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 3736)

4177 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَهُ كَانَ يَقُولُ بِئْسَ الطَعَامُ طَعَامُ الْوَلِيمَةِ يُدْعَى إِلَيْهِ الْأَغْنِيَاءُ وَيُتْرَكُ الْمَسَاكِينُ فَمَنْ لَمْ يَأْتِ الدعْوَةَ فَقَدْ عَصَى اللهَ وَرَسُولَهُ.

4177 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بايلار چاقىرىلىپ، كەمبەغەللەر تاشلاپ قويۇلغان توي زىياپىتى ئەڭ ناچار زىياپەتتۇر. كىمكى چاقىرىلغان يەرگە بارمىسا، الله ۋە اللهنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ».

(مۇسلىم: 1432)

---

[①] ئەلبانى (419): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (3180): سەھىھ ـ دېگەن،

4178 - وفي رواية: قَالَ شَر الطَعَامِ طَعَامُ الْوَلِيمَةِ يُمْنَعُهَا مَنْ يَأْتِيهَا وَيُدْعَى إِلَيْهَا مَنْ يَأْبَاهَا.

4178 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «كېلىدىغانلار چاقىرىلماي، كەلمەيدىغانلار چاقىرىلغان توي زىياپىتى ئەڭ ناچار زىياپەتتۇر».

(مۇسلىم: 1432)

4179 - عَنْ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا يَقُولُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ أَجِيبُوا هَذِهِ الدعْوَةَ إِذَا دُعِيتُمْ لَهَا قَالَ وَكَانَ عَبْدُ اللهِ يَأْتِي الدعْوَةَ فِي الْعُرْسِ وَغَيْرِ الْعُرْسِ وَهُوَ صَائِمٌ.

4179 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «چاقىرىلغان تويغا بېرىڭلار» دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما روزىدار بولسىمۇ، مەيلى توي زىياپىتى ياكى باشقا زىياپەت بولسۇن، چاقىرىلغان يەرنىڭ ھەممىسىگە باراتتى.

(بۇخارى: 5179)

4180 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ قَالَ إِذَا دُعِيتُمْ إِلَى كُرَاعٍ فَأَجِيبُوا.

4180 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«پاقالچاق پىشۇرۇلغان زىياپەتكە چاقىرىلساڭلارمۇ بېرىڭلار».

(مۇسلىم: 1429)

4181 - قَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ مَنْ دُعِيَ فَلَمْ يُجِبْ فَقَدْ عَصَى اللهَ وَرَسُولَهُ وَمَنْ دَخَلَ عَلَى غَيْرِ دَعْوَةٍ دَخَلَ سَارِقًا وَخَرَجَ مُغِيرًا.

4181 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«چاقىرىلغان يەرگە بارمىغان كىشى اللە ۋە اللەنىڭ رەسۇلىغا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. چاقىرىلمىغان يەرگە بارغان كىشى ئۇ يەرگە ئوغرىدەك كىرىپ، تاجاۋۇزچىدەك چىقىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3741)

4182 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا دُعِيَ أَحَدُكُمْ فَلْيُجِبْ فَإِنْ كَانَ صَائِمًا فَلْيُصَل وَإِنْ كَانَ مُفْطِرًا فَلْيَطْعَمْ.

4182 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى بىر يەرگە چاقىرىلسا، شۇ يەرگە بارسۇن. روزىدار بولسا، (ساھىبخانىغا) رەھمەت تىلەپ دۇئا قىلسۇن. روزىدار بولمىسا، تاماق يېسۇن».

(مۇسلىم: 1431)

4183 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا دُعِيَ أَحَدُكُمْ إِلَى طَعَامٍ وَهُوَ صَائِمٌ فَلْيَقُلْ إِني صَائِمٌ.

4183 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«روزىدار بىرىنىڭلار تاماققا چاقىرىلسا: ”مەن روزىدار ئىدىم“ دېسۇن».

(مۇسلىم: 1150)

4184 - عَنْ حُمَيْدِ بْنِ عَبْدِ الرحْمَنِ الْحِمْيَرِي عَنْ رَجُلٍ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا اجْتَمَعَ الداعِيَانِ فَأَجِبْ أَقْرَبَهُمَا بَابًا فَإِن أَقْرَبَهُمَا بَابًا أَقْرَبُهُمَا جِوَارًا وَإِنْ سَبَقَ أَحَدُهُمَا فَأَجِبْ الذِي سَبَقَ.

4184 ـ ھۇمەيد ئىبنى ئابدۇراھمان ھىمىيەرى بىر ساھابىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى

---

[1] ئەلبانى (798): زەئىپ، ـ دېگەن.

رىۋايەت قىلىدۇ: «ئىككى كىشى بىرلا ۋاقىتتا ئۆيىگە چاقىرسا، ئۆيى ئەڭ يېقىن بولغان كىشىنىڭ ئۆيىگە بارغىن، چۈنكى ئۆيى يېقىن بولغىنى قوشنىدارچىلىقتىمۇ يېقىن بولىدۇ. ئەگەر بىرى يەنە بىرىدىن بۇرۇن چاقىرغان بولسا، بۇرۇنراق چاقىرغانىنىڭ ئۆيىگە بارغىن!» [1].
(ئەبۇ داۋۇد: 3756)

4185 - عَنْ أَبِي مَسْعُودٍ الْأَنصَارِي قَالَ كَانَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ يُقَالُ لَهُ أَبُو شُعَيْبٍ وَكَانَ لَهُ غُلَامٌ لَحامٌ فَرَأَى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَرَفَ فِي وَجْهِهِ الْجُوعَ فَقَالَ لِغُلَامِهِ وَيْحَكَ اصْنَعْ لَنا طَعَامًا لِخَمْسَةِ نَفَرٍ فَإِني أُرِيدُ أَنْ أَدْعُوَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَامِسَ خَمْسَةٍ قَالَ فَصَنَعَ ثُم أَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَعَاهُ خَامِسَ خَمْسَةٍ وَاتبَعَهُمْ رَجُلٌ فَلَما بَلَغَ الْبَابَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن هَذَا اتبَعَنا فَإِنْ شِئْتَ أَنْ تَأْذَنَ لَهُ وَإِنْ شِئْتَ رَجَعَ قَالَ لَا بَلْ آذَنُ لَهُ يَا رَسُولَ اللهِ.

4185 ـ ئەبۇ مەسئۇد ئەنسارى مۇنداق دەيدۇ: ئەنسارىلارنىڭ ئىچىدە ئەبۇ شۇئەيب ئىسىملىك بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇنىڭ قاسساپلىق قىلىدىغان بىر قۇلى بار ئىدى. بىر كۈنى، ئەبۇ شۇئەيب پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرايىدىن قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنى سەزدى ـ دە، خىزمەتچىسىگە:

— تېز بول! بىزگە بەش كىشىلىك تاماق تەييارلىغىن، مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى بەش كىشىنىڭ بىرى سۈپىتىدە چاقىرىمەن، ـ دېدى. خىزمەتچى تاماقنى تەييارلىغاندىن كېيىن، ئۇ كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى بەش كىشىنىڭ بىرى سۈپىتىدە چاقىردى. مېھمانلارغا چاقىرىلمىغان بىرەيلەن ئەگىشىپ بىرگە كەلدى. دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ كىشى بىزگە ئەگىشىپ بۇ يەرگىچە كەلدى، خالىساڭ ئۇنىڭ كىرىشىگە رۇخسەت قىل، خالىمىساڭ قايتىپ كەتسۇن، ـ دېدى. ئۇ:

[1] ئەلبانى (802): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ ياق، قايتىپ كەتمىسۇن، ئۇمۇ سىلەر بىلەن بىللە كىرسۇن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2036)

4186 - عَنْ أَنَسٍ أَن جَارًا لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَارِسِيًا كَانَ طَيِّبَ الْمَرَقِ فَصَنَعَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم جَاءَ يَدْعُوهُ فَقَالَ وَهَذِهِ لِعَائِشَةَ فَقَالَ لَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا فَعَادَ يَدْعُوهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهَذِهِ قَالَ لَا قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا ثُم عَادَ يَدْعُوهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهَذِهِ قَالَ نَعَمْ فِي الثالِثَةِ فَقَامَا يَتَدَافَعَانِ حَتى أَتَيَا مَنْزِلَهُ.

4186 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئىرانلىق بىر قوشنىسى بار بولۇپ، ئۇ ئادەم شورپىنى بەكمۇ مېزىلىك قىلاتتى. بىر كۈنى، ئۇ ئادەم شورپا قىلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى چاقىرغىلى كەلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئىشارەت قىلىپ تۇرۇپ:

ـ ئۇنىمۇ چاقىردىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىرانلىق:

ـ ياق، ـ دېگەنىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، مەنمۇ بارمايمەن، ـ دېدى. ئۇ ئادەم يەنە كېلىپ چاقىردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە:

ـ ئۇنىمۇ چاقىردىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىرانلىق يەنە:

ـ ياق، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، مەنمۇ بارمايمەن، ـ دېدى. ئىرانلىق ئۈچىنچى قېتىم چاقىرىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنىمۇ چاقىردىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىرانلىق:

ـ ھەئە، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىككىسى دەرھال ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ، ئىرانلىق قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىپ كەتتى.

(مۇسلىم: 2037)

## ئۆيلىنىشكە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار ۋە ئېمىلداشلىق

4187 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ حَرُمَ مِنْ النسَبِ سَبْعٌ وَمِنْ الصهْرِ سَبْعٌ ثُم قَرَأَ ﴿حُرِمَتْ عَلَيْكُمْ أُمهَاتُكُمْ﴾ الْآيَةَ.

4187 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: نەسەبتىن بولغان يەتتە كىشى ۋە قۇدا ـ باجىلىق مۇناسىۋىتىدىكى يەتتە كىشى بىلەن ئۆيلىنىش ھارام بولىدۇ، ــ دېدى. ئاندىن: ﴿سىلەرگە ئانىلىرىڭلارنى، قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرىلىرىڭلارنى، ئاتاڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، ئاناڭلارنىڭ ھەمشىرىلىرىنى، قېرىنداشىڭلارنىڭ قىزلىرىنى، قېيىن ئاناڭلارنى، سىلەر بىر يەردە بولغان ئاياللىرىڭلارنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) ئۆيۈڭلاردا تەربىيەلەنگەن قىزلىرىنى (بۇ شەرت ئەمەس، ئۆيدە تەربىيەلەنمىگەن بولسىمۇ) ئېلىش ھارام قىلىندى. ئەگەر سىلەر ئۇلارنىڭ ئانىلىرى بىلەن بىر تۆشەكتە بولمىغان بولساڭلار، بۇ چاغدا ئۇلارنى ئالساڭلار، ھېچ باك يوقتۇر. يەنە ئۆز پۇشتۇڭلاردىن بولغان بالىلىرىڭلارنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىشىڭلار ۋە ئىككى ھەمشىرىنى بىرلا ۋاقىتتا ئەمرىڭلاردا ساقلىشىڭلار ھارام قىلىندى. لېكىن ئۆتكەنكىلەر (يەنى جاھىلىيەت دەۋرىدە قىلغىنىڭلار) ئەپۇ قىلىنىدۇ. الله ھەقىقەتەن مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر (بەندىلەرگە) ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

[1] سۈرە نىسا، 23 ـ ئايەت.

4188 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أيمَا رَجُلٍ نَكَحَ امْرَأَةً فَدَخَلَ بِهَا فَلَا يَحِلُ لَهُ نِكَاحُ ابْنَتِهَا وَإِنْ لَمْ يَكُنْ دَخَلَ بِهَا فَلْيَنْكِحْ ابْنَتَهَا وَأيمَا رَجُلٍ نَكَحَ امْرَأَةً فَدَخَلَ بِهَا أَوْ لَمْ يَدْخُلْ بِهَا فَلَا يَحِلُ لَهُ نِكَاحُ أُمهَا.

4188 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھەرقانداق بىر ئەر بىر ئايالنى نىكاھىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلا بولسا، ئۇ ئايالنىڭ (باشقا ئەردىن بولغان) قىزى بۇ ئەرگە ھارام بولىدۇ. ئەمما نىكاھىغا ئېلىپ، تېخى بىرگە بولماي تۇرۇپ تالاق قىلىۋەتكەن بولسا، ئۇ ئايالنىڭ قىزىنى ئالسا بولىدۇ. ھەرقانداق بىر ئەرنىڭ بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغاندىن كېيىن، مەيلى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولسۇن ياكى بولمىسۇن، ئۇ (ئايال)نىڭ ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىشى ھالال ئەمەس»[1].

(تىرمىزى: 1117)

4189 - عَنْ مَالِك عَنْ غَيْرِ وَاحِدٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ اسْتُفْتِيَ وَهُوَ بِالْكُوفَةِ عَنْ نِكَاحِ الْأُم بَعْدَ الْابْنَةِ إِذَا لَمْ تَكُنْ الِابْنَةُ مُستْ فَأَرْخَصَ فِي ذَلِكَ ثُم إِن ابْنَ مَسْعُودٍ قَدِمَ الْمَدِينَةَ فَسَأَلَ عَنْ ذَلِكَ فَأُخْبِرَ أَنهُ لَيسَ كَمَا قَالَ وَإِنمَا الشرْطُ فِي الربَائِبِ فَرَجَعَ ابْنُ مَسْعُودٍ إِلَى الْكُوفَةِ فَلَمْ يَصِلْ إِلَى مَنْزِلِهِ حَتى أَتى الرجُلَ الذِي أَفْتَاهُ بِذَلِكَ فَأَمَرَهُ أَنْ يُفَارِقَ امْرَأَتَهُ.

4189 ـ مالىك بىر قانچە كىشىدىن مۇنۇ ۋەقەلىكنى رىۋايەت قىلغان: ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن كۇفە شەھىرىدە:

ـ قىزىنى نىكاھىغا ئېلىپ، بىر يەردە بولماي تۇرۇپ، قىزىنى قويۇپ بېرىپ، ئانىسىنى نىكاھىغا ئالسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

[1] ئەلبانى (191): زەئىپ، ـ دېگەن.

ـ (ئانىسىغا ئۆيلەنسە) بولىدۇ، ـ دەپ پەتىۋا بەردى. ئىبنى مەسئۇد مەدىنىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، بۇ مەسىلىنى باشقىلاردىن سورىدى ۋە بۇنىڭ دۇرۇس ئەمەسلىكىنى، (نىكاھ قىلىپ بىر يەردە بولماي تۇرۇپ قويۇپ بەرگەن بولۇشتىن ئىبارەت) بۇ شەرتنىڭ پەقەتلا ئانىسىنى نىكاھىغا ئېلىپ، بىر يەردە بولماي تۇرۇپ، ئانىسىنى قويۇپ بېرىپ، قىزىنى نىكاھىغا ئېلىش مەسىلىسىگە قارىتىلغانلىقىنى ئۇقتى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كۇفەگە قايتىپ باردى ۋە ئۆز ئۆيىگە كىرمەي تۇرۇپ، ھېلىقى پەتىۋا سورىغان كىشىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنى دەرھال ئايالىنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرىدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4190 - عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُتْبَةَ بْنِ مَسْعُودٍ عَنْ أَبِيهِ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ سُئِلَ عَنْ الْمَرْأَةِ وَابْنَتِهَا مِنْ مِلْكِ الْيَمِينِ تُوطَأُ إِحْدَاهُمَا بَعْدَ الْأُخْرَى فَقَالَ عُمَرُ مَا أُحِب أَنْ أَخْبُرَهُمَا جَمِيعًا وَنَهَى عَنْ ذَلِكَ.

4190 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبە ئىبنى مەسئۇد دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ بىر ئادەمنىڭ ئىلكىدىكى ئانا ـ قىز دېدەكنىڭ بىرى بىلەن جىما قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنە بىرى بىلەن جىما قىلىشقا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ مەن ئۇنداق قىلىشنى توغرا تاپمايمەن، ـ دېدى ۋە ئۇنداق قىلىشنى چەكلىدى.

(مالىك: 1143)

4191 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ وَهَبَ لِابْنِهِ جَارِيَةً فَقَالَ لَا تَمَسهَا فَإِني قَدْ كَشَفْتُهَا.

4191 ـ مالىكقا يېتىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئوغلىغا بىر دېدەكنى بېرىپ: بۇنىڭغا يېقىن كەلمە، چۈنكى مەن ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغان، ـ دېگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4192 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ إِذَا زَنَى بِأُخْتِ امْرَأَتِهِ لَمْ تَحْرُمْ عَلَيْهِ امْرَأَتُهُ.

4192 ـ ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھـۇ ئەنھۇمـا مۇنـداق دېـگەن: بىـراۋ خوتۇنىنىڭ ھەمشىرىسى بىلەن زىنا قىلىپ سالسا، خوتۇنى ئۇنىڭغا ھارام بولۇپ كەتمەيدۇ.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4193 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ لَا يُحَرِّمُ الْحَرَامُ الْحَلَالَ.

4193 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھارام (يەنى خوتۇنىنىڭ ھەمشىرىسى) بىلەن زىنا قىلىش ھالالنى (يەنى خوتۇنىنى ئۇنىڭغا) ھارام قىلمايدۇ»[1].

(ئىبنى ماجە: 2015)

4194 - عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَّ اللَّهَ حَرَّمَ مِنْ الرَّضَاعِ مَا حَرَّمَ مِنْ النَّسَبِ.

4194 ـ ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، الله نەسەب مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆيلىنىشنى ھارام قىلغان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئەينىنى ئېمىلداشلىق مۇناسىۋىتى بىلەنمۇ ھارام قىلدى»[2].

(تىرمىزى: 1146)

[1] ئەلبانى (439): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (915): سەھىھ ـ دېگەن.

4195 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ إِن أَفْلَحَ أَخَا أَبِي الْقُعَيْسِ اسْتَأْذَنَ عَلَي بَعْدَ مَا نَزَلَ الْحِجَابُ فَقُلْتُ وَاللهِ لَا آذَنُ لَهُ حَتى أَسْتَأْذِنَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَإِن أَخَا أَبِي الْقُعَيْسِ لَيْسَ هُوَ أَرْضَعَنِي وَلَكِنْ أَرْضَعَتْنِي امْرَأَةُ أَبِي الْقُعَيْسِ فَدَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِن الرجُلَ لَيْسَ هُوَ أَرْضَعَنِي وَلَكِنْ أَرْضَعَتْنِي امْرَأَتُهُ قَالَ ائْذَنِي لَهُ فَإِنهُ عَمكِ تَرِبَتْ يَمِينُكِ.

4195 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇلقۇئەيسنىڭ قېرىندىشى ئەفلەھ مېنىڭ يېنىمغا كىرىشكە ئىجازەت سورىدى، (ئۇ چاغدا) ھىجاب توغرىسىدىكى ئايەت نازىل قىلىنىپ بولغانىدى. مەن:

— پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇخسەت سورىمىغىچە ئىجازەت بېرەلمەيمەن، چۈنكى مېنى ئەبۇلقۇئەيسنىڭ قېرىندىشى ئەمەس، بەلكى ئەبۇلقۇئەيسنىڭ ئايالى ئېمىتتى، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ يېنىمغا كىرگەندە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنى ئېرى ئېمىتمىگەن، بەلكى خوتۇنى ئېمىتكەن تۇرسا؟! ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇ نېمە گەپ؟ ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرگىن، ئۇ سېنىڭ (سۈت) تاغاڭ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى.

(بۇخارى: 6156)

4196 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا لَكَ تَنوقُ فِي قُرَيْشٍ وَتَدَعُنَا قَالَ وَعِنْدَكَ أَحَدٌ قُلْتُ نَعَمْ بِنْتُ حَمْزَةَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِنهَا لَا تَحِل لِي إِنهَا ابْنَةُ أَخِي مِنْ الرضَاعَةِ.

4196 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! سەن نېمە ئۈچۈن بىزنى (يەنى بەنى ھاشىم جەمەتىنى) قويۇپ، قۇرەيشلەردىنلا ئۆيلىنىسەن؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سېنىڭ ماڭا مۇناسىپ بىرەر كىشىڭ بارمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ھەمزەنىڭ قىزى بارغۇ؟ ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ ماڭا ھالال بولمايدۇ، ئۇ دېگەن ئېمىلداش قېرىندىشىمنىڭ قىزى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3304)

4197 - عَنْ أُم حَبِيبَةَ قَالَتْ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ انْكِحْ أُخْتِي بِنْتَ أَبِي سُفْيَانَ قَالَ وَتُحِبِينَ قُلْتُ نَعَمْ لَسْتُ لَكَ بِمُخْلِيَةٍ وَأَحَب مَنْ شَارَكَنِي فِي خَيْرٍ أُخْتِي فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن ذَلِكِ لَا يَحِل لِي قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فَوَاللهِ إِنا لَنَتَحَدثُ أَنكَ تُرِيدُ أَنْ تَنْكِحَ دُرةَ بِنْتَ أَبِي سَلَمَةَ قَالَ بِنْتَ أُم سَلَمَةَ فَقُلْتُ نَعَمْ قَالَ فَوَاللهِ لَوْ لَمْ تَكُنْ فِي حَجْرِي مَا حَلتْ لِي إِنهَا لَابْنَةُ أَخِي مِنْ الرضَاعَةِ أَرْضَعَتْنِي وَأَبَا سَلَمَةَ ثُوَيْبَةُ فَلَا تَعْرِضْنَ عَلَي بَنَاتِكُن وَلَا أَخَوَاتِكُن.

4197 ـ ئۇممۇ ھەبىبە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! قېرىندىشىمنى يەنى ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزىنى نىكاھىڭغا ئالغىن! ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى نىكاھىمغا ئېلىشىمنى راستىنلا خالامسەن؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ھەئە، مەن سېنىڭ يالغۇز ئايالىڭ ئەمەس (مەندىن باشقا ئاياللىرىڭمۇ بار)، شۇڭا (ساڭا ياتلىق بولۇشتىن ئىبارەت) بۇ ياخشى ئىشقا ھەمشىرەمنىڭمۇ شېرىك بولۇشىنى بەكمۇ خالايمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ ماڭا ھالال ئەمەس، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئارىمىزدا سېنىڭ ئەبۇ سەلەمەنىڭ قىزى دۇررەنى نىكاھىڭغا ئېلىش نىيىتىڭنىڭ بارلىقى ھەققىدە گەپ بولۇۋاتىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قىزىنىمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (3097): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئۇ قىزنى مېنىڭ تەربىيەمدىكى ئۆگەي قىزىم ئەمەس دەپ پەرەز قىلغاندىمۇ، ماڭا ھالال بولمايدۇ. چۈنكى ئۇ قىز مېنىڭ ئېمىلداش قېرىندىشىمنىڭ قىزى. (ئېنىكئانام) سۇۋەيبە (ئۇنىڭ دادىسى) ئەبۇ سەلەمە ئىككىمىزنى ئېمىتكەنىدى. ماڭا قىزلىرىڭلارنى، ھەمشىرەڭلارنى سايە قىلماڭلار! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5107)

4199 - عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ قَالَتْ عَائِشَةُ دَخَلَ عَلَي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعِنْدِي رَجُلٌ قَاعِدٌ فَاشْتَد ذَلِكَ عَلَيْهِ وَرَأَيْتُ الْغَضَبَ فِي وَجْهِهِ قَالَتْ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنهُ أَخِي مِنْ الرضَاعَةِ قَالَتْ فَقَالَ انْظُرْنَ إِخْوَتَكُن مِنْ الرضَاعَةِ فَإِنمَا الرضَاعَةُ مِنْ الْمَجَاعَةِ.

4199 ـ مەسرۇق ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى، يېنىمدا بىر ئەر كىشى ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھۇجرامغا كىرىپ كەلدى. بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا بەكمۇ ھار كەلگەچكە، ئاچچىقى يۈزىگە چىقىپ كەتكەنىدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ مېنىڭ ئېمىلدىشىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئېمىلداش قېرىنداشلىرىڭلارنىڭ كىملىكىگە دىققەت قىلىڭلار. چۈنكى ئېمىلداشلىق دېگەن ئاچلىق تۈپەيلىدىن (سۈت ئېمىش بىلەن) بولىدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1455)

4200 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْحَارِثِ أَن أُم الْفَضْلِ حَدثَتْ أَن نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُحَرمُ الرضْعَةُ أَوْ الرضْعَتَانِ أَوْ الْمَصةُ أَوْ الْمَصتَانِ.

4200 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ھارىس ئۇممۇ فەزل رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بالىنىڭ بىر قېتىم ياكى ئىككى قېتىم ئېمىشى (ئۆيلىنىشنى) ھارام قىلىدىغان ئېمىلداشلىققا سەۋەب بولالمايدۇ».

(مۇسلىم: 1451)

4201 - عَنْ عَائِشَةَ أَنَّهَا قَالَتْ كَانَ فِيمَا أُنْزِلَ مِنْ الْقُرْآنِ عَشْرُ رَضَعَاتٍ مَعْلُومَاتٍ يُحَرِّمْنَ ثُمَّ نُسِخْنَ بِخَمْسٍ مَعْلُومَاتٍ فَتُوُفِّيَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَهُنَّ فِيمَا يُقْرَأُ مِنْ الْقُرْآنِ.

4201 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: نازىل بولۇپ تۇرۇۋاتقان قۇرئان ئايەتلىرىدە: "ئايرىم ـ ئايرىم ئون قېتىم ئېمىش (ئۆيلىنىشنى) ھارام قىلىدىغان ئېمىلداشلىقتا سەۋەب بولىدۇ" دېگەن ئىبارە بار ئىدى، كېيىن بۇ ھۆكۈم: "بەش قېتىم ئېمىشمۇ ئېمىلداش قىلىدۇ" دېگەن ھۆكۈم بىلەن ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى. بۇ ئىبارىلەر (ئەمەلدىن قالدۇرۇلغانلىقىنى بىلمىگەن بىر قىسىم كىشىلەر تەرىپىدىن) قۇرئان ئايەتلىرى قاتارىدىن ئوقۇلۇۋاتقان ۋاقىتلاردا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولدى.

(مۇسلىم: 1452)

4202 ـ عن النخعي أن عليا وابن مسعود قالا: يحرم من الرضاع قليله وكثيره.

4202 ـ (ئىبراھىم) نەخەئى ئەلى ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالارنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان: سۈتنى مەيلى ئاز ياكى كۆپ ئەمگەن بولسۇن، ئېمىشنىڭ ئۆزىلا ئۆيلىنىشنى ھارام قىلىدىغان ئېمىلداشلىقتا سەۋەب بولىدۇ[①].

(«ئەلكەبىر»: 9698)

4203 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ جَاءَتْ سَهْلَةُ بِنْتُ سُهَيْلٍ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنِّي أَرَى فِي وَجْهِ أَبِي حُذَيْفَةَ مِنْ دُخُولِ سَالِمٍ وَهُوَ حَلِيفُهُ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَرْضِعِيهِ قَالَتْ وَكَيْفَ أُرْضِعُهُ وَهُوَ رَجُلٌ كَبِيرٌ فَتَبَسَّمَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَقَالَ قَدْ عَلِمْتُ أَنَّهُ رَجُلٌ كَبِيرٌ زَادَ عَمْرٌو فِي حَدِيثِهِ وَكَانَ قَدْ شَهِدَ بَدْرًا.

---

[①] ھەيسەمى (7361): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى مۇنقەتىئتۇر، ـ دېگەن.

4203 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: سەھلە بىنتى سۇھەيل پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ ئازادگەردىسى سالىمنىڭ يېنىمغا كىرىشىدىن ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ خاپا بولغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئۇنى ئېمىتىۋەت! ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ـ ئۇ دېگەن چوڭ ئادەم تۇرسا، مەن ئۇنى قانداق ئېمىتىمەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ سۆزىدىن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

ـ مەن ئۇنىڭ چوپچوڭ ئادەم ئىكەنلىكىنى ئوبدان بىلىمەن، ـ دېدى.

ئەمرىنىڭ رىۋايىتىدە: سالىم بەدر ئۇرۇشىغا قاتناشقان، ـ دېگەن ئىبارە قوشۇپ نەقىل قىلىنغان.

(مۇسلىم: 1453)

4204 - وفي رواية: أَرْضِعِيهِ تَحْرُمِي عَلَيْهِ وَيَذْهَبْ الذِي فِي نَفْسِ أَبِي حُذَيْفَةَ فَرَجَعَتْ فَقَالَتْ إني قَدْ أَرْضَعْتُهُ فَذَهَبَ الذِي فِي نَفْسِ أَبِي حُذَيْفَةَ.

4204 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «ئۇنى ئېمىتىۋەت، شۇنداق قىلساڭ، ئۇنىڭغا ھارام بولىسەن. ئەبۇ ھۇزەيفەدىكى خاپىلىقمۇ يوقايدۇ» دېدى. ئۇ ئايال كېيىن يەنە كەلدى ۋە: مەن ئۇنى ئېمىتىۋەتتىم، ئەبۇ ھۇزەيفەنىڭ خاپىلىقىمۇ يوقالدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1453)

4205 – وفي أخرى: فَبِذَلِكَ كَانَتْ عَائِشَةُ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا تَأْمُرُ بَنَاتِ أَخَوَاتِهَا وَبَنَاتِ إِخْوَتِهَا أَنْ يُرْضِعْنَ مَنْ أَحبتْ عَائِشَةُ أَنْ يَرَاهَا وَيَدْخُلَ عَلَيْهَا وَإِنْ كَانَ كَبِيرًا خَمْسَ رَضَعَاتٍ ثُم يَدْخُلُ عَلَيْهَا وَأَبتْ أُم سَلَمَةَ وَسَائِرُ أَزْوَاجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُدْخِلْنَ عَلَيْهن بِتِلْكَ الرضَاعَةِ أَحَدًا مِنْ الناسِ حَتى يَرْضَعَ فِي الْمَهْدِ وَقُلْنَ لِعَائِشَةَ وَاللهِ مَا نَدْرِي لَعَلهَا كَانَتْ رُخْصَةً مِنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِسَالِمٍ دُونَ الناسِ.

4205 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئۆزىنىڭ) ھەمشىرىلىرى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ قىزلىرىغا ئۆزىنى (ھەزرىتى ئائىشەنى) كۆرمەكچى ياكى يېنىغا كىرمەكچى بولغان ئەرلەردىن ئۆزى خالىغانلىرىنى (گەرچە ئۇلار چوڭ ئادەم بولسىمۇ) بەش قېتىم ئېمىتتۈرۈپ، ئاندىن كىرگۈزۈشنى تاپىلايتتى. ئەرلەر شۇندىلا ئۇنىڭ يېنىغا كىرەلەيتتى. ئەمما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇممۇ سەلەمە قاتارلىق باشقا ئاياللىرى بۇنى رەت قىلىپ، بۆشۈكتىكى چاغدىلا ئېمىلداش بولمىغان ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇنداق ئېمىلداشلىق بىلەن ئۆزلىرىنىڭ يېنىغا (مەھرەمسىز) كىرىشىگە قارشى چىقتى. ئۇلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز بىلمەيمىز. بەلكى ئۇ ۋەقەلىك پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ پەقەت سالىم ئۈچۈنلا بەرگەن ئالاھىدە رۇخسىتى بولۇشى مۇمكىن، ـ دېيىشتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2061)

4206 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَقَدْ نَزَلَتْ آيَةُ الرجْمِ وَرَضَاعَةُ الْكَبِيرِ عَشْرًا وَلَقَدْ كَانَ فِي صَحِيفَةٍ تَحْتَ سَرِيرِي فَلَما مَاتَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَتَشَاغَلْنَا بِمَوْتِهِ دَخَلَ دَاجِنٌ فَأَكَلَهَا.

4206 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: رەجىم قىلىش ۋە چوڭ ئادەمنى ئون قېتىم ئېمىتىش ھەققىدىكى ئايەتلەر يېزىلغان ۋاراقچە كارىۋىتىمنىڭ ئاستىدا ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندا، دەپنە ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۇ ۋاراقچىنى ئۇنتۇپ قاپتۇق. شۇ ئارىدا، بىر قوي كىرىپ، ئۇ ۋاراقچىنى يەپ كېتىپتۇ[2].

(ئىبنى ماجە: 1944)

[1] ئەلبانى (1815): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1580): ھەسەن، ـ دېگەن.

4207 - عَنْ أُمِّ سَلَمَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا يُحَرِّمُ مِنَ الرَّضَاعَةِ إِلَّا مَا فَتَقَ الْأَمْعَاءَ فِي الثَّدْيِ وَكَانَ قَبْلَ الْفِطَامِ.

4207 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«(ئۆيلىنىشنى) ھارام قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان ئېمىلداشلىق پەقەت ئەمچەكتىن ئايرىلىشتىن بۇرۇن قورساققا تاماقنىڭ ئورنىدا كىرگەن سۈت بىلەن بولىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1152)

4208 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ الْحَارِثِ أَنَّهُ تَزَوَّجَ ابْنَةً لِأَبِي إِهَابِ بْنِ عَزِيزٍ فَأَتَتْهُ امْرَأَةٌ فَقَالَتْ قَدْ أَرْضَعْتُ عُقْبَةَ وَالَّتِي تَزَوَّجَ فَقَالَ لَهَا عُقْبَةُ مَا أَعْلَمُ أَنَّكِ أَرْضَعْتِنِي وَلَا أَخْبَرْتِنِي فَأَرْسَلَ إِلَى آلِ أَبِي إِهَابٍ يَسْأَلُهُمْ فَقَالُوا مَا عَلِمْنَا أَرْضَعَتْ صَاحِبَتَنَا فَرَكِبَ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِالْمَدِينَةِ فَسَأَلَهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَيْفَ وَقَدْ قِيلَ فَفَارَقَهَا وَنَكَحَتْ زَوْجًا غَيْرَهُ.

4208 ـ ئۇقبە ئىبنى ھارىستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ ئەبۇ ئىھاب ئىبنى ئەزىزنىڭ بىر قىزىغا ئۆيلەنگەن ئىدى. بىر كۈنى، بىر ئايال كېلىپ:

ـ مەن ئۇقبە بىلەن ئايالىنى ئېمىتكەنىدىم، ـ دېدى. ئۇقبە:

ـــ مەن سېنىڭ مېنى ئېمىتكەنلىكىڭنى بىلمەيمەن ھەم سەن مېنى ئېمىتكەنلىكىڭنى بۇرۇن ئېيتمىغانىدىڭ، ـ دېدى ۋە ئەبۇ ئىھاب ئائىلىسىگە ئادەم ئەۋەتىپ، بۇ مەسىلىنى سورىغانىدى، ئۇلارمۇ:

ـــ بىز ئۇ ئايالنىڭ قىزىمىزنى ئېمىتكەنلىكىنى بىلمەيمىز، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇقبە ئۇلاغقا مىنىپ، مەدىنىگە كەلدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇ مەسىلە ھەققىدە سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ئەلبانى (921): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئېمىلداش ئىكەنلىكىڭ توغرىسىدا سۆز بولۇنغان تۇرسا، ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ياشاۋاتىسەن؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايالىنى قويۇپ بەردى. ئايالىمۇ باشقا ئەرگە ياتلىق بولدى.

(بۇخارى: 2640)

4209 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَنَّهُ سُئِلَ عَنْ رَجُلٍ لَهُ جَارِيَتَان أَرْضَعَتْ إِحْدَاهُمَا جَارِيَـةً وَالْأُخْرَى غُلَامًا أَيحِلُّ لِلْغُلَامِ أَنْ يَتَزَوجَ بِالْجَارِيَةِ فَقَالَ لَا اللقَاحُ وَاحِدٌ.

4209 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ بىر كىشىنىڭ ئىككى دېدىكىدىن بىرى بىر قىزنى، يەنە بىرى بىر ئوغۇلنى ئېمىتىپتۇ. ئۇ قىز بىلەن ئوغۇل ئۆيلەنسە بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئىبنى ئابباس:

ـ بولمايدۇ، چۈنكى (ھەر ئىككى دېدەكنى ھامىلدار قىلغان) ئۇرۇق (مەنىي) بىر، ـ دېدى[①].

(تىرمىزى: 1149)

4210 - عَنْ حَجاجِ بْنِ حَجاجٍ الْأَسْلَمِي عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ سَأَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ مَا يُذْهِبُ عَني مَذَمةَ الرضَاعِ فَقَالَ غُرةٌ عَبْدٌ أَوْ أَمَةٌ.

4210 ـ ھەججاج ئىبنى ھەججاج ئەسلەمى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئېمىكئانىنىڭ ھەققىنى قانداق قىلسام، تولۇق ئادا قىلالايمەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئاق تەنلىك بىر قۇل ياكى بىر دېدەك بەرسەڭ بولىدۇ، ـ دېدى[②].

(تىرمىزى: 1153)

---

[①] ئەلبانى (918): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (196): زەئىپ، ـ دېگەن.

4211 - عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "لا تَسْتَرْضِعُوا الْوَرْهَاءَ"، قَالَ الأَصْمَعِي: سَمِعْتُ يُونُسَ بْنَ حَبِيبٍ، يَقُولُ: الْوَرْهَاءُ: الْحَمْقَاءُ.

4211 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كالۋا، ھاماقەت خوتۇنلارغا بالىلىرىڭلارنى ئېمىتىشكە بەرمەڭلار!»[1]

(«ئەلسەغىر»: 137)

4212 - رواه البزار إلا أنه قال: لا تسترضعوا الحمقاء فان اللبن يورث.

4212 ـ بەززارنىڭ رىۋايىتىدە: «كالۋا، ھاماقەت خوتۇنلارغا بالىلىرىڭلارنى ئېمىتىشكە بەرمەڭلار، چۈنكى سۈت ئېرسىيەتكە تەسىر كۆرسىتىدۇ» دېيىلگەن[2].

4213 – عن أبي هُرَيْرَةَ قال: نَهَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تُنكَحَ الْمَرْأَةُ عَلَى عَمتِهَا وَالْمَرْأَةُ وَخَالَتِهَا. فُنَرَى خَالَةَ أَبِيهَا بِتِلْكَ الْمَنْزِلَةِ.

4213 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئايالنى ئۇنىڭ ھامما ئاچىسى (دادىسىنىڭ ھەمشىرىسى)نىڭ ئۈستىگە نىكاھلاپ ئېلىشتىن ياكى بىر ئايالنى ئۇنىڭ ھامما ئاچىسى بىلەن بىر نىكاھتا تۇتۇشتىن چەكلىدى.

(راۋىيلاردىن) زۇھەرى مۇنداق دەيدۇ: بىز شۇ ئايالنىڭ دادىسىنىڭ ھامما ئاچىسىنىمۇ يۇقىرىقى چەكلىمىنىڭ ئىچىدە دەپ قارايمىز.

(بۇخارى: 5111)

4214 - عَنْ الضحاكِ بْنِ فَيْرُوزَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِنِي أَسْلَمْتُ وَتَحْتِي أُخْتَان قَالَ طَلقْ أَيتَهُمَا شِئْتَ.

---

[1] ھەيسەمى (7372): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7372): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدى زەئىپتۇر، ـ دېگەن.

4214 ـ زەھھاك ئىبنى فەيرۇز دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئىمان ئېيتتىم. مېنىڭ ئاچا ـ سىڭىل ئىككى ئايالىم بار (بۇنىڭ ھۆكمى قانداق)، ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىككىسىدىن ئۆزەڭ خالىغان بىرىنى تالاق قىلغىن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2243)

4215 - عَنْ قَبِيصَةَ بنِ ذُؤَيْبٍ أن رَجُلًا سَأَلَ عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ عَنْ الْأُخْتَيْنِ مِنْ مِلْكِ الْيَمِينِ هَلْ يُجْمَعُ بَيْنَهُمَا فَقَالَ عُثْمَانُ أَحَلَّتْهُمَا آيَةٌ وَحَرَّمَتْهُمَا آيَةٌ فَأَما أَنا فَلَا أُحِب أَنْ أَصْنَعَ ذَلِكَ قَالَ فَخَرَجَ مِنْ عِنْدِهِ فَلَقِيَ رَجُلًا مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَأَلَهُ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ لَوْ كَانَ لِي مِنْ الْأَمْرِ شَيْءٌ ثُم وَجَدْتُ أَحَدًا فَعَلَ ذَلِكَ لَجَعَلْتُهُ نَكَالًا قَالَ ابْنُ شِهَابٍ أُرَاهُ عَلِيَّ بْنَ أَبِي طَالِبٍ.

4215 ـ قەبىسە ئىبنى زۇئەيبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن ئىلكىدىكى ئاچا ـ سىڭىل ئىككى دېدەكنىڭ ھەر ئىككىلىسى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقى ھەققىدە سورىغانىدى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بىر ئايەت ئۇ ئىشنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ، يەنە بىر ئايەت ھارام ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. ئەمما مەن بۇنداق ئىشنى ياخشى كۆرمەيمەن، ـ دېدى. ئۇ كىشى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدىن قايتىپ چىقىۋېتىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشىگە يولۇقۇپ قېلىپ، ئۇنىڭدىن سورىغانىدى، ئۇ:

[1] ئەلبانى (1926): ھەسەن، ـ دېگەن.

ـ ئىش مېنىڭ قولۇمدا بولۇپ (يەنى مەن خەلىپە بولۇپ)، بۇ ئىشنى قىلغان بىرەر كىشىنى ئۇچرىتىپ قالغان بولسام، ئۇنى باشقىلارغا ئىبرەت بولغۇدەك دەرىجىدە جازالىغان بولاتتىم، ـ دېدى.

ئىبنى شىھاب: ئۇنىڭغا يولۇققان ساھابە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلايمەن، ـ دەيدۇ.

(مالىك: 1144)

4216 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن غَيْلَانَ بْنَ سَلَمَةَ الثقَفِي أَسْلَمَ وَلَهُ عَشْرُ نِسْوَةٍ فِي الْجَاهِلِيةِ فَأَسْلَمْنَ مَعَهُ فَأَمَرَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يَتَخَيرَ أَرْبَعًا مِنْهُن.

4216 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: غەيلان ئىبنى سەلەمە سەقەفى ئىمان ئېيتقان چاغدا، (جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆيلەنگەن) ئون خوتۇنى بار ئىدى، ئۇنىڭ ئىمان ئېيتىشى بىلەن خوتۇنلىرىمۇ مۇسۇلمان بولدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئون خوتۇنىدىن تۆتنى تاللىۋېلىپ، قالغانلىرىنى قويۇپ بېرىشكە بۇيرىدى[1].

(تىرمىزى: 1128)

4217 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا جَاءَتْ امْرَأَةُ رِفَاعَةَ الْقُرَظِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ كُنتُ عِنْدَ رِفَاعَةَ فَطَلقَنِي فَأَبت طَلَاقِي فَتَزَوجْتُ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ الزبِيرِ إِنمَا مَعَهُ مِثْلُ هُدْبَةِ الثوْبِ فَقَالَ أَتُرِيدِينَ أَنْ تَرْجِعِي إِلَى رِفَاعَةَ لَا حَتى تَذُوقِي عُسَيْلَتَهُ وَيَذُوقَ عُسَيْلَتَكِ.

4217 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رىفائە قۇرەزىنىڭ ئايالى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن رىفائەنىڭ ئايالى ئىدىم، ئۇ مېنى تالاق قىلىۋەتتى، تالاقنى يېنىۋېلىشقا ھېچ يول يوق تەرىقىدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇراھمان

[1] ئەلبانى (901): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىبنى زۇبەيرگە تەگدىم، لېكىن ئۇنىڭ بىر نېمىسى (جىنسىي ئەزاسى) كىيىمنىڭ پېشىدەكلا ئىكەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— سەن رىفائە بىلەن يېنىشىۋالسام دېمەكچىمۇ؟ ياق، سەن بۇ ئېرىڭنىڭكىنى، ئېرىڭمۇ سېنىڭكىنى تېتىمىغۇچە رىفائە بىلەن يېنىشىشقا يول يوق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2639)

4218 – وزاد في رواية: وَعِنْدَهُ أَبُو بَكْرٍ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنِّي كُنْتُ تَحْتَ رِفَاعَةَ فَطَلَّقَنِي فَبَتَّ طَلَاقِي فَتَزَوَّجْتُ بَعْدَهُ عَبْدَ الرَّحْمَنِ بْنَ الزَّبِيرِ وَإِنَّهُ وَاللَّهِ مَا مَعَهُ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِلَّا مِثْلُ هَذِهِ الْهُدْبَةِ وَأَخَذَتْ هُدْبَةً مِنْ جِلْبَابِهَا فَسَمِعَ خَالِدُ بْنُ سَعِيدٍ قَوْلَهَا وَهُوَ بِالْبَابِ لَمْ يُؤْذَنْ لَهُ قَالَتْ فَقَالَ خَالِدٌ يَا أَبَا بَكْرٍ أَلَا تَنْهَى هَذِهِ عَمَّا تَجْهَرُ بِهِ عِنْدَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَلَا وَاللَّهِ مَا يَزِيدُ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى التَّبَسُّمِ.

4218 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بار ئىدى، ئۇ ئايال:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن رىفائەنىڭ ئايالى ئىدىم، ئۇ مېنى تالاق قىلىۋەتتى، تالاقنى يېنىشىشقا بولمايدىغان تەرىقىدە قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەيرگە تەگدىم، لېكىن ئۇنىڭ بىر نېمىسى (جىنسىي ئەزاسى) كىيىمنىڭ پېشىدەكلا ئىكەن، ـ دەپ پۈركەنجىسىنىڭ پېشىنى تۇتۇپ كۆرسەتتى. دەرۋازا تۈۋىدە كىرىشكە ئىجازەت ساقلاپ تۇرىۋاتقان خالىد ئىبنى سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ:

— ھەي ئەبۇ بەكرى! بۇ ئايالنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا بۇنداق سەت گەپلەرنى قىلىشتىن توساڭ

بولمامدۇ؟! ـــ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدى.

(بۇخارى: 5792)

4219 - عَنْ عِكْرِمَةَ أن رِفَاعَةَ طَلقَ امْرَأتُه فَتَزوجَهَا عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ الزبيرِ الْقُرَظِي قَالَتْ عَائِشَةُ وَعَلَيْهَا خِمَارٌ أخْضَرُ فَشَكَتْ إِلَيْهَا وَأرَتْهَا خُضْرَةً بِجِلْدِهَا فَلَما جَاءَ رَسُـولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالنسَاءُ يَنْصُرُ بَعْضُهن بَعْضًا قَالَتْ عَائِشَةُ مَا رَأيْتُ مِثْلَ مَا يَلْقَى الْمُؤْمِنَاتُ لَجِلْدُهَا أشَد خُضْرَةً مِنْ ثَوْبِهَا قَالَ وَسَمِعَ أنهَا قَدْ أتَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَاءَ وَمَعَهُ ابْنَانِ لَهُ مِنْ غَيْرِهَا قَالَتْ وَاللهِ مَا لِي إِلَيْهِ مِنْ ذَنْبٍ إلا أن مَا مَعَـهُ لَيْسَ بِأغْنَى عَني مِنْ هَذِهِ وَأخَذَتْ هُدْبَةً مِنْ ثَوْبِهَا فَقَالَ كَذَبَتْ وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ إنـي لَأنفُضُهَا نَفْR الْأدِC وَلَكِنهَا نَاشِزٌ تُرِيدُ رِفَاعَةَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَـإِنْ كَانَ ذَلِكِ لَمْ تَحِلي لَهُ أوْ لَمْ تَصْلُحِي لَهُ حَتى يَذُوقَ مِنْ عُسَيْلَتِكِ قَالَ وَأبْصَرَ مَعَهُ ابْنَيْنِ لَهُ فَقَالَ بَنُوكَ هَؤُلَاءِ قَالَ نَعَمْ قَالَ هَذَا الذِي تَزْعُمِينَ مَا تَزْعُمِينَ فَوَاللهِ لَهُمْ أشْبَهُ بِهِ مِنْ الْغُرَابِ بِالْغُرَابِ.

4219 ـ ئىكرىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رىفائە ئايالىنى تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى ئابدۇراھمان ئىبنى زۇبەير قۇرەزى ئالدى. ئۇ ئايال ئۈستىگە يېشىل رەڭلىك رومال ئارتقان ھالدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قېشىغا كېلىپ، شىكايەت قىلدى ۋە بەدىنىنىڭ (تاياقتىن) كۆكىرىپ كەتكەن يەرلىرىنى كۆرسەتتى. ئاياللار بىر ـ بىرىگە ئەرز ـ ھال ئېيتىشىپ تۇرغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىرىپ كەلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـــ مەن مۇئمىن ئاياللاردەك ئېغىر دەرت تارتقانلارنى كۆرمىدىم. بەدىنىنىڭ رەڭگى ئۈستىدىكى كىيىمىدىن پەرقسىز بولۇپ كېتىپتۇ، ـ دېدى. ئايالىنىڭ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ باشقا خوتۇندىن بولغان ئىككى ئوغلىنى يېتىلىگەن پېتى يېتىپ كەلدى. ئۇ ئايال:

ــ مېنىڭ بۇنىڭ ئالدىدا ئۇتكۇزگەن ھېچبىر گۇناھىم يوق. ئەمما بۇنىڭ بىر نىمىسى (يەنى جىنسىي ئەزاسى) ماڭا نىسبەتەن بۇنىڭدىن ھېچ پەرقى يوق، - دەپ كىيىمىنىڭ پېشىنى كۆرسەتتى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ خوتۇن يالغان ئېيتىۋاتىدۇ، اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن بۇ خوتۇننى ئاشلانغان تېرىنى قاققاندەك قېقىۋېتەلەيمەن، بىراق بۇ خوتۇن ئىلگىرىكى ئېرى رىفائە بىلەن يېنىشماقچى، شۇڭا مەن بىللە بولۇشتىن ئۆزىنى قاچۇرىۋاتىدۇ، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەگەر ئەھۋال شۇنداق بولسا، بۇ ئېرىڭ سەن بىلەن جىما قىلىپ، لەززىتىڭنى تېتىمىغىچە، سەن بۇرۇنقى ئېرىڭگە ھالال بولمايسەن (ياكى بۇرۇنقى ئېرىڭگە يېنىۋېلىشىڭغا يول يوق)، - دېدى. ئاندىن ئابدۇراھمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن كەلگەن ئىككى ئوغلىنى كۆرۈپ:

ــ بۇلار سېنىڭ ئوغۇللىرىڭمۇ؟ - دەپ سورىدى. ئۇ:

ــ ھەئە، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ خوتۇنغا:

ــ تۆھمەت قىلىپ كەلگەن ئىشىڭغا قارىغىن! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ بالىلار دادىسىغا خۇددى قاغا قاغىغا ئوخشىغاندەكلا ئوخشايدىكەن، - دېدى.

(بۇخارى: 1140)

4220 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَنَّهُ كَانَ يَقُولُ فِي الرَّجُلِ يُطَلِّقُ الْأَمَةَ ثَلَاثًا ثُمَّ يَشْتَرِيهَا إِنَّهَا لَا تَحِلُّ لَهُ حَتَّى تَنْكِحَ زَوْجًا غَيْرَهُ.

4220 - زەيد ئىبنى سابىت بىرىنىڭ دېدىكىنى ئېلىپ، ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇنى سېتىۋالغان كىشىنىڭ ھۆكمى ھەققىدە: بۇ دېدەك شۇ كىشىدىن باشقا بىر ئەرگە تەگمىگىچە، ئۇ كىشىگە ھالال بولمايدۇ، - دەيتتى.

(مالىك: 1140)

4221 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ إِيَاسٍ أن ابْنَ عَباسٍ وَأَبا هُرَيْرَةَ وَعَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْـرِو بْـنِ الْعَا اَ ـِ سُئِلُوا عَنْ الْبِكْرِ يُطَلقُهَا زَوْجُهَا ثَلَاثًا فَكُلهُمْ قَالُوا لَا تَحِلُ لَهُ حَتى تَنْكِحَ زَوْجًا غَيْرَهُ.

4221 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئىياستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئاببـاس، ئەبۇ ھـۇرەيرە ۋە ئەمـر ئىبنـى ئـاس قاتارلىق ساھابىلەر: بىر كىشى قىز ئالغان خوتۇنىنى (يېقىنچىلىق قىلماي تۇرۇپ) ئـۈچ تـالاق قىلىۋەتسە، ئۇ ئايال باشقا بىر ئەرگە تەگمىگىچە، ئۇ كىشىگە ھالال بولمايدۇ، ـ دەپ پەتىۋا بېرەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2198)

4222 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ مَسْعُودٍ قَالَ لَعَنَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمُحِل وَالْمُحَللَ لَهُ.

4222 ـ ئابدۇللاھ ئىبنـى مەسئۇد رەزىيەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئـۈچ تالاق قىلىنغان خوتـۇننى) ھالاللاپ بەرگـۈچىگە ۋە ھالاللاتقۇچىغا لەنەت ئوقۇغان[2].

(تىرمىزى: 1120)

4223 - عَنْ ابن شِهَابٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَامِرٍ أَهْدَى لِعُثْمَانَ بْنِ عَفانَ جَارِيَةً وَلَهَا زَوْجٌ ابْتاعَهَا بِالْبَصْرَةِ فَقَالَ عُثْمَانُ لَا أَقْرَبُهَا حَتى يُفَارِقَهَا زَوْجُهَا فَأَرْضَى ابْنُ عَامِرٍ زَوْجَهَا فَفَارَقَهَا.

4223 ـ ئىبنـى شـىھاب مۇنـداق دەيـدۇ: ئابـدۇللاھ ئىبنـى ئـامىر بەسرەدىن سېتىۋالغان ئېرى بار بىر دېدەكنى ئۇسمان ئىبنـى ئەففانغا سوۋغا قىلغانىدى، ئۇسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

---

[1] ئەلبانى (1924): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (893): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ ئېرى ئۇنى قويۇپ بەرمىگىچە، مەن ئۇنىڭغا يېقىن كەلمەيمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى ئامىر ئۇنىڭ ئېرىنى رازى قىلغاندى، ئېرى ئۇ دېدەكنى تالاق قىلىۋەتتى.

(مالىك: 1300)

4224 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ كَانَ يَقُولُ لَا يَطَأُ الرجُلُ وَلِيدَةً إِلا وَلِيدَةً إِنْ شَاءَ بَاعَهَا وَإِنْ شَاءَ وَهَبَهَا وَإِنْ شَاءَ أَمْسَكَهَا وَإِنْ شَاءَ صَنَعَ بِهَا مَا شَاءَ.

4224 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: بىرەرسى دېدىكى بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزمەكچى بولسا، ئۇ دېدەككە خالىسا ئۇنى ساتالايدىغان، خالىسا باشقىلارغا سوۋغا قىلىۋېتەلەيدىغان، خالىسا ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرالايدىغان، يەنى نېمە قىلاي دېسە، شۇنى قىلالىغۇدەك دەرىجىدە تولۇق ئىگىدارچىلىق قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك.

(مالىك: 1299)

4225 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَباسٍ وَعَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ سُئِلَا عَنْ رَجُلٍ كَانَتْ تَحْتَهُ امْرَأَةٌ حُرةٌ فَأَرَادَ أَنْ يَنْكِحَ عَلَيْهَا أَمَةً فَكَرِهَا أَنْ يَجْمَعَ بَيْنَهُمَا.

4225 ـ مالىكقا يېتىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمالاردىن ھۆر ئايالى بار بىر كىشىنىڭ (ھۆر ئايالىنىڭ ئۈستىگە) دېدەك ئايالدىن بىرنى ئېلىشى توغرىسىدا سوئال سورالغاندا، ھەر ئىككىلىسى ھۆر ئايال بىلەن دېدەكنى تەڭ ئورۇنغا قويۇشنى توغرا كۆرمىگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4226 - عَنْ نَافِعٍ أَن ابْنَ عُمَرَ كَانَ إِذَا سُئِلَ عَنْ نِكَاحِ النصْرَانِيةِ وَالْيَهُودِيةِ قَالَ إِن اللهَ حَرمَ الْمُشْرِكَاتِ عَلَى الْمُؤْمِنِينَ وَلَا أَعْلَمُ مِنْ الْإِشْرَاكِ شَيْئًا أَكْبَرَ مِنْ أَنْ تَقُولَ الْمَرْأَةُ رَبهَا عِيسَى وَهُوَ عَبْدٌ مِنْ عِبَادِ اللهِ.

4226 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن خىرىستىئان ۋە يەھۇدىي ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىش ھەققىدە سوئال سورىلىۋىدى، ئۇ:

ـ اللہ مۇئمىنلەرگە مۇشرىك ئاياللار بىلەن توي قىلىشنى ھارام قىلدى. مەن بىر ئايالنىڭ اللہنىڭ بەندىلىرىدىن بىرى بولغان ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى: ”مېنىڭ ئىلاھىم“ دەپ ئاتىشىدىنمۇ چوڭراق مۇشرىكلىكنى بىلمەيمەن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5285)

4227 - عَنِ ٱبنِ عَباسٍ، قَالَ: نَزَلَتْ هَذِهِ الآيَةُ: ”وَلاَ تَنكِحُوا الْمُشْرِكَاتِ حَتـى يُؤْمِن“، فَحَجَزَ الناسُ عَنْهُن حَتى نَزَلَتِ الِتي بَعْدَهَا ”الْيَوْمَ أُحِل لَكُمُ الطيبَـاتُ وَطَعَـامُ الذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ حِلٌّ لَكُمْ وَطَعَامُكُمْ حِلٌّ لَهُمْ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الْمُؤْمِنَاتِ وَالْمُحْصَنَاتُ مِنَ الذِينَ أُوتُوا الْكِتَابَ“، فَنَكَحَ الناسُ نِسَاءَ أَهْلِ الْكِتَابِ.

4227 ـ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ﴿مۇشرىك ئاياللار ئىمان ئېيتمىغىچە، ئۇلارنى نىكاھىڭلارغا ئالماڭلار﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر مۇشرىك ئاياللار بىلەن ئۆيلىنىشتىن توختىدى. ئاندىن: ﴿بۈگۈن سىلەرگە پاك نەرسىلەر ھالال قىلىندى، كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)نىڭ تامىقى سىلەرگە ھالالدۇر ۋە سىلەرنىڭ تامىقىڭلار ئۇلارغا ھالالدۇر، مۇئمىنلەردىن بولغان ئەففە ئاياللار، سىلەردىن ئىلگىرى كىتاب بېرىلگەنلەر (يەنى يەھۇدىيلار ۋە ناسارالار)دىن بولغان ئەففە ئاياللار سىلەرگە ھالالدۇر﴾[2] دېگەن ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن، كىشىلەر يەنە يەھۇدىي ۋە خىرىستىئان ئاياللارنى نىكاھىغا ئېلىشقا باشلىدى[3].

(«ئەلكەبىر»: 12607)

---

[1] سۈرە بەقەرە، 221 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] سۈرە مائىدە، 5 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[3] ھەيسەمى (7444): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

## مۇتئە (ۋاقىتلىق نىكاھ)، قىز تېگىشىش، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نىكاھ شەكلى، نىكاھنى بۇزىدىغان ۋە بۇزمايدىغان ئامىللار

4228 - عَنْ قَيْسٍ قَالَ قَالَ عَبْدُ اللهِ كُنَّا نَغْزُو مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَلَيْسَ لَنَا شَيْءٌ فَقُلْنَا أَلَا نَسْتَخْصِي فَنَهَانَا عَنْ ذَلِكَ ثُمَّ رَخَّصَ لَنَا أَنْ نَنْكِحَ الْمَرْأَةَ بِالثَّوْبِ ثُمَّ قَرَأَ عَلَيْنَا يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا لَا تُحَرِّمُوا طَيِّبَاتِ مَا أَحَلَّ اللهُ لَكُمْ وَلَا تَعْتَدُوا إِنَّ اللهَ لَا يُحِبُّ الْمُعْتَدِينَ.

4228 ـ قەيستىن ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن غازاتقا چىقاتتۇق، ئەمما ئاياللىرىمىز (بىز بىلەن) چىقمايتتى. ”ئۆزىمىزنى ئاختا قىلىۋېتەيلى“ دەپ ئويلاشقانىدۇق، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى، ئاندىن بىزگە بىر قۇر كىيىم بەدىلىگە ئاياللار بىلەن (ۋاقىتلىق) نىكاھ قىلىشقا رۇخسەت قىلدى ۋە مۇنۇ ئايەتنى ئوقۇدى: ﴿ئى مۇئمىنلەر! اللە سىلەرگە ھالال قىلغان پاك نەرسىلەرنى (تەركى دۇنيا بولۇش يۈزىسىدىن ئۆزەڭلارغا) ھارام قىلماڭلار. (اللە بەلگىلەپ بەرگەن) چەكتىن ئاشماڭلار، اللە چەكتىن ئاشقۇچىلارنى ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ﴾[1].

(بۇخارى: 5076)

4229 - عَنْ إِيَاسِ بْنِ سَلَمَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ رَخَّصَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَامَ أَوْطَاسٍ فِي الْمُتْعَةِ ثَلَاثًا ثُمَّ نَهَى عَنْهَا.

[1] سۈرە مائىدە، 87 ـ ئايەت.

4229 ـ ئىياس ئىبنى سەلەمە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەۋتاس[①] يىلى مۇتئەگە (ۋاقىتلىق نىكاھقا) ئۈچ كۈن رۇخسەت قىلدى ۋە ئۈچ كۈندىن كېيىن بۇ نىكاھنى چەكلىدى.

(مۇسلىم: 1405)

4230 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ إِنَّمَا كَانَتْ الْمُتْعَةُ فِي أَوَّلِ الْإِسْلَامِ كَانَ الرَّجُلُ يَقْدَمُ الْبَلْدَةَ لَيْسَ لَهُ بِهَا مَعْرِفَةٌ فَيَتَزَوَّجُ الْمَرْأَةَ بِقَدْرِ مَا يَرَى أَنَّهُ يُقِيمُ فَتَحْفَظُ لَهُ مَتَاعَهُ وَتُصْلِحُ لَهُ شَيْئَهُ حَتَّى إِذَا نَزَلَتْ الْآيَةُ إِلَّا عَلَى أَزْوَاجِهِمْ أَوْ مَا مَلَكَتْ أَيْمَانُهُمْ قَالَ ابْنُ عَبَّاسٍ فَكُلُّ فَرْجٍ سِوَى هَذَيْنِ فَهُوَ حَرَامٌ.

4230 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مۇتئە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە يولغا قويۇلغان بولۇپ، بىر كىشى ھېچبىر تونۇش ـ بىلىشى يوق بىرەر شەھەرگە بارسا، شۇ يەردە تۇرغان مۇددەت ئىچىدە بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالاتتى. ئۇ ئايال ئۇنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ساقلاپ بېرەتتى ۋە جىنسىي تەلىپىنى قاندۇراتتى. بۇ ئەھۋال: ﴿ئۇلار ئەۋرەتلىرىنى (ھارامدىن) ساقلىغۇچىلاردۇر. (يەنى ئەۋرەتلىرىنى) پەقەت خوتۇنلىرىدىن، دېدەكلىرىدىن باشقىسىدىن ساقلىغۇچىلاردۇر﴾[②] دېگەن ئايەت نازىل بولغىچە داۋاملاشتى. (بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن) كىشىنىڭ ئايالى ۋە دېدىكىدىن باشقىلار بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشى ھارام بولدى[③].

(تىرمىزى: 1122)

4231 - عن عُرْوَةُ بْنُ الزُّبَيْرِ أَنَّ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ الزُّبَيْرِ قَامَ بِمَكَّةَ فَقَالَ إِنَّ نَاسًا أَعْمَى اللَّهُ قُلُوبَهُمْ كَمَا أَعْمَى أَبْصَارَهُمْ يُفْتُونَ بِالْمُتْعَةِ يُعَرِّضُ بِرَجُلٍ فَنَادَاهُ فَقَالَ إِنَّكَ لَجِلْفٌ

---

[①] ئەۋتاس ـ تائىفتىكى بىر جىلغىنىڭ ئىسمى بولۇپ، بۇ يەردە ئەۋتاسقا ھۇجۇم قىلىنغان يىل كۆزدە تۇتۇلماقتا.

[②] سۈرە مۇئمىن، 5 ـ ۋە 6 ـ ئايەتلەر.

[③] ئەلبانى (192): مۇنكەر ھەدىس، ـ دېگەن.

جَافٍ فَلَعَمْرِي لَقَدْ كَانَتْ الْمُتْعَةُ تُفْعَلُ عَلَى عَهْدِ إِمَامِ الْمُتقِينَ يُرِيدُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ لَهُ ابْنُ الزبَيْرِ فَجَربْ بِنَفْسِكَ فَوَاللهِ لَئِنْ فَعَلْتَهَا لَأَرْجُمَنكَ بِأَحْجَارِكَ.

4231 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير مەككىدە بىر ئادەمنى ئىما قىلغان ھالدا:

ـــ بەزى ئادەملەر باركى، الله ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتكەندەك، قەلبىنى كور قىلىۋەتكەن. چۈنكى ئۇلار مۇتئە نىكاھىغا جائىز دەپ پەتىۋا بېرىشىۋاتىدۇ، ـ دېگەنىدى. ئۇ ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرگە:

ــ ھەقىقەتەن، سەن بەكمۇ قوپال، تولۇق ئادەم ئىكەنسەن. قەسەم قىلىمەنكى، مۇتتەقىلەرنىڭ ئىمامى (رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ دەۋرىدىمۇ مۇتئە نىكاھى بار ئىدى، ـ دېدى. ئابدۇللاھ ئۇنىڭغا:

ــ ئۇنداقتا، سەن ئۆزەڭ سىناپ باقمامسەن؟! اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئەگەر شۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، سېنى چالما ـ كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرىمەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1406)

4232 - عَنْ سَعِيدِ بن جُبَيْرٍ، قَالَ: قُلْتُ لابْنِ عَباسٍ: هَلْ تَدْرِي مَا صَنَعْتَ وَبِمَـا أَفْتَيتَ؟ سَارَتْ بِفُتْيَاكَ الركْبَانُ، وَقَالَتْ فِيهِ الشعَرَاءُ، قَالَ: وَمَا قَالُوا؟ قُلْتُ: قَالُوا: قَدْ قَالَ شَيْخٌ لَما طَالَ مَجْلِسُهُ يَا صَاحِ هَلْ لَكَ فِي فُتْيَا ابنِ عَباسٍ هَلْ لَكَ فِي رُخْصَةِ الأَطْـرَافِ آنِسَةً تَكُونُ مَثْوَاكَ حَتى يَصْدُرَ الناسُ قَالَ: إِنا لِلهِ وَإِنا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ، لا وَاللهِ مَـا بِهَـذَا أَفْتَيْتُ، وَلا هَذا أَرَدْتُ، وَلا أَحْلَلْتُ مِنْهَا إِلا مَا أَحِل اللهُ مِنَ الْمَيْتَةِ وَالدمِ وَلَحْمِ الْخِنْزِيرِ.

4232 ـ سەئىد ئىبنى جۇبەير مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ــ نېمە ئىش قىلغىنىڭنى، قانداق پەتىۋا بەرگىنىڭنى بىلەمسەن؟ يولۇچىلار سەن بەرگەن پەتىۋاغا ئاساسەن ئىش قىلىپتۇ. شائىرلارمۇ بۇ

پەتىۋا ھەققىدە قوشاق توقۇشۇپ يۈرۈپتۇ. - دېسەم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

- شائىرلار نېمە دېيىشىپتۇ؟ - دەپ سورىدى. مەن:

قېرى يىگىت خوتۇن كۆتۈپ ئولتۇردى ئۇزۇن،

دېدىلەر: بۇرادەر! يوقمۇ خەۋىرىڭ (ئىبنى ئابباسنىڭ) پەتىۋاسىدىن؟

باشقىلار كەلگىچە راھەتكە چىقىپ،

تەسەللىي تاپ بىر يولى ھەننىۋاسىدىن،

دېيىشىۋېتىپتۇ، - دېسەم، بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

- إِنا لِلهِ وَإِنا إِلَيْهِ رَاجِعُونَ[1]، مەن بۇنداق پەتىۋا بەرمىدىم، بەرگەن پەتىۋادىنمۇ ھەرگىز بۇنى مەقسەت قىلمىدىم. ﷲ تائالا ئۆلۈپ قالغان ھايۋان، قان ۋە چوشقا گۆشى قاتارلىق ھارام نەرسىلەرنى يېيىشنى قانداق ۋاقىتلاردا ھالال قىلغان بولسا، مەنمۇ ئايال كىشىنى مۇتئە نىكاھى بىلەن ئېلىش شۇنداق ۋاقىتلاردا ھالال دېدىم، - دېدى[2].

(«ئەلكەبىر»: 10601)

4233 - عَنْ الربِيعِ بْنِ سَبْرَةَ أَن أَبَاهُ غَزَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتْحَ مَكةَ قَالَ فَأَقَمْنَا بِهَا خَمْسَ عَشْرَةَ ثَلَاثِينَ بَيْنَ لَيْلَةٍ وَيَوْمٍ فَأَذِنَ لَنَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي مُتْعَةِ النسَاءِ فَخَرَجْتُ أَنَا وَرَجُلٌ مِنْ قَوْمِي وَلِي عَلَيْهِ فَضْلٌ فِي الْجَمَالِ وَهُوَ قَرِيبٌ مِنْ الدمَامَةِ مَعَ كُل وَاحِدٍ مِنا بُرْدٌ فَبُرْدِي خَلَقٌ وَأَما بُرْدُ ابْنِ عَمي فَبُرْدٌ جَدِيدٌ غَضٌّ حَتى إِذَا كُنا بِأَسْفَلِ مَكةَ أَوْ بِأَعْلَاهَا فَتَلَقتْنَا فَتَاةٌ مِثْلُ الْبَكْرَةِ الْعَنَطْنَطَةِ فَقُلْنَا هَلْ لَكِ أَنْ

[1] سۈرە بەقەرە، 156 - ئايەتنىڭ بىر قىسمى. بۇ، مۇسىبەتلىك خەۋەر ئاڭلىغاندا ئوقۇلىدىغان ئايەت بولۇپ، مەنىسى: بىز ئەلۋەتتە ﷲنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز (يەنى ﷲنىڭ بەندىلىرىمىز)، چوقۇم ﷲنىڭ دەرگاھىغا قايتىمىز.

[2] ھەيسەمى (7392): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ھەججاج ئىبنى ئەرتەئە ئىسىملىك بىرى بار، ئۇ ئىشەنچلىك كىشى بولسىمۇ، ھەدىسى مۇدەللەستۇر. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، - دېگەن.

يَسْتَمْتِعَ مِنْكِ أَحَدُنَا قَالَتْ وَمَاذَا تَبْذُلَانِ فَنَشَرَ كُلُّ وَاحِدٍ مِنَّا بُرْدَهُ فَجَعَلَتْ تَنْظُرُ إِلَى الرَّجُلَيْنِ وَيَرَاهَا صَاحِبِي تَنْظُرُ إِلَى عِطْفِهَا فَقَالَ إِنَّ بُرْدَ هَذَا خَلَقٌ وَبُرْدِي جَدِيدٌ غَضٌّ فَتَقُولُ بُرْدُ هَذَا لَا بَأْسَ بِهِ ثَلَاثَ مِرَارٍ أَوْ مَرَّتَيْنِ ثُمَّ اسْتَمْتَعْتُ مِنْهَا فَلَمْ أَخْرُجْ حَتَّى حَرَّمَهَا رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ . وفي رواية: يَا أَيُّهَا النَّاسُ إِنِّي قَدْ كُنْتُ أَذِنْتُ لَكُمْ فِي الِاسْتِمْتَاعِ مِنْ النِّسَاءِ وَإِنَّ اللَّهَ قَدْ حَرَّمَ ذَلِكَ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ فَمَنْ كَانَ عِنْدَهُ مِنْهُنَّ شَيْءٌ فَلْيُخَلِّ سَبِيلَهُ وَلَا تَأْخُذُوا مِمَّا آتَيْتُمُوهُنَّ شَيْئًا.

4233 ـ رەبىئ ئىبنى سەبرەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇنىڭ دادىسى سەبرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەككىنى فەتھى قىلىش غازىتىغا قاتناشقان بولۇپ، ئۇ يەردە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەنىكەن: بىز مەككىدە ئون بەش كۈن (يەنى كېچە ـ كۈندۈزنى ئايرىم ـ ئايرىم كۈن ھېسابلىغاندا ئوتتۇز كۈن) تۇردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزگە ئاياللارنى مۇتئە نىكاھى قىلىپ ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى. مەن جەمەتىمىزدىن بىر كىشى بىلەن بىرگە خوتۇن ئىزدەپ چىقتىم. مەن ئۇنىڭدىن كېلىشكەن، ئۇ بولسا، سەل كۆرۈمسىزرەك ئادەم ئىدى. ئىككىلىمىزنىڭ يېنىدا بىردىن تون بار بولۇپ، مېنىڭ كونىراق، ئۇنىڭكى تېخى يېپيېڭى ئىدى. بىز مەككە شەھىرىنىڭ تۆۋەن (ياكى يۇقىرى) تەرىپىدىكى مەھەللىدە كېتىۋېتىپ، بوي ـ تۇرقى قاملاشقان، بوينى خۇددى ياش تۆگىنىڭكىدەك ئۇزۇن بىر قىزنى ئۇچراتتۇق ـ تە، ئۇنىڭدىن:

ــ ئىككىمىزنىڭ بىرى بىلەن مۇتئە نىكاھى قىلىشقا قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىدۇق. ئۇ قىز:

ــ ماڭا نېمە بېرىسىلەر؟ ـ دېدى. بىز تونلىرىمىزنى يېيىپ كۆرسەتتۇق. ئەمما ئۇ قىز بىزگە قاراشقا باشلىدى. قىزنىڭ مېنىڭ تونۇمغا دىققەت بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى سەزگەن ھەمراھىم:

ـ بۇنىڭ تونى كونا، مېنىڭكى تېخى يېپيېپيېڭى، ـ دېگەنىدى، قىز:

ــ بۇنىڭ تونىمۇ يامان ئەمەسكەن، ـ دېدى. ئىككىسى بۇ سۆزنى ئىككى ـ ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئاخىرى، مەن ئۇ قىز بىلەن مۇتئە نىكاھى قىلىپ ئۆيلەندىم ۋە تاكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنداق نىكاھنى ھارام قىلغانغا قەدەر ئۇ قىزدىن ئايرىلمىدىم.

يەنە بىر رىۋايەتتە كېلىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئى خالايىق! مەن ئاياللارنى مۇتئە نىكاھى بىلەن ئېلىشقا رۇخسەت قىلغان ئىدىم. اللہ بۇنى تاكى قىيامەتكىچە ھارام قىلدى، كىمنىڭ يېنىدا مۇتئە نىكاھى بىلەن ئۆيلەنگەن خوتۇنى بولسا، ئۇنى قويۇپ بەرسۇن ۋە ئۇلارغا تويلۇق قىلىپ بەرگەن نەرسىلەردىن ھېچنېمىنى ئېلىۋالمىسۇن».

(مۇسلىم: 1406)

4234 - ولاρد برجال الصحيح: قَالَ وَأَنا قَرِيبٌ مِنْ الدمَامَةِ وَعَلَي بُرْدٌ جَدِيـدٌ Rَغ وَعَلَى ٱبنِ عَمي بُرْدٌ خَلَقٌ إلى آخر القصة بعكسها.

4234 ـ ئىمام ئەھمەدنىڭ رىۋايىتىدە: مېنىڭ تۇرقۇم كۆرۈمسىزرەك، ئەمما تونۇم يېپيېڭى ۋە ئېسىل ئىدى، تاغامنىڭ ئوغلىنىڭ ئۇستىدىكى تون بولسا كونا ئىدى... دەپ يۇقىرىقىنىڭ ئەكسىچە رىۋايەت قىلىنغان[1].

(ئەھمەد: 14921)

4235 - عَنْ عُرْوَةَ بنِ الزبَيرِ أَن خَوْلَةَ بِنْتَ حَكِيمٍ دَخَلَتْ عَلَى عُمَرَ بنِ الْخَطابِ فَقَالَتْ إِن رَبِيعَةَ بْنَ أُمية اسْتَمْتَعَ بِامْرَأَةٍ فَحَمَلَتْ مِنْهُ فَخَرَجَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ فَزِعًا يَجُـر رِدَاءَهُ فَقَالَ هَذِهِ الْمُتْعَةُ وَلَوْ كُنتُ تَقَدمْتُ فِيهَا لَرَجَمْتُ.

4235 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير مۇنداق دەيدۇ: خەۋلە بىنتى ھەكىم ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كىرىپ:

[1] ھەيسەمى (7384): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ــ رەبىئە ئىبنى ئۇمەييە بىر خوتۇننى مۇتئە نىكاھى بىلەن ئالغان ئىكەن، ئۇ خوتۇن ئۇنىڭدىن هامىلدار بولۇپ قاپتۇ. ـ دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ هودۇقۇش ئىچىدە تونىنى سۆرىگەن پېتى يۈگۈرەپ چىقىپ:

ـــ مانا بۇ مۇتئە نىكاھىدۇر. ئەگەر بۇنىڭ هارام ئىكەنلىكىنى خەلققە بالدۇرراق بىلدۈرگەن بولسام ئىدىم، هەر ئىككىلىسىنى چالما ـ كېسەك قىلغان بولاتتىم، ـ دېدى.

(مالىك: 1125)

4236 - عَنْ عَلِيِّ بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى عَنْ مُتْعَةِ النِّسَاءِ يَوْمَ خَيْبَرَ وَعَنْ أَكْلِ لُحُومِ الْحُمُرِ الْإِنْسِيَّةِ.

4236 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم خەيبەر غازىتى كۈنى مۇتئە نىكاھى قىلىشنى ۋە ئۆيدە بېقىلىدىغان ئېشەكنىڭ گۆشىنى يېيىشنى چەكلىگەن.

(مۇسلىم: 1407)

4237 - عن ثعلبة بن الحكم أن النبي صلى الله عليه وسلم نهى يوم خيبر عن المتعة.

4237 ـ سەئلەبە ئىبنى هەكەم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم خەيبەر كۈنى مۇتئە نىكاھىدىن توسقان[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

4238 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللَّهِ قال: كُنَّا نَسْتَمْتِعُ بِالْقَبْضَةِ مِنْ التَّمْرِ وَالدَّقِيقِ الْأَيَّامَ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَأَبِي بَكْرٍ حَتَّى نَهَى عَنْهُ عُمَرُ فِي شَأْنِ عَمْرِو بْنِ حُرَيْثٍ.

---

[①] هەيسەمى (7387): بۇ هەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، شەرىكتىن باشقا راۋىيلىرى سەهىه هەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن شەرىكمۇ ئىشەنچلىك كىشىدۇر، ـ دېگەن.

4238 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ۋە ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە بىر ئوچۇم خورما ۋە بىر ئوچۇم ئۇن بەدىلىگە ئاياللارنى بىر قانچە كۈنلۈك نىكاھلاپ ئالاتتۇق. بۇ ئىش تاكى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمر ئىبنى ھۇرەيسنىڭ مەسىلىسى سەۋەبىدىن توسقانغا قەدەر داۋام قىلدى.

(مۇسلىم: 1405)

4239 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي غَزْوَةِ تَبُوكَ، فَنَزَلْنَا ثَنِيةَ الْوَدَاعِ، فَرَأَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَصَابِيحَ، وَرَأَى نِسَاءً يَبْكِينَ، فَقَالَ: "مَا هَذَا؟"، فَقِيلَ: تُمُتعَ مِنْهُن يَبْكِينَ، فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "حَرمَ أَوْ قَالَ: هَدَمَ الْمُتْعَةَ النكَاحُ، وَالطلَاقُ، وَالْعِدةُ، وَالْمِيرَاثُ".

4239 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن تەبۇك غازىتىغا سەپەرگە چىقىپ، ۋەدا داۋىنىدا قوندۇق. كېچە بولغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يورۇپ تۇرغان چىراقلارنى ۋە يىغلىشىۋاتقان ئاياللارنى كۆرۈپ:

ـ بۇ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ئۇلار ۋاقىتلىق نىكاھقا ئېلىنغانلىقتىن يىغلىشىۋاتىدۇ، ـ دەپ جاۋاب بېرىلدى. بۇ سۆزنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ نىكاھ، تالاق، ئىددەت ۋە مىراس قاتارلىقلار ۋاقىتلىق نىكاھنى چەكلەيدىغان ياكى بۇزىدىغان ئامىللاردۇر، ـ دېدى[1].

(مەۋسىلى: 6625؛ «ئەلئەۋسەت»)

[1] ھەيسەمى (7385): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇئەممەل ئىبنى ئىسمائىل ئىسىملىك بىرى بار. بەزىلەر ئۇنىڭ ئىشەنچلىك كىشى ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرسە، يەنە بەزىلەر ھەدىسى زەئىپ كىشى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

4240 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ الشغَارِ وَالشغَارُ أَنْ يُزَوجَ الرجُلُ ابْنَتَهُ عَلَى أَنْ يُزَوجَهُ الْآخَرُ ابْنَتَهُ لَيْسَ بَيْنَهُمَا صَدَاقٌ.

4240 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شىغاردىن توسقان. شىغار دېگەن، بىرەيلەننىڭ مەھرى بەرمەيلا باشقا بىرىنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىشى ۋە ئۇ ئادەمگە ئۆزىنىڭ قىزىنى مەھرىسىز ياتلىق قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

(بۇخارى: 5112)

4241 - عَنْ عَبْدُ الرحْمَنِ بْنُ هُرْمُزَ الْأَعْرَجُ أَن الْعَباسَ بْنَ عَبْدِ اللهِ بْنِ الْعَباسِ أَنْكَحَ عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ الْحَكَمِ ابْنَتَهُ وَأَنْكَحَهُ عَبْدُ الرحْمَنِ ابْنَتَهُ وَكَانَا جَعَلَا صَدَاقًا فَكَتَبَ مُعَاوِيَةُ إِلَى مَرْوَانَ يَأْمُرُهُ بِالتفْرِيقِ بَيْنَهُمَا وَقَالَ فِي كِتَابِهِ هَذَا الشغَارُ الذِي نَهَى عَنْهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

4241 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ھۇرمۇز ئەئرەج مۇنداق دەيدۇ: ئابباس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباس قىزىنى ئابدۇراھمان ئىبنى ھەكەمگە، ئابدۇراھمان ئىبنى ھەكەممۇ قىزىنى ئابباس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابباسقا ياتلىق قىلدى ۋە ھەر ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىگە تويلۇق بېرىشتى. ئەمما مۇئاۋىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەدىنىدىكى ۋالىسى مەرۋانغا خەت يېزىپ، بۇ ئىككىسىنى ئاياللىرىدىن ئاجراشتۇرۇۋېتىشكە بۇيرىدى. ئۇ خېتىدە: بۇ دېگەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چەكلىگەن شىغار نىكاھىدۇر، ـ دەپ ئەسكەرتكەنىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2075)

4242 - عَنْ عُرْوَةُ بْنُ الزبَيْرِ أَن عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَخْبَرَتْهُ أَن النكَاحَ فِي الْجَاهِلِيةِ كَانَ عَلَى أَرْبَعَةِ أَنْحَاءٍ فَنِكَاحٌ مِنْهَا نِكَاحُ الناسِ الْيَوْمَ يَخْطُبُ الرجُلُ إِلَى الرجُلِ وَلِيتَهُ أَوْ ابْنَتَهُ فَيُصْدِقُهَا ثُم يَنْكِحُهَا وَنِكَاحٌ آخَرُ كَانَ الرجُلُ يَقُولُ لِامْرَأَتِهِ إِذَا

[1] ئەلبانى (1826): ھەسەن، ـ دېگەن.

طَهُرَتْ مِنْ طَمْثِهَا أَرْسِلِي إِلَى فُلَانٍ فَاسْتَبْضِعِي مِنْهُ وَيَعْتَزِلُهَا زَوْجُهَا وَلَا يَمَسُّهَا أَبَدًا حَتَّى يَتَبَيَّنَ حَمْلُهَا مِنْ ذَلِكَ الرَّجُلِ الَّذِي تَسْتَبْضِعُ مِنْهُ فَإِذَا تَبَيَّنَ حَمْلُهَا أَصَابَهَا زَوْجُهَا إِذَا أَحَبَّ وَإِنَّمَا يَفْعَلُ ذَلِكَ رَغْبَةً فِي نَجَابَةِ الْوَلَدِ فَكَانَ هَذَا النِّكَاحُ نِكَاحَ الِاسْتِبْضَاعِ وَنِكَاحٌ آخَرُ يَجْتَمِعُ الرَّهْطُ مَا دُونَ الْعَشَرَةِ فَيَدْخُلُونَ عَلَى الْمَرْأَةِ كُلُّهُمْ يُصِيبُهَا فَإِذَا حَمَلَتْ وَوَضَعَتْ وَمَرَّ عَلَيْهَا لَيَالٍ بَعْدَ أَنْ تَضَعَ حَمْلَهَا أَرْسَلَتْ إِلَيْهِمْ فَلَمْ يَسْتَطِعْ رَجُلٌ مِنْهُمْ أَنْ يَمْتَنِعَ حَتَّى يَجْتَمِعُوا عِنْدَهَا تَقُولُ لَهُمْ قَدْ عَرَفْتُمْ الَّذِي كَانَ مِنْ أَمْرِكُمْ وَقَدْ وَلَدْتُ فَهُوَ ابْنُكَ يَا فُلَانُ تُسَمِّي مَنْ أَحَبَّتْ بِاسْمِهِ فَيَلْحَقُ بِهِ وَلَدُهَا لَا يَسْتَطِيعُ أَنْ يَمْتَنِعَ بِهِ الرَّجُلُ وَنِكَاحُ الرَّابِعِ يَجْتَمِعُ النَّاسُ الْكَثِيرُ فَيَدْخُلُونَ عَلَى الْمَرْأَةِ لَا تَمْتَنِعُ مِمَّنْ جَاءَهَا وَهُنَّ الْبَغَايَا كُنَّ يَنْصِبْنَ عَلَى أَبْوَابِهِنَّ رَايَاتٍ تَكُونُ عَلَمًا فَمَنْ أَرَادَهُنَّ دَخَلَ عَلَيْهِنَّ فَإِذَا حَمَلَتْ إِحْدَاهُنَّ وَوَضَعَتْ حَمْلَهَا جُمِعُوا لَهَا وَدَعَوْا لَهُمْ الْقَافَةَ ثُمَّ أَلْحَقُوا وَلَدَهَا بِالَّذِي يَرَوْنَ فَالْتَاطَ بِهِ وَدُعِيَ ابْنَهُ لَا يَمْتَنِعُ مِنْ ذَلِكَ فَلَمَّا بُعِثَ مُحَمَّدٌ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بِالْحَقِّ هَدَمَ نِكَاحَ الْجَاهِلِيَّةِ كُلَّهُ إِلَّا نِكَاحَ النَّاسِ الْيَوْمَ.

4242 ـ ئۇرۋە ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇرۋەگە جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نىكاھ ئىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىپ مۇنداق دېگەن: جاھىلىيەت دەۋرىدە نىكاھ شەكلى مۇنداق تۆت خىل ئىدى: بىرى، بۈگۈنكى ئۆيلىنىش شەكلىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۆيلەنمەكچى بولغان كىشى قىزنىڭ ۋەلىيسىگە ئەلچى كىرگۈزەتتى ۋە مۇۋاپىق مىقداردا مەھرى ھەققى بېرىپ، ئۇ قىزغا ئۆيلىنەتتى. يەنە بىرى، ئايالى ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن، ئېرى ئايالىغا:

— سەن پالانىغا ئادەم ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن سەن بىلەن جىما قىلىشىنى تەلەپ قىل! ـ دەيتتى. ئاندىن ئايالىنىڭ شۇ كىشىدىن ھامىلىدار بولغانلىقى نامايەن بولمىغۇچە ئۆزى ئايالىغا يېقىن كەلمەيتتى. ئايالىنىڭ شۇ كىشىدىن ھامىلىدار بولغانلىقى ئېنىقلانغاندىن كېيىن، ئاندىن خالىسا ئايالى بىلەن بىللە بولاتتى. ئەر كىشى ئېسىل نەسەبلىك پەرزەنت ئىگىسى بولۇش ئۈچۈن شۇنداق

قىلاتتى. بۇ: ”ئىستىبزائ (باشقىلارنىڭ جىما قىلىپ قويۇشىنى تەلەپ قىلىش) نىكاھى“ دەپ ئاتىلاتتى. يەنە بىرى، بىر قانچە (ئوندىن ئاز) كىشى توپلىشىپ، بىر ئايالنىڭ يېنىغا كىرەتتى ۋە ھەممىسى ئۇ ئايال بىلەن بىرگە بولاتتى. ناۋادا ئۇ ئايال قورساق كۆتۈرۈپ قالسا، بالىنى تۇغۇپ بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ھېلىقى بىر نەچچە كىشىنى چاقىرتىپ كېلەتتى، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى كەلمەيمەن دېيەلمەيتتى. ھەممىسى ئايالنىڭ يېنىغا يىغىلغاندىن كېيىن، ئايال:

ـ قىلغان ئىشىڭلارنى ئۆزەڭلار ئوبدان بىلىسىلەر، مانا بۇ بالىنى تۇغدۇم. ئەي پالانى! بۇ بالا سېنىڭ بالاڭ، ـ دەپ، شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئۆزى خالىغان بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتايتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بالا شۇ كىشىنىڭ بولۇپ كېتەتتى، ئۇ كىشىمۇ ياق دېيەلمەيتتى. تۆتىنچى خىلدىكى نىكاھ بولسا، بىر مۇنچىلىغان كىشى بىر ئايالنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، ھەممىسى شۇ ئايال بىلەن جىما قىلاتتى، ئۇ ئايالمۇ كەلگەنلا كىشىگە ياق دېمەيتتى. بۇلار پاھىشە ئاياللار بولۇپ، دەرۋازىلىرىغا بايراق چىقىرىپ قوياتتى، بايراق بۇلارنىڭ بەلگىسى ئىدى. بايراققا قاراپ خالىغان ئادەم ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، بىرگە بولاتتى. ناۋادا ئۇلارنىڭ بىرەرسى قورساق كۆتۈرۈپ، بالا تۇغۇپ قالسا، ئۆزى بىلەن بىرگە بولغانلارنى يىغىپ، سىنچى چاقىراتتى. سىنچى ئۇنى كىمنىڭ بالىسى دېسە، شۇنىڭغا بېرىلەتتى ۋە شۇنىڭ بالىسى دەپ چاقىرىلاتتى. ئۇ كىشىمۇ بۇنىڭدىن باش تارتالمايتتى. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەق دىنىنى ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى نىكاھ شەكىللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، پەقەت بۈگۈنكى كۈندىكى نىكاھلىنىش شەكلىنىلا قويۇپ قويدى.

(بۇخارى: 5127)

4243 - عن مَيْمُونَةَ بِنْتَ كَرْدَمٍ قَالَتْ خَرَجْتُ مَعَ أَبِي فِي حَجةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَرَأَيتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَنَا إِلَيْهِ أَبِي وَهُوَ عَلَى نَاقَةٍ لَهُ فَوَقَفَ لَهُ وَاسْتَمَعَ مِنْهُ وَمَعَهُ دِرةٌ كَدِرةِ الْكُتابِ فَسَمِعْتُ الْأَعْرَابَ وَالناسَ وَهُمْ يَقُولُونَ

الطَّبْطَبِيةَ الطَّبْطَبِيةَ الطَّبْطَبِيةَ الطَّبْطَبِيةَ فَدَنَا إِلَيْهِ أَبِي فَأَخَذَ بِقَدَمِهِ فَأَقَر لَهُ وَوَقَفَ عَلَيْهِ وَاسْتَمَعَ مِنْهُ فَقَالَ إِني حَضَرْتُ جَيْشَ عِثْرَانَ قَالَ ابْنُ الْمُثَنى جَيْشَ غِثْرَانَ فَقَالَ طَارِقُ بْنُ الْمُرَقعِ مَنْ يُعْطِينِي رُمْحًا بِثَوَابِهِ قُلْتُ وَمَا ثَوَابُهُ قَالَ أُزَوجُهُ أَولَ بِنْتٍ تَكُونُ لِي فَأَعْطَيْتُهُ رُمْحِي ثُم غِبْتُ عَنْـهُ حَتى عَلِمْتُ أَنهُ قَدْ وُلِدَ لَهُ جَارِيَةٌ وَبَلَغَتْ ثُم جِئْتُهُ فَقُلْتُ لَهُ أَهْلِي جَهزْهُن إِلَي فَحَلَفَ أَنْ لَا يَفْعَلَ حَتى أُصْدِقَهُ صَدَاقًا جَدِيدًا غَيْرَ الذِي كَانَ بَيْنِي وَبَيْنَهُ وَحَلَفْتُ لَا أُصْدِقُ غَيْرَ الذِي أَعْطَيْتُهُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَبِقَرْنِ أَي النسَاءِ هِيَ الْيَوْمَ قَالَ قَـدْ رَأَتْ الْقَتِيرَ قَالَ أَرَى أَنْ تَتْرُكَهَا قَالَ فَرَاعَنِي ذَلِكَ وَنَظَرْتُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَأَى ذَلِكَ مِني قَالَ لَا تَأْثَمُ وَلَا يَأْثَمُ صَاحِبُكَ.

4243 ـ مەيمۇنە بىنتى كەردەم مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋىدالىشىش ھەجگە بارغاندا، مەنمۇ دادام بىلەن بىللە (ھەج قىلىش ئۈچۈن) يولغا چىققان ئىدىم. دادام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى كۆرگەن ھامان ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۆگىنىڭ ئۈستىدە بولۇپ، قولىدا خودىدى مەدرىس ئۇستازلىرىنىڭ تايىقىدەك بىر تال تاياق بار ئىدى. كىشىلەرنىڭ ئۇ تاياقنى ئىما قىلىپ تۇرۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەتراپىدا:

ــ تەبتەبىيە، تەبتەبىيە، تەبتەبىيە، ـ دېيىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم. دادام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يېقىنلىشىپ بېرىپ، پۇتىغا ئېسىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام توختاپ، ئۇنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالدى. دادام:

ــ مەن ئىسران قوشۇنىغا (ئىبنى مۇسەننانىڭ رىۋايىتىدە: غىسران قوشۇنى، ـ دەپ كەلگەن) قاتناشقان ئىدىم، تارىق ئىبنى مۇرەققە:

ــ كىم ماڭا نەيزىسىنى بەرسە، ئۇنى مۇكاپاتلايمەن، ـ دېدى. مەن:

ــ نېمە مۇكاپات بېرىسەن؟ ـ دېسەم. ئۇ:

ــ تۇنجى تۇغۇلغان قىزىمنى خوتۇنلۇققا بېرىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇنىڭغا نەيزەمنى بەردىم. كېيىن، خېلى بىر زامانلارغىچە ئۇنى كۆرمىدىم. ئارىدىن ئۇزۇن يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىر قىزى

تۇغۇلۇپ، يېشىغا يەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم ۋە ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ: (ماڭا خوتۇنلۇققا بەرمەكچى بولغان) قىزىڭنى جابدۇپ بەرگىن! ــ دېدىم. ئۇ، ئارىمىزدا يۈز بەرگەن ئۇ ئىشنى قويۇپ، يېڭىدىن مەھرى ھەققى بەرمىسەم، قىزىنى ماڭا بەرمەيدىغانلىقىغا قەسەم ئىچتى. مەنمۇ شۇ چاغدا بەرگەن نەيزىدىن باشقا ھېچقانداق مەھرى ھەققى بەرمەيدىغانلىقىمغا قەسەم ئىچتىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ ئايال ھازىر قانچە ياشلاردا؟ ـ دەپ سورىدى. دادام:

ــ بېشىغا ئاق سانجىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ مەن ئۇ ئايالدىن ۋاز كېچىشىڭنى مۇۋاپىق كۆردۇم، ـ دېدى. بۇ سۆزدىن چۆچۈپ كەتكەن دادام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىرايىغا قارىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەر ئىككىلىڭلار گۇناھكار بولماڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2103)

**4244 - عَنْ بَصْرَة قَالَ تَزَوجْتُ امْرَأَةً بِكْرًا فِي سِتْرِهَا فَدَخَلْتُ عَلَيْهَا فَإِذَا هِيَ حُبْلَى فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَهَا الصدَاقُ بِمَا اسْتَحْلَلْتَ مِنْ فَرْجِهَا وَالْوَلَدُ عَبْدٌ لَكَ فَإِذَا وَلَدَتْ قَالَ الْحَسَنُ فَاجْلِدْهَا وقَالَ ابْنُ أَبِي السرِي فَاجْلِدُوهَا أَوْ قَالَ فَحُدوهَا.**

4244 ـ بەسرە ئىبنى ئەكسەم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر خوتۇننى قىز دەپ ئويلاپ (نىكاھىمغا) ئالغانىدىم. تۇيۇقسىز ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى بىلدىم. بىرگە بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھامىلىدار ئىكەنلىكىنى بىلدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە: «ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن، مەھرى ھەققىنى بېرىشىڭ

[1] ئەلبانى (453): زەئىپ، ـ دېگەن.

كېرەك. قورسىقىدىكى بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، سېنىڭ قۇلۇڭ (قۇلىدەك) بولىدۇ» دېدى.

ھەسەننىڭ رىۋايىتىدە: «تۇغۇپ بولغاندىن كېيىن، ئايالغا دەررە ئۇرغىن!» دېيىلگەن.

ئىبنى ئەبۇ سەرىنىڭ رىۋايىتىدە: «ئۇنىڭغا دەررە ئۇرۇڭلار» ياكى: «ئۇنى شەرئىي جازاغا تارتىڭلار» دېيىلگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2103)

**4245 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ إِذَا أَسْلَمَتْ النصْرَانِيةُ قَبْلَ زَوْجِهَا بِسَاعَةٍ حَرُمَتْ عَلَيْه.**

4245 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بىر خرىستىئان ئايال ئېرىدىن بىر سائەت بۇرۇن مۇسۇلمان بولغان بولسا، (ئېرى مۇسۇلمان بولمىغىچە) ئۇ ئايالنىڭ ئېرى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشى ھارام بولىدۇ، ـ دەيتتى.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

**4246 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ أَسْلَمَتْ ٱمْرَأَةٌ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَزَوجَتْ فَجَاءَ زَوْجُهَا إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني قَدْ كُنتُ أَسْلَمْتُ وَعَلِمَتْ بِإِسْلَامِي فَٱنْتَزَعَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ زَوْجِهَا الْآخَرِ وَرَدهَا إِلَى زَوْجِهَا الْأَولِ.**

4246 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە بىر ئايال ئىمان ئېيتىپ بولۇپلا ئەرگە تەگكەنىدى، ئېرى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ ئىمان ئېيتقانىدىم، ئۇ مېنىڭ (ئۇنىڭدىن كېيىن) ئىمان ئېيتقانلىقىمنى بىلىپ تۇرۇپ ئەرگە تېگىۋالدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ

[1] ئەلبانى (465): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئايالىنىڭ ئىككىنچى نىكاھىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇرۇنقى ئېرىگە (قايتۇرۇپ) بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2239)

4247 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ رَد النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ابْنَتَهُ زَيْنَبَ عَلَى أَبِـي الْعَاصِي بْنِ الربِيعِ بَعْدَ سِت سِنِينَ بِالنكَاحِ الْأَولِ وَلَمْ يُحْدِثْ نِكَاحًا.

4247 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئېرى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئگە ئالتە يىلدىن كېيىن (ئىمان ئېيتقاندا)، يېڭىدىن نىكاھ قىلماستىن، ئىلگىرىكى نىكاھ بىلەنلا قايتۇرۇپ بەرگەن[2].

(تىرمىزى: 1143)

4248 - وفِي رواية: بَعْدَ سَنَتَيْنِ.

4248 ـ ئەبۇ داۋۇدنىڭ رىۋايىتىدە: (ئالتە يىلنىڭ ئورنىغا) ئىككى يىلدىن كېيىن، ـ دەپ رىۋايەت قىلىنغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2239)

4249 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ رَد ابْنَتَهُ زَيْنَبَ عَلَى أَبِي الْعَاصِي بْنِ الربِيعِ بِمَهْرٍ جَدِيدٍ وَنِكَاحٍ جَدِيدٍ.

4249 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزى زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئېرى ئەبۇلئاس ئىبنى رەبىئگە يېڭى نىكاھ ۋە يېڭى تويلۇق بىلەن قايتۇرۇپ بەرگەن[4].

(تىرمىزى: 1142)

[1] ئەلبانى (491): زەئىپ، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (913): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (1959): سەھىھ ـ دېگەن.
[4] ئەلبانى (194): زەئىپ، ـ دېگەن.

4250 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَنَّهُ قَالَ كَانَ بَيْنَ إِسْلَامِ صَفْوَانَ وَبَيْنَ إِسْلَامِ امْرَأَتِهِ نَحْوٌ مِنْ شَهْرَيْنِ وَلَمْ يُفَرِّقْ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ امْرَأَتِهِ.

4250 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: سەفۋان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالىدىن ئىككى ئاي كېيىن ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (بۇ ئارىدا) ئىككىسىنى ئايرىۋەتمىگەنىدى.

(مالىك: 1154)

4251 - عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَن أُم حَكِيمٍ بِنْتَ الْحَارِثِ بْنِ هِشَامٍ وَكَانَتْ تَحْتَ عِكْرِمَةَ بْنِ أَبِي جَهْلٍ فَأَسْلَمَتْ يَوْمَ الْفَتْحِ وَهَرَبَ زَوْجُهَا عِكْرِمَةُ بْنُ أَبِي جَهْلٍ مِنْ الْإِسْلَامِ حَتى قَدِمَ الْيَمَنَ فَارْتَحَلَتْ أُم حَكِيمٍ حَتى قَدِمَتْ عَلَيْهِ بِالْيَمَنِ فَدَعَتْهُ إِلَى الْإِسْلَامِ فَأَسْلَمَ وَقَدِمَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَامَ الْفَتْحِ فَلَما رَآهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَثَبَ إِلَيْهِ فَرِحًا وَمَا عَلَيْهِ رِدَاءٌ حَتى بَايَعَهُ فَثَبَتَا عَلَى نِكَاحِهِمَا ذَلِكَ.

4251 ـ ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: ئىكرىمە ئىبنى ئەبۇ جەھلنىڭ ئايالى ئۇممۇ ھەكىم بىنتى ھارىس ئىبنى ھىشام مەككە فەتھە بولغان كۈنى مۇسۇلمان بولدى، ئەمما ئېرى ئىكرىمە ئىمان ئېيتىشتىن قېچىپ، مەككىنى تاشلاپ يەمەنگە كەتتى. ئايالى ئۇممۇ ھەكىم ئۇنىڭ كەينىدىن يەمەنگە بېرىپ، ئىسلامغا دەۋەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇمۇ مۇسۇلمان بولدى ۋە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا (مەككىگە) قايتىپ كەلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى كۆرۈپ، خوشاللىقتىن ئۇچىسىغا تونىنى ئارتىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئۇنىڭدىن بەيئەت ئالدى. ئۇلار يەنىلا بۇرۇنقى نىكاھى بىلەن ئەر ـ خوتۇن بولۇپ قېلىۋەردى.

(مالىك: 1156)

4252 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَنَّهُ قَالَ قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ أَيمَا رَجُلٍ تَـزَوجَ امْرَأَةً وَبِهَا جُنُونٌ أَوْ جُذَامٌ أَوْ بَرَصٌ فَمَسهَا فَلَهَا صَدَاقُهَا كَامِلًا وَذَلِكَ لِزَوْجِهَا غُرْمٌ عَلَـى وَلِيهَا.

4252 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: كىمكى ئەقلى ـ ھوشى جايىدا ئەمەس ياكى ماخاۋ كېسەللى ۋەياكى ئاق كېسەللى بار ئايالنى (بۇ خىل ئىللەتلىرىنى بىلمەستىن) نىكاھىغا ئېلىپ، يېقىنچىلىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭ مەھرى ھەققىنى تولۇق بېرىشى كېرەك. قىزنىڭ ۋەلىيسىمۇ بۇ مەھرى ھەققىنى ئەر تەرەپكە تۆلەپ بېرىشى كېرەك، ـ دېگەن.

(مالىك: 1119)

4253 - عَنْ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ أَيمَا امْرَأَةٍ فَقَدَتْ زَوْجَهَا فَلَمْ تَدْرِ أَيْنَ هُوَ فَإِنهَا تَنْتَظِرُ أَرْبَعَ سِنِينَ ثُم تَعْتَد أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا ثُم تَحِلُّ.

4253 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ھەر قانداق بىر ئايال ئېرىنى يوقىتىپ قويۇپ، ئۇنىڭ نەدىلىكىنى بىلەلمىسە، ئېرىنى تۆت يىل ساقلايدۇ. ئاندىن كېيىن تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت ئۆتۈۋېتىپ، باشقا ئەرگە تەگسە بولىدۇ، ـ دېگەن.

(مالىك: 1219)

4254 - عن مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ أَوْ عُثْمَانَ بْـنَ عَفـانَ قَضَـى أَحَدُهُمَا فِي امْرَأَةٍ غَرتْ رَجُلًا بِنَفْسِهَا وَذَكَرَتْ أَنهَا حُرةٌ فَتَزَوجَهَا فَوَلَدَتْ لَهُ أَوْلَادًا فَقَضَى أَنْ يَفْدِيَ وَلَدَهُ بِمِثْلِهِمْ. قَالَ يَحْيَى سَمِعْت قَوْله تَعَالَى يَقُولُ وَالْقِيمَةُ أَعْدَلُ فِي هَذَا إِنْ شَاءَ اللهُ.

4254 ـ مالىكقا يېتىشىچە، ئۆمەر ياكى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆزىنى ھۆر ئايال دەپ تونۇتۇپ (ئالداپ)، ئەرگە تەگكەن ۋە ئۇنىڭغا كۆپ بالا تۇغۇپ بەرگەن (ئەسلى قۇل) ئايال (ۋە ئېرى) ھەققىدە مۇنداق ھۆكۈم چىقارغان: ئېرى (ئايالىنىڭ خوجايىنىغا) بالىلارنىڭ ئوخشىشىنى

(ياكى شۇ باللارنىڭ قىممىتىدە تۆلەم) بېرىدۇ (ۋە باللارنى ئۆزى ئېلىپ قالىدۇ).

مالىك مۇنداق دېگەن: مەنچە باللارنىڭ قىممىتىگە تەڭ بىر نەرسە بېرىش تېخىمۇ ئادىلانە بولىدۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4255 - عن كَعْبُ بْنُ زَيْدٍ أَوْ زَيْدُ بْنُ كَعْبٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ تَزَوجَ امْرَأَةً مِنْ بَنِي غِفَارٍ فَلَما دَخَلَ عَلَيْهَا وَضَعَ ثَوْبَهُ وَقَعَدَ عَلَى الْفِرَاشِ أَبصَرَ بِكَشْحِهَا بَيَاضًا فَانْحَازَ عَنْ الْفِرَاشِ ثُم قَالَ خُذِي عَلَيْكِ ثِيَابَكِ وَلَمْ يَأْخُذْ مِما أَتَاهَا شَيْئًا.

4255 ـ كەئب ئىبنى زەيد ياكى زەيد ئىبنى كەئبتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەنى غىفار قەبىلىسىدىن بىر ئايالغا ئۆيلەندى ۋە ئايالنىڭ يېنىغا كىرىپ، كىيىمىنى سېلىپ (تۆشەككە ئولتۇرۇپ) بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئايالنىڭ بېلىدە ئاق بارلىقىنى كۆردى ـ دە، كۆرپىدىن قوپۇپ كەتتى ۋە ئۇ ئايالغا:

ــ كىيىمىڭنى كىيىۋال! ــ دېدى. (ۋە) ئۇنىڭغا مەھرى ھەققى ئۈچۈن بەرگەن نەرسىدىن ھېچنىمىنى قايتۇرۇۋالمىدى[1].

(ئەھمەد: 15602)

[1] ھەيسەمى (7606): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە جەمىل ئىبنى زەيد ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، ـ دېگەن.

## خوتۇنلىرى ئارىسىدا ئادىل بولۇش، ئەزلى قىلىش[1]، غىيلە[2]، سەركەشلىك، شەرت قىلىش، ئۆزىنى ئاختا قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر

4256 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ مَنْ كَانَتْ لَهُ امْرَأَتَانِ فَمَالَ إِلَى إِحْدَاهُمَا جَاءَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ وَشِقُّهُ مَائِلٌ.

4256 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىككى خوتۇنى بار ئادەم خوتۇنلىرىدىن بىرىگە بەكرەك مايىل بولۇپ كەتسە، قىيامەت كۈنى جىسمىنىڭ بىر تەرىپى مايماق قوپىدۇ»[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2133)

4257 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَقْسِمُ فَيَعْدِلُ وَيَقُولُ اللَّهُمَّ هَذَا قَسْمِي فِيمَا أَمْلِكُ فَلَا تَلُمْنِي فِيمَا تَمْلِكُ وَلَا أَمْلِكُ قَالَ أَبُو دَاوُد يَعْنِي الْقَلْبَ.

4257 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچىلىرىنى ئاياللىرى ئارىسىدا ئادىللىق بىلەن تەقسىم قىلاتتى، ئاندىن: «ئى الله! مانا بۇ مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدىغان تەقسىمات. سېنىڭ قولۇڭدىن

---

[1] جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەندە، ئايالىنىڭ ھامىلدار بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن مەنىينى سىرتقا تۆكۈش.

[2] ئېمىتىدىغان بالىسى بار ئايال بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش.

[3] ئەلبانى (1867):سەھىھ ـ دېگەن.

كېلىدىغان، ئەمما مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىشلاردا ماڭا مالامەت قىلمىغايسەن!» دەيتتى.

ئەبۇ داۋۇد: بۇنىڭدىن قەلبىنى (يەنى قەلبتىكى مۇھەببەتنىڭ كۆچلۈك ياكى ئاجىز بولۇشىنى) مەقسەت قىلغان، ـ دەيدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2134)

4258 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَا رَأَيْتُ امْرَأَةً أَحَب إِلَي أَنْ أَكُونَ فِي مِسْلَاخِهَا مِنْ سَوْدَةَ بِنْتِ زَمْعَةَ مِنْ امْرَأَةٍ فِيهَا حِدةٌ قَالَتْ فَلَما كَبِرَتْ جَعَلَتْ يَوْمَهَا مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِعَائِشَةَ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ قَدْ جَعَلْتُ يَوْمِي مِنْكَ لِعَائِشَةَ فَكَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقْسِمُ لِعَائِشَةَ يَوْمَيْنِ يَوْمَهَا وَيَوْمَ سَوْدَةَ.

4258 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: گەرچە سەۋدە بىنتى زەمئەنىڭ مىجەزى چۇسراق بولسىمۇ، مەن ئۆزەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا ئايالنىڭ ئورنىدا بولۇپ قېلىشىمنى ئارزۇلاپ باقمىدىم. سەۋدە ياشىنىپ قالغان ۋاقتىدا، نۆۋىتىنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن نۆۋىتىمنى ئائىشەگە ئۆتۈنۈپ بەردىم، ـ دېدى. شۇندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئائىشەگە ئىككى كۈن تەقسىم قىلىدىغان بولدى.

(مۇسلىم: 1463)

4259 ـ وفي رواية: وكانت أول إمرأة تزوجها رسول الله صلى الله عليه وسلم بعدي.

4259 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ماڭا ئۆيلەنگەندىن كېيىن ئۆيلەنگەن تۇنجى ئايالى ئىدى، ـ دەپ كەلگەن.

[1] ئەلبانى (467): زەئىپ، ـ دېگەن.

4260 - عَنْ عَائِشَةَ أَنَّ رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَجَدَ عَلَى صَفِيَّةَ بِنْتِ حُيَيٍّ فِي شَيْءٍ فَقَالَتْ صَفِيَّةُ يَا عَائِشَةُ هَلْ لَكِ أَنْ تُرْضِي رَسُولَ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنِّي وَلَكِ يَوْمِي قَالَتْ نَعَمْ فَأَخَذَتْ خِمَارًا لَهَا مَصْبُوغًا بِزَعْفَرَانٍ فَرَشَّتْهُ بِالْمَاءِ لِيَفُوحَ رِيحُهُ ثُمَّ قَعَدَتْ إِلَى جَنْبِ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ يَا عَائِشَةُ إِلَيْكِ عَنِّي إِنَّهُ لَيْسَ يَوْمَكِ فَقَالَتْ ذَلِكَ فَضْلُ اللَّهِ يُؤْتِيهِ مَنْ يَشَاءُ فَأَخْبَرَتْهُ بِالْأَمْرِ فَرَضِيَ عَنْهَا.

4260 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر ئىش سەۋەبى بىلەن سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن خاپا بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ماڭا:

ـ سەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەن ئۈچۈن رازىلىق ئالساڭ، ساڭا بىر كۈنلۈك نۆۋىتىمنى بېرەتتىم، ـ دېدى. مەن:

ـ بولىدۇ، ـ دېدىم ۋە زەپەر بىلەن بويالغان بىر ياغلىقنى ئېلىپ، زەپەر پۇرىقىنىڭ ئەتراپقا تارىلىشى ئۈچۈن ئۈستىگە سۇ چېچىپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئى ئائىشە! مەندىن يىراق تۇر! چۈنكى بۈگۈن سېنىڭ نۆۋىتىڭ ئەمەس، ـ دېدى. مەن:

ـ بۇ دېگەن اللەنىڭ پەزلى ـ ئېھسانى. الله ئۇنى خالىغان ئادەمگە بېرىدۇ، ـ دېدىم ۋە بولغان ۋەقەنى سۆزلەپ بەردىم. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا رازىلىق بىلدۈردى[1].

(ئىبنى ماجە: 1973)

4261 - عَنْ أَنَسٍ قَالَ كَانَ لِلنَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تِسْعُ نِسْوَةٍ فَكَانَ إِذَا قَسَمَ بَيْنَهُنَّ لَا يَنْتَهِي إِلَى الْمَرْأَةِ الْأُولَى إِلَّا فِي تِسْعٍ فَكُنَّ يَجْتَمِعْنَ كُلَّ لَيْلَةٍ فِي بَيْتِ الَّتِي يَأْتِيهَا

[1] ئەلبانى (428): زەئىپ، ـ دېگەن،

فَكَانَ فِي بَيْتِ عَائِشَةَ فَجَاءَتْ زَيْنَبُ فَمَدَ يَدَهُ إِلَيْهَا فَقَالَتْ هَذِهِ زَيْنَبُ فَكَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدَهُ فَتقَاوَلَتَا حَتى اسْتَخَبَتَا وَأُقِيمَتْ الصلَاةُ فَمَر أَبو بَكْرٍ عَلَى ذَلِكَ فَسَمِعَ أَصْوَاتَهُمَا فَقَالَ اخْرُجْ يَا رَسُولَ اللهِ إِلَى الصلَاةِ وَاحْثُ فِي أَفْوَاهِهِن التُرَابَ.

4261 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ توققۇز ئايالى بار ئىدى، كۈنلىرىنى ئۆلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلغاندا، بىرىنچى قېتىم بىرگە بولغان ئايالىغا توققۇز كۈندىن كېيىن قايتا نۆۋەت كېلەتتى. شۇڭا ئاياللىرى ھەر كېچىسى نۆۋەتتى كەلگەن ئايالنىڭ ھۇجرىسىغا توپلىشاتتى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ نۆۋەتتى كەلگەن بىر كۈنى، زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئائىشەنىڭ) ھۇجرىسىغا كىردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا قولىنى ئۇزاتقانىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ بۇ دېگەن زەينەپ، ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى تارتىۋالدى. ئىككى ئايال گەپ تالىشىپ، بىر ــ بىرىگە كىرىشىپلا كەتتى. نامازغا تەكبىر ئوقۇلدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىككىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ـ دە:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! نامازغا چىققىن ۋە ئۇلارنىڭ ئاغزىغا توپا چاچقىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1462)

4262 - عن أَنَسُ بْنُ مَالِكٍ قَالَ كَانَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَدُورُ عَلَى نِسَائِهِ فِي الساعَةِ الْوَاحِدَةِ مِنْ اللَيْلِ وَالنهَارِ وَهُن إِحْدَى عَشْرَةَ قَالَ قُلْتُ لِأَنَسٍ أَوَكَانَ يُطِيقُهُ قَالَ كُنا نَتَحَدثُ أَنهُ أُعْطِيَ قُوةَ ثَلَاثِينَ.

4262 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق رىۋايەت قىلغان: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېچە ـ كۈندۈزنىڭ مەلۇم ۋاقىتلىرىدا ئون بىر ئايالىنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ ئايلىنىپ چىقاتتى. ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ــ بۇنىڭغا كۆچى يېتەمتى؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ بىز ئارىمىزدا: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (جىمادا) ئوتتۇز ئەرنىڭ قۇۋۋىتى بېرىلگەن“ دېيىشەتتۇق، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 268)

4263 - عَنْ أَنسٍ قَالَ مِنْ السنةِ إِذَا تَزَوجَ الرجُلُ الْبِكْرَ عَلَى الثيبِ أَقَامَ عِنْدَهَا سَبْعًا وَقَسَمَ وَإِذَا تَزَوجَ الثيبَ عَلَى الْبِكْرِ أَقَامَ عِنْدَهَا ثَلَاثًا ثُم قَسَمَ.

4263 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: چوكان ئالغاندىن كېيىن، ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە قىز ئالغان كىشىنىڭ يېڭى ئالغان خوتۇنى بىلەن يەتتە كۈن بىرگە بولۇپ، ئاندىن نۆۋەت تۇرغۇزۇشى؛ قىز خوتۇن ئالغاندىن كېيىن، ئۇ خوتۇنىنىڭ ئۈستىگە چوكان ئالغان كىشىنىڭ يېڭى ئالغان (چوكان) خوتۇنى بىلەن ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن نۆۋەت تۇرغۇزۇشى سۈننەتتۇر.

(بۇخارى: 5214)

4264 - عَنْ أُم سَلَمَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَما تَزَوجَ أُم سَلَمَةَ أَقَامَ عِنْدَهَا ثَلَاثًا ثُم قَالَ لَيْسَ بِكِ عَلَى أَهْلِكِ هَوَانٌ إِنْ شِئْتِ سَبعْتُ لَكِ وَإِنْ سَبعْتُ لَكِ سَبعْتُ لِنِسَائِي.

4264 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى نىكاھىغا ئالغاندا، يېنىمدا ئۈچ كۈن تۇرغاندىن كېيىن: «(يېنىڭدا ئۈچ كۈندىن ئارتۇق تۇرماسلىقىم) نەزىرىمدە قەدىر ـ قىممىتىڭنىڭ تۆۋەنلەپ كەتكىنىدىن ئەمەس. خالىساڭ يېنىڭدا يەتتە كۈن تۇراي، ئەمما

سېنىڭ يېنىڭدا يەتتە كۈن تۇرسام، باشقا ئاياللىرىمنىڭ يېنىدىمۇ يەتتە كۈن تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2122)

4265 - وفي رواية: إِنْ شِئْتِ سَبَّعْتُ عِنْدَكِ وَإِنْ شِئْتِ ثَلَّثْتُ ثُمَّ دُرْتُ قَالَتْ ثَلِّثْ.

4265 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن:

ـ خالىساڭ يېنىڭدا يەتتە كۈن تۇراي. خالىساڭ ئۈچ كۈن تۇرۇپ، ئاندىن نۆۋەت بويىچە ئايلىنىپ كېلەي، ـ دېگەنىدى، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئۈچ كۈن تۇرغىن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1460)

4266 - عَنْ أَبِي بَكْرِ بْنِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ أَنَّ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حِينَ تَزَوَّجَ أُمَّ سَلَمَةَ فَدَخَلَ عَلَيْهَا فَأَرَادَ أَنْ يَخْرُجَ أَخَذَتْ بِثَوْبِهِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنْ شِئْتِ زِدْتُكِ وَحَاسَبْتُكِ بِهِ لِلْبِكْرِ سَبْعٌ وَلِلثَّيِّبِ ثَلَاثٌ.

4266 ـ ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇراھماندىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئۆيلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغاندىن كېيىن، قايتىپ چىقماقچى بولۇۋىدى، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇنىڭ پېشىگە ئېسىلدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «خالىساڭ يېنىڭدا بۇندىن ئارتۇق تۇراي، بىراق ئارتۇق تۇرغان كۈنلىرىمنى نۆۋەتىڭگە ھېسابلايمەن. چۈنكى قىزنىڭ يەتتە كۈنلۈك، چوكاننىڭ ئۈچ كۈنلۈك ھەققى بار» دېدى.

(مۇسلىم: 1460)

[1] ئەلبانى (1862): سەھىھ ـ دېگەن.

4267 - قَالَ أَبُو سَعِيدٍ خَرَجْنَا مَعَ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي غَزْوَةِ بَنِي الْمُصْطَلِقِ فَأَصَبْنَا سَبْيًا مِنْ سَبْيِ الْعَرَبِ فَاشْتَهَيْنَا النِّسَاءَ وَاشْتَدَّتْ عَلَيْنَا الْعُزْبَةُ وَأَحْبَبْنَا الْعَزْلَ فَأَرَدْنَا أَنْ نَعْزِلَ وَقُلْنَا نَعْزِلُ وَرَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ بَيْنَ أَظْهُرِنَا قَبْلَ أَنْ نَسْأَلَهُ فَسَأَلْنَاهُ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَ مَا عَلَيْكُمْ أَنْ لَا تَفْعَلُوا مَا مِنْ نَسَمَةٍ كَائِنَةٍ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ إِلَّا وَهِيَ كَائِنَةٌ.

4267 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بەنى مۇستەلەق غازىتىغا چىقتۇق ۋە ئەرەبلەردىن خېلى كۆپ ئايال ئەسىر ئالدۇق. بىزنى بويتاقلىق قىيناپ، ئاياللارنى سېغىنىشقا باشلىغاندۇق. شۇنىڭ بىلەن، ئەسىرگە چۈشكەن ئاياللارنى ساتالماسلىقىمىزدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى ھامىلدار قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئەزلى قىلماقچى بولدۇق ۋە: ”پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئارىمىزدا تۇرسا، ئۇنىڭدىن سورىماي تۇرۇپلا ئەزلى قىلساق قانداق بولىدۇ؟“ دېيىشىپ، بۇ ھەقتە سورىۋىدۇق، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئەزلى قىلىشىڭنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق. چۈنكى بىر جانلىقنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى پۈتۈلگەن بولسا، ئۇ ھامان (بىر كۈن) ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 4138)

4268 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِيِّ أَنَّ رَجُلًا قَالَ يَا رَسُولَ اللَّهِ إِنَّ لِي جَارِيَةً وَأَنَا أَعْزِلُ عَنْهَا وَأَنَا أَكْرَهُ أَنْ تَحْمِلَ وَأَنَا أُرِيدُ مَا يُرِيدُ الرِّجَالُ وَإِنَّ الْيَهُودَ تُحَدِّثُ أَنَّ الْعَزْلَ مَوْءُودَةُ الصُّغْرَى قَالَ كَذَبَتْ يَهُودُ لَوْ أَرَادَ اللَّهُ أَنْ يَخْلُقَهُ مَا اسْتَطَعْتَ أَنْ تَصْرِفَهُ.

4268 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ بىر دېدىكىم بار، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغاندا، ئەزلى قىلىمەن. چۈنكى مەن ئۇنىڭ بىلەن پەقەت شەھۋىتىمنى قاندۇرۇش ئۈچۈنلا بىرگە بولىمەن ۋە ئۇنىڭ ھامىلدار

بولۇپ قېلىشىنى خالىمايمەن. ئەمما يەھۇدىيلار: ‘‘ئەزلى قىلىش ــ قىزلارنى تىرىك كۆمۈۋېتىشنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى’’ دېيىشىدىكەن، ـ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ يەھۇدىيلارنىڭ دېگەنلىرى يالغان. الله بىر نەرسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرمەكچى بولسا، سەن ئەزلى قىلغان بىلەنمۇ ئۇنىڭ ئالدىنى ئالالمايسەن، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2171)

4269 - عَنْ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ مَا بَالُ رِجَالٍ يَطئُونَ وَلَائِدَهُمْ ثُم يَعْزِلُوهُن لَا تَأْتِينِي وَلِيدَةٌ يَعْتَرِفُ سَيدُهَا أَنْ قَدْ أَلَم بِهَا إِلا أَلْحَقْتُ بِهِ وَلَدَهَا فَاعْزِلُوا بَعْدُ أَوْ اتْرُكُوا.

4269 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: نېمە ئۈچۈن بىر قىسىم كىشىلەر دېدەكلىرى بىلەن بىرگە بولىدۇ ـ يۇ، ئەزلى قىلىدۇ؟! مېنىڭ يېنىمغا بىر دېدەك (بالا كۆتۈرۈپ) كەلسە ۋە خوجايىنى ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغانلىقىنى ئىقرار قىلسا، (ئۇنىڭ: ئەزلى قىلغانىتىم، ـ دېگىنىگە پەرۋا قىلماستىن) ئۇ (دېدەكتىن تۇغۇلغان) بالىنى خوجايىنىنىڭ بالىسى دەپ ھۆكۈم قىلىمەن. ئەمدى خالىساڭلار، ئەزلى قىلىڭلار. خالىساڭلار، ئەزلى قىلىشنى تەرك ئېتىڭلار.

(مالىك: 1454)

4270 - وفي رواية: ثُم يَدَعُوهُن يَخْرُجْنَ.

4270 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: نېمە ئۈچۈن بىر قىسىم كىشىلەر دېدەكلىرى بىلەن بىرگە بولىدۇ ـ يۇ، ئەزلى قىلىدۇ؟! بىرگە بولۇپ، ئەزلى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، دېدەكلىرىنىڭ كوچىلارغا قالايمىقان چىقىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ؟!... دېگەن ئىبارە بىرگە رىۋايەت قىلىنغان.

(مالىك: 1455)

[1] ئەلبانى (1903): سەھىھ ـ دېگەن.

4271 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ قَالَ نَهى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ يُعْزَلَ عَنْ الْحُرةِ إِلا بِإِذْنِهَا.

4271 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھۆر) ئايالنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ ئەزلى قىلىشتىن توسقان[1].

(ئىبنى ماجە: 1928)

4272 - عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ يَزِيدَ بْنِ السكَنِ قَالَتْ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا تَقْتُلُوا أَوْلَادَكُمْ سِرا فَإِن الْغَيْلَ يُدْرِكُ الْفَارِسَ فَيُدَعْثِرُهُ عَنْ فَرَسِهِ.

4272 ـ ئەسما بىنتى يەزىد ئىبنى سەكەن رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «(بالا ئېمىتىۋاتقان ئاياللارغا يېقىنچىلىق قىلىش ئارقىلىق) باللىرىڭلارنى مەخپىي ئۆلتۈرمەڭلار. چۈنكى بالا ئېمىتىۋاتقان ئايالغا يېقىنچىلىق قىلىش (يەنى غىيلە)نىڭ تەسىرى شۇنداق كۈچلۈك ئىكەنكى، ھەتتا بالا ئاتقا مىنگۈدەك بولغاندا، ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى ئاجىزلىقى ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشكە سەۋەب بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3881)

4273 - عَنْ جُدَامَةَ بِنْتِ وَهْبٍ الْأَسَدِيةِ أَنهَا سَمِعَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ أَنْهى عَنْ الْغِيلَةِ حَتى ذَكَرْتُ أَن الرومَ وَفَارِسَ يَصْنَعُونَ ذَلِكَ فَلَا يَضُر أَوْلَادَهُمْ.

4273 ـ جۇدامە بىنتى ۋەھب ئەسەدىييەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان: «مەن غىيلەنى چەكلىمەكچى ئىدىم، ماڭا رۇم ۋە فارسلار

[1] ئەلبانى (423): زەئىپ. ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (835): زەئىپ. ـ دېگەن.

غىيلە قىلىسمۇ، بۇ ئىشنىڭ (ئۇلارنىڭ) بالىلىرىغا ھېچبىر زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزمەيدىغانلىقى يەتكۈزۈلدى (شۇنىڭ بىلەن، چەكلەشتىن ۋاز كەچتىم)».

(مۇسلىم: 1442)

4274 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا وَإِنْ امْرَأَةٌ خَافَتْ مِنْ بَعْلِهَا نُشُوزًا أَوْ إِعْرَاضًا قَالَتْ هُوَ الرجُلُ يَرَى مِنْ امْرَأَتِهِ مَا لَا يُعْجِبُهُ كِبَرًا أَوْ غَيْرَهُ فَيُرِيدُ فِرَاقَهَا فَتَقُولُ أَمْسِكْنِي وَاقْسِمْ لِي مَا شِئْتَ قَالَتْ فَلَا بَأْسَ إِذَا تَرَاضَيَا.

4274 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ﴿ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس. كېلىشىش (ئۇزلۇشۇپ كېتىشتىن) ياخشى. ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە بېخىللىق سىڭىپ كەتكەن، ئەگەر (ئاياللىرىڭلارغا) ياخشىلىق قىلساڭلار، (ئۇلارغا زۇلۇم قىلىشتىن) ساقلانساڭلار (الله سىلەرنى مۇكاپاتلايدۇ). الله ھەقىقەتەن قىلمىشىڭلاردىن خەۋەرداردۇر﴾[1] دېگەن ئايەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بىر ئەر كىشى ئايالىنى قېرىپ كەتكەنلىكىدىن ياكى باشقا بىر سەۋەبلەردىن ياقتۇرماي، ئاجرىشىپ كەتمەكچى بولغان بولسا، ئايالى: ”مېنى قويۇپ بەرمەي، ئاياللىرىڭ ئارىسىدا نۆۋەت تەقسىم قىلغاندا، ماڭا ئۆزەڭ خالىغان بويىچە تەقسىم قىل!“ دەپ ئۆزئارا كېلىشسە، ئۇلارغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ.

(بۇخارى: 2694)

4275 - عَنْ نَضْلَةَ بْنِ طَرِيفٍ أَن رَجُلًا مِنْهُمْ يُقَالُ لَهُ الْأَعْشَى وَاسْمُهُ عَبْدُ اللهِ بْنُ الْأَعْوَرِ كَانَتْ عِنْدَهُ امْرَأَةٌ يُقَالُ لَهَا مُعَاذَةُ خَرَجَ فِي رَجَبٍ يَمِيرُ أَهْلَهُ مِنْ هَجَرَ فَهَرَبَتْ امْرَأَتُهُ بَعْدَهُ نَاشِزًا عَلَيْهِ فَعَاذَتْ بِرَجُلٍ مِنْهُمْ يُقَالُ لَهُ مُطَرِفُ بْنُ بُهْصُلِ بْنِ كَعْبِ بْنِ قَمَيْشَعِ بْنِ دُلَفَ بْنِ أَهْضَمَ بْنِ عَبْدِ اللهِ فَجَعَلَهَا خَلْفَ ظَهْرِهِ فَلَما قَدِمَ وَلَمْ يَجِدْهَا فِي بَيْتِهِ وَأُخْبِرَ

[1] سۈرە نىسا، 128 ـ ئايەت.

أَنهَا نَشَزَتْ عَلَيْهِ وَأَنهَا عَاذَتْ بِمُطَرفِ بْنِ بُهْصُلٍ فَأَتَاهُ فَقَالَ يَا ابْنَ عَم أَعِنْدَكَ امْرَأَتِي مُعَاذَةُ فَادْفَعْهَا إِلَي قَالَ لَيسَتْ عِنْدِي وَلَوْ كَانَتْ عِنْدِي لَمْ أَدْفَعْهَا إِلَيْكَ قَالَ وَكَانَ مُطَرفٌ أَعَز مِنْهُ فَخَرَجَ حَتى أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَعَاذَ بِهِ وَأَنْشَأَ يَقُولُ:

يَا سَيدَ الناسِ وَديانَ الْعَرَبْ إِلَيْكَ أَشْكُو ذِرْبَةً مِنْ الذرَبْ

كَالذئْبَةِ الْغَبْشَاءِ فِي ڊِل السرَبْ خَرَجْتُ أَبْغِيهَا الطعَامَ فِي رَجَبْ

فَخَلفَتْنِي بِنِزَاعٍ وَهَرَبْ أَخْلَفَتْ الْعَهْدَ وَلَطتْ بِالذنَبْ

وَقَذَفَتْنِي بَيْنَ عِيÖٍ مُؤْتَشَبْ وَهُن شَر غَالِبٍ لِمَنْ غَلَبْ

فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ ذَلِكَ وَهُن شَر غَالِبٍ لِمَنْ غَلَبْ فَشَكَا إِلَيْهِ امْرَأَتَهُ وَمَا صَنَعَتْ بِهِ وَأَنهَا عِنْدَ رَجُلٍ مِنْهُمْ يُقَالُ لَهُ مُطَرفُ بْنُ بُهْصُلٍ فَكَتَبَ لَهُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى مُطَرفٍ انْظُرْ امْرَأَةَ هَذَا مُعَاذَةَ فَادْفَعْهَا إِلَيْهِ فَأَتَاهُ كِتَابُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُرِئَ عَلَيْهِ فَقَالَ لَهَا يَا مُعَاذَةُ هَذَا كِتَابُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِيكِ فَأَنَا دَافِعُكِ إِلَيْهِ قَالَتْ خُذْ لِي عَلَيْهِ الْعَهْدَ وَالْمِيثَاقَ وَذِمةَ نَبِيهِ لَا يُعَاقِبُنِي فِيمَا صَنَعْتُ فَأَخَذَ لَهَا ذَاكَ عَلَيْهِ وَدَفَعَهَا مُطَرفٌ إِلَيْهِ.

4275 ـ نەزلە ئىبنى تەرىفتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، قەۋمىمىزدە ئەسلى ئىسمى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەئۋەر بولسىمۇ، ئەئشا دېگەن لەقىمى بىلەن چاقىرىلىدىغان بىر ئادەم بار ئىدى. ئۇنىڭ مۇئازە ئىسىملىك بىر ئايالى بولۇپ، ئەئشا ئائىلىسىگە يېمەك ـ ئىچمەك تېپىپ كېلىش ئۈچۈن (رەجەب ئېيىدا) ھەجەرگە كەتكەن بىر پەيتتە، ئايالى سەركەشلىك قىلىپ ئۆيىدىن قېچىپ كەتتى ۋە ئۆزىنىڭ قەبىلىسىدىن مۇتەررىف ئىبنى بۇھسۇل ئىبنى كەئب ئىبنى قەمەيشەئ ئىبنى دۇلەف ئىبنى ئەھزەم ئىبنى ئابدۇللاھ ئىسىملىك بىر كىشىدىن پاناھلىق تىلىدى، ئۇ كىشى (ئۇنىڭغا) پاناھلىق بەردى. ئېرى قايتىپ كېلىپ قارىسا، ئۆيىدە ئايالى يوق. باشقىلاردىن سوراش ئارقىلىق خوتۇنىنىڭ سەركەشلىك قىلىپ ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋە مۇتەررىف دېگەن كىشىدىن پاناھلىق تىلەپ، شۇنىڭ

يېنىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى مۇتەررىفنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئى قېرىنداشىم! ئايالىم مۇئازە يېنىڭدا بولسا، ئۇنى ماڭا قايتۇرۇپ بەرگىن! - دېگەنىدى، مۇتەررىف:

— ئايالىڭ مېنىڭ يېنىمدا ئەمەس، مېنىڭ يېنىمدا بولغان تەقدىردىمۇ ساڭا قايتۇرۇپ بەرمەيتتىم، - دېدى. چۈنكى مۇتەررىف ئۇنىڭدىن كۈچلۈك ئىدى. بۇ جاۋابنى ئاڭلىغان ئەئشا دەرھال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تەلەپ قىلىپ مۇنداق دېيىشكە باشلىدى:

ئەي ئىنسانلار خوجىسى، ئەرەبلەر شاھى!
ئەرزىم بار، قىلايمەن ساڭا شىكايەت.
پادىغا سوقۇنغان كۆلرەڭ بۆرىدەك،
بىر بۇزۇق خوتۇندىن ئېيتىپ ھېكايەت.

ئوزۇقلۇق ئىزدەپ مەن ئەشۇ خوتۇنغا،
سەپەرگە چىققانتىم رەجەب ئېيىدا.
خىيانەت قىلدى ئۇ سەركەشلىك بىلەن،
قۇيرۇقنى خادا قىلىپ قاچتى باشقىغا.

قالدىم مەن تۇگىمەس پىتنە - بالاغا،
ھەممىنى قىلغان ئۇ (مەندە گۇناھ يوق).
ھەر يىگىت - مەردلەرنى شەرمەندە قىلغان،
ئاياللار مۇشۇنداق بەك يامان مەخلۇق.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ:

ھەر يىگىت - مەردلەرنى شەرمەندە قىلغان،
ئايالار مۇشۇنداق بەك يامان مەخلۇق،

دېگەن مىسرالىرىنى تەكرارلىدى. ئەئشا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ۋەقەلىكنى تەپسىلىي ئاڭلاتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇتەررىفكە بىر پارچە خەت يېزىپ، بۇ

ئادەمنىڭ ئايالىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە بۇيرىدى. مۇتەررىف پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

ـ ئى مۇئازە! بۇ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سەن توغرۇلۇق يازغان خېتى ئىكەن، مەن سېنى ئېرىڭگە قايتۇرۇپ بېرىشكە مەجبۇرمەن، ـ دېدى. ئۇ ئايال:

ـ ئۇنداقتا، سەن ئۇنىڭدىن قىلغان ـ ئەتكەنلىرىم ئۈچۈن مېنى جازالىماسلىقنى ۋەدە ئال ۋە پەيغەمبىرىنىڭ كېپىللىكىنى تەلەپ قىل! ـ دېدى. مۇتەررىف ئايالىنىڭ دېگەنلىرىنى قىلدى ۋە ئۇنى ئېرىگە قايتۇرۇپ بەردى[1].

(ئەھمەد: 6847)

4276 - عَنْ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ قَالَ إِذَا تَزَوجَ رَجُلٌ امْرَأَةً وَشَـرَrَ لَهَـا أَنْ لَـا يُخْرِجَهَا مِنْ مِصْرِهَا فَلَيْسَ لَهُ أَنْ يُخْرِجَهَا.

4276 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: بىر كىشى بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالغاندا، ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ يۇرتىدىن باشقا جايغا كەتمەسلىكنى ۋە ئۆز يۇرتىدا ياشاشنى شەرت قىلغان بولسا، (نىكاھتىن كېيىن) ئەرنىڭ ئۇ ئايالنى باشقا شەھەرگە ئېلىپ كېتىش ھوقۇقى بولمايدۇ، ـ دېگەن[2].

(تىرمىزى: 1127)

4277 ـ وَرُوِي عَنْ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ أَنَّهُ قَالَ شَرْrُ اللِهِ قَبْلَ شَرْطِهَا.

4277 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ھەقتە: اللهنىڭ شەرتى ئۇ خوتۇننىڭ شەرتىدىن ئۈستۈندۇر، ـ دېگەن.

(تىرمىزى: 1127)

[1] ھەيسەمى (7740): بۇ ھەدىسنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە كىملىكى نامەلۇم كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (900): سەھىھ ـ دېگەن.

4278 - عن سَعْدَ بْنَ أَبِي وَقا ٱ ٍ قال: لَقَدْ رَد ذَلِكَ يَعْنِي النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ عَلَى عُثْمَانَ بْنِ مَظْعُونٍ وَلَوْ أَجَازَ لَهُ التَبتلَ لَاخْتَصَيْنَا.

4278 ـ سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئوسمان ئىبنى مەزئۇننى ئۆزىنى ئاختا قىلىۋېتىشتىن توسماي، ھاياتىنى بويتاقلىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئىجازەت بەرگەن بولسا ئىدى، بىزمۇ ئۆزىمىزنى ئاختا قىلىۋەتكەن بولاتتۇق.

(بۇخارى: 5074)

4279 - عَنْ سَمُرَةَ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ التَبتلِ قَالَ أَبو عِيسَى وَزَادَ زَيْدُ بْنُ أَخْزَمَ فِي حَدِيثِهِ وَقَرَأَ قَتَادَةُ وَلَقَدْ أَرْسَلْنَا رُسُلًا مِنْ قَبْلِكَ وَجَعَلْنَا لَهُمْ أَزْوَاجًا وَذُريةً.

4279 ـ سەمۇرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمۈر بويى توي قىلماي ئۆتۈپ كېتىشتىن چەكلىگەن. قەتادە ھەدىسنىڭ ئاخىرىدا: ﴿بىز سەندىن ئىلگىرى ھەقىقەتەن نۇرغۇن پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتتۇق، ئۇلارغا خوتۇنلار ۋە بالىلار بەردۇق﴾[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى[2].

(تىرمىزى: 1082)

4280 - عَنْ ابْنِ مَسْعُودٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تُبَاشِرُ الْمَرْأَةُ الْمَرْأَةَ لِتَنْعَتَهَا لِزَوْجِهَا كَأَنمَا يَنظُرُ إِلَيْهَا.

4280 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىندۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«خوتۇن كىشى خوتۇن كىشى بىلەن (قېپيالىڭاچ بولۇپ بىر يوتقاندا) ياتمىسۇن، چۈنكى بۇنداق قىلغاندا، بىرى ئېرىگە يەنە بىرىنىڭ

[1] سۇرە رەئد، 38 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (864): سەھىھ ـ دېگەن.

بەدىنىنى خۇددى ئىېرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندەك سۆپەتلەپ بېرىپ قىلىشى مۇمكىن»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2150)

4281 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إِذَا أَتَى أَحَدُكُمْ أَهْلَهُ فَلْيَسْتَتِرْ وَلا يَتَجَرَدْ تَجَرَدَ الْعَيْرَيْنِ".

4281 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاياللىڭلار بىلەن بىرگە بولغاندا، ياۋا ئېشەكتەك قىپيالىڭاچ بولىۋالماي، ئۇستۇڭلارغا بىر نەرسە يېپىۋېلىڭلار»[2].

(بەززار: 1449)

4282 – عن أبي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قال: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن مِنْ أَشَر الناسِ عِنْدَ اللهِ مَنْزِلَةً يَوْمَ الْقِيَامَةِ الرجُلَ يُفْضِي إِلَى امْرَأَتِهِ وَتُفْضِي إِلَيْهِ ثُم يَنْشُرُ سِرهَا.

4282 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەر ـ خوتۇنچىلىقنىڭ (جىنسى ئالاقىنىڭ) سىرىنى سىرتقا يايغان كىشى ــ قىيامەت كۈنى اللهنىڭ دەرگاھىدىكى ئەڭ پەسكەش كىشى ھېسابلىنىدۇ».

(مۇسلىم: 1437)

4283 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ عَمْرٍو، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "فَضْلُ مَا بَيْنَ لَذةِ الْمَرْأَةِ وَلَذةِ الرجُلِ كَأَثَرِ الْمَخِيطِ فِي الطينِ، إلا أن اللهَ يَسْتُرُهُن بِالْحَيَاءِ".

---

[1] ئەلبانى (1882): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7558): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇندىل ئىبنى ئەلى ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار.

4283 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەر كىشىنىڭ (جىمادىن) ئالىدىغان لەززىتى ئايال كىشىنىڭ لەززىتىگە قارىغاندا خۇددى يىگىنىنىڭ لايدا قالدۇرىدىغان ئىزناسىچىلىكتۇر (يەنى ئايال بەكرەك لەززەتلىنىدۇ). بىراق الله ئاياللارنى (يەنى ئۇلارنىڭ شەھۋەت ئارزۇسىنى) ھايا بىلەن يۆگەپ تۇرىدۇ»[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

4284 - عَنْ سَلْمَانَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، قَالَ: سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى الا ـُهُ عَلَيْ ـهِ وَسَلمَ، يَقُولُ: "مَنِ اتخَذَ مِنَ الْخَدَمِ غَيْرَ مَا يَنْكِحُ، ثُم بَغَيْنَ، فَعَلَيْهِ مِثْلُ آثَامِهِن، مِنْ غَيْ ـرِ أَنْ يَنْتَقِصَ مِنْ آثَامِهِن شَيْئًا".

4284 ـ سەلمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى خىزمەتچىلىرىدىن نىكاھسىز پايدىلىنىپ، كېيىن ئۇ خىزمەتچىلەرنىڭ يولىدىن چىقىپ (يەنى پاھىشە بولۇپ) كېتىشىگە سەۋەبچى بولسا، ئۇنىڭغىمۇ ئۇلارنىڭ گۇناھلىرىغا ئوخشاش گۇناھ يېزىلىدۇ، بۇنىڭ بىلەن خىزمەتچىلەرنىڭ گۇناھى قىلچىلىكمۇ كېمەيتىلىپ قالمايدۇ»[②].

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

4285 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "مَنْ وَطِئَ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ، فَقُضِيَ بَيْنَهُمَا وَلَدٌ، فَأَصَابَهُ جُذَامٌ فَلا يَلُومَن إلا نَفْسَهُ".

---

[①] ھەيسەمى (7556): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئەھمەد ئىبنى ئەلى ئىبنى شەۋزەب ئىسىملىك كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى تاپالمىدىم، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (7587): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە تەرجىمىھالى تېپىلمىغان كىشىلەر بار، ـ دېگەن.

4285 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەيزدار ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلغان كىشى، بۇ جىمادىن بىرەر بالا تۆرىلىپ قالسا ۋە بالا ماخاۋ كېسەللىكگە گىرىپتار بولسا، ئۆزىدىن كۆرسۇن»[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

4286 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: "يُتَأَجلُ الْعِنينُ سَنَةً، فَإِنْ وَصَلَ إِلَيْهَا وَإِلا فُرقَ بَيْنَهُمَا، وَلَهَا الصدَاقُ".

4286 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: جىنسىي ئىقتىدارى ئاجىز (ياكى يوق) كىشىگە بىر يىل مۆھلەت بېرىلىدۇ. بۇ بىر يىل ئىچىدە ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلالمىسا، ئايالىدىن ئاجراشتۇرۇلىدۇ ۋە ئۇ ئايالغا مەھرى ھەققى بېرىلىدۇ[2].

(«ئەلكەبىر»: 9704)

4287 - عَنِ ابْنِ عُمَرَ، أَحْسِبُهُ قَدْ رَفَعَهُ، قَالَ: "الْمَرْأَةُ فِي حَمْلِهَا إِلَى وَضْعِهَا إِلَى فِصَالِهَا كَالْمُرَابِطِ فِي سَبِيلِ اللهِ، إِنْ مَاتَتْ فِيمَا بَيْنَ ذَلِكَ لَهَا أَجْرُ شَهِيدٍ".

4287 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ئايال كىشىگە ئۇنىڭ قورساق كۆتۈرۈپ، بالىسىنى تۇغۇپ، ئەمچەكتىن ئايرىپ بولغىچە ئارىلىقتا (تارتقان جاپاسىغا) خۇددى ئالدىنقى سەپتە جىھادنى كۈتۈپ ياتقان مۇجاھىدنىڭ ساۋابىدەك ساۋاب بېرىلىدۇ. ئەگەر

[1] ھەيسەمى (7597): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە بەكرى ئىبنى سەھل ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7609): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ھۇسەين ئىبنى قەبىيسەدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر. لېكىن ھۇسەين ئىبنى قەبىيسەمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

بۇ جەرياندا ئۆلۈپ كېتىپ قالسا، ئۇنىڭغا شېھىدنىڭ ساۋابى بېرىلىدۇ»[1].

(«ئەلكەبىر»)

[1] ھەيسەمى (7630): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى قەيس ئىسمىلىك كىشىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئىشەنچسىز ئىكەنلىكىدە ئىختىلاپ بار. ئىسھاق ئىسمىلىك راۋىينىڭ تەرجىمىھالىنى بىلمەيمەن. ئۇلاردىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

## ئەرنىڭ ئايال ئۇستىدىكى ۋە ئايالنىڭ ئەر ئۇستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى

4288 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ كُنتُ آمِرًا أَحَدًا أَنْ يَسْجُدَ لِأَحَدٍ لَأَمَرْتُ الْمَرْأَةَ أَنْ تَسْجُدَ لِزَوْجِهَا.

4288 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولسام، ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم»[①].

(تىرمىزى: 1159)

4289 - عن أبي هريرة أن النبي صلى الله عليه وسلم دخل حائطا فجاء بعير فسجد له فقالوا نحن أحق أن نسجد لك فقال لو أمرت أحدا أن يسجد لاحد لامرت المرأة أن تسجد لزوجها.

4289 ـ بەززارنىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق كەلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر باغقا كىرگەندى، بىر تۆگە كېلىپ، ئۇنىڭغا سەجدە قىلدى. بۇنى كۆرگەن ساھابىلەر:

ـ ساڭا (ھۆرمەت بىلدۈرۈپ) تۆگە سەجدە قىلغان يەردە، بىزنىڭ ئاللىبۇرۇن ساڭا سەجدە قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەگەر ئىنسانلاردىن بىرىنى يەنە بىرىگە (ھۆرمەت يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولسام، ئەلۋەتتە، ئايال كىشىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم، ـ دېدى.

(بەززار رىۋايەت قىلغان)

[①] ئەلبانى (926): ھەسەن، ـ دېگەن.

4290 - عَنْ عَائِشَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَوْ أَمَرْتُ أَحَـدًا أَنْ يَسْجُدَ لِأَحَدٍ لَأَمَرْتُ الْمَرْأَةَ أَنْ تَسْجُدَ لِزَوْجِهَا وَلَوْ أَن رَجُلًا أَمَرَ امْرَأَتَهُ أَنْ تَنْقُلَ مِنْ جَبَـلٍ أَحْمَرَ إِلَى جَبَلٍ أَسْوَدَ وَمِنْ جَبَلٍ أَسْوَدَ إِلَى جَبَلٍ أَحْمَرَ لَكَانَ نَوْلُهَا أَنْ تَفْعَلَ.

4290 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىنسانلارنىڭ بىرىنى يەنە بىرىگە (ھۆرمەت يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولسام، ئەلۋەتتە، ئاياللىنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم. چۈنكى بىر كىشى ئايالىنى قىزىل تاغدىن قارا تاغقا، قارا تاغدىن قىزىل تاغقا بىر نەرسە يۆتكەشكە بۇيرىسىمۇ، ئايال ئېرىنىڭ دېگىنىنى قىلىشى كېرەك»[1].

(ئىبنى ماجە: 1852)

4291 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى قَالَ لَما قَدِمَ مُعَاذٌ مِنْ الشامِ سَجَدَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا هَذَا يَا مُعَاذُ قَالَ أَتَيْتُ الشامَ فَـوَافَقْتُهُمْ يَسْـجُدُونَ لِأَسَـاقِفَتِهِمْ وَبَطَارِقَتِهِمْ فَوَدِدْتُ فِي نَفْسِي أَنْ نَفْعَلَ ذَلِكَ بِكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَا تَفْعَلُوا فَإِني لَوْ كُنْتُ آمِرًا أَحَدًا أَنْ يَسْجُدَ لِغَيْرِ اللهِ لَأَمَرْتُ الْمَرْأَةَ أَنْ تَسْـجُدَ لِزَوْجِهَـا وَالذِي نَفْسُ مُحَمدٍ بِيَدِهِ لَا تُؤَدي الْمَرْأَةُ حَق رَبهَا حَتى تُؤَديَ حَق زَوْجِهَا وَلَـوْ سَـأَلَهَا نَفْسَهَا وَهِيَ عَلَى قَتَبٍ لَمْ تَمْنَعْهُ.

4291 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا مۇنداق دەيدۇ: مۇئاز رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ شامدىن قايتىپ كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە سەجدە قىلدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئەي مۇئاز! بۇ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىغانىدى. مۇئاز:

ـــ مەن شامدا كىشىلەرنىڭ پوپلارغا ۋە باشقا دىنىي پېشىۋالارغا سەجدە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ‹‹بىزمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا

[1] ئەلبانى (406): زەئىپ، ـ دېگەن.

سەجدە قىلىساق بولغۇدەك'' دېگەننى كۆڭلۈمگە پۈككەنىدىم، - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنداق قىلماڭلار! مەن ئىنساننى اللهتىن باشقا بىر مەخلۇققا سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولسام، ئەلۋەتتە، ئايالنى ئېرىگە سەجدە قىلىشقا بۇيرىغان بولاتتىم. مۇھەممەدنىڭ جېنى ئىلكىدە بولغان زات (الله) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئايال ئېرىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلمىغىچە، پەرۋەردىگارىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلالمايدۇ. ھەتتا ئېرى تۆگىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ، ئۇنى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈشكە چاقىرسىمۇ، ئايال ئېرىگە چوقۇم ئىتائەت قىلىشى كېرەك»[①].

(ئىبنى ماجە: 1853)

4292 - عَنْ أُم سَلَمَةَ قَالَتْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أيمَا امْرَأةٍ مَاتَتْ وَزَوْجُهَا عَنْهَا رَاضٍ دَخَلَتْ الْجَنةَ.

4292 - ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەر قانداق بىر ئايال ئېرىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشكەن ھالەتتە ئۆلۈپ كەتسە، جەننەتكە كىرىدۇ»[②].

(تىرمىزى: 1161)

4293 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالذِي نَفْسِي بِيَدِهِ مَا مِنْ رَجُلٍ يَدْعُو امْرَأتَهُ إلَى فِرَاشِهَا فَتَأبَى عَلَيْهِ إلا كَانَ الذِي فِي السمَاءِ سَاخِطًا عَلَيْهَا حَتى يَرْضَى عَنْهَا.

4293 - ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[①] ئەلبانى (1503): ھەسەن ۋە سەھىھتۇر، - دېگەن.

[②] ئەلبانى (200): زەئىپ، - دېگەن.

«مېنىڭ جېنىم ئىلكىدە بولغان زات (الله) بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ئەگەر ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىنى بىللە بولۇشقا چاقىرسا، ئايالى ئۇنىمىسا، الله ئۇ ئايالغا تاكى ئېرى رازى بولغىچە غەزەبلىنىدۇ».

(مۇسلىم: 1736)

4294 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا بَاتَتْ الْمَرْأَةُ مُهَاجِرَةً فِرَاشَ زَوْجِهَا لَعَنَتْهَا الْمَلَائِكَةُ حَتى تَرْجِعَ.

4294 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىر ئايال ئۆزىنىڭ ئېرى بىلەن بىللە بولۇشتىن باش تارتىپ باشقا يوتقاندا يېتىۋالسا، پەرىشتىلەر ئۇ ئايالغا تاكى ئۇ ئېرىنىڭ يېنىغا قايتقانغا قەدەر لەنەت ئوقۇيدۇ».

(بۇخارى: 5194)

4295 - عَنْ طَلْقِ بْنِ عَلِي قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا الرجُلُ دَعَا زَوْجَتَهُ لِحَاجَتِهِ فَلْتَأْتِهِ وَإِنْ كَانَتْ عَلَى التنورِ.

4295 ـ تەلىق ئىبنى ئەلىدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەگەر بىر ئەر ئۆزىنىڭ ئايالىنى ھاجىتى ئۈچۈن چاقىرسا، ئۇ ئايال تونۇر بېشىدا بولسىمۇ كەلسۇن»[1].

(تىرمىزى: 1160)

4296 - عَنْ مُعَاذِ بْنِ جَبَلٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تُؤْذِي امْرَأَةٌ زَوْجَهَا فِي الدنْيَا إِلا قَالَتْ زَوْجَتُهُ مِنْ الْحُورِ الْعِينِ لَا تُؤْذِيهِ قَاتَلَكِ اللهُ فَإِنمَا هُوَ عِنْدَكَ دَخِيلٌ يُوشِكُ أَنْ يُفَارِقَكِ إِلَيْنَا.

[1] ئەلبانى (927): سەھىھ ـ دېگەن.

4296 ـ مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئەگەر بىر ئايال بۇ دۇنيادا ئېرىگە ئەزىيەت بەرسە، ئۇ ئەرنىڭ (ئاخىرەتتىكى) ھۆر ـ پەرىلەردىن بولغان ئايالى (ئۇ ئايالغا): "الله تائالا ساڭا لەنەت قىلسۇن! ئۇنىڭغا ئەزىيەت بەرمە، ئۇ سېنىڭ قېشىڭدا بىر مېھماندۇر. ئۇنىڭ سەندىن ئايرىلىپ، بىزنىڭ قېشىمىزغا كېلىدىغىنىغا ئازلا ۋاقىت قالدى" دەيدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1174)

4297 - عَنْ النعْمَانِ بْنِ بَشِيرٍ قَالَ اسْتَأْذَنَ أَبو بَكْرٍ رَحْمَةُ اللهِ عَلَيْهِ عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَمِعَ صَوْتَ عَائِشَةَ عَالِيًا فَلَما دَخَلَ تَنَاوَلَهَا لِيَلْطِمَهَا وَقَالَ أَلَا أَرَاكِ تَرْفَعِينَ صَوْتَكِ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَعَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَحْجِزُهُ وَخَرَجَ أَبو بَكْرٍ مُغْضَبًا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حِينَ خَرَجَ أَبو بَكْرٍ كَيْفَ رَأَيْتِنِي أَنقَذْتُكِ مِنْ الرجُلِ قَالَ فَمَكَثَ أَبو بَكْرٍ أَيامًا ثُم اسْتَأْذَنَ عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَوَجَدَهُمَا قَدْ اصْطَلَحَا فَقَالَ لَهُمَا أَدْخِلَانِي فِي سِلْمِكُمَا كَمَا أَدْخَلْتُمَانِي فِي حَرْبِكُمَا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ فَعَلْنَا قَدْ فَعَلْنَا.

4297 ـ نۇئمان ئىبنى بەشىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىش ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى ۋە بۇ ئارىدا قىزى ئائىشەنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئاۋازىڭنى كۆتۈرۈپ نېمە ۋارقىرايسەن؟ ـ دېگەن پېتى ئېتىلىپ بېرىپ، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ئۇرماقچى بولغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى توسىۋالدى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ غەزىپىنى ئىچىگە يۇتۇپ چىقىپ كەتتى.

[1] ئەلبانى (937): سەھىھ ـ دېگەن.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

ـ كۆردۈڭمۇ؟ مەن سېنى ئۇنىڭدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالدىم، ـ دېدى. بىر قانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە رۇخسەت سورىدى ۋە ئۇلارنىڭ كېلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

ــ مېنى ئۆيۈڭلارغا ئۇرۇشۇپ قالغاندا باشلىغاندەك، كېلىشىپ قالغاندىمۇ باشلاڭلار! ــ دېگەندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ۋاي باشلايمىز، باشلايمىز، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4999)

4298 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قِيلَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَي النسَاءِ خَيْرٌ قَالَ الَتِي تَسُرُهُ إِذَا نَظَرَ وَتُطِيعُهُ إِذَا أَمَرَ وَلَا تُخَالِفُهُ فِي نَفْسِهَا وَمَالِهَا بِمَا يَكْرَهُ.

4298 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىرەيلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ــ قانداق ئايال ئەڭ ياخشى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ (قارىسا) جامالى ئېرىنى سۆيۈندۈرىدىغان، بۇيرۇق قىلغان ھامان ئىتائەت قىلىدىغان، ئېرىگە خىيانەت قىلمايدىغان (يەنى تالاغا قارىمايدىغان) ۋە مال ـ مۈلكىنى ئېرى ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا ئىشلەتمەيدىغان ئايال، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(نەسائى: 3231)

[1] ئەلبانى (1063): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3030): سەھىھ ـ دېگەن.

4299 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ كَانَ يَقُولُ مَا اسْتَفَادَ الْمُؤْمِنُ بَعْدَ تَقْوَى اللهِ خَيْرًا لَهُ مِنْ زَوْجَةٍ صَالِحَةٍ إِنْ أَمَرَهَا أَطَاعَتْهُ وَإِنْ نَظَرَ إِلَيْهَا سَرتْهُ وَإِنْ أَقْسَمَ عَلَيْهَا أَبَرتْهُ وَإِنْ غَابَ عَنْهَا نَصَحَتْهُ فِي نَفْسِهَا وَمَالِهِ.

4299 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«سالىھ، ياخشى ئايال ــ مۆمىن ئەر ئۈچۈن الله تائالاغا تەقۋادارلىق قىلىشتىن قالسىلا (ئۇنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان) ئەڭ پايدىلىق نەرسىدۇر. ئۇ، ئېرى بۇيرىغان ھامان ئىتائەت قىلىدىغان، ھۆسن ـ جامالى ئېرىنى سۆيۈندۈرىدىغان، ئېرى بىرەر ئىشنى قىلىسەن دەپ قەسەم قىلسا، قەسىمىنى بۇزغۇزمايدىغان (يەنى ئېرىنىڭ دېگەن يېرىدىن چىقىدىغان)، ئېرى يېنىدا بولمىغان چاغدا، مال ـ مۈلۈك ۋە ئۆزىنى (ئېرىگە خىيانەت قىلماي) ئوبدان ساقلايدىغان ئايالدۇر»[①].

(ئىبنى ماجە: 1857)

4300 - عَنْ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يُسْأَلُ الرجُلُ فِيمَا ضَرَبَ امْرَأَتَهُ.

4300 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەر كىشىنىڭ ئايالىنى نېمە سەۋەبتىن ئۇرغانلىقى سورالمايدۇ»[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2147)

4301 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ جَاءَتْ امْرَأَةٌ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَنَحْنُ عِنْدَهُ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن زَوْجِي صَفْوَانَ بْنَ الْمُعَطلِ يَضْرِبُنِي إِذَا صَليْتُ وَيُفَطرُنِي إِذَا

[①] ئەلبانى (408): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (469): زەئىپ، ـ دېگەن.

صُمْتُ وَلَا يُصَلي صَلَاةَ الْفَجْرِ حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ قَالَ وَصَفْوَانُ عِنْدَهُ قَالَ فَسَأَلَهُ عَمـا قَالَتْ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَما قَوْلُهَا يَضْرِبُنِي إِذَا صَلْيتُ فَإِنهَا تَقْرَأُ بِسُورَتَيْنِ وَقَدْ نَهَيْتُهَا قَالَ فَقَالَ لَوْ كَانَتْ سُورَةً وَاحِدَةً لَكَفَتْ الناسَ وَأَما قَوْلُهَا يُفَطرُنِي فَإِنهَا تَنْطَلِقُ فَتَصُومُ وَأَنـا رَجُلٌ شَاب فَلَا أَصْبِرُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَوْمَئِذٍ لَا تَصُومُ امْرَأَةٌ إِلا بِإِذْنِ زَوْجِهَا وَأَما قَوْلُهَا إِني لَا أُصَلي حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ فَإِنا أَهْلُ بَيْتٍ قَدْ عُرِفَ لَنـا ذَاكَ لَـا نَكَادُ نَسْتَيْقِظُ حَتى تَطْلُعَ الشمْسُ قَالَ فَإِذَا اسْتَيْقَظْتَ فَصَل.

4301 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئېرىم سەفۋان ئىبنى مۇئەتتەل ناماز ئوقۇۋاتسام مېنى ئۇرىدۇ، روزا تۇتسام، روزامنى بۇزدۇرىۋېتىدۇ. ئۆزى بامدات نامىزىنى كۈن چىققاندا ئوقۇيدۇ، ـ دېدى. سەفۋانمۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭدىن ئايالىنىڭ ئېيتقانلىرىنى سورىدى. ئۇ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنىڭ: ”ناماز ئوقۇۋاتسام ئۇرىدۇ“ دېگىنى راست، ئەمما مەن ئۇنى توسقان بولساممۇ، ئۇ نامازدا (بىر رەكئەتتە ئۇزۇن) ئىككى سۈرە ئوقۇۋالىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ (بىر رەكئەتتە) بىر سۈرە ئوقۇسا كۇپايە قىلىدۇ، ـ دېدى. سەفۋان سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ـ ئۇنىڭ: ”روزا تۇتسام، روزامنى بۇزدۇرىۋېتىدۇ“ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئۇ توختىماي (نەفلە) روزا تۇتىدۇ، مەن تېخى ياپياش ئەر تۇرسام، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولماي قانداق تۇرالايمەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەرقانداق ئايال ئېرىنىڭ رۇخسىتىسىز (نەفلە) روزا تۇتمىسۇن! ـ دېدى. سەفۋان يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

ـ ئۇنىڭ: ”ئۆزى بامدات نامىزىنى كۈن چىققاندا ئوقۇيدۇ“ دېگەن سۆزىگە كەلسەك، ئائىلىمىزنىڭ (كېچىسى ئىشلەپ، بەك كەچ

ياتىدىغان، شۇنىڭ بىلەن ئەتىگىنى) كۈن چىقمىغۇچە ئۇيقىدىن ئويغىنالمايدىغان ئائىلە ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، نامىزىڭنى ئويغانغان ھامان ئوقۇغىن! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2459)

4302 - عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ أَبِي بَكْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَتْ تَزَوَّجَنِي الزُّبَيْرُ وَمَا لَهُ فِي الْأَرْضِ مِنْ مَالٍ وَلَا مَمْلُوكٍ وَلَا شَيْءٍ غَيْرَ نَاضِحٍ وَغَيْرَ فَرَسِهِ فَكُنْتُ أَعْلِفُ فَرَسَهُ وَأَسْتَقِي الْمَاءَ وَأَخْرِزُ غَرْبَهُ وَأَعْجِنُ وَلَمْ أَكُنْ أُحْسِنُ أَخْبِزُ وَكَانَ يَخْبِزُ جَارَاتٌ لِي مِنْ الْأَنْصَارِ وَكُنَّ نِسْوَةَ صِدْقٍ وَكُنْتُ أَنْقُلُ النَّوَى مِنْ أَرْضِ الزُّبَيْرِ الَّتِي أَقْطَعَهُ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَلَى رَأْسِي وَهِيَ مِنِّي عَلَى ثُلُثَيْ فَرْسَخٍ فَجِئْتُ يَوْمًا وَالنَّوَى عَلَى رَأْسِي فَلَقِيتُ رَسُولَ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَمَعَهُ نَفَرٌ مِنْ الْأَنْصَارِ فَدَعَانِي ثُمَّ قَالَ إِخْ إِخْ لِيَحْمِلَنِي خَلْفَهُ فَاسْتَحْيَيْتُ أَنْ أَسِيرَ مَعَ الرِّجَالِ وَذَكَرْتُ الزُّبَيْرَ وَغَيْرَتَهُ وَكَانَ أَغْيَرَ النَّاسِ فَعَرَفَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَنِّي قَدْ اسْتَحْيَيْتُ فَمَضَى فَجِئْتُ الزُّبَيْرَ فَقُلْتُ لَقِيَنِي رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَعَلَى رَأْسِي النَّوَى وَمَعَهُ نَفَرٌ مِنْ أَصْحَابِهِ فَأَنَاخَ لِأَرْكَبَ فَاسْتَحْيَيْتُ مِنْهُ وَعَرَفْتُ غَيْرَتَكَ فَقَالَ وَاللهِ لَحَمْلُكِ النَّوَى كَانَ أَشَدَّ عَلَيَّ مِنْ رُكُوبِكِ مَعَهُ قَالَتْ حَتَّى أَرْسَلَ إِلَيَّ أَبُو بَكْرٍ بَعْدَ ذَلِكَ بِخَادِمٍ تَكْفِينِي سِيَاسَةَ الْفَرَسِ فَكَأَنَّمَا أَعْتَقَنِي.

4302 ـ ئەسما بىنتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنى نىكاھىغا ئالغاندا، ئۇنىڭ نە مېلى، نە قۇلى (ھېچنېمىسى) يوق بولۇپ، بار ـ يوق بىساتى پەقەت بىر تۇياق ئات بىلەن سۇ تارتىدىغان بىر تۇياق تۆگە ئىدى. ئېتىغا ھەلەپ ئېتىپ باقاتتىم، سۇ تارتاتتىم، (سۇ تارتىدىغان) سوغىسىنى رېمونت قىلاتتىم، خېمىر يۇغۇراتتىم. مەن نان يېقىشنى ياخشى بىلمەيتتىم، نانلىرىمنى (مەدىنىگە كەلگەندىن كېيىن) ئەنسارلاردىن بولغان قوشنىلىرىم

[1] ئەلبانى (2147): سەھىھ ـ دېگەن.

يېقىپ بېرەتتى، قوشنىلىرىم بەك ۋاپادار ئاياللار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زۇبەيرگە بۆلۈپ بەرگەن ئېتىزلىقتىن (خورمىنىڭ) ئۇرۇقىنى بېشىمدا كۆتۈرۈپ ئېلىپ كېلەتتىم. ئېتىزلىق بىلەن ئۆيىنىڭ ئارىلىقى تەخمىنەن ئىككى مىل كېلەتتى. بىر كۈنى بېشىمدا (خورما) ئۇرۇقىنى كۆتۈرۈپ كېلىۋېتىپ، ئەنسارلاردىن بىر نەچچە كىشى بىلەن كېلىۋاتقان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يولۇقۇپ قالدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى چاقىردى ۋە مېنى ئارقىسىغا مىندۈرۈۋېلىش ئۈچۈن تۆگىسىنى چۆكتۈرمەكچى بولدى. بىراق مەن ئەرلەر بىلەن بىرگە مېڭىشتىن تارتىندىم ۋە زۇبەيرنىڭ كۈندەشلىكىنى ئېسىمگە ئالدىم، زۇبەير بەكمۇ كۈنلەمچى ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ تارتىنغانلىقىمنى بىلىپ كېتىۋەردى. مەن زۇبەيرگە بولغان ۋەقەنى دەپ بېرىپ:

ـ مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن تارتىندىم ۋە سېنىڭ كۈنلەمچىلىكىڭنى ئويلاپ مىنمىدىم، ـ دېگەنىدىم، زۇبەير:

ـ اللهنىڭ بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ (شۇنچە ئۇزاقتىن) ئۇرۇقنى كۆتۈرۈپ كېلىشىڭ، ماڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىر تۆگىگە مىنىپ كېلىشىڭدىنمۇ ئېغىر كەلدى، ـ دېدى. كۆپ ئۆتمەي، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مېنىڭ ئورنۇمدا ئات باقىدىغان بىر دېدەك ئەۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، مەن خۇددى قۇللۇقتىن ئازاد بولغاندەك بولدۇم.

(بۇخارى: 5224)

4303 – وفي رواية: جَاءَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ سَبْيٌ فَأَعْطَاهَا خَادِمًا قَالَـتْ كَفَتْنِي سِيَاسَةَ الْفَرَسِ فَأَلْقَتْ عَني مَئُونَتَهُ فَجَاءَنِي رَجُلٌ فَقَالَ يَا أُم عَبْدِ اللهِ إِني رَجُلٌ فَقِيرٌ أَرَدْتُ أَنْ أَبِيعَ فِي ظِل دَارِكِ قَالَتْ إِني إِنْ رَخصْتُ لَكَ أَبى ذَاكَ الزبَيْرُ فَتَعَالَ فَاطْلُبْ إِلَي وَالزبَيْرُ شَاهِدٌ فَجَاءَ فَقَالَ يَا أُم عَبْدِ اللهِ إِني رَجُلٌ فَقِيرٌ أَرَدْتُ أَنْ أَبِيعَ فِي ظِل دَارِكِ فَقَالَتْ مَا لَكَ بِالْمَدِينَةِ إِلا دَارِي فَقَالَ لَهَا الزبَيْرُ مَا لَكِ أَنْ تَمْنَعِي رَجُلًا فَقِيرًا يَبِيعُ فَكَانَ يَبِيعُ إِلَى

أَنْ كَسَبَ فَبِعْتُهُ الْجَارِيَةَ فَدَخَلَ عَلَيَّ الزُّبَيْرُ وَثَمَنُهَا فِي حَجْرِي فَقَالَ هَبِيهَا لِي قَالَتْ إِنِّي قَدْ تَصَدَّقْتُ بِهَا.

4303 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (ئۇرۇشتا ئولجا ئېلىنغان) بىر قانچە ئەسىر كەلتۈرۈلگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شۇلاردىن بىرىنى ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا دېدەك قىلىپ بەردى. ئەسما رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ:

ــ شۇ دېدەك ئاتنى بېقىپ، مېنى بۇ مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرغانىدى. بىر كۈنى، بىر كىشى كېلىپ:

ـ ئى ئۇممۇ ئابدۇللاھ! مەن بىر كەمبەغەل ئادەممەن. ساتىدىغان نەرسىلىرىمنى سىېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ساتاي دېگەنىدىم، ـ دېدى. مەن:

ــ ھازىر ساڭا رۇخسەت قىلغىنىم بىلەن، كېيىن زۇبەير ئۇنىمايدۇ. شۇڭا سەن زۇبەير كەلگەن ۋاقىتتا سورىغىن، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى (زۇبەير بار ۋاقىتتا) كېلىپ:

ــ ئى ئۇممۇ ئابدۇللاھ! مەن بىر كەمبەغەل ئادەممەن، ساتىدىغان نەرسىلىرىمنى سىېنىڭ ئۆيۈڭنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ ساتاي دېگەنىدىم، ـ دېدى. مەن:

ـــ ساڭا مەدىنىدە مېنىڭ ئۆيۈمدىن باشقا ئۆي تېپىلمىدىمۇ؟ ـ دېۋىدىم، زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ كەمبەغەل ئادەم ئىكەن، ساتقىلى قويساڭ نېمە بولىدۇ؟ ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى شۇ يەردە بىر نەرسە سېتىپ پۇل تاپقاندىن كېيىن، مەن ھېلىقى دېدەكنى شۇنىڭغا ساتتىم. پۇلىنى ئېتىكىمدە تۇتۇپ ئولتۇرسام، زۇبەير كىرىپ، بۇ پۇلنى ماڭا بەرگىن! ـ دېدى. مەن:

ــ بۇ پۇلنى سەدىقىگە ئاتاپ بولدۇم، ـ دېدىم.

(مۇسلىم: 2182)

4304 - عَنْ ٱبنِ أَعْبُدَ قَالَ قَالَ لِي عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَلَا أُحَدثُكَ عَني وَعَنْ فَاطِمَةَ بِنْتِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَكَانَتْ مِنْ أَحَب أَهْلِهِ إِلَيْهِ قُلْتُ بَلَى قَالَ إِنهَا جَرتْ بِالرحَى حَتى أَثرَ فِي يَدِهَا وَاسْتَقَتْ بِالْقِرْبَةِ حَتى أَثرَ فِي نَحْرِهَا وَكَنسَتْ الْبَيتَ حَتى اغْبرتْ ثِيَابُهَا فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَدَمٌ فَقُلْتُ لَوْ أَتَيتِ أَبَاكِ فَسَأَلْتِيهِ خَادِمًا فَأَتَتْهُ فَوَجَدَتْ عِنْدَهُ حُداثًا فَرَجَعَتْ فَأَتَاهَا مِنْ الْغَدِ فَقَالَ مَا كَانَ حَاجَتُكِ فَسَكَتَتْ فَقُلْتُ أَنَا أُحَدثُكَ يَا رَسُولَ اللهِ جَرتْ بِالرحَى حَتى أَثرَتْ فِي يَدِهَا وَحَمَلَتْ بِالْقِرْبَةِ حَتى أَثرَتْ فِي نَحْرِهَا فَلَما أَنْ جَاءَكَ الْخَدَمُ أَمَرْتُهَا أَنْ تَأْتِيَكَ فَتَسْتَخْدِمَكَ خَادِمًا يَقِيهَا حَر مَا هِيَ فِيهِ قَالَ اتقِي اللهَ يَا فَاطِمَةُ وَأَدي فَرِيضَةَ رَبكِ وَاعْمَلِي عَمَلَ أَهْلِكِ فَإِذَا أَخَذْتِ مَضْجَعَكِ فَسَبحِي ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَاحْمَدِي ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَكَبرِي أَرْبَعًا وَثَلَاثِينَ فَتِلْكَ مِائَةٌ فَهِيَ خَيْرٌ لَكِ مِنْ خَادِمٍ قَالَتْ رَضِيتُ عَنْ اللهِ عَز وَجَل وَعَنْ رَسُولِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَدثَنَا أَحْمَدُ بْنُ مُحَمدٍ الْمَرْوَزِي حَدثَنَا عَبْدُ الرزاقِ أَخْبَرَنَا مَعْمَرٌ عَنْ الزهْرِي عَنْ عَلِي بْنِ حُسَيْنٍ بِهَذِهِ الْقِصةِ قَالَ وَلَمْ يُخْدِمْهَا.

4304 ـ ئىبنى ئەئبۇدتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

ـــ مەن ساڭا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئۆزەم توغرىسىدا سۆزلەپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ بولىدۇ، ـ دېگەندىن كېيىن، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا يارغۇنچاق چۆرۈپ قوللىرى قاپىرىپ كەتتى. ئۇندىن باشقا، سۇ توشۇش ئۈچۈن تۇلۇم يۈدۈپ مۈرىسى قىزىرىپ، ئۆينى تولا تازىلاپ كىيىملىرى توپا ـ چاڭ بولۇپ كېتەتتى. شۇ ئەسنادا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە (ئەسىرگە چۈشكەن) خىزمەتچىلەر كەلتۈرۈلدى. مەن فاتىمەگە:

ـــ داداڭنىڭ يېنىغا بېرىپ، بىرەر خىزمەتچى بېرىشىنى تەلەپ قىلساڭ بوپتىكەن، ـ دېدىم. فاتىمە كەتتى، لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا پاراڭلىشىپ تۇرغان بىر

قانچە كىشىنى كۆرۈپ قايتىپ كەلدى. ئەتىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆزى كېلىپ:

ــ تۈنۈگۈن نېمە دېمەكچى ئىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. فاتىمە گەپ قىلماي جىم تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن دەپ بېرەي. فاتىمە يارغۇنچاق چۆرۈۋېرىپ قوللىرى قاپىرىپ كەتتى، سۇ توشۇش ئۈچۈن تۇلۇم يۈدۈپ مۈرىسى قىزىرىپ كەتتى. ساڭا خىزمەتچىلەرنىڭ كەلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى بۇ جاپادىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىرەر خىزمەتچى بېرىشىڭنى تەلەپ قىلىپ كېلىشكە بۇيرىغانىدىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى فاتىمە! اللهتىن قورققىن! الله ساڭا پەرز قىلغان ئىشلارنى جايىدا ئادا قىلغىن، ئائىلەڭنىڭ ئىشىنىمۇ قىلغىن. ياتىدىغان چېغىڭدا ”سۇبھانەللاھ“ نى 33 قېتىم، ”ئەلھەمدۇلىللاھ“ نى 33 قېتىم، ”ئاللاھۇ ئەكبەر“ نى 34 (جەمئىي يۈز) قېتىم دېگىن. مانا بۇ، سەن ئۈچۈن خىزمەتچىدىنمۇ ياخشىراق، ـ دېدى. فاتىمە:

ــ مەن اللهتىن ۋە اللهنىڭ رەسۇلىدىن مەمنۇن بولدۇم، ــ دېدى. شۇنداق قىلىپ، فاتىمەگە خىزمەتچى بەرمىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2988)

4305 – وفي رواية: وَأَوْقَدَتْ الْقِدْرَ حَتى دَكِنَتْ ثِيَابُهَا. وفيها: فَغَدَا عَلَيْنَا وَنَحْنُ فِي لِفَاعِنَا فَجَلَسَ عِنْدَ رَأْسِهَا فَأَدْخَلَتْ رَأْسَهَا فِي اللفَاعِ حَيَاءً مِنْ أَبِيهَا فَقَالَ مَا كَانَ حَاجَتُكِ أَمْسِ إِلَى آلِ مُحَمدٍ فَسَكَتَتْ مَرتَيْنِ فَقُلْتُ أَنَا وَاللهِ أُحَدثُكَ يَا رَسُولَ اللهِ.

4305 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە ھەزرىتى ئەلىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: ئوچاققا ئوت قالاۋېرىپ كىيىملىرى كىرلىشىپ كەتكەنىدى... پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەتىسى ئەتىگەن ئۆيىمىزگە كېلىپ، فاتىمە (رەزىيەللاھۇ ئەنھا)نىڭ باش تەرىپىدە

[1] ئەلبانى (641): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئولتۇردى، بىز تېخى ئورنىمىزدىن تۇرمىغانىدۇق. فاتىمە دادىسىدىن تارتىنىپ بېشىنى يوتقانغا تىقىۋالدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- تۈنۈگۈن بىزدىن نېمە تەلەپ قىلىپ كەلگەنىدىڭ؟ - دەپ ئىككى قېتىم سورىدى. فاتىمە جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، مەن:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەن دەپ بېرەي... دېدىم.

(ئەبۇ داۋۇد: 5062)

4306 - وفي رواية: فَجَاءَ فَقَعَدَ بَيْنَنَا حَتى وَجَدْتُ بَرْدَ قَدَمَيْهِ عَلَى صَدْرِي.

4306- يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېلىپ ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئولتۇردى، ھەتتا مەن كۆكسۈمدە ئۇنىڭ پۇتىنىڭ سوغۇقلۇقىنى ھېس قىلدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 5062)

4307 – وفي أخرى: قَالَ عَلِي فَمَا تَرَكْتُهُن مُنْذُ سَمِعْتُهُن مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلا لَيْلَةَ صِفينَ فَإِني ذَكَرْتُهَا مِنْ آخِرِ الليْلِ فَقُلْتُهَا.

4307 - يەنە بىر رىۋايەتتە ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇنداق دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن يۇقىرىقى زىكىرلەرنى ئاڭلىغاندىن باشلاپ پەقەت تاشلىمىدىم. ھەتتا سىففىن ۋەقەسى بولغان كۈنىمۇ كېچىنىڭ ئاخىرىدا ئېسىمگە ئالدىم ۋە شۇ چاغدا بولسىمۇ تاشلىماي ئوقۇدۇم.

(دارىمى: 2685)

4308 - وفي أخرى: تُسَبحِينَ اللهَ عِنْدَ مَنَامِكِ ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَتَحْمَدِينَ اللهَ ثَلَاثًا وَثَلَاثِينَ وَتُكَبرِينَ اللهَ أَرْبَعًا وَثَلَاثِينَ ثُم قَالَ سُفْيَانُ إِحْدَاهُن أَرْبَعٌ وَثَلَاثُونَ فَمَا تَرَكْتُهَا بَعْدُ قِيلَ وَلَا لَيْلَةَ صِفينَ قَالَ وَلَا لَيْلَةَ صِفينَ.

[1] ئەلبانى (4232): سەھىھ - دېگەن.

4308 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دەپ كەلگەن: «ئۇخلايدىغان ۋاقتىڭدا ''سۇبھانەللاھ''نى 33 قېتىم، ''ئەلھەمدۇلىللاھ''نى 33 قېتىم، ''ئاللاھۇ ئەكبەر''نى 34 قېتىم دېگىن» دېدى. شۇندىن بېرى بۇنى پەقەتلا تەرك ئەتمىدىم. بىر كىشى:

ـ سىففىن ۋەقەسىدىمۇ تەرك ئەتمىدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىغاندى، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ياق، تەرك ئەتمىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5362)

4309 - عَنْ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ عَوْفٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا صَلتْ الْمَرْأَةُ خَمْسَهَا وَصَامَتْ شَهْرَهَا وَحَفِظَتْ فَرْجَهَا وَأَطَاعَتْ زَوْجَهَا قِيلَ لَهَا ادْخُلِي الْجَنةَ مِنْ أَي أَبْوَابِ الْجَنةِ شِئْتِ.

4309 ـ ئابدۇراھمان ئىبنى ئەۋف رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئايال كىشى بەش ۋاخ نامىزىنى ئوقۇسا، رامىزان روزىسىنى تۇتسا، ئەۋرىتىنى ھارامدىن ساقلىسا (يەنى زىنا قىلمىسا)، ئېرىگە ئىتائەت قىلسا، (قىيامەت كۈنى) بۇنداق ئايالغا:

ـ جەننەتكە ئۆزەڭ خالىغان دەرۋازىدىن كىرىۋالغىن! ـ دېيىلىدۇ»[①].

(ئەھمەد: 1664)

4310 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ، أَن رَجُلًا أَتَى بِابْنَةٍ لَهُ إِلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَقَالَ: إِن ابْنَتِي هَذِهِ أَبَتْ أَنْ تَتَزَوجَ، قَالَ، فَقَالَ لَهَا: "أَطِيعِي أَبَاكِ "قَالَ، فَقَالَتْ: لَا حَتى تُخْبِرَنِي مَا حَق الزوْجِ عَلَى زَوْجَتِهِ؟ قَالَ: فَقَالَ: "حَق الزوْجِ عَلَى زَوْجَتِهِ، أَنْ لَوْ كَانَ بِهِ قُرْحَةٌ فَلَحَسَتْهَا أَوْ ابْتَدَرَ مَنْخِرَاهُ صَدِيدًا أَوْ دَمًا ثُم لَحَسَتْهُ مَا أَدتْ حَقهُ" قَالَ: فَقَالَتْ: وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق لَا أَتَزَوجُ أَبَدًا، قَالَ: فَقَالَ: "لَا تُنْكِحُوهُن إِلا بِإِذْنِهِن".

[①] ھەيسەمى (7634): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان. سەنەدىدە ئىبنى لەھەيئە بار بولۇپ، ئۇنىڭ رىۋايىتى ھەسەن، قالغان راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

4310 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بىر قىزىنى باشلاپ كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ قىزىم ئەرگە تەگكىلى ئۇنىمايۋاتىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ داداڭنىڭ گېپىگە كىرگىن! ـ دېدى. ئۇ قىز:

ــ ياق، سەن ماڭا ئەر كىشىنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بەرمىگىچە، دادامنىڭ گېپىگە كىرمەيمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەر كىشىنىڭ ئايالى ئۈستىدىكى ھەق ـ ھوقۇقلىرى شۇ دەرىجىدە كۆپكى، ئېرىنىڭ بىر يېرى يارىلانسا، ئايالى شۇ يارىنى يالىسىمۇ ياكى بۇرنىنىڭ تۆشۈكى قان ـ يىرىڭغا توشۇپ كەتكەن بولسا، ئايالى شۇنى تازىلىۋەتسىمۇ، ئېرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلالمايدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان قىز:

ـ سېنى ھەقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن زات (الله) بىلەن قەسەمكى، مەن مەڭگۈ توي قىلمايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئاياللارنىڭ ماقۇللىقىنى ئالماي تۇرۇپ (مەجبۇرىي) ئەرگە بەرمەڭلار! ـ دېدى[1].

(بەززار: 1465)

4311 - عَنِ ٱبْنِ عُمَرَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللِه صَلى اللهُ عَلْيِه وَآلِهِ وَسَلمَ: "اثْنَانِ لا تُجَاوِزُ صَلاُتهُمَا رُءُوسَهُمَا: عَبْدٌ آبِقٌ مِنْ مَوَالِيهِ حَتى يَرْجِعَ إِلْيهِمْ، وَامْرَأَةٌ عَصَتْ زَوْجَهَا حَتى تَرْجِعَ".

4311 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ھەيسەمى (7639): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى نەھار ئىبنى ئەبدى ئىسمىلىك كىشىدىن باشقا راۋىيلار سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇمۇ ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

«ئىككى تۇرلۇك كىشى باركى، ئۇلارنىڭ ئوقۇغان نامىزى بېشىنىڭ ئۈستىدىن ئاشمايدۇ (يەنى قوبۇل قىلىنمايدۇ). ئۇلارنىڭ بىرى، ئىگىسىدىن قاچقان قۇل بولۇپ، ئۇ ئىگىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارمىغۇچە (ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل ئەمەس). يەنە بىرى ئېرىگە ئاسىيلىق قىلغان ئايال بولۇپ، ئۇمۇ ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىپ بارمىغۇچە (ئوقۇغان نامىزى مەقبۇل ئەمەس) [1].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 478)

4312 - عَنْ أُم سَلَمَةَ، قَالَتْ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "إني أُبْغِȒ الْمَرْأَةَ تَخْرُجُ مِنْ بَيْتِهَا تَجر ذَيْلَهَا تَشْكُو زَوْجَهَا".

4312 - ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆيىدىن ئېتەكلىرىنى سۆرىگەن پېتى چىقىپ، ئېرى ئۈستىدىن شىكايەت قىلىدىغان ئاياللارنى ھەممىدىن بەك ئۆچ كۆرىمەن» [2].

(«ئەلئەۋسەت»)

4313 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ قَالَ أَتتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ امْرَأَةٌ مَعَهَا صَبِيانِ لَهَا قَدْ حَمَلَتْ أَحَدَهُمَا وَهِيَ تَقُودُ الْآخَرَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَامِلَاتٌ وَالِدَاتٌ رَحِيمَاتٌ لَوْلَا مَا يَأْتِينَ إِلَى أَزْوَاجِهِن دَخَلَ مُصَلَيَاتُهُن الْجَنةَ.

4313 - ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال بىر بالىسىنى كۆتۈرۈپ، يەنە بىر بالىسىنى يېتىلىگەن پېتى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كەلگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «ئاياللار بوۋاقلارنى قورساقلىرىدا كۆتۈرىدۇ، تۇغىدۇ ۋە بالىلىرىغا شۇنداق كۆيۈنىدۇ. ئەگەر ئەرلىرىگە

[1] ھەيسەمى (7668): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7670): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە يەھيا ئىبنى يەئلا ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ بىرى بار، - دېگەن.

ئەزىيەت بەرمەيدىغانلا بولسا (شۇنداق جاپاكەش بولغانلىقى ئۈچۈن)، بۇلارنىڭ ناماز ئوقۇغانلىرى جەننەتكە كىرگەن بولاتتى» دېدى[1].
(ئىبنى ماجە: 2013)

4314 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَوْصُوا بِالنسَاءِ فَإِن الْمَرْأَةَ خُلِقَتْ مِنْ ضِلَعٍ وَإِن أَعْوَجَ شَيْءٍ فِي الضلَعِ أَعْلَاهُ فَإِنْ ذَهَبْتَ تُقِيمُهُ كَسَرْتَهُ وَإِنْ تَرَكْتَهُ لَمْ يَزَلْ أَعْوَجَ فَاسْتَوْصُوا بِالنسَاءِ.

4314 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار. چۈنكى ئاياللار قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان، قوۋۇرغىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئەڭ ئەگرى يېرى بولۇپ، ئۇنى تۈزلەشكە ئۇرۇنساڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن. شۇ پېتى تاشلاپ قويساڭ، ئەگرى پېتى تۇرىۋېرىدۇ، شۇڭا ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار».
(مۇسلىم: 1468)

4315 - وفي رواية: وَكَسْرُهَا طَلَاقُهَا.

4315 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «قوۋۇرغىنى سۇندۇرۇش دېمەك، ئايال كىشىنىڭ تالىقىنى بېرىش دېمەكتۇر».
(مۇسلىم: 1468)

4316 - عَنْ أَبِي ذَر أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِن الْمَرْأَةَ خُلِقَتْ مِنْ ضِلَعٍ فَإِنْ تُقِمْهَا كَسَرْتَهَا فَدَارِهَا فَإِن فِيهَا أَوَدًا وَبُلْغَةً.

4316 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (438): زەئىپ، ـ دېگەن.

«ئايال كىشى قوۋۇرغىدىن يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنى تۈزلەيمەن دېسەڭ، سۇندۇرۇپ قويىسەن. شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈش كېرەك. چۈنكى ئايال كىشىدە ھەم ئەگرىلىك ھەم ئەخمەقلىق بار».
(دارىمى: 2221)

4317 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ عَمْرِو بْنِ الْأَحْوَصِ حَدَّثَنَا أَبِي أَنَّهُ شَهِدَ حَجَّةَ الْوَدَاعِ مَعَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فقال رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: وَاسْتَوْصُوا بِالنِّسَاءِ خَيْرًا فَإِنَّمَا هُنَّ عَوَانٍ عِنْدَكُمْ لَيْسَ تَمْلِكُونَ مِنْهُنَّ شَيْئًا غَيْرَ ذَلِكَ إِلَّا أَنْ يَأْتِينَ بِفَاحِشَةٍ مُبَيِّنَةٍ فَإِنْ فَعَلْنَ فَاهْجُرُوهُنَّ فِي الْمَضَاجِعِ وَاضْرِبُوهُنَّ ضَرْبًا غَيْرَ مُبَرِّحٍ فَإِنْ أَطَعْنَكُمْ فَلَا تَبْغُوا عَلَيْهِنَّ سَبِيلًا أَلَا إِنَّ لَكُمْ عَلَى نِسَائِكُمْ حَقًّا وَلِنِسَائِكُمْ عَلَيْكُمْ حَقًّا فَأَمَّا حَقُّكُمْ عَلَى نِسَائِكُمْ فَلَا يُوطِئْنَ فُرُشَكُمْ مَنْ تَكْرَهُونَ وَلَا يَأْذَنَّ فِي بُيُوتِكُمْ لِمَنْ تَكْرَهُونَ أَلَا وَإِنَّ حَقَّهُنَّ عَلَيْكُمْ أَنْ تُحْسِنُوا إِلَيْهِنَّ فِي كِسْوَتِهِنَّ وَطَعَامِهِنَّ.

4317 ـ سۇلايمان ئىبنى ئەمر ئىبنى ئەھۋەس مۇنداق دەيدۇ: دادام بىزگە ئۆزىنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ۋىدالىشىش ھەججىگە بارغانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىدالىشىش خۇتبىسىدە مۇنۇلارنى دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندى:

«ئى خالايىق! ئاياللارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىڭلار! سىلەرنىڭ ئەمرىڭلاردىكى ئاياللار سىلەرگە قولۇڭلارغا چۈشكەن ئەسىرلەرگە ئوخشاش ئىتائەت قىلىدۇ. سىلەر بۇندىن باشقا ھېچبىر ئىمتىيازغا ئىگە ئەمەس، ئەمما ئاياللىرىڭلار ئوچۇق ـ ئاشكارا ناچار قىلىقلارنى قىلسا، ئۇلار بىلەن بىللە بولماڭلار، (بۇمۇ ئۈنۈم بەرمىسە) ئۇلارنى ئەدەپلەش مەقسىتىدە ئاستىراق ئۇرۇڭلار. ئەگەر سىلەرگە ئىتائەت قىلسا، ئۇلارنى بوزەك قىلىش خىيالىدا بولماڭلار. ئى خالايىق! ئاياللىرىڭلارنىڭ زىممىسىدە ئۇلار رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەققىڭلار بار. سىلەرنىڭ زىممىڭلاردىمۇ ئۇلارنىڭ سىلەر رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك ھەقلىرى بار. ئاياللىرىڭلارنىڭ تۆشەكلىرىگە سىلەردىن باشقىلارنى يولاتماسلىقى ۋە سىلەر ياقتۇرمايدىغان

كىشىلەرنى ئۆيۈڭلارغا كىرگۈزمەسلىكى — سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ زىممىسىدىكى ھەققىڭلاردۇر؛ ئۇلارنى چىرايلىقچە ئاش - نان، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلىشىڭلار — ئاياللىرىڭلارنىڭ سىلەرنىڭ ئۈستۈڭلاردىكى ھەققىدۇر»[1].

(تىرمىزى: 3087)

4318 - عَنْ حَكِيمِ بْنِ مُعَاوِيَةَ الْقُشَيْرِي عَنْ أَبِيهِ قَالَ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ مَا حَق زَوْجَةِ أَحَدِنَا عَلَيْهِ قَالَ أَنْ تُطْعِمَهَا إِذَا طَعِمْتَ وَتَكْسُوَهَا إِذَا اكْتَسَيْتَ أَوْ اكْتَسَبْتَ وَلَا تَضْرِبْ الْوَجْهَ وَلَا تُقَبِحْ وَلَا تَهْجُرْ إِلَا فِي الْبَيْتِ.

4318 ـ ھەكىم ئىبنى مۇئاۋىيە قۇشەرى دادىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللىرىمىزنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىرى قايسىلار؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ تاماق يېگەندە، ئۇنىڭغىمۇ يېدۈرۈش، كىيىم كىيگەندە، ئۇنىمۇ كىيىندۈرۈش، ئۇرۇشقا توغرا كەلگەندە، يۈزىگە ئۇرماسلىق، سەت سۆز بىلەن تىللىماسلىق. ئۇنى (ئەدەپلەپ بىر يەردە بولماسلىق ئۈچۈن) ئۆيىدىن باشقا جايغا (يالغۇز) تاشلاپ قويماسلىق، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2142)

4319 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ زَمْعَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَجْلِدُ أَحَدُكُمْ امْرَأَتَهُ جَلْدَ الْعَبْدِ ثُم يُجَامِعُهَا فِي آخِرِ الْيَوْمِ.

4319 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زەمئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

[1] ئەلبانى (2464): ھەسەن، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1875): ھەسەن، ـ دېگەن.

«سىلەر ئاياللىرىڭلارنى قۇلنى دۇمبالىغاندەك دۇمبالىماڭلار. چۈنكى دۇمبالاپ بولۇپ، شۇ كۈنى كەچتە ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشۇڭلار مۇمكىن».

(بۇخارى: 5204)

4320 - عَنْ أَنسٍ بن مَالِكٍ، قَالَ: دَخَلْتُ دَارَ أَبِي طَلْحَةَ، وَهُوَ مُغْلِقُ الْبَابِ عَلَى أُم سُلَيْمٍ وَهُوَ يَضْرِبُهَا، وَهِيَ أُم أَنسٍ، فَنَادَيْتُ مِنْ وَرَاءِ الْبَابِ مَا تُرِيدُ إِلَى هَذِهِ الْعَجُوزِ تَضْرِبُهَا ، فَنَادَتْنِي مِنْ وَرَاءِ الْبَابِ، فَقَالَتْ: تَقُولُ لِيَ: الْعَجُوزُ، عَجزَ اللهُ رُكبكَ.

4320 - ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ تەلھەنىڭ ھويلىسىغا كىرسەم، ئۇ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېلىپ، ئۇممۇ سۇلەيمنى ئۇرۇۋاتقان ئىكەن (ئۇممۇ سۇلەيم ئەنەسنىڭ ئانىسى). مەن ئىشىكنىڭ ئارقىسىدىن:

- بۇ قېرى خوتۇننى ئۇرۇپ نېمىمۇ قىلارسەن؟! ـ دەپ توۋلىغانىدىم، ئۇممۇ سۇلەيم ئىچىدە تۇرۇپ:

ـ سەن مېنى قېرى خوتۇن دەۋاتامسەن؟ الله سېنىڭ تىزلىرىڭنى ئاجىزلىتىۋەتسۇن (يەنى سېنى قېرىتىۋەتسۇن)! ـ دەپ توۋلىدى[1].

(«ئەلكەبىر»: 703)

4321 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن امْرَأَةَ الْوَلِيدِ بْنِ عُقْبَةَ أَتتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إن الْوَلِيدَ يَضْرِبُهَا قَالَ قُولِي لَهُ قَدْ أَجَارَنِي، فَلَمْ تَلْبَثْ إلا يَسِيرًا حَتى رَجَعَتْ فَقَالَتْ مَا زَادَنِي إلا ضَرْبًا فَأَخَذَ هُدْبَةً مِنْ ثَوْبِهِ فَدَفَعَهَا إِلَيْهَا وَقَالَ قُولِي لَهُ إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أَجَارَنِي فَلَمْ تَلْبَثْ إلا يَسِيرًا حَتى رَجَعَتْ فَقَالَتْ مَا زَادَنِي إلا ضَرْبًا فَرَفَعَ يَدَيْهِ وَقَالَ اللهُم عَلَيْكَ الْوَلِيدَ أَثِمَ بِي مَرتَيْنِ.

---

[1] ھەيسەمى: (7747): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇھەممەد ئىبنى خەۋۋات دېگەن كىشىنىڭ تەرجىمىھالىنى بىلمەيمەن. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، - دېگەن.

4321 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ۋەلىد ئىبنى ئۇقبەنىڭ ئايالى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ۋەلىد مېنى ئۇرىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ سەن بېرىپ ۋەلىدكە: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ھىمايىسىگە ئالدى“ دېگىن! ـ دېدى. ئۇ ئايال بىر ئازدىن كېيىن يەنە قايتا كېلىپ:

ـ (ئۇ سۆزنى دېگەندىن كېيىن) ۋەلىد مېنى تېخىمۇ بەك ئۇرۇپ كەتتى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئىسپات بولۇشى ئۈچۈن) كىيىمىنىڭ چۇچىسىدىن سۇغۇرۇپ ئېلىپ، ئۇ ئايالغا بەردى ۋە:

ـ ئەمدى بېرىپ ۋەلىدكە: ”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى ھىمايىسىگە ئالدى“ دېگىن! ـ دېدى. ئۇ ئايال بىر ئازدىن كېيىن يەنە قايتا كېلىپ:

ـ (ئۇ سۆزنى دېگەندىن كېيىن) ۋەلىد مېنى تېخىمۇ بەك ئۇرۇپ كەتتى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم قولىنى كۆتۈرۈپ:

ـ ئى الله! ۋەلىدنى ئۆزەڭگە قويدۇم، ئۇ سۆزۈمگە كىرمەي گۇناھكار بولدى، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد؛ بەززار: 1627)

4322 - عَنْ إِيَاسِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي ذُبَابٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَضْرِبُوا إِمَاءَ اللهِ فَجَاءَ عُمَرُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ ذَئِرْنَ النسَاءُ عَلَى أَزْوَاجِهِن فَرَخÒ فِي ضَرْبِهِن فَأَطَافَ بِآلِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نِسَاءٌ كَثِيرٌ يَشْكُونَ أَزْوَاجَهُن فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَدْ طَافَ بِآلِ مُحَمدٍ نِسَاءٌ كَثِيرٌ يَشْكُونَ أَزْوَاجَهُن لَيْسَ أُولَئِكَ بِخِيَارِكُمْ.

4322 ـ ئىياس ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ زۇبابتىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

[1] ھەيسەمى (7745): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار ۋە ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ــ ئاياللارنى ئۇرماڭلار! ـ دېدى. كۆپ ئۆتمەي، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاياللار ئەرلىرىگە بويسۇنمايدىغان بولۇپ كەتتى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇرۇشقا رۇخسەت بەردى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆيىنى ئېرىدىن شىكايەت قىلىپ كېلىدىغان ئاياللار بېسىپ كەتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مۇھەممەد (سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم)نىڭ ئۆيىنى ئېرىدىن شىكايەت قىلىپ كېلىدىغان ئاياللار بېسىپ كەتتى، سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردىن ئاياللىنى قاخشاتقانلار ياخشى ئادەملەر ئەمەس، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2146)

[1] ئەلبانى (1879): سەھىھ ـ دېگەن.

## ئاياللار بىلەن ئەپ ئۆتۈش

4323 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ جَلَسَ إِحْدَى عَشْرَةَ امْرَأَةً فَتَعَاهَـدْنَ وَتَعَاقَـدْنَ أَنْ لَـا
يَكْتُمْنَ مِنْ أَخْبَارِ أَزْوَاجِهِن شَيْئًا قَالَتْ الْأُولَى زَوْجِي لَحْمُ جَمَلٍ غَثٍّ عَلَى رَأْسِ جَبَلٍ لَـا
سَهْلٍ فَيُرْتَقَى وَلَا سَمِينٍ فَيُنْتَقَلُ قَالَتْ الثانِيَةُ زَوْجِي لَا أَبُثُّ خَبَرَهُ إِني أَخَافُ أَنْ لَا أَذَرَهُ إِنْ
أَذْكُرْهُ أَذْكُرْ عُجَرَهُ وَبُجَرَهُ قَالَتْ الثالِثَةُ زَوْجِي الْعَشَنقُ إِنْ أَنطِقْ أُطَلقْ وَإِنْ أَسْكُتْ أُعَلـقْ
قَالَتْ الرابِعَةُ زَوْجِي كَلَيْلِ تِهَامَةَ لَا حَر وَلَا قُر وَلَا مَخَافَةَ وَلَا سَآمَةَ قَالَتْ الْخَامِسَةُ زَوْجِي
إِنْ دَخَلَ فَهِدَ وَإِنْ خَرَجَ أَسِدَ وَلَا يَسْأَلُ عَما عَهِدَ قَالَتْ السادِسَةُ زَوْجِي إِنْ أَكَلَ لَف وَإِنْ
شَرِبَ اشْتَف وَإِنْ اضْطَجَعَ الْتَف وَلَا يُولِجُ الْكَف لِيَعْلَمَ الْبَث قَالَتْ السابِعَةُ زَوْجِي غَيَايَاءُ
أَوْ عَيَايَاءُ طَبَاقَاءُ كُلُّ دَاءٍ لَهُ دَاءٌ شَجَّكِ أَوْ فَلَّكِ أَوْ جَمَعَ كُلًّا لَكِ قَالَتْ الثامِنَـةُ زَوْجِـي
الْمَس مَس أَرْنَبٍ وَالريحُ رِيحُ زَرْنَبٍ قَالَتْ التاسِعَةُ زَوْجِي رَفِيعُ الْعِمَادِ طَوِيلُ النجَادِ عَظِيمُ
الرمَادِ قَرِيبُ الْبَيْتِ مِنْ النادِ قَالَتْ الْعَاشِرَةُ زَوْجِي مَالِكٌ وَمَا مَالِكٌ مَالِكٌ خَيْرٌ مِنْ ذَلِكِ لَهُ
إِبِلٌ كَثِيرَاتُ الْمَبَارِكِ قَلِيلَاتُ الْمَسَارِحِ وَإِذَا سَمِعْنَ صَوْتَ الْمِزْهَرِ أَيْقَن أَنهُن هَوَالِكُ قَالَتْ
الْحَادِيَةَ عَشْرَةَ زَوْجِي أَبُو زَرْعٍ وَمَا أَبُو زَرْعٍ أَنَاسَ مِنْ حُلِي أُذُنَي وَمَلَأَ مِنْ شَحْمٍ عَضُدَي
وَبَجحَنِي فَبَجِحَتْ إِلَي نَفْسِي وَجَدَنِي فِي أَهْلِ غُنَيْمَةٍ بِشِق فَجَعَلَنِي فِي أَهْلِ صَهِيلٍ وَأَطِيطٍ
وَدَائِسٍ وَمُنَق فَعِنْدَهُ أَقُولُ فَلَا أُقَبحُ وَأَرْقُدُ فَأَتَصَبحُ وَأَشْرَبُ فَأَتَقَنحُ أُم أَبِي زَرْعٍ فَمَا أُم أَبِي
زَرْعٍ عُكُومُهَا رَدَاحٌ وَبَيْتُهَا فَسَاحٌ ابْنُ أَبِي زَرْعٍ فَمَا ابْنُ أَبِي زَرْعٍ مَضْجَعُهُ كَمَسَل شَطْبَةٍ
وَيُشْبِعُهُ ذِرَاعُ الْجَفْرَةِ بِنْتُ أَبِي زَرْعٍ فَمَا بِنْتُ أَبِي زَرْعٍ طَوْعُ أَبِيهَا وَطَوْعُ أُمهَـا وَمِـلْءُ
كِسَائِهَا وَغَيْظُ جَارَتِهَا جَارِيَةُ أَبِي زَرْعٍ فَمَا جَارِيَةُ أَبِي زَرْعٍ لَا تَبُثُّ حَدِيثَنَا تَبْثِيثًا وَلَا تُنَقثُ
مِيرَتَنَا تَنْقِيثًا وَلَا تَمْلَأُ بَيْتَنَا تَعْشِيشًا قَالَتْ خَرَجَ أَبُو زَرْعٍ وَالْأَوْطَابُ تُمْخَضُ فَلَقِـيَ امْـرَأَةً
مَعَهَا وَلَدَانِ لَهَا كَالْفَهْدَيْنِ يَلْعَبَانِ مِنْ تَحْتِ خَصْرِهَا بِرُمانَتَيْنِ فَطَلقَنِي وَنَكَحَهَا فَنَكَحْـتُ

بَعْدَهُ رَجُلًا سَرِيًا رَكِبَ شَرِيًا وَأَخَذَ خَطِيًا وَأَرَاحَ عَلَيَّ نَعَمًا ثَرِيًا وَأَعْطَانِي مِنْ كُلِّ رَائِحَةٍ زَوْجًا وَقَالَ كُلِي أُمَّ زَرْعٍ وَمِيرِي أَهْلَكِ قَالَتْ فَلَوْ جَمَعْتُ كُلَّ شَيْءٍ أَعْطَانِيهِ مَا بَلَغَ أَصْغَرَ آنِيَةِ أَبِي زَرْعٍ قَالَتْ عَائِشَةُ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كُنْتُ لَكِ كَأَبِي زَرْعٍ لِأُمِّ زَرْعٍ.

4323 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: 11 ئايال بىر يەرگە يىغىلىپ، ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەرلىرى ھەققىدە ھېچنېمىنى يوشۇرماي ئېيتىپ بېرىشكە كېلىشتى. بىرىنچى ئايال:

ــ مېنىڭ ئېرىم تاغ چوققىسىدىكى قوتۇر تۆگىنىڭ گۆشىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا يا ئۈستىگە مىنگىلى ياكى يېغىدىن پايدىلانغىلى بولمايدۇ، ـ دېدى. ئىككىنچى ئايال:

ـ مەن ئېرىمنىڭ گېپىنى قىلمايلا قوياي، ئېغىز ئاچسام، تۈگىتىپ بولالماسلىقىمدىن ئەنسىرەيمەن، چۈنكى بىر باشلىسام، ئۇجۇر ـ بۇجۇرىغىچە قويماي سۆزلىشىم كېرەك، ـ دېدى. ئۈچىنچى ئايال:

ــ مېنىڭ ئېرىم بىر ئۇزۇنتۇرا. ئۇنىڭ ئەيىبلىرىنى سۆزلىسەم، تالاق قىلىنىمەن. سۈكۈت قىلسام، مۇئەللەقتە قالىمەن (يەنى ئېرىم بار ـ يوقىنىڭ ھېچ پەرقى قالمايدۇ)، ـ دېدى. تۆتىنچى ئايال:

ـ مېنىڭ ئېرىم خۇددى تىھامەنىڭ كېچىلىرىگە ئوخشاش ئىللىق مۇئامىلە قىلىدۇ. ئۇنىڭ مېنى ئالداپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپمۇ كەتمەيمەن، ئۇ مەن بىلەن مۇڭدىشىپ زېرىكمەيدۇ، ـ دېدى. بەشىنچى ئايال:

ــ مېنىڭ ئېرىم ئۆيگە كىرسە، يىلپىزدەك (ئۇخلايدۇ)، سىرتقا چىقسا شىردەك (جەسۇر) بولۇپ كېتىدۇ. ئۆي ئىچىدە نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراپمۇ قويمايدۇ، ـ دېدى. ئالتىنچى ئايال:

ـ مېنىڭ ئېرىمنىڭ قورسىقى ئاچسا، ھېچنېمە قويماي يەۋېتىدۇ. ئۇسساپ كەتسە، قاچىدا سۇمۇ قويمايدۇ. ئۇيقۇسى كەلسە، يوتقانغا يۆركىنىپ ياتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىشىمنى سوراش ئۈچۈن قولىنى ماڭا سۇنۇپمۇ قويمايدۇ، ـ دېدى. يەتتىنچى ئايال:

ــ مېنىڭ ئېرىمنىڭ ئۇرۇقى پۇچەك ياكى دەرمانسىز. گېپىنى تېپىپ قىلالمايدۇ، ئۇنىڭدىن ھەرقانداق دەرت - ئەلەم تېپىلىدۇ. (ساراڭلىقى تۇتسا) يا باش ياردۇ ياكى پۇت - قولنى سۇندۇرىدۇ ۋەياكى ھەر ئىككىلىسىنى قىلىدۇ، - دېدى. سەككىزىنچى ئايال:

ـ مېنىڭ ئېرىمنىڭ تېنى توشقاندەك (يۇمشاق)، ھىدى خۇشبۇي ئۆسۈملۈكتەك (پۇراقلىق)، - دېدى. توققۇزىنچى ئايال:

ـ مېنىڭ ئېرىم ئالى نەسەبلىك، ئېگىز بويلۇق، قولى كەڭ، ئۆيى مەسجىد - جامائەتكە ھەمىشە يېقىن ئادەم، - دېدى. ئونىنچى ئايال:

ـ مېنىڭ ئېرىم مالىكتۇر. قانداق مالىك دېمەمسىلەر؟ ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ياخشىلىق تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئاز مېڭىپ، كۆپ ياتىدىغان نۇرغۇن تۆگىلىرى بار بولۇپ، بۇ تۆگىلەر چىلتارنىڭ[①] ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالغان كۈنى ئۆزلىرىنىڭ (كەلگەن مېھمانغا ئىكرام قىلىش ئۈچۈن) بوغۇزلىنىدىغانلىقىنى جەزم قىلىشىدۇ، - دېدى. ئون بىرىنچى ئايال:

ـ مېنىڭ ئېرىم ئەبۇ زەرئەدۇركى، ئۇ قۇلاقلىرىمغا ھالقا ئاستى، بەدىنىمنى سەمىرتتى، ئىززىتىمنى قىلدى، ئەزىز بولدۇم. مېنى تاغنىڭ بىر تەرىپىدە ياشايدىغان ئازغىنە قويى بار بىر ئائىلىدىن ئاتلار كىشنىشىپ، تۆگىلەر بوزلاپ تۇرىدىغان، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئائىلىگە ئېلىپ كەلدى. مەن بۇ ئائىلىدە نېمە دېسەم، سۆزۈم ئۆتەتتى، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلايتتىم (يەنى خىزمەتچىلىرىم بار ئىدى). قانغۇچە سۇ ئىچەتتىم. ئەبۇ زەرئەنىڭ ئانىسىچۇ؟ ئەجەپمۇ ياخشى ئايال ئىدى، ئامبارلىرى چوڭ، ئۆيلىرى كەڭرى ئىدى. ئەبۇ زەرئەنىڭ ئوغلىچۇ؟ ئۇ زىلۋا بوي، كېلىشكەن يىگىت ئىدى ۋە قوزىنىڭ بىر پۇتىنى يېسىلا تويatتى. ئەبۇ زەرئەنىڭ قىزىچۇ؟ دادىسى ۋە ئانىسىغا بەكلا ئىتائەت قىلاتتى. بەدىنى كىيىمىگە لىق كەلگۈدەك سېمىز ئىدىكى، قوشنىسى ئۇنى بەكمۇ قىزغىناتتى. ئەبۇ زەرئەنىڭ خىزمەتچىسىچۇ؟ ئۇ بىزنىڭ سىرلىرىمىزنى سىرتقا يايمايتتى، باشقا يۇرتلاردىن كەلتۈرگەن يېمەك - ئىچمەكلىرىمىزنى بۇزۇپ -

---

① بىر خىل كۆپ تارلىق ساز.

چاچمايتتى، ئۆيىنىڭ تازىلىقىنى پەقەت تەرك ئەتمەيتتى. (بىر كۈنى) تولۇمدىكى سۈتنى قوچۇۋاتاتتۇق، ئەبۇ زەرئە سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئۇ يولدا يىلپىزدەك ئىككى بالىسى بار بىر ئايالنى ئۇچرىتىپتۇ. ئىككى بالا ئۇ ئايالنىڭ قولتۇقلىرىدىن ئانارىدەك ساڭگىلاپ تۇرغان ئەمچىكىنى ئويناپ ئولتۇرغانىكەن. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ زەرئە مېنى تالاق قىلىپ، ئۇ ئايالنى ئېلىۋالدى. مەنمۇ تۇلپاردەك ئاتقا مىنىپ، ئۆتكۈر نەيزە كۆتۈرۈپ يۈرىدىغان ئېسىل بىر كىشىگە تەگدىم. ئۇ مال ـ چارۋا، پۇل ـ مالغا باي ئادەم ئىكەن. ماڭا مال ـ چارۋا ۋە باشقا نەرسىلەردىن بىر جۈپتىن بەردى، ئاندىن:

ــ ئى ئۇممۇ زەرئە! ئۆزەڭمۇ يەپ ـ ئىچكىن، ئائىلەڭگىمۇ ئاپىرىپ بەرگىن! ــ دەيتتى. ئەمما مەن ئۇنىڭ ماڭا بەرگەنلىرىنى يىغىپ كەلسەم، ئەبۇ زەرئە بەرگەن كىچىككىنە بىر قاچا نەرسىگىمۇ تەڭ كەلمەيدۇ، ـ دېدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «ئەبۇ زەرئە ئۇممۇ زەرئەگە قانداق (مۇئامىلە) قىلغان بولسا، مەنمۇ ساڭا شۇنداق (مۇئامىلە) قىلدىم» دەيتتى.

(بۇخارى: 5189)

4324 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللَّهُ تَعَالَى عَنْهَا، قَالَتْ: فَخُرْتُ بِمَالِ أَبِي فِي الْجَاهِلِيَةِ، وَكَانَ قَدْرَ أَلْفِ أَلْفِ أُوقِيةٍ، فَقَالَ لِيَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: اسْكُتِي يَا عَائِشَةُ، فَإِني كُنْتُ لَكِ كَأَبِي زَرْعٍ لأم زَرْعٍ، ثُم أَنْشَأَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحَدثُ، أَن إِحْدَى عَشْرَةَ امْرَأَةً اجْتَمَعْنَ فِي الْجَاهِلِيةِ فَتَعَاهَدْنَ لَتُخْبِرَن كُلُّ امْرَأَةٍ بِمَا فِي زَوْجِهَا وَلا تَكْذِبُ، فذكر نحوه في آخره، قَالَتْ عَائِشَةُ: فَقُلْتُ: يَا رَسُولَ اللهِ، بَلْ أَنتَ خَيْرٌ مِنْ أَبِي زَرْعٍ.

4324 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنها مۇنداق دەيدۇ: دادامنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ناھايىتى نۇرغۇن مېلى بولۇپ، (مال ـ مۈلكىنىڭ)

بىر مىليون ئۇقىيەگە يېتىپ بارىدىغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ پەخىرلەنگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئائىشە! ئاغزىڭنى يۇم. چۈنكى ئەبۇ زەرئە ئۇممۇ زەرئەگە قانداق قىلغان بولسا، مەنمۇ ساڭا شۇنداق قىلدىم، ـ دېدى، ئاندىن جاھىلىيەت دەۋرىدە ئون بىر ئايالنىڭ بىر يەرگە توپلىشىپ، ھەممىسىنىڭ راستچىللىق بىلەن ئۆز ئېرىنىڭ مىجەز ـ خۇلقى ۋە مۇئامىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا كېلىشكەنلىكىنى (يۇقىرىقى ھەدىسكە ئوخشاش قىلىپ) سۆزلەپ بەردى. ئەمما بۇ رىۋايەتنىڭ داۋامىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! سەن ماڭا ئەبۇ زەرئە ئۇممۇ زەرئەگە قىلغاندىنمۇ ئاشۇرۇپ (ياخشىلىق) قىلدىڭ، ـ دېگەنلىكى نەقىل قىلىنغان[1].

(«ئەلكەبىر»: 173/23)

4325 ـ ولأبي داود عن عائشة عن النبي صلى الله عليه وسلم قال: أجتمع إحدى عشرة نسوة بنحوه.

4325 ـ ئىمام ئەھمەدمۇ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يۇقىرىقىغا ئوخشاش سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان.

4326 - عن عائشة أن رسول الله صلى الله عليه وسلم حدثها للاديث وهو معها في لحاف فقالت بأبي وأمى يا رسول الله لولا حدثتنا بهذا الحديث لظننت أنه حديث خرافة فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم وما حديث خرافة يا عائشة قالت الشئ إذا لم يكن قيل حديث خرافه فقال رسول الله صلى الله عليه وسلم إن أصدق الحديث حديث خرافة كان خرافه رجل من بني عذرة سبته الجن وكان معهم فلما استرقوا السمع أخبروه فخبر به الناس فيجدونه كما قال.

[1] ھەيسەمى (7687): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلارنىڭ بىر قىسمى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى، قالغانلىرى ئىشەنچلىك راۋىيلاردۇر، ـ دېگەن.

4326 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىمىز بىر يوتقاندا ياتاتتۇق، ئۇ ماڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئاتا ـ ئانام ساڭا پىدا بولسۇن. بۇ سۆزنى سەندىن باشقىسى ئېيتقان بولسا: "بۇ خۇرافەنىڭ سۆزى" دېگەن بولاتتىم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى ئائىشە! بۇ قانداق گەپ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ يۈز بەرمىگەن ئىشلار توغرۇلۇق دېيىلگەن سۆز خۇرافەنىڭ سۆزى دېيىلىدۇ، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ (بۇنداق سۆزلەرنىڭ) ئەڭ توغرىسى خۇرافەنىڭ سۆزىدۇر. خۇرافە بەنى ئۇزرە قەبىلىسىدىن بولۇپ، ئۇنى جىنلار ئېلىپ قاچقاچقا، ئۇ جىنلار بىللە ياشايتتى. جىنلار ئاسماندىن بىرەر ئىشنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋالسا، خۇرافەگە ئېيتىپ بېرەتتى، خۇرافە بۇ ئىشنى ئىنسانلارغا يەتكۈزەتتى. ئىنسانلار ئۇنىڭ سۆزىنىڭ راست چىققانلىقىنى كۆرەتتى، ـ دېدى[1].

(ئەھمەد؛ بەززار؛ مەۋسىلى؛ «ئەلئەۋسەت»)

4327 - عن عَاِئشَةَ، قَالَتْ: أَتَيتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِخَزِيرَةٍ قَدْ طَبَخْتُهَا لَهُ، فَقُلْتُ لِسَوْدَةَ وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بَيْنِي وَبَيْنَهَا: كُلِي، فَأَبَتْ، فَقُلْتُ: لَتَأْكُلِن، أَوْ لَأُلَطخَن وَجْهَكِ، فَأَبَتْ، فَوَضَعْتُ يَدِي فِي الْخَزِيرَةِ، فَطَلَيْتُ وَجْهَهَا، فَضَحِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَوَضَعَ بِيَدِهِ لَهَا، وَقَالَ لَهَا: "الْطَخِي وَجْهَهَا"، فَضَحِكَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَهَا، فَمَر عُمَرُ، فَقَالَ: يَا عَبْدَ اللهِ يَا عَبْدَ اللهِ فَظَن أَنهُ سَيَدْخُلُ، فَقَالَ: "قُومَا فَاغْسِلا وُجُوهَكُمَا"، فَقَالَتْ عَائِشَةُ: فَمَا زِلْتُ أَهَابُ عُمَرَ لِهَيْبَةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

[1] ھەيسەمى (4326): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد، بەززار، ئەبۇ يەئلا ۋە تەبەرانى قاتارلىقلار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، ئىمام ئەھمەدنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

4327 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئوماچ ئېتىپ كەلدىم. ئۇ سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن مېنىڭ ئوتتۇرىمدا ئولتۇراتتى. مەن سەۋدەگە:

ـ (ئوماچتىن) ئىچكىن! ـ دېدىم، لېكىن ئۇ ئىچكىلى ئۇنىمىدى. مەن:

ـ يا بۇنى ئىچىسەن ياكى ئوماچنى يۈزۈڭگە سۈۋايمەن، ـ دېدىم. ئۇ يەنە ئىچكىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، قولۇمنى ئوماچقا تىقىپ، ئۇنىڭ يۈزىگە سۈۋىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى ۋە قولى بىلەن سەۋدەنى تۇرتۇپ:

ـ سەنمۇ ئۇنىڭ يۈزىگە سۈۋىغىن! ـ دېدى. (سەۋدەمۇ مېنىڭ يۈزۈمگە سۈۋىغاندى) پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە كۈلۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ھەي ئابدۇللاھ! ھەي ئابدۇللاھ! ـ دەپ ئىشىك ئالدىدىن ئۆتتى. ئۆمەرنى ئۆيگە كىرىدىغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قالغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئورنۇڭلاردىن تۇرۇپ، يۈزۈڭلارنى يۇيۇڭلار! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھەزرىتى ئۆمەردىن ئەيمەنگەنلىكىنى كۆرگەندىن بېرى، مەنمۇ (ئۇنىڭدىن) قاتتىق ئەيمىنىدىغان بولۇپ قالدىم[1].

(مەۋسىلى)

4328 - عَنْ رُزَيْنَةَ مَوْلاةِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، أن سَوْدَةَ الْيَمَانِيةَ جَاءَتْ عَائِشَةَ تَزُورُهَا، وَعِنْدَهَا حَفْصَةُ بِنْتُ عُمَرَ، فَجَاءَتْ سَوْدَةُ فِي هَيْئَةٍ وَفِي حَالٍ حَسَنَةٍ، فَقَالَتْ : حَفْصَةُ لِعَائِشَةَ: يَا أُم الْمُؤْمِنِينَ، يَجِيءُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَشِقًا، وَهَذِهِ بَيْنَنا تَبْرُقُ؟ فَقَالَتْ لَهَا أُم الْمُؤْمِنِينَ: اتقِي اللهَ يَا حَفْصَةُ، قَالَتْ: لَأُفْسِدَن

[1] ھەيسەمى (7683): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا مەۋسىلى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، مۇھەممەد ئىبنى ئۆمەر ئىبنى ئەلقەمەدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، لېكىن ئۇنىڭ ھەدىسىمۇ ھەسەندۇر، ـ دېگەن.

عَلْيهَا زِينَتَهَا ، قَالَتْ: مَا تَقُلْنَ؟ وَكَانَ فِي أُذُنِهَا ثِقَلٌ، قَالَتْ لَهَا حَفْصَةُ: يَا سَوْدَةُ خَرَجَ الأَعْوَرُ، قَالَتْ: نَعَمْ؟ فَفَزِعَتْ فَزَعًا شَدِيدًا، فَجَعَلَتْ تَنْتَفِضُ، قَالَتْ: أَيْنَ أَخْتَبِئُ؟ قَالَتْ: عَلْيكِ بِالْخَيْمَةِ خَيْمَةٌ لَهُمْ مِنْ سَعَفٍ يَطْبُخُونَ فِيهَا ، فَذَهَبَتْ فَاخْتَبَأَتْ فِيهَا، وَفِيهَا الْقَذَرُ وَنَسْجُ الْعَنْكَبُوتِ، فَجَاءَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيهِ وَسَلمَ وَهُمَا تَضْحَكَانِ لاَ تَسْتَطِيعَانِ أَنْ تَتَكَلمَا مِنَ الضحِكِ، قَالَ: "مَاذَا الضحِكُ؟"، ثَلاثَ مِرَارٍ، فَأَوْمَأَتَا بِأَيْدِيهِمَا إِلَى الْخَيْمَةِ، فَذَهَبَ فَإِذَا سَوْدَةُ تُرْعَدُ، فَقَالَ لَهَا: "يَا سَوْدَةُ، مَا لَكِ؟"، قَالَتْ: يَا رَسُولَ اللهِ، خَرَجَ الأَعْوَرُ، قَالَ: "مَا خَرَجَ وَلَيَخْرُجَن"، ثُم دَخَلَ فَأَخْرَجَهَا، فَجَعَلَ يَنْفُضُ عَنْهَا الْغُبَارَ وَنَسْجَ الْعَنْكَبُوتِ.

4328 ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ (ئايال) ئازادگەردىسى رۇزەيىنەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى زىيارەت قىلىپ كەلدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىدا ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھامۇ بار ئىدى. سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا چىرايلىق ياسىنىپ كەلگەن بولۇپ، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا:

— ئەي مۇئمىنلەرنىڭ ئانىسى! ھېلى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تېتىك ۋە خۇشال ھالدا يېتىپ كەلگەندە، بۇ (خوتۇن) ئارىمىزدا مۇشۇنداق پارقىراپ تۇرسا (بۇ قانداق بولغىنى)، ـ دېدى. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئى ھەفسە! اللهتىن قورق! ـ دېدى. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ مەن ئۇنىڭ پەردىزىنى بۇزىۋېتىمەن، ـ دېدى. سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ قۇلىقى ئېغىر بولغاچقا، ئۇلاردىن:

ـ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ ـ دەپ سورىدى. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ ئى سەۋدە! دەججال چىقىپتۇ، ـ دېدى. سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ـ نېمە؟ دەججال چىقىپتىمۇ؟! ـ دېدى ـ دە، قاتتىق قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى ۋە:

— نەگە مۆكۈۋالاي؟ ـ دەپ سورىدى. سەل نېرىدا تاماق ئېتىش ئۈچۈن ياسالغان بىر چېدىرىمىز بار ئىدى. ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھا شۇ چېدىرنى كۆرسىتىپ:

ــ ئاۋۇ چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىۋالغىن! ـ دېدى. سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئۇ چېدىرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇندى. چېدىرنى مەينەتچىلىك ۋە ئۆمۈچۈك تورى بېسىپ كەتكەندى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئىككىسى كۈلۈشۈپ ئولتۇراتتى. ھەتتا كۈلكىدىن ئېغىزلىرى گەپكە كەلمەيۋاتاتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇلاردىن:

ــ نېمىگە (بۇنچىۋالا) كۈلۈپ كەتتىڭلار؟ ـ دەپ ئۈچ قېتىم سورىغاندىن كېيىن، ئۇلار قوللىرى بىلەن چېدىرنى كۆرسەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بېرىپ، سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ چېدىر ئىچىدە لاغىلداپ تىترەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككى قېتىم:

ــ ئى سەۋدە! ساڭا نېمە بولدى؟ ـ دەپ سورىدى. سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! دەججال چىقىپتۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ دەججال تېخى چىقمىدى، لېكىن (پات يېقىندا) چىقىدۇ، ـ دېدى. ئاندىن چېدىرنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئۇنى سىرتقا ئېلىپ چىقتى ۋە ئۈستى ـ بېشىدىكى توپا ـ چاڭ ۋە ئۆمۈچۈك تورلىرىنى قېقىشقا باشلىدى[①].

(مەۋسىلى: 7160)

4329 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يُحِب الْعَسَلَ وَالْحَلْوَاءَ وَكَانَ إِذَا انْصَرَفَ مِنَ الْعَصْرِ دَخَلَ عَلَى نِسَائِهِ فَيَدْنُو مِنْ إِحْدَاهُن فَدَخَلَ عَلَى حَفْصَةَ بِنْتِ عُمَرَ فَاحْتَبَسَ أَكْثَرَ مَا كَانَ يَحْتَبِسُ فَغِرْتُ فَسَأَلْتُ عَنْ ذَلِكَ فَقِيلَ لِي أَهْدَتْ لَهَا امْرَأَةٌ مِنْ قَوْمِهَا عُكةً مِنْ عَسَلٍ فَسَقَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْهُ شَرْبَةً فَقُلْتُ أَمَا وَاللهِ لَنَحْتَالَن لَهُ فَقُلْتُ لِسَوْدَةَ بِنْتِ زَمْعَةَ إِنهُ سَيَدْنُو مِنْكِ فَإِذَا دَنَا مِنْكِ فَقُولِي أَكَلْتَ مَغَافِيرَ فَإِنهُ سَيَقُولُ لَكِ لَا فَقُولِي لَهُ مَا هَذِهِ الريحُ التِي أَجِدُ مِنْكَ فَإِنهُ سَيَقُولُ لَكِ سَقَتْنِي حَفْصَةُ شَرْبَةَ عَسَلٍ فَقُولِي لَهُ جَرَسَتْ نَحْلُهُ الْعُرْفُطَ وَسَأَقُولُ ذَلِكِ وَقُولِي أَنْتِ يَا صَفِيةُ ذَاكِ قَالَتْ تَقُولُ سَوْدَةُ فَوَاللهِ مَا هُوَ إِلا أَنْ قَامَ عَلَى الْبَابِ فَأَرَدْتُ أَنْ أُبَادِيَهُ بِمَا

---

[①] ھەيسەمى (7684): بۇ ھەدىسنى ئەبۇ يەئلا رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەن تەرجىمھالىنى بىلمەيدىغان بىر قانچىلىغان كىشى بار، ـ دېگەن.

أَمْرتِنِي بِهِ فَرَقًا مِنْكِ فَلَما دَنا مِنْهَا قَالَتْ لَهُ سَوْدَةُ يَا رَسُولَ اللهِ أَكَلْتَ مَغَافِيرَ قَالَ لَا قَالَتْ فَمَا هَذِهِ الرِيحُ الَتِي أَجِدُ مِنْكَ قَالَ سَقَتْنِي حَفْصَةُ شَرْبَةَ عَسَلٍ فَقَالَتْ جَرَسَتْ نَحْلُهُ الْعُرْفُطَ فَلَما دَارَ إِلَي قُلْتُ لَهُ نَحْوَ ذَلِكَ فَلَما دَارَ إِلَى صَفِيةَ قَالَتْ لَهُ مِثْلَ ذَلِكَ فَلَما دَارَ إِلَى حَفْصَةَ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا أَسْقِيكَ مِنْهُ قَالَ لَا حَاجَةَ لِي فِيهِ قَالَتْ تَقُولُ سَوْدَةُ وَاللهِ لَقَدْ حَرَمْنَاهُ قُلْتُ لَهَا اسْكُتِي.

4329 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەسەل ۋە تاتلىق ـ تۈرۈملارنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ئەسىر نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاياللىرىدىن بىرەرسىنىڭ يېنىغا كىرەتتى ۋە ئۇنىڭ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ چىقاتتى. بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرىپ كېتىپ، ئادەتتىكىدىن ئۇزۇنراق ھايال بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، مېنىڭ كۈندەشلىكىم تۇتۇپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتە قىلدىم ۋە بىر ئايالنىڭ ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بىر قاچا ھەسەل ھەدىيە قىلغانلىقىنى، ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ شۇ ھەسەلدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئىچكۈزگەنلىكىنى بىلدىم ـ دە، ئۆز ـ ئۆزەمگە:

ـ خەپ! (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە) بىر ھىيلە ئىشلەتمەيدىغان بولسام، ـ دەپ قەسەم قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن، سەۋدەگە:

ــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سېنىڭ يېنىڭغا كېلىدۇ. ئۇ ساڭا يېقىنلاشقان ھامان: ”مەغافىر[1] يېدىڭمۇ؟“ دەپ سورىغىن. ئۇ: ”ياق“ دەيدۇ. سەن: ”ئۇنداقتا، سەندىن كېلىۋاتقان بۇ پۇراق نېمىنىڭ پۇرىقى؟“ دەپ سورىغىن. ئۇ: ”ھەفسە ماڭا ھەسەل بەرگەنىدى“ دەيدۇ. سەن: ”ئۇنداقتا، بۇ (ھەسەلنى چىقارغان) ھەرە ئۇرفۇت دەرىخىدىن شىرنە يىغىپتىكەندە؟“ دېگىن. مەنمۇ شۇنداق دەيمەن. ئى سەفىيە! سەنمۇ شۇنداق دېگىن! ـ دەپ تاپىلىدىم.

[1] ئۆسۈملۈكتىن چىقىدىغان شىرنىلىك سۇيۇقلۇق.

سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كېيىن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا: ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن سەندىن قورقۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىشىكنىڭ تۈۋىگە كېلىشكىلا سېنىڭ ئۆگەتكەنلىرىڭنى دەۋەتكىلى تاس قالدىم، - دەپ بەرگەن.

پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كەلگەندى، سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

- ئى رەسۇلۇللاھ! مەغافىر يېدىڭمۇ نېمە؟ - دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ياق، - دېدى. سەۋدە:

- ئۇنداقتا، بۇ نېمە پۇراق؟ - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ھەفسە ماڭا ھەسەل بەرگەنىدى، - دېدى. سەۋدە:

- ئۇنداقتا، بۇ (ھەسەلنى چىقارغان) ھەرە ئۇرفۇت دەرىخىدىن شىرنە يىغىپتىكەندە؟ - دېدى. (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) مېنىڭ يېنىمغا كەلگەندە، مەنمۇ شۇنداق دېدىم. سەفىيەنىڭ يېنىغا كىرگەندە، ئۇمۇ شۇنداق دېدى. كېيىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ يېنىغا كىرگەندە:

- ئى رەسۇلۇللاھ! ھەسەل قۇيۇپ بېرەيمۇ؟ - دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ياق، مېنىڭ ھەسەل ئىچكۈم يوق، - دېدى. سەۋدە:

- ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنى ھەسەل ئىچىشتىن مەھرۇم قىلدۇق، - دېگەنىدى، مەن ئۇنىڭغا:

- ئاغزىڭنى يۇم! - دېدىم.

(بۇخارى: 5187)

4330 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كُنَّا نَتَّقِي الْكَلَامَ وَالِانْبِسَاطَ إِلَى نِسَائِنَا عَلَى عَهْدِ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ هَيْبَةَ أَنْ يُنْزَلَ فِينَا شَيْءٌ فَلَمَّا تُوُفِّيَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ تَكَلَّمْنَا وَانْبَسَطْنَا.

4330 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە، ئۆزىمىز ھەققىدە بىرەر ئايەت نازىل بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئاياللىرىمىزغا يا ئارتۇقچە گەپ قىلالمايتتۇق ياكى خالىغانچە مۇئامىلە قىلالمايتتۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، خالىغىنىمىزنى قىلىدىغان بولدۇق.

(بۇخارى: 5187)

4331 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّ رَسُولَ اللهِ قَالَ مَا رَأَيْتُ مِنْ نَاقِصَاتِ عَقْلٍ وَلَا دِينٍ أَغْلَبَ لِذِي لُبٍّ مِنْكُنَّ قَالَتْ وَمَا نُقْصَانُ الْعَقْلِ وَالدِّينِ قَالَ أَمَّا نُقْصَانُ الْعَقْلِ فَشَهَادَةُ امْرَأَتَيْنِ شَهَادَةُ رَجُلٍ وَأَمَّا نُقْصَانُ الدِّينِ فَإِنَّ إِحْدَاكُنَّ تُفْطِرُ رَمَضَانَ وَتُقِيمُ أَيَّامًا لَا تُصَلِّي.

4331 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللارغا:

— مەن سىلەردەك ئەقلى قىسقا ۋە دىنى كەمتۈك تۇرۇپ، دانا كىشىلەرنىڭمۇ بېشىنى ئايلاندۇرىۋېتەلەيدىغان ھېچكىمنى كۆرمىدىم، ـ دېدى. ئاياللاردىن بىرى:

— ئەقلى قىسقا ۋە دىنى كەمتۈك دېگىنىڭ نېمىسى؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقىنىڭ بىر ئەرنىڭ گۇۋاھلىقىغا تەڭ كېلىشى ئەقلىڭلارنىڭ قىسقىلىقىنى؛ رامىزان ئېيىدا (ھەيز كۆرۈش سەۋەبى بىلەن بىر قانچە كۈن) روزا تۇتالماسلىقى ۋە بىر قانچە كۈن ناماز ئوقۇيالماسلىقى دىنىنىڭ كەمتۈكلۈكىنى كۆرسىتىدۇ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4679)

[1] ئەلبانى (3193): سەھىھ ـ دېگەن.

4332 - عَنْ أُسَامَةَ بن زيدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَا تَرَكْتُ بَعْدِي فِتْنَةً أَضَر عَلَى الرجَالِ مِنْ النسَاءِ.

4332 ـ ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مەن (بۇ دۇنيادا) ئەرلەرگە ئاياللاردىنمۇ بەكرەك زىيانلىق پىتنە قالدۇرۇپ قويمىدىم».

(بۇخارى: 5096)

4333 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنهَا قَالَتْ قَالَ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِني لَأَعْلَمُ إِذَا كُنتِ عَني رَاضِيَةً وَإِذَا كُنتِ عَلَي غَضْبَى قَالَتْ فَقُلْتُ مِنْ أَيْنَ تَعْرِفُ ذَلِكَ فَقَالَ أَما إِذَا كُنتِ عَني رَاضِيَةً فَإِنكِ تَقُولِينَ لَا وَرَب مُحَمدٍ وَإِذَا كُنتِ عَلَي غَضْبَى قُلْتِ لَا وَرَب إِبْرَاهِيمَ قَالَتْ قُلْتُ أَجَلْ وَاللهِ يَا رَسُولَ اللهِ مَا أَهْجُرُ إِلا اسْمَكَ.

4333 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا:

ـــ مەن سېنىڭ مەندىن مەمنۇن ئىكەنلىكىڭنى ياكى خاپا ئىكەنلىكىڭنى بىلەلەيمەن، ـ دېدى. مەن:

ــ بۇنى قانداق بىلىسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن مەندىن مەمنۇن بولغان ۋاقتىڭدا: "مۇھەممەدنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق ئەمەس" دەيسەن. ئەگەر مەندىن خاپا بولۇپ قالساڭ: "ئىبراھىمنىڭ رەببى بىلەن قەسەمكى، ئۇنداق ئەمەس" دەيسەن، ـ دېدى. مەن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! شۇنداق (ئېيتقىنىڭ توغرا)، ئەمما مەن پەقەت سېنىڭ ئىسمىڭنىلا تىلغا ئالمايمەن (خالاس)، ـ دېدىم.

(بۇخارى: 5228)

4334 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ سَابَقَنِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَبَقْتُهُ.

4334 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەن بىلەن مۇسابىقىلەشكەندى، مەن ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتىم، ـ دېگەن[①].

(ئىبنى ماجە: 1979)

4335 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ لَما قَدِمَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَدِينَةَ وَهُوَ عَرُوسٌ بِصَفِيةَ بِنْتِ حُيَي جِئْنَ نِسَاءُ الْأَنصَارِ فَأَخْبَرْنَ عَنْهَا قَالَتْ فَتَنَكرْتُ وَتَنَقبْتُ فَذَهَبْتُ فَنظَرَ رَسُولُ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلى عَيْنِي فَعَرَفَنِي قَالَتْ فَالْتَفَتَ فَأَسْرَعْتُ الْمَشْيَ فَأَدْرَكَنِي فَاحْتَضَنَنِي فَقَالَ كَيْفَ رَأَيْتِ قَالَتْ قُلْتُ أَرْسِلْ يَهُودِيةٌ وَسْطَ يَهُودِياتٍ.

4335 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەفىيە بىنتى ھۇيەينى نىكاھىغا ئېلىپ، (خەيبەردىن) مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندە، ئەنسارى ئاياللار ئۇ (ئايال) نى كۆرۈپ كېلىشتى ۋە ئۇنىڭ گېپىنى قىلىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن، باشقىلار تونىمىغۇدەك شەكىلدە كىيىنىدىم ۋە يۈزۈمنى يۆگەپ (ئۇنىڭ قېشىغا) باردىم. لېكىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كۆزلىرىمگە قاراپلا مېنى تونۇۋالدى ـ دە، مەن تەرەپكە بۇرۇلدى. مەن تېز ـ تېز قەدەملەر بىلەن ئارقىمغا قايتتىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەينىمدىن يېتىشىپ كېلىپ، مېنى قۇچاقلىۋالدى ۋە:

ـ سەفىيە چىرايلىقمىكەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ئادەتتىكى يەھۇدىي ئاياللىرىدىن بىرى ئىكەنغۇ؟! ـ دېدىم[②].

(ئىبنى ماجە: 1980)

---

[①] ئەلبانى (1610): سەھىھ ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (430): زەئىپ، ـ دېگەن.

## كۆنلەش، ئاياللار بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇش ۋە ئاياللارغا قاراش

4336 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ إِن اللهَ يَغَارُ وَغَيْرَةُ اللهِ أَنْ يَأْتِيَ الْمُؤْمِنُ مَا حَرمَ اللهُ.

4336 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«شۈبھىسىزكى، الله تائالا كۆنلەيدۇ. الله تائالا مۆمىننىڭ ھارام قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشىدىن كۆنلەيدۇ (يەنى غەزەپ قىلىدۇ)».

(بۇخارى: 5223)

4337 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ نَعَمْ وَرَفَعَهُ أَنهُ قَالَ لَا أَحَدَ أَغْيَرُ مِنْ اللهِ وَلِذَلِكَ حَرمَ الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَلَا أَحَدَ أَحَب إِلَيْهِ الْمَدْحُ مِنْ اللهِ وَلِذَلِكَ مَدَحَ نَفْسَهُ.

4337 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالادىنمۇ بەكرەك كۆنلەمچى يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن بارلىق يامان ئىشلارنى ھارام قىلدى. الله تائالا ماختىنىشنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۆزىنى ئۆزى ماختىدى»[1].

(تىرمىزى: 3530)

[1] ئەلبانى (2794): سەھىھ ـ دېگەن.

4338 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ سَعْدُ بْنُ عُبَادَةَ يَا رَسُولَ اللهِ لَوْ وَجَدْتُ مَعَ أَهْلِي رَجُلًا لَمْ أَمَسهُ حَتى آتِيَ بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاءَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَعَمْ قَالَ كَلا وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق إِنْ كُنْتُ لَأُعَاجِلُهُ بِالسيْفِ قَبْلَ ذَلِكَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْمَعُوا إِلَى مَا يَقُولُ سَيدُكُمْ إِنهُ لَغَيُورٌ وَأَنَا أَغْيَرُ مِنْهُ وَاللهُ أَغْيَرُ مِني.

4338 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سەئد ئىبنى ئۇبادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ئايالىمنى بىرسى بىلەن تۇتۇۋالسام، تۆت گۇۋاھچىنى ئۇ جايغا ھازىر قىلمىغۇچە ئۇنىڭغا چېقىلالمامدىم؟ ـ دەپ سورىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شۇنداق، ـ دېگەندى، سەئد ئىبنى ئۇبادە:

— ياق، سېنى ھەق دىنىنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنداق ئىشقا دۇچ كېلىپ قالسام، تۆت گۇۋاھچىنى ھازىر قىلماستىنلا كاللىسىنى ئالىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ پېشىۋايىڭلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدىڭلارمۇ؟ ئۇ ھەقىقەتەن بەك كۈنلەمچى ئىكەن، مەن ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك كۈنلەيمەن، الله تائالا مەندىنمۇ بەكرەك كۈنلەيدۇ، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1498)

4339 - عَنْ الْمُغِيرَةِ بْنِ شُعْبَةَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: لَا شَخْصَ أَغْيَرُ مِنْ اللهِ وَلَا شَخْصَ أَحَب إِلَيْهِ الْعُذْرُ مِنْ اللهِ مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ بَعَثَ اللهُ الْمُرْسَلِينَ مُبَشرِينَ وَمُنْذِرِينَ وَلَا شَخْصَ أَحَب إِلَيْهِ الْمِدْحَةُ مِنْ اللهِ مِنْ أَجْلِ ذَلِكَ وَعَدَ اللهُ الْجَنةَ.

4339 ـ مۇغىيرە ئىبنى شۇئبە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«اللەتىنمۇ بەكرەك كۈنلەمچى يوقتۇر، (جازالاشتىن بۇرۇن ئۆزرىگە ھېچ يول قالدۇرماسلىق ئۈچۈن) ئاگاھلاندۇرۇشنى اللەتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان زات يوقتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، الله تائالا بېشارەت

بىرىــــدىغان ۋە ئاگاھلاندۇرىــــدىغان پەيغەمبەرلەرنــــى ئەۋەتــــكەن. ماختىنىشنى اللهتىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان ھېچبىر زات يوقتۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن الله ئۆزىنى (يەنى اللهنى) ماختىغانلارغا جەننەتنى ۋەدە قىلغان».

(مۇسلىم: 1499)

4340 - عن عَائِشَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ خَرَجَ مِنْ عِنْدِهَا لَيْلًا قَالَتْ فَغِرْتُ عَلَيْهِ فَجَاءَ فَرَأى مَا أَصْنَعُ فَقَالَ مَا لَكِ يَا عَائِشَةُ أَغِرْتِ فَقُلْتُ وَمَا لِي لَا يَغَارُ مِثْلِي عَلَى مِثْلِكَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَقَدْ جَاءَكِ شَيْطَانُكِ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ أَوْ مَعِيَ شَيْطَانٌ قَالَ نَعَمْ قُلْتُ وَمَعَ كُل إِنْسَانٍ قَالَ نَعَمْ قُلْتُ وَمَعَكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ نَعَمْ وَلَكِنْ رَبي أَعَانَنِي عَلَيْهِ حَتى أَسْلَمَ.

4340 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىر كېچىسى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمدىن قوپۇپ (سىرتقا) چىقىپ كەتكەندى، كۈندەشلىكىم تۇتتى. ئۇ قايتىپ كېلىپ، چىرايىمدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ:

ـ ئى ئائىشە! نېمە بولدۇڭ؟ كۈندەشلىكىڭ تۇتتىمۇ نېمە؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ ھەئە، مەندەك ئايال سەندەك ئەرنى كۈنلىمەي تۇرالامدۇ؟! ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ قارىغاندا، شەيتىنىڭ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! (يېنىمدا) شەيتان بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ھەئە، بار، ـ دېدى. مەن:

ـ ھەر قانداق ئادەمنىڭ (يېنىدا) شەيتىنى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ھەئە، بار، ـ دېدى. مەن:

ـ سېنىڭمۇ (يېنىڭدا) بارمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ھەئە، مېنىڭمۇ بار. ئەمما الله ماڭا ياردەم قىلغاچقا، ئۇ شەيتان مۇسۇلمان بولدى، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2815)

4341 - عَنْ عَائِشَةَ أن النبي صلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَ إِذَا خَرَجَ أَقْرَعَ بَيْنَ نِسَائِهِ فَطَارَتْ الْقُرْعَةُ لِعَائِشَةَ وَحَفْصَةَ وَكَانَ النبي صلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِذَا كَانَ بِاللَّيْلِ سَارَ مَعَ عَائِشَةَ يَتَحدثُ فَقَالَتْ حَفْصَةُ أَلَا تَرْكَبِينَ اللَّيْلَةَ بَعِيرِي وَأَرْكَبُ بَعِيرَكِ تَنظُرِينَ وَأَنظُرُ فَقَالَتْ بَلَى فَرَكِبَتْ فَجَاءَ النبي صلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِلَى جَمَلِ عَائِشَةَ وَعَلَيْهِ حَفْصَةُ فَسَلمَ عَلَيْهَا ثُم سَارَ حَتى نَزَلُوا وَافْتَقَدَتْهُ عَائِشَةُ فَلَما نَزَلُوا جَعَلَتْ رِجْلَيْهَا بَيْنَ الْإِذْخِرِ وَتَقُولُ يَا رَب سَلطْ عَلَي عَقْرَبًا أَوْ حَيةً تَلْدَغُنِي وَلَا أَسْتَطِيعُ أَنْ أَقُولَ لَهُ شَيْئًا.

4341 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ھەر قېتىم) سەپەرگە چىققاندا، ئاياللىرى ئارىسىدا چەك تاشلايتتى. بىر قېتىم چەك ھەفسە ئىككىمىزگە چىقتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سەپەر بويىچە كېچىلىرى مەن بىلەن پاراڭلىشىپ ماڭدى. ھەفسە ماڭا:

ــ بۈگۈن كېچە تۆگىمىزنى ئالماشتۇرۇپ مىنەيلى. سەنمۇ، مەنمۇ كۆرەلمىگەن يەرلىرىمىزنى كۆرۈۋالىمىز، ـ دېدى. مەن:

ــ بولىدۇ، ـ دېدىم. شۇنىڭ بىلەن، تۆگىلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ مىندۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنىڭ تۆگەمنىڭ يېنىغا كەلدى، (ئەمما ئۇ تۆگىنىڭ) ئۈستىدە ھەفسە بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا سالام بەردى ۋە قونالغۇغا يېتىپ بارغىچە ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭدى، ئەمما مېنىڭ يېنىمغا كېلىپمۇ قويمىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يوقلۇقىنى شۇنداق ھېس قىلدىمكى، قونالغۇغا چۈشكەندە، پۇتۇمنى چىغلارنىڭ ئارىسىغا تىقىپ:

ــ ئى الله! بىرەر چايان ياكى يىلان ئەۋەتىپ، پۇتۇمنى چاقتۇرغىن. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمغا كەلگەندە، ئۇنىڭغا ھېچنېمە دېيەلمەي قالاي، ـ دېدىم.

(بۇخارى: 5211)

4342 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ مَا رَأَيْتُ صَانِعَةَ طَعَامٍ مِثْلَ صَفِيَّةَ أَهْدَتْ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ إِنَاءً فِيهِ طَعَامٌ فَمَا مَلَكْتُ نَفْسِي أَنْ كَسَرْتُهُ فَسَأَلْتُ النَّبِيَّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عَنْ كَفَّارَتِهِ فَقَالَ إِنَاءٌ كَإِنَاءٍ وَطَعَامٌ كَطَعَامٍ.

4342 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: تاماقتا سەفىيەدەك ئۇستا ئايالنى كۆرۈپ باقمىدىم. مېنىڭ نۆۋىتىم كەلگەن بىر كۈنى، ئۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر قاچا تاماق كىرگۈزگەندى، مەن (كۈندەشلىكتىن) ئۆزەمنى تۇتالماي، قاچىسىنى چېقىۋەتتىم. ئاندىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن بۇنىڭ كەففارىتىنى سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ قاچىسىغا ئوخشاش قاچا ۋە تامىقىغا ئوخشاش تاماق تۆلىشىڭ كېرەك، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3957)

4343 - عَنْ عَائِشَةَ، قَالَتْ: كَانَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَفَرٍ، وَنَحْنُ مَعَهُ، فَاعْتَلَّ بَعِيرٌ لِصَفِيَّةَ، وَكَانَ مَعَ زَيْنَبَ فَضْلُ ظَهْرٍ، فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ: "إِنَّ بَعِيرَ صَفِيَّةَ قَدِ اعْتَلَّ، فَلَوْ أَعْطَيْتِهَا بَعِيرًا لَكِ"، فَقَالَتْ: أَنَا أُعْطِي هَذِهِ الْيَهُودِيَّةَ؟ فَغَضِبَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ، وَهَجَرَهَا بَقِيَّةَ ذِي الْحِجَّةِ، وَالْمُحَرَّمَ، وَصَفَرَ، وَأَيَّامًا مِنْ شَهْرِ رَبِيعٍ الْأَوَّلِ، حَتَّى رَفَعَتْ مَتَاعَهَا وَسَرِيرَهَا، فَظَنَّتْ أَنَّهُ لَا حَاجَةَ لَهُ فِيهَا، فَبَيْنَمَا هِيَ ذَاتَ يَوْمٍ قَاعِدَةٌ بِنِصْفِ النَّهَارِ، رَأَتْ ظِلَّهُ قَدْ أَقْبَلَ فَأَعَادَتْ سَرِيرَهَا وَمَتَاعَهَا.

4343 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئېلىپ بىر سەپەرگە چىقتى. سەپەردە سەفىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ تۆگىسى ئاغرىپ قالدى. زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئارتۇق تۆگىسى بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا:

---

[1] ئەلبانى (263): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ سەفىيەنىڭ تۆگىسى ئاغرىپ قالدى، ئۇنىڭغا تۆگەڭنى بېرىپ تۇرامسەن؟ ـ دېگەنىدى، زەينەپ رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ مەن تۆگەمنى يەھۇدىيغا بېرەمتىم؟ ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ئاچچىغى كەلدى ۋە زۇلھەججە ئېيىنىڭ قالغان كۈنلىرى، مۇھەررەم ئېيى، سەپەر ئېيى ۋە رەبىئۇلئەۋۋەل ئېيىنىڭ دەسلەپكى بىر قانچە كۈنلىرىگىچە ئۇنىڭغا يولۇقمىدى. شۇنىڭ بىلەن، زەينەپ (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) نەرسە ـ كېرەك ۋە كارىۋاتلارنىڭ كېرىكى قالمىدى دەپ ئويلاپ، (ئۇلارنى) يىغىشتۇرۇۋەتتى. بىر كۈنى چۈش ۋاقتىدا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا قاراپ كېلىۋاتقان سايىسىنى كۆردى ـ دە، (دەرھال) نەرسە ـ كېرەك ۋە كارىۋاتنى جايىغا قويۇپ، ھۇجرىنى رەتلىدى[①].

(«ئەلئەۋسەت»)

4344 - وفي رواية: فَهَجَرَهَا ذَا الْحِجةِ وَالْمُحَرمَ وَبَعْضَ صَفَرٍ.

4344 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە نەقىل قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەينەب رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا زۇلھەججە ئېيى، مۇھەررەم ئېيى ۋە سەپەر ئېيىنىڭ بىر قانچە كۈنلىرىگىچە يولۇقمىغان[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 4602)

4345 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِياكُمْ وَالدخُولَ عَلَى النسَاءِ فَقَالَ رَجُلٌ مِنْ الْأَنصَارِ يَا رَسُولَ اللهِ أَفَرَأَيْتَ الْحَمْوَ قَالَ الْحَمْوُ الْمَوْتُ.

---

[①] ھەيسەمى (7695): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى سۇمەييە دېگەن ئايالنى ھېچكىم تەنقىد قىلمىغان. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[②] ئەلبانى (999): زەئىپ، ـ دېگەن.

4345 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ (نامەھرەم) ئاياللارنىڭ يېنىغا (يالغۇز) كىرىپ چىقىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەڭلار! ـ دېدى. ئەنسارىلاردىن بىر كىشى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! (ئېرىنىڭ دادىسىدىن ۋە باشقا ئايالىدىن بولغان ئوغۇللىرىدىن باشقا) ئەر ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ھەققىدە قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇلارنىڭ يېنىدا (يالغۇز) تۇرۇش (ئايال ئۈچۈن) ئۆلۈم دېمەكتۇر، ـ دېدى[1].

(بۇخارى: 5232)

4346 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِه وَسَلمَ قَالَ لَا يَخْلُوَن رَجُلٌ بِاْمَرَأةٍ إلا مَعَ ذِي مَحْرَمٍ فَقَامَ رَجُلٌ فَقَالَ يا رَسُولَ اللهِ ٱمرَأتي خَرَجَتْ حَاجةً وَاكْتُتِبْتُ فِي غَزْوَةِ كَذَا وَكَذَا قَالَ ٱرْجِعْ فَحُج مَعَ ٱمْرَأتِكَ.

4346 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ھەر قانداق كىشى مەھرىمى يېنىدا بولمىغان ئايال بىلەن بىر جايدا (يالغۇز) بىللە تۇرمىسۇن، ـ دېدى. بىر كىشى:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئايالىم ھەجگە ماڭدى، مەن ئۆزەم پالانى يەردىكى غازاتقا چىقماقچىمەن، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن غازاتتىن ۋاز كېچىپ، ئايالىڭ بىلەن بىللە ھەجگە بارغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5233)

[1] يەنى ئۆلۈمدەك چوڭ ئاپەتتۇر.

4347 - عن عَبْدَ اللهِ بْنَ عَمْرِو بْنِ الْعَا ٱ ِ أن نَفَرًا مِنْ بَنِي هَاشِمٍ دَخَلُـوا عَلَـى أَسْمَاءَ بِنْتِ عُمَيْسٍ فَدَخَلَ أَبُو بَكْرٍ الصديقُ وَهِيَ تَحْتَهُ يَوْمَئِذٍ فَرَآهُمْ فَكَرِهَ ذَلِـكَ فَـذَكَرَ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَقَالَ لَمْ أَرَ إلا خَيْرًا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إن اللهَ قَدْ بَرأَهَا مِنْ ذَلِكَ ثُم قَامَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى الْمِنْبَرِ فَقَالَ لَا يَدْخُلَن رَجُلٌ بَعْدَ يَوْمِي هَذَا عَلَى مُغِيبَةٍ إلا وَمَعَهُ رَجُلٌ أَوْ اثْنَانِ.

4347 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بەنى ھاشىم جەمەتىلىك بىر قانچە كىشى ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھا (ئەبۇ بەكرنىڭ ئايالى)نىڭ يېنىغا كىردى. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىرتتىن كىرىپ، (ئۆزىنىڭ ئۆيدە يوق ۋاقتىدا) ئايالىنىڭ يېنىغا كىرىپ ئولتۇرغان بۇ كىشىلەرنى كۆرۈپ، سەل بىئارام بولدى ـ دە، بۇ ئىشنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېيتىپ بەرگەندىن كېيىن:

ــ ھەر ھالدا يامان ئىشقۇ كۆرمىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله ئۇ ئايالنى يامان ئىشتىن ساقلىغان، ـ دېدى. ئاندىن مۇنبەرگە چىقىپ:

ــ بۈگۈندىن ئېتىبارەن، ھېچكىم ئېرى (ئۆيدە) يوق ئايالنىڭ يېنىغا كىرمىسۇن، كىرىشكە توغرا كەلسە، يېنىدا بىر ياكى ئىككى كىشىنى بىرگە ئېلىپ كىرسۇن! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 2173)

4348 - عَنْ مَوْلَى عَمْرِو بْنِ الْعَا ٱ ِ أن عَمْرَو بْنَ الْعَا ٱ ِ أَرْسَلَهُ إلَى عَلِي يَسْتَأْذِنُهُ عَلَـى أَسْمَاءَ بِنْتِ عُمَيْسٍ فَأَذِنَ لَهُ حَتى إذَا فَرَغَ مِنْ حَاجَتِهِ سَأَلَ الْمَوْلَى عَمْرَو بْنَ الْعَا ٱ ِ عَنْ ذَلِـكَ فَقَالَ إن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَانَا أَوْ نَهَى أَنْ نَـدْخُلَ عَلَـى النسَـاءِ بِغَيْـرِ إذْنِ أَزْوَاجِهِن.

4348 ـ ئەمىر ئىبنى ئاسىنىڭ ئازادگەردىسى مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: ئەمر ئىبنى ئاس مېنى ئەلىنىڭ يېنىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن

ئۆزىنىڭ ئەسما بىنتى ئۇمەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھانى يوقلاپ چىقىشى ئۈچۈن رۇخسەت سورىدى. ھەزرىتى ئەلى ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى، ئۇ ئەسما بىنتى ئۇمەيسنى يوقلاپ چىققاندىن كېيىن، مەن ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈن رۇخسەت سورىغانلىقىنى سورىغانىدىم، ئۇ:

— پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئاياللارنىڭ يېنىغا ئېرىدىن رۇخسەت ئالماستىن كىرىپ ـ چىقىشتىن چەكلىگەن، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2779)

4349 - عَنْ أَنسٍ أَن امْرَأَةً كَانَ فِي عَقْلِهَا شَيْءٌ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن لِي إِلَيْكَ حَاجَةً فَقَالَ يَا أُم فُلَانٍ انظُرِي أَي السكَكِ شِئْتِ حَتى أَقْضِيَ لَكِ حَاجَتَكِ فَخَلَا مَعَهَا فِي بَعْضِ الطرُقِ حَتى فَرَغَتْ مِنْ حَاجَتِهَا.

4349 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەقىل ـ ھوشى جايىدا بولمىغان بىر ئايال كېلىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! ساڭا بىر ھاجىتىم چۈشۈپ قالدى، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

— ئى ئۇممۇ پالانچى! ئۆزەڭ خالىغان بىر كوچىنى تاللىغىن، مەن شۇ يەرگە بېرىپ سېنىڭ ئىشىڭنى قىلىپ بېرەي، ـ دېدى ۋە ئۇ ئايالنىڭ ئىشى تۈگىگىچە (ئۇ ئايال بىلەن) بىر كوچىدا ئايرىم كۆرۈشتى.

(مۇسلىم: 2326)

4350 - عَنْ جَرِيرٍ قَالَ سَأَلْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ نَظْرَةِ الْفَجْأَةِ فَقَالَ اصْرِفْ بَصَرَكَ.

4350 ـ جەرىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن (نامەھرەم ئايالغا) تاسادىپىي قاراپ

[1] ئەلبانى (2230): سەھىھ ـ دېگەن.

سىلىش توغرىسىدا سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ كۆزۈڭنى دەرھال باشقا ياققا بۇرىۋالغىن! ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2148)

4351 - عَنْ ابْنِ بُرَيْدَةَ عَنْ أَبِيهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِعَلِي يَا عَلِي لَا تُتْبِعْ النظْرَةَ النظْرَةَ فَإِن لَكَ الْأُولَى وَلَيْسَتْ لَكَ الْآخِرَةُ.

4351 ـ ئىبنى بۇرەيدە دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا: «ئى ئەلى! (نامەھرەم ئايالغا تاسادىپىي) قاراپ قالغان بولساڭ (دەرھال يۈزۈڭنى باشقا تەرەپكە بۇرىغىن)، قايتا ـ قايتىلاپ قارىمىغىن. چۈنكى بىرىنچى قېتىمقى (تاسادىپىي قاراش) سېنىڭ ھەققىڭ (يەنى گۇناھ يېزىلمايدۇ)، ئەمما ئىككىنچى قېتىم قاراش ھەققىڭ ئەمەس (يەنى بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا گۇناھ يېزىلىدۇ)» دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2149)

4352 - عَنْ أَنَسٍ أَن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَى فَاطِمَةَ بِعَبْدٍ كَانَ قَدْ وَهَبَهُ لَهَا قَالَ وَعَلَى فَاطِمَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا ثَوْبٌ إِذَا قَنعَتْ بِهِ رَأْسَهَا لَمْ يَبْلُغْ رِجْلَيْهَا وَإِذَا غَطتْ بِهِ رِجْلَيْهَا لَمْ يَبْلُغْ رَأْسَهَا فَلَما رَأَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَا تَلْقَى قَالَ إِنهُ لَيْسَ عَلَيْكِ بَأْسٌ إِنمَا هُوَ أَبُوكِ وَغُلَامُكِ.

4352 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ئاتىغان قۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۈستىدە بېشىنى ياپسا، پۇتى ئوچۇق قالىدىغان، پۇتىنى ياپسا، بېشى ئوچۇق قالىدىغان بىر كىيىم بار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ

[1] ئەلبانى (1880): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1881): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئەلەيھى ۋەسەللەم قىزنىڭ (يۈگىنىپ بولالماي) قىينىلىۋاتقىنىنى كۆرۈپ: «ھېچنىمە بولمايدۇ، چۈنكى بىرىمىز داداڭ، يەنە بىرىمىز قۇلۇڭ (بولىمىز)» دېدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 4106)

4353 - عَنْ أُم سَلَمَةَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهَا قالت: دَخَلَ عَلَي النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَعِنْدِي مُخَنثٌ فَسَمِعْتُهُ يَقُولُ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أُميةَ يَا عَبْدَ اللهِ أَرَأَيْتَ إِنْ فَتَحَ اللَّهُ عَلَيْكُمْ الطائِفَ غَدًا فَعَلَيْكَ بِابْنَةِ غَيْلَانَ فَإِنهَا تُقْبِلُ بِأَرْبَعٍ وَتُدْبِرُ بِثَمَانٍ وَقَالَ النبِي صَلى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا يَدْخُلَن هَؤُلَاءِ عَلَيْكُن قَالَ ابْنُ عُيَيْنَةَ وَقَالَ ابْنُ جُرَيْجٍ الْمُخَنثُ هِيتٌ.

4353 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: ھۇجرامدا بىر ھەزىلەك ئولتۇراتتى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييەگە:

ــ ئى ئابدۇللاھ! الله ئەته سىلەرگە تائىف شەھىرىنى فەتھى قىلىشنى نېسىپ قىلسا، غەيلاننىڭ قىزىنى قولدىن چىقارماسلىقىڭنى تەۋسىيە قىلىمەن. چۈنكى ئۇ قىزنىڭ بېلى ئالدىدىن (سېمىزلىكتىن) تۆت قات، كەينىدىن سەككىز قات كۆرۈنىدۇ، ـ دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئادەملەرنى يېنىڭلارغا يولاتماڭلار! ـ دېدى.

ئىبنى ئۇيەينە بىلەن ئىبنى جۇرەيج ئىككىسى بۇ ئادەمنىڭ (پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەدىنىدىن چىقىرىۋەتكەن) ھىت (دېگەن كىشى) ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرگەن.

(بۇخارى: 4324)

[①] ئەلبانى (4360): سەھىھ ـ دېگەن.

4354 - عَنْ عَائِشَةَ بِهَذَا الْحَدِيثِ زَادَ وَأَخْرَجَهُ فَكَانَ بِالْبَيْدَاءِ فَقِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ إِنَّهُ إِذَنْ يَمُوتُ مِنْ الْجُوعِ فَأَذِنَ لَهُ أَنْ يَدْخُلَ فِي كُلِّ جُمْعَةٍ مَرَّتَيْنِ فَيَسْأَلُ ثُمَّ يَرْجِعُ.

4354 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى مەدىنىدىن بەيدا دېگەن جايغا پالىۋەتكەن ئىدى، كىشىلەر:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنداق قىلساق، ئۇ بەيدادا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ھەر ھەپتىدە ئىككى قېتىم (مەدىنىگە) كىرىپ، تىلەمچىلىك قىلىشىغا رۇخسەت قىلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 4107)

4355 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ قَالَ لَعَنَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ الْمُخَنَّثِينَ مِنْ الرِّجَالِ وَالْمُتَرَجِّلَاتِ مِنْ النِّسَاءِ وَقَالَ أَخْرِجُوهُمْ مِنْ بُيُوتِكُمْ قَالَ فَأَخْرَجَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فُلَانًا وَأَخْرَجَ عُمَرُ فُلَانًا.

4355 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزىلەك ئەرلەرگە، ئەركەكلەشكەن ئاياللارغا لەنەت ئوقۇدى ۋە: «ئۇنداقلارنى ئۆيۈڭلاردىن قوغلاپ چىقىرىڭلار!» دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پالانى ھەزىلەكنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پۈستانى ھەزىلەكنى مەدىنىدىن چىقىرىۋەتتى.

(بۇخارى: 5886)

4356 - عن أُمِّ سَلَمَةَ أَنَّهَا كَانَتْ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَمَيْمُونَةَ قَالَتْ فَبَيْنَا نَحْنُ عِنْدَهُ أَقْبَلَ ابْنُ أُمِّ مَكْتُومٍ فَدَخَلَ عَلَيْهِ وَذَلِكَ بَعْدَ مَا أُمِرْنَا بِالْحِجَابِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ احْتَجِبَا مِنْهُ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ أَلَيْسَ هُوَ أَعْمَى لَا يُبْصِرُنَا وَلَا يَعْرِفُنَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أَفَعَمْيَاوَانِ أَنْتُمَا أَلَسْتُمَا تُبْصِرَانِهِ.

---

[1] ئەلبانى (3463): سەھىھ ـ دېگەن.

4356 ـ ئۇمـمـۇ سـەلـەمـە رەزىيـەللاھـۇ ئەنهـادىن مۇنـداق رىـۋايـەت قىلىنىدۇ: ھىجاب توغرۇلۇق ئايەت چۈشكەندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەيمۇنە رەزىيەللاھـۇ ئەنها ئىككىمىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا تۇراتتۇق، يېنىمىزغا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھـۇ ئەنهـۇ كىردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىمىزگە:

ـ ئۆزەڭلارنى دالدىغا ئېلىڭلار! ـ دېدى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇ قارىغۇ تۇرسا، بىزنى كۆرمەيدۇ ھەم تونۇمايدۇ ئەمەسمۇ؟! ـ دېسەم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ سىلەرمۇ قارىغۇمۇ؟! ئۇ سىلەرنى كۆرمىگەن بىلەن، سىلەر ئۇنى كۆرىسىلەر ئەمەسمۇ؟! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 2778)

4357 - عَنْ حَمْزَةَ بن أَبِي أُسَيْدٍ الْأَنصَارِي عَنْ أَبِيهِ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ وَهُوَ خَارِجٌ مِنْ الْمَسْجِدِ فَاخْتَلَطَ الرجَالُ مَعَ النسَاءِ فِي الطرِيقِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِلنسَاءِ اسْتَأْخِرْنَ فَإِنهُ لَيْسَ لَكُن أَنْ تَحْقُقْنَ الطرِيقَ عَلَيْكُن بِحَافَاتِ الطرِيقِ فَكَانَتْ الْمَرْأَةُ تَلْتَصِقُ بِالْجِدَارِ حَتى إِن ثَوْبَهَا لَيَتَعَلقُ بِالْجِدَارِ مِنْ لُصُوقِهَا بِهِ.

4357 ـ ھەمزە ئىبنى ئەبۇ ئۇسەيد ئەنسارى دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدتىن چىقىۋېتىپ يولدا ئەرلەرنىڭ ئاياللار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاياللارغا:

«سىلەر يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماڭماي، چەتتىرەك (تاملارنى ياقىلاپ) مېڭىڭلار!» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئاياللار تامنى ياقىلاپ

[1] ئەلبانى (526): زەئىپ، ـ دېگەن.

ماڭىدىغان بولدى، ھەتتا (تامغا بەك يېقىن ماڭغانلىقتىن بەزىلىرىنىڭ) كىيىمى تامغا ئىلىنىپمۇ قالاتتى①.

(ئەبۇ داۋۇد: 5272)

4358 - عَنْ أنسٍ، قَالَ: مَر رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي طَرِيقٍ، وَمَرتِ امْرَأةٌ سَوْدَاءُ، فَقَالَ لَهَا رَجُلٌ: الطريقَ فَقَالَتِ: الطريقَ، فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "دَعُوهَا فَإِنهَا جَبارَةٌ".

4358 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر يولدا كېتىۋاتاتتى، ئۇ يولدا بىر قارا تەنلىك ئايالمۇ كېتىۋاتاتتى. بىر كىشى ئۇ ئايالغا:

ـ يول بەرگىن (ياكى يولنى بوشاتقىن)! ـ دېگەندى، ئۇ ئايال:

ـ يولنى دەمسەن؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بولدى قىلىڭلار! ئۇ بىر ھازازۇل ئايال، ـ دېدى.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4360 - عَنْ أنسِ بْنِ مَالِكٍ، قَالَ: "لَما كَانَتْ صَبِيحَةُ احْتَلَمْتُ دَخَلت عَلَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، فَأَخْبَرتُهُ أني قَدِ احْتَلَمْتُ، فَقَالَ: لا تَدْخُلْ عَلَى النسَاءِ"، فَمَا أتَى عَلَي يَوْمٌ كَانَ أشَد مِنْهُ.

4360 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن (تۇنجى قېتىم) ئېھتىلام بولغان كۈنى سەھەردە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كىرىپ، ئۆزەمنىڭ ئېھتىلام بولغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇنىڭدىن كېيىن (يېنىدا مەھرىمى بولمىغان) ئاياللارنىڭ يېنىغا كىرمە! ــ دېدى. مېنىڭ بېشىمغا شۇ كۈندەك ئېغىر كۈن

① ئەلبانى (4392): ھەسەن، ـ دېگەن.

كېلىپ باقمىدى (يەنى ئاياللارنىڭ يېنىغا خالىغانچە كىرىپ كۆنۈپ قالغاچقا، بىردىنلا كىرمەسلىككە كۆنۈش بەك تەس كەلدى)[1].

(«ئەلئەۋسەت»؛ «ئەلسەغىر»: 259)

4361 - عَنْ عَمارٍ بْنِ يَاسِرٍ، عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "ثَلاثَةٌ لا يَدْخُلُونَ الْجَنةَ أَبَدًا: الديوثُ مِنَ الرجَالِ، وَالرجُلَةُ مِنَ النسَاءِ، وَمُدْمِنُ الْخَمْرِ" فَقَالُوا: يَا رَسُولَ اللهِ، أَما مُدْمِنُ الْخَمْرِ فَقَدْ عَرَفْنَاهُ، فَمَا الديوثُ مِنَ الرجَالِ؟ قَالَ: "الذِي لا يُبَالِي مَنْ دَخَلَ عَلَى أَهْلِهِ" قُلْنَا: فَالرجُلَةُ مِنَ النسَاءِ؟ قَالَ: "الَتِي تَشَبهُ بِالرجَالِ.

4361 ـ ئەممار ئىبنى ياسىردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مۇنداق ئۈچ كىشى مەڭگۈ جەننەتكە كىرمەيدۇ، ئۇلارنىڭ بىرى دۆيۈز (ئەر)؛ بىرى ئەركەكزەدەك (ئايال)؛ يەنە بىرى هاراقكەش، ـ دېدى. ساهابىلەر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! هاراقكەشنىڭ بىلىمىز، دۆيۈز دېگەن قانداق ئادەم؟ ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ دۆيۈز دېگەن، خوتۇن ـ قىزلىرىنىڭ يېنىغا كىمنىڭ كىرىپ ـ چىققىشى بىلەن كارى بولمايدىغان ئادەم، ـ دېدى. ساهابىلەر:

ـ ئەركەكزەدەك (ئايال) دېگەنچۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى:

ـ ئەرلەرگە ئوخشىۋالغان ئايال، ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(«ئەلكەبىر»)

4362 - عَنْ اْبنِ عَباسٍ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ نَرَ لِلْمُتَحَابيْنِ مِثْلَ النكَاحِ.

[1] ھەيسەمى (7719): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە زافىر ئىبنى سۇلايمان ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپرەك كىشى بار. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7722): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مەساتىير ئىسىملىك ھەدىسىنىڭ زەئىپ ئىكەنلىكىگە باھا بېرىلمىگەن بىرى بار، ـ دېگەن.

4362 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان (ئەر ـ ئايال)لار ئۈچۈن ئۆيلىنىشتىنمۇ ياخشى چارە يوق» دېگەن[1].

(ئىبنى ماجە: 1847)

[1] ئەلبانى (1497): سەھىھ ـ دېگەن.

# تالاق بۆلۈمى

## تالاقنى ئىپادىلەيدىغان كەلىمىلەر، نىكاھتىن كېيىن يېقىنچىلىق قىلماي تۇرۇپ تالاق قىلىش، نىكاھتىن بۇرۇن تالاق قىلىش ۋە ھەيزدار ھالەتتىكى ئايالنى تالاق قىلىش

4363 - عَنْ ٱبْنِ عَباسٍ إِذَا قَالَ أُنْتِ طَالِقٌ ثَلَاثًا بِفَمٍ وَاحِدٍ فَهِيَ وَاحِدَةٌ.

4363 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئەر كىشى ئايالىغا بىر قېتىمدا: ''سەن ئۈچ تالاق'' دېسىمۇ، ئۇ بىر تالاق ھېسابلىنىدۇ، ـ دېگەن.

(ئەبۇ داۋۇد: 2197)

4364 - ولرزين: أنه كان يقول إذا قال: أنت طالق أنت طالق أنت طالق فهـي واحدة إن أراد التوكيد لqولى, وكانت غير مدخول با.

4364 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: ئايالى بىلەن تېخى بىرگە بولماي تۇرۇپ (ئۈچ قېتىم): ''سەن تالاق'' دېگەن بولسا ۋە كېيىنكى ئىككى قېتىمقىدا بىرىنچى قېتىمقىنى تەكىتلەشنى مەقسەت قىلغان بولسا، بۇ پەقەت بىرلا تالاق ھېسابلىنىدۇ، ـ دېگەن.

4365 - عَنْ مُجَاهِدٍ قَالَ كُنتُ عِنْدَ ٱبْنِ عَباسٍ فَجَاءَهُ رَجُلٌ فَقَالَ إِنهُ طَلَقَ ٱمْرَأَتَـهُ ثَلَاثًا قَالَ فَسَكَتَ حَتى ظَنَنتُ أَنهُ رَادهَا إِلَيْهِ ثُم قَالَ يَنطَلِقُ أَحَدُكُمْ فَيَرْكَبُ الْحُمُوقَةَ ثُـم يَقُولُ يَا ٱبْنَ عَباسٍ يَا ٱبْنَ عَباسٍ وَإِن اللهَ قَالَ وَمَنْ يَتقِ اللهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجًا وَإِنكَ لَمْ تَتقِ اللهَ فَلَمْ أَجِدْ لَكَ مَخْرَجًا عَصَيْتَ رَبكَ وَبَانَتْ مِنْكَ ٱمْرَأَتُكَ وَإِن اللهَ قَالَ يَا أَيهَا النبِي إِذَا طَلقْتُمْ النسَاءَ فَطَلقُوهُن فِي قُبُلِ عِدتِهِن.

4365 ـ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. بىر كىشى كېلىپ، ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئىبنى ئابباس جىمىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ جىمىپ كەتكىنىگە قاراپ، ئۇنىڭ ئايالى بىلەن يېنىشىۋېلىشىغا پەتىۋا بېرىشى مۇمكىن دەپ ئويلىدىم. بىر ئازدىن كېيىن:

ـ سىلەر تەنتەكلىك بىلەن ئايالىڭلارنى تالاق قىلىۋېتىپ، ئاندىن يۈگۈرۈپ كېلىپ: ”ئىبنى ئابباس! ئىبنى ئابباس!“ دەيسىلەر. الله تائالا قۇرئاندا: ﴿كىمكى الله تىن قورقىدىكەن، الله ئۇنىڭغا چىقىش يولى ئاتا قىلىدۇ﴾[1] دېگەن. سەن بۇ ئىشتا الله تىن قورقمىدىڭ، شۇڭا مەن ساڭا چىقىش يولى تاپالمىدىم. رەببىڭگە ئاسىيلىق قىلدىڭ ۋە ئايالىڭ (سەندىن) تالاق بولۇپ كېتىپتۇ. ھالبۇكى، الله تائالا قۇرئان كەرىمدە: ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾[2] دېگەن، ـ دېدى[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2197)

4366 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن رَجُلًا قَالَ لِعَبْدِ اللهِ بْنِ عَباسٍ إِني طَلقْتُ امْرَأَتِي مِائَةَ تَطْلِيقَةٍ فَمَاذَا تَرَى عَلَي فَقَالَ لَهُ ابْنُ عَباسٍ طَلُقَتْ مِنْكَ لِثَلَاثٍ وَسَبْعٌ وَتِسْعُونَ اتخَذْتَ بِهَا آيَاتِ اللهِ هُزُوًا.

4366 ـ مالىكقا يېتىشىچە، بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا:

ـ مەن ئايالىمنى يۈز تالاق قىلىۋەتتىم، سېنىڭچە قانداق بولار؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

[1] سۈرە تەلاق، 2 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] سۈرە تەلاق، 1 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[3] ئەلبانى (1923): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ يۈزنىڭ ئۈچى بىلەن ئايالىڭ تالاق بولغان بولىدۇ. قالغان توقسان يەتتىسى بىلەن سەن اللەنىڭ ئايەتلىرىنى مەسخىرە قىلغان بولىسەن، ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4367 - عن مَحْمُودَ بْنَ لَبِيدٍ قَالَ أُخْبِرَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ رَجُلٍ طَلقَ امْرَأَتَهُ ثَلَاثَ تَطْلِيقَاتٍ جَمِيعًا فَقَامَ غَضْبَانًا ثُم قَالَ أَيُلْعَبُ بِكِتَابِ اللهِ وَأَنَا بَيْنَ أَظْهُرِكُمْ حَتى قَامَ رَجُلٌ وَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَلَا أَقْتُلُهُ.

4367 ـ مەھمۇد ئىبنى لەبىد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر كىشىنىڭ ئايالىنى بىراقلا ئۈچ تالاق قىلغانلىقى ئېيتىلغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاچچىقلانغان پېتى ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ:

ـ مەن تېخى ئاراڭلاردا (ھايات) تۇرۇپ كىشىلەر اللەنىڭ كىتابى بىلەن ئويناشسا بولامدۇ؟! ـ دېدى. بىرەيلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بېرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرىۋېتەيمۇ؟ ـ دېدى[①].

(نەسائى: 3401)

4368 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ يَزِيدَ بْنِ رُكَانَةَ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ أَتَيْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني طَلقْتُ امْرَأَتِي الْبَتةَ فَقَالَ مَا أَرَدْتَ بِهَا قُلْتُ وَاحِدَةً قَالَ وَاللهِ قُلْتُ وَاللهِ قَالَ فَهُوَ مَا أَرَدْتَ.

4368ـ ئابدۇللاھ ئىبنى يەزىد ئىبنى رۇكانە دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئايالىمغا: ''سەن پۈتۈنلەي تالاق'' دېدىم، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ بۇنىڭدىن نېمىنى مەقسەت قىلغانىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

① ئەلبانى (221): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ بىر تالاقنى مەقسەت قىلغانىدىم، ـ دېدىم.

ــ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلالامسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ــ ھەئە، اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلالايمەن، ـ دېسەم:

ــ ئۇنداقتا، ئۇ سېنىڭ مەقسەت قىلغىنىڭ بويىچە بىر تالاق (بولغان) بولىدۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1177)

4369 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَنَّهُ كُتِبَ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ مِنْ الْعِرَاقِ أَن رَجُلًا قَالَ لِامْرَأَتِهِ حَبْلُكِ عَلَى غَارِبِكِ فَكَتَبَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ إِلَى عَامِلِهِ أَنْ مُرْهُ يُوَافِينِي بِمَكَّةَ فِي الْمَوْسِمِ فَبَيْنَمَا عُمَرُ يَطُوفُ بِالْبَيْتِ إِذْ لَقِيَهُ الرَّجُلُ فَسَلَّمَ عَلَيْهِ فَقَالَ عُمَرُ مَنْ أَنْتَ فَقَالَ أَنَا الَّذِي أَمَرْتَ أَنْ أُجْلَبَ عَلَيْكَ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ أَسْأَلُكَ بِرَبِّ هَذِهِ الْبَنِيَّةِ مَا أَرَدْتَ بِقَوْلِكَ حَبْلُكِ عَلَى غَارِبِكِ فَقَالَ لَهُ الرَّجُلُ لَوْ اسْتَحْلَفْتَنِي فِي غَيْرِ هَذَا الْمَكَانِ مَا صَدَقْتُكَ أَرَدْتُ بِذَلِكَ الْفِرَاقَ فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ هُوَ مَا أَرَدْتَ.

4369 ـ مالىكقا يېتىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ئىراقتىن بىر مەكتۇب ئەۋەتىلگەن بولۇپ، مەكتۇبتا بىر كىشىنىڭ ئايالىغا: "ئارغامچاڭ ئۆزەڭنىڭ قولىدا" دېگەنلىكى يېزىلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىراقتىكى ۋالىسىغا: "ھەج مەۋسۇمىدە ئۇنىڭ مەككىگە كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈشىنى ئېيتقىن!" دەپ جاۋاب يازدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ كەئبىنى تاۋاپ قىلىۋاتقاندا، ئۇ كىشى كېلىپ، سالام بەردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى سورىغاندى، ئۇ ئادەم ئۆزىنى تونۇشتۇردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا:

ــ مەن سەندىن بۇ بىنانىڭ (يەنى كەئبىنىڭ) ئىگىسى بولغان اللەنىڭ نامى بىلەن سورايكى، "ئارغامچاڭ ئۆزەڭنىڭ قولىدا" دېگەن سۆزۈڭدىن نېمىنى مەقسەت قىلغانىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

[1] ئەلبانى (204): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ سەن بۇ جايدىن باشقا يەردە قەسەم قىلىشىمنى تەلەپ قىلغان بولساڭ، بۇ ھەقتە ساڭا راست ئېيتمىغان بولاتتىم. مەن ئۇ سۆزۈمدىن ئايالىمنى قويۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلغانىدىم، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنداقتا، مەقسىتىڭ بويىچە ئايالىڭ تالاق بوپتۇ، ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4370 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ فِي الْخَلِيةِ وَالْبَرِيةِ إِنهَا ثَلَاثُ تَطْلِيقَاتٍ كُلُّ وَاحِدَةٍ مِنْهُمَا.

4370 ـ نافىئ مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئەرنىڭ ئايالىغا ئېيتقان: "سەن ماڭا باغلاقلىق ئەمەس، بوش"، "سېنىڭ مەن بىلەن ھېچ ئالاقەڭ يوق" دېگەندەك سۆزلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۈچ تالاق ھېسابلىنىدۇ، ـ دەيتتى.

(مالىك: 1174)

4371 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ كَانَ يَقُولُ فِي الرجُلِ يَقُولُ لِامْرَأَتِهِ أَنتِ عَلَي حَرَامٌ إِنهَا ثَلَاثُ تَطْلِيقَاتٍ.

4371 ـ مالىكقا يېتىشىچە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ئايالىغا: "سەن ماڭا ھارام" دېگەن ئادەمنىڭ سۆزى ئۈچ تالاق ھېسابلىنىدۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4372 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قال: إِذَا حَرمَ امْرَأَتَهُ لَيْسَ بِشَيْءٍ وَقَالَ لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِي رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ.

4372 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بىر كىشىنىڭ ئايالىنى ئۆزىگە ھارام قىلىۋېلىشىنىڭ ھېچبىر ھۆكمى يوق، ـ دېدى، ئاندىن: سىلەرگە ــ اللهنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە اللهنى

كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە ـ رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇرŸ[1] دېگەن ئايەتنى ئوقۇدى.

(بۇخارى: 5266)

4373 - ٱبنَ عَباسٍ قَالَ إِذَا حَرمَ الرجُلُ عَلَيْهِ ٱمْرَأتُهُ فَهِىَ يَمِينٌ يُكَفرُهَا وَقَالَ (لَقَدْ كَانَ لَكُمْ فِى رَسُولِ اللهِ أُسْوَةٌ حَسَنَةٌ).

4373 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: بىر كىشى ئايالىنى ئۆزىگە ھارام قىلسا، ئۇ قەسەم ھېسابلىنىدۇ. بۇنداق قەسەمگە كەففارەت بېرىش كېرەك، رەسۇلۇللاھ سىلەرگە ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر، ـ دەيتتى.

(مۇسلىم: 1473)

4374 - عَنْ ٱبنِ عَباسٍ قَالَ أَتَاهُ رَجُلٌ فَقَالَ إِني جَعَلْتُ ٱمْرَأتِي عَلَي حَرَامًا قَـالَ كَذَبْتَ لَيْسَتْ عَلَيْكَ بِحَرَامٍ ثُم تَلَا هَذِهِ الْآيَةَ يَا أَيهَا النبِي لِمَ تُحَرمُ مَا أَحَل اللهُ لَكَ عَلَيْكَ أَغْلَظُ الْكَفارَةِ عِتْقُ رَقَبَةٍ.

4374 ـ بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ مەن ئايالىمنى ئۆزەمگە ھارام قىلىۋەتتىم، ـ دېگەنىدى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـــ خاتالاشتىڭ، ئۇ ساڭا ھارام بولمايدۇ، ـ دېدى. ئاندىن: ﴿ئى پەيغەمبەر! نېمە ئۈچۈن الله ساڭا ھالال قىلغان نەرسىنى ئاياللىرىڭنىڭ رازىلىقىنى تىلەش يۈزىسىدىن ھارام قىلىسەن، الله ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر﴾[2] دېگەن ئايەتنى ئوقۇپ:

[1] سۈرە ئەھزاب، 21 ـ ئايەت.

[2] سۈرە تەھرىم، 1 ـ ئايەت.

ـ سېنىڭ بۇ قەسەمدىن چىقىشىڭ ئۈچۈن قۇل ئازاد قىلىشتىن ئىبارەت ئەڭ ئېغىر كەففارەتنى ئورۇنلىشىڭ كېرەك، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3420)

4375 - عَنْ مَالِك أنُه بَلَغَه أن رَجُلًا جَاءَ إلى عَبْدِ اللهِ بنِ عُمَرَ فَقَالَ يا أبا عَبْدِ الرحْمَنِ إني جَعَلْتُ أمْرَ امْرَأتِي فِي يَدِهَا فَطَلقَتْ نَفْسَهَا فَمَاذَا تَرَى فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ أُرَاهُ كَمَا قَالَتْ فَقَالَ الرجُلُ لَا تَفْعَلْ يا أبا عَبْدِ الرحْمَنِ فَقَالَ ابْنُ عُمَرَ أنا أفْعَلُ أنتَ فَعَلْتَهُ.

4375 ـ مالىكقا يېتىشىچە، بىر كىشى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـــ ئى ئەبۇ ئابدۇراھمان! مەن ئايالىمغا (ئۆزىنى) تالاق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن ئىدىم، ئايالىم ئۆزىنى تالاق قىلىۋەتتى، بۇنىڭغا قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ تالاق قىلغان بولسا، تالاق بولىدۇ ، ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ـ ھەي ئەبۇ ئابدۇراھمان! ئۇنداق قىلمىغىن! ـ دېگەنىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر:

ـ مەن قىلدىممۇ؟ ئۆزەڭ (شۇنداق) قىلىپسەنغۇ؟! ـ دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4376 - عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ إذَا مَلكَ الرجُلُ امْرَأتُه أمْرَهَا فَالْقَضَاءُ مَا قَضَتْ بِهِ إلا أنْ يُنكِرَ عَلَيْهَا وَيقُولُ لَمْ أُرِدْ إلا وَاحِدَةً فَيَحْلِفُ عَلَى ذَلِكَ وَيَكُونُ أمْلَكَ بِهَا مَا كَانَتْ فِي عِدتِهَا.

4376 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيتتى: ئەر كىشى ئايالىغا ئۆزىنى تالاق قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن بولسا، (تالاق ھەققىدىكى) ئىشلار ئايالىنىڭ دېگىنىدەك بولىدۇ. ئەمما ئېرى ئايالىنىڭ قىلغان

---

[1] ئەلبانى (223): سەنەدى زەئىپ، ـ دېگەن.

تالىقىغا نارازىلىق بىلدۈرۈپ: ”مەن پەقەت بىر تالاق قىلىش هوقۇقىنى بېرىشنىلا مەقسەت قىلغان“ دېسە ۋە بۇ سۆزىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن قەسەم قىلالىسا، ئايالى ئىددەت ئىچىدىلا بولسا، ئۇنى (نىكاھسىزلا) قايتۇرىۋېلىش هوقۇقىغا ئىگە.

(مالىك: 1178)

4377 - عن حَمادُ بْنُ زَيْدٍ قَالَ قُلْتُ لِأَيوبَ هَلْ عَلِمْتَ أَن أَحَدًا قَالَ فِي أَمْرُكِ بِيَدِكِ إِنهَا ثَلَاثٌ إِلا الْحَسَنَ فَقَالَ لَا إِلا الْحَسَنَ ثُم قَالَ اللهُم غَفْرًا إِلا مَا حَدثَنِي قَتَادَةُ عَنْ كَثِيرٍ مَوْلَى بَنِي سَمُرَةَ عَنْ أَبِي سَلَمَةَ عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ثَلَاثٌ قَالَ أَيوبُ فَلَقِيتُ كَثِيرًا مَوْلَى بَنِي سَمُرَةَ فَسَأَلْتُهُ فَلَمْ يَعْرِفْهُ فَرَجَعْتُ إِلَى قَتَادَةَ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ نَسِيَ.

4377 ـ هەمماد ئىبنى زەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەييۇبتىن:

ـ سەن هەسەندىن باشقا بىرەرسىنىڭ: ”ئىختىيار ئۆزەڭدە“ دېيىش ئۈچ تالاق هېسابلىنىدۇ دېگەنلىكىنى بىلەمسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ ياق، پەقەت هەسەننىڭلا شۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلىمەن، ـ دېدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي:

ـ ئەستەغفىرۇللاھ![1] مەن قەتادەنىڭ بەنى سەمۇرە جەمەتىنىڭ قۇلى كەسىردىن، كەسىرنىڭ ئەبۇ سەلەمەدىن، ئەبۇ سەلەمەنىڭ ئەبۇ هۇرەيرەدىن پەيغەمبەر سەللەللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «بۇ سۆز ئۈچ تالاق هېسابلىنىدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ـ دېدى. ئاندىن:

ــ ئەمما كېيىن كەسىر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭدىن بۇ هەدىس توغرۇلۇق سورىسام، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق هەدىسنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، قەتادەنىڭ يېنىغا بېرىپ، كەسىرنىڭ بۇنداق هەدىسنى بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتسام، قەتادە:

[1] ئى الله! مېنى كەچۈرگىن.

ـ كەسىر ئۇنتۇپ قاپتۇ، ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1178)

4378 - عَنْ مَسْرُوقٍ قَالَ سَأَلْتُ عَائِشَةَ عَنْ الْخِيَرَةِ فَقَالَتْ خَيَّرَنَا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَفَكَانَ طَلَاقًا قَالَ مَسْرُوقٌ لَا أُبَالِي أَخَيَّرْتُهَا وَاحِدَةً أَوْ مِائَةً بَعْدَ أَنْ تَخْتَارَنِي.

4378 ـ مەسرۇق مۇنداق دەيدۇ: مەن ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن ئايالىنى (ئۆي تۇتۇش ياكى تۇتماسلىقتا) ئىختىيارىغا قويۇشنىڭ ھۆكمى توغرىسىدا سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۆز ئىختىيارىمىزغا قويغانىدى. بۇ تالاق ھېسابلانغانمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ ئايالىم مېنى تاللىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا بىرلگەن تاللاش ھوقۇقى بىر ياكى يۈز تالاق ھېسابلانسىمۇ، بەرىبىر ئەمەسمۇ؟ ـ دېدىم.

(بۇخارى: 5264)

4379 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: "إِذَا قَالَ: الرجُلُ لامْرَأَتِهِ: أَمْرُكِ بِيَدِكِ، أَوِ اسْتَفْلِحِي بِأَمْرِكِ، أَوْ وَهَبَهَا لأَهْلِهَا فَقَبِلُوهَا، فَهِيَ وَاحِدَةٌ بَائِنَةٌ".

4379 ـ ئابدۇللاھ (ئىبنى مەسئۇد) رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئەر كىشى ئايالىغا: "ئىختىيار ئۆزەڭدە" ياكى "خالىغىنىڭنى قىل" دېسە ۋەياكى ئايالىنى ئائىلىسىگە ئاپىرىپ بەرسە، ئائىلىسىمۇ ئۇنى قوبۇل قىلسا، بۇ، قايتا نىكاھ قىلماي تۇرۇپ يېنىشىشقا بولمايدىغان تەرىقىدىكى تالاق ھېسابلىنىدۇ[2].

(«ئەلكەبىر»: 9627)

4380 - عَنِ ابْنِ مَسْعُودٍ، قَالَ: "إِن كَانَ نَوَى طَلاقًا، وَإِلا فَهِيَ يَمِينٌ يَمِينٌ".

---

[1] ئەلبانى (205): زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ھەيسەمى (7774): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

4380 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئايالىنى ئۆزىگە هارام قىلغان كىشى ”سەن ماڭا هارام“ دېگەن سۆزدىن تالاق قىلىشنى نىيەت قىلغان بولسا، تالاق هېسابلىنىدۇ. (ئۇنداق) بولمىسا، ئۇ قەسەم هېسابلىنىدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 2/2963)

4381 - قَالَ ابْنُ عَبَاسٍ كَانَ الرجُلُ إِذَا طَلقَ امْرَأَتَه ثَلَاثًا قَبْلَ أَنْ يَدْخُلَ بِهَا جَعَلُوهَا وَاحِدَةً عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَبِي بَكْرٍ وَصَدْرًا مِنْ إِمَارَةِ عُمَرَ فَلما رَأَى الناسَ قَدْ تَتَابَعُوا فِيهَا قَالَ أَجِيزُوهُن عَلَيْهِمْ.

4381 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم بىلەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرلىرىدە ۋە ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە، ئەر كىشى تېخى بىرگە بولمىغان ئايالىنى بىراقلا ئۈچ تالاق قىلىۋەتسە، بۇ، بىر تالاق هېسابلىناتتى. كېيىن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ خەلقنىڭ هە دېسىلا شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بىرلا ۋاقىتتا قىلىنغان بۇ (ئۈچ) تالاقنىمۇ ئۈچ تالاق هېسابلاڭلار! ـ دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2199)

4382 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ إِيَاسِ بْنِ الْبُكَيْرِ أَنهُ قَالَ طَلقَ رَجُلٌ امْرَأَتَه ثَلَاثًا قَبْلَ أَنْ يَدْخُلَ بِهَا ثُم بَدَا لَهُ أَنْ يَنْكِحَهَا فَجَاءَ يَسْتَفْتِي فَذَهَبْتُ مَعَهُ أَسْأَلُ لَهُ فَسَأَلَ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَباسٍ وَأَبَا هُرَيْرَةَ عَنْ ذَلِكَ فَقَالَا لَا نَرَى أَنْ تَنْكِحَهَا حَتى تَنْكِحَ زَوْجًا غَيْرَكَ.

4382 ـ مۇھەممەد ئىبنى ئىياس ئىبنى بۇكەير مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى تېخى بىرگە بولمىغان ئايالىنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپ،

[1] هەيسەمى (7778): بۇ هەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە مۇجاهىد ئىسىملىك بىرى بار، ئۇ ئىبنى مەسئۇدقا ناتونۇش. قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (477): زەئىپ، ـ دېگەن.

ئارقىدىنلا ئۇنىڭ بىلەن يارىشىۋالماقچى بولۇپ پەتىۋا سورىغىلى كەلدى. ئىككىمىز بىللە ئىبنى ئابباس بىلەن ئەبۇ ھۇرەيرەدىن پەتىۋا سورىدۇق، ئىككىلىسى:

ــ ئۇ ئايال باشقا بىر ئەرگە ياتلىق بولمىغىچە، ساڭا ھالال بولمايدۇ، ـ دېدى.

(مالىك: 1204)

4383 ـ عن ابن عباس وأŸ هريرة وابن عمرو بن العا ٱ قالوا: الواحدة تُبِيُنـها، والثلاثة تُحرمها إلا بعد زوج، ولا عدة عليها في واحدة ولا ثلاث، لقوله تعالى: ﴿يَا أَيهَا الذينَ آمَنُوا إذَا نَكحْتُم ا‌ُ‌ۡؤۡمِنات ثُم طَلقْتُمُوهُن مِن قَبْلِ أنْ تَمَسوهُن: فَمَا لَكُم عَلَيهن مِنْ عِدةٍ تَعْتَدوا‌ۡ‌ﮭ﴾ ولها ا‌ُ‌ۡتعَةُ ، وذلك نصفُ ما سَمى لها، وإن كان B يُسَم لها شيئا، فلـها مُتْعَةُ، وهي غير لازمة.

4383 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە مۇنداق دەپ كەلگەن: ئىبنى ئابباس، ئەبۇ ھۇرەيرە ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاس قاتارلىق ساھابىلەر ئېرى تېخى يېقىن كەلمەي تۇرۇپ تالاق قىلىۋەتكەن ئايال ھەققىدە مۇنداق دېگەن: بىر تالاق قىلغان بولسا، قايتا نىكاھ قىلمىسا يېنىشىشقا بولمايدىغان تالاق بولىدۇ. ئۈچ تالاق قىلغان بولسا، باشقا بىر ئەرگە تەگمىگىچە، ئۇ كىشىگە ھالال بولمايدىغان تالاق بولىدۇ، ئۇ ئايالنىڭ ھەر ئىككىلى ھالەتتە ئىددەت تۇتۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى اللە تائالا قۇرئاندا: ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۆمىن ئاياللارنى ئالساڭلار، ئاندىن ئۇلارغا يېقىنچىلىق قىلىشتىن بۇرۇن ئۇلارنى قويۇۋەتسەڭلار، بۇ چاغدا ئۇلار سىلەر ئۈچۈن ئىددەت تۇتماسلىقى كېرەك﴾[1] دېگەن. ئۇ ئايالغا تويدىن بۇرۇن بەلگىلەنگەن مەھرى ھەققىنىڭ يېرىمىنى بېرىشى كېرەك. ئەگەر (تويدىن بۇرۇن) مەھرى ھەققى بەلگىلەنمىگەن بولسا، ئۇ ئايالغا ئاز ـ تولا بىر نەرسە بەرسە بولىدۇ، ئەمما بېرىش ۋاجىپ ئەمەس.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

---

[1] سۈرە ئەھزاب، 49 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

4384 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ وَعَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ وَعَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ وَسَالِمَ بْنَ عَبْدِ اللهِ وَالْقَاسِمَ بْنَ مُحَمدٍ وَابْنَ شِهَابٍ وَسُلَيْمَانَ بْنَ يَسَارٍ كَانُوا يَقُولُونَ إِذَا حَلَفَ الرجُلُ بِطَلَاقِ الْمَرْأَةِ قَبْلَ أَنْ يَنْكِحَهَا ثُم أَثِمَ إِن ذَلِكَ لَازِمٌ لَهُ إِذَا نَكَحَهَا.

4384 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، سالىم ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد، ئىبنى شىهاب ۋە سۇلايمان ئىبنى يەسار قاتارلىق ئالىملار: ئەر كىشى نىكاھىغا ئالماقچى بولغان ئايالنى (تېخى ئۆيلەنمەي تۇرۇپ) تالاق قىلىۋېتىدىغانلىقىغا قەسەم ئىچىپ، كېيىن بۇ قەسىمىگە خىلاپلىق قىلغان بولسا، (ئۆيلەنگەندىن كېيىن) ئۇ ئايالنى تالاق قىلىشى لازىم، ـ دەپ قارىغان.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4385 - عَنْ مَالِك أَنَّهُ بَلَغَهُ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ كَانَ يَقُولُ فِيمَنْ قَالَ كُلُّ امْرَأَةٍ أَنْكِحُهَا فَهِيَ طَالِقٌ إِنَّهُ إِذَا لَمْ يُسَم قَبِيلَةً أَوْ امْرَأَةً بِعَيْنِهَا فَلَا شَيْءَ عَلَيْهِ.

4385 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنهۇما "مەن ئالىدىغان ھەرقانداق خوتۇن تالاق" دېگەن كىشى ھەققىدە: ئۇ مۇئەييەن بىر قەبىلە ياكى بىر ئايالنىڭ ئىسمىنى ئاتىمىسىلا، ھېچنېمە بولمايدۇ، ـ دېگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4386 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا نَذْرَ لِابْنِ آدَمَ فِيمَا لَا يَمْلِكُ وَلَا عِتْقَ لَهُ فِيمَا لَا يَمْلِكُ وَلَا طَلَاقَ لَهُ فِيمَا لَا يَمْلِكُ.

4386 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئىنسان ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىنى ئاتاپ نەزىر قىلالمايدۇ، ئۆز ئىلكىدە بولمىغان قۇلنى ئازاد قىلالمايدۇ ۋە نىكاھىدا بولمىغان ئايالنى تالاق قىلالمايدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1181)

4387 - قَالَ ٱبْنُ عَباسٍ جَعَلَ اللهُ الطلَاقَ بَعْدَ النكَاحِ.

4387 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: ئۇلۇغ الله تالاقنى نىكاھتىن كېيىن قىلغان (يەنى بىر ئايالنى نىكاھىغا ئالماي تۇرۇپ، تالاق قىلغىلى بولمايدۇ).

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4388 - عَنْ سَالِمٌ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَخْبَرَهُ أَنهُ طَلَقَ ٱمْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِRٌ فَذَكَرَ عُمَرُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَتَغَيSَ فِيهِ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثُم قَالَ لِيُرَاجِعْهَا ثُم يُمْسِكْهَا حَتى تَطْهُرَ ثُم تَحِيRَ فَتطْهُرَ فَإِنْ بَدَا لَهُ أَنْ يُطَلقَهَا فَلْيُطَلقْهَا طَاهِرًا قَبْلَ أَنْ يَمَسهَا فَتِلْكَ الْعِدةُ كَمَا أَمَرَ اللهُ عَز وَجَل.

4388 ـ سالىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: (دادام) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايالىنى ھەيزدار ھالەتتە تالاق قىلىۋەتكەنىكەن، (بوۋام) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزۈپتۇ. بۇنى ئاڭلاپ دەرغەزەپ بولغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇنىڭغا ئېيتىپ قوي! ئايالى بىلەن يېنىشىۋالسۇن، ئاندىن ئايالىنى (ھەيزدىن) پاك بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر ھەيز كۆرۈپ پاك بولغۇچە تۇتۇپ تۇرسۇن. ئاندىن كېيىن تالاق قىلماقچى بولسا، ھەيزدىن

[1] ئەلبانى (942): سەھىھ ـ دېگەن.

پاك ھالەتتە ۋە جىما قىلماي تۇرۇپ تالاق قىلسۇن. مانا بۇ، الله بۇيرىغان ئىددەتكە لايىق[1] تالاق قىلىشتۇر» دەپتۇ.

(بۇخارى: 4908)

4389 – وفي رواية: وَكَانَ عَبْدُ اللهِ طَلقَهَا تَطْلِيقَةً وَاحِدَةً فَحُسِبَتْ مِنْ طَلَاقِهَا وَرَاجَعَهَا عَبْدُ اللهِ كَمَا أَمَرَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

4389 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايالىنى (ھەيزدار ھالىتىدە) بىر تالاق قىلىۋەتكەن ئىدى، بۇ تالاقمۇ تالاق ھېسابلاندى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئايالى بىلەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇيرىغان شەكىلدە يېنىشىۋالدى.

(مۇسلىم: 1471)

4390 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَنهُ طَلقَ امْرَأَتَهُ وَهِيَ حَائِضٌ فَذَكَرَ ذَلِكَ عُمَرُ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مُرْهُ فَلْيُرَاجِعْهَا ثُم لِيُطَلقْهَا طَاهِرًا أَوْ حَامِلًا.

4390 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئايالىمنى ھەيزدار ھالەتتە تالاق قىلىۋەتكەن ئىدىم، (دادام) ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ ئىشنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەزرىتى ئۆمەرگە مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويغىن، ئايالى بىلەن يېنىشىۋالسۇن. ئەگەر راستىنلا تالاق قىلماقچى بولسا، ئۇ ئايال (ھەيزدىن) پاك بولغاندا ياكى ھامىلدار ھالەتتە تالاق قىلسۇن».

(مۇسلىم:1471)

4391 – ومن رواياته: وَكَانَ عَبْدُ اللهِ إِذَا سُئِلَ عَنْ ذَلِكَ قَالَ لِأَحَدِهِمْ أَما أَنْتَ طَلقْتَ امْرَأَتَكَ مَرةً أَوْ مَرتَيْنِ فَإِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَنِي بِهَا فَإِنْ كُنْتَ

---

[1] بۇنىڭدىن الله تائالانىڭ: ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئۈممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾ دېگەن بۇيرۇقى مەقسەت قىلىنغان.

طَلَقْتَهَا ثَلَاثًا فَقَدْ حَرُمَتْ عَلَيْكَ حَتى تَنْكِحَ زَوْجًا غَيْرَكَ وَعَصَيْتَ اللهَ تَعَالَى فِيمَا أَمَرَكَ مِنْ طَلَاقِ امْرَأَتِكَ.

4391 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بۇ مەسىلە ھەققىدە سوئال سورىغانلارغا:

ــ ئايالىڭنى بىر ياكى ئىككى تالاق قىلغان بولساڭ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى (بۇنداق ھالەتتە) يېنىشىشقا بۇيرىغان (سەنمۇ شۇنداق قىلغىن). ئەگەر ئايالىڭنى ئۈچ تالاق قىلىۋەتكەن بولساڭ، ئۇ ئايال تاكى باشقا بىر ئەرگە تېگىپ، ئۇنىڭدىن (بىرەر سەۋەبتىن كېلىشەلمەي) ئاجراشقانغا قەدەر ساڭا ھارام بولىدۇ. شۇنداقلا، سەن (بىراقلا ئۈچ تالاق قىلىش ئارقىلىق) الله تائالانىڭ ئايالىڭنى قانداق تالاق قىلىش ھەققىدىكى تەلىماتىغا خىلاپلىق قىلغان بولىسەن، ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى.

(ئەھمەد: 6025)

4392 - عن أبي الزبير أنه سمع عبد الرحمن بن أيمن يسأل ابن عمر وأبو الزبير يسمع فقال ابن عمر قرأ النبي صلى الله عليه وسلم يا أيها النبي إذا طلقتم النساء فطلقوهن في قبل عدتهن.

4392 ـ ئەبۇ زۇبەيردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى ئەيمەننىڭ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن (تالاق توغرۇلۇق) سوئال سورىغانلىقىنى ۋە ئۇنىڭ مۇنداق جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ھەقتە (بىزگە چۈشەندۈرۈپ): ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئۇممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار﴾ دېگەن ئايەتنى ئوقۇغانىدى.

(ئەھمەد: 5247)

4393 - عن يُونُسَ بْنَ جُبْيرٍ قال قلت لابن عمر إذا طلق الرجل امرأتـه وهـي حائŘ أتعتد بتلك التطليقةÝ فقال فمه أو إن عجز واستحمقÝ

4393 ـ يۇنـۇس ئـبـنـى جـۇبەير مۇنـداق دەيـدۇ: مەن ئـبـنـى ئـۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ــ بىر كىشى ئايالىنى ھەيزدار ھالىتىدە تالاق قىلىۋەتسە، بۇ تـالاق ئىناۋەتلىكمۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ــ نېمىشقا ئىناۋەتلىك بولمىسۇن؟! (سۇننەتكە لايىق) تـالاق قىلىشتىن ئاجىز كېلىپ ۋە ھاماقەتلىك قىلىپ، (ھەيزدار) ئايالىنى تالاق قىلسا، بۇ ئىناۋەتلىك بولمامدىكەن؟! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1471)

## ئايالىنى تالاق قىلىشقا زورلانغان كىشىنىڭ، ساراڭ، مەست ۋە قۇل قاتارلىقلارنىڭ قىلغان تالىقى

4394 - عَنْ ثَابِتٍ بْنِ الْأَحْنَفِ أَنَّهُ تَزَوَّجَ أُمَّ وَلَدٍ لِعَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ زَيْدِ بْنِ الْخَطَّابِ قَالَ فَدَعَانِي عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ زَيْدِ بْنِ الْخَطَّابِ فَجِئْتُهُ فَدَخَلْتُ عَلَيْهِ فَإِذَا سِيَاطٌ مَوْضُوعَةٌ وَإِذَا قَيْدَانِ مِنْ حَدِيدٍ وَعَبْدَانِ لَهُ قَدْ أَجْلَسَهُمَا فَقَالَ طَلِّقْهَا وَإِلَّا وَالَّذِي يُحْلَفُ بِهِ فَعَلْتُ بِكَ كَذَا وَكَذَا قَالَ فَقُلْتُ هِيَ الطَّلَاقُ أَلْفًا قَالَ فَخَرَجْتُ مِنْ عِنْدِهِ فَأَدْرَكْتُ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ بِطَرِيقِ مَكَّةَ فَأَخْبَرْتُهُ بِالَّذِي كَانَ مِنْ شَأْنِي فَتَغَيَّظَ عَبْدُ اللَّهِ وَقَالَ لَيْسَ ذَلِكَ بِطَلَاقٍ وَإِنَّهَا لَمْ تَحْرُمْ عَلَيْكَ فَارْجِعْ إِلَى أَهْلِكَ قَالَ فَلَمْ تُقْرِرْنِي نَفْسِي حَتَّى أَتَيْتُ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ الزُّبَيْرِ وَهُوَ يَوْمَئِذٍ بِمَكَّةَ أَمِيرٌ عَلَيْهَا فَأَخْبَرْتُهُ بِالَّذِي كَانَ مِنْ شَأْنِي وَبِالَّذِي قَالَ لِي عَبْدُ اللَّهِ بْنُ عُمَرَ قَالَ فَقَالَ لِي عَبْدُ اللَّهِ بْنُ الزُّبَيْرِ لَمْ تَحْرُمْ عَلَيْكَ فَارْجِعْ إِلَى أَهْلِكَ وَكَتَبَ إِلَى جَابِرِ بْنِ الْأَسْوَدِ الزُّهْرِيِّ وَهُوَ أَمِيرُ الْمَدِينَةِ يَأْمُرُهُ أَنْ يُعَاقِبَ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عَبْدِ الرَّحْمَنِ وَأَنْ يُخَلِّيَ بَيْنِي وَبَيْنَ أَهْلِي قَالَ فَقَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فَجَهَّزَتْ صَفِيَّةُ امْرَأَةُ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ امْرَأَتِي حَتَّى أَدْخَلَتْهَا عَلَيَّ بِعِلْمِ عَبْدِ اللَّهِ بْنِ عُمَرَ ثُمَّ دَعَوْتُ عَبْدَ اللَّهِ بْنَ عُمَرَ يَوْمَ عُرْسِي لِوَلِيمَتِي فَجَاءَنِي.

4394 ـ سابىت ئىبنى ئەھنەف مۇنداق دەيدۇ: ئابدۇراھمان ئىبنى زەيد ئىبنى خەتتابنىڭ بىر دېدىكىنى نىكاھىمغا ئالغان ئىدىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراھمان مېنى چاقىردى. ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ قارىسام، ئالدىغا قامچىدىن بىرنى، تۆمۈر كىشەندىن ئىككىنى قويۇپ، ئىككى يېنىغا قۇلدىن ئىككىنى تۇرغۇزۇپ قويۇپتۇ. مېنى كۆرۈپ:

ــ سەن بۇ دېدەكنى تالاق قىلىسەن، بولمىسا اﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، ساڭا كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىۋېتىمەن، - دېدى. مەن:

ــ ئۇنداق بولسا، ئۇ خوتۇن مېنىڭ تالاق، - دېدىم ۋە ئۇنىڭ يېنىدىن چىقىپ كەتتىم. (ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي) مەككە يولىدا ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇماغا يولۇقۇپ قالدىم ۋە ئۇنىڭغا بولغان ۋەقەنى ئاڭلاتتىم. ئۇ بۇنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندى ۋە:

ـــ بۇ تالاق ئەمەس، ئايالىڭ بۇنىڭ بىلەن ساڭا هارام بولۇپ كەتمەيدۇ. (دەرهال) ئايالىڭنىڭ يېنىغا قايتقىن! ــ دېدى. كۆڭلۈم ئەمىن تاپماي، مەككىنىڭ شۇ ۋاقىتىدىكى ئەمىرى ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەيرنىڭ يېنىغا باردىم ۋە بولغان ۋەقەنى ئاڭلاتتىم. ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇ تالاق بىلەن ئايالىڭ ساڭا هارام بولۇپ كەتمەيدۇ، ئايالىڭنىڭ يېنىغا قايتقىن! - دېدى ۋە مەدىنىنىڭ ئەمىرى جابىر ئىبنى ئەسۋەدكە مەكتۇپ يېزىپ، ماڭا تەهدىت سالغان ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇراهماننى جازالاشقا ۋە ئايالىم ئىككىمىزنى ئىختىيارىمىزغا قويۇشقا بۇيرۇدى. شۇنىڭ بىلەن، مەككىدىن مەدىنىگە كەلدىم. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەرنىڭ ئايالى سەفىيە ئايالىمنى (توي ئۇچۇن) جابدۇپ بەردى، هەتتا مېنىڭ قېشىمغىچە ئەكىلىپ قويدى، (ئېرى) ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر بۇ ئىشتىن خەۋەردار ئىدى. توي كۈنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىمۇ زىياپەتكە چاقىرغانىدىم، كېلىپ زىياپەتكە قاتناشتى.

(مالىك: 1245)

4395 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كُلُّ طَلَاقٍ جَائِزٌ إلا طَلَاقَ الْمَعْتُوهِ الْمَغْلُوبِ عَلَى عَقْلِهِ.

4395 ــ ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئەقلىنى يوقاتقان ئادەمدىن باشقا ھەرقانداق كىشىنىڭ قىلغان تالىقى تالاق ھېسابلىنىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1191)

4396 - عَنْ عَائِشَةَ تَقُولُ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا طَلَاقَ وَلَا عَتَاقَ فِي غِلَاقٍ.

4396 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىرەر نەرسىنى ئاڭقىرالمايدىغان ۋە تاللىيالمايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان كىشىنىڭ قىلغان تالىقى ۋە قۇل ئازاد قىلىشى ئىناۋەتسىز»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2193)

4397 - وَقَالَ عُثْمَانُ لَيْسَ لِمَجْنُونٍ وَلَا لِسَكْرَانَ طَلَاقٌ.

4397 ـ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: مەجنۇننىڭ ۋە مەستنىڭ قىلغان تالىقى كۈچكە ئىگە ئەمەس، ـ دېگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4398 - وَقَالَ عُقْبَةُ بْنُ عَامِرٍ لَا يَجُوزُ طَلَاقُ الْمُوَسْوِسِ.

4398 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان كىشىنىڭ قىلغان تالىقى كۈچكە ئىگە ئەمەس، ـ دېگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4399 - عَنْ عَائِشَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ طَلَاقُ الْأَمَةِ تَطْلِيقَتَانِ وَعِدَّتُهَا حَيْضَتَانِ.

---

[1] ئەلبانى (207): ئىنتايىن زەئىپ، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1919): ھەسەن، ـ دېگەن.

4399 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«دېدەك ئىككى تالاق بىلەنلا ئېرىدىن پۈتۈنلەي ئاجرىشىپ كېتىدۇ[1] ۋە ئىككى قېتىملىق ھەيز بىلەن ئىددىتىدىن چىقىدۇ».[2]

(تىرمىزى: 1182)

4400 ـ عَنْ نَافِعٍ أن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ إِذَا طَلَقَ الْعَبْدُ امْرَأَتَهُ تَطْلِيقَتَيْنِ فَقَدْ حَرُمَتْ عَلَيْهِ حَتى تَنْكِحَ زَوْجًا غَيْرَهُ حُرةً كَانَتْ أَوْ أَمَةً وَعِدةُ الْحُرةِ ثَلَاثُ حِيَضٍ وَعِدةُ الْأَمَةِ حَيْضَتَانِ.

4400 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ قۇل ئايالىنى ئىككى تالاق قىلسىلا، ئايالى دېدەك ياكى ھۆر بولسۇن، باشقا بىر ئەرگە تەگمىگىچە ئۇنىڭغا ھالال بولمايدۇ. ئايالى ھۆر بولسا، ئىددىتىدىن ئۈچ ھەيز بىلەن، دېدەك بولسا ئىككى ھەيز بىلەن چىقىدۇ، ـ دەيتتى.

(مالىك: 1217)

4401 - عن أبي حَسَنٍ مَوْلَى بَنِي نَوْفَلٍ أَنهُ اسْتَفْتَى ابْنَ عَباسٍ فِي مَمْلُوكٍ كَانَتْ تَحْتَهُ مَمْلُوكَةٌ فَطَلقَهَا تَطْلِيقَتَيْنِ ثُم عُتِقَا بَعْدَ ذَلِكَ هَلْ يَصْلُحُ لَهُ أَنْ يَخْطُبَهَا قَالَ نَعَمْ قَضَى بِذَلِكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

4401 ـ بەنى نەۋفەلنىڭ ئازادگەردىسى ئەبۇ ھەسەن مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ نىكاھىدىكى دېدەكنى ئىككى تالاق قىلغاندىن كېيىن، (ئايالى بىلەن بىرگە) ئازاد قىلىنغان قۇل ئۇ ئايالنى قايتا نىكاھىغا ئالسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغاندىم، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

[1] ھۆر ئايال ئۈچ تالاق قىلىنمىغىچە ئېرى بىلەن يېنىشىۋېلىشقا بولىدۇ.

[2] ئەلبانى (206): زەئىپ، ـ دېگەن.

— بولىدۇ، چۈنكى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2187)

4402 - عَنْ نَافِعٍ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ كَانَ يَقُولُ مَنْ أَذِنَ لِعَبْدِهِ أَنْ يَنْكِحَ فَالطَّلَاقُ بِيَدِ الْعَبْدِ لَيسَ بِيَدِ غَيْرِهِ مِنْ طَلَاقِهِ شَيْءٌ فَأَما أَنْ يَأْخُذَ الرجُلُ أَمَةَ غُلَامِهِ أَوْ أَمَةَ وَلِيدَتِهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِ.

4402 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: كىمكى قۇلىنىڭ ئۆيلىنىشىگە رۇخسەت قىلغان بولسا، تالاق قىلىش ھوقۇقى يۆتۈنلەي شۇ قۇلىنىڭ قولىدا بولىدۇ ۋە باشقىلار ئۇنىڭ تالاق قىلىش ھوقۇقىدىن ھېچنېمىگە ئىگە بولالمايدۇ. ئەمما كىشى ئۆزىنىڭ قۇلىنىڭ دېدىكىنى ياكى دېدىكىنىڭ دېدىكىنى ئېلىۋالسا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، ـ دەيتتى.

(مالىك: 1218)

4403 ـ عن عبد الله بن عباس رضي الله عنهما قال: طلاقُ الأمة ستٌّ: عِتقُها، وطلاقُ زوجها لها، وبيعُ سيدها، وهِبَتُه لها، وميراثها.

4403 ـ ئىبنى ئاببارس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: تۆۋەندىكى بەش ئىشنىڭ بىرى دېدەكنى ئېرىنىڭ نىكاھىدىن چىقىرىۋېتىدۇ، ئۇلار: ئازاد قىلىنىشى، ئېرىنىڭ تالاق قىلىۋېتىشى، خوجايىنىنىڭ ئۇنى سېتىۋېتىشى ياكى باشقىلارغا سوۋغا قىلىۋېتىشى ۋە خوجايىنىنىڭ مىراسخورلىرىغا تەقسىم قىلىنىپ كېتىشى قاتارلىقلار.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

[1] ئەلبانى (473): زەئىپ، ـ دېگەن.

4404 - عَنْ عَائِشَةَ أَنها أَرَادَتْ أَنْ تَعْتِقَ مَمْلُوكَيْنِ لَهَا زَوْجٌ قَالَ فَسَأَلَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ ذَلِكَ فَأَمَرَهَا أَنْ تَبدَأَ بِالرجُلِ قَبْلَ الْمَرْأَةِ.

4404 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئەر ـ ئايال ئىككى قۇلنى ئازاد قىلماقچى بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن مەسلىھەت سورىغاندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئايالنى ئازاد قىلىشتىن بۇرۇن ئەرنى ئازاد قىلىشقا بۇيرىدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2237)

4405 ـ زاد رزين: لئلا يكون لها خيار.

4405 ـ رەزىننىڭ رىۋايىتىدە: «(ئېرىدىن بۇرۇن ئازاد قىلىنغان) ئايالغا ئېرى بىلەن ئۆي تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق ئىختىيارلىقى بېرىلمەسلىكى ئۈچۈن (ئېرىنى ئاۋۋال ئازاد قىلغىن)» دېگەن ئىبارە قوشۇپ نەقىل قىلىنغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4406 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَتْ كَانَ فِي بَرِيرَةَ ثَلَاثُ سُنَنٍ إِحْدَى السنَنِ أَنهَا أُعْتِقَتْ فَخُيرَتْ فِي زَوْجِهَا وَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْوَلَاءُ لِمَنْ أَعْتَقَ وَدَخَلَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَالْبُرْمَةُ تَفُورُ بِلَحْمٍ فَقُربَ إِلَيْهِ خُبْزٌ وَأُدْمٌ مِنْ أُدْمِ الْبَيْتِ فَقَالَ أَلَمْ أَرَ الْبُرْمَةَ فِيهَا لَحْمٌ قَالُوا بَلَى وَلَكِنْ ذَلِكَ لَحْمٌ تُصُدقَ بِهِ عَلَى بَرِيرَةَ وَأَنتَ لَا تَأْكُلُ الصدَقَةَ قَالَ عَلَيْهَا صَدَقَةٌ وَلَنَا هَدِيةٌ.

4406 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: بەرىرە (ئىسىملىك دېدەك) سەۋەبىدىن ئۈچ سۈننەت مەيدانغا كەلگەن، بۇنىڭ بىرى، بەرىرە ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئېرى بىلەن ئۆي تۇتۇش ياكى تۇتماسلىق توغرىسىدا ئۆز ئىختىيارىغا قويدى. ئىككىنچىسى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە: «(ئۇنى) كىم ئازاد قىلغان بولسا، شۇ ئىگىدارچىلىق

[1] ئەلبانى (489): زەئىپ، ـ دېگەن.

قىلىدۇ» دېدى. ئۇچىنچىسى، بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆيگە كىرگەندە قازاندا گۆش قايناۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئالدىغا نان ۋە باشقا قاتتىق ـ قۇرۇق نەرسىلەر كەلتۈرۈلگەندى:

ـ قازاندىكى گۆشچۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇنىڭغا:

ــ ئۇ گۆشنى بىرسى بەرىرەگە سەدىقە قىلغانىدى، سەن سەدىقە يېمەيسەن، ـ دېيىلگەنىدى:

ـ ئۇنىڭغا سەدىقە بولغان بىلەن، بىزگە (بەرىرەدىن) ھەدىيە بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5279)

4407 - وفي رواية: قَالَ الْأَسْوَدُ وَكَانَ زَوْجُهَا حُرًا قَوْلُ الْأَسْوَدِ مُنْقَطِعٌ وَقَوْلُ ابْنِ عَباسٍ رَأَيْتُهُ عَبْدًا أَصَح.

4407 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، ئەسۋەد: بەرىرەنىڭ ئېرى ھۆر كىشى ئىدى، ـ دېگەن. ئەمما ئىمام بۇخارى: ئۇنىڭ سۆزى مۇنقەتىئ (يەنى سەنەدى ئۈزۈلۈپ قالغان رىۋايەت). ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ: "مەن ئۇنىڭ ئېرىنىڭ قۇل ئىكەنلىكىنى كۆردۇم" دېگەن سۆزى ئەڭ توغرا، ـ دەيدۇ.

(بۇخارى: 6754)

4408 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن زَوْجَ بَرِيرَةَ كَانَ عَبْدًا يُقَالُ لَهُ مُغِيثٌ كَأَني أَنظُرُ إِلَيْهِ يَطُوفُ خَلْفَهَا يَبْكِي وَدُمُوعُهُ تَسِيلُ عَلَى لِحْيَتِهِ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِعباسٍ يَا عَباسُ أَلَا تَعْجَبُ مِنْ حُب مُغِيثٍ بَرِيرَةَ وَمِنْ بُغْضِ بَرِيرَةَ مُغِيثًا فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ رَاجَعْتِهِ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ تَأْمُرُنِي قَالَ إِنمَا أَنا أَشْفَعُ قَالَتْ لَا حَاجَةَ لِي فِيهِ.

4408 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بەرىرەنىڭ ئېرى مۇغىس ئىسىملىك قۇل ئىدى، ئۇنىڭ بەرىرەنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ، ياشلىرى ساقاللىرىغىچە ئېقىپ چۈشكەن ھالدا يىغلىغىنى تېخىچە كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ بۇ ھالىنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ ئى ئاببــاس! مۇغىسنىڭ بەرىرەنى بۇنچە ياخشى كۆرۈشىدىن ۋە بەرىرەنىڭ ئۇنىڭغا شۇنچە ئۆچلۈكىدىن ئەجەپلەنمەمسەن؟! ــ دېدى. ئاندىن بەرىرەگە:

ــ ئېرىڭ بىلەن يېنىشىۋالغان بولساڭچۇ؟! ـ دېدى. بەرىرە:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ، سىنىڭ مېنى يېنىشىشقا بۇيرىغىنىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، مەن ئۇنىڭغا شاپائەت قىلىۋاتىمەن، ـ دېگەنىدى، بەرىرە:

ــ ئۇنداقتا، مېنىڭ ئۇنىڭغا ھېچبىر ئېھتىياجىم يوق، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5283)

4409 - عَنْ عَبْدِ اللهِ أَنَّهُ قَالَ طَلَاقُ السنةِ تَطْلِيقَةٌ وَهِيَ طَاهِرٌ فِي غَيْرِ جِمَاعٍ فَإِذَا حَاضَتْ وَطَهُرَتْ طَلَّقَهَا أُخْرَى فَإِذَا حَاضَتْ وَطَهُرَتْ طَلَّقَهَا أُخْرَى ثُم تَعْتَد بَعْدَ ذَلِكَ بِحَيْضَةٍ.

4409 ـ ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: سۈننەتكە ئۇيغۇن تالاق قىلىش مۇنداق بولىدۇ: (ئېرى) ئايالى ھەيزدىن پاك بولغاندىن كېيىن، جىما قىلماي تۇرۇپ بىر تالاق قىلىدۇ. ئاندىن ھەيز كۆرۈپ پاك بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر تالاق قىلىدۇ. ئاندىن يەنە بىر ھەيز كۆرۈپ پاك بولغاندىن كېيىن، يەنە بىر تالاق قىلىدۇ. ئۇندىن كېيىن بىر ھەيز كۆرسىلا (ئايالنىڭ) ئىددىتى تۈگەيدۇ[1].

(نەسائى: 3394)

4410 - عن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ يَقُولُ أَيمَا امْرَأَةٍ طَلقَهَا زَوْجُهَا تَطْلِيقَةً أَوْ تَطْلِيقَتَيْنِ ثُم تَرَكَهَا حَتى تَحِل وَتَنْكِحَ زَوْجًا غَيْرَهُ فَيَمُوتَ عَنْهَا أَوْ يُطَلقَهَا ثُم يَنْكِحُهَا زَوْجُهَا الْأَولُ فَإِنهَا تَكُونُ عِنْدَهُ عَلَى مَا بَقِيَ مِنْ طَلَاقِهَا.

4410 ـ ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئېرى بىر ياكى ئىككى تالاق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئىددىتىنى توشقۇزۇپ

---

[1] ئەلبانى (3178): سەھىھ ـ دېگەن.

باشقا بىر ئەرگە تەگكەن ۋە بۇ ئىبرى ئۆلۈپ قالغان ياكى (ئۇنىڭدىنمۇ) تالاق قىلىنغان ئايالنى بۇرۇنقى ئېرى نىكاھلاپ ئالسا، ئۇنىڭ بۇرۇن قىلغان بىر ياكى ئىككى قېتىملىق تالىقىدىن ئىككى ياكى بىر قېتىم تالاق قىلىش ھەققى ئېشىپ قالغان بولىدۇ.

(مالىك: 1244)

4411 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ عَنْ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَبْغَضُ الْحَلَالِ إِلَى اللـهِ تَعَالَى الطلَاقُ.

4411 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«الله تائالا ھالال ئىشلار ئىچىدىن تالاقنى ئەڭ يامان كۆرىدۇ»[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2178)

4412 - عَنْ أَبِي مُوسَى، رَضِيَ اللهُ عَنْهُ، أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ، قَالَ: "لا تُطَلَقُ النسَاءُ إلا مِنْ رِيبَةَ، إن اللهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى لا يُحِب الذوَاقِينَ وَلا الذوَاقَاتِ".

4412 ـ ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاياللارنى پەقەت (ئىستىلىدە) بىرەر گۇمان پەيدا بولغانلىقى سەۋەبىدىنلا تالاق قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن الله تائالا تولا خوتۇن ئالىدىغانلارنىمۇ، تولا ئەرگە تېگىدىغان ئاياللارنىمۇ ياقتۇرمايدۇ»[②].

(بەززار: 1497؛ «ئەلكەبىر» ۋە «ئەلئەۋسەت»)

4413 - عَنْ ثَوْبَانَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ أَيمَا امْـرَأَةٍ سَـأَلَتْ زَوْجَهَا طَلَاقًا مِنْ غَيْرِ بَأْسٍ فَحَرَامٌ عَلَيْهَا رَائِحَةُ الْجَنةِ.

[①] ئەلبانى (472): زەئىپ، ـ دېگەن.

[②] ھەيسەمى (7761): بۇ ھەدىسنى بەززار ۋە تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى ئىمرانىنىڭ ئىشەنچلىك ياكى ئەمەسلىكىدە ئىختىلاپ بار، ـ دېگەن.

4413 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئېرىدىن سەۋەبسىزلا ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغان ئايال جەننەتنىڭ پۇرىقىنى پۇراشتىنمۇ مەھرۇم قىلىنىدۇ»[1].

(تىرمىزى: 1187)

4414 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ كَانَ النَّاسُ وَالرَّجُلُ يُطَلِّقُ امْرَأَتَهُ مَا شَاءَ أَنْ يُطَلِّقَهَا وَهِيَ امْرَأَتُهُ إِذَا ارْتَجَعَهَا وَهِيَ فِي الْعِدَّةِ وَإِنْ طَلَّقَهَا مِائَةَ مَرَّةٍ أَوْ أَكْثَرَ حَتَّى قَالَ رَجُلٌ لِامْرَأَتِهِ وَاللَّهِ لَا أُطَلِّقُكِ فَتَبِينِي مِنِّي وَلَا آوِيكِ أَبَدًا قَالَتْ وَكَيْفَ ذَاكَ قَالَ أُطَلِّقُكِ فَكُلَّمَا هَمَّتْ عِدَّتُكِ أَنْ تَنْقَضِيَ رَاجَعْتُكِ فَذَهَبَتْ الْمَرْأَةُ حَتَّى دَخَلَتْ عَلَى عَائِشَةَ فَأَخْبَرَتْهَا فَسَكَتَتْ عَائِشَةُ حَتَّى جَاءَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَخْبَرَتْهُ فَسَكَتَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى نَزَلَ الْقُرْآنُ الطَّلَاقُ مَرَّتَانِ فَإِمْسَاكٌ بِمَعْرُوفٍ أَوْ تَسْرِيحٌ بِإِحْسَانٍ قَالَتْ عَائِشَةُ فَاسْتَأْنَفَ النَّاسُ الطَّلَاقَ مُسْتَقْبَلًا مَنْ كَانَ طَلَّقَ وَمَنْ لَمْ يَكُنْ طَلَّقَ.

4414 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: (تالاقغا مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەر نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى) كىشىلەر ئاياللىرىنى ئۆزلىرى خالىغانچە تالاق قىلاتتى. ئايالنىڭ ئىددىتى چىقىشتىن بۇرۇن قايتۇرۇۋالسىلا، يۈزدىن ئارتۇق قېتىم تالاق قىلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، ئايالنى يەنە نىكاھىدا تۇتۇپ تۇراليتتى. بىر ئادەم ئايالىغا:

— مەن سېنى پۈتۈنلەي تالاقمۇ قىلمايمەن، سەن بىلەن بىر تۆشەكتىمۇ بولمايمەن، ـ دېدى. ئايالى:

ـ بۇ قانداق گەپ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئۇ ئادەم:

— مەن سېنى تالاق قىلىمەن، ھەر قېتىم ئىددىتىڭ چىقاي دېگەندە، يەنە قايتۇرۇۋالىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ ئەھۋال ئېيتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كەلگىچە ھېچنېمە دېمىدىم. نىھايەت، پەيغەمبەر

[1] ئەلبانى (948): سەھىھ ـ دېگەن.

ئەلەيھىسسالامغا كەلدى. ئۇ ئايالىنىڭ دەردىنى ئېيتتىم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ھېچنېمە دېمەي ئولتۇردى. شۇ چاغدا: ﴿(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇننى) چىرايلىقچە تۇتۇش ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن، (بۇرۇن) تالاق قىلغانلار ياكى (تېخى) تالاق قىلمىغانلار بولسۇن، ھەممىسى يېڭىدىن باشلاپ تالاقنى ئايەتكە ئۇيغۇن قىلىدىغان بولدى[2].
(تىرمىزى: 1192)

4415 - عَنْ ثَوْرِ بْنِ زَيْدٍ الديلي أن الرجُلَ كَانَ يُطَلِّقُ امْرَأَتَهُ ثُم يُرَاجِعُهَا وَلَا حَاجَةَ لَهُ بِهَا وَلَا يُرِيدُ إِمْسَاكَهَا كَيْمَا يُطَولُ بِذَلِكَ عَلَيْهَا الْعِدةَ لِيُضَارهَا فَأَنْزَلَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى وَلَا تُمْسِكُوهُن ضِرَارًا لِتَعْتَدُوا وَمَنْ يَفْعَلْ ذَلِكَ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُ يَعِظُهُمْ اللهُ بِذَلِكَ.

4415 ـ سەۋر ئىبنى زەيد دىيلىدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەرلەر ئايالىلارنى تالاق قىلىۋېتەتتى ۋە ئۇي تۇتۇش مەقسىتىدە ئەمەس، بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ، ئايالىغا زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتىدە يەنە يېنىشىۋالاتتى. شۇنىڭ بىلەن، الله تائالا ئۇلارنى ئايالىلىرىغا زىيانكەشلىك قىلماسلىققا بۇيرۇپ، مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان: ﴿سىلەر ئايالىلارنى تالاق قىلغان بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ، (ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا) تۇتۇڭلار ياكى ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە زىيان يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى چىرايلىقچە ئۇي تۇتۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ زۇلۇم قىلىش

[1] سۇرە بەقەرە، 229 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
[2] ئەلبانى (208): زەئىپ، ـ دېگەن.

نىيىتىدە خوتۇنى بىلەن يارىشىدىكەن)، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ﴾[1].

(مالىك: 1248)

4416 - عَنْ مُطَرِفِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن عِمْرَانَ بْنَ حُصَيْنٍ سُئِلَ عَنْ الرجُلِ يُطَلِّقُ امْرَأَتَهُ ثُم يَقَعُ بِهَا وَلَمْ يُشْهِدْ عَلَى طَلَاقِهَا وَلَا عَلَى رَجْعَتِهَا فَقَالَ طَلقْتَ لِغَيْرِ سُنةٍ وَرَاجَعْتَ لِغَيْرِ سُنةٍ أَشْهِدْ عَلَى طَلَاقِهَا وَعَلَى رَجْعَتِهَا وَلَا تَعُدْ.

4416 ـ مۇتەررىف ئىبنى ئابدۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئىمران ئىبنى ھۇسەيندىن ئايالىنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، يېنىشىۋالغان، لېكىن تالاق قىلغاندىمۇ، يېنىشىۋالغاندىمۇ گۇۋاھچى كەلتۈرمىگەن كىشىنىڭ ھۆكمى ھەققىدە سورىغاندى، ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن:

ــ ھەر ئىككىلىسىنى سۈننەتكە خىلاپ ھالدا قىلغان بولىسەن. تالاق قىلغاندىمۇ، يېنىشىۋالغاندىمۇ گۇۋاھچى كەلتۈرگىن ۋە بۇ ئىشنى تەكرارلىمىغىن! ـ دەپ جاۋاب بەردى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2186)

4417 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَحِلُّ لِامْرَأَةٍ تَسْأَلُ طَلَاقَ أُخْتِهَا لِتَسْتَفْرِغَ صَحْفَتَهَا فَإِنمَا لَهَا مَا قُدرَ لَهَا.

4417 ــ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق ئايالنىڭ ئۆزىنىڭ (دىنىي جەھەتتىكى) ئايال قېرىندىشىنىڭ قاچىسىنى ئۆرۈۋېتىش (يەنى ئېرىگە تېگىۋېلىش) ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئېرىدىن ئايالىنى تالاق قىلىۋېتىشنى تەلەپ قىلىشى دۇرۇس ئەمەس. چۈنكى ئۇنىڭ نېسىۋىسى ئەزەلدىن پۈتۈلۈپ كەتكەن تەقدىرى بويىچە بولىدۇ».

[1] سۈرە بەقەرە، 231 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەلبانى (1915): سەھىھ ـ دېگەن.

(بۇخارى: 5152)

4418 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ثَلَاثٌ جِدُّهُن جِد وَهَزْلُهُن جِد النكَاحُ وَالطلَاقُ وَالرجْعَةُ.

4418 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئىشنىڭ راستىمۇ راست، چاقچىقى (يالغىنى)مۇ راست ھېسابلىنىدۇ: بىرى نىكاھ، يەنە بىرى تالاق، يەنە بىرى (تالاقتىن كېيىن) يېنىشىۋېلىش»[1].

(تىرمىزى: 1184)

4419 ـ عن ابن مسعود، مثله وجعل العتق بدل الرجعة.

4419 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش مەزمۇن بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ''يېنىشىۋېلىش'' دېگەن ئىبارىنىڭ ئورنىغا ''قۇل ئازاد قىلىش'' دېگەن ئىبارە كەلگەن.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4420 - عَنْ عُمَرَ أَن رَسُولَ الله صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ طَلقَ حَفْصَةَ ثُم رَاجَعَهَا.

4420 ـ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تالاق قىلىۋېتىپ، كېيىن (ئۇنىڭ بىلەن) يارىشىۋالغان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2283)

4421 - عَنْ عُقْبَةَ بن عَامِرٍ الْجُهَنِي، أَنّ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَـلمَ "طَلـقَ حَفْصَةَ" فَبَلَغَ ذَلِكَ عُمَرَ بن الْخَطابِ، فَوَضَعَ التُرَابَ عَلَى رَأْسِهِ، فَقَالَ: مَا يَعْبَأُ اللهُ بِكَ يَا

---

[1] ئەلبانى (944): ھەسەن ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1998): سەھىھ ـ دېگەن.

ٱبْنَ الْخَطابِ بَعْدَ هَذَا، فَنَزَلَ جِبْرِيلُ عَلَيْهِ السلاَمُ، فَقَالَ: إن اللهَ تَعَالَى يَأْمُرُكَ أَنْ تُرَاجِعَ حَفْصَةَ رَحْمَةً لِعُمَرَ.

4421 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر جۇھەنى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەفسە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى تالاق قىلىۋەتكەن ئىدى، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بېشىغا توپا چېچىپ، ئۆز ـ ئۆزىگە:

ــ ئى ئىبنى خەتتاب! ئەمدى الله ساڭا ھېچ پەرۋا قىلمايدىغان بولدى، ـ دېگىلى تۇردى. شۇنىڭ بىلەن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام چۈشۈپ، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ـ الله تائالا ئۆمەرگە مېھرىبانلىق قىلىش يۈزىسىدىن سېنى ھەفسە بىلەن يارىشىشقا بۇيرىدى، ـ دېدى[1].

(«ئەلكەبىر»)

4422 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، أنهُ كَانَ عِنْدَ عُمَرَ بن الْخَطابِ فَجَاءَ رَجُلٌ وَامْرَأتُهُ، فَقَالَ: طَلقْتُهَا ثُم رَاجَعْتُهَا، فَقَالَتِ الْمَرْأَةُ: أَمَا أَنهُ لَمْ يَحْمِلْنِي الذِي كَانَ مِنْكَ أَنْ أُحَدثَ الأَمْرَ عَلَى وَجْهِهِ، فَقَالَ عُمَرُ: حَدثِينِي، فَقَالَتْ: طَلقَنِي، ثُم تَرَكَنِي حَتى إِذَا كُنْتُ فِي آخِرِ ثَلاثِ حِيَضٍ، وَانْقَطَعَ عَني الدمُ، وَضَعْتُ غُسْلِي، وَرَدَدْتُ بَابِي، وَنَزَعْتُ ثِيَابِي، فَقَرَعَ الْبَابَ، قَالَ: قَدْ رَجَعْتُكِ قَدْ رَجَعْتُكِ فَتَرَكْتُ غُسْلِي، وَلَبِسْتُ ثِيَابِي، فَقَالَ عُمَرُ: مَا تَقُولُ فِيهَا يَا ابْنَ أُم عَبْدٍ؟ فَقُلْتُ: "أُرَاهُ أَحَق بِهَا مَا دُونَ أَنْ تَحِل لَهَا الصلاةُ"، فَقَالَ عُمَرُ: "نِعْمَ مَا رَأَيتَ، وَأَنَا أَرَى ذَلِكَ".

4422 ـ ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىدا تۇراتتىم، بىر ئادەم ئايالى بىلەن كېلىپ:

ــ مەن بۇنى تالاق قىلىۋەتكەن ئىدىم، كېيىن (ئۇنىڭ بىلەن) يېنىشىۋالدىم، ـ دېگەنىدى، ئايالى:

[1] ھەيسەمى (7753): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەمرى ئىبنى سالىھ ھەزرەمى ئىسىملىك تەرجىمىھالى ئېنىق بولمىغان بىرى بار، قالغان راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

ـ ماڭا قىلغانلىرىڭغا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، شۇڭا ھەممە ئىشنى ئۆز ئەينى ئېيتىمەن، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئايالغا:

ـ قېنى ئېيتقىن! ـ دېدى. ئايال:

ـ بۇ مېنى تالاق قىلىۋېتىپ، تاكى ئۇچىنچى ھەيز ئاخىرلاشقىچە تاشلاپ قويدى. ئۇچىنچى ھەيز توختىغاندىن كېيىن، يۇيۇناي دەپ ئىشىكنى تاقاپ، كىيىملىرىمنى سېلىپ تۇرسام، بۇ كېلىپ ئىشىكنى چېكىپ: "مەن سەن بىلەن يېنىشىۋالدىم، مەن سەن بىلەن يېنىشىۋالدىم" دېدى. شۇنىڭ بىلەن، غۇسلى قىلىشنى قويۇپ، كىيىمىمنى كىيىپ كەلدىم، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ماڭا:

ـ ئى ئۇممۇ ئەبدىنىڭ ئوغلى! سەن بۇ مەسىلىگە قانداق قارايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ـ (بۇ ئايال پاك بولغان ئارىلىقتا يۇيۇنۇپ) نامىاز ئوقۇسا بولغۇدەك ۋاقىت ئۆتمىگەنلا بولسا، ئەرنىڭ ئايالى بىلەن يېنىشىۋېلىش ھەققى بار دەپ قارايمەن، ـ دېگەنىدىم، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ بۇ بەكلا توغرا قاراش، مەنمۇ شۇنداق دەپ قارايمەن، ـ دېدى.[①]

(«ئەلكەبىر»: 9617)

4423 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ إِذَا ادعَتْ الْمَرْأَةُ طَلَاقَ زَوْجِهَا فَجَاءَتْ عَلَى ذَلِكَ بِشَاهِدٍ عَدْلٍ اسْتُحْلِفَ زَوْجُهَا فَإِنْ حَلَفَ بَطَلَتْ شَهَادَةُ الشاهِدِ وَإِنْ نَكَلَ فَنُكُولُهُ بِمَنْزِلَةِ شَاهِدٍ آخَرَ وَجَازَ طَلَاقُهُ.

4423 ـ ئەمىر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«ئايال كىشى ئېرىنىڭ ئۆزىنى تالاق قىلغانلىقىنى دەۋا قىلىپ، بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئىشەنچلىك بىر گۇۋاھچى ئېلىپ كەلسە، ئېرىدىن قەسەم قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ئەگەر (ئەر كىشى):

---

[①] ھەيسەمى (7780): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

ــ مەن تالاق قىلمىغان، ـ دەپ قەسەم ئىچسە، گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىقى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. ئەگەر قەسەم قىلالمىسا، بۇ (يەنى قەسەمدىن قاچقانلىقى) يەنە بىر گۇۋاھچىنىڭ ئورنىنى تولدۇرىدۇ ۋە (شۇنىڭ بىلەن) ئۇنىڭ تالاق قىلغانلىقى بېكىتىلىدۇ»[①].

(ئىبنى ماجە: 2038)

[①] ئەلبانى (443): زەئىپ، ـ دېگەن.

## خۇلئى[1]، ئىيلا[2] ۋە زىھار[3] قىلىش

4424 - عَنْ ثَوْبَانَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ أَيمَا امْرَأَةٍ اخْتَلَعَتْ مِنْ زَوْجِهَا مِنْ غَيْرِ بَأْسٍ لَمْ تَرِحْ رَائِحَةَ الْجَنةِ.

4424 ـ سەۋبان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«قانداقلا بىر ئايال ھېچبىر سەۋەبسىزلا ئېرىدىن خۇلئى قىلىشنى تەلەپ قىلسا، جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇرىيالمايدۇ»[4].

(تىرمىزى: 1186)

4425 - عَنْ ثَوْبَانَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ الْمُخْتَلِعَاتُ هُن الْمُنَافِقَاتُ.

4425 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: «(سەۋەبسىزلا) خۇلئى قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان ئاياللار مۇناپىق ئاياللاردۇر» دەپ كەلگەن[5].

(تىرمىزى: 1186)

4426 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن امْرَأَةَ ثَابِتِ بْنِ قَيْسٍ أَتَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ ثَابِتُ بْنُ قَيْسٍ مَا أَعْتِبُ عَلَيْهِ فِي خُلُقٍ وَلَا دِينٍ وَلَكِني أَكْرَهُ الْكُفْرَ فِي

[1] ئايال كىشىنىڭ (ئېرىگە) مەلۇم مىقداردا ماددىي بەدەل تۆلەپ، ئېرىنىڭ ئۆزىنى قويۇپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىشى.

[2] ئىيلا: ئاياللىرىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم ئىچىش بولۇپ، بۇنىڭ ھۆكمى سۈرە بەقەرەنىڭ 226 ـ ئايىتىدە بايان قىلىنغان.

[3] ئايالىغا: سەن ماڭا ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش، ـ دېمەك بولۇپ، بۇنىڭدىن، سەن خۇددى ماڭا ئانام ھارام بولغاندەك ھارام دېگەن مەنە مەقسەت قىلىنىدۇ. بۇ، جاھىلىيەت دەۋرىدە تالاق قىلىش ئۈچۈن كۆپ قوللىنىدىغان سۆز ئىدى، ئىسلامدا بۇنداق قىلىشنىڭ ھاراملىقى ۋە بۇنداق قىلىپ سالغانلارنىڭ ھۆكمى توغرىسىدىكى ئايەتلەر سۈرە مۇجادىلەنىڭ باش تەرىپىدە تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

[4] ئەلبانى (948): سەھىھ ـ دېگەن.

[5] ئەلبانى (947): سەھىھ ـ دېگەن.

الْإِسْلَامِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَتَرُدِينَ عَلَيْهِ حَدِيقَتَهُ قَالَتْ نَعَمْ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اقْبَلْ الْحَدِيقَةَ وَطَلقْهَا تَطْلِيقَةً.

4426 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سابىت ئىبنى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن سابىتتىن دىيانەت ۋەياكى ئەخلاقىي جەھەتتىن ھېچبىر ئەيىب تاپالمىدىم، بىراق مەن مۇسۇلمان تۇرۇپ، ئىسلامغا زىت ئىشلارنى قىلىشنى خالىمايمەن، ـ دېدى[1]. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا:

ـ ئۇنداقتا، سابىتنىڭ ساڭا بەرگەن بېغىنى قايتۇرۇپ بېرەمسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئايال:

ـ قايتۇرۇپ بېرىمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ باغنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئايالىڭنى بىر تالاق قىلغىن! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5273)

4427 - عَنْ عَائِشَةَ أَن حَبِيبَةَ بِنْتَ سَهْلٍ كَانَتْ عِنْدَ ثَابِتِ بْنِ قَيْسِ بْنِ شَماسٍ فَضَرَبَهَا فَكَسَرَ بَعْضَهَا ...

4427 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ھەبىبە بىنتى سەھل (رەزىيەللاھۇ ئەنھا) سابىت ئىبنى قەيس ئىبنى شەمماس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئايالى بولۇپ، سابىت بۇ ئايالنى ئۇرۇپ، بەزى ئەزالىرىنى سۇندۇرۇۋەتكەن ئىدى... (ھەدىسنىڭ داۋامى يۇقىرىقىدەك بولۇپ، ئايالى ئۇنىڭدىن تالىقىنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن)[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2228)

[1] يەنى ئۇنىڭدا باشقا بىر ئەيىب بار. ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ بەكلا كۆرۈمسىزلىكى. شۇ سەۋەبتىن مەن خاتا يولغا كىرىپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، تالىقىمنى تەلەپ قىلىپ كەلدىم، ـ دېمەكچى.
[2] ئەلبانى (1949): سەھىھ ـ دېگەن.

4428 - عن أُم سَلَمَةَ أن النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ حَلَفَ لَا يَدْخُلُ عَلَى بَعْضِ أَهْلِهِ شَهْرًا فَلَما مَضَى تِسْعَةٌ وَعِشْرُونَ يَوْمًا غَدَا عَلَيْهِن أَوْ رَاحَ فَقِيلَ لَهُ يَا نَبِي اللهِ حَلَفْتَ أَنْ لَا تَدْخُلَ عَلَيْهِن شَهْرًا قَالَ إِن الشهْرَ يَكُونُ تِسْعَةً وَعِشْرِينَ يَوْمًا.

4428 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەزى ئاياللىرىنىڭ يېنىغا بىر ئايغىچە كىرمەسلىككە قەسەم قىلدى ۋە يىگىرمە توققۇز كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەتىگەن ياكى كەچتە ئۇ ئاياللىرىنىڭ يېنىغا كىردى. ئۇنىڭدىن:

ــ سەن بۇ ئاياللىرىڭ يېنىغا بىر ئايغىچە كىرمەيدىغانلىقىڭغا قەسەم قىلغانىدىڭغۇ؟ ـ دەپ سورالغانىدى:

ــ يىگىرمە توققۇز كۈنلۈك ئايلارمۇ بار، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5202)

4429 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ إِذَا مَضَتْ أَرْبَعَةُ أَشْهُرٍ يُوقَفُ حَتى يُطَلقَ وَلَا يَقَعُ عَلَيْهِ الطلَاقُ حَتى يُطَلقَ وَيُذْكَرُ ذَلِكَ عَنْ عُثْمَانَ وَعَلِي وَأَبِي الدرْدَاءِ وَعَائِشَةَ وَاثْنَيْ عَشَرَ رَجُلًا مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

4429 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: ئىيلا قىلغان (يەنى ئايالىغا يېقىنچىلىق قىلماسلىققا قەسەم قىلغان) كىشىدىن تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن (ئايالىنى) تالاق قىلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئۇ كىشى ئۆزى تالاق قىلمىغىچە، ئايالى تالاق بولۇپ كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ھەزرىتى ئوسمان، ھەزرىتى ئەلى، ئەبۇ دەردا، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ۋە ئۇلاردىن باشقا ئون ئىككى ساھابىنىڭ قارىشى ئىكەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

(بۇخارى: 5291)

4430 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا كَانَ يَقُولُ فِي الْإِيلَاءِ الذِي سَمى اللهُ لَا يَحِل لِأَحَدٍ بَعْدَ الْأَجَلِ إِلا أَنْ يُمْسِكَ بِالْمَعْرُوفِ أَوْ يَعْزِمَ بِالطلَاقِ كَمَا أَمَرَ اللهُ عَز وَجَل.

4430 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئىيلا قىلغان كىشى الله تائالا قۇرئاندا توختاتقان (تۆت ئايلىق) مۇددەتتىن كېيىن، يا ئايالى بىلەن جىرايلىق ئۆي تۇتۇشى ياكى الله بۇيرىغاندەك تۆت ئاي ئۆتكەندىن كېيىن (ئايالىنى) تالاق قىلىشى كېرەك، ـ دەيتتى.

(بۇخارى: 5291)

4431 - قَالَ مَالِك مَنْ حَلَفَ لِامْرَأَتِهِ أَنْ لَا يَطَأَهَا حَتى تَفْطِمَ وَلَدَهَا فَإِن ذَلِكَ لَا يَكُونُ إِيلَاءً وَقَدْ بَلَغَنِي أَن عَلِي بْنَ أَبِي طَالِبٍ سُئِلَ عَنْ ذَلِكَ فَلَمْ يَرَهُ إِيلَاءً.

4431 ـ ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: ئايالىغا بالىسىنى ئەمچەكتىن ئايرىپ بولغۇچە يېقىن كەلمەسلىككە قەسەم قىلغان كىشىنىڭ بۇ قەسىمى (قۇرئاندا ھۆكمى بايان قىلىنغان) ئىيلا ھېسابلانمايدۇ. ماڭا يېتىشىچە، ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىبتىن بۇ توغرۇلۇق سوئال سورالغاندا، بۇنى ئىيلا دەپ قارىمىغان.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4432 - عَنْ عَائِشَةَ قَالَتْ آلَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ نِسَائِهِ وَحَرمَ فَجَعَلَ الْحَرَامَ حَلَالًا وَجَعَلَ فِي الْيَمِينِ كَفارَةً.

4432 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاياللىرىغا يېقىن كەلمەسلىككە قەسەم قىلىپ، (ئاياللىرىغا يېقىن كېلىشنى) ئۆزىگە ھارام قىلدى. ئاندىن (قەسەمنى بۇزۇپ) بۇ ئىشنى قىلدى ۋە قەسىمىگە كەففارەت بەردى[1].

(تىرمىزى: 1201)

4433 - عَنْ قَتَادَةَ، أَن عَلِيا، وَابْنَ مَسْعُودٍ، وَابْنَ عباس، قَالُوا: "إِذَا مَضَتِ الأَشْهُرُ الأَرْبَعَةُ فَهِيَ تَطْلِيقَةٌ، وَهِي أَحَق بنفْسِهَا".

[1] ئەلبانى (209): زەئىپ، ـ دېگەن.

4433 ـ قەتادەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ، ئىبنى مەسئۇد ۋە ئىبنى ئابباس قاتارلىق زاتلار (ئىيلا مەسىلىسىدە): ئاردىن تۆت ئاي ئۆتسە، ئايالى ئۆزلىكىدىنلا بىر تالاق بولۇپ كېتىدۇ، ئۇندىن كېيىن باشقا ئەرگە تەگسىمۇ بولىدۇ، ـ دەپ قارىغان[1].

(«ئەلكەبىر»: 9639)

4434 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن رَجُلًا أَتى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ ظَاهَرَ مِنْ امْرَأَتِهِ فَوَقَعَ عَلَيْهَا فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إني قَدْ ظَاهَرْتُ مِنْ زَوْجَتِي فَوَقَعْتُ عَلَيْهَا قَبْلَ أَنْ أُكَفرَ فَقَالَ وَمَا حَمَلَكَ عَلَى ذَلِكَ يَرْحَمُكَ اللهُ قَالَ رَأَيْتُ خَلْخَالَهَا فِي ضَوْءِ الْقَمَرِ قَالَ فَلَا تَقْرَبْهَا حَتى تَفْعَلَ مَا أَمَرَكَ اللهُ بِهِ.

4434 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئايالىنى زىھار قىلىپ بولۇپ، يېقىنچىلىق قىلغان بىر كىشى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئايالىمنى زىھار قىلغانىدىم، كەففارەت بېرىشتىن بۇرۇن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ سالدىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله ساڭا رەھىم قىلسۇن! سېنى بۇ ئىشنى قىلىشقا نېمە مەجبۇرلىدى؟ ـ دېدى. ئۇ كىشى:

ــ مەن ئاينىڭ شولىسىدا ئايالىمنىڭ خەلخالىنى (پۇت بىلەيزۈكىنى) كۆردۈم ـ دە، ئۆزەمنى تۇتۇۋالالمىدىم، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇندىن كېيىن كەففارەتنى ئادا قىلىپ بولمىغۇچە ئايالىڭغا يېقىنلاشما! ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 1199)

[1] ھەيسەمى (7839): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، قەتادە ھەزرىتى ئەلى بىلەن ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇمالارنى كۆرمىگەن ھەم ئىبنى ئابباستىن ھەدىس ئاڭلاپ باقمىغان. قالغان راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (958): ھەسەن، ـ دېگەن.

4435 - عَنْ أَبِي تَمِيمَةَ الْهُجَيْمِي أَن رَجُلًا قَالَ لِامْرَأَتِهِ يَا أُخَيةُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أُخْتُكَ هِيَ فَكَرِهَ ذَلِكَ وَنَهى عَنْهُ.

4435 ـ ئەبۇ تەمىيمە هۇجەيمىيدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كىشى ئايالىغا:

ــ هەي هەمشىرەم! ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇ سېنىڭ هەمشىرەڭمۇ؟ ـ دېدى ـ دە، ئەرنىڭ ئايالىغا بۇنداق دېيىشىنى ياقتۇرمىدى ۋە بۇنداق سۆزلەرنى قىلىشتىن چەكلىدى[①].

(ئەبۇ داۋۇد: 2210)

4436 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ عَمْرِو بْنِ سُلَيْمٍ الزرَقِي أَنهُ سَأَلَ الْقَاسِمَ بْنَ مُحَمدٍ عَنْ رَجُلٍ طَلقَ امْرَأَةً إِنْ هُوَ تَزَوجَهَا فَقَالَ الْقَاسِمُ بْنُ مُحَمدٍ إِن رَجُلًا جَعَلَ امْرَأَةً عَلَيْهِ كَظَهْرِ أُمهِ إِنْ هُوَ تَزَوجَهَا فَأَمَرَهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ إِنْ هُوَ تَزَوجَهَا أَنْ لَا يَقْرَبَهَا حَتى يُكَفرَ كَفارَةَ الْمُتَظَاهِرِ.

4436 ـ سەئىد ئىبنى ئەمر ئىبنى سۇلەيم زۇرەقى مۇنداق دەيدۇ: مەن قاسىم ئىبنى مۇھەممەدتىن: "مەن پالانى خوتۇننى ئالسام، ئۇ تالاق" دېگەن كىشى توغرىسىدا پەتىۋا سورىغانىدىم، قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دېدى:

ــ بىر كىشى: "مەن پالانچى ئايالنى ئالسام، ئۇ ماڭا ئانامنىڭ ئۇچىسىغا ئوخشاش بولۇپ كەتسۇن" دەپ زىھار قىلىۋەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنهۇ ئۇنىڭغا: "سەن ئۇ خوتۇننى نىكاھىڭغا ئېلىپ قالساڭ، زىھارنىڭ كەففارىتىنى بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭغا يېقىنلاشقىن" دەپ بۇيرىدى.

(مالىك: 1187)

---

[①] ئەلبانى (482): زەئىپ، ـ دېگەن.

4437 - عَنْ سَلَمَةَ بْنِ صَخْرٍ قَالَ ابْنُ الْعَلَاءِ الْبَيَاضِي قَالَ كُنْتُ امْرَأً أُصِيبُ مِنَ النِّسَاءِ مَا لَا يُصِيبُ غَيْرِي فَلَمَّا دَخَلَ شَهْرُ رَمَضَانَ خِفْتُ أَنْ أُصِيبَ مِنَ امْرَأَتِي شَيْئًا يُتَابَعُ بِي حَتَّى أُصْبِحَ فَظَاهَرْتُ مِنْهَا حَتَّى يَنْسَلِخَ شَهْرُ رَمَضَانَ فَبَيْنَا هِيَ تَخْدُمُنِي ذَاتَ لَيْلَةٍ إِذْ تَكَشَّفَ لِي مِنْهَا شَيْءٌ فَلَمْ أَلْبَثْ أَنْ نَزَوْتُ عَلَيْهَا فَلَمَّا أَصْبَحْتُ خَرَجْتُ إِلَى قَوْمِي فَأَخْبَرْتُهُمُ الْخَبَرَ وَقُلْتُ امْشُوا مَعِي إِلَى رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالُوا لَا وَاللَّهِ فَانْطَلَقْتُ إِلَى النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَأَخْبَرْتُهُ فَقَالَ أَنْتَ بِذَاكَ يَا سَلَمَةُ قُلْتُ أَنَا بِذَاكَ يَا رَسُولَ اللَّهِ مَرَّتَيْنِ وَأَنَا صَابِرٌ لِأَمْرِ اللَّهِ فَاحْكُمْ فِيَّ مَا أَرَاكَ اللَّهُ قَالَ حَرِّرْ رَقَبَةً قُلْتُ وَالَّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقِّ مَا أَمْلِكُ رَقَبَةً غَيْرَهَا وَضَرَبْتُ صَفْحَةَ رَقَبَتِي قَالَ فَصُمْ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ قَالَ وَهَلْ أَصَبْتُ الَّذِي أَصَبْتُ إِلَّا مِنَ الصِّيَامِ قَالَ فَأَطْعِمْ وَسْقًا مِنْ تَمْرٍ بَيْنَ سِتِّينَ مِسْكِينًا قُلْتُ وَالَّذِي بَعَثَكَ بِالْحَقِّ لَقَدْ بِتْنَا وَحْشَيْنِ مَا لَنَا طَعَامٌ قَالَ فَانْطَلِقْ إِلَى صَاحِبِ صَدَقَةِ بَنِي زُرَيْقٍ فَلْيَدْفَعْهَا إِلَيْكَ فَأَطْعِمْ سِتِّينَ مِسْكِينًا وَسْقًا مِنْ تَمْرٍ وَكُلْ أَنْتَ وَعِيَالُكَ بَقِيَّتَهَا فَرَجَعْتُ إِلَى قَوْمِي فَقُلْتُ وَجَدْتُ عِنْدَكُمُ الضِّيقَ وَسُوءَ الرَّأْيِ وَوَجَدْتُ عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ السَّعَةَ وَحُسْنَ الرَّأْيِ وَقَدْ أَمَرَنِي أَوْ أَمَرَ لِي بِصَدَقَتِكُمْ.

4437 ـ سەلەمە ئىبنى سەخردىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئەلا بەيازى مۇنداق دەيدۇ: مەن باشقىلارغا قارىغاندا جىنسىي مۇناسىۋەتنى كۆپ ئۆتكۈزىدىغان كىشى ئىدىم. رامىزان ئېيى كىرگەندە، يېقىنچىلىق قىلىش تاكى تاڭ ئېتىپ كەتكۈچە داۋام قىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، رامىزان چىققۇچە ئايالىمنى زىھار قىلدىم. بىر كېچىسى، ئايالىم مېنىڭ خىزمىتىمنى قىلىۋاتاتتى، تۇساتتىن كۆزۈم ئۇنىڭ بەزى يەرلىرىگە چۈشۈپ قالدى ـ دە، ئۆزەمنى تۇتالماي، ئۇنىڭغا ئېتىلدىم. تاڭ ئاتقاندا چىقىپ، جامائەتكە ئەھۋالنى يەتكۈزدۈم ۋە ئۇلاردىن مەن بىلەن بىرگە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلدىم، ئۇلار رەت قىلغاندىن كېيىن، ئۆزەم يالغۇز بېرىپ ئەھۋالنى يەتكۈزدۈم. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئى سەلەمە! سەن شۇ ئىشنى قىلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ شۇنداق، ئۇ ئىشنى قىلىپ سالدىم. ئى رەسۇلۇللاھ! ئاللاھنىڭ قانداقلا بۇيرۇقى بولسا، مەن سەۋر قىلىمەن. مېنىڭ بۇ ئىشىمغا ئاللاھنىڭ ساڭا كۆرسەتكىنى بويىچە ھۆكۈم قىلغىن! ـ دېدىم.

ـ بىر گەدەن (يەنى قۇل) ئازاد قىل! ـ دېدى. مەن:

ــ سېنى ھەقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا گەدىنىم يوق، ـ دەپ، ئۆز گەدىنىمگە ياققىدە بىرنى سالدىم.

ـ ئۇنداقتا، ئىككى ئاي ئۇزۇلدۇرمەي روزا تۇتقىن! ـ دېدى.

ـ بۇ خاتالىقنى روزا ئېيىدا ئۆتكۈزمىدىممۇ؟ ـ دېدىم.

ـ ئۇنداقتا، ئاتمىش مىسكىنگە ئاتمىش سا خورما بەر! ـ دېدى. مەن:

ــ سېنى ھەقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بىزدە يەيدىغان بىر نەرسە بولمىغاچقا، قورساق ئاچ ياتقاندۇق، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، سەن بەنى زۇرەيق قەبىلىسىدىن يىغىلغان سەدىقىگە قارىغۇچىنىڭ يېنىغا بار. ئۇ ساڭا شۇ سەدىقىنى بەرسۇن، سەن ئۇنىڭدىن ئاتمىش سانى ئاتمىش مىسكىنگە بېرىپ، قالغىنىنى ئايال ـ بالىلىرىڭ بىلەن يېگىن! ــ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن قەۋمىمنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ:

ــ سىلەرگە ئەھۋالنى دېسەم، ئىشنى قىيىنلاشتۇرۇپ، يامان تەرىپىنى ئويتتۇرىغا قويۇشتۇڭلار. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بارغانىدىم، ئىشنى ئاسانلاشتۇرۇپ، ياخشى پىكىر بەردى ۋە سىلەرنىڭ سەدىقەڭلارنى ماڭا بۇيرۇپ بەردى، ـ دېدىم[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2213)

4438 - عَنْ خُوَيْلَةَ بِنْتِ مَالِكِ بْنِ ثَعْلَبَةَ قَالَتْ ظَاهَرَ مِني زَوْجِي أَوْسُ بْنُ الصامِتِ فَجِئْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَشْكُو إِلَيْهِ وَرَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ

[1] ئەلبانى (1933): ھەسەن، ـ دېگەن.

يُجَادِلُنِي فِيهِ وَيَقُولُ اتِقِي اللهَ فَإِنهُ ابْنُ عَمكِ فَمَا بَرِحْتُ حَتى نَزَلَ الْقُرْآنُ قَدْ سَمِعَ اللهُ قَوْلَ التِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا إِلَى الْفَرْضِ فَقَالَ يُعْتِقُ رَقَبَةً قَالَتْ لَا يَجِدُ قَالَ فَيَصُومُ شَهْرَيْنِ مُتَتَابِعَيْنِ قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِنهُ شَيْخٌ كَبِيرٌ مَا بِهِ مِنْ صِيَامٍ قَالَ فَلْيُطْعِمْ سِتينَ مِسْكِينًا قَالَتْ مَا عِنْدَهُ مِنْ شَيْءٍ يَتَصَدقُ بِهِ قَالَتْ فَأُتِيَ سَاعَتَئِذٍ بِعَرَقٍ مِنْ تَمْرٍ قُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ فَإِني أُعِينُهُ بِعَرَقٍ آخَرَ قَالَ قَدْ أَحْسَنْتِ اذْهَبِي فَأَطْعِمِي بِهَا عَنْهُ سِتينَ مِسْكِينًا وَارْجِعِي إِلَى ابْنِ عَمكِ.

4438 ـ خۇۋەيلە بىنتى مالىك ئىبنى سەئلەبە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئېرىم ئەۋس ئىبنى سامىت مېنى زىھار قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا شىكايەت قىلىپ باردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىككىمىز بۇ ھەقتە تالاش ـ تارتىش قىلىشتۇق. ئۇ:

ــ اللەتىن قورق! ئۇ دېگەن تاغاڭنىڭ ئوغلى تۇرسا؟! ــ دېدى. مەن تېخى ئورنۇمدىن قوزغالماي تۇرۇپ: ﴿اللە ھەققەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە اللەقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. اللە ئىككىڭلارنىڭ سۆزۈڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، اللە ھەققەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر. سىلەردىن ئاياللىرىنى زىھار قىلغانلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنى ئانىلىرىمىزنىڭ ئۇچىلىرىغا ئوخشاش دېگۈچىلەرنىڭ) ئاياللىرى ئۇلارنىڭ ئانىلىرى ئەمەستۇر. پەقەت ئۇلارنى تۇغقان ئاياللارلا ئۇلارنىڭ ئانىلىرىدۇر. ھالبۇكى، ئۇلار (زىھار قىلغۇچىلار) ئەلۋەتتە يامان سۆزنى، يالغان سۆزنى قىلىدۇ. اللە شەك ـ شۈبھىسىزكى، (تەۋبە قىلغۇچىنى) ئەپۇ قىلغۇچىدۇر، مەغفىرەت قىلغۇچىدۇر. ئاياللىرىنى زىھار قىلىپ، ئاندىن قىلغان سۆزىگە (يەنى زىھار قىلغانلىقىغا) پۇشايمان قىلغانلار (ئەر ـ ئايال ئىككىسى) يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى بىر قۇلنى ئازاد قىلىشى لازىم. بۇنىڭ بىلەن سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ. اللە سىلەرنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشىڭلاردىن تولۇق خەۋەرداردۇر. (ئازاد قىلىشقا) قۇلى يوق ئادەم ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلىشتىن ئىلگىرى ئۇدا ئىككى ئاي

روزا تۇتۇشــى لازىــم. (قېرىلــىق يــاكى كېســەللىك ســەۋەبى بىــلەن روزا تۇتۇشقا) قادىر بولالـمىغان ئادەم (60 مـىسكىنگە بىر ۋاخ تامـاق بېرىشـى لازىم). بۇ (ئەھكام) اللہ ۋە ئۇنىـڭ پەيغەمبىـرى (ئەمىـر قىلغـان ئىشـلارغا) تەستىـق قىلىشـىڭلار ئۈچۈن (بايان قىلىنىدى). بـۇلار اللہنىـڭ قانۇنىـدۇر (بۇ قانۇننى) ئىنكار قىلغۇچىلار قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىـدۇ﴾[①] دېگەن (بۇنىڭ كەففارىتىنى بايـان قىلغـان) ئـايەتلەر نازىـل بولـدى. پەيغەمــبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئېرىڭ بىر قۇل ئازاد قىلسۇن! ـ دېدى. مەن:

ــ قـۇل ئـازاد قىلالمايـدۇ، ـ دېـدىم. پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلەيھـى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتسۇن! ـ دېدى. مەن:

ــ ئـى رەسـۇلۇللاھ! ئـۇ دېـگەن بەكـلا قېرىــپ كەتـكەن ئـادەم، روزا تۇتقۇدەك ھالى يوق، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا، ئاتمىش مىسكىنگە تاماق بەرسۇن! ـ دېدى. مەن:

ـ ئۇنىـڭ كەففارەت بەرگـۈدەك بىــر نېمىسى يـوق، ـ دېـدىم. دەل شـۇ پەيتــتە، پەيغەمــبەر ســەللاللاھۇ ئەلەيھــى ۋەســەللەمنىڭ يېنىغــا بىــر زەمبىل خورما ئېلىپ كېلىندى. مەن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەنمۇ ئۇنىڭغا بىر زەمبىل خورما ياردەم قىلاي، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداقتا ياخشى، بۇنىمۇ ئېلىــپ بېرىــپ، ئۇنىــڭ ئورنىــدا ئـاتمىش مىسكىننى تويغۇزغىن. ئاندىن تاغاڭنىڭ ئوغلىنىڭ (يەنى ئېرىڭنىڭ) يېنىغا قايتقىن! ـ دېدى[②].

(ئەبۇ داۋۇد: 2214)

---

[①] سۈرە مۇجادىلە، 1 ـ ئايەتتىن 4 ـ ئايەتكىچە.

[②] ئەلبانى (1934): ھەسەن، ـ دېگەن.

## لەنەت ئېيتىشىش، بالىنى نەسەبگە چېتىش ۋە تېپىۋېلىنغان بالا

4439 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أن هِلَالَ بْنَ أُمية قَذَفَ امْرَأَتُه عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِشَرِيكِ ابْنِ سَحْمَاءَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسلمَ الْبينَةُ أَوْ حَد فِي ظَهْـرِكَ قَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِذَا رَأى أَحَدُنَا رَجُلًا عَلَى امْرَأَتِهِ يَلْتَمِسُ الْبينَةَ فَجَعَلَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْبينَةُ وَإِلا فَحَد فِي ظَهْرِكَ فَقَالَ هِلَالٌ وَالذِي بَعَثَكَ بِالْحَق نَبِيا إِني لَصَـادِقٌ وَلَيُنْزِلَن اللهُ فِي أَمْرِي مَا يُبرِئُ بِهِ ظَهْرِي مِنْ الْحَد فَنَزَلَتْ وَالذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ وَلَـمْ يَكُنْ لَهُمْ شُهَدَاءُ إِلا أَنْفُسُهُمْ فَقَرَأَ حَتى بَلَغَ مِنْ الصادِقِينَ فَانْصَرَفَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ فَأَرْسَلَ إِلَيْهِمَا فَجَاءَا فَقَامَ هِلَالُ بْنُ أُمية فَشَهِدَ وَالنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ اللهُ يَعْلَمُ أن أَحَدَكُمَا كَاذِبٌ فَهَلْ مِنْكُمَا مِنْ تَائِبٍ ثُم قَامَتْ فَشَهِدَتْ فَلَما كَانَ عِنْدَ الْخَامِسَةِ أن غَضَبَ اللهِ عَلَيْهَا إِنْ كَانَ مِنْ الصادِقِينَ وَقَالُوا لَهَا إِنهَا مُوجِبَةٌ قَالَ ابْنُ عَباسٍ فَتَلَكأَتْ وَنَكَصَتْ حَتى ظَنَنا أَنهَا سَتَرْجِعُ فَقَالَتْ لَا أَفْضَحُ قَوْمِي سَائِرَ الْيَوْمِ فَمَضَتْ فَقَالَ النبِـي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبْصِرُوهَا فَإِنْ جَاءَتْ بِهِ أَكْحَلَ الْعَيْنَيْنِ سَابِغَ الْأَلْيَتَيْنِ خَدَلجَ الساقَيْنِ فَهُوَ لِشَرِيكِ ابْنِ سَحْمَاءَ فَجَاءَتْ بِهِ كَذَلِكَ فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْلَا مَا مَضَى مِنْ كِتَابِ اللهِ لَكَانَ لِي وَلَهَا شَأْنٌ.

4439 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ھىلال ئىبنى ئۇمەييە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھوزۇرىدا ئۆز ئايالىنى:

ــ شەرىك ئىبنى سەھما دېگەن كىشى بىلەن زىنا قىلدى، ـ دەپ قارىلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇنىڭغا گۇۋاھچى كەلتۈرۈشۈڭ كېرەك. بولمىسا، پاك ئاياللارغا تۆھمەت قىلغانلىقىڭ ئۈچۈن جازاغا تارتىلىسەن، ـ دېدى. ھىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! بىر كىشى ئايالىنى باشقا ئەر بىلەن تۇتۇۋېلىپ تۇرۇپ، بۇنى ئىسپاتلايمەن دەپ، گۇۋاھچى چاقىرغىلى كېتەرمۇ؟! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ بۇنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن گۇۋاھچى تاپقىن، بولمىسا تۆھمەت جازاسىغا تارتىلىسەن، ـ دەپ تۇرىۋەردى. ھىلال:

ــ سېنى ھەقنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتكەن اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، مەن راست ئېيتىۋاتىمەن. الله چوقۇم مېنىڭ مەسىلەم توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلىپ، مېنى جازاغا تارتىلىشتىن قۇتۇلدۇرىدۇ، ـ دېدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي: خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، اللهنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن. بەشىنچى قېتىمىدا: «ئەگەر يالغانچى بولسام، ماڭا اللهنىڭ لەنىتى بولسۇن» دېسۇن. خوتۇن كىشى ئېرىنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىگە اللهنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم ئىچسە، جازاغا تارتىلىشتىن ساقلاپ قېلىنىدۇ. بەشىنچى قېتىمىدا، ئۇ ئەگەر راستچىللاردىن بولسا (يەنى ئېرىمنىڭ گېپى راست بولىدىغان بولسا) ماڭا اللهنىڭ غەزىپى بولسۇن دەپ قەسەم قىلىدۇŶ[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەم ئەۋەتىپ، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسىنى چاقىرتىپ كەلدى. ھىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆرە تۇرۇپ يۇقىرىقى ئايەت بويىچە قەسەم ئىچتى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىككىڭلاردىن بىرىڭنىڭ يالغانچى ئىكەنلىكىنى الله بىلىپ تۇرىدۇ، يالغان ئېيتىپ سالغان بولساڭلار، تەۋبە قىلىۋالامسىلەر؟ ـ دەپ

[1] سۈرە نۇر، 6 ـ ئايەتتىن 9 ـ ئايەتكىچە.

تۇرۇۋاتاتتى. ئاندىن ئايالى ئورنىدىن تۇرۇپ قەسەم ئىچىپ، بەشىنچى قېتىملىق قەسەمگە كەلگەن چاغدا، ئەتراپىدىكىلەر ئۇ ئايالغا:

ـ (ئەگەر يالغان ئېيتقان بولساڭ) بۇ قېتىمقى قەسەم ساڭا ئازاب ئېلىپ كېلىدۇ، ـ دېدى. ئۇ ئايال كېكەچلىشىپ ئارقىسىغا داجىپ كەتتى. بىز بۇنى كۆرۈپ، بۇ ئايال سۆزىدىن يېنىپ راست گەپنى قىلىدىغان بولدى دەپ ئويلىغانىدۇق. بىراق ئۇ ئايال:

ــ مەن ئەمدى قەۋمىمنى رەسۋا قىلمايمەن، ـ دېدى ۋە بەشىنچى قەسەمنىمۇ قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــــ ئۇ ئايالغا دىققەت قىلىڭلار. ئەگەر قورساقتىكى بالىسى كىرپىكلىرى كۆزىگە سۈرمە تارتقاندەك قاپقارا، ساغرىسى يوغان، ئىككى پۇتى سېمىز (بوغماق) تۇغۇلسا، ئۇ بالا شەرىك ئىبنى سەھمادىن بولغان بولىدۇ، ـ دېدى. دەرۋەقە، بالا شۇنداق تۇغۇلدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ اللهنىڭ كىتابىدىكى (قەسەم ئىچىش بىلەن جازانىڭ ساقىت بولۇشىدىن ئىبارەت) ھۆكۈم تەتبىقلىنىپ بولمىغان بولسا ئىدى، ئۇ ئايالنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتەتتىم، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2254)

4440 ـ وفي رواية: جَاءَ هِلَالُ بْنُ أُمية وَهُوَ أَحَدُ الثَلَاثَةِ الذِينَ تِيبَ عَلَيهِمْ فَجَاءَ مِنْ أَرْضِهِ عِشَاءً فَوَجَدَ عِنْدَ أَهْلِهِ رَجُلًا فَرَأى بِعَيْنَيهِ وَسَمِعَ بِأُذُنَيهِ فَلَمْ يَهِجْهُ حَتى أَصْبَحَ فَغَدَا عَلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ فأخبره فَكَرِهَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ مَا جَاءَ بِهِ وَاشْتَد عَلَيهِ، فَنَزَلَتْ وَالذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُمْ شُهَدَاءُ إِلا أَنفُسُهُمْ فَشَهَادَةُ أَحَدِهِمْ الْآيَةَ فَسُرِيَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ فَقَالَ أَبْشِرْ يَا هِلَالُ فَقَدْ جَعَلَ اللهُ لَكَ فَرَجًا وَمَخْرَجًا فَقَالَ هِلَالٌ قَدْ كُنتُ أَرْجُو ذَاكَ مِنْ رَبي عَز وَجَل فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ أَرْسِلُوا إِلَيهَا فَأَرْسَلُوا إِلَيهَا فَجَاءَتْ فَقَرَأَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ

[1] ئەلبانى (1974): سەھىھ ـ دېگەن.

وَسَلمَ عَلَيهِمَا وَذَكَرَهُمَا وَأَخْبَرَهُمَا أَن عَذَابَ الْآخِرَةِ أَشَد مِنْ عَذَابِ الدنْيَا...بنحوه. وفيه فَفَرقَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ بَيْنَهُمَا وَقَضَى أَنهُ لَا يُدْعَى وَلَدُهَا لِأَبٍ وَلَا تُرْمَى هِيَ بِهِ وَلَا يُرْمَى وَلَدُهَا وَمَنْ رَمَاهَا أَوْ رَمَى وَلَدَهَا فَعَلَيهِ الْحَد وَقَضَى أَنْ لَا بَيْتَ لَهَا عَلَيهِ وَلَا قُوتَ مِنْ أَجْلِ أَنهُمَا يَتَفَرقَانِ مِنْ غَيْرِ طَلَاقٍ وَلَا مُتَوَفى عَنْهَا وَقَالَ إِنْ جَاءَتْ بِهِ أُصَيْهِبَ أُرَيْسِحَ حَمْشَ الساقَيْنِ فَهُوَ لِهِلَالٍ وَإِنْ جَاءَتْ بِهِ أَوْرَقَ جَعْدًا جُمَالِيا خَدَلجَ الساقَيْنِ سَابِغَ الْأَلْيَتَيْنِ فَهُوَ لِلذِي رُمِيَتْ بِهِ فَجَاءَتْ بِهِ أَوْرَقَ جَعْدًا جُمَالِيا خَدَلجَ الساقَيْنِ سَابِغَ الْأَلْيَتَيْنِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيهِ وَسَلمَ لَوْلَا الْأَيْمَانُ لَكَانَ لِي وَلَهَا شَأْنٌ قَالَ عِكْرِمَةُ فَكَانَ بَعْدَ ذَلِكَ أَمِيرًا عَلَى مِصْرٍ وَكَانَ يُدْعَى لِأُمهِ وَمَا يُدْعَى لِأَبِيهِ.

4440 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: تەۋبىسى قوبۇل قىلىنغان ئۈچ كىشىنىڭ بىرسى بولغان ھىلال ئىبنى ئۈمەييە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىر كۈنى كەچتە ئېتىزلىقىدىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئايالىنىڭ بىر ئەر بىلەن ياتقانلىقىنى كۆرىدۇ، ئۇلارنىڭ قىلمىشىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلايدۇ. ئەمما تاڭ ئاتقانغا قەدەر ئۇلارغا تۇيدۇرمايدۇ. تاڭ ئاتقان ھامان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ۋەقەنى ئېيتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ ۋەقەگە بەك ئېچىنىدۇ ۋە بەكمۇ ھار ئالىدۇ. كۆپ ئۆتمەي: ﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن...﴾ دېگەن ئايەتلەر نازىل بولىدۇ، شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ چىرايى ئېچىلىپ:

— ئى ھىلال! خۇش خەۋەر، الله ساڭا چىقىش يولى ئاتا قىلدى، ـ دەيدۇ. ھىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

— مەن رەببىمنىڭ ماڭا چىقىش يولى ئاتا قىلىشىنى ئۈمىد قىلىۋاتاتتىم، ـ دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئادەم ئەۋەتىپ، ھىلالنىڭ ئايالىنى چاقىرتىپ كېلىدۇ. ئاندىن ئىككىسىگە يۇقىرىقى ئايەتلەرنى ئوقۇپ بېرىپ، ئۇلارغا ۋەز ـ نەسىھەت قىلىدۇ ۋە بۇ

دۇنيانىڭ ئازابىدىن ئاخىرەتنىڭ ئازابىنىڭ تېخىمۇ دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈردۇ. ئاندىن ئۇلار يۇقىرىقى ھەدىستە ئېيتىلغاندەك قەسەم قىلىشىدۇ. بۇ رىۋايەتتە بايان قىلىنىشىچە، ئۇلار لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئايرىۋېتىدۇ ۋە ئۇ ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بالىنى (پالانىنىڭ بالىسى دېگەندەك) مۇئەييەن بىر كىشىگە نىسبەت بەرمەسلىككە، ئۇ ئايالنى زىنا قىلغان دەپ قارىلىماسلىققا ۋە ئۇ ئايالنىڭ بالىسىنىمۇ ھارامدىن بولغان بالا دەپ ئەيىبلىمەسلىككە ھۆكۈم قىلغاندىن سىرت، ئۇ ئايالنى زىنا قىلغان دەپ قارىلىغان ياكى بالىسىنى ھارامدىن بولغان دەپ ئەيىبلىگەن كىشىنىڭ (پاك ئادەمگە قارا چاپلاش گۇناھىنىڭ جازاسى بىلەن) جازالىنىدىغانلىقىنى جاكارلايدۇ. ئايالنىڭ ئاجرىشىپ كېتىشى، ھىلال رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئۇنى تالاق قىلىۋېتىشى ياكى ۋاپات بولۇپ كېتىشى سەۋەبىدىن بولمىغاچقا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھىلالنى (ئىددىتى چىققۇچە) ئۇ ئايالغا ئۆي تۇتۇپ بېرىش ۋە خىراجىتىنى بېرىشكە بۇيرىمايدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئايالنىڭ قورسىقىدىكى بالا رەڭگى قىزغۇچ، ساغرىسى كىچىك ۋە پاچاقلىرى ئىنچىكە تۇغۇلسا، ئۇ بالا ھىلالدىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر بۇغداي ئۆڭلۈك، بۈدرە چاچلىق، ئۇستىخانلىرى چوڭ، ئىككى پۇتى سېمىز (بوغماق) ۋە ساغرىسى يوغان تۇغۇلسا، ئۇ بالا قارا چاپلانغان كىشىدىن بولغان بولىدۇ، ـ دەيدۇ. كېيىن، ئۇ بالا بۇغداي ئۆڭلۈك، بۈدرە چاچلىق، ئۇستىخانلىرى چوڭ، ئىككى پۇتى سېمىز (بوغماق) ۋە ساغرىسى يوغان تۇغۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئىچكەن قەسىمى بولمىغان بولسا ئىدى، مەن ئۇ ئايالنىڭ كۆرگۈلۈكىنى كۆرسىتىۋەتكەن بولاتتىم، ـ دەيدۇ. ئىكرىمە مۇنداق دەيدۇ:

ــ ئۇ بالا كېيىن مىسىرغا باشلىق بولدى، ئۇ، دادىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالماي، ئانىسىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىلاتتى[1].

(ئەھمەد: 2132)

4441 - عَنْ مُحَمدٍ قَالَ سَأَلْتُ أَنسَ بْنَ مَالِكٍ وَأَنا أُرَى أَن عِنْدَهُ مِنْهُ عِلْمًا فَقَالَ إِن هِلَالَ بْنَ أُميةَ قَذَفَ امْرَأَتَهُ بِشَرِيكِ ابْنِ سَحْمَاءَ وَكَانَ أَخَا الْبَرَاءِ بْنِ مَالِكٍ لِأُمِهِ وَكَانَ أَولَ رَجُلٍ لَاعَنَ فِي الْإِسْلَامِ قَالَ فَلَاعَنَهَا فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبْصِرُوهَا فَإِنْ جَاءَتْ بِهِ أَبْيَضَ سَبِطًا قَضِيءَ الْعَيْنَيْنِ فَهُوَ لِهِلَالِ بْنِ أُميةَ وَإِنْ جَاءَتْ بِهِ أَكْحَلَ جَعْدًا حَمْشَ الساقَيْنِ فَهُوَ لِشَرِيكِ ابْنِ سَحْمَاءَ قَالَ فَأُنْبِئْتُ أَنهَا جَاءَتْ بِهِ أَكْحَلَ جَعْدًا حَمْشَ الساقَيْنِ.

4441 ـ مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن (ئۇنىڭ بۇ لەنەت ئېيتىشىش ھادىسىسىدىن خەۋىرى بار دەپ ئويلاپ) بۇ ۋەقە توغرۇلۇق سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ـ ھىلال ئىبنى ئۇمەييە ئايالىنى: شەرىك ئىبنى سەھما دېگەن كىشى بىلەن زىنا قىلدى، ـ دەپ قارىلىدى. شەرىك بولسا، بەرا ئىبنى مالىكنىڭ ئانا بىر، دادا باشقا بىر تۇغقىنى ئىدى. ھىلال ئىسلام تارىخىدا تۇنجى لەنەت ئېيتىشقان كىشى بولدۇ. ئۇ ئايالى بىلەن لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇ ئايالنى كۆزىتىڭلار. قورساقتىكى بالىسى رەڭگى ئاق، چاچلىرى تۈز، كۆزى چاپاق تۇغۇلسا، ئۇ بالا ھىلالدىن بولغان بولىدۇ. ئەگەر كىرپىكلىرى كۆزىگە سۈرمە تارتقاندەك قاپقارا، چاچلىرى بۇدرە، پاچاقلىرى ئىنچىكە تۇغۇلسا، ئۇ بالا شەرىك ئىبنى سەھمادىن بولغان بولىدۇ، ـ دېدى. كېيىن، مەن ئۇ بالىنىڭ كىرپىكلىرى كۆزىگە سۈرمە

[1] ھەيسەمى (7840): بۇ ھەدىسنى ئىمام ئەھمەد رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدە ئەبباد ئىبنى مەنسۇر ئىسىملىك ھەدىسى زەئىپ كىشى بار، ـ دېگەن.

تارتقاندەك قاپقارا، چاچلىرى بۇدرە، پاچاقلىرى ئىنچىكە تۇغۇلغانلىقىنى ئاڭلىدىم.

(مۇسلىم: 1496)

4442 - عَنْ سَهْلَ بْنَ سَعْدٍ الساعِدِي أَخْبَرَهُ أن عُوَيْمِرًا الْعَجْلَانِي جَاءَ إِلَى عَاصِمِ بْنِ عَدِي الْأَنصَارِي فَقَالَ لَهُ يَا عَاصِمُ أَرَأَيتَ رَجُلًا وَجَدَ مَعَ امْرَأَتِهِ رَجُلًا أَيقْتُلُهُ فَتقْتُلُونَهُ أَمْ كَيْفَ يَفْعَلُ سَلْ لِي يَا عَاصِمُ عَنْ ذَلِكَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَأَلَ عَاصِمٌ عَنْ ذَلِكَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَكَرِهَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَسَائِلَ وَعَابَهَا حَتى كَبُرَ عَلَى عَاصِمٍ مَا سَمِعَ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما رَجَعَ عَاصِمٌ إِلَى أَهْلِهِ جَاءَ عُوَيْمِرٌ فَقَالَ يَا عَاصِمُ مَاذَا قَالَ لَكَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ عَاصِمٌ لَمْ تَأْتِنِي بِخَيْرٍ قَدْ كَرِهَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَسْأَلَةَ التِي سَأَلْتُهُ عَنْهَا قَالَ عُوَيْمِرٌ وَاللهِ لَا أَنْتَهِي حَتى أَسْأَلَهُ عَنْهَا فَأَقْبَلَ عُوَيْمِرٌ حَتى أَتى رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَسْطَ الناسِ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيتَ رَجُلًا وَجَدَ مَعَ امْرَأَتِهِ رَجُلًا أَيقْتُلُهُ فَتقْتُلُونَهُ أَمْ كَيْفَ يَفْعَلُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَدْ أُنزِلَ اللهُ فِيكَ وَفِي صَاحِبَتِكَ فَاذْهَبْ فَأْتِ بِهَا قَالَ سَهْلٌ فَتَلَاعَنَا وَأَنَا مَعَ الناسِ عِنْدَ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَلَما فَرَغَا قَالَ عُوَيْمِرٌ كَذَبْتُ عَلَيْهَا يَا رَسُولَ اللهِ إِنْ أَمْسَكْتُهَا فَطَلقَهَا ثَلَاثًا قَبْلَ أَنْ يَأْمُرَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ ابْنُ شِهَابٍ فَكَانَتْ تِلْكَ سُنةَ الْمُتَلَاعِنَيْنِ.

4442 ـ سەھل ئىبنى سەئد سائىدى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇۋەيمىر ئەجلانى (دېگەن ساھابە) ئاسىم ئىبنى ئەدىي ئەنسارى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى ئاسىم! بىر كىشى ئايالىنى باشقا بىر ئەر بىلەن تۇتىۋالسا، ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرىۋەتسە، ئۇ كىشى (قىساس ئۈچۈن) ئۆلتۈرۈلەمدۇ؟ ئەگەر ئۆلتۈرۈشكە بولمىسا، نېمە قىلىشى كېرەك؟ سەن بۇ توغرۇلۇق پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن يولىيورۇق سوراپ كەلگىن! ـ دېدى. ئاسىم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمدىن بۇ مەسىلە ھەققىدە سورىغانىدى، بۇ خىل سوئاللارنى ياقتۇرمىغان پەيغەمبەر

سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاسمنى (سورىغان سوئالى ئۈچۈن) ئەيىبلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەيىبلىك سۆزلىرى ئاسىمغا بەكمۇ ھار كەلگەنىدى. ئاسىم ئۆيىگە قايتقاندىن كېيىن، ئۇۋەيمىر كېلىپ ئۇنىڭدىن:

ــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام نېمە دېدى؟ ـ دەپ سورىدى. ئاسىم:

ــ سەن مېنىڭ يېنىمغا ياخشى سوئال ئېلىپ كەلمەپسەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ سوئالنى ياقتۇرمىدى، ـ دېدى. ئۇۋەيمىر:

ــ الله تائالانىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، بۇ مەسىلىنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئۆزەم بىۋاستە سورىمىغىچە بولدى قىلمايمەن، ـ دېدى ۋە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بىر كىشى ئايالىنى باشقا بىر ئەر بىلەن تۇتۇۋالسا، ئۇ ئەرنى ئۆلتۈرىۋەتسە، سىلەر ئۇنى (قىساس ئۈچۈن) ئۆلتۈرەمسىلەر؟ ئۆلتۈرۈشكە بولمىسا، نېمە قىلىش كېرەك؟ ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ الله سەن ۋە ئايالىڭ توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلدى، بېرىپ ئايالىڭنى ئېلىپ كەلگىن! ـ دېدى.

سەھل مۇنداق دەيدۇ: شۇنىڭ بىلەن، ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىدا لەنەت ئېيتىشتى. مەنمۇ شۇ سورۇندا بار ئىدىم. لەنەت ئېيتىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇۋەيمىر:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! لەنەت ئېيتىشىپ بولۇپ، مەن ئۇنى يەنە خوتۇن قىلىپ تۇتۇپ تۇرسام، ئۇنىڭغا تۆھمەت قىلغان بولىمەن، ـ دېدى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى تالاق قىلىشقا بۇيرۇشتىن بۇرۇنلا ئۈچ تالاق قىلىۋەتتى.

ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: شۇندىن ئېتىبارەن، لەنەت ئېيتىشىپ بولۇپ تالاق قىلىۋېتىش لەنەت ئېيتىشقۇچىلارنىڭ سۈننىتىگە ئايلىنىپ قالدى.

(بۇخارى: 5259)

4443 - وفي رواية: وَكَانَتْ حَامِلًا وَكَانَ ابْنُهَا يُدْعَى لِأُمِهِ قَالَ ثُم جَرَتْ السنةُ فِي مِيرَاثِهَا أَنهَا تَرِثُهُ وَيَرِث مِنْهَا مَا فَرَضَ اللهُ لَهُ.

4443 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇنىڭ ئايالى ھامىلدار ئىدى، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن (دادىسىنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنماستىن)، يالانى ئايالىنىڭ بالىسى دەپ چاقىرىلىدىغان بولدى. شۇندىن ئېتىبارەن، بالىسىنىڭ مىراسىنى ئانىسى ئالىدىغان، ئانىسىنىڭ مىراسىدىن الله بالىغا تېگىشلىك دەپ بەلگىلەپ بەرگەن قىسمىنى شۇ بالىسى ئالىدىغان بىر خىل سۈننەت جارى بولۇپ كەلدى.

(بۇخارى: 5309)

4444 - عَنْ سَهْلِ بْنِ سَعْدٍ فِي خَبَرِ الْمُتَلَاعِنَيْنِ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَبْصِرُوهَا فَإِنْ جَاءَتْ بِهِ أَدْعَجَ الْعَيْنَيْنِ عَظِيمَ الْأَلْيَتَيْنِ فَلَا أُرَاهُ إِلا قَدْ صَدَقَ وَإِنْ جَاءَتْ بِهِ أُحَيْمِرَ كَأَنهُ وَحَرَةٌ فَلَا أُرَاهُ إِلا كَاذِبًا قَالَ فَجَاءَتْ بِهِ عَلَى النعْتِ الْمَكْرُوهِ.

4444 ـ سەھل ئىبنى سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ لەنەت ئېيتىشقۇچىلار توغرىسىدا ھەدىس رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

«ئۇ ئايالنى كۆزىتىڭلار! (قورساقتىكى) بالىسى كۆزىنىڭ قارىسى قاپقارا، ساغرىسى يوغان تۇغۇلسا، ئېرى راست ئېيتقان بولىدۇ. ئەگەر بالا خۇددى كەسلەنچۈكتەك قىزىل تۇغۇلسا، ئېرى يالغان ئېيتقان بولىدۇ» دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بالا (ئانىسى تەرەپتىن) يامان كۆرۈلگەن (يەنى

تۆھمەتنى ئىسپاتلاپ، دادىسىنىڭ سۆزىنى راست قىلىپ قويىدىغان) سۈپەت بىلەن تۇغۇلدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2248)

4445 - قَالَ رَجُلٌ لِابْنِ عَباسٍ فِي الْمَجْلِسِ هِيَ الَتِي قَالَ النَبِي صَلى الله عَلَيْهِ وَسَلمَ لَوْ رَجَمْتُ أَحَدًا بِغَيْرِ بَيِنَةٍ رَجَمْتُ هَذِهِ فَقَالَ لَا تِلْكَ امْرَأَةٌ كَانَتْ تُظْهِرُ فِي الْإِسْلَامِ السوءَ.

4445 ـ بىر سورۇندا ئاسىم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىسسىسى زىكىر قىلىنغانىدى، بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مەن بىرەرسىنى پاكىتسىز چالما ـ كېسەك قىلىدىغان بولسام، مانا مۇشۇ ئايالنى قىلغان بولاتتىم» دېگەن سۆزىدىن مۇشۇ ئايال كۆزدە تۇتۇلغانمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ ياق، ئۇ ئەمەس. ئۇ دېگەن ئىسلام جەمئىيىتىدە ناچار قىلىقلار بىلەن تونۇلغان (ئەمما پاھىشە قىلغانلىقىغا ئىسپات يوق) باشقا بىر ئايال ئىدى، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5310)

4446 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن النَبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَرَ رَجُلًا حِينَ أَمَرَ الْمُتَلَاعِنَيْنِ أَنْ يَتَلَاعَنَا أَنْ يَضَعَ يَدَهُ عِنْدَ الْخَامِسَةِ عَلَى فِيهِ وَقَالَ إِنَهَا مُوجِبَةٌ.

4446 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق رىۋايەت قىلىدۇ: بىر جۈپ ئەر ـ ئايال لەنەت ئېيتىشىپ، بەشىنچى قېتىمغا كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەرنى قولىنى ئاغزىغا قويۇۋېلىشقا بۇيرۇپ:

«بۇ (بەشىنچى) قېتىمقىسى الله تائالانىڭ ئازابىنى ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى[2].

(نەسائى: 3472)

[1] ئەلبانى (1967): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3249): سەھىھ ـ دېگەن.

4447 - عَنْ حُذَيْفَةَ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ: "يَا أَبَا بَكْرٍ، أَرَأَيتَ لَوْ وَجَدْتَ مَعَ أُم رُومَانَ رَجُلا مَا كُنتَ صَانِعًا، قَالَ: كُنتُ فَاعِلا بِهِ شَرًا، ثُم قَالَ: "يَا عُمَرُ أَرَأَيتَ لَوْ وَجَدْتَ رَجُلا مَا كُنتَ صَانِعًا، قَالَ: كُنتُ وَاللهِ قَاتِلَهُ، قَالَ: "وَأَنتَ يَا سُهَيْلُ ابْنُ بَيْضَاءَ"، فَقَالَ: لَعَنَ اللهُ الأَبْعَدَ فَهُوَ خَبِيثٌ، وَلَعَنَ اللهُ الْبُعْدَى فَهِيَ خَبِيثَةٌ، وَلَعَنَ اللهُ أَولَ الثلاثَةِ، ذَكَرَهُ، فَقَالَ: "يَا ابْنَ بَيْضَاءَ، تَأَولْتَ الْقُرْآنَ: وَالذِينَ يَرْمُونَ أَزْوَاجَهُمْ إِلَى آخِرِ الآيَةِ".

4447 ـ ھۇزەيفە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ئەي ئەبۇ بەكرى! ئېيتىپ باققىنە، ئەگەر ئۇممۇ رومانىنى باشقا بىرى بىلەن تۇتىۋالساڭ، قانداق قىلىسەن؟ ـ دېگەنىدى، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ ئۇنى بوش قويمايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەي ئۆمەر! سەن ئېيتىپ باققىنە، ئەگەر سەن تۇتىۋالساڭ، قانداق قىلىسەن؟ ـ دەپ سورىدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئاللاھنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، مەن ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرىۋېتىمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئەي سۇھەيل ئىبنى بەيزا! سەنچۇ؟ ـ دېدى. سۇھەيل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ (زىنا قىلغۇچى) ئۇ ئەرگە ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئۇ بۇ قىلمىشى بىلەن رەزىل بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ. (زىنا قىلغۇچى) ئايالغىمۇ ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئۇمۇ بۇ قىلمىشى بىلەن رەزىل بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ. بۇ ئىككىسى ئۇستىدىن شىكايەت قىلىپ كەلگەن ئەرگىمۇ (ئەگەر يالغاندىن تۆھمەت قىلىپ كەلگەن بولسا) ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن، ئۇمۇ بۇ قىلمىشى بىلەن رەزىل بىر ئادەمگە ئايلىنىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئەي ئىبنى بەيزا! سەن (بۇ سۆزۈڭ بىلەن) الله تائالانىڭ: ﴿خوتۇنلىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزلىرىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن...﴾[1] دېگەن ئايىتىنى ئىزاھلاپ بەرگەن بولدۇڭ، ـ دېدى[2].

(«ئەلئەۋسەت»)

4448 - عن ابن عباس قال تزوج رجل من الانصار امرأة من بلعجـلان فبـات عندها ليلة فلما أصبح فوجدها عذراء فرفع شأنهما إلى النبي صلى الله عليه وسلم فـدعا الجارية فقالت بلى كنت عذراء فأمر بهما فتلاعنا وأعطاها المهر.

4448 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەنسارىلاردىن بىر كىشى بەلئەجلان قەبىلىسىدىن بىر ئايالغا ئۆيلەندى ۋە بىرگە بولغان كېچىسى ئۇ ئايالنىڭ قىز ئەمەسلىكىنى سېزىپ، بۇ ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى چاقىرىپ سورىغاندى، ئايال:

ـ مەن قىز ئىدىم، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئەر ـ ئايال ئىككىسىنى لەنەت ئېيتىششقا بۇيرۇدى. ئىككىسى لەنەت ئېيتىشقاندىن كېيىن، ئەر ئايالغا مەھرى ھەققىنى بەردى[3].

(بەززار: 1509)

4449 - عَنِ ٱبْنِ جُرَيْجٍ، قَالَ: قَالَ عَلِي، وَٱبْنُ مَسْعُودٍ: "إِنْ قَذَفَهَا وَقَدْ طَلَقَهَـا، وَلَهُ عَلَيْهَا رَجْعَةٌ لاعَنَهَا، وَإِنْ قَذَفَهَا، وَقَدْ طَلَقَهَا وَبَتهَا لَمْ يُلاعِنْهَا".

[1] سۈرە نۇر، 6 ـ ئايەت.

[2] ھەيسەمى (784): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، سەنەدىدىكى مۇسا ئىبنى ئىسھاق دېگەن كىشىنىڭ كىملىكى ماڭا مەلۇم ئەمەس. ئۇنىڭدىن باشقا راۋىيلىرى سەھىھ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرىدۇر، ـ دېگەن.

[3] ھەيسەمى (7843): بۇ ھەدىسنى بەززار رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.

4449 ـ ئىبنى جۇرەيجتىن ئەلى ۋە ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئايالىنى تالاق قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن يېنىشىۋېلىش ھەققى بار تۇرۇپ، ئايالىنى باشقىلار بىلەن زىنا قىلدى دەپ قارىلىسا، (ئەر ـ ئايال) ئىككىسى لەنەت ئېيتىشىدۇ. ئەگەر تالاق قىلىۋەتكەن ۋە يېنىشىشقا يول قالمىغان ئايالىنى باشقىلار بىلەن زىنا قىلدى دەپ قارىلىسا، لەنەت ئېيتىشمايدۇ[1].

(«ئەلكەبىر»: 9660)

4450 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أنها قَالَتْ كَانَ عُتْبَةُ بْنُ أَبِي وَقاصٍ عَهِدَ إِلَى أَخِيهِ سَعْدِ بْنِ أَبِي وَقاصٍ أن ابْنَ وَلِيدَةِ زَمْعَةَ مِني فَاقْبِضْهُ إِلَيْكَ فَلَما كَانَ عَامُ الْفَتْحِ أَخَذَهُ سَعْدٌ فَقَالَ ابْنُ أَخِي قَدْ كَانَ عَهِدَ إِلَي فِيهِ فَقَامَ عَبْدُ بْنُ زَمْعَةَ فَقَالَ أَخِي وَابْنُ أَمَةِ أَبِي وُلِدَ عَلَى فِرَاشِهِ فَتَسَاوَقَا إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ سَعْدٌ يَا رَسُولَ اللهِ ابْنُ أَخِي كَانَ عَهِدَ إِلَي فِيهِ فَقَالَ عَبْدُ بْنُ زَمْعَةَ أَخِي وَابْنُ وَلِيدَةِ أَبِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هُوَ لَكَ يَا عَبْدُ بْنَ زَمْعَةَ الْوَلَدُ لِلْفِرَاشِ وَلِلْعَاهِرِ الْحَجَرُ ثُم قَالَ لِسَوْدَةَ بِنْتِ زَمْعَةَ احْتَجِبِي مِنْهُ لِمَا رَأَى مِنْ شَبَهِهِ بِعُتْبَةَ فَمَا رَآهَا حَتى لَقِيَ اللهَ.

4450 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۇتبە ئىبنى ئەبۇ ۋەققاس قېرىندىشى سەئد ئىبنى ئەبۇ ۋەققاسقا:

ـ زەمئەنىڭ دېدىكى تۇغقان بالا مېنىڭ بالام (يەنى مەندىن بولغان بالا)، سەن ئۇ بالىنى ئېلىپ، ئۆزەڭ باق، ـ دەپ تاپىلىدى. مەككە فەتھە قىلىنغان يىلى، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ بالىنى ئېلىپ:

ـ بۇ مېنىڭ قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، ئۇ ماڭا بۇ بالا توغرۇلۇق ۋەسىيەت قىلغان، ـ دېدى. زەمئەنىڭ ئوغلى ئەبد:

[1] ھەيسەمى (7845): بۇ ھەدىسنىڭ راۋىيلىرى ئىشەنچلىك، بىراق سەنەدى ئۈزۈك (يەنى زەئىپ ھەدىس قاتارىدا)، ـ دېگەن.

ـ بۇ مېنىڭ قېرىندىشىم، دادامنىڭ دېدىكىنىڭ ئوغلى، دادامنىڭ تۆشىكى ئۈستىدە تۇغۇلدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئىككىسى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا باردى. سەئد:

ـــ ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ مېنىڭ قېرىندىشىمدىن بولغان بالا، قېرىندىشىم ماڭا بۇ بالا توغرۇلۇق ۋەسىيەت قىلغانىدى، ـ دېدى. ئەبد:

ـ بۇ دېگەن مېنىڭ قېرىندىشىم، دادامنىڭ دېدىكىنىڭ ئوغلى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئى ئەبد ئىبنى زەمئە! ئۇ بالا ساڭا بېرىلىدۇ، بالا كىمنىڭ تۆشىكىدە[1] تۇغۇلسا، شۇنىڭ بولىدۇ. زىنا قىلغۇچى (نىڭ ئاغزى)غا تاش! ـــ دېدى. ئۇ بالىنىڭ ھەققەتەن ئۇتبەگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرگەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم زەمئەنىڭ قىزى سەۋدەگە:

ـ ئۇ بالىدىن يۆگىنىشىڭ كېرەك (يەنى ساڭا نامەھرەم)، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بالا تاكى ۋاپات تاپقانغا قەدەر سەۋدە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى كۆرۈپ باقمىدى.

(بۇخارى: 2745)

4451 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ الزبَيْرِ قَالَ كَانَتْ لِزَمْعَةَ جَارِيَةٌ يَطَؤُهَا هُوَ وَكَانَ يَظُن بِآخَرَ يَقَعُ عَلَيْهَا فَجَاءَتْ بِوَلَدٍ شِبْهِ الذِي كَانَ يَظُن بِهِ فَمَاتَ زَمْعَةُ وَهِيَ حُبْلَى فَذَكَرَتْ ذَلِكَ سَوْدَةُ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْوَلَدُ لِلْفِرَاشِ وَاحْتَجِبِي مِنْهُ يَا سَوْدَةُ فَلَيْسَ لَكِ بِأَخٍ.

4451 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زەمئەنىڭ بىر دېدىكى بار بولۇپ، ئۇ، بۇ دېدىكى بىلەن جىما قىلاتتى ۋە باشقا بىرسىنىڭمۇ بۇ دېدەك بىلەن جىما قىلىدىغانلىقىدىن گۇمانلىناتتى. مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ دېدەك

---

[1] يەنى ئايال كىمنىڭ نىكاھىدا بولسا ياكى كىمنىڭ مۈلكىدە بولسا، تۇغۇلغان بالا شۇنىڭ بولىدۇ. باشقا بىرسىنىڭ: مەن ئۇ ئايال بىلەن زىنا قىلغان، شۇڭا بالا مېنىڭكى، ـ دېيىش ھەققى يوق، گەرچە راستىن جىما قىلغان بولسىمۇ، دەۋاسى ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ.

بىر بالا تۇغدى. بالا زەمئەنىڭ گۇمانىدىكى (دېدىكى بىلەن زىنا قىلىدىغان) كىشىگە ئوخشايتتى. ئەمما زەمئە ئۇ دېدەك تېخى هامىلدار ۋاقتىدىلا (بالا تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن) ئۆلۈپ كەتتى. سەۋدە رەزىيەللاهۇ ئەنها بۇ ئەهۋالنى پەيغەمبەر سەللاللاهۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمگە يەتكۈزگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام:

ــ بالا كىمنىڭ تۆشەكىدە تۇغۇلسا، شۇنىڭ بولىدۇ. شۇنداقتىمۇ، سەن ئۇ بالىدىن ئۆزەڭنى هىجابقا ئال، چۈنكى ئۇ بالا سېنىڭ قېرىندىشىڭ ئەمەس ئىكەن، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3485)

4452 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بنِ أَبِي أُمَيةَ أن امْرَأَةً هَلَكَ عَنْهَا زَوْجُهَا فَاعْتَدتْ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا ثُم تَزَوجَتْ حِينَ حَلتْ فَمَكَثَتْ عِنْدَ زَوْجِهَا أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَنِصْفَ شَهْرٍ ثُم وَلَدَتْ وَلَدًا تَامًا فَجَاءَ زَوْجُهَا إِلَى عُمَرَ بنِ الْخَطابِ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَدَعَا عُمَرُ نِسْوَةً مِنْ نِسَاءِ الْجَاهِلِيةِ قُدَمَاءَ فَسَأَلَهُن عَنْ ذَلِكَ فَقَالَتْ امْرَأَةٌ مِنْهُن أَنا أُخْبِرُكَ عَنْ هَذِهِ الْمَرْأَةِ هَلَكَ عَنْهَا زَوْجُهَا حِينَ حَمَلَتْ مِنْهُ فَأُهْرِيقَتْ عَلَيْهِ الدمَاءُ فَحَش وَلَدُهَا فِي بَطْنِهَا فَلَما أَصَابَهَا زَوْجُهَا الذِي نَكَحَهَا وَأَصَابَ الْوَلَدَ الْمَاءُ تَحَركَ الْوَلَدُ فِي بَطْنِهَا وَكَبِرَ فَصَدقَهَا عُمَرُ بنُ الْخَطابِ وَفَرقَ بَيْنَهُمَا وَقَالَ عُمَرُ أَمَا إِنهُ لَمْ يَبْلُغْنِي عَنْكُمَا إِلا خَيْرٌ وَأَلْحَقَ الْوَلَدَ بِالْأَولِ.

4452 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئۇمەييەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئايال ئېرى ئۆلۈپ قالغاندىن كېيىن تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتتى ۋە ئىددىتى چىققاندىن كېيىن بىر ئەرگە تەگدى. ئۇ ئەر بىلەن تۆت يېرىم ئاي ياشىغاندىن كېيىن، ھەممە ئەزاسى بېجىرىم بىر بالا تۇغدى. شۇنىڭ بىلەن، ئېرى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئەھۋالنى ئېيتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەت دەۋرىدىمۇ ياشىغان قېرى خوتۇنلاردىن بىر قىسمىنى چاقىرىپ، بۇ ئىش توغرۇلۇق مەسلىھەت سورىغانىدى، ئۇلاردىن بىرى:

---

[1] ئەلبانى (3261): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ مەن ساڭا بۇ ئايالنىڭ ئىشىنى دەپ بېرەي. ئېرى ئۆلۈپ قالغاندا، بۇ ئايال ھامىلدار ئىكەنتۇق. (بۇ ئايال) بالىغا ھامىلدار تۇرۇپ، ھەيز كۆرگەچكە، ھامىلە يوغىنىماي، تۇرۇپ قاپتۇ. ئايال كېيىنكى ئېرىگە ياتلىق بولۇپ، ئەرنىڭ مەنىسى ھامىلىگە يەتكەندىن كېيىن، ھامىلە قايتا ھەرىكەتكە كېلىپ يوغىناپتۇ، ـ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ خوتۇننىڭ سۆزىنى تەستىقلىدى ۋە ئۇ ئىككىسىنى ئاجراشتۇرىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇلارغا:

ـ ماڭا سىلەرنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىڭلار (يەنى بىلىپ تۇرۇپ بۇنداق ئىشنى قىلمايدىغانلىقىڭلار) يەتتى، ـ دېدى ۋە بالىنى بۇرۇنقى ئېرىگە نىسبەت بەردى.

(مالىك: 1450)

4453 - عَنْ رَبَاحٍ قَالَ زَوجَنِي أَهْلِي أَمَةً لَهُمْ رُومِيةً فَوَقَعْتُ عَلَيْهَا فَوَلَدَتْ غُلَامًا أَسْوَدَ مِثْلِي فَسَمَيْتُهُ عَبْدَ اللهِ ثُم وَقَعْتُ عَلَيْهَا فَوَلَدَتْ غُلَامًا أَسْوَدَ مِثْلِي فَسَمَيْتُهُ عُبَيْدَ اللهِ ثُم طَبِنَ لَهَا غُلَامٌ لِأَهْلِي رُومِي يُقَالُ لَهُ يُوحَنْه فَرَاطَنَهَا بِلِسَانِهِ فَوَلَدَتْ غُلَامًا كَأَنَهُ وَزَغَةٌ مِنْ الْوَزَغَاتِ فَقُلْتُ لَهَا مَا هَذَا فَقَالَتْ هَذَا لِيُوحَنْه فَرَفَعْنَا إِلَى عُثْمَانَ أَحْسَبُهُ قَالَ مَهْدِي قَالَ فَسَأَلَهُمَا فَاعْتَرَفَا فَقَالَ لَهُمَا أَتَرْضَيَانِ أَنْ أَقْضِيَ بَيْنَكُمَا بِقَضَاءِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى أَن الْوَلَدَ لِلْفِرَاشِ وَأَحْسَبُهُ قَالَ فَجَلَدَهَا وَجَلَدَهُ وَكَانَا مَمْلُوكَيْنِ.

4453 ـ رەباھ مۇنداق دەيدۇ: ئائىلەم مېنى ئۆزلىرىنىڭ بىر رۇملۇق دېدىكىگە ئۆيلەپ قويدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغاندىن كېيىن، ماڭا ئوخشاش قارا تەنلىك بالىدىن بىرنى تۇغدى. مەن ئۇ بالىغا ”ئابدۇللاھ“ دەپ ئىسىم قويدۇم. يەنە يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، يەنە ماڭا ئوخشاش قارا تەنلىك بالىدىن بىرنى تۇغدى، ئۇنىڭغا ”ئۇبەيدۇللاھ“ دەپ ئىسىم قويدۇم. كېيىن ئائىلەمنىڭ يۇھەننە ئىسىملىك بىر قۇلى ئۆز تىلىدا سۆزلىشىپ يۈرۈپ، ئۇنى يولدىن

چىقىرىپتۇ (ۋە ئۆزىنىڭ قىلىۋاپتۇ). نەتىجىدە، ئۇ ئايال كەسلەنچۈكتەك (يەنى رەڭگى قىزىلغا مايىل) بىر بالا تۇغدى. مەن دېدەكتىن:

ـ بۇ نېمە ئىش؟ ـ دەپ سورىسام، ئۇ:

ـــ بۇ بالا يۇھەننەدىن بولدى، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، بىز بۇ مەسىلىنى ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۇندۇق. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئىككىسىدىن بۇ ئىشنى سورۇشتە قىلغانىدى، ئىككىلىسى (قىلمىشىنى) ئېتىراپ قىلدى. ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ سىلەرگە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھۆكمى بويىچە ھۆكۈم قىلسام، رازى بولامسىلەر؟ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «بالا كىمنىڭ تۆشىكىدە تۇغۇلغان بولسا، شۇنىڭ بولىدۇ» دەپ ھۆكۈم قىلغان، ـ دېدى ۋە ھەر ئىككىلىسى قۇل بولغاچقا، (چالما ـ كېسەك قىلماستىن) دەررە جازاسى بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2275)

4454 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ جَاءَهُ أَعْرَابِي فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن امْرَأَتِي وَلَدَتْ غُلَامًا أَسْوَدَ فَقَالَ هَلْ لَكَ مِنْ إِبِلٍ قَالَ نَعَمْ قَالَ مَا أَلْوَانُهَا قَالَ حُمْرٌ قَالَ هَلْ فِيهَا مِنْ أَوْرَقَ قَالَ نَعَمْ قَالَ فَأَنى كَانَ ذَلِكَ قَالَ أُرَاهُ عِرْقٌ نَزَعَهُ قَالَ فَلَعَل ابْنَكَ هَذَا نَزَعَهُ عِرْقٌ.

4454 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر سەھرالىق ئەرەب پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مېنىڭ ئايالىم قارا تەنلىك بىر بالا تۇغدى، ـ دېدى (ئۇ بالىنىڭ رەڭگىنىڭ ئۆزىگە ئوخشىمىغانلىقى تۈپەيلى ئايالىدىن گۇمانلانغانلىقىنى ئىپادىلىمەكچى ئىدى). پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ تۆگەڭ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:

[1] ئەلبانى (500): زەئىپ، ـ دېگەن.

ــ بار، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ــ تۆگىلىرىڭنىڭ رەڭگى قانداق؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ ئادەم:
ــ قىزىل، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ــ ئارىسىدا بوز تۆگىمۇ بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدى.
ــ بار، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ــ (قىزىل تۆگىنىڭ ئارىسىغا) بوز تۆگە نەدىن پەيدا بولۇپ قالدى؟ ـ دېدى. ئۇ ئادەم:
ــ مەن بۇنى ئىرسىيەت تارتىپ كەلدىمىكىن دەپ قارايمەن، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ــ سېنىڭ بالاڭنىمۇ ئەشۇ ئىرسىيەت تارتىپ كەلگەن بولۇشى مۇمكىن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6847)

4455 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ قَامَ رَجُلٌ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِن فُلَانًا ابْنِي عَاهَرْتُ بِأُمِهِ فِي الْجَاهِلِيَةِ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا دِعْوَةَ فِي الْإِسْلَامِ ذَهَبَ أَمْرُ الْجَاهِلِيَةِ الْوَلَدُ لِلْفِرَاشِ وَلِلْعَاهِرِ الْحَجَرُ.

4455 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ:
ــ ئى رەسۇلۇللاھ! پالانى مېنىڭ ئوغلۇم بولىدۇ، مەن ئۇنىڭ ئانىسى بىلەن جاھىلىيەت دەۋرىدە زىنا قىلغان، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:
ــ ئىسلامدا بۇنداق دەۋا (يەنى نىكاھىدا بولمىغان ئايالنىڭ بالىسىنى ئۆزىنىڭ دەۋېلىش) يوق. جاھىلىيەتتىكى ئىشلار كەلمەسكە كەتتى. بالا كىمنىڭ تۆشىكىدە تۇغۇلغان بولسا، شۇنىڭ بولىدۇ. زىنا قىلغۇچىلارنىڭ بالا دەۋا قىلىش ھەققى يوق، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2274)

[1] ئەلبانى (1990): سەھىھ ـ دېگەن.

4456 - عَنْ عَائِشَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهَا قَالَتْ إِن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ عَلَي مَسْرُورًا تَبْرُقُ أَسَارِيرُ وَجْهِهِ فَقَالَ أَلَمْ تَرَيْ أَن مُجَززًا نَظَرَ آنِفًا إِلَى زَيْدِ بْنِ حَارِثَةَ وَأُسَامَةَ بْنِ زَيْدٍ فَقَالَ إِن هَذِهِ الْأَقْدَامَ بَعْضُهَا مِنْ بَعْضٍ.

4456 ـ ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر كۈنى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمغا خۇشال پېتى كىرىپ كەلدى ۋە مۇنداق دېدى: «بىلەمسەن؟ (سىنچى) مۇجەززىز (بىر يوتقاندا ياتقان) زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن (ئوغلى) ئۇسامە ئىبنى زەيدكە قاراپ: بۇ پۇتلار بىر ـ بىرىگە شۇ قەدەر ئوخشايدىكەنكى، خۇددى بىر ـ بىرىدىن تۆرەلگەندەكلا تۇرىدۇ، ـ دېدى».

(بۇخارى: 6770)

4457 - وفي رواية أَلَمْ تَرَيْ أَن مُجَززًا الْمُدْلِجِي دَخَلَ عَلَي فَرَأَى أُسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ وَزَيْدًا وَعَلَيْهِمَا قَطِيفَةٌ قَدْ غَطيَا رُءُوسَهُمَا وَبَدَتْ أَقْدَامُهُمَا فَقَالَ إِن هَذِهِ الْأَقْدَامَ بَعْضُهَا مِنْ بَعْضٍ.

4457ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئى ئائىشە! بىلەمسەن؟ (سىنچى)[1] مۇجەززىز مۇدلەجى يېنىمغا كىردى ۋە يېنىمدا ياتقان زەيد ئىبنى ھارىسە بىلەن (ئوغلى) ئۇسامە ئىبنى زەيدنى كۆردى. ئۇلار باش تەرىپىنى بىر پارچە رەخت بىلەن يۆگىۋالغان بولۇپ، پۇتلىرى ئوچۇق قالغانىدى. مۇجەززىز ئۇلارنىڭ پۇتلىرىغا قاراپ: بۇ پۇتلار بىر ـ بىرسىدىن تۆرەلگەندەك تۇرىدۇ، ـ دېدى».

(بۇخارى: 6771)

4458 - وفي رواية: كَانَ أُسَامَةُ أَسْوَدَ شَدِيدَ السوَادِ مِثْلَ الْقَارِ وَكَانَ زَيْدٌ أَبْيَضَ مِثْلَ الْقُطْنِ.

[1] سىنچى ـ ھەرقانداق نەرسىنىڭ تۇرقى، كۆرۈنۈشى، چىراي ـ شەكلىگە قاراپ شۇ نەرسىگە باھا بەرگۈچى كىشى؛ شۇ ھەقتە تەھلىل يۈرگۈزگۈچى كىشى (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى، 676 ـ بەت).

4458 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: «ئۇسامە ئىبنى زەيد مومەدەك قاپقارا، زەيد ئىبنى هارىسە بولسا، پاختىدەك ئاپئاق ئىدى»[①].
(ئەبۇ داۋۇد: 2276)

4459 - عَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ كَانَ يُلِيطُ أَوْلَادَ الْجَاهِلِيةِ بِمَنْ ادعَاهُمْ فِي الْإِسْلَامِ فَأتى رَجُلَانِ كِلَاهُمَا يدعِي وَلَدَ امْرَأةٍ فَدَعَا عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ قَائِفًا فَنظَرَ إِلَيهِمَا فَقَالَ الْقَائِفُ لَقَدْ اشْتَرَكَا فِيهِ فَضَرَبَهُ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ بِالدرةِ ثُم دَعَا الْمَرْأَةَ فَقَالَ أَخْبِرِينِي خَبَرَكِ فَقَالَتْ كَانَ هَذَا لِأَحَدِ الرجُلَيْنِ يَأْتِينِي وَهِيَ فِي إِبِلٍ لِأَهْلِهَا فَلَا يُفَارِقُهَا حَتى يَظُن وَتَظُن أَنهُ قَدْ اسْتَمَر بِهَا حَبَلٌ ثُم انْصَرَفَ عَنْهَا فَأُهْرِيقَتْ عَلَيْهِ دِمَاءٌ ثُم خَلَفَ عَلَيْهَا هَذَا تَعْنِي الْآخَرَ فَلَا أَدْرِي مِنْ أَيهِمَا هُوَ قَالَ فَكَبرَ الْقَائِفُ فَقَالَ عُمَرُ لِلْغُلَامِ وَالِ أَيهُمَا شِئْتَ.

4459 ـ سۇلايمان ئىبنى يەساردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەتتە (دادىسىز) تۇغۇلغان باللارنى ئىسلام كەلگەندىن كېيىن، ”مېنىڭ بالام ئىدى“ دەپ دەۋا قىلغانلارغا بېرىۋېتەتتى. بىر كۈنى، ئىككى ئادەم كەلدى ۋە ھەر ئىككىلىسى بىر ئايالنىڭ بىر بالىسىنى:

ــ بۇ مېنىڭ بالام، ـ دەپ دەۋا قىلدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سىنچى چاقىردى. سىنچى ئۇ ئىككىسىگە (ۋە بالىغا) بىر قۇر قاراپ چىققاندىن كېيىن:

ـ بۇ بالىدا ھەر ئىككىسىنىڭ ھەسسىسى بار ئىكەن، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنى قامچا بىلەن ئۇردى. ئاندىن ئايالنى چاقىرىپ:

ــ راستىڭنى ئېيت! ــ دېدى. ئايال ئىككى ئادەمدىن بىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـ مەن ئائىلەمنىڭ تۆگىسىگە قاراۋاتقاندا، بۇ (ئادەم) كېلىپ مەن بىلەن بىرگە بولاتتى ۋە مەندىن ئايرىلمايتتى. تاكى قورساق

① ئەلبانى (1984): سەھىھ ـ دېگەن.

كۆتۈرگەنلىكىم ھەر ئىككىمىزگە ئايان بولغىچە، بۇ مۇناسىۋەت داۋاملاشتى. ئىش ئايان بولغاندىن كېيىن، ئۇ تاشلاپ كەتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىن، مەن ھەيزدار بولدۇم، ـ دېدى. ئاندىن يەنە بىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

ـ ئۇندىن كېيىن، بۇ (ئادەم) كېلىپ مەن بىلەن بىللە بولۇشقا باشلىدى. شۇڭا بۇ بالىنىڭ قايسىسىدىن بولغانلىقىنى بىلمەيمەن، ـ دېدى. بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان سىنچى (خۇشاللىقىدىن) تەكبىر ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بالىغا قاراپ:

ـ سەن (بۇ ئىككىسىدىن) خالىغىنىڭنى تاللىغىن! ـ دېدى.

(مالىك: 1451)

4460 - عَنْ أَبِي عُثْمَانَ عَنْ سَعْدٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ سَمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ ادعَى إِلَى غَيْرِ أَبِيهِ وَهُوَ يَعْلَمُ أَنهُ غَيْرُ أَبِيهِ فَالْجَنةُ عَلَيْهِ حَرَامٌ فَذَكَرْتُهُ لِأَبِي بَكْرَةَ فَقَالَ وَأَنَا سَمِعَتْهُ أُذُنَايَ وَوَعَاهُ قَلْبِي مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

4460 ـ ئەبۇ ئوسماندىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، سەئد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كىمكى ئۆزىنىڭ دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقا بىر ئادەمنى ئۆزىنىڭ دادىسى قىلىۋالسا، ئۇ جەننەتتىن مەھرۇم قالىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم.

ئەبۇ ئوسمان مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇ ھەدىسنى ئەبۇ بەكرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا سۆزلەپ بەرگەنىدىم، ئۇ:

ـ مەنمۇ بۇ ھەدىسنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن ئىككى قۇلىقىم بىلەن ئاڭلىغان ۋە قەلبىمدە ساقلىغانىدىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 6767)

4461 - عَنْ أَبِي ذَر أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَيْسَ مِنْ رَجُلٍ ادعَى لِغَيْرِ أَبِيهِ وَهُوَ يَعْلَمُهُ إِلا كَفَرَ وَمَنْ ادعَى مَا لَيْسَ لَهُ فَلَيْسَ مِنا وَلْيَتَبَوأْ مَقْعَدَهُ مِنْ النارِ وَمَنْ دَعَا رَجُلًا بِالْكُفْرِ أَوْ قَالَ عَدُو اللهِ وَلَيْسَ كَذَلِكَ إِلا حَارَ عَلَيْهِ.

4461 ـ ئەبۇ زەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئۆزىنىڭ دادىسى ئەمەسلىكىنى بىلىپ تۇرۇپ، باشقا بىر ئادەمنى ”بۇ مېنىڭ دادام“ دەپ دەۋا قىلغان كىشى كاپىر بولىدۇ. ئۆزىنىڭ بولمىغان نەرسىنى مېنىڭكى دەپ دەۋا قىلغان كىشى بىزدىن (يەنى مۇسۇلمانلار قاتارىدىن) ئەمەس، ئۇنداق كىشى جەھەننەمدىن ئۆزىگە ئورۇن هازىرلاپ قويسۇن! كىمكى باشقا بىرىنى ”كاپىر“ ياكى ”اللهنىڭ دۈشمىنى“ دېسە، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم ئۇنداق بولمىسا، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتىدۇ».

(مۇسلىم: 61)

4462 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَنَّهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ حِينَ نَزَلَتْ آيَةُ الْمُلَاعَنَةِ أَيمَا امْرَأَةٍ أَدْخَلَتْ عَلَى قَوْمٍ رَجُلًا لَيْسَ مِنْهُمْ فَلَيْسَتْ مِنْ اللهِ فِي شَيْءٍ وَلَا يُدْخِلُهَا اللهُ جَنَّتَهُ وَأَيمَا رَجُلٍ جَحَدَ وَلَدَهُ وَهُوَ يَنظُرُ إِلَيْهِ احْتَجَبَ اللهُ عَز وَجَل مِنْهُ وَفَضَحَهُ عَلَى رُءُوسِ الْأَولِينَ وَالْآخِرِينَ يَوْمَ الْقِيَامَةِ.

4462 ـ ئەبۇ هۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، لەنەت ئېيتىشىش ئايىتى نازىل بولغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ھەرقانداق بىر ئايال ئېرىنىڭ جەمەتىدىن بولمىغان بىرەرىنى (يەنى زىنادىن بالا تېپىش ئارقىلىق) ئۇلارنىڭ جەمەتىگە ئارىلاشتۇرىۋەتسە، اللهنىڭ دەرگاھىدا ئۇ ئايالنىڭ ھېچبىر قىممىتى قالمايدۇ، الله ئۇنداق ئايالنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ. قانداقلا بىر ئەر كىشى قاراپ تۇرۇپ ئۆز بالىسىدىن ”بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس“ دەپ تېنىۋالسا، ئۇنداق كىشى قىيامەت كۈنى اللهنىڭ جامالىنى كۆرەلمەيدۇ. قىيامەت كۈنى، الله ئۇ ئادەمنى بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئالدىدا رەسۋا قىلىدۇ»[①].

(نەسائى: 3481)

[①] ئەلبانى (229): زەئىپ، ـ دېگەن.

4463 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدِهِ قَالَ إِن النبِي صَلى اللَهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَضَى أَن كُل مُسْتَلْحَقٍ اسْتُلْحِقَ بَعْدَ أَبِيهِ الذِي يُدْعَى لَهُ ادعَاهُ وَرَثَتُهُ فَقَضَى أَن كُل مَنْ كَانَ مِنْ أَمَةٍ يَمْلِكُهَا يَوْمَ أَصَابَهَا فَقَدْ لَحِقَ بِمَنْ اسْتَلْحَقَهُ وَلَيْسَ لَهُ مِما قُسِمَ قَبْلَهُ مِنْ الْمِيرَاثِ شَيْءٌ وَمَا أَدْرَكَ مِنْ مِيرَاثٍ لَمْ يُقْسَمْ فَلَهُ نَصِيبُهُ وَلَا يَلْحَقُ إِذَا كَانَ أَبُوهُ الذِي يُدْعَى لَهُ أَنْكَرَهُ وَإِنْ كَانَ مِنْ أَمَةٍ لَمْ يَمْلِكْهَا أَوْ مِنْ حُرةٍ عَاهَرَ بِهَا فَإِنهُ لَا يَلْحَقُ بِهِ وَلَا يَرِثُ وَإِنْ كَانَ الذِي يُدْعَى لَهُ هُوَ ادعَاهُ فَهُوَ وَلَدُ زِنْيَةٍ مِنْ حُرةٍ كَانَ أَوْ أَمَةٍ.

4463 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئۆلۈپ كەتكەن ئادەمنىڭ مىراسخورلىرى دادىسىدىن كېيىن بىر بالىنى ”بۇمۇ بىزنىڭ دادىمىزنىڭ بالىسى ئىدى“ دەپ دەۋا قىلسا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇ دەۋاغا مۇنداق هۆكۈم قىلاتتى: «كىشىنىڭ ئۆز ئىلكىدىكى دېدەك بىلەن قىلغان جىمادىن تۇغۇلغان بالا (مىراسخورلار ئۇ بالىنى ئۆز جەمەتىگە قاتماقچى بولسا) شۇ جەمەتكە قوشۇۋېتىلىدۇ. بىراق بالا بۇ جەمەتكە قېتىلىشتىن بۇرۇن تەقسىم قىلىنىپ بولغان مىراستىن (بۇ بالىغا) ھېچنەرسە تەگمەيدۇ، ئەگەر تېخى تەقسىم قىلىنمىغان مىراس بولسا، ئۇ بالىمۇ ئۆز نېسىۋىسىنى ئالىدۇ. ئەگەر مىراسخورلارنىڭ دادىسى ھايات ۋاقتىدا بالىنى ”بۇ مېنىڭ بالام ئەمەس“ دەپ ئىنكار قىلغان بولسا، بۇلارنىڭ دەۋاسى ئىناۋەتسىز بولۇپ، بۇ بالا ئۇلارنىڭ جەمەتىگە كىرمەيدۇ. ئەگەر ئۇلارنىڭ دادىسى بۇ بالىنى ئۆزىنىڭ ئىلكىدە بولمىغان (باشقا بىرىنىڭ ئىلكىدىكى) دېدەكتىن ياكى باشقا بىر ھۆر ئايال (بىلەن زىنا قىلىش)دىن تاپقان بولسا، بۇ بالا ئۇلارنىڭ جەمەتىگە كىرمەيدۇ. ئۇلارنىڭ دادىسىدىن بۇنىڭغا مىراسمۇ تەگمەيدۇ. گەرچە دادىسى ”بۇ بالا راستىنلا مېنىڭ بالام ئىدى“ دەپ دەۋا قىلسىمۇ، دەۋاسى ئىناۋەتكە ئېلىنمايدۇ. چۈنكى ئۇ بالا ئانىسىنىڭ دېدەك ياكى ھۆر ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بەرىبىر زىنادىن تۇغۇلغان بولىدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2265)

[1] ئەلبانى (1982): ھەسەن.ـ دېگەن.

4464 - عَنْ ابْنِ عَبَّاسٍ أَنَّهُ قَالَ قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا مُسَاعَاةَ فِي الْإِسْلَامِ مَنْ سَاعَى فِي الْجَاهِلِيَّةِ فَقَدْ لَحِقَ بِعَصَبَتِهِ وَمَنْ ادَّعَى وَلَدًا مِنْ غَيْرِ رِشْدَةٍ فَلَا يَرِثُ وَلَا يُورَثُ.

4464 ـ ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئىسلامدا دېدەكنى پۇل تېپىش ئۈچۈن (سىرتقا) چىقىرىۋېتىشكە بولمايدۇ. كىمكى جاھىلىيەتتە دېدىكىنى پۇل تېپىشقا چىقىرىپ قويۇپ، (شۇ سەۋەبتىن) بالا تۇغۇلغان بولسا، بالا ئۇنىڭ جەمەتىگە قوشۇۋېتىلىدۇ. زىنادىن تۇغۇلغان بالىنى ئۆزىنىڭ جەمەتىگە قېتىۋالغان كىشى ئۇ بالىغا مىراس قالدۇرالمايدۇ، ئۇنىڭ مىراسىغىمۇ قول تەگكۈزەلمەيدۇ»[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2264)

4465 - عَنْ زَيْدِ بْنِ أَرْقَمَ قَالَ كُنْتُ جَالِسًا عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَجَاءَ رَجُلٌ مِنْ الْيَمَنِ فَقَالَ إِنَّ ثَلَاثَةَ نَفَرٍ مِنْ أَهْلِ الْيَمَنِ أَتَوْا عَلِيًّا يَخْتَصِمُونَ إِلَيْهِ فِي وَلَدٍ وَقَدْ وَقَعُوا عَلَى امْرَأَةٍ فِي طُهْرٍ وَاحِدٍ فَقَالَ لِاثْنَيْنِ مِنْهُمَا طِيبَا بِالْوَلَدِ لِهَذَا فَغَلَيَا ثُمَّ قَالَ لِاثْنَيْنِ طِيبَا بِالْوَلَدِ لِهَذَا فَغَلَيَا ثُمَّ قَالَ لِاثْنَيْنِ طِيبَا بِالْوَلَدِ لِهَذَا فَغَلَيَا فَقَالَ أَنْتُمْ شُرَكَاءُ مُتَشَاكِسُونَ إِنِّي مُقْرِعٌ بَيْنَكُمْ فَمَنْ قُرِعَ فَلَهُ الْوَلَدُ وَعَلَيْهِ لِصَاحِبَيْهِ ثُلُثَا الدِّيَةِ فَأَقْرَعَ بَيْنَهُمْ فَجَعَلَهُ لِمَنْ قُرِعَ فَضَحِكَ رَسُولُ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ حَتَّى بَدَتْ أَضْرَاسُهُ أَوْ نَوَاجِذُهُ.

4465 ـ زەيد ئىبنى ئەرقەم مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم، يەمەندىن بىر كىشى كېلىپ مۇنداق دېدى:

ــ يەمەنلىك ئۈچ ئادەم ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۆزلىرى جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزگەن بىر ئايالدىن تۇغۇلغان بالىنى

[1] ئەلبانى (498): زەئىپ، ـ دېگەن.

تالىشىپ دەۋالاشتى. ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇلارنىڭ بىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قالغان ئىككىسىگە:

ـ سىلەر بۇ بالىنى بۇ ئادەمگە ئۆتۈنۈپ بېرىڭلار! ـ دېگەنىدى. ئۇلار ئېتىراز بىلدۈردى. ھەزرىتى ئەلى يەنە بىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قالغان ئىككىسىگە:

ـ ئۇنداقتا، بۇ ئادەمگە ئۆتۈنۈپ بېرىڭلار! ـ دېدى. ئۇلار يەنە ئېتىراز بىلدۈردى. ھەزرىتى ئەلى ئۈچىنچى بىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، قالغان ئىككىسىگە:

ـ ئۇنداقتا، بۇ ئادەمگە ئۆتۈنۈپ بېرىڭلار! ـ دېدى. ئۇلارمۇ ئېتىراز بىلدۈرۈشتى. شۇنىڭ بىلەن، ھەزرىتى ئەلى:

ـــ سىلەر بىر ـ بىرىڭلار بىلەن كېلىشەلمەيدىغان شېرىكلەر ئىكەنسىلەر. شۇڭا ئاراڭلاردا چەك تاشلايمەن. چەك كىمگە چىقسا، بالىنى شۇ ئالىدۇ. بالىنى ئالغىنى قالغان ئىككىسىگە ئۇ ئايالنىڭ قىممىتىنىڭ ئۈچتىن ئىككىسىنى تۆلەيدۇ، ـ دېدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا چەك تاشلاندى ۋە بالا چەك چىققان كىشىگە بېرىلدى.

بۇنى ئاڭلىغان پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئېزىق چىشلىرى كۆرۈنگۈدەك دەرىجىدە كۈلۈپ كەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2269)

**4466 - عَنْ أَنَسِ بْنِ مَالِكٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ مَنْ ادعَى إِلَى غَيْرِ أَبِيهِ أَوْ انْتَمَى إِلَى غَيْرِ مَوَالِيهِ فَعَلَيْهِ لَعْنَةُ اللهِ الْمُتَتَابِعَةُ إِلَى يَوْمِ الْقِيَامَةِ.**

4466 ـ ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى ئۆز دادىسىدىن باشقا بىرىنى ئۆزىگە دادا قىلىۋالسا ياكى ئۆز خوجايىنىدىن باشقا بىرىنى ئۆزىگە خوجايىن قىلىۋالسا، اللهنىڭ لەنىتى تاكى قىيامەت كۈنىگىچە ئۇنىڭغا يېغىپ تۇرىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 5115)

---

[1] ئەلبانى (1986): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (4268): سەھىھ ـ دېگەن.

4467 - عَنْ رَافِعِ بْنِ سِنَانٍ أَنَّهُ أَسْلَمَ وَأَبَتْ امْرَأَتُهُ أَنْ تُسْلِمَ فَأَتَتْ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَتْ ابْنَتِي وَهِيَ فَطِيمٌ أَوْ شَبَهُهُ وَقَالَ رَافِعٌ ابْنَتِي قَالَ لَهُ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اقْعُدْ نَاحِيَةً وَقَالَ لَهَا اقْعُدِي نَاحِيَةً قَالَ وَأَقْعَدَ الصَّبِيَّةَ بَيْنَهُمَا ثُمَّ قَالَ ادْعُوَاهَا فَمَالَتْ الصَّبِيَّةُ إِلَى أُمِّهَا فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ اللَّهُمَّ اهْدِهَا فَمَالَتْ الصَّبِيَّةُ إِلَى أَبِيهَا فَأَخَذَهَا.

4467 ـ رافىئ ئىبنى سىنان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئايالى ئىمان ئېيتقىلى ئۇنىماي تۇرىۋالىدۇ. (بالىنى كىم ئالىدىغانلىقىنى بەلگىلەش ئۈچۈن) ئايالى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ قىزىم ئەمچەكتىن يېڭىلا ئايرىلدى، شۇڭا قىزىمنى ئۆزەم ئېلىپ قالىمەن، ـ دەيدۇ. رافىئمۇ:

ــ قىزىمنى ئۆزەم ئېلىپ قالىمەن، ـ دەيدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم رافىئقا قاراپ:

ــ سەن بىر تەرەپتە ئولتۇر! ـ دەيدۇ. ئاندىن ئايالىغا قاراپ:

ــ سەنمۇ بىر تەرەپتە ئولتۇر! ـ دەيدۇ. ئاندىن قىزنى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىدا ئولتۇرغۇزۇپ:

ــ ئەمدى قىزىڭلارنى ئۆزەڭلارغا چاقىرىڭلار! ـ دەيدۇ. ھەر ئىككىسى قىزنى ئۆزىگە چاقىرىدۇ، قىز ئانىسى تەرەپكە ئېگىلىشكە باشلىغاندا، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئى الله! بۇ قىزغا توغرا يولنى كۆرسەتكىن! ــ دەپ دۇئا قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، قىز دادىسى تەرەپكە ئېگىلىدۇ ۋە ئۇنى دادىسى ئالىدۇ[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2244)

4468 - عَنْ سِنَانِ بْنِ أَبِي جَمِيلَةَ رَجُلٌ مِنْ بَنِي سُلَيْمٍ أَنَّهُ وَجَدَ مَنْبُوذًا فِي زَمَانِ عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ قَالَ فَجِئْتُ بِهِ إِلَى عُمَرَ بْنِ الْخَطَّابِ فَقَالَ مَا حَمَلَكَ عَلَى أَخْذِ هَذِهِ النَّسَمَةِ

[1] ئەلبانى (1963): سەھىھ ـ دېگەن.

فَقَالَ وَجَدْتُهَا ضَائِعَةً فَأَخَذْتُهَا فَقَالَ لَهُ عَرِيفُهُ يَا أَمِيرَ الْمُؤْمِنِينَ إِنَّهُ رَجُلٌ صَالِحٌ فَقَالَ لَهُ عُمَرُ أَكَذَلِكَ قَالَ نَعَمْ فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطَّابِ اذْهَبْ فَهُوَ حُرٌّ وَلَكَ وَلَاؤُهُ وَعَلَيْنَا نَفَقَتُهُ.

4468 ـ بەنى سۇلەيم قەبىلىسىلىك سۇنەين ئەبۇ جەمىلەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ دەۋرىدە كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن بىر بالىنى تېپىۋېلىپ، ئۇنى ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردىم. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (خۇددى مەندىن گۇمانلانغاندەك):

ـ بۇ بالىنى نېمە ئۈچۈن ئېلىپ كەلدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ مەن بۇ بالىنىڭ كوچىغا تاشلىۋېتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئېلىپ كەلدىم، ـ دېدىم. شۇ ئارىدا، مېنى تونۇيدىغان بىر كىشى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ـ ئى مۇئمىنلەرنىڭ ئەمىرى! بۇ، سالىھ ئادەم، ـ دېگەنىدى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇنداقتا، بۇ بالىنى سەن ئېلىپ كەت! بۇ بالا ھۆردۇر (يەنى قۇل قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ)، ئۇنى تەربىيىسىگە سەن، نەپەقىسىگە بىز (يەنى دۆلەت) مەسئۇل، ـ دېدى.

(مالىك: 1448)

4469 ـ زاد رزين: وولاة المسلمين يرثونه ويعقلون عنه.

4469 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: مىراسىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئەمىرلىرى ئالىدۇ (يەنى دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ)، جىنايەت ئۆتكۈزسە، تۆلەمنى دۆلەت تۆلەيدۇ.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

## ئىددەت تۇتۇش، ئىستىبرا[1]، ماتەم تۇتۇش، بالىغا قاراش

4470 - عَنْ أَسْمَاءَ بِنْتِ يَزِيدَ بْنِ السكَنِ الْأَنصَارِيةِ أَنهَا طُلقَتْ عَلَى عَهْدِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَلَمْ يَكُنْ لِلْمُطَلقَةِ عِدةٌ فَأَنزَلَ اللهُ عَز وَجَل حِينَ طُلقَتْ أَسْمَاءُ بِالْعِدةِ لِلطلَاقِ.

4470 ـ ئەسما بىنتى يەزىد ئىبنى سەكەن ئەنسارىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە تالاق قىلىنىدىم. ئۇ چاغدا، تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئىددەت تۇتۇشى ھەققىدە ھېچقانداق ھۆكۈم يوق ئىدى. مەن تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، الله تائالا بۇ ھەقتە ئايەت نازىل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، مەن تالاق قىلىنغان ئاياللارنىڭ ئىددەت تۇتۇشى ھەققىدە ئايەت نازىل قىلىنغان تۇنجى ئايال بولۇپ قالدىم[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2281)

4471 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ قَالَ وَالْمُطَلقَاتُ يَتَرَبصْنَ بِأَنفُسِهِن ثَلَاثَةَ قُرُوءٍ وَقَالَ وَاللائِي يَئِسْنَ مِنْ الْمَحِيRِ̀ مِنْ نِسَائِكُمْ إِنْ ارْتَبْتُمْ فَعِدتُهُن ثَلَاثَةُ أَشْهُرٍ فَنسِاǸ مِنْ ذَلِكَ وَقَالَ ثُم طَلقْتُمُوهُن مِنْ قَبْلِ أَنْ تَمَسوهُن فَمَا لَكُمْ عَلَيْهِن مِنْ عِدةٍ تَعْتَدونَهَا.

4471 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ﴿تالاق قىلىنغان ئاياللار ئۈچ ھەيز ئۆتكۈچە ئىددەت تۇتىدۇ﴾[3] دېگەن ئايەت بىلەن: ﴿ئاياللىرىڭلارنىڭ ئىچىدىكى ھەيزدىن

[1] ئىستىبرا ــ ئەسىرگە چۈشكەن دېدەكنىڭ ھامىلدار ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن مەلۇم مۇددەتكىچە جىما قىلماي ساقلاپ تۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ.

[2] ئەلبانى (1996): ھەسەن، ـ دېگەن.

[3] سۈرە بەقەرە، 228 ـ ئايەت.

ئۆمـــدىنى ئـــۆزگەنلەردىن (يەنـــى يېشـــى چـــوڭ بولغـــانلىقتىـــن هەيـــز كۆرمەيـــدىغانلارنىـــڭ ئـــدىتىنىـــڭ قانچىلـــك بولـــدىغانلىقـــدىن) شۈبهىـدە بولساڭلار، ئۇلارنىڭ ئـددىتى ئۈچ ئايدۇر﴾[1] دېگەن ئـايەتلەر ئـۆز ئـچىگە ئالغان (تالاق قىلىنغـان هەرقانـداق ئايالنـىـڭ ئـددەت تۇتۇشـى هەققىدىكى) ئومۇمىي هۆكۈم، ﴿ئى مۆمىنلەر! سىلەر مۇئمىن ئايالـلارنى ئالساڭلار، ئانـدىن ئۇلارغـا يېقىنچىلىـق قىلىشـتىـن بـۇرۇن ئـۇلارنى قويۇۋەتسـەڭلار، بـۇ چاغـدا ئـۇلار سـىلەر ئۈچـۈن ئـددەت تۇتماسـلىقى كېرەك﴾[2] دېگەن ئايەت ئارقىلىق ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان[3].

(ئەبۇ داۋۇد: 2282)

4472 - عَنْ عُرْوَةَ بْنِ الزُّبَيْرِ عَنْ عَائِشَةَ أُمِّ الْمُؤْمِنِينَ أَنَّهَا انْتَقَلَتْ حَفْصَةَ بِنْتَ عَبْدِ الرَّحْمَنِ بْنِ أَبِي بَكْرٍ الصِّدِّيقِ حِينَ دَخَلَتْ فِي الدَّمِ مِنْ الْحَيْضَةِ الثَّالِثَةِ قَالَ ابْـنُ شِـهَابٍ فَذُكِرَ ذَلِكَ لِعَمْرَةَ بِنْتِ عَبْدِ الرَّحْمَنِ فَقَالَتْ صَدَقَ عُرْوَةُ وَقَدْ جَادَلَهَا فِي ذَلِكَ نَاسٌ فَقَالُوا إِنَّ اللَّهَ تَبَارَكَ وَتَعَالَى يَقُولُ فِي كِتَابِهِ ثَلَاثَةَ قُرُوءٍ فَقَالَتْ عَائِشَةُ صَدَقْتُمْ تَدْرُونَ مَا الْـأَقْرَاءُ إِنَّمَا الْأَقْرَاءُ الْأَطْهَارُ وَحَدَّثَنِي عَنْ مَالِك عَنْ ابْنِ شِهَابٍ أَنَّهُ قَالَ سَمِعْتُ أَبَا بَكْرِ بْنَ عَبْـدِ الرَّحْمَنِ يَقُولُ مَا أَدْرَكْتُ أَحَدًا مِنْ فُقَهَائِنَا إِلَّا وَهُوَ يَقُولُ هَذَا يُرِيدُ قَوْلَ عَائِشَةَ.

4472 ـ ئۇرۋە ئـىبنى زۇبەيـر رەزىيەللاهـۇ ئەنهۇ ئائىشـە رەزىيەللاهـۇ ئەنهادىن مۇنداق رىـۋايەت قىلىـدۇ: هەفسـە بىنتـى ئابـدۇراهمان ئىبنـى ئەبۇ بەكـرى سـىددىقنىڭ ئـۈچىنچى هەيـز قېنـى كېلىشكە باشـلىغان هامان، ئۇنى (ئۆز ئۆيىگە) ئەۋەتىۋەتتىم.

ئـىبنى شـهاب مۇنداق دەيدۇ: بۇ رىۋايەت ئەمرە بىنتـى ئابـدۇراهمانغا نەقىل قىلىنغانىدى، ئۇ مۇنداق دېدى:

ـ ئۇرۋە توغرا ئېيتىپتۇ، چۈنكى بەزى كىشـلەر ئائىشـە رەزىيەللاهـۇ ئەنهـا بىـلەن مۇشـۇ مەسـىلە هەققىـدە تارتىشـىپ: "الله تائـالا قۇرئـان

[1] سۈرە تالاق، 4 ـ ئايەت.

[2] سۈرە ئەهزاب، 49 ـ ئايەت.

[3] ئەلبانى (1997): هەسەن، ـ دېگەن.

كەرىمدە: ﴿ئۈچ قۇرۇ﴾ (يەنى ئۈچ ھەيز ياكى ئۈچ قېتىم ھەيزدىن پاك بولۇش) دېگەن تۇرسا؟“ دېيىشكىنىدە، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:
— ئېتقىنىڭلار توغرا. ئەمما ”قۇرۇ“ نىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسىلەر؟ ئۇ دېگەن، پاك بولۇش، - دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى.
ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: مەن ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئابدۇراھماننىڭ: ”ماڭا ئۇچرىغان فىقھشۇناس ئالىملىرىمىزنىڭ ھەممىسىنىڭ (بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرىدە) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا بىلەن ئوخشاش پىكىردە ئىكەنلىكىنى كۆردۈم“ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم.

(مالىك: 1221)

4473 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَنهُ قَالَ قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ أَيمَا امْرَأَةٍ طُلقَتْ فَحَاضَتْ حَيْضَةً أَوْ حَيْضَتَيْنِ ثُم رَفَعَتْهَا حَيْضَتُهَا فَإِنهَا تَنْتَظِرُ تِسْعَةَ أَشْهُرٍ فَإِنْ بَانَ بِهَا حَمْلٌ فَذَلِكَ وَإِلا اعْتَدتْ بَعْدَ التسْعَةِ أَشْهُرٍ ثَلَاثَةَ أَشْهُرٍ ثُم حَلتْ.

4473 - سەئىد ئىبنى مۇسەييەبتىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: ھەر قانداق ئايال تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، بىر ياكى ئىككى ھەيز كۆرۈپ بولۇپ، ھەيزى كەلمىسە، توققۇز ئايغىچە ساقلايدۇ. ئەگەر بۇ جەرياندا ھامىلدار ئىكەنلىكى ئېنىقلانسا، بالىنى تۇغۇشى بىلەن تەڭ ئىددىتىدىن چىقىدۇ. ئۇنداق بولماي قالسا، توققۇز ئايغا يەنە ئۈچ ئاينى ئۇلاپ ساقلاپ، ئاندىن ئىددەتتىن چىقىدۇ.

(مالىك: 1237)

4474 - عَنْ الربَيعِ بِنْتِ مُعَوذِ بْنِ عَفْرَاءَ أَنهَا اخْتَلَعَتْ عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمَرَهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوْ أُمِرَتْ أَنْ تَعْتَد بِحَيْضَةٍ.

4474 - رۇبەييىئ بىنتى مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە ئېرىدىن خۇلئى

يولى[1] بىلەن ئاجراشقاندى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى بىر قېتىم ھەيز كۆرۈش بىلەن ئىددەتتىن چىقىشقا بۇيرىدى[2].
(تىرمىزى: 1185)

4475 - عَنْ نَافِعٍ أَن رُبَيعَ بِنْتَ مُعَوذِ بْنِ عَفْرَاءَ جَاءَتْ هِيَ وَعَمهَا إِلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ فَأَخْبَرَتْهُ أَنهَا اخْتَلَعَتْ مِنْ زَوْجِهَا فِي زَمَانِ عُثْمَانَ بْنِ عَفانَ فَبَلَغَ ذَلِكَ عُثْمَانَ بْنَ عَفانَ فَلَمْ يُنْكِرْهُ وَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ عِدتُهَا عِدةُ الْمُطَلقَةِ.

4475 ـ نافىئ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: رۇبەييىئ بىنتى مۇئەۋۋىز ئىبنى ئەفرا رەزىيەللاھۇ ئەنھا تاغىسى بىلەن بىللە ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىدا ئېرىدىن خۇلئى يولى بىلەن ئاجراشقانلىقىنى، ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ھېچبىر ئېتىراز بىلدۈرمىگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەندى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ ئېرىدىن خۇلئى يولى بىلەن ئاجراشقانلارنىڭ ئىددىتىمۇ نورمال ئاجراشقانلارنىڭ ئىددىتى بىلەن ئوخشاش، ـ دېدى.
(مالىك: 1200)

4476 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ قَالَ عِدةُ الْمُخْتَلِعَةِ حَيْضَةٌ.

4476 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما: ئېرىدىن خۇلئى يولى بىلەن ئاجراشقان ئايالنىڭ ئىددىتى بىر ھەيز كۆرۈشتۇر، ـ دېگەن[3].
(ئەبۇ داۋۇد: 2230)

4477 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ أَن امْرَأَةَ ثَابِتِ بْنِ قَيْسٍ اخْتَلَعَتْ مِنْ زَوْجِهَا عَلَى عَهْدِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمَرَهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تَعْتَد بِحَيْضَةٍ.

[1] ئېرىگە مەلۇم مىقداردا پۇل ـ مال تۆلەپ تالىقىنى ئېلىش.
[2] ئەلبانى (945): سەھىھ ـ دېگەن.
[3] ئەلبانى (1951): سەھىھ ـ دېگەن.

4477 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: سابىت ئىبنى قەيسنىڭ ئايالى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ دەۋرىدە ئېرىدىن خۇلئى يولى بىلەن ئاجراشقانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى بىر ھەيز بىلەن ئىددەتتىن چىقىشقا بۇيرىدى[1].

(تىرمىزى: 1185)

4478 - عَنْ أُم سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن امْرَأَةً مِنْ أَسْلَمَ يُقَالُ لَهَا سُبَيْعَةُ كَانَتْ تَحْتَ زَوْجِهَا تُوُفيَ عَنْهَا وَهِيَ حُبْلَى فَخَطَبَهَا أَبُو السَنَابِلِ بْنُ بَعْكَكٍ فَأَبَتْ أَنْ تَنْكِحَهُ فَقَالَ وَاللهِ مَا يَصْلُحُ أَنْ تَنْكِحِيهِ حَتى تَعْتَدي آخِرَ الْأَجَلَيْنِ فَمَكُثَتْ قَرِيبًا مِنْ عَشْرِ لَيَالٍ ثُم جَاءَتْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ انْكِحِي.

4478 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەسلەم قەبىلىسىدىن سۇبەيئە ئىسىملىك بىر ئايال ھامىلدار ۋاقتىدا ئېرى ۋاپات بولدى. (ئۇ ئايال يەڭگىپ بولغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ ئەلچى كىرگۈزۈۋاتقانلىقىنى كۆرگەن) ئەبۇ سەنابىل ئىبنى بەئكەك ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش تەكلىپى قويدى. ئەمما سۇبەيئە ئۇنىڭغا تەگكىلى ئۇنىمىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەبۇ سەنابىل:

ــ اللهنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن ئىددەتنىڭ ئۇچۇن بەلگىلەنگەن ئىككى مۇددەتنىڭ ئەڭ ئۇزۇنىنى[2] تولۇقلىماي، ئاندىن ئىددەتتىن چىقمىغۇچە، باشقىلارغا تېگەلمەيسەن، ـ دېدى. سۇبەيئە ئون كۈن ئەتراپىدا ساقلىغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەھۋالنى يەتكۈزگەندى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ ئەرگە تەگسەڭ بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5318)

[1] ئەلبانى (946): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] يەنى ئېرى ۋاپات بولغان ئايالنىڭ ئىددەت تۇتۇشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن تۆت ئاي ئون كۈن ۋە ھامىلدار ئايالنىڭ ئىددەتتىن چىقىشى ئۈچۈن بەلگىلەنگەن قورساقتىكى بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى مۇددەتنى دېمەكچى.

4479 - ومن رواياته: أن أبا سَلَمَةَ بنَ عَبْدِ الرحْمَنِ وَابْنَ عَباسٍ اجْتَمَعَا عِنْدَ أبِي هُرَيْرَةَ وَهُمَا يَذْكُرَانِ الْمَرْأَةَ تنفَسُ بَعْدَ وَفَاةِ زَوْجِهَا بِلَيَالٍ فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ عِدتُهَا آخِرُ الْأَجَلَيْنِ وَقَالَ أبو سَلَمَةَ قَدْ حَلتْ فَجَعَلَا يَتَنَازَعَانِ ذَلِكَ قَالَ فَقَالَ أبو هُرَيْرَةَ أنا مَعَ ابْنِ أخِي يَعْنِي أبا سَلَمَةَ فَبَعَثُوا كُرَيْبًا مَوْلَى ابْنِ عَباسٍ إِلَى أم سَلَمَةَ يَسْأَلُهَا عَنْ ذَلِكَ فَجَاءَهُمْ فَأَخْبَرَهُمْ أن أم سَلَمَةَ قَالَتْ إن سُبَيْعَةَ الْأَسْلَمِيةَ نُفِسَتْ بَعْدَ وَفَاةِ زَوْجِهَا بِلَيَالٍ وَإِنهَا ذَكَرَتْ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَأَمَرَهَا أنْ تَتَزَوجَ.

4479 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇراھمان بىلەن ئىبنى ئاببـاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئىككىسى ئەبۇ ھۇرەيرەنىڭ ھوزۇرىدا ئولتۇرۇپ، ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن بىر قانچە كۈن كېيىنلا تۇغقان ئايالنىڭ ئىددىتى ھەققىدە مۇنازىرىلەشتى. ئىبنى ئابباس:

ــ ئۇ ئايال ئىككى مۇددەتنىڭ ئەڭ ئۇزۇنىنى تۈگىتىش بىلەن ئىددەتتىن چىقىدۇ، ـ دېسە؛ ئەبۇ سەلەمە:

ـ (بالىنى تۇغۇش بىلەنلا ئىددەتتىن چىقىدۇ ۋە) ياتلىق بولسا بولىدۇ، ـ دەيتتى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ سەلەمەنى كۆزدە تۇتقان ھالدا:

ـ مەن قېرىندىشىمنىڭ ئوغلىنىڭ پىكرىنى قوللايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلار بۇ مەسىلىنى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىماقچى بولۇپ، ئىبنى ئابباسنىڭ خىزمەتچىسى كۇرەيبنى ئەۋەتتى. كۇرەيب قايتىپ كېلىپ، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ:

ــ ئەسلەم قەبىلىسىدىن سۇبەيئە ئىسىملىك ئايال ئېرى ۋاپات بولۇپ، بىر قانچە كۈندىن كېيىن يەڭگىدى ۋە بۇنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنى ياتلىق بولۇشقا بۇيرۇدى، ـ دېگەنلىكىنى يەتكۈزدى.

(مۇسلىم: 1485)

4480 - ومنها: وَلَدَتْ سُبَيْعَةُ الْأَسْلَمِيةُ بَعْدَ وَفَاةِ زَوْجِهَا بِنِصْفِ شَهْرٍ فَخَطَبَهَا رَجُلَانِ أَحَدُهُمَا شَاب وَالْآخَرُ كَهْلٌ فَحَطتْ إِلَى الشاب فَقَالَ الْكَهْلُ لَمْ تَحْلِلْ وَكَانَ أَهْلُهَا غُيبًا فَرَجَا إِذَا جَاءَ أَهْلُهَا أَنْ يُؤْثِرُوهُ بِهَا فَجَاءَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ قَدْ حَلَلْتِ فَانْكِحِي مَنْ شِئْتِ.

4480 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەسلەم قەبىلىسىدىن سۇبەيئە ئىسىملىك ئايال ئېرى ۋاپات بولۇپ، يېرىم ئايدىن كېيىن تۇغدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايالغا ئىككى ئادەم ئۆيلىنىش تەكلىپى قويدى. ئىككىسىنىڭ بىرى ياش يىگىت، يەنە بىرى ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم ئىدى. ئۇ ئايالنىڭ كۆڭلى ياش يىگىتكە چۈشتى. (بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان) ئوتتۇرا ياشلىق ئادەم:

ـ سەن تېخى ئىددەتتىن چىقىپ بولالمىدىڭ، ـ دېدى. ئۇنىڭ بۇنداق دېيىشتىكى مەقسىدى شۇكى، ئايالنىڭ ئاتا ـ ئانىسى يېنىدا يوق بولۇپ، ئاتا ـ ئانىسى كەلگەندە، ئۇنى ياش يىگىتكە بەرمەي، ئۆزىگە بېرىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى (ۋە بۇ سۆز ئارقىلىق ئۇ ئايالنى ياتلىق بولۇپ كېتىشتىن توسۇپ تۇرماقچى بولغانىدى). شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئەھۋالنى يەتكۈزگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۆزەڭ خالىغان كىشىگە ياتلىق بولساڭ بولىدۇ، ـ دېدى[1].
(نەسائى: 3510)

4481 - عن أبي سَلَمَةَ بْنُ عَبْدِ الرحْمَنِ قَالَ قِيلَ لِابْنِ عَباسٍ فِي امْرَأَةٍ وَضَعَتْ بَعْدَ وَفَاةِ زَوْجِهَا بِعِشْرِينَ لَيْلَةً أَيَصْلُحُ لَهَا أَنْ تَزَوجَ قَالَ لَا إِلا آخِرَ الْأَجَلَيْنِ قَالَ قُلْتُ قَالَ اللهُ تَبَارَكَ وَتَعَالَى وَأُولَاتُ الْأَحْمَالِ أَجَلُهُن أَنْ يَضَعْنَ حَمْلَهُن فَقَالَ إِنمَا ذَلِكَ فِي الطلَاقِ فَقَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ أَنَا مَعَ ابْنِ أَخِي يَعْنِي أَبَا سَلَمَةَ فَأَرْسَلَ غُلَامَهُ كُرَيْبًا فَقَالَ ائْتِ أُم سَلَمَةَ فَسَلْهَا

[1] ئەلبانى (3284): سەھىھ ـ دېگەن.

هَلْ كَانَ هَذَا سُنةٌ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَجَاءَ فَقَالَ قَالَتْ نَعَمْ سُبَيْعَةُ الْأَسْلَمِيةُ وَضَعَتْ بَعْدَ وَفَاةِ زَوْجِهَا بِعِشْرِينَ لَيْلَةً.

4481 ـ ئەبۇ سەلەمە ئىبنى ئابدۇراھمان مۇنداق دەيدۇ: ئىبنى ئاbbاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ ئېرى ۋاپات بولۇپ، يىگىرمە كۈندىن كېيىن يەڭگىگەن ئايال باشقا ئەرگە تەگسە بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندى، ئىبنى ئابباس:

ـ ياق، (ئۇنىڭ ئۈچۈن بەلگىلەنگەن) ئىككى مۇددەتنىڭ ئۇزۇنىنى تۈگەتمىگىچە ياتلىق بولالمايدۇ، ـ دېدى. مەن ئېتىراز بىلدۈرۈپ:

ــ الله تائالا قۇرئاندا: ﴿ھامىلدار ئايالالارنىڭ ئىددىتى بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾[1] دېگەن تۇرسا؟ ـ دېدىم. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ بۇ دېگەن تالاق قىلىنغان ئايالغا قارىتىلغان ئايەت، ـ دېدى. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ مەن قېرىندىشىم ئەبۇ سەلەمىنىڭ سۆزىنى قوللايمەن، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما خىزمەتچىسى كۇرەيبنى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن بۇنىڭ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتى ئىكەنلىكى ياكى ئەمەسلىكىنى سوراپ كېلىشكە ئەۋەتتى. كۇرەيب ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن سورىغاندى، ئۇ:

ــ ھەئە، ئەسلەم قەبىلىسىدىن سۇبەيئە ئىسىملىك ئايال ئېرى ۋاپات بولۇپ يىگىرمە كۈندىن كېيىن تۇغقاندى، ـ دېدى[2].

(نەسائى: 3511)

4482 - ومنها: قُتِلَ زَوْجُ سُبَيْعَةَ الْأَسْلَمِيةِ وَهِيَ حُبْلَى فَوَضَعَتْ بَعْدَ مَوْتِهِ بِأَرْبَعِينَ لَيْلَةً فَخُطِبَتْ فَأَنْكَحَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

---

[1] سۈرە تەلاق، 4 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.

[2] ئەلبانى (3285): سەھىھ ـ دېگەن.

4482 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەسلەم قەبىلىسىدىن سۇبەيئە ئىسىملىك ئايال ئېرى ئۆلتۈرۈلگەندە ھامىلدار ئىدى، ئېرىنىڭ ۋاپاتىدىن قىرىق كۈن كېيىن يەڭگىدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا، ئۇنىڭغا لايىق چىققانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنى ياتلىق قىلىپ قويدى.

(بۇخارى: 4910)

4483 - فَقَالَ أَبُو سَلَمَةَ أَخْبَرَنِي رَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَن سُبَيْعَةَ الْأَسْلَمِيةَ جَاءَتْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَتْ تُوُفيَ عَنْهَا زَوْجُهَا وَهِيَ حَامِلٌ فَوَلَدَتْ لِأَدْنَى مِنْ أَرْبَعَةِ أَشْهُرٍ فَأَمَرَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تَتَزَوجَ قَالَ أَبُو هُرَيْرَةَ وَأَنَا أَشْهَدُ عَلَى ذَلِكَ.

4483 ـ ئەبۇ سەلەمە مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ساھابىلىرىدىن بىر كىشى ماڭا ئەسلەم قەبىلىسىدىن سۇبەيئە ئىسىملىك ئايالنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ ھامىلدار ۋاقتىدا ئېرىنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى، (ۋاپات ئىددىتى بولغان) تۆت ئاي توشماي تۇرۇپ قورساقتىكى بالىنى تۇغقانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇ ئايالنى ياتلىق بولۇشقا بۇيرىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ مەن بۇ ئىشنىڭ راست شۇنداق بولغانلىقىغا گۇۋاھچى، ـ دېدى[1].

(نەسائى: 3518)

4484 - عن سُبَيْعَةَ أَنهَا كَانَتْ تَحْتَ سَعْدِ بْنِ خَوْلَةَ وَهُوَ فِي بَنِي عَامِرِ بْنِ لُؤَيٍ وَكَانَ مِمنْ شَهِدَ بَدْرًا فَتُوُفيَ عَنْهَا فِي حَجةِ الْوَدَاعِ وَهِيَ حَامِلٌ فَلَمْ تَنْشَبْ أَنْ وَضَعَتْ حَمْلَهَا بَعْدَ وَفَاتِهِ فَلَما تَعَلتْ مِنْ نِفَاسِهَا تَجَملَتْ لِلْخُطابِ فَدَخَلَ عَلَيْهَا أَبُو السنَابِلِ بْنُ بَعْكَكٍ رَجُلٌ مِنْ بَنِي عَبْدِ الدارِ فَقَالَ لَهَا مَا لِي أَرَاكِ مُتَجَملَةً لَعَلكِ تَرْجِينَ النكَاحَ إِنكِ

[1] ئەلبانى (3291): سەھىھ ـ دېگەن.

وَاللهِ مَا أَنتِ بِنَاكِحٍ حَتى تَمُر عَلَيْكِ أَرْبَعَةُ أَشْهُرٍ وَعَشْرٌ قَالَتْ سُبَيْعَةُ فَلَما قَالَ لِي ذَلِكَ جَمَعْتُ عَلَي ثِيَابِي حِينَ أَمْسَيْتُ فَأَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَسَأَلْتُهُ عَنْ ذَلِكَ فَأَفْتَانِي بِأَني قَدْ حَلَلْتُ حِينَ وَضَعْتُ حَمْلِي وَأَمَرَنِي بِالتزَوجِ إِنْ بَدَا لِي قَالَ ابْنُ شِهَابٍ فَلَا أَرَى بَأْسًا أَنْ تَتَزَوجَ حِينَ وَضَعَتْ وَإِنْ كَانَتْ فِي دَمِهَا غَيْرَ أَنْ لَا يَقْرَبُهَا زَوْجُهَا حَتى تَطْهُرَ.

4484 ـ سۇبەيئەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: مەن بەنى ئامىر ئىبنى لۇئەي قەبىلىسىدە ئولتۇرۇشلۇق سەئد ئىبنى خەۋلەنىڭ ئايالى بولۇپ، ئېرىم بەدىر ئۇرۇشىغا قاتناشقان ساھابە ئىدى. ئېرىم ۋىدالىشىش ھەججىدە ۋاپات بولغاندا ھامىلدار ئىدىم. ئېرىم ۋاپات بولۇپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا يەڭگىدىم ۋە تۇغۇتتىن كېيىن لايىق كۆتۈپ ياسىنىپ ئولتۇردۇم. يېنىمغا ئەبدۇددار قەبىلىسىدىن ئەبۇ سەنابىل ئىبنى بەئكەك كىرىپ:

ـــ ۋاي! بۇ نېمە ئىش؟ ياسىنىۋاپسەنغۇ؟ قارىغاندا، ئەرگە تېگەي دېگەن ئوخشىمامسەن؟ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سەن تېخى تۆت ئاي ئون كۈننى تۈگەتمەي تۇرۇپ، ئەرگە تېگەلمەيسەن، ـ دېدى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ، شۇ كۈنى كەچتە كىيىملىرىمنى كىيىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا باردىم ۋە بۇ توغرۇلۇق سورىدىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنىڭ يەڭگىگەندىن كېيىنلا ئىددەتتىن چىققانلىقىمنى ئېيتتى ۋە:

ـ خالىساڭ، ياتلىق بولغىن! ـ دېدى.

ئىبنى شىھاب مۇنداق دەيدۇ: مەن بۇنداق ئاياللار يەڭگىگەندىن كېيىنلا، نىفاس قېنى توختىمىغان بولسىمۇ، ياتلىق بولسا بولىدۇ دەپ قارايمەن، ئەمما نىفاستىن پاك بولمىغىچە، ئېرى يېقىن كەلمەسلىكى كېرەك.

(مۇسلىم: 1484)

4485 - ومنها: قَالَ ٱبْنُ مَسْعُودٍ أَتَجْعَلُونَ عَلَيْهَا التَّغْلِيظَ وَلَا تَجْعَلُونَ لَهَا الرُّخْصَةَ لَنَزَلَتْ سُورَةُ النِّسَاءِ الْقُصْرَى بَعْدَ الطُّولَى.

4485 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئىبنى مەسئۇدتىن سۇبەيئە توغرۇلۇق سورالغانىدى، ئۇ:

ـ ئاياللارنى قىيناپ نېمە قىلىسىلەر؟ ئۇلارغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىشنى خالىمامسىلەر؟! قىسقا نىسا سۈرىسى (يەنى سۈرە تالاق) ئۇزۇن نىسا سۈرىسىدىن (يەنى سۈرە بەقەرەدىن) كېيىن نازىل بولغان تۇرسا؟! ـ دېدى (يەنى: ﴿هامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾ دېگەن ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە تالاق، ﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتۇشى لازىم﴾ دېگەن ئايەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۈرە بەقەرەدىن كېيىن نازىل قىلىنغان بولۇپ، ئېرى ۋاپات بولغان هامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىددىتىنىڭ بالىسىنى تۇغۇش بىلەنلا چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ بەرگەن، دېمەكچى).

(بۇخارى: 4532)

4486 - قَالَ ٱبْنُ مَسْعُودٍ: مَنْ شَاءَ لَاعَنْتُهُ مَا أُنزِلَتْ وَأُولَاتُ الْأَحْمَالِ أَجَلُهُـن أَنْ يَضَعْنَ حَمْلَهُن إِلَّا بَعْدَ آيَةِ الْمُتَوَفى عَنْهَا زَوْجُهَا إِذَا وَضَعَتْ الْمُتَوَفى عَنْهَا زَوْجُهَـا فَقَـدْ حَلتْ.

4486 ـ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاهۇ ئەنهۇ مۇنداق دېگەن: (بۇ مەسىلە هەققىدە) خالىغان كىشى بىلەن باغلىشىشقا تەييارمەن. ﴿هامىلىدار ئاياللارنىڭ ئىددىتى بوشىنىش بىلەنلا تۈگەيدۇ﴾ دېگەن ئايەت ئېرى ۋاپات بولغان ئاياللارنىڭ ئىددىتىنى بايان قىلغان ئايەتتىن (سۈرە بەقەرە، 234 ـ ئايەت) كېيىن نازىل بولغان، شۇڭا ئېرى ۋاپات بولغان هامىلىدار ئاياللار بالىسىنى تۇغسىلا ئىددەتتىن چىقىدۇ[1].

(نەسائى: 3522)

[1] ئەلبانى (3296): سەهىھ ـ دېگەن.

4487 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ سُئِلَ عَنْ الْمَرْأَةِ يُتَوَفَّى عَنْهَا زَوْجُهَا وَهِيَ حَامِلٌ فَقَالَ عَبْدُ اللهِ بْنُ عُمَرَ إِذَا وَضَعَتْ حَمْلَهَا فَقَدْ حَلَّتْ فَأَخْبَرَهُ رَجُلٌ مِنْ الْأَنْصَارِ كَانَ عِنْدَهُ أَنَّ عُمَرَ بْنَ الْخَطَّابِ قَالَ لَوْ وَضَعَتْ وَزَوْجُهَا عَلَى سَرِيرِهِ لَمْ يُدْفَنْ بَعْدُ لَحَلَّتْ.

4487 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئېرى ئۆلۈپ قالغان ھامىلدار ئايال توغرىسىدا سوئال سورالغانىدى:

ــ قورساقتىكى بالىسىنى قاچان تۇغسا، شۇ چاغدا ئىددەتتىن چىقىدۇ، ـ دېدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ئەنسارىلاردىن بىر كىشى:

ــ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: ”قورساقتىكى بالىسىنى تۇغسىلا، ئېرى تېخى دەپنە قىلىنمىغان بولسىمۇ، ئۆچۈن كارىۋىتىدىن يۆتكەلمىگەن بولسىمۇ، ئىددەتتىن چىقىدۇ“ دېگەنىدى، ـ دېدى.

(مالىك:1251)

4488 - عَنْ عَمْرِو بْنِ الْعَا ٱ قَالَ لَا تُلَبِّسُوا عَلَيْنَا سُنَّةً قَالَ ابْنُ الْمُثَنَّى سُنَّةَ نَبِيِّنَا صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ عِدَّةُ الْمُتَوَفَّى عَنْهَا أَرْبَعَةُ أَشْهُرٍ وَعَشْرٌ يَعْنِي أُمَّ الْوَلَدِ.

4488 ـ ئەمىر ئىبنى ئاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: سۈننەتنى ئېلىشتۇرۇپ، بىزنى قايمۇقتۇرىۋەتمەڭلار! ـ دېدى.

ئىبنى مۇسەننا (راۋىي) مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ سۈننىتىدە خوجايىنىدىن بالا تۇغقان، ئەمما خوجايىنى ئۆلۈپ كەتكەن دېدەكنىڭ ئىددىتى تۆت ئاي ئون كۈندۇر[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2308)

4489 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أَنَّهُ قَالَ عِدَّةُ أُمِّ الْوَلَدِ إِذَا تُوُفِّيَ عَنْهَا سَيِّدُهَا حَيْضَةٌ.

4489 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: خوجايىنىدىن بالا تۇغقان، ئەمما خوجايىنى ئۆلۈپ كەتكەن دېدەكنىڭ ئىددىتى بىر ھەيز بىلەنلا تۈگەيدۇ.

(مالىك: 1259)

[1] ئەلبانى (2023): سەھىھ ـ دېگەن.

4490 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ قَالَ أَصَابُوا سَبْيًا يَوْمَ أَوْطَاسَ لَهُن أَزْوَاجٌ فَتَخَوفُوا فَأُنزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ {وَالْمُحْصَنَاتُ مِنْ النسَاءِ إِلا مَا مَلَكَتْ أَيمَانُكُمْ}.

4490 ـ ئەبۇ سەئىد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مۇسۇلمانلار ئەۋتاس ئۇرۇشىدا ئېرى بار بىر مۇنچە ئايالنى ئەسىر ئالدى ۋە ئۇلار بىلەن دېدەك سۈپىتىدە جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزسە، گۇناھ بولۇپ قېلىشىدىن قورقتى، شۇنىڭ بىلەن: ﴿ئېرى بار ئاياللارنى ئېلىشىڭلار سىلەرگە ھارام قىلىندى، پەقەت (ئەسىرگە چۈشۈش ئارقىلىق) سىلەرنىڭ مۈلكۈڭلارغا ئايلانغان چۆرىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا﴾[1] دېگەن ئايەت نازىل بولدى.

(مۇسلىم: 1456)

4491 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي وَرَفَعَهُ أَنهُ قَالَ فِي سَبَايَا أَوْطَاسَ لَا تُوطَأُ حَامِلٌ حَتى تَضَعَ وَلَا غَيْرُ ذَاتِ حَمْلٍ حَتى تَحِيضَ حَيْضَةً.

4491 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئەۋتاس كۈنى ئەسىرگە چۈشكەن دېدەكلەر ھەققىدە مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ھامىلدار ئاياللارغا تۇغۇپ بولمىغىچە، ھامىلدار ئەمەسلىرى بىر قېتىم ھەيز كۆرۈپ بولمىغىچە يېقىن كەلمەڭلار»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2157)

4492 - عَنْ أَبِي الدرْدَاءِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ أَتى بِامْرَأَةٍ مُجِح عَلَى بَابِ فُسْطَاطٍ فَقَالَ لَعَلهُ يُرِيدُ أَنْ يُلِم بِهَا فَقَالُوا نَعَمْ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَقَدْ هَمَمْتُ أَنْ أَلْعَنَهُ لَعْنًا يَدْخُلُ مَعَهُ قَبْرَهُ كَيْفَ يُوَرثُهُ وَهُوَ لَا يَحِل لَهُ كَيْفَ يَسْتَخْدِمُهُ وَهُوَ لَا يَحِل لَهُ.

[1] سۈرە نىسا، 24 ـ ئايەت.

[2] ئەلبانى (1889): سەھىھ ـ دېگەن.

4492 ـ ئەبۇ دەردا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر چېدىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرغان ۋە تۇغۇتى يېقىنلىشىپ قالغان بىر ئايالنى كۆرۈپ:

ـ قارىغاندا، (چېدىر ئىگىسى بولغان) بۇ ئادەم بۇ ئايال بىلەن جىما قىلماقچى ئوخشايدۇ، ـ دېدى. ساھابىلەر:

ـــ شۇنداق، ـ دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئىچىمدىن ئۇنىڭغا تاكى قەبرىسىگىچە بىللە كىرگۈدەك بىر لەنەت ئېيتىش كەلگەندى. بۇ ئادەمنىڭ ئۇ بالىنى ئۆزىنىڭ مىراسخورى قىلىۋېلىشى ھارام تۇرسا، ئۇنى قانداقسىگە مىراسخورى قىلىۋالالىسۇن؟ بۇ ئادەمنىڭ ئۇ بالىنى قۇل قىلىۋېلىشى ھارام تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ ئۆزىنىڭ قۇلى قىلىۋالالىسۇن؟! ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1441)

4493 ـ عن مالك: بلغه أن النبي صلى الله عليه وسلم كان يأمر باستبراء الإماء للحيضة إن كانت ممن تحيض وثلاثة أشهر إن كانت ممن لا تحيض، وينهى عن سقي ماء الغير.

4493 ـ مالىكقا يېتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەيز كۆرىدىغان چۆرىنىڭ (ھامىلدار ياكى ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن) بىر قېتىملىق ھەيز تۇگىگىچە، ھەيز كۆرمەيدىغان چۆرىنىڭ ئۈچ ئايغىچە ساقلىشىنى ۋە بۇ مۇددەت ئىچىدە باشقىلار بىلەن جىما قىلماسلىقىنى بۇيرىغان.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4494 ـ عن ٱبْنُ عُمَرَ رضى الله عنهما قال: إِذَا وُهِبَتِ الْوَلِيدَةُ الِتى تُوطَأُ أَوْ بِيعَتْ أَوْ عَتَقَتْ فَلْيُسْتَبْرَأْ رَحِمُهَا بِحَيْضَةٍ، وَلاَ تُسْتَبْرَأُ الْعَذْرَاءُ.

4494 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جىما قىلىنىشقا بولىدىغان دېدەك باشقا بىرىگە بېرىۋېتىلسە ياكى

سىتىۋېتىلسە ۋەياكى ئازاد قىلىۋېتىلسە، (ئۇنىڭ ھامىلدار ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىش ئۈچۈن) بىر ھەيز مۇددىتى ساقلايدۇ. (ئەگەر ئۇ تېخى ھېچكىم يېقىنلاشمىغان قىز بولسا، ساقلاشنىڭ كېرىكى يوق.

(بۇخارى رىۋايەت قىلغان)

4495 - عَنْ فَاطِمَةَ بِنْتِ قَيْسٍ أَن أَبَا عَمْرِو بْنَ حَفْÒٍ طَلقَهَا الْبَتةَ وَهُوَ غَائِبٌ فَأَرْسَلَ إِلَيْهَا وَكِيلُهُ بِشَعِيرٍ فَسَخِطَتْهُ فَقَالَ وَاللهِ مَا لَكِ عَلَيْنَا مِنْ شَيْءٍ فَجَاءَتْ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ لَيْسَ لَكِ عَلَيْهِ نَفَقَةٌ فَأَمَرَهَا أَنْ تَعْتَدَ فِي بَيْتِ أُم شَرِيكٍ ثُم قَالَ تِلْكِ امْرَأَةٌ يَغْشَاهَا أَصْحَابِي اعْتَدي عِنْدَ ابْنِ أُم مَكْتُومٍ فَإِنهُ رَجُلٌ أَعْمَى تَضَعِينَ ثِيَابَكِ فَإِذَا حَلَلْتِ فَآذِنِينِي قَالَتْ فَلَما حَلَلْتُ ذَكَرْتُ لَهُ أَن مُعَاوِيَةَ بْنَ أَبِي سُفْيَانَ وَأَبَا جَهْمٍ خَطَبَانِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَما أَبُو جَهْمٍ فَلَا يَضَعُ عَصَاهُ عَنْ عَاتِقِهِ وَأَما مُعَاوِيَةُ فَصُعْلُوكٌ لَا مَالَ لَهُ انْكِحِي أُسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ فَكَرِهْتُهُ ثُم قَالَ انْكِحِي أُسَامَةَ فَنَكَحْتُهُ فَجَعَلَ اللهُ فِيهِ خَيْرًا وَاغْتَبَطْتُ.

4495 ـ فاتىمە بىنتى قەيس رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئېرىم ئەبۇ ئەمىر ئىبنى ھەفس (قېلىپ قالغان ئۈچىنچى تالىقىمنىمۇ بېرىپ) يېنىمىشىقا بولمايدىغان تەرىقىدە تالاق قىلىۋەتتى. ئەمما ئۇ ئۆزى يېنىمدا يوق ئىدى، شۇڭا ۋەكىلى ئارقىلىق ماڭا بىر ئاز ئارپا ئەۋەتتى، مەن بۇنى ئاز كۆرۈپ، ئېرىمنىڭ ۋەكىلىگە ئاچچىقلاندىم، ئۇ:

ــ اللەنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، سېنىڭ بىزنىڭ ئۈستىمىزدە ھېچبىر ھەققىڭ يوق، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا بېرىپ بولغان ئەھۋالنى ئېيتتىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئۇنىڭ ساڭا نەپەقە بېرىش مەجبۇرىيىتى يوق، ـ دېدى ۋە مېنى ئۇممۇ شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇشقا بۇيرۇپ بولۇپ:

ــ ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا ساھابىلىرىم كۆپ كىرىدۇ، شۇڭا ياخشىسى ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ يېنىدا ئىددەت تۇتقىن، ئۇنىڭ كۆزى تۇتۇلۇپ قالغان بولغاچقا، كىيىملىرىڭنى خاتىرجەم ئالماشتۇرالايسەن. ئىددىتىڭ چىققاندىن كېيىن، ماڭا خەۋەر قىلغىن! ـ دېدى. ئىددىتىم چىققاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

ــ ماڭا مۇئاۋىيە ئىبنى ئەبۇ سۇفيان بىلەن ئەبۇ جەھم ئىككىسى تەكلىپ بەردى، ـ دېگەنىدىم:

ــ ئەبۇ جەھم ئۆشنىسىدىن ھاسىسىنى چۈشۈرمەيدىغان (يەنى خوتۇن كىشىنى تولا ئۇرىدىغان) ئادەم، مۇئاۋىيە بولسا، پۇلى يوق بىر كەمبەغەل. ياخشىسى ئۇسامە ئىبنى زەيدكە تەگكىن، ـ دېدى. بىراق مەن ئۇنىڭغا تېگىشنى ياقتۇرمىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا قايتا:

ــ ئۇسامەگە تەگكىن! ـ دېدى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇسامەگە تەگدىم. الله بۇ ئىشتىمۇ كۆپ ياخشىلىقلارنى ئورۇنلاشتۇرغان ئىكەن، كېيىن، ئۇنىڭغا ياتلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن كۆپ خۇرسەن بولدۇم.

(مۇسلىم: 1480)

4496 – ومن رواياته: أن أَبا حَفْصِ بْنَ الْمُغِيرَةِ الْمَخْزُومِي طَلقَهَا ثَلَاثًا ثُم انْطَلَقَ إِلى الْيَمَنِ فَقَالَ لَهَا أَهْلُهُ لَيسَ لَكِ عَلَيْنا نَفَقَةٌ بنحوه.

4496 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئەبۇھەفس ئىبنى مۇغىيرە ئەلمەخزۇمى ئايالى فاتىمە بىنتى قەيسنى ئۈچ تالاق قىلىۋېتىپ، يەمەنگە كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئائىلىسى فاتىمەگە:

ــ ساڭا نەپىقە بېرىش مەجبۇرىيىتىمىز يوق، ـ دېدى...

(مۇسلىم: 1480)

4497 - عَنْ عُبَيْدِ اللهِ بْنِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُتْبَةَ أن أَبا عَمْرِو بْنَ حَفْصِ بْنِ الْمُغِيرَةِ خَرَجَ مَعَ عَلِي بْنِ أَبِي طَالِبٍ إِلى الْيَمَنِ فَأَرْسَلَ إِلى امْرَأَتِهِ فَاطِمَةَ بِنْتِ قَيْسٍ بِتَطْلِيقَةٍ كَانَتْ

بَقِيَتْ مِنْ طَلَاقِهَا وَأَمَرَ لَهَا الْحَارِثَ بْنَ هِشَامٍ وَعَيَّاشَ بْنَ أَبِي رَبِيعَةَ بِنَفَقَةٍ فَقَالَا لَهَا وَاللَّهِ مَا لَكِ نَفَقَةٌ إِلَّا أَنْ تَكُونِي حَامِلًا فَأَتَتْ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَذَكَرَتْ لَهُ قَوْلَهُمَا فَقَالَ لَا نَفَقَةَ لَكِ فَاسْتَأْذَنَتْهُ فِي الِانْتِقَالِ فَأَذِنَ لَهَا فَقَالَتْ أَيْنَ يَا رَسُولَ اللَّهِ فَقَالَ إِلَى ابْنِ أُمِّ مَكْتُومٍ وَكَانَ أَعْمَى تَضَعُ ثِيَابَهَا عِنْدَهُ وَلَا يَرَاهَا فَلَمَّا مَضَتْ عِدَّتُهَا أَنْكَحَهَا النَّبِيُّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ أُسَامَةَ بْنَ زَيْدٍ فَأَرْسَلَ إِلَيْهَا مَرْوَانُ قَبِيصَةَ بْنَ ذُؤَيْبٍ يَسْأَلُهَا عَنْ الْحَدِيثِ فَحَدَّثَتْهُ بِهِ فَقَالَ مَرْوَانُ لَمْ نَسْمَعْ هَذَا الْحَدِيثَ إِلَّا مِنْ امْرَأَةٍ سَنَأْخُذُ بِالْعِصْمَةِ الَّتِي وَجَدْنَا النَّاسَ عَلَيْهَا فَقَالَتْ فَاطِمَةُ حِينَ بَلَغَهَا قَوْلُ مَرْوَانَ فَبَيْنِي وَبَيْنَكُمْ الْقُرْآنُ قَالَ اللَّهُ عَزَّ وَجَلَّ لَا تُخْرِجُوهُنَّ مِنْ بُيُوتِهِنَّ الْآيَةَ قَالَتْ هَذَا لِمَنْ كَانَتْ لَهُ مُرَاجَعَةٌ فَأَيُّ أَمْرٍ يَحْدُثُ بَعْدَ الثَّلَاثِ فَكَيْفَ تَقُولُونَ لَا نَفَقَةَ لَهَا إِذَا لَمْ تَكُنْ حَامِلًا فَعَلَامَ تَحْبِسُونَهَا.

4497 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۇتبەدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەبۇ ئەمر ئىبنى ھەفس ئىبنى مۇغىيرە (رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ) ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن يەمەنگە كەتتى ۋە ئايالى فاتىمە بىنتى قەيسنىڭ ئاخىرقى تالىقىنى بىرىۋەتكەنلىكى ھەققىدە خەۋەر يوللاپ، ئۇنىڭغا نەپىقە بېرىش ئىشىنى ھارىس ئىبنى ھىشام بىلەن ئەييياش ئىبنى ئەبۇ رەبىئەگە تاپشۇردى. لېكىن ئۇلار:

ــ ھامىلدار بولمىساڭ، ساڭا نەپىقە بېرىلمەيدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ توغرا، (ئۈچ تالاق قىلىنغانلىقىڭ ئۈچۈن) ساڭا نەپىقە بېرىلمەيدۇ، ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئايال ئىددەتتىنى باشقا ئۆيدە تۇتۇش ئۈچۈن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن رۇخسەت سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! نەگە يۆتكىلىمەن؟ ـ دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ـ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئۆيىگە يۆتكەلگىن! ــ دېدى. ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قارىغۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆيىدە

كىيىملىرىنى خاتىرجەم سالالايتتى. ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى ئۇسامە ئىبنى زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا ياتلىق قىلىپ قويدى.

كېيىنكى زامانلاردا، مەرۋان ئۇنىڭدىن بۇ ھەدىسنى سوراپ كېلىش ئۈچۈن قەبىسە ئىبنى زۇئەيبنى ئەۋەتتى. ئۇ، بۇ ھەدىسنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى، لېكىن مەرۋان:

— بىز بۇ ھەدىسنى بىر ئايالدىن باشقا ھېچكىمدىن ئاڭلاپ باقمىدۇق. شۇڭا بىز كىشىلەر ئەمەل قىلىپ كەلگەن ئىشەنچلىك ھۆكۈمگە ئەمەل قىلىۋېرەيلى، ـ دېدى. مەرۋاننىڭ بۇ سۆزىدىن خەۋەر تاپقان فاتىمە بىنتى قەيس مۇنداق دەپ جاۋاب قايتۇردى:

— ئۇنداقتا، بىزنىڭ ئارىمىزدا قۇرئان ھۆكۈم قىلسۇن، الله تائالا قۇرئاندا: ﴿ئى پەيغەمبەر! (ئۇممىتىڭگە ئېيتقىنكى) سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلساڭلار، ئۇلارنىڭ ئىددىتىگە (لايىق پەيتتە يەنى پاكلىق ھالىتىدە) تالاق قىلىڭلار. (نەسەب ئارىلىشىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن) ئىددەتنى ساناڭلار، پەرۋەردىگارىڭلاردىن قورقۇڭلار، (ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ، ئەنە شۇ اللهنىڭ قانۇنىدۇر، كىمكى اللهنىڭ قانۇنىدىن ھالقىپ كېتىدىكەن، ئۇ ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ، سەن بىلمەيسەنكى، الله شۇنىڭدىن كېيىن (يەنى تالاقتىن كېيىن) بىرەر ئىشنى مەيدانغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن﴾[1] دېگەن. بۇ، (يەنى ئىددىتىنى ئېرىنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەرگە چىقىپ كەتمەي چىقىرىش) يېنىشىش، يارىشىش مۇمكىن بولىدىغان شەكىلدە تالاق قىلىنىغان ئاياللارغا قارىتىلغان. ئۈچ تالاق قىلىنغاندىن كېيىن، يەنە قايسى ئىش مەيدانغا كەلمەكچى ئىدى؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىلەر: "ھامىلىدار بولمىسا، نەپىقە بېرىلمەيدۇ" دەيسىلەر. (نەپىقە بەرمىسەڭلار) ئۇنداقتا، ئۇ ئايالنى

[1] سۈرە تالاق، 1 ـ ئايەت.

نىمىگە ئاساسەن (ئىددىتى چىقمىغۇچە ئېرىنىڭ ئۆيىدىن باشقا ئۆيگە چىقىپ كەتسە بولمايدۇ دەپ) ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇتۇپ تۇرىسىلەر؟
(مۇسلىم: 1480)

4498 – وفي رواية: طَلقَهَا زَوْجُهَا الْبتةَ فَقَالَتْ فَخَاصَمْتُهُ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي السكْنَى وَالنفَقَةِ قَالَتْ فَلَمْ يَجْعَلْ لِي سُكْنَى وَلَا نَفَقَةً.

4498 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئۇ ئايالنى ئېرى (ئۈچىنچى تالىقىنىمۇ بېرىپ) پەقەت يېنىشىشقا بولمايدىغان تەرىقىدە تالاق قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئېرىنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ:

ــ ماڭا نەپىقە بەرسۇن ۋە تۇرىدىغان ئۆي تەييارلاپ بەرسۇن، ـ دېدى. بىراق پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالنىڭ (يېنىشىشقا بولمايدىغان تەرىقىدە تالاق قىلىۋېتىلگەنلىكى ئۈچۈن) بۇ ھوقۇقلاردىن بەھرىمەن بولالمايدىغانلىقىنى ئېيتتى.
(مۇسلىم: 1480)

4499 - ومنها: أن الشعْبِي أخƎ بِحَدِيثِ فَاطِمَةَ بِنْتِ قَيْسٍ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَمْ يَجْعَلْ لَهَا سُكْنَى وَلَا نَفَقَةً ثُم أَخَذَ الْأَسْوَدُ كَفًا مِنْ حَصًى فَحَصَبَهُ بِهِ فَقَالَ وَيْلَكَ تُحَدثُ بِمِثْلِ هَذَا قَالَ عُمَرُ لَا نَتْرُكُ كِتَابَ اللهِ وَسُنةَ نَبِينَا صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لِقَوْلِ امْرَأَةٍ لَا نَدْرِي لَعَلهَا حَفِظَتْ أَوْ نَسِيَتْ لَهَا السكْنَى وَالنفَقَةُ قَالَ اللهُ عَز وَجَل {لَا تُخْرِجُوهُن مِنْ بُيُوتِهِن وَلَا يَخْرُجْنَ إِلا أَنْ يَأْتِينَ بِفَاحِشَةٍ مُبَينَةٍ}.

4499 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: شەئبى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ فاتىمە بىنتى قەيس ھەققىدىكى ھەدىسنى ۋە پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنىڭغا نەپىقە ۋە ئۆي بېرىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتقانلىقىنى رىۋايەت قىلىپ بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ئەسۋەد بىر ئوچۇم شېغىلنى ئېلىپ ئۇنىڭغا ئاتتى ـ دە:

ـــ ئىست ساڭا! مۇشۇنىمۇ ھەدىس دەپ سۆزلەپ يۈردۈڭمۇ؟ ھالبۇكى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـــ بىـــز اللهنىـــڭ كىتـــاۋى ۋە پەيغەمـــبەر ســـەللاللاھۇ ئەلەيهـــى ۋەســـەللەمنىڭ ســـۈننىتىنى بىـــر ئايالنىـــڭ ســـۆزىگە قـــاراپلا تاشلىۋېتەلمەيمىز. چۈنكى بىز ئۇ ئايالنىڭ بىلىپ تۇرۇپ ياكى ئۇنتۇپ قالغـان ھالـدا سـۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلمەيمىـز. شـۇنىڭ ئۈچـۈن، بىـز دەيمىزكى، (ئۈچ تالاق قىلىنغان) ئايالغىمۇ نەپىقە بېرىش ۋە تۇرىدىغان ئۆي تەييارلاپ بېرىش ئەرنىڭ مەجبۇرىيىتى. چۈنكى الله قۇرئان كەرىمدە: ﴿(ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشمىغىچە) ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن چىقىرىۋەتمەڭلار، ئۇلارمۇ (ئۆيىدىن) چىقمىسۇن، ئۇلار پەقەت ئوچۇق پاھىشە قىلسىلا، ئاندىن (ھەدنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن) چىقىدۇ﴾ دېگەن.

(مۇسلىم: 1480)

4500 - ومنها: كُنْتُ عِنْدَ أَبِي عَمْرِو بْنِ حَفْصِ بْنِ الْمُغِيرَةِ فَخَرَجَ فِي غَزْوَةِ نَجْرَانَ وَسَاقَ الْحَدِيثَ بِنَحْوِ حَدِيثِ ابْنِ مَهْدِي وَزَادَ قَالَتْ فَتَزَوجْتُهُ فَشَرَفَنِي اللهُ بِأَبِي زَيْدٍ وَكَرَمَنِي اللهُ بِأَبِي زَيْدٍ.

4500 ـ يەنە بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: فاتىمە بىنتى قەيس:

ـ مەن ئەبۇ ئەمر ئىبنى ھەفس ئىبنى مۇغىرەنىڭ ئايالى ئىدىم. ئـۇ نەجـران ئۇرۇشـىغا چىقىـپ كەتكەنىـدى... دەپ ھەدىسـنىڭ داۋامىنـى يۇقىرىقى رىۋايەتلەردىكىگە ئوخشاش بايان قىلدى، بىراق بۇ رىۋايەتنىـڭ ئاخىرىدا:

ـ مەن ئۇسامە ئىبنى زەيد بىلەن توي قىلغانىدىم، ئۇنىڭغا ياتلىق بولغاندىن كېيىن، الله مېنىـڭ (كىشىلەر ئارىسىدا) يـۈز ـ ئابرۇيۇمنى ئۆستۈردى ۋە مېنى ئەزىز قىلدى، ـ دەپ كەلگەن.

(مۇسلىم: 1480)

4501 - عَنْ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمدٍ وَسُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أَن يَحْيَى بْنَ سَعِيدِ بْنِ الْعَاصِ طَلَقَ بِنْتَ عَبْدِ الرحْمَنِ بْنِ الْحَكَمِ فَانْتَقَلَهَا عَبْدُ الرحْمَنِ فَأَرْسَلَتْ عَائِشَةُ أُم الْمُؤْمِنِينَ إِلَى مَرْوَانَ بْنِ الحَكَمِ وَهُوَ أَمِيرُ الْمَدِينَةِ اتقِ اللهَ وَارْدُدْهَا إِلَى بَيْتِهَا قَالَ مَرْوَانُ فِي حَدِيثِ سُلَيْمَانَ إِن عَبْدَ الرحْمَنِ بْنَ الْحَكَمِ غَلَبَنِي.

4501 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد ۋە سۇلايمان ئىبنى يەسار مۇنداق دەيدۇ: يەھيا ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس ئايالى (ئابدۇراھمان ئىبنى ھەكەمنىڭ قىزى)نى تالاق قىلىۋەتكەندى، دادىسى ئابدۇراھمان كېلىپ قىزىنى ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. بۇنى ئاڭلىغان ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مەدىنە مۇنەۋۋەرنىڭ شۇ زامانىدىكى ئەمىرى مەرۋان ئىبنى ھەكەمگە ئادەم ئەۋەتىپ:

ــ سەن اللهتىن قورق! قىزنى ئېرىنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇۋەتكىن! ــ دېدى. سۇلايماننىڭ رىۋايىتىدە مەرۋاننىڭ:

ــ ئابدۇراھمان مېنىڭ سۆزۈمگە ئۇنىمىدى، ــ دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىنغان.

(بۇخارى: 5322)

4502 - وَقَالَ الْقَاسِمُ بْنُ مُحَمدٍ أَوَمَا بَلَغَكِ شَأْنُ فَاطِمَةَ بِنْتِ قَيْسٍ قَالَتْ لَا يَضُركَ أَنْ لَا تَذْكُرَ حَدِيثَ فَاطِمَةَ فَقَالَ مَرْوَانُ بْنُ الحكم إِنْ كَانَ بِكِ شَر فَحَسْبُكِ مَا بَينَ هَذَيْنِ مِنْ الشر.

4502 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: (مەرۋان ئىبنى ھەكەم) ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن:

ـــ فاتىمە بىنتى قەيسنىڭ ۋەقەسىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ ـــ دەپ سورىغانىدى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

ــ ئۇنىڭ ۋەقەسىنى خاتىرىلىمىسەڭمۇ، ساڭا ھېچ زىيىنى بولمايدۇ، ـ دېدى. مەرۋان ئىبنى ھەكەم:

ــ ئەگەر (فاتىمە بىنتى قەيسنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىشىگە تۈرتكە بولغان) سەۋەبنى بىلسەڭ، بۇ ئىككىسى (يەنى يەھيا ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس بىلەن ئابدۇراھمان ئىبنى ھەكەم)نىڭ ئارىسىدىكى سەۋەبنىمۇ ئوخشاش دەپ بىلگەن بولاتتىڭ (يەنى فاتىمە ئېرىنىڭ ئۆيىدىن سىقىلغان بولسا، بۇ ئىككىسىمۇ بىر ـ بىرىدىن شۇنداق سىقىلغانىدى)، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5322)

4503 - عَنْ هِشَامٍ عَنْ أَبِيهِ عَابَتْ عَائِشَةُ أَشَد الْعَيبِ وَقَالَتْ إن فَاطِمَةَ كَانَتْ فِي مَكَانٍ وَحْشٍ فَخِيفَ عَلى نَاحِيَتِهَا فَلِذَلِكَ أَرْخَصَ لَهَا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ.

4503 ـ ھىشام دادىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا (فاتىمە بىنتى قەيسنىڭ سۆزلىرىنى) قاتتىق ئەيىبلىدى ۋە مۇنداق دېدى:

ـ فاتىمەنىڭ ئۆيى (ئادەمزاتسىز) يالغۇز بىر يەردە بولۇپ، ئەتراپ ۋەھىمىلىك ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدىن يۆتكىلىشىگە رۇخسەت قىلغان، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5326)

4504 - وفي أخرى: كأنه كان إذَا خُشِيَ عَلَيْهَا فِي مَسْكَنِ زَوْجِهَا أَنْ يُقْتَحَمَ عَلَيْهَا أَوْ تَبْذُوَ عَلى أَهْلِهَا بِفَاحِشَةٍ.

4504 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: ئېرىنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتقاندا، باشقىلارنىڭ بۆسۈپ كىرىپ، ئۇنىڭغا زىيان سېلىش قويۇش ياكى ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن چىقىشالماسلىقىغا ئوخشاش ئېھتىماللىق بولغانلىقى ئۈچۈن (باشقا يەردە ئىددەت تۇتقان).

4505 - عن مَيْمُونُ بْنُ مِهْرَانَ قَالَ قَدِمْتُ الْمَدِينَةَ فَدُفِعْتُ إِلَى سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ فَقُلْتُ فَاطِمَةُ بِنْتُ قَيْسٍ طُلقَتْ فَخَرَجَتْ مِنْ بَيْتِهَا فَقَالَ سَعِيدٌ تِلْكَ امْرَأَةٌ فَتَنَتْ الناسَ إنهَا كَانَتْ لَسِنَةً فَوُضِعَتْ عَلى يَدَيْ ابْنِ أُم مَكْتُومٍ الْأَعْمَى.

4505 ـ مەيمۇن ئىبنى مىھران مۇنداق دەيدۇ: مەن مەدىنىگە كېلىپ، سەئىد ئىبنى مۇسەييەبكە:

ـــ فاتىمە بىنتى قەيس تالاق قىلىنغاندىن كېيىن ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپتىكەن، ـ دېسەم، سەئىد:

ـ ئۇ (بۇ ھەدىسنى سۆزلەپ يۈرۈپ) كىشىلەرنى پىتنىگە سېلىپ قويغان ۋە ئەتراپىدىكىلەرنىڭ كۆڭلىنى رەنجىتىپ قويغان ئايال ئىدى.

شۇڭا ئۇ ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنىڭ ئۆيىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان، - دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2296)

4506 - عَنْ جَابِرٍ قَالَ طُلِّقَتْ خَالَتِي ثَلَاثًا فَخَرَجَتْ تَجُدُّ نَخْلًا لَهَا فَلَقِيَهَا رَجُلٌ فَنَهَاهَا فَأَتَتْ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ لَهَا اخْرُجِي فَجُدِّي نَخْلَكِ لَعَلَّكِ أَنْ تَصَدَّقِي مِنْهُ أَوْ تَفْعَلِي خَيْرًا.

4506 - جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: هاممائاچام ئۈچ تالاق قىلىنغانىدى. بىر كۈنى، ئۇ ئۆزىنىڭ خورمىلىقىغا كېتىۋاتقاندا، بىر كىشى كۆرۈپ قېلىپ، ئۇنى ئۆيدىن چىقماسلىققا بۇيرىدى. شۇنىڭ بىلەن، هاممائاچام پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئەھۋالنى يەتكۈزدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

- خورمىلىرىڭنى يىغقىن. بەلكىم ئۇ خورمىلارنىڭ بىر قىسمىنى سەدىقە قىلىشىڭ ياكى باشقا بىر خەيرلىك ئىش قىلىپ قېلىشىڭ مۇمكىن، - دېدى[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2297)

4507 - عَنْ الْفُرَيْعَةِ بِنْتِ مَالِكٍ أَنَّ زَوْجَهَا تَكَارَى عُلُوجًا لِيَعْمَلُوا لَهُ فَقَتَلُوهُ فَذَكَرَتْ ذَلِكَ لِرَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ وَقَالَتْ إِنِّي لَسْتُ فِي مَسْكَنٍ لَهُ وَلَا يَجْرِي عَلَيَّ مِنْهُ رِزْقٌ أَفَأَنْتَقِلُ إِلَى أَهْلِي وَيَتَامَايَ وَأَقُومُ عَلَيْهِمْ قَالَ افْعَلِي ثُمَّ قَالَ كَيْفَ قُلْتِ فَأَعَادَتْ عَلَيْهِ قَوْلَهَا قَالَ اعْتَدِّي حَيْثُ بَلَغَكِ الْخَبَرُ.

4507 - فۇرەيئە بىنتى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنهادىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئېرىم بىر ئىش ئۈچۈن ئەجەم هامماللارنى (كىرالاپ)

---

[1] ئەلبانى (2010): سەهىھ ئەمما مەقتۇ (يەنى تابىئىننىڭ سۆزى)، - دېگەن.

[2] ئەلبانى (2011): سەهىھ - دېگەن.

ئىشلىتىۋاتاتتى، ھامىلىلار ئېرىمنى ئۆلتۈرۈپ قويىدى. شۇنىڭ بىلەن، ئەھۋالنى پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە يەتكۈزدۇم ۋە:

ــ مەن تۇرۇۋاتقان ئۆي ئۇنىڭ ئۆيى ئەمەس ھەم ئۇ ماڭا يېگۈدەك بىر نەرسىمۇ قويۇپ قويمىغانىدى، شۇڭا يېتىم قالغان بالىلىرىمنى ئېلىپ، ئائىلەمنىڭ يېنىغا كەتسەم بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ مەيلى، شۇنداق قىل، ـ دەپ بولۇپ:

ـــ نېمە دېدىڭ؟ قايتا دېگىنە! ـ دېدى. يۇقىرىقى سۆزنى قايتىلىغانىدىم:

ــ ئېرىڭنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى قايسى ئۆيدە ئاڭلىغان بولساڭ، شۇ ئۆيدە ئىددەت تۇتقىن! ـ دېدى[①].

(نەسائى: 3529)

4508 - عَنْ مُجَاهِدٍ وَالذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنْكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَاجًا قَالَ كَانَتْ هَذِهِ الْعِدةُ تَعْتَد عِنْدَ أَهْلِ زَوْجِهَا وَاجِبًا فَأَنْزَلَ اللهُ وَالذِينَ يُتَوَفَّوْنَ مِنْكُمْ وَيَذَرُونَ أَزْوَاجًا وَصِيةً لِأَزْوَاجِهِمْ مَتَاعًا إِلَى الْحَوْلِ غَيْرَ إِخْرَاجٍ فَإِنْ خَرَجْنَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا فَعَلْنَ فِي أَنْفُسِهِن مِنْ مَعْرُوفٍ قَالَ جَعَلَ اللهُ لَهَا تَمَامَ السنَةِ سَبْعَةَ أَشْهُرٍ وَعِشْرِينَ لَيْلَةً وَصِيةً إِنْ شَاءَتْ سَكَنَتْ فِي وَصِيتِهَا وَإِنْ شَاءَتْ خَرَجَتْ وَهُوَ قَوْلُ اللهِ تَعَالَى غَيْرَ إِخْرَاجٍ فَإِنْ خَرَجْنَ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فَالْعِدةُ كَمَا هِيَ وَاجِبٌ عَلَيْهَا زَعَمَ ذَلِكَ عَنْ مُجَاهِدٍ وَقَالَ عَطَاءٌ قَالَ ابْنُ عَباسٍ نَسَخَتْ هَذِهِ الْآيَةُ عِدتَهَا عِنْدَ أَهْلِهَا فَتَعْتَد حَيْثُ شَاءَتْ وَقَوْلُ اللهِ تَعَالَى غَيْرَ إِخْرَاجٍ وَقَالَ عَطَاءٌ إِنْ شَاءَتْ اعْتَدتْ عِنْدَ أَهْلِهَا وَسَكَنَتْ فِي وَصِيتِهَا وَإِنْ شَاءَتْ خَرَجَتْ لِقَوْلِ اللهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْكُمْ فِيمَا فَعَلْنَ فِي أَنْفُسِهِن قَالَ عَطَاءٌ ثُم جَاءَ الْمِيرَاثُ فَنَسَخَ السكْنَى فَتَعْتَد حَيْثُ شَاءَتْ وَلَا سُكْنَى لَهَا.

4508 ــ مۇجاھىد مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھ تائالانىڭ: ﴿ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئاياللىرى قېلىپ قالغان كىشىلەر بولسا، ئاياللىرى تۆت

---

[①] ئەلبانى (3303): سەھىھ ـ دېگەن.

ئاي ئون كۈن ئىددەت تۇتىشى لازىم. ئىددەتنى توشقاندىن كېيىن ئۆزلىرى توغرۇلۇق قائىدە بويىچە ئىش قىلسا، سىلەرگە (يەنى شۇ ئايالىلارغا ئىگىدارچىلىق قىلغۇچىلارغا) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. الله سىلەرنىڭ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر》[1] دېگەن ئايىتىگە ئاساسەن، ئايال كىشىنىڭ ئىددەتنى ئېرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ يېنىدا تۇتۇشى ۋاجىب ئىدى. كېيىن ئۇلۇغ الله: 《سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ ئايالى قېلىپ قالىدىغانلار ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن. ئەگەر (ئاياللىرى) ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ، الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر》[2] دېگەن ئايەتنى نازىل قىلىش ئارقىلىق، ئىددەتنىڭ مۇددىتىنى يەتتە ئاي 20 كۈن بىلەن (بىر يىلغا) تولۇقلىدى. بۇنداق بولغاندا، ئايال كىشى خالىسا، (ئۆزىگە ۋەسىيەت قىلىنغانغا ئاساسەن) بىر يىل بويىچە ئېرىنىڭ ئۆيىدە تۇرىدۇ. خالىسا، (تۆت ئاي ئون كۈندىن كېيىن) ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇلارنىڭ (يەنى ئاياللىرىنىڭ) بىر يىلغىچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن. ئەگەر (ئاياللىرى) ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلىرى ئۈچۈن سىلەرگە (يەنى مېيىتنىڭ ئىگىلىرىگە) ھېچ گۇناھ بولمايدۇ؟ دېگەن ئايەتكە ئاساسەن، ئىددەت تۇتۇش بۇرۇنقىدەكلا ۋاجىب پېتى قېلىۋەردى.

ئەتادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دېگەن: كېيىنكى ئايەت نازىل بولۇپ، ’’ئېرى ئۆلۈپ قالغان

---

[1] سۈرە بەقەرە، 234 ـ ئايەت.

[2] سۈرە بەقەرە، 240 ـ ئايەت.

ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئائىلىسى يېنىدا ئىددەت تۇتۇشى كېرەك“ دېگەن ھۆكۈمنى ئەمەلدىن قالدۇردى، شۇڭا ئايال كىشى خالىغان يەردە ئىددەت تۇتسا بولىدۇ. ئەگەر (ئاياللىرى) ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە...Ŷ دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

ئەتا ئۆز پىكرىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايال خالىسا، ئېرىنىڭ ۋەسىيىتى بويىچە ئېرىنىڭ ئائىلىسىنىڭ يېنىدا ئىددەت تۇتىدۇ. خالىسا ئۇ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ﴿ئۆيىدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن﴾ دېگەن ئايەت بۇنىڭ دەلىلىدۇر. بىراق مىراس ئايىتى نازىل بولۇپ، ئۇ ئايالنىڭ ئېرىنىڭ ئۆيىدە ئىددەت تۇتۇش ھەققىنىڭ بارلىقىنى ئەمەلدىن قالدۇردى، شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ ئايال ئىددەتنى خالىغان يەردە تۇتسا بولىدۇ. ئېرىنىڭ ئۆيىدىكىلەرنىڭ ئۇنىڭغا ئىددەت تۇتۇشى ئۈچۈن ئۆي ھازىرلاپ بېرىش مەجبۇرىيىتى يوق.

(بۇخارى: 5344)

4509 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ كَانَ يَرُد الْمُتَوَفى عَنْهُن أَزْوَاجُهُن مِنْ الْبَيْدَاءِ يَمْنَعُهُن الْحَج.

4509 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېرى ئۆلۈپ قالغان (ۋە ئىددىتىدىن چىقمىغان) ئاياللارنى بەيدا دېگەن جايدىن قايتۇرۇپ كېلەتتى ۋە ئۇلارنى ھەجگە بېرىشتىن توساتتى.

(مالىك: 1255)

4510 - عَنْ يَحْيَى بْنِ سَعِيدٍ أَنهُ بَلَغَهُ أَن السائِبَ بْنَ خَبابٍ تُوُفيَ وَإِن امْرَأَتَهُ جَاءَتْ إِلَى عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ فَذَكَرَتْ لَهُ وَفَاةَ زَوْجِهَا وَذَكَرَتْ لَهُ حَرْثًا لَهُمْ بِقَنَاةَ وَسَأَلَتْهُ هَلْ يَصْلُحُ لَهَا أَنْ تَبِيتَ فِيهِ فَنَهَاهَا عَنْ ذَلِكَ فَكَانَتْ تَخْرُجُ مِنْ الْمَدِينَةِ سَحَرًا فَتُصْبِحُ فِي حَرْثِهِمْ فَتَظَل فِيهِ يَوْمَهَا ثُم تَدْخُلُ الْمَدِينَةَ إِذَا أَمْسَتْ فَتَبِيتُ فِي بَيْتِهَا.

4510 ـ يەھيا ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، سائىب ئىبنى خەبباب ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئايالى ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئېرىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى، قانات (مەدىنىنىڭ سىرتىدىكى بىر ۋادى)دا ئۇنىڭ زىرائىتى بارلىقىنى، ئۆزىنىڭ كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزسە بولىدىغان ياكى بولمايدىغانلىقىنى سورىغانىدى، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇنى ئۇ يەردە قونۇپ قېلىشتىن توستى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ ئايال مەدىنىدىن سەھەردە چىقىپ كېتىپ، كەچكىچە ئېتىزلىقىدا ئىشلەپ، كەچ بولغاندا مەدىنىگە قايتىپ كىرىپ ئۆيىدە ياتىدىغان بولدى.

(مالىك: 1255)

4511 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ وَعَنْ سُلَيْمَانَ بْنِ يَسَارٍ أن طُلَيْحَةَ الْأَسَدِيةَ كَانَتْ تَحْتَ رُشَيْدٍ الثقَفِي فَطَلقَهَا فَنكَحَتْ فِي عِدتِهَا فَضَرَبَهَا عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ وَضَرَبَ زَوْجَهَا بِالْمِخْفَقَةِ ضَرَبَاتٍ وَفَرقَ بَيْنَهُمَا ثُم قَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ أَيمَا امْرَأَةٍ نَكَحَتْ فِي عِدتِهَا فَإِنْ كَانَ زَوْجُهَا الذِي تَزَوجَهَا لَمْ يَدْخُلْ بِهَا فُرقَ بَيْنَهُمَا ثُم اعْتَدتْ بَقِيةَ عِدتِهَا مِنْ زَوْجِهَا الْأَولِ ثُم كَانَ الْآخَرُ خَاطِبًا مِنْ الْخُطابِ وَإِنْ كَانَ دَخَلَ بِهَا فُرقَ بَيْنَهُمَا ثُم اعْتَدتْ بَقِيةَ عِدتِهَا مِنْ الْأَولِ ثُم اعْتَدتْ مِنْ الْآخَرِ ثُم لَا يَجْتَمِعَانِ أَبَدًا قَالَ مَالِك وَقَالَ سَعِيدُ بْنُ الْمُسَيبِ وَلَهَا مَهْرُهَا بِمَا اسْتَحَل مِنْهَا.

4511 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب ۋە سۇلايمان ئىبنى يەسار قاتارلىقلاردىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: ئەسەد قەبىلىسىلىك تۇلەيھە (سەقىف قەبىلىسىلىك) رۇشەيدنىڭ ئايالى بولۇپ، رۇشەيد ئۇ ئايالنى تالاق قىلىۋەتكەنىدى. ئەمما تۇلەيھە تېخى ئىددىتى توشماي تۇرۇپلا باشقا بىر ئەرگە تېگىۋالدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايال بىلەن (كېيىنكى) ئېرىگە بىر قانچە دەررىدىن ئۇردى. ئاندىن ئىككىسىنى ئاجراشتۇرىۋەتتى ۋە:

— قانداقلا بىر ئايال ئىددىتى توشماي تۇرۇپ ئەرگە تېگىپ، كېيىنكى ئېرى ئۇنىڭغا تېخى يېقىن كەلمىگەن بولسا، ئىككىسىنى ئاجراشتۇرىۋېتىش كېرەك. (ئاجراشتۇرۇلغاندىن كېيىن) ئۇ ئايال بۇرۇنقى ئېرىدىن ئاجراشقاندىن كېيىن تۇتقان ئىددىتىنىڭ داۋامىنى تولۇقلىشى كېرەك. ئىددىتى توشقاندىن كېيىن، كېيىنكى ئېرى ئۇنىڭغا قايتىدىن تەكلىپ بەرسە، قايتا نىكاھ قىلىپ ئالسا بولىدۇ. ئەگەر كېيىنكى ئېرى ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلغان بولسا، ئىككىسىنى ئاجراشتۇرىۋېتىش كېرەك ۋە ئايال بۇرۇنقى ئېرىدىن ئاجراشقاندىن كېيىن تۇتقان ئىددىتىنىڭ داۋامىنى تولۇقلىشى كېرەك. ئۇ ئىددەت تۈگىگەندىن كېيىن، كېيىنكى ئېرىنىڭ ئىددىتىنى تۇتۇشى كېرەك. ئەمما بۇ ئىككىسىنىڭ قايتا توي قىلىشى قەتئىي مەنئى قىلىنىدۇ، ـ دېدى.

ئىمام مالىك مۇنداق دەيدۇ: سەئىد ئىبنى مۇسەييەب: ”يېڭى تەگكەن ئېرى ئۇنىڭغا (يېقىن كەلگەنلىكى ئۈچۈن) تويلۇقىنى بېرىش كېرەك“ دېگەن.

(مالىك: 1137)

4512 - عَنْ زَيْنَبَ بِنْتِ أُم سَلَمَةَ عَنْ أُمهَا أَن امْرَأَةً تُوُفيَ زَوْجُهَا فَخَشُوا عَلَى عَيْنَيْهَا فَأَتَوْا رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَاسْتَأْذَنُوهُ فِي الْكُحْلِ فَقَالَ لَا تَكَحلُ قَدْ كَانَتْ إِحْدَاكُن تَمْكُثُ فِي شَر أَحْلَاسِهَا أَوْ شَر بَيْتِهَا فَإِذَا كَانَ حَوْلٌ فَمَر كَلْبٌ رَمَتْ بِبَعَرَةٍ فَلَا حَتى تَمْضِيَ أَرْبَعَةُ أَشْهُرٍ وَعَشْرٌ.

4512 ـ زەينەپ بىنتى ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئانىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايالنىڭ ئېرى ئۆلۈپ قالدى، ئائىلىسىدىكىلەر ئۇنىڭ (ھەسرەتكە چىدىماي كۆپ يىغلاپ) كۆزىدىن ئايرىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە سۈرمە تارتىشىغا رۇخسەت سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ سۈرمە تارتىشقا بولمايدۇ. جاھىلىيەت دەۋرىدە، (ئېرى ئۆلۈپ قالغان) بىرىڭلار ئەڭ كونا كىيىمنى كىيىپ ياكى ئۆيىنىڭ ئەڭ ناچار يېرىگە كىرىۋېلىپ، بىر يىلنى ئۆتكۈزەتتىڭلار. بىر يىل بولغاندا، ئالدىڭلاردىن بىرەر ئىت ئۆتسە، تۆگىنىڭ تېزىكىدىن بىرنى ئېلىپ، ئىتقا ئاتاتتىڭلار (ۋە شۇنىڭ بىلەن ئىددەتتىن چىققان ھېسابلىناتتىڭلار). تۆت ئاي ئون كۈننى توشقۇزمىغۇچە، كۆزۈڭگە سۈرمە تارتقۇچى بولما! ـ دېدى.

(بۇخارى: 5339)

4513 - قَالَ حُمَيْدٌ فَقُلْتُ لِزَيْنَبَ وَمَا تَرْمِي بِالْبَعْرَةِ عَلَى رَأْسِ الْحَوْلِ فَقَالَتْ زَيْنَبُ كَانَتْ الْمَرْأَةُ إِذَا تُوُفِّيَ عَنْهَا زَوْجُهَا دَخَلَتْ حِفْشًا وَلَبِسَتْ شَرَّ ثِيَابِهَا وَلَمْ تَمَسَّ طِيبًا حَتَّى تَمُرَّ بِهَا سَنَةٌ ثُمَّ تُؤْتَى بِدَابَّةٍ حِمَارٍ أَوْ شَاةٍ أَوْ طَائِرٍ فَتَفْتَضُّ بِهِ فَقَلَّمَا تَفْتَضُّ بِشَيْءٍ إِلَّا مَاتَ ثُمَّ تَخْرُجُ فَتُعْطَى بَعَرَةً فَتَرْمِي ثُمَّ تُرَاجِعُ بَعْدُ مَا شَاءَتْ مِنْ طِيبٍ أَوْ غَيْرِهِ سُئِلَ مَالِكٌ مَا تَفْتَضُّ بِهِ قَالَ تَمْسَحُ بِهِ جِلْدَهَا.

4513 ـ ھۇمەيد مۇنداق دەيدۇ: مەن زەينەپتىن:

ــ ''بىر يىل توشقاندا، (يېنىدىن ئۆتكەن ئىتقا) تېزەك ئاتاتتى'' دېگەننىڭ مەنىسى نېمە؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دەپ جاۋاب بەردى:

ــ ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايال ئۆيىدىكى ئەڭ ئەسكى ھۇجرىغا كىرىپ، ئەڭ ناچار كىيىملىرىنى كىيىپ، ھېچقانداق خۇشبۇي نەرسە ئىشلەتمەستىن بىر يىل ئولتۇراتتى. بىر يىل توشقاندا، ئۇنىڭغا بىرەر ئېشەك، قوي ياكى ئۇچار قۇش ئەكېلىپ بېرىلەتتى. ئۇ شۇنىڭغا بىر يەرلىرىنى سۈركەپ، ئاندىن يۇيۇناتتى. پاكلىنىش ئۈچۈن بەدىنىنى سۈركىگەن ھايۋاننىڭ كۆپىنچىسى (ئۇنىڭدىن چىققان پۇراقنىڭ سېسىقلىقىدىن) ئۆلۈپ كېتەتتى. ئاندىن ئۆيدىن چىقاتتى. ئۇنىڭغا بىر پارچە تېزەك بېرىلەتتى، ئۇ شۇ تېزەكنى (ئۆزىنىڭ قارىلىقتىن چىققانلىقىنىڭ نىشانىسى قىلىپ) ئاتاتتى، ئاندىن خۇشپۇراق نەرسىلەرنى بۇرۇنقىدەك خالىغىنىچە ئىشلىتەلەيتتى.

مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:
ـ سۈركەشتىن نېمە كۆزدە تۇتۇلىدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا:
ـ ئايال كىشى ئۆزىگە ئەكېلىپ بېرىلگەن جانىۋارغا بەدىنىنى سۈركەيتتى، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 5337)

4514 - عَنْ زَيْنَبَ بِنْتِ أُم سَلَمَةَ عَنْ أُم حَبِيبَةَ بِنْتِ أَبِي سُفْيَانَ لَما جَاءَهَا نَعِـي أَبِيهَا دَعَتْ بِطِيبٍ فَمَسَحَتْ ذِرَاعَيْهَا وَقَالَتْ مَا لِي بِالطيبِ مِنْ حَاجَةٍ لَوْلَا أني سَـمِعْتُ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ لَا يَحِل لِامْرَأَةٍ تُؤْمِنُ بِاللهِ وَالْيَوْمِ الْآخِرِ تُحِد عَلَى مَيـتٍ فَوْقَ ثَلَاثٍ إِلا عَلَى زَوْجٍ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا.

4514 ـ ئۇممۇ سەلەمەنىڭ قىزى زەينەپ مۇنداق دەيدۇ: ئەبۇ سۇفيانىنىڭ قىزى ئۇممۇ ھەبىبەگە دادىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى يەتكۈزۈلگەندە، ئۇ خۇشبۇي بىر نەرسە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى ۋە كەلتۈرۈلگەن خۇشبۇي نەرسىنى بىلەكلىرىگە سۈردى. ئاندىن:
ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «اﷲقا ۋە قىيامەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن ھەر قانداق ئايالنىڭ ئۆلگەن يېقىنى ئۈچۈن ئۈچ كۈندىن ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشى ھالال ئەمەس. پەقەت ئېرى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇنىڭغا تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتىدۇ» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىمىغان بولسام، بۇ خۇشبۇي نەرسىلەرنى كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايتتىم، ـ دېدى.

(بۇخارى: 5345)

4515 - عَنْ أُم عَطِيةَ قَالَتْ كُنا نُنْهَى أَنْ نُحِد عَلَى مَيتٍ فَوْقَ ثَلَاثٍ إِلا عَلَى زَوْجٍ أَرْبَعَةَ أَشْهُرٍ وَعَشْرًا وَلَا نَكْتَحِلَ وَلَا نَطيبَ وَلَا نَلْبَسَ ثَوْبًا مَصْبُوغًا إِلا ثَوْبَ عَصْبٍ وَقَـدْ رُخصَ لَنا عِنْدَ الطهْرِ إِذَا اغْتَسَلَتْ إِحْدَانَا مِنْ مَحِيضِهَا فِي نُبْذَةٍ مِنْ كُسْتِ أَظْفَارٍ وَكُنـا نُنْهَى عَنْ اتبَاعِ الْجَنَائِزِ.

4515 ـ ئۇممۇ ئەتىيىيە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: بىز ئېرىمىزدىن باشقا يېقىنلىرىمىز ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا ئۈچ كۈندىن

ئارتۇق قارىلىق تۇتۇشتىن چەكلەندۇق، ئەمما ئېرىمىز ئۆلۈپ قالسا، ئۇنىڭغا تۆت ئاي ئون كۈن قارىلىق تۇتاتتۇق. قارىلىق تۇتقاندا سۈرمە تارتمايتتۇق، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلەتمەيتتۇق، بويالغان كىيىمنى كىيمەيتتۇق. ئەمما رەڭلىك يىپتىن توقۇلغان رەختتىن تىكىلگەن كىيىم بولسا، ئۇنى كىيسەك دۇرۇس بولاتتى. ھەيزدىن پاك بولۇپ، غۇسلى قىلماقچى بولساق، ئازراق خۇشبۇي نەرسە ئىشلىتىشكە بولاتتى. جىنازىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ مېڭىشتىن چەكلەنگەنىدۇق.

(بۇخارى: 5341)

4516 - عَنْ أُم سَلَمَةَ زَوْجِ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ قَالَ الْمُتَوفى عَنْهَا زَوْجُهَا لَا تَلْبَسُ الْمُعَصْفَرَ مِنْ الثيَابِ وَلَا الْمُمَشقَةَ وَلَا الْحُلِي وَلَا تَخْتَضِبُ وَلَا تَكْتَحِلُ.

4516 ـ ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ئېرى ئۆلۈپ قالغان ئايالنىڭ ئەسفەر[1] ياكى قىزىل رەڭدە بويالغان كىيىمنى كىيىشىگە، زىبۇ ـ زىننەت تاقىشىغا، قولىغا خېنە قويۇشىغا، كۆزىگە سۈرمە تارتىشىغا بولمايدۇ» دېگەن[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 2304)

4517 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ دَخَلَ عَلَى أُم سَلَمَةَ وَهِيَ حَاد عَلَى أَبِي سَلَمَةَ وَقَدْ جَعَلَتْ عَلَى عَيْنَيْهَا صَبِرًا فَقَالَ مَا هَذَا يَا أُم سَلَمَةَ فَقَالَتْ إِنمَا هُوَ صَبِرٌ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ اجْعَلِيهِ فِي الليْلِ وَامْسَحِيهِ بِالنهَارِ.

4517 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرى ئەبۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا

[1] ئەسفەر بىر خىل ئۆسۈملۈك بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بويالغان كىيىم قىزىل، سارغۇچ رەڭ ئالىدۇ.
[2] ئەلبانى (2020): سەھىھ ـ دېگەن.

قارىلىق تۇتۇۋاتقان بىر چاغدا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كىردى ۋە ئۇنىڭ كۆزىدىكى سەبىرنى[①] كۆرۈپ:

— ئى ئۇممۇ سەلەمە! بۇ نېمە؟ - دەپ سورىدى. ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا:

— ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ سەبىر، - دېگەنىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ئۇنى كېچىسى ئىشلىتىپ، كۈندۈزى سۈرتىۋەتكىن! - دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4518 - عَنْ مَالِك أنهُ بَلَغَهُ أن أُم سَلَمَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلم قَالَتْ لِامْرَأَةٍ حَاد عَلَى زَوْجِهَا اشْتَكَتْ عَيْنَيْهَا فَبَلَغَ ذَلِكَ مِنْهَا اكْتَحِلِي بِكُحْلِ الْجِلَاءِ بِاللَّيْلِ وَامْسَحِيهِ بِالنهَارِ.

4518 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئېرىگە قارىلىق تۇتۇۋېتىپ كۆزى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەن بىر ئايالغا:

— كۆزۈڭگە كېچىسى سۈرمە تارتقىن (سۈرمە كۆزۈڭنى رۇشەنلەشتۈرىدۇ)، ئەمما كۈندۈزى سۈرتىۋەتكىن! - دېدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4519 - عَنْ مَالِك أنهُ بَلَغَهُ أن أُم سَلَمَةَ زَوْجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ كَانَتْ تَقُولُ تَجْمَعُ الْحَاد رَأْسَهَا بِالسدْرِ وَالزيْتِ.

4519 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇممۇ سەلەمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيتتى: قارىلىق تۇتۇۋاتقان ئايال چېچىنى سىدر[②] ۋە ياغ بىلەن مايلاپ، بىر يەرگە يىغىۋالسا بولىدۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

[①] سەبىر ـ بىر خىل ئاچچىق دەرەختىن سىقىپ چىقىرىلغان سۇيۇقلۇق بولۇپ كۆزگە دورا قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

[②] سىدىر ـ ياۋا چىلان بولۇپ، بۇ يەردە ئۇنىڭدىن چىققان ياغ، يېلىم قاتارلىق نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلسا كېرەك.

4520 - قَالَ أَبو هُرَيْرَةَ: سَمِعْتُ امْرَأَةً جَاءَتْ إِلَى رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَأَنَا قَاعِدٌ عِنْدَهُ فَقَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن زَوْجِي يُرِيدُ أَنْ يَذْهَبَ بِابْنِي وَقَدْ سَقَانِي مِنْ بِئْرِ أَبِي عِنَبَةَ وَقَدْ نَفَعَنِي فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اسْتَهِمَا عَلَيْهِ فَقَالَ زَوْجُهَا مَنْ يُحَاقّنِي فِي وَلَدِي فَقَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا أَبُوكَ وَهَذِهِ أُمكَ فَخُذْ بِيَدِ أَيهِمَا شِئْتَ فَأَخَذَ بِيَدِ أُمهِ فَانْطَلَقَتْ بِهِ.

4520 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتىم. بىر ئايال كېلىپ:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! ئېرىم ئوغلۇمنى ئېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ۋەھالەنكى، ئوغلۇم ماڭا ئەسقاتاتتى، ماڭا ئەبۇ ئىنەبە قۇدۇقىدىن سۇ ئەكىلىپ بەرگۈدەك بولۇپ قالغانىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنداق بولسا، ئاراڭلاردا چەك تاشلاڭلار! ـ دېدى. بۇنى ئاڭلىغان ئېرى:

ـ مەندىن بالامنى تالىشىدىغان كىم ئىكەن ئۇ؟! ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (ئۇلارنىڭ بالىسىغا):

ـ بۇ سېنىڭ داداڭ، بۇ ئاناڭ. سەن بۇلارنىڭ قايسىسىنى خالىساڭ، شۇنىڭ قولىنى تۇت! ـ دېدى. بالا ئانىسىنىڭ قولىنى تۇتتى، شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بالىنى ئانىسى ئېلىپ كەتتى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2277)

4521 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ عَبْدِ اللهِ بْنِ عَمْرٍو أَن امْرَأَةً قَالَتْ يَا رَسُولَ اللهِ إِن ابْنِي هَذَا كَانَ بَطْنِي لَهُ وِعَاءً وَثَدْيِي لَهُ سِقَاءً وَحِجْرِي لَهُ حِوَاءً وَإِن أَبَاهُ طَلقَنِي وَأَرَادَ أَنْ يَنْتَزِعَهُ مِني فَقَالَ لَهَا رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْتِ أَحَق بِهِ مَا لَمْ تَنْكِحِي.

---

[1] ئەلبانى (1992): سەھىھ ـ دېگەن.

4521 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسى ئارقىلىق بوۋىسىدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئايال:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن بۇ بالامغا قورسىقىمنى تاغار، ئەمچىكىمنى تۇلۇم، قۇچىقىمنى بۆشۈك قىلغانىدىم، ئەمدىلىكتە دادىسى مېنى تالاق قىلىۋېتىپ، بالامنى مەندىن ئېلىۋالماقچى بولىۋاتىدۇ، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ ئايالغا:

ــ سەن باشقا ئەرگە تەگمىسەڭلا، ئۇ بالىنى ئېلىش سېنىڭ ھەققىڭ، ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2276)

4522 - عَنْ عَلِي رَضِيَ اللهُ عَنْهُ قَالَ خَرَجَ زَيْدُ بْنُ حَارِثَةَ إِلَى مَكةَ فَقَدِمَ بِابْنَةِ حَمْزَةَ فَقَالَ جَعْفَرٌ أَنَا آخُذُهَا أَنَا أَحَق بِهَا ابْنَةُ عَمي وَعِنْدِي خَالَتُهَا وَإِنمَا الْخَالَةُ أُم فَقَالَ عَلِي أَنَا أَحَق بِهَا ابْنَةُ عَمي وَعِنْدِي ابْنَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ وَهِيَ أَحَق بِهَا فَقَالَ زَيْدٌ أَنَا أَحَق بِهَا أَنَا خَرَجْتُ إِلَيْهَا وَسَافَرْتُ وَقَدِمْتُ بِهَا فَخَرَجَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ حَدِيثًا قَالَ وَأَما الْجَارِيَةُ فَأَقْضِي بِهَا لِجَعْفَرٍ تَكُونُ مَعَ خَالَتِهَا وَإِنمَا الْخَالَةُ أُم.

4522 ـ ئەلى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: زەيد ئىبنى ھارىسە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مەككىگە بېرىپ، ھەمزە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ (مەدىنىگە) كەلگەنىدى، جەئفەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ـ ئۇ قىزنى مەن (ئۆيۈمگە) ئېلىپ كېتىمەن، ئۇنى بېقىشقا مەن ھەقلىقراق. چۈنكى ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى، ئايالىم بولسا، بۇ قىزنىڭ ھامما ئاچىسى بولىدۇ. ھامما ئاچا دېگەن ئانا ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدى. مەنمۇ (ئەلى):

ــ ئۇنى بېقىشقا مەن تېخىمۇ ھەقلىقراق، چۈنكى ئۇ مېنىڭ تاغامنىڭ قىزى، ئايالىم پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ

[1] ئەلبانى (1991): ھەسەن، ـ دېگەن.

قىزى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قىزى بۇ قىزنى بېقىشقا ھەممىڭلاردىن ھەقلىقراق، ـ دېدىم. زەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇ قىزنى بېقىشقا مەن ھەقلىقراق، چۈنكى مەن سەپەر جاپاسىنى تارتىپ، ئۇنى مەككىدىن ئېلىپ كەلدىم، ـ دېدى. شۇ ئەسنادا پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم چىقىپ، بىر ئىش توغرۇلۇق سۆزلىدى. ئاندىن:

ــ بۇ قىزنىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئۇنى جەئفەرگە بۇيرۇپ بېرىمەن. ئۇ قىز ھامما ئاچىسى بىلەن بىرگە تۇرسۇن، ھامما ئاچا دېگەن ئانا ھېسابلىنىدۇ» دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 2278)

4523 - عن الْقَاسِمَ بْنَ مُحَمدٍ قال: كَانَتْ عِنْدَ عُمَرَ بْنِ الْخَطابِ امْرَأَةٌ مِنْ الْأَنصَارِ فَوَلَدَتْ لَهُ عَاصِمَ بْنَ عُمَرَ ثُم إِنهُ فَارَقَهَا فَجَاءَ عُمَرُ قُبَاءً فَوَجَدَ ابْنَهُ عَاصِمًا يَلْعَبُ بِفِنَاءِ الْمَسْجِدِ فَأَخَذَ بِعَضُدِهِ فَوَضَعَهُ بَيْنَ يَدَيْهِ عَلَى الدابةِ فَأَدْرَكَتْهُ جَدةُ الْغُلَامِ فَنَازَعَتْهُ إِياهُ حَتى أَتَيَا أَبَا بَكْرٍ الصديقَ فَقَالَ عُمَرُ ابْنِي وَقَالَتْ الْمَرْأَةُ ابْنِي فَقَالَ أَبُو بَكْرٍ خَل بَيْنَهَا وَبَيْنَهُ قَالَ فَمَا رَاجَعَهُ عُمَرُ الْكَلَامَ.

4523 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئەنسارىلاردىن بولغان بىر ئايالى بار بولۇپ، ئۇ ئايال ھەزرىتى ئۆمەرگە ئاسىم ئىسىملىك بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگەنىدى. كېيىن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇ ئايالىدىن ئايرىلىپ كەتتى. بىر كۈنى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ قۇباغا كەلدى ۋە مەسجىد ھويلىسىدا ئويناپ يۈرگەن ئوغلىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى ـ دە، ئۇلىغىنىڭ ئالدىغا مىندۈردى. بالىنىڭ چوڭ ئانىسى كەينىدىن يېتىشىپ كېلىپ، بالىنى تالاشتى. ئۇلار شۇ تالاشقىنىچە، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ئالدىغا باردى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

ــ بۇ مېنىڭ بالام، ـ دېسە، چوڭ ئانىسى:

[1] ئەلبانى (1993): سەھىھ ـ دېگەن.

ــ بۇ مېنىڭ بالام، ـ دەيتتى. بۇنى كۆرگەن ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇغا:

ــ بالىنى چوڭ ئانىسىغا قايتۇرۇپ بەرگىن! ــ دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن تالىشىپ ئولتۇرمايلا، بالىنى قايتۇرۇپ بەردى.

(مالىك: 1498)

## سېتىشقا بولمايدىغان نىجىس نەرسىلەر، تېخى قولىغا ئالمىغان مالنى سېتىش، تېخى پىشمىغان مېۋىلەرنى سېتىش، باشاقتىكى بۇغداينى تاغارغا ئېلىنىپ بولغان بۇغدايغا تېگىشىش، دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى ھۆل مېۋىنى قۇرۇق مېۋىگە تېگىشىش، بۇنىڭدىن ئىستىسنا قىلىنىپ ھاجەتمەنلەرگە بېرىلگەن رۇخسەت ۋە باشقا مەسىلىلەر

4609 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أَنهُ سَمِعَ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ عَامَ الْفَتْحِ وَهُوَ بِمَكةَ إِن اللهَ وَرَسُولَهُ حَرمَ بَيْعَ الْخَمْرِ وَالْمَيْتَةِ وَالْخِنْزِيرِ وَالْأَصْنَامِ فَقِيلَ يَا رَسُولَ اللهِ أَرَأَيتَ شُحُومَ الْمَيْتَةِ فَإِنهُ يُطْلَى بِهَا السفُنُ وَيُدْهَنُ بِهَا الْجُلُودُ وَيَسْتَصْبِحُ بِهَا الناسُ فَقَالَ لَا هُوَ حَرَامٌ ثُم قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عِنْدَ ذَلِكَ قَاتَلَ اللهُ الْيَهُودَ إِن اللهَ عَز وَجَل لَما حَرمَ عَلَيْهِمْ شُحُومَهَا أَجْمَلُوهُ ثُم بَاعُوهُ فَأَكَلُوا ثَمَنَهُ.

4609 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككە پەتھە قىلىنغان يىلى (مەككىدە):

ـ شۈبھىسىزكى، الله ۋە اللهنىڭ پەيغەمبىرى ھاراق، تاپ (ئۆزى ئۆلۈپ قالغان مالنىڭ) گۆشى، چوشقا ۋە بۇت سېتىشنى ھارام قىلدى، ـ دېدى. بىر كىشى:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! تاپنىڭ مېيىنى ساتسا بولامدۇ؟ ئۇنىڭدا كېمىلەر ۋە تېرىلەر مايلىنىدۇ، چىراغ قىلىپ ئىشلەتكىلىمۇ بولىدۇ، ـ دەپ سورىغانىدى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ياق، سېتىشقا بولمايدۇ. الله يەھۇدىيلارغا لەنەت قىلسۇن! الله ئۇلارغا هايۋاناتلارنىڭ مېيىنى يېيىشنى هارام قىلغاندى، ئۇلار ئۇنى يېمەي، ئېرىتىپ سېتىپ پۇلىنى يېگەن، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 1581)

4610 - عَنْ ٱبنِ وَعْلَةَ الْمِصْرِي أَنَّهُ سَأَلَ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَباسٍ عَما يُعْصَرُ مِنْ الْعِنَبِ فَقَالَ ٱبْنُ عَباسٍ أَهْدَى رَجُلٌ لِرَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ رَاوِيَةَ خَمْرٍ فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَمَا عَلِمْتَ أَن اللهَ حَرمَهَا قَالَ لَا فَسَارهُ رَجُلٌ إِلَى جَنْبِهِ فَقَالَ لَهُ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِمَ سَارَرْتَهُ فَقَالَ أَمَرْتُهُ أَنْ يَبِيعَهَا فَقَالَ لَهُ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ إِن الذِي حَرمَ شُرْبَهَا حَرمَ بَيْعَهَا فَفَتَحَ الرجُلُ الْمَزَادَتَيْنِ حَتى ذَهَبَ مَا فِيهِمَا.

4610 ـ ئىبنى ۋەئلە مىسرى مۇنداق دەيدۇ: مەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئاباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن ئۈزۈمدىن سىقىپ چىقىرىلغان سۇ (يەنى شاراب) ھەققىدە سوئال سورىغانىدىم، ئۇ مۇنداق دېدى:

ــ بىر كىشى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە بىر تۇلۇم هاراق سوۋغا قىلغانىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە:

ــ سەن الله تائالانىڭ بۇنى هارام قىلغانلىقىنى بىلمىگەنمىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى، ئۇ كىشى:

ــ ياق، ـ دېدى. شۇ ئارىدا، يەنە بىر كىشى ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلىدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ سەن ئۇنىڭغا نېمە دەپ پىچىرلىدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى:

ــ ”بۇنى سېتىۋەتكىن!“ دېدىم، ـ دېگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام:

ــ بۇنى ئىچىشنى هارام قىلغان الله سېتىشنىمۇ هارام قىلغان، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ كىشى تۇلۇمنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ـ دە، هاراقنىڭ ھەممىسىنى تۆكۈۋەتتى.

(مالىك: 1598)

4611 - نحوه وفيه: وَإِن اللهَ إِذَا حَرمَ عَلَى قَوْمٍ أَكْلَ شَيْءٍ حَرمَ عَلَيْهِمْ ثَمَنَهُ.

4611 ـ يەنە بىر ھەدىستىمۇ يۇقىرىقى بىلەن ئوخشاش مەزمۇن رىۋايەت قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا:

«شۈبھىسىزكى، الله بىر قەۋمگە بىر نەرسىنى يېيىشنى ھارام قىلسا، ئۇلارغا ئۇنىڭ پۇلىنىمۇ ھارام قىلىدۇ» دېگەن ئىبارە قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3488)

4612 - عَنْ أَبِي طَلْحَةَ أَنهُ قَالَ يَا نَبِي اللهِ إِني اشْتَرَيْتُ خَمْرًا لِأَيْتَامٍ فِي حِجْرِي قَالَ أَهْرِقْ الْخَمْرَ وَاكْسِرْ الدنَانَ.

4612 ـ ئەبۇ تەلھە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

— ئى رەسۇلۇللاھ! مەن ئۆيۈمدىكى يېتىم بالىلارغا شاراب سېتىۋالدىم، ـ دېگەنىدىم، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ شارابنى تۆكۈپ، كوزىسىنى چېقىۋەت! ـ دېدى[2].

(تىرمىزى: 1293)

4613 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ مَنْ ابْتَاعَ طَعَامًا فَلَا يَبِعْهُ حَتى يَسْتَوْفِيَهُ. قَالَ وَكُنا نَشْتَرِي الطعَامَ مِنَ الركْبَانِ جِزَافًا فَنَهَانَا رَسُولُ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- أَنْ نَبِيعَهُ حَتى نَنْقُلَهُ مِنْ مَكَانِهِ.

4613 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ئاشلىق سېتىۋالغان ئادەم ئۇنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىپ بولمىغۇچە باشقا بىرىگە ساتمىسۇن».

---

[1] ئەلبانى (2978): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (1039): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز سىرتتىن كەلگەنلەردىن ئاشلىقنى تارتىپ ياكى كەمچەنلەپ باقماستىن، قارىسىغىلا (مۇنچە پۇل بولسۇن دەپلا) سېتىۋالاتتۇق. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىزنى ئۇنداق سېتىۋېلىنغان ئاشلىقنى ئورنىدىن يۆتكىمەي تۇرۇپ سېتىشتىن توستى.

(مۇسلىم: 1526)

4614 - عَنْ حَكِيمِ بْنِ حِزَامٍ قَالَ سَأَلْتُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ يَأْتِينِي الرجُلُ فَيَسْأَلُنِي الْبَيْعَ لَيْسَ عِنْدِي أَبِيعُهُ مِنْهُ ثُم أَبْتَاعُهُ لَهُ مِنْ السوقِ قَالَ لَا تَبِعْ مَا لَيْسَ عِنْدَكَ.

4614 ـ ھەكىم ئىبنى ھىزام رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمدىن:

ـ ئى رەسۇلۇللاھ! بەزى ئادەملەر مەندە يوق نەرسىلەرنى سورايدۇ، ئۇلار بىلەن سودىلىشىپ بولۇپ، ئاندىن ئۇ تەلەپ قىلغان نەرسىنى بازاردىن سېتىۋېلىپ بەرسەم بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۆزەڭدە يوق نەرسىنى ساتما! ـ دەپ جاۋاب بەردى[1].

(نەسائى: 4613)

4615 - عَنْ ابْنِ عَباسٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى أَنْ يَبِيعَ الرجُلُ طَعَامًا حَتى يَسْتَوْفِيَهُ قُلْتُ لِابْنِ عَباسٍ كَيْفَ ذَاكَ قَالَ ذَاكَ دَرَاهِمُ بِدَرَاهِمَ وَالطعَامُ مُرْجَأٌ.

4615 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر كىمنىڭ سېتىۋالغان ئاشلىقنى تولۇق تاپشۇرۇۋالمىغۇچە، ئۇنى باشقا بىرىگە سېتىشتىن چەكلىگەن، ـ دېدى. مەن (راۋىي) ئىبنى ئابباستىن:

[1] ئەلبانى (4299): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ بۇ قانداق ئىش؟ ـ دەپ سورىغانىدىم، ئۇ:

ـ ئوتتۇرىدا ئاشلىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ، ماھىيەتتە پۇلنى پۇلغا ساتقان بىلەن باراۋەر بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2132)

4616 - وفي رواية: وَقَالَ ابْنُ عَباسٍ وَأَحْسِبُ أَن كُل شَيْءٍ مِثْلَ الطَعَامِ.

4616 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە، ئىبنى ئاbbas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـ مەن ئاشلىقتىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھۆكمىمۇ ئاشلىققا ئوخشاش دەپ قارايمەن، ـ دېگەن[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3497)

4617 - عَنْ الْقَاسِمِ بْنِ مُحَمدٍ أَنهُ قَالَ سَمِعْتُ عَبْدَ اللهِ بْنَ عَباسٍ وَرَجُلٌ يَسْأَلُهُ عَنْ رَجُلٍ سَلفَ فِي سَبَائِبَ فَأَرَادَ بَيْعَهَا قَبْلَ أَنْ يَقْبِضَهَا فَقَالَ ابْنُ عَباسٍ تِلْكَ الْوَرِقُ بِالْوَرِقِ وَكَرِهَ ذَلِكَ.

4617 ـ قاسىم ئىبنى مۇھەممەد مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن:

ـ بىر ئادەم كىيىم سېتىۋېلىش ئۈچۈن ئالدىن پۇل بەرگەن بولسا، ئۇ كىيىمنى تېخى قولىغا ئالماي تۇرۇپ باشقا بىرىگە ساتسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدى، ئىبنى ئابباس:

ـ بۇ دېگەن، پۇلنى پۇلغا ساتقانغا باراۋەر ئىش، ـ دېدى ۋە بۇنداق قىلىشنى توغرا تاپمىدى.

(مالىك: 1365)

4618 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن صُكُوكًا خَرَجَتْ لِلناسِ فِي زَمَانِ مَرْوَانَ بْنِ الْحَكَمِ مِنْ طَعَامِ الْجَارِ فَتَبَايَعَ الناسُ تِلْكَ الصكُوكَ بَيْنَهُمْ قَبْلَ أَنْ يَسْتَوْفُوهَا فَدَخَلَ زَيْدُ بْنُ ثَابِتٍ وَرَجُلٌ مِنْ أَصْحَابِ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَلَى مَرْوَانَ بْنِ الْحَكَمِ فَقَالَا أَتُحِلُّ

[1] ئەلبانى (2986): سەھىھ ـ دېگەن.

بَيْعَ الرِّبَا يَا مَرْوَانُ فَقَالَ أَعُوذُ بِاللهِ وَمَا ذَاكَ فَقَالَا هَذِهِ الصُّكُوكُ تَبَايَعَهَا النَّاسُ ثُمَّ بَاعُوهَا قَبْلَ أَنْ يَسْتَوْفُوهَا فَبَعَثَ مَرْوَانُ الْحَرَسَ يَتْبَعُونَهَا يَنْزِعُونَهَا مِنْ أَيْدِي النَّاسِ وَيَرُدُّونَهَا إِلَى أَهْلِهَا.

4618 ـ مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: ماڭا يېتىشىچە، مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ دەۋرىدە، كىشىلەر ئارىسىدا دۆلەت خەزىنىسىدىن بېرىلىدىغان ئاشلىق ئۈچۈن بېلەت تارقىتىلدى. لېكىن كىشىلەر بۇ بېلەت بىلەن ئاشلىقنى ئالماي تۇرۇپ، بېلەتنىڭ ئۆزىنى بىر ـ بىرىگە سېتىشقا باشلىدى. زەيد ئىبنى سابىت بىلەن ساھابىلەردىن يەنە بىر كىشى بۇنى كۆرۈپ، مەرۋان ئىبنى ھەكەمنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

ـــ ئى مەرۋان! سەن خەلقنىڭ جازانە بىلەن سودا ـ سېتىق قىلىشىغا يول قويدۇڭمۇ؟ ـ دېيىشتى. مەرۋان:

ـــ الله ئۇنداق ئىشتىن ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن! بۇ نېمە گەپ؟ ـ دېدى. ئۇلار:

ـــ كىشىلەر سەن چىقارغان بېلەتلەرگە ئاشلىق ئالماي، بىر ـ بىرىگە سېتىشىۋاتىدۇ، ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن، مەرۋان بۇ ئىشقا نازارەتچىلەرنى ئورۇنلاشتۇردى. نازارەتچىلەر بېلەتلەرنى ئېلىپ، ئەسلى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشكە باشلىدى.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4619 - عَنْ ابْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كُنَّا مَعَ النَّبِيِّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فِي سَفَرٍ فَكُنْتُ عَلَى بَكْرٍ صَعْبٍ لِعُمَرَ فَكَانَ يَغْلِبُنِي فَيَتَقَدَّمُ أَمَامَ الْقَوْمِ فَيَزْجُرُهُ عُمَرُ وَيَرُدُّهُ ثُمَّ يَتَقَدَّمُ فَيَزْجُرُهُ عُمَرُ وَيَرُدُّهُ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لِعُمَرَ بِعْنِيهِ قَالَ هُوَ لَكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ بِعْنِيهِ فَبَاعَهُ مِنْ رَسُولِ اللهِ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ فَقَالَ النَّبِيُّ صَلَّى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ هُوَ لَكَ يَا عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ تَصْنَعُ بِهِ مَا شِئْتَ.

4619 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە سەپەردە ئىدۇق،

مەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ يېڭى كۆندۇرۇلگەن بىر بوتىلىقىغا مىنىپ ماڭغان ئىدىم، بوتىلاق ماڭا بويسۇنماي كىشىلەرنىڭ ئالدىغا (يەنى پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئالدىغا) ئۆتۈپ كېتەتتى، ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئاچچىقلاپ بوتىلاقنى ئارقىغا قايتۇراتتى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بوتىلاقنى بىر قانچە قېتىم ئارقىغا قايتۇرغاندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۆمەرگە:

— ئى ئۆمەر! بوتىلاقنى ماڭا سېتىپ بەرگىن! - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ:

- ئى رەسۇلۇللاھ! بۇ بوتىلاق سىزنىڭ بولسۇن! - دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

- ياق، سېتىپ بەرگىن! - دېدى. ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سېتىپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوتىلاقنى سېتىپ ئالغاندىن كېيىن:

- ئى ئىبنى ئۆمەر! بۇ بوتىلاق سىزنىڭ بولسۇن! خالىغىنىڭچە ئىشلەتكىن! - دېدى.

(بۇخارى: 2116)

4620 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَنْ بَيْعِ الثمَارِ حَتى يَبْدُوَ صَلَاحُهَا نَهَى الْبَائِعَ وَالْمُبْتَاعَ.

4620 - ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋە پىشاي دېمىگۈچە ئۇنى شېخىدا توختىتىپ ئېلىش - سېتىشتىن (ئالغۇچىنىمۇ، ساتقۇچىنىمۇ) توسقان.

(بۇخارى: 2194)

4621 - عَنْ أَنَسٍ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُ أَنَّ النَّبِيَّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ نَهَى عَنْ بَيْعِ ثَمَرِ التَّمْرِ حَتَّى يَزْهُوَ فَقُلْنَا لِأَنَسٍ مَا زَهْوُهَا قَالَ تَحْمَرُّ وَتَصْفَرُّ أَرَأَيْتَ إِنْ مَنَعَ اللَّهُ الثَّمَرَةَ بِمَ تَسْتَحِلُّ مَالَ أَخِيكَ.

4621 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنى پىشاي دېمىگۈچە شېخىدا توختىتىپ سېتىشتىن توسقان. بىز ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن:

ـ پىشاي دېگىنى قانداق بولىدۇ؟ ـ دەپ سورىساق، ئۇ:

ـ خورما قىزارسا ۋە سارغايسا پىشاي دېگەن بولىدۇ. ئەگەر خورما پىشىشتىن ئىلگىرى الله ئۇنى ئاپەتكە ئۇچراتسا، قېرىندىشىڭنىڭ پۇلىنى يېيىش ساڭا قانداقمۇ ھالال بولسۇن؟! ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(بۇخارى: 2208)

4622 - عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ قَالَ كَانَ النَّاسُ يَتَبَايَعُونَ الثِّمَارَ قَبْلَ أَنْ يَبْدُوَ صَلَاحُهَا فَإِذَا جَدَّ النَّاسُ وَحَضَرَ تَقَاضِيهِمْ قَالَ الْمُبْتَاعُ قَدْ أَصَابَ الثَّمَرَ الدَّمَانُ وَأَصَابَهُ قُشَامٌ وَأَصَابَهُ مُرَاضٌ عَاهَاتٌ يَحْتَجُّونَ بِهَا فَلَمَّا كَثُرَتْ خُصُومَتُهُمْ عِنْدَ النَّبِيِّ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ قَالَ رَسُولُ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ كَالْمَشُورَةِ يُشِيرُ بِهَا فَإِمَّا لَا فَلَا تَتَبَايَعُوا الثَّمَرَةَ حَتَّى يَبْدُوَ صَلَاحُهَا لِكَثْرَةِ خُصُومَتِهِمْ وَاخْتِلَافِهِمْ.

4622 ـ زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: كىشىلەر مېۋىنى پىشىشتىن ئىلگىرى شېخىدا تۇرغۇزۇپ ئېلىپ سېتىشاتتى، كېيىن ئۇلار مېۋىنى ئۈزۈپ، پۇلىنى تۆلەيدىغان چاغدا، باغنىڭ مېۋىسىنى سېتىۋالغۇچى:

ــ مېۋىگە ھال چۈشۈپ كەتتى، مېۋە تۆكۈلۈپ كەتتى، ئاپەتكە ئۇچرىدى، ـ دېگەنگە ئوخشاش باھانىلەرنى كۆرسىتىپ جېدەل قىلىشىدىغان بولاتتى. مۇنداق ئىشلار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا كۆپ يۈز بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلارغا مەسلىھەت شەكلىدە يول كۆرسىتىپ:

ـ ئۇنداق بولسا، باغنىڭ مېۋىسىنى پىشاي دېيىشتىن ئىلگىرى شېخىدا تۇرۇغۇزۇپ ساتماڭلار! ـ دېدى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3372)

4623 - عَنْ أَبِي الْبَخْتَرِي سَأَلْتُ ابْنَ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا عَنْ السلمِ فِي النخْلِ فَقَالَ نَهَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ بَيْعِ الثمَرِ حَتى يَصْلُحَ وَنَهَى عَنْ الْوَرِقِ بِالذهَبِ نَسَاءً بِنَاجِزٍ وَسَأَلْتُ ابْنَ عَباسٍ فَقَالَ نَهَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ بَيْعِ النخْلِ حَتى يَأْكُلَ أَوْ يُؤْكَلَ وَحَتى يُوزَنَ قُلْتُ وَمَا يُوزَنُ قَالَ رَجُلٌ عِنْدَهُ حَتى يُحْرَزَ.

4623 ـ ئەبۇ بەختەرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن خورمىغا ئالدىن پۇل ئېلىش ھەققىدە سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم خورمىنى يېگۈدەك بولۇشتىن ئىلگىرى شېخىدا توختىتىپ سېتىشتىن ۋە نەق ئالتۇننى نېسى كۈمۈشكە سېتىۋېلىشتىن توسقان، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

مەن يەنە بۇ مەسىلىنى ئىبنى ئاببas رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن سورىغانىدىم، ئۇ:

ـــ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام شاختىكى خورمىنى يېگۈدەك بولمىغۇچە ياكى قانچىلىك چىقىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگۈدەك بولمىغۇچە سېتىشتىن توسقان، ـ دېدى. مەن:

ـ قانداق مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ؟ ـ دېگەنىدىم، ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئادەم:

ـ مېۋە ئۈزۈپ ساقلانغۇدەك بولغاندا مۆلچەرلىگىلى بولىدۇ، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2250)

4624 - عَنِ ابْنِ عَباسٍ قَالَ: "نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنْ تُبَاعَ ثَمَرَةٌ حَتى تُطْعَمَ، وَلا صُوفٌ عَلَى ظَهْرٍ، وَلا لَبَنٌ فِي ضَرْعٍ".

[1] ئەلبانى (2883): سەھىھ ـ دېگەن.

4624 ـ ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېۋىنى يېگۈدەك بولمىغۇچە شاختا توختىتىپ سېتىشتىن، قىرقىلمىغان يۇڭنى ۋە سېغىلمىغان سۈتنى سېتىشتىن توسقان[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

4625 - عَنْ أَنسٍ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ بَيْعِ الْعِنَبِ حَتى يَسْوَد وَعَنْ بَيْعِ الْحَب حَتى يَشْتَد.

4625 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۈزۈمنى چىكىلمىگىچە، دانلىق مەھسۇلاتنى دېنى قاتمىغىچە سېتىشتىن توسقان[2].

(تىرمىزى: 1228)

4626 - عَنْ خَارِجَةَ بْنِ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ عَنْ زَيْدِ بْنِ ثَابِتٍ أَنهُ كَانَ لَا يَبِيعُ ثِمَارَهُ حَتى تَطْلُعَ الثريا.

4626 ـ خارىجە ئىبنى زەيد دادىسى زەيد ئىبنى سابىت رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مېۋىنى پىشىدىغان ۋاقتى كەلمىگىچە ساتمايدىغانلىقىنى رىۋايەت قىلغان.

(مالىك: 1306)

4627 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ الْمُزَابَنَةِ وَالْمُزَابَنَةُ اشْتِرَاءُ الثمَرِ بِالتمْرِ كَيْلًا وَبَيْعُ الْكَرْمِ بِالزبِيبِ كَيْلًا.

4627 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاختىكى خورمىنى قۇرۇق خورمىغا، باراڭدىكى ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە تېگىشىشتىن توسقان.

(بۇخارى: 2185)

[1] ھەيسەمى (6485): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر، ـ دېگەن.
[2] ئەلبانى (982): سەھىھ ـ دېگەن.

4628 - وفي رواية: وَإِنْ كَانَ زَرْعًا أَنْ يَبِيعَهُ بِكَيْلِ طَعَامٍ وَنَهَى عَنْ ذَلِكَ كُلِّهِ.

4628 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: زىرائەتنى تەييار ئاشلىقا سېتىشتىن ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان سودىلاردىن توسقان، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 2205)

4629 - عَنْ جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ عَنْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ نَهَى عَنْ الْمُخَابَرَةِ وَالْمُزَابَنَةِ وَالْمُحَاقَلَةِ وَأَنْ يُبَاعَ الثمَرُ حَتى يَبْدُوَ صَلَاحُهُ وَأَنْ لَا يُبَاعَ إِلَا بِالدنَانِيرِ وَالدرَاهِمِ وَرَخصَ فِي الْعَرَايَا.

4629 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەردىن چىققان ئاشلىقنىڭ مەلۇم قىسمىنى بېرىش بەدىلىگە يەرنى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشتىن، شاختىكى خورمىنى قۇرۇتۇلغان خورمىغا تېگىشىشتىن، بۇغدايىنى باشاقتا توختىتىپ سېتىشتىن ۋە مېۋىنى پىشىشتىن ئىلگىرى شېخىدا توختىتىپ سېتىشتىن توستى. مېۋىنى ساتقاندا پەقەت پۇلغا سېتىشنى (يەنى ھۆل مېۋىنى قۇرۇق مېۋىگە تېگىشمەسلىكنى) تەكىتلىدى. پۇلى يوق، ئەمما ھۆل مېۋىگە ئېھتىياجى بارلارغا بىر ـ ئىككى تۈپ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى قۇرۇق مېۋىگە تېگىشىپ بېرىشكە رۇخسەت قىلدى[1].

(نەسائى: 4523)

4630 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ الْمُحَاقَلَةِ وَالْمُزَابَنَةِ وَالْمُخَابَرَةِ وَالْمُعَاوَمَةِ وهو بَيْعُ السنِينَ وَعَنْ الثُّنْيَا.

4630 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بۇغدايىنى باشاقتا توختىتىپ سېتىشتىن، شاختىكى خورمىنى قۇرۇق خورمىغا تېگىشىشتىن، يەردىن چىققان ئاشلىقنىڭ مەلۇم قىسمىنى بېرىش بەدىلىگە يەرنى

[1] ئەلبانى (4214): سەھىھ ـ دېگەن.

ئىجارىگە ئېلىپ تېرىشتىن، مېۋىلىك باغنىڭ مېۋىسىنى بىر نەچچە يىل ئالدىغا سېتىشتىن ۋە سېتىلغان مالنىڭ مەجھۇل قىسمىنى ئىستىسنا قىلىشتىن (يەنى بۇ مېلىمنى ساتتىم، ئۇنىڭدىن مانچە تال مېنىڭ دەپ، ئىستىسنا قىلغان نەرسىسىنى ئېنىق بىلدۈرمەستىن سېتىشتىن) توسقان[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3404)

4631 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ أن النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ الْمُزَابَنَةِ وَالْمُخَاضَرَةِ وَقَالَ الْمُخَاضَرَةُ بَيْعُ الثمَرِ قَبْلَ أَنْ يَزْهُوَ وَالْمُخَابَرَةُ بَيْعُ الْكَرْمِ بِكَذَا وَكَذَا صَاعٍ.

4631 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شاختىكى خورمىنى قۇرۇق خورمىغا تېگىشىشتىن، مېۋىنى پىشىشتىن ئىلگىرى شېخىدا توختىتىپ سېتىشتىن ۋە باراڭدىكى ئۈزۈمنى قۇرۇق ئۈزۈمگە سېتىشتىن توسقان[2].

(نەسائى: 3883)

4632 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أن عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ قَالَ أَيمَا وَلِيدَةٍ وَلَدَتْ مِنْ سَيدِهَا فَإِنهُ لَا يَبِيعُهَا وَلَا يَهَبُهَا وَلَا يُورِثُهَا وَهُوَ يَسْتَمْتِعُ بِهَا فَإِذَا مَاتَ فَهِيَ حُرةٌ.

4632 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما دادىسى ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: قانداق بىر دېدەك ئۆزىنىڭ خوجايىنىدىن بالا تۇغىدىكەن، خوجايىنى ئۇنى ساتالمايدۇ، باشقا بىرسىگە ھەدىيە قىلىۋېتەلمەيدۇ، مىراس قالدۇرالمايدۇ، پەقەت ئۇنىڭدىن ئۆزى بەھرىمەن بولالايدۇ. ئەگەر خوجايىنى ئۆلۈپ كەتسە، ئۇ دېدەك ئازاد بولۇپ كېتىدۇ.

(مالىك: 1509)

[1] ئەلبانى (2905): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (3632): سەھىھ ـ دېگەن.

4633 - عن جابر: بعنا أمهات الأولاد على عهد النF وأŸ بكر فلما كان عمر Eانا فانتهينا.

4633 ـ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ۋە ئەبۇ بەكرىنىڭ زامانلىرىدا بالىلىرىمىزنىڭ دېدەك ئانىلىرىنى ساتاتتۇق، ئەمما ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ زامانىغا كەلگەندە، ئۇ بىزنى ئۇنداق قىلىشتىن توستى، شۇنىڭ بىلەن، بىز ئۇلارنى ساتمايدىغان بولدۇق.

(رەزىن رىۋايەت قىلغان)

4634 - عن ابْن عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قال نَهى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ بَيْعِ الْوَلَاءِ وَعَنْ هِبَتِهِ.

4634 ـ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئازاد قىلغۇچىنىڭ ئازادگەردىسىگە مىراسخورلۇق قىلىش ھەققىنى سېتىش ياكى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىۋېتىشتىن توسقان.

(بۇخارى: 2535)

4635 - عَنْ إِيَاسِ بْنِ عَبْدٍ الْمُزَنِي قَالَ نَهَى النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ بَيْعِ الْمَاءِ.

4635 ـ ئىياس ئىبنى ئابدۇ مۇزەنى مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم سۇنى سېتىشتىن توسقان[1].

(تىرمىزى: 1271)

4636 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يُبَاعُ فَضْلُ الْمَاءِ لِيُبَاعَ بِهِ الْكَلَأُ.

[1] ئەلبانى (1021): سەھىھ ـ دېگەن.

4636 ـ ئەبۇ ھـۇرەيرە رەزىيـەللاھـۇ ئەنھـۇدىن رىـۋايەت قـىلـىنـىـدۇكى، پەيغەمـبـەر سەللاللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللـەم مۇنداق دېگەن:

«يـايلاق ئـوتـىـنى سـاتقان بولـۇپ قالـماسـلـىق ئۈچـۈن، يـايلاقتـىكى قۇدۇق سۈيـىـنـىڭ ئارتۇقـىـنى سېتـىـشقا بولـمايدۇ».

(مۇسلىم: 1566)

4637 - عَنْ امْرَأَةٍ يُقَالُ لَهَا بُهَيْسَةُ عَنْ أَبِيهَا قَالَتْ اسْتَأْذَنَ أَبِي النبِي صَلى اللـهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَدَخَلَ بَيْنَهُ وَبَيْنَ قَمِيصِهِ فَجَعَلَ يُقَبلُ وَيَلْتَزِمُ ثُم قَالَ يَا نَبِي اللهِ مَا الشيْءُ الذِي لَا يَحِل مَنْعُهُ قَالَ الْمَاءُ قَالَ يَا نَبِي اللهِ مَا الشيْءُ الذِي لَا يَحِل مَنْعُهُ قَالَ الْمِلْحُ قَالَ يَا نَبِي اللهِ مَا الشيْءُ الذِي لَا يَحِل مَنْعُهُ قَالَ أَنْ تَفْعَلَ الْخَيْرَ خَيْرٌ لَكَ.

4637 ـ بۇھەيسە ئىسـىملىك بىـر ئايـال دادىسـىنـىڭ ۋەقەلـىكـىنـى رىـۋايەت قـىلـىـپ مۇنـداق دەيـدۇ: دادام پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلـەيھـى ۋەسەللـەمدىن ئىـزنى سوراپ، ئۇنـىڭ دۈمـبـىسـىنى سۆيدى، ئانـدىن سـىلاپ تۇرۇپ:

ــ ئى اللەنـىڭ پەيغەمـبـىرى! ئـاۋامـنى (پـايدىلـىنـىشـتـىن) چەكلـەشـكە بولـمايـدىغان نەرسـە قايسـى؟ ـ دەپ سـورىغانـدى، پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللـەم:

ــ سۇ، ـ دەپ جاۋاب بەردى. دادام يەنە:

ــ ئى اللەنـىڭ پەيغەمـبـىرى! ئـاۋامـنى (پـايدىلـىنـىشـتـىن) چەكلـەشـكە بولـمايـدىغان نەرسـە قايسـى؟ ـ دەپ سـورىغانـدى، پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللـەم:

ــ تۇز، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇ يەنە:

ــ ئى اللەنـىڭ پەيغەمـبـىرى! ئـاۋامـنى (پـايدىلـىنـىشـتـىن) چەكلـەشـكە بولـمايـدىغان نەرسـە قايسـى؟ ـ دەپ سـورىغانـدى، پەيغەمــبەر سـەللاللاھۇ ئەلـەيھى ۋەسەللـەم:

ــ ھەرقانداق ياخشى ئىـشنى قـىلـىش سـەن ئۈچـۈن ياخشـىدۇر (يەنـى قولۇڭدىن كېلـىدىغان ھەرقانداق ياخشـىلـىقنى باشقـىلاردىن ئايـما)، ـ

دەپ جاۋاب بەردى[1].

(ئەبۇ داۋۇد: 3476)

4638 - عَنْ أَبِي أُمَامَةَ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَبِيعُوا الْقَيْنَاتِ وَلَا تَشْتَرُوهُن وَلَا تُعَلمُوهُن وَلَا خَيْرَ فِي تِجَارَةٍ فِيهِن وَثَمَنُهُن حَرَامٌ فِي مِثْلِ هَذَا أُنْزِلَتْ هَذِهِ الْآيَةُ وَمِنْ الناسِ مَنْ يَشْتَرِي لَهْوَ الْحَدِيثِ لِيُضِل عَنْ سَبِيلِ اللهِ إِلَى آخِرِ الْآيَةِ.

4638 ـ ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«ناخشىچى دېدەكلەرنى ساتماڭلار ۋە سېتىۋالماڭلار! ئۇلارغا ناخشا ئۆگەتمەڭلار! ئۇلارنى ناخشا ئېيتقۇزۇپ تىجارەت قىلىشتا ياخشىلىق يوق، ئۇنداق تاپقان پۇل ھارام. مۇشۇنداق ئىشلار ھەققىدە: ﴿بەزى كىشىلەر بىلىمسىزلىكتىن، (كىشىلەرنى) ﷲنىڭ يولىدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن بىھۇدە گەپلەرنى سېتىۋالىدۇ ۋە ﷲنىڭ يولىنى مەسخىرە قىلىدۇ، ئەنە شۇلار خور قىلغۇچى ئازابقا دۇچار بولىدۇ﴾[2] دېگەن ئايەت چۈشكەن»[3].

(تىرمىزى: 1282)

4639 - عَنْ أَبِي سَعِيدٍ الْخُدْرِي قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ شِرَاءِ الْمَغَانِمِ حَتى تُقْسَمَ.

4639 ـ ئەبۇ سەئىد خۇدرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تەقسىم قىلىنمىغان غەنىمەتلەرنى ئېلىپ سېتىشتىن توسقان[4].

(تىرمىزى: 1563)

[1] ئەلبانى (752): زەئىپ ـ دېگەن.
[2] سۈرە لوقمان، 6 ـ ئايەت.
[3] ئەلبانى (1031): ھەسەن ـ دېگەن.
[4] ئەلبانى (1268): سەھىھ ـ دېگەن.

4640 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ بَيْعِ حَبَلِ الْحَبَلَةِ وَكَانَ بَيْعًا يَتَبَايَعُهُ أَهْلُ الْجَاهِلِيةِ كَانَ الرجُلُ يَبْتَاعُ الْجَزُورَ إِلى أَنْ تُنْتَجَ الناقَةُ ثُم تُنْتَجُ التِي فِي بَطْنِهَا.

4640 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بوغاز تۆگىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلىقىنىڭ كەلگۈسىدىكى بوتىلىقىنى سېتىشتىن توسقان، چۈنكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكىلەر بۇ خىل سودىنى قىلىشاتتى. مەسىلەن، بىر كىشى تۆگىنىڭ تېخى تۇغۇلمىغان بوتىلىقىنىڭ كەلگۈسىدىكى بوتىلىقىنى ساتاتتى.

(بۇخارى: 2143)

4641 - وفي رواية: قَالَ وَحَبَلُ الْحَبَلَةِ أَنْ تُنْتَجَ الناقَةُ مَا فِي بَطْنِهَا ثُم تَحْمِلَ التِي نُتِجَتْ فَنَهَاهُمْ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ عَنْ ذَلِكَ.

4641 ـ يەنە بىر رىۋايەتتە: بوغاز تۆگىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلىقىنىڭ كەلگۈسىدىكى بوتىلىقىنى سېتىش دېگىنىمىز، بوغاز تۆگە تۇغقاندىن كېيىن، شۇ بوتىلاق چوڭ بولۇپ، ئاندىن بوغاز بولۇپ تۇغقان بوتىلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ساھابىلەرنى ئاشۇنداق سودىدىن توسقان، ـ دېيىلگەن.

(بۇخارى: 3843)

4642 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَنهُ قَالَ لَا رِبًا فِي الْحَيَوَانِ وَإِنمَا نُهِيَ مِنْ الْحَيَوَانِ عَنْ ثَلَاثَةٍ عَنْ الْمَضَامِينِ وَالْمَلَاقِيحِ وَحَبَلِ الْحَبَلَةِ وَالْمَضَامِينُ بَيْعُ مَا فِي بُطُونِ إِنَاثِ الْإِبِلِ وَالْمَلَاقِيحُ بَيْعُ مَا فِي ظُهُورِ الْجِمَالِ.

4642 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: ھايۋاننى ھايۋانغا تېگىشسە (يەنى بىرنى ئىككىگە تېگىشسە) جازانە بولمايدۇ، پەقەت چىشى تۆگىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلىقىنى، ئەركەك تۆگىنى چىشى تۆگىگە چاپتۇرۇۋېلىشنى ۋە بوغاز تۆگىنىڭ قورسىقىدىكى بوتىلىقىنىڭ كەلگۈسىدىكى بوتىلىقىنى سېتىشتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ

ئىش مەنئى قىلىنغان.

(مالىك: 1358)

4643 - عَنْ سَعِيدِ بْنِ الْمُسَيبِ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ بْيعِ الْحَيَوانِ بِاللحْمِ.

4643 ـ سەئىد ئىبنى مۇسەييەب مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (تىرىك) ھايۋاننى گۆشكە تېگىشىشتىن توسقان.

(مالىك: 1359)

4644 - عن جَابِرَ بْنَ عَبْدِ اللهِ قال قَالَ النبِي صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ لَا تُبَاعُ الصبْرَةُ مِنْ الطعَامِ بِالصبْرَةِ مِنْ الطعَامِ وَلَا الصبْرَةُ مِنْ الطعَامِ بِالْكَيْلِ الْمُسَمى مِنْ الطعَامِ.

4644 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«بىر دۆۋە ئاشلىقنى يەنە بىر دۆۋە ئاشلىققا، بىر دۆۋە ئاشلىقنى كەمچەنلەنگەن مۆئەييەن مىقداردىكى ئاشلىققا سېتىشقا بولمايدۇ»[1].

(نەسائى: 4548)

4645 - عَنْ عَلْقَمَةَ بْنِ عَبْدِ اللهِ عَنْ أَبِيهِ قَالَ نَهَى رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلْيِهِ وَسَلمَ أَنْ تُكْسَرَ سِكةُ الْمُسْلِمِينَ الْجَائِزَةُ بَيْنَهُمْ إِلا مِنْ بَأسٍ.

4645 ـ ئەلقەمە ئىبنى ئابدۇللاھ دادىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇسۇلمانلار ئىشلىتىۋاتقان پۇلنى سەۋەبسىزلا بۇزۇپ ئىناۋەتسىز قىلىۋېتىشتىن توسقان[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3449)

[1] ئەلبانى (4239): سەھىھ ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (749): زەئىپ، ـ دېگەن.

4646 - عَنْ أَبِي أُسَيْدٍ أَن رَسُولَ اللِهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ ذَهَبَ إِلى سُوقِ النبِيطِ فَنظَرَ إِلَيْهِ فَقَالَ لَيسَ هَذَا لَكُمْ بِسُوقٍ ثُم ذَهَبَ إِلى سُوقٍ فَنظَرَ إِلَيْهِ فَقَالَ لَيسَ هَذَا لَكُـمْ بِسُوقٍ ثُم رَجَعَ إِلى هَذَا السوقِ فَطَافَ فِيهِ ثُم قَالَ هَذَا سُوقُكُمْ فَلَا يُنتَقَصَن وَلَا يُضْـرَبَن عَلَيْهِ خَرَاجٌ.

4646ـ ئەبۇ ئۇسەيد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم نەبىيت بازىرىغا بېرىپ، ئۇنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن:

ـــ بۇ بازار سىلەرگە مۇناسىپ ئەمەس ئىكەن، ـ دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر بازارغا بېرىپ، ئۇنىمۇ كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن:

ـــ بۇ بازارمۇ سىلەرگە مۇناسىپ ئەمەس ئىكەن، ـ دېدى. ئۇنىڭدىن كېيىن بۇرۇنقى بازارغا قايتىپ كېلىپ، ئۇنى قايتىدىن ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن:

ـ بۇ بازار سىلەرگە مۇناسىپ ئىكەن، بۇ بازارنى تاقىۋېتىشكە ۋە بۇ بازارغا كېلىپ سودا قىلغۇچىلاردىن باج ئېلىشقا بولمايدۇ، ـ دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 2233)

[1] ئەلبانى (482): زەئىپ، ـ دېگەن.

## مال ساتقاندا شەرت قىلىش، ئىستىسنا قىلىش، ھىلە ئىشلىتىش، ئەيىبنى يوشۇرۇش ۋە يالغان خېرىدار بولۇشقا ئوخشاش سودىدا دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئەيىب ئىكەنلىكى

4647 - عَنْ عَبْدَ اللهِ بْنَ مَسْعُودٍ: ابْتاعَ جَارِيَةً مِنْ امْرَأَتِهِ زَيْنَبَ الثقَفِيةِ وَاشْتَرَطَتْ عَلَيْهِ أَنكَ إِنْ بِعْتَهَا فَهِيَ لِي بِالثمَنِ الذِي تَبِيعُهَا بِهِ فَسَأَلَ عَبْدُ اللهِ بْنُ مَسْعُودٍ عَنْ ذَلِكَ عُمَرَ بْنَ الْخَطابِ فَقَالَ عُمَرُ بْنُ الْخَطابِ لَا تَقْرَبْهَا وَفِيهَا شَرْطٌ لِأَحَدٍ.

4647 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ سەقەفىلىك ئايالى زەينەبتىن بىر دېدەك سېتىۋالدى. لېكىن ئايالى ئۇنىڭغا ئەگەر ئۇ بۇ دېدەكنى ساتماقچى بولۇپ قالسا، ئۆزىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىممىتىنى بېرىپ قايتۇرۇۋېلىشنى شەرت قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بۇ مەسىلىنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن سورىغانىدى، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا: سەن ئۇ دېدەككە يېقىنلاشما! چۈنكى ئۇ باشقا بىرىنىڭ شەرتى ئاستىدا سېتىلغان، ـ دەپ جاۋاب بەردى.

(مالىك: 1298)

4648 - عَنْ عَمْرِو بْنِ شُعَيْبٍ عَنْ أَبِيهِ عَنْ جَدهِ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ بَيْعِ الْعُرْبَانِ قَالَ مَالِك وَذَلِكَ فِيمَا نُرَى وَاللهُ أَعْلَمُ أَنْ يَشْتَرِيَ الرجُلُ الْعَبْدَ أَوْ الْوَلِيدَةَ أَوْ يَتَكَارَى الدابةَ ثُم يَقُولُ لِلذِي اشْتَرَى مِنْهُ أَوْ تَكَارَى مِنْهُ أُعْطِيكَ دِينَارًا أَوْ دِرْهَمًا أَوْ أَكْثَرَ مِنْ ذَلِكَ أَوْ أَقَل عَلَى أَني إِنْ أَخَذْتُ السلْعَةَ أَوْ رَكِبْتُ مَا تَكَارَيْتُ مِنْكَ

فَالذِي أَعْطَيْتُكَ هُوَ مِنْ ثَمَنِ السلْعَةِ أَوْ مِنْ كِرَاءِ الدابةِ وَإِنْ تَرَكْتُ ابْتِيَاعَ السلْعَةِ أَوْ كِرَاءَ الدابةِ فَمَا أَعْطَيْتُكَ لَكَ بَاطِلٌ بِغَيْرِ شَيْءٍ.

4648 ـ ئەمر ئىبنى شۇئەيب دادىسىدىن بوۋىسىنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئالماقچى بولغان مالغا ئاز بولسىمۇ ئالدىن پۇل بېرىشتىن توسقان. ئىمام مالىك بۇنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى قۇل ياكى دېدەك سېتىۋېلىپ، ۋە يا بىرەر ھايۋاننى ئىشلىتىش ئۈچۈن كىراغا ئېلىپ، ئۇندىن كېيىن مەلۇم مىقداردا پۇلنى، مەيلى ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، مال ئىگىسىگە تەڭلەپ: مەن ساڭا مۇنچىلىك پۇلنى ئالدىن بېرەي، ئەگەر مالنى تاپشۇرۇپ ئالسام، ئالدىن بەرگەن بۇ پۇل مالنىڭ پۇلىغا ھېسابلىنىدۇ، ناۋادا مالنى ئالمىسام، ئالدىن بەرگەن بۇ پۇل سېنىڭ بولسۇن! ـ دەيدۇ.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4649 - عَنْ مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ نَهَى عَـنْ بَيْـعٍ وَسَلَفٍ قَالَ مَالِك وَتَفْسِيرُ ذَلِكَ أَنْ يَقُولَ الرجُلُ لِلرجُلِ آخُذُ سِلْعَتَكَ بِكَذَا وَكَذَا عَلَى أَنْ تُسْلِفَنِي كَذَا وَكَذَا فَإِنْ عَقَدَا بَيْعَهُمَا عَلَى هَذَا الْوَجْهِ فَهُوَ غَيْرُ جَائِزٍ.

4649 ـ ئىمام مالىكقا يېتىشىچە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىراۋنىڭ مېلىنى سېتىۋېلىپ، مال ئىگىسىدىن قەرز ئېلىشتىن توسقان. ئىمام مالىك بۇنى ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ: بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە:

ـ مەن سېنىڭ مېلىڭنى مانچە پۇلغا سېتىۋالاي، سەن ماڭا مانچە پۇل قەرز بەرگىن، ـ دەيدۇ. ئەگەر ئىككىسىنىڭ سودىسى بۇ شەكىلدە پۈتسە دۇرۇس ئەمەس.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4650 - عن عَبْد اللهِ بْن عَمْرٍو أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا يَحِـلُّ سَلَفٌ وَبَيْعٌ وَلَا شَرْطَانِ فِي بَيْعٍ وَلَا رِبْحُ مَا لَمْ يُضْمَنْ وَلَا بَيْعُ مَا لَيْسَ عِنْدَكَ.

4650 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ:

«مال ئىگىسىدىن پۇل قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭ مېلىنى سېتىۋېلىش، سېتىۋالغان نەرسىگە ئىككى شەرت قويۇش (يەنى بۇ مالنى نەق ساتسام مانچە پۇلغا، نېسى ساتسام مانچە پۇلغا ساتىمەن، دەپ شەرت قويۇش)، سېتىۋالغاندىن كېيىن تېخى تاپشۇرۇپ ئالمىغان مالنى سېتىپ پايدا ئېلىش ۋە قولىدا يوق مالنى سېتىش دۇرۇس ئەمەس»[1].

(تىرمىزى: 1234)

4651 - حَدثَنِي مَالِك أَنهُ بَلَغَهُ أَن عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ سُئِلَ عَنْ الرقَبَةِ الْوَاجِبَةِ هَلْ تُشْتَرَى بِشَرْطٍ فَقَالَ لَا.

4651 ـ ئىمام مالىكنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن: (ئازاد قىلىش) ۋاجىب بولغان قۇلنى شەرت ئاستىدا ئالسا بولامدۇ؟ ـ دەپ سورالغاندا:

ـ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەرگەن.

(مالىك رىۋايەت قىلغان)

4652 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا قَالَ كُنْتُ مَعَ النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي سَفَرٍ فَكُنْتُ عَلَى جَمَلٍ ثَفَالٍ إِنمَا هُوَ فِي آخِرِ الْقَوْمِ فَمَر بِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَنْ هَذَا قُلْتُ جَابِرُ بْنُ عَبْدِ اللهِ قَالَ مَا لَكَ قُلْتُ إِني عَلَى جَمَلٍ ثَفَالٍ قَالَ أَمَعَكَ قَضِيبٌ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ أَعْطِنِيهِ فَأَعْطَيْتُهُ فَضَرَبَهُ فَزَجَرَهُ فَكَانَ مِنْ ذَلِكَ الْمَكَانِ مِنْ أَولِ الْقَوْمِ قَالَ بِعْنِيهِ فَقُلْتُ بَلْ هُوَ لَكَ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ بَلْ بِعْنِيهِ قَدْ أَخَذْتُهُ بِأَرْبَعَةِ دَنَانِيرَ وَلَكَ ظَهْرُهُ إِلَى الْمَدِينَةِ فَلَما دَنَوْنَا مِنْ الْمَدِينَةِ أَخَذْتُ أَرْتَحِلُ قَالَ أَيْنَ تُرِيدُ قُلْتُ تَزَوجْتُ امْرَأَةً قَدْ خَلَا مِنْهَا قَالَ فَهَلا جَارِيَةً تُلَاعِبُهَا وَتُلَاعِبُكَ قُلْتُ إِن أَبِي تُوُفيَ وَتَرَكَ بَنَاتٍ فَأَرَدْتُ أَنْ أَنْكِحَ امْرَأَةً قَدْ جَربَتْ خَلَا مِنْهَا قَالَ فَذَلِكَ فَلَما قَدِمْنَا الْمَدِينَةَ قَالَ يَا بِلَالُ اقْضِهِ وَزِدْهُ

[1] ئەلبانى (988): ھەسەن ۋە سەھىھ ـ دېگەن.

فَأَعْطَاهُ أَرْبَعَةَ دَنَانِيرَ وَزَادَهُ قِيرَاطًا قَالَ جَابِرٌ لَا تُفَارِقُنِي زِيَادَةُ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلَمَ فَلَمْ يَكُنْ الْقِيرَاطُ يُفَارِقُ جِرَابَ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ.

4652 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: مەن بىر سەپەردە پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن بىرگە ئىدىم. مېنىڭ تۆگەم ناھايىتى قاشاڭ بولغاچقا، ھەمراھلىرىمنىڭ ئەڭ ئارقىدا قالغانىدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يېنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ:

ــ بۇ كىم؟ ـ دېدى. مەن:

ــ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ بولىمەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ نېمىشقا ئارقىدا قالدىڭ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ قاشاڭ تۆگىگە مىنىپ قاپتىكەنمەن، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ تايىقىڭ بارمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ھەئە، بار، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ تاياقنى ماڭا بەرگىن! ــ دېدى. مەن تايىقىمنى ئۇنىڭغا بەردىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىنى بىرنى ئۇرۇپ دېۋەتكەنىدى، شۇ يەردىن باشلاپ ھەمراھلىرىمنىڭ ئەڭ ئالدىدا ماڭىدىغان بولۇپ كەتتى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنى ماڭا سېتىپ بەرگىن! ـ دېدى. مەن:

ــ ئى اللەنىڭ رەسۇلى! بۇ مېنىڭ ساڭا قىلغان ھەدىيەم بولسۇن! ــ دېدىم. ئۇ:

ــ ياق، ئۇنى سېتىپ بەرگىن، مەن ئۇنىڭغا تۆت تىللا بېرەي، ئەمما مەدىنىگە مىنىپ بېرىۋالغىن! ــ دېدى. مەدىنىگە يېقىن كەلگەندە، ئالدىراپ ماڭغانىدىم، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ نەگە ئالدىرايسەن؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ئەرگە تېگىپ چىققان بىر چوكاننى ئالغانىدىم، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ قىز ئالساڭ بولماسمىدى، سەن ئۇنىڭ بىلەن ئوينىشاتتىڭ، ئۇمۇ سەن بىلەن ئوينىشاتتى ئەمەسمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ــ ئاتام ۋاپات بولۇپ كەتتى، كىچىك قىزلار يېتىم قالدى، شۇڭا ئەرگە تېگىپ چىققان تەجرىبىلىك خوتۇن ئالاي دەپ شۇنداق قىلدىم، ــ دېدىم. ئۇ:

ــ ئۇنداق بولسا ياخشى بوپتۇ، ــ دېدى. بىز مەدىنىگە كەلگەندە، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلالغا:

ـــ ئى بىلال! ئۇنىڭ پۇلىنى بېرىۋەتكىن، يەنە ئازراق ئارتۇق بەرگىن! ـ دېدى. بىلال ماڭا تۆت تىللا بەرگەندىن سىرت يەنە ئازراق پۇل قوشۇپ بەردى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بەرگەن شۇ ئازراق ئارتۇق پۇل يېنىمدىن ھېچ ئايرىلمايتتى.

راۋىينىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ پۇل جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ خالتىسىدىن ھېچ ئايرىلمايتتى.

(بۇخارى: 2309)

4653 - ومن رواياته: فَزَجَرَهُ وَدَعَا لَهُ وفيه: قَالَ أَتَبِيعُنِيهِ فَاسْتَحْيَيْتُ وَلَمْ يَكُنْ لَنَا نَاضِحٌ غَيْرُهُ قَالَ فَقُلْتُ نَعَمْ فَبِعْتُهُ إِيَّاهُ عَلَى أَنَ لِي فَقَارَ şَهْرِهِ حَتى أَبْلُغَ الْمَدِينَةَ قَالَ فَقُلْتُ لَهُ يَا رَسُولَ اللهِ إِني عَرُوسٌ فَاسْتَأْذَنْتُهُ فَأَذِنَ لِي فَتَقَدَمْتُ الناسَ إِلَى الْمَدِينَةِ حَتى انْتَهَيْـتُ فَلَقِيَنِي خَالِي فَسَأَلَنِي عَنْ الْبَعِيرِ فَأَخْبَرْتُهُ بِمَا صَنَعْتُ فِيهِ فَلَامَنِي فِيهِ.

4653 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەتلىرىدىن بىرىدە: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىنى دېۋىتتى ۋە ئۇنىڭغا دۇئا قىلدى، ـ دېيىلگەن. بۇ رىۋايەتتە يەنە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ ئۇنى ماڭا سېتىپ بېرەمسەن؟ ـ دېدى. قۇدۇقتىن سۇ تارتىدىغان باشقا تۆگىمىز يوق ئىدى، شۇنداق بولسىمۇ، مەن "ياق" دېيىشتىن خىجىل بولۇپ:

ـ بولىدۇ، سېتىپ بېرەي، ـ دېدىم. شۇنداق قىلىپ، ئۇنى مەدىنىگە بارغىچە مىنىۋالىدىغان بولۇپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى

ۋەسەللەمگە ساتتىم... تاغام ماڭا ئۇچراپ قىلىپ تۆگىنى سورىدى، مەن ئۇنى سېتىۋەتكەنلىكىمنى ئېيتسام، ئۇ مېنى ئەيىبلىدى...

(مۇسلىم: 715)

4654 - ومنها: فَنَزَلَ يَحْجُنُهُ بِمِحْجَنِهِ ثُم قَالَ ارْكَبْ فَرَكِبْتُ فَلَقَدْ رَأَيْتُهُ أَكُفُّهُ عَنْ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ تَزَوجْتَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ بِكْرًا أَمْ ثَيِّبًا قُلْتُ بَلْ ثَيِّبًا قَالَ أَفَلَا جَارِيَةً تُلَاعِبُهَا وَتُلَاعِبُكَ قُلْتُ إِن لِي أَخَوَاتٍ فَأَحْبَبْتُ أَنْ أَتَزَوجَ امْرَأَةً تَجْمَعُهُن وَتَمْشُطُهُن وَتَقُومُ عَلَيْهِن قَالَ أَما إِنكَ قَادِمٌ فَإِذَا قَدِمْتَ فَالْكَيْسَ الْكَيْسَ ثُم قَالَ أَتَبِيعُ جَمَلَكَ قُلْتُ نَعَمْ فَاشْتَرَاهُ مِني بِأُوقِيةٍ ثُم قَدِمَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَبْلِي وَقَدِمْتُ بِالْغَدَاةِ فَجِئْنَا إِلَى الْمَسْجِدِ فَوَجَدْتُهُ عَلَى بَابِ الْمَسْجِدِ قَالَ آلْآنَ قَدِمْتَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ فَدَعْ جَمَلَكَ فَادْخُلْ فَصَل رَكْعَتَيْنِ فَدَخَلْتُ فَصَلَّيْتُ فَأَمَرَ بِلَالًا أَنْ يَزِنَ لَهُ أُوقِيةً فَوَزَنَ لِي بِلَالٌ فَأَرْجَحَ لِي فِي الْمِيزَانِ فَانْطَلَقْتُ حَتى وَلَّيْتُ فَقَالَ ادْعُ لِي جَابِرًا قُلْتُ الْآنَ يَرُد عَلَي الْجَمَلَ وَلَمْ يَكُنْ شَيْءٌ أُبْغَȐ إِلَي مِنْهُ قَالَ خُذْ جَمَلَكَ وَلَكَ ثَمَنُهُ.

4654 ــ جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ رىۋايەتلىرىدىن يەنە بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىسىدىن چۈشۈپ، مېنىڭ تۆگەمنى ھاسىسى بىلەن ئۇردى، ئاندىن:

ــ قېنى ئەمدى مىنگىن! ـ دېدى. ئۇ يەنە:

ــ ئۆيۈڭگە بارغىنىڭدا خوتۇنۇڭ بىلەن ئەقىللىق بالاڭ بولۇش نىيىتىدە بىر تۆشەكتە بولغىن! ـ دېدى. مەن سەھەردە يېتىپ كەلدىم. ھەممىمىز مەسجىدكە باردۇق. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەسجىدنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئىكەن، ئۇ:

ــ ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى. مەن:

ــ ھەئە، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ تۆگەڭنى قويۇپ، مەسجىدكە كىرىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغىن، ــ دېدى. مەن مەسجىدكە كىرىپ ناماز ئوقۇدۇم. بىلالنى تۆگەمنىڭ پۇلىنى تارتىپ بېرىشكە بۇيرۇغانىدى، ئۇ ماڭا ئېغىرراق

قىلىپ تارتىپ بەردى. ئاندىن ئۆيگە قاراپ ماڭدىم، كېتىۋېتىپ ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ جابىرنى چاقىرغىن! ــ دەۋېتىپتۇ. مەن ئىچىمدە: ''ئەمدى تۆگىنى قايتۇرۇپ بېرىدىغان بولدى'' دەپ ئۆيلىدىم. ئۇ تۆگە كۆزۈمگە شۇنداق سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغانىدى. (مەن قايتىپ كەلسەم) پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ تۆگەڭنى ئالغىن، پۇلمۇ سېنىڭ بولسۇن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2097)

4655 - عَنْ جَابِرِ بْنِ عَبْدِ اللهِ قَالَ قَفَلْنا مَعَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ غَزْوَةٍ فَتَعَجلْتُ عَلَى بَعِيرٍ لِي قَطُوفٍ فَلَحِقَنِي رَاكِبٌ مِنْ خَلْفِي فَنَخَسَ بَعِيرِي بِعَنَزَةٍ كَانَتْ مَعَهُ فَانْطَلَقَ بَعِيرِي كَأَجْوَدِ مَا أَنتَ رَاءٍ مِنْ الْإِبِلِ فَإِذَا النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالَ مَا يُعْجِلُكَ قُلْتُ كُنتُ حَدِيثَ عَهْدٍ بِعُرُسٍ، بنحوه.

4655 ـ جابىر ئىبنى ئابدۇللاھ رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەلۇم بىر غازاتتىن قايتىپ كېلىۋاتاتتۇق. مەن مىس - مىس تۆگەمنى ئالدىرىتىپ كېتىۋاتسام، ئارقامدىن تۆگىگە مىنگەن بىرى يېتىشىپ كېلىپ، تۆگەمنىڭ سۆڭگىچىگە ھاسا بىلەن نوقۇۋىدى، تۆگەم ناھايىتى تېز ماڭىدىغان بولۇپ كەتتى. قارىسام، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىكەن، ئۇ:

ــ نېمىگە شۇنچە ئالدىرايسەن؟ ـ دەپ سورىغانىدى، مەن:

ــ يېڭىلا توي قىلغانىدىم، ـ دەپ جاۋاب بەردىم.

(بۇخارى: 5079)

4656 - ومنها: وزادƆ قيراطا فكان في كيس ƃ فأخذه أهل الشام يوم اΣـرة ومنها: فَلَما قَدِمْنا الْمَدِينَةَ وَدَخَلَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ الْمَسْجِدَ فِي طَوَائِفِ أَصْحَابِهِ فَدَخَلْتُ إِلَيْهِ وَعَقَلْتُ الْجَمَلَ فِي نَاحِيَةِ الْبَلَاr فَقُلْتُ لَهُ هَذَا جَمَلُكَ فَخَرَجَ فَجَعَلَ يُطِيفُ بِالْجَمَلِ وَيَقُولُ الْجَمَلُ جَمَلُنا فَبَعَثَ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَوَاقٍ مِنْ ذَهَبٍ فَقَالَ

أَعْطُوهَا جَابِرًا ثُم قَالَ اسْتَوْفَيْتَ الثمَنَ قُلْتُ نَعَمْ قَالَ الثمَنُ وَالْجَمَلُ لَكَ.

4656 ـ ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ يەنە بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىنىڭ پۇلىغا ئازراق پۇل قوشۇپ بەردى. بۇ پۇل مېنىڭ ھەمىيېنىمدىن ھېچ ئايرىلمايتتى. بۇ پۇلنى ھەررە ئۇرۇشى (ھىجرىيىنىڭ 63 ـ يىلى يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە بىلەن مەدىنە خەلقى ئارىسىدا مەدىنىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى سايلىقتا يۈز بەرگەن ئۇرۇش) بولغان كۈنى شاملىقلار ئېلىۋالغان.

ئۇ رىۋايەتلەرنىڭ يەنە بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىز مەدىنىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر توپ ساھابىلىرى بىلەن مەسجىدكە كىردى. مەنمۇ تۆگىنى مەسجىدنىڭ ئالدىدىكى مۇمىياغا باغلاپ قويۇپ مەسجىدكە كىرىپ، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە:

ــ تۆگەڭنى باغلاپ قويدۇم، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم تۆگىنىڭ يېنىغا چىقىپ:

ــ بۇ بىزنىڭ تۆگە، ــ دېگەچ، ئۇنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن، بىرەيلەننى تىللا ئەكىلىشكە بۇيرۇپ:

ــ ئۇنى جابىرغا بېرىڭلار! ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم كېيىن مەندىن:

ــ پۇلنى تاپشۇرۇپ ئالدىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى، مەن:

ــ ھەئە، ئالدىم، ـ دېدىم. ئۇ:

ــ پۇلمۇ، تۆگىمۇ سېنىڭ بولسۇن، ـ دېدى.

(بۇخارى: 2861)

4657 - ومنها: أَقْبَلْنَا مِنْ مَكةَ إِلَى الْمَدِينَةِ مَعَ رَسُولِ اللهِ -صلى الله عليه وسلم- فَأَعْيَا جَمَلِي.

4657 ـ ئۇنىڭ رىۋايەتلىرىدىن يەنە بىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىلەن مەككىدىن مەدىنىگە قاراپ يولغا چىقتۇق. يولدا مېنىڭ تۆگەم ھېرىپ قالدى.
(بۇخارى: 2718)

4658 - عن عبيد الله بن مقسم عَنْ جَابِرٍ اشْتَرَاهُ بِطَرِيقِ تَبُوكَ أَحْسِبُهُ قَالَ بِأَرْبَعِ أَوَاقٍ.

4658 ـ ئۇبەيدۇللاھ ئىبنى مىقسەمدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئۇ تۆگىنى تەبۇك يولىدا تۆت ئۇقىيە ئالتۇنغا سېتىۋالغانىدىم.
(بۇخارى: 2718)

4659 - عَنْ وَهْبٍ عَنْ جَابِرٍ اشْتَرَاهُ النبي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ بِوَقِيةٍ. وَعَنْ عَطَاءٍ وَغَيْرِهِ عَنْ جَابِرٍ أَخَذْتُهُ بِأَرْبَعَةِ دَنَانِيرَ. وَهَذَا يَكُونُ وَقِيةً عَلَى حِسَابِ الدينَارِ بِعَشَرَةِ دَرَاهِمَ. وَلَمْ يُبَينِ الثمَنَ. وَقَالَ الْأَعْمَشُ عَنْ سَالِمٍ عَنْ جَابِرٍ وَقِيةُ ذَهَبٍ. وَ عَنْ سَالِمٍ عَنْ جَابِرٍ بِمِائَتَيْ دِرْهَمٍ. وَقَالَ أَبو نَضْرَةَ عَنْ جَابِرٍ اشْتَرَاهُ بِعِشْرِينَ دِينَارًا. وَقَوْلُ الشعْبِى بِوَقِيةٍ أَكْثَرُ. الِاشْتِرَاطُ أَكْثَرُ وَأَصَح عِنْدِى. قَالَهُ أَبو عَبْدِ اللهِ.

4659 ـ ۋەھبىنىڭ رىۋايىتىدە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇ تۆگىنى بىر ۋەقىيە ئالتۇنغا سېتىۋالدى... ئەتا ۋە باشقىلارنىڭ رىۋايىتىدە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دېگەن: مەن ئۇ تۆگىنى تۆت تىللاغا سېتىۋالدىم... بۇ تۆت تىللا شۇ ۋاقىتتىكى ھېساب بويىچە بىر ۋەقىيە ئالتۇن بولىدۇ. بىر تىللا ئون تەڭگىگە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇ تۆگىنىڭ سېتىلغان ۋاقتىدىكى پۇلى ئېنىق بىر باھاغا توختىمىغان. ئەئمەشنىڭ سالىمدىن نەقىل قىلغان رىۋايىتىدە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنى بىر ۋەقىيە ئالتۇنغا سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتقان. سالىمنىڭ يەنە بىر رىۋايىتىدە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ئۇنى

200 كۈمۈش تەڭگىگە سېتىۋالغانلىقىنى ئېيتقان. ئەبۇ نەزرە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى 20 تىللاغا سېتىۋالدى، ــ دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلغان. شەئبىينىڭ رىۋايىتىدە: بىر ۋەقىييەگە سېتىۋالدى، ـ دېيىلگەن.

(مۇسلىم: 715)

4660 - عَنْ عبد الوارث بن سعيد قال: قدمت مكة فوجدت با أبا حنيفة، وابن أŸ ليلى، وابن ش∃مة، فسألت أبا حنيفة، قلت: ما تقول في رجل باع بيعا وشرr̂ شرطاÝ قال: «البيع باطل، والشرr̂ باطل» Ż أتيت ابن أŸ ليلى فسألته فقال: «البيــع جــائز، والشرr̂ باطل» Ż أتيت ابن ش∃مة فسألته فقال: «البيع جائز والشرr̂ جائز» فقلت: يــا سبحان الله، ثلاثة من فقهاء العراق اختلفتم علي في مسألة واحدة. فأتيت أبــا حنيفــة فأخ∃ته فقال: لا أدري ما قالا حدثł مسعر بن كدام عن Ʈارب بن دثار عن جابر بــن عبد الله قال: «بعت النƑ صلى الله عليه وسلم ناقة وشرr̂ ƃ þلانه إلى اʈدينة البيع جائز والشرr̂ جائز».

4660 ـ ئابدۇلۋارىس ئىبنى سەئىد مۇنداق دەيدۇ: مەن مەككىگە كېلىپ، ئۇ يەردە ئەبۇ ھەنىفە، ئىبنى ئەبۇ لەيلا، ئىبنى شىبرىمە قاتارلىق ئۆلىمالار بىلەن ئۇچراشتىم. مەن ئەبۇ ھەنىفەدىن:

ــ شەرت قويۇپ مال ساتقان ئادەمگە قانداق پەتىۋا بېرىسەن؟ ــ دەپ سورىدىم. ئۇ:

ــ بۇ سودا ئىناۋەتسىز، شەرتمۇ ئىناۋەتسىز، ـ دەپ پەتىۋا بەردى. ئاندىن مەن ئىبنى ئەبۇ لەيلانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئەينى مەسىلىنى سورىدىم. ئۇ:

ــ سودا دۇرۇست، ئەمما شەرت ئىناۋەتسىز، ــ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن مەن ئىبنى شىبرىمەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىنمۇ ئەينى مەسىلىنى سورىدىم. ئۇ:

ــ سودىمۇ، شەرتمۇ دۇرۇست، ـ دەپ جاۋاب بەردى. ئاندىن مەن:

ـ سۇبھانالLاھ! ئۇچىلىسى ئىراقنىڭ فىقھىشۇناسلىرى تۇرۇپ، بىر مەسىلىدە ماڭا پەرقلىق جاۋاب بېرىشتى، ـ دېدىم. ئاندىن ئەبۇ ھەنىفەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغا ئېيتتىم. ئۇ:

ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمىدەپ شۇنداق پەتىۋا بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما ماڭا ئەمر ئىبنى شۇئەيب ئاتىسى شۇئەيبتىن بوۋىسى ئابدۇلLاھ ئىبنى ئەمر رەزىيەلLاھۇ ئەنھۇنىڭ: پەيغەمبەر سەللەلLاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم شەرت قويۇپ مال سېتىشتىن توسقان، ــ دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇڭا ئۇ سودا ئىناۋەتسىز، شەرتمۇ ئىناۋەتسىز، ـ دېدى. ئاندىن مەن ئىبنى ئەبۇ لەيلانىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغىمۇ ئەھۋالنى ئېيتىپ بەرگەنىدىم، ئۇمۇ:

ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمىدەپ شۇنداق پەتىۋا بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما ماڭا ھىشام ئىبنى ئۇرۋە ئاتىسى ئۇرۋەدىن ئائىشە رەزىيەلLاھۇ ئەنھانىڭ: پەيغەمبەر سەللەلLاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مېنى بەرىرە رەزىيەلLاھۇ ئەنھانى سېتىۋېلىپ ئازاد قىلىشىمغا بۇيرۇغانىدى، ــ دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇڭا سودا جايىز، ئەمما شەرت ئىناۋەتسىز، ـ دېدى. ئاندىن ئىبنى شىبرىمەنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭغىمۇ ئەھۋالنى تولۇق ئېيتىپ بەرسەم، ئۇمۇ:

ــ ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمىدەپ شۇنداق پەتىۋا بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما ماڭا مىسئەر ئىبنى كىدام مۇھارىب ئىبنى دىساردىن جابىر رەزىيەلLاھۇ ئەنھۇنىڭ: مەن پەيغەمبەر سەللەلLاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە تۆگە ساتقانىدىم، ئۇ مەدىنىگە مىنىپ بېرىۋېلىشىمنى شەرت قىلغانىدى، ــ دېگەنلىكىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. شۇڭا سودىمۇ، شەرتمۇ جايىز، ـ دېدى[1].

(«ئەلئەۋسەت»)

4661 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُمَا أَن رَجُلًا ذَكَرَ لِلنبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ أَنهُ يُخْدَعُ فِي الْبُيوعِ فَقَالَ إِذَا بَايَعْتَ فَقُلْ لَا خِلَابَةَ.

---

[1] ھەيسەمى (6386): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان، ـ دېگەن.

4661 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمگە ئۆزىنىڭ سودىدا ئالدىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـ مال ساتقان ۋاقتىڭدا: ”دىندا گوللاش يوق“ دېگىن! ـ دەپ تەلىم بەردى.

(بۇخارى: 2117)

4662 - عَنْ مُحَمدِ بْنِ إِسْحَقَ عَنْ مُحَمدِ بْنِ يَحْيَى بْنِ حَبانٍ قَالَ هُوَ جَدي مُنْقِذُ بْنُ عَمْرٍو وَكَانَ رَجُلًا قَدْ أَصَابَتْهُ آمةٌ فِي رَأْسِهِ فَكَسَرَتْ لِسَانَهُ وَكَانَ لَا يَدَعُ عَلَى ذَلِكَ التجَارَةَ وَكَانَ لَا يَزَالُ يُغْبَنُ فَأَتَى النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَذَكَرَ ذَلِكَ لَهُ فَقَالَ لَهُ إِذَا أَنتَ بَايَعْتَ فَقُلْ لَا خِلَابَةَ ثُم أَنتَ فِي كُل سِلْعَةٍ ابْتَعْتَهَا بِالْخِيَارِ ثَلَاثَ لَيَالٍ فَإِنْ رَضِيتَ فَأَمْسِكْ وَإِنْ سَخِطْتَ فَارْدُدْهَا عَلَى صَاحِبِهَا.

4662 ـ مۇھەممەد ئىبنى يەھيا ئىبنى ھەببان مۇنداق دەيدۇ: ئۇ ئادەم (ئالدىنىقى ھەدىستىكى ناتونۇش ئادەم) مېنىڭ بوۋام مۇنقىز ئىبنى ئەمر بولىدۇ. ئۇنىڭ بېشى (مەلۇم بىر غازاتتا تاش تېگىپ) يېرىلىپ كېتىپ، تىلى گاچىلىشىپ قالغانىدى. شۇنداق ھالدا تۇرۇپمۇ تىجارەتنى تاشلىمىغانىدى. لېكىن ھەمىشە سودىدا ئۇتتۇلۇپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئەھۋالنى ئېيتقانىدى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنىڭغا: «مال ساتقان ۋاقتىڭدا: ”دىندا گوللاش يوق“ دېگىن! ئاندىن سەن ھەر قېتىم مال سېتىۋالغىنىڭدا، ئۈچ كۈنگىچە ئىختىيارلىق ھەققى بىلەن سېتىۋالغىن. شۇ ئارىدا مالغا رازى بولساڭ، ئالساڭ بولىدۇ. رازى بولمىساڭ، ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگىن!» دېدى[1].

(ئىبنى ماجە: 2355)

[1] ئەلبانى (1907): ھەسەن. ـ دېگەن.

4663 - عَنْ أَنسٍ أَن رَجُلًا كَانَ فِي عُقْدَتِهِ ضَعْفٌ وَكَانَ يُبَايِعُ وَأَن أَهْلَهُ أَتَوْا النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَقَالُوا يَا رَسُولَ اللهِ احْجُرْ عَلَيْهِ فَدَعَاهُ نَبِي اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فَنَهَاهُ فَقَالَ يَا رَسُولَ اللهِ إِني لَا أَصْبِرُ عَنْ الْبَيْعِ فَقَالَ إِذَا بَايَعْتَ فَقُلْ هَاءَ وَهَاءَ وَلَا خِلَابَةَ.

4663 ـ ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: تىلى كېكەچ بىر ئادەم بولۇپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! ئۇنى تىجارەت قىلىشتىن توسقان بولساڭ، ــ دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئۇنى چاقىرتىپ، تىجارەت قىلىشتىن توسقانىدى، ئۇ:

ــ ئى رەسۇلۇللاھ! مەن تىجارەت قىلماي تۇرالمايمەن، ــ دېدى. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ــ ئۇنداق بولسا، سەن سودا قىلغان ۋاقتىڭدا: "بۇ مۇنچە پۇل بولسۇن، بۇ مۇنچە پۇل بولسۇن، دىندا گوللاش يوق" دەپ سودا قىلغىن! ـ دېدى[1].

(تىرمىزى: 1250)

4664 - عن عَبْد الْمَجِيدِ بْن وَهْبٍ قَالَ قَالَ لِي الْعَداءُ بْنُ خَالِدِ بْنِ هَوْذَةَ أَلَا أُقْرِئُكَ كِتَابًا كَتَبَهُ لِي رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ قُلْتُ بَلَى فَأَخْرَجَ لِي كِتَابًا هَذَا مَا اشْتَرَى الْعَداءُ بْنُ خَالِدِ بْنِ هَوْذَةَ مِنْ مُحَمدٍ رَسُولِ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ اشْتَرَى مِنْهُ عَبْدًا أَوْ أَمَةً لَا دَاءَ وَلَا غَائِلَةَ وَلَا خِبْثَةَ بَيْعَ الْمُسْلِمِ الْمُسْلِمَ.

4664 ـ ئابدۇلمەجىد ئىبنى ۋەھب مۇنداق دەيدۇ: ئەدداﺋ ئىبنى خالىد ئىبنى ھەۋزە ماڭا:

ـ پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا يېزىپ بەرگەن بىر پارچە خەت بار ئىدى، مەن ئۇنى ساڭا ئوقۇپ بېرەيمۇ؟ ـ دېدى. مەن:

ـ بولىدۇ، ــ دېدىم. ئۇ بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ ئوقۇپ بەردى. ئۇنىڭدا: «بۇ، ئەدداﺋ ئىبنى خالىد ئىبنى ھەۋزە اللهنىڭ پەيغەمبىرى

[1] ئەلبانى (1003): سەھىھ ـ دېگەن.

مۇھەممەدتىن سېتىۋالغان بىر قۇلنىڭ ھۆججىتى بولۇپ، بۇ قۇلنىڭ نە ئەيىبى، نە سەت قىلىقلىرى يوق. ئۇ (ئارىمىزدا ئەھدە بار قەۋمدىن) ئولجا ئېلىنغان قۇلمۇ ئەمەس. بۇ سودا مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان بىلەن قىلىدىغان سودىسىغا تولۇق ئۇيغۇندۇر (يەنى ئالدامچىلىق يوقتۇر)» دەپ يېزىلغانىكەن[1].

(تىرمىزى: 1216)

4665 - عَنْ الْعَداءِ بْنِ خَالِدٍ قَالَ كَتَبَ لِي النبِي صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ هَذَا مَا اشْتَرَى مُحَمدٌ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مِنْ الْعَداءِ بْنِ خَالِدٍ بَيْعَ الْمُسْلِمِ مِنْ الْمُسْلِمِ لَا دَاءَ وَلَا خِبْثَةَ وَلَا غَائِلَةَ.

4665 ـ ئەدداﺋ ئىبنى خالىد مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ماڭا: «بۇ، اﷲنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەدنىڭ ئەدداﺋ ئىبنى خالىدتىن سېتىۋالغان قۇلىنىڭ ھۆججىتى بولۇپ، بۇ سودا مۇسۇلماننىڭ مۇسۇلمان بىلەن قىلىدىغان سودىسىغا تولۇق ئۇيغۇندۇر. بۇ قولنىڭ ھېچ ئەيىبى يوق ۋە (ئارىمىزدا ئەھدە بار قەۋمدىن) ئولجا ئېلىنغانمۇ ئەمەس، شۇنداقلا ئۇنىڭ ھېچ سەت قىلىقلىرى يوق» دەپ خەت يېزىپ بەرگەن.

(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4666 - عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ أَبِي أَوْفَى رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَجُلًا أَقَامَ سِلْعَةً وَهُوَ فِي السوقِ فَحَلَفَ بِاللهِ لَقَدْ أَعْطَى بِهَا مَا لَمْ يُعْطِ لِيُوقِعَ فِيهَا رَجُلًا مِنْ الْمُسْلِمِينَ فَنَزَلَتْ إن الذِينَ يَشْتَرُونَ بِعَهْدِ اللهِ وَأَيْمَانِهِمْ ثَمَنًا قَلِيلًا الْآيَةَ.

4666 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: بىر ئادەم بازاردا مال سېتىۋېتىپ، گەرچە قولىدىكى مالنى ئەزان ئالغان بولسىمۇ، مۇسۇلمانلارنى زىيان تارتقۇزۇش مەقسىتىدە ئۇنى قىممەت ئالغانلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن اﷲنىڭ نامى بىلەن يالغان قەسەم

[1] ئەلبانى (972): ھەسەن، ـ دېگەن.

ئىچكەنىدى، مۇنۇ ئايەت نازىل بولدى: ﴿اللەقا بەرگەن ئەھدىنى ۋە قەسەملىرىنى ئازغىنا بەدەلگە تېگىشىدىغانلار ئاخىرەتتە (اللەنىڭ رەھمىتىدىن) ھېچقانداق نېسىۋىگە ئېرىشەلمەيدۇ، قىيامەت كۈنى اللە ئۇلارغا (ئۇلارنى خۇش قىلىدىغان) سۆز قىلمايدۇ، ئۇلارغا (رەھمەت كۆزى بىلەن) قارىمايدۇ، ئۇلارنى (گۇناھلىرىدىن) پاكلىمايدۇ، ئۇلار قاتتىق ئازابقا قالىدۇ﴾.

(بۇخارى: 2088)

4667 - عَنْ عُقْبَةَ بْنِ عَامِرٍ قَالَ سَمِعْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ يَقُولُ الْمُسْلِمُ أَخُو الْمُسْلِمِ لَا يَحِلُّ لِمُسْلِمٍ بَاعَ مِنْ أَخِيهِ بَيْعًا فِيهِ عَيْبٌ إِلا بَيَّنَهُ لَهُ.

4667 ـ ئۇقبە ئىبنى ئامىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: مەن پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېرىندىشىدۇر، شۇڭا بىر مۇسۇلماننىڭ يەنە بىر مۇسۇلمان قېرىندىشىغا ئەيىبى بار مالنى سېتىشى توغرا ئەمەس، پەقەت خېرىدارغا ئۇنىڭ ئەيىبىنى ئوچۇق ئېيتىپ ساتسا بولىدۇ» دېگەنلىكىنى ئاڭلىغانىدىم[①].

(ئىبنى ماجە: 2246)

4668 - عَنْ أَبِي هُرَيْرَةَ أَن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَر عَلَى صُبْرَةِ طَعَامٍ فَأَدْخَلَ يَدَهُ فِيهَا فَنَالَتْ أَصَابِعُهُ بَلَلًا فَقَالَ مَا هَذَا يَا صَاحِبَ الطعَامِ قَالَ أَصَابَتْهُ السمَاءُ يَا رَسُولَ اللهِ قَالَ أَفَلَا جَعَلْتَهُ فَوْقَ الطعَامِ كَيْ يَرَاهُ الناسُ مَنْ غَش فَلَيْسَ مِني.

4668 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر دۆۋە ئاشلىقنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قولىنى ئارىسىغا تىقىپ باققانىدى، قولى نەملىشىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن، ئاشلىق ئىگىسىگە:

ــ بۇ نېمە قىلىق؟ ـ دېگەنىدى، ئۇ:

[①] ئەلبانى (1823): سەھىھ ـ دېگەن.

ـ ئى ﷲنىڭ پەيغەمبىرى! يامغۇردا قالغانىدى، ـ دېدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم:

ـ ھۆل ئاشلىقنى ئادەملەرنىڭ كۆرۈپ ئېلىشى ئۈچۈن ئۈستىگە چىقىرىپ قويساڭ بولمامدۇ؟ كىمكى ئالدامچىلىق قىلسا، بىزدىن ئەمەس، ـ دېدى.

(مۇسلىم: 102)

4669 - عَنْ عَبْدِ اللهِ، قَالَ: قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ:مَنْ غَشنَا فَلَيْسَ مِنا، وَالْمَكْرُ وَالْخِدَاعُ فِي النار.

4669 ــ ئىبنى مەسئۇدنىڭ رىۋايىتىدە: پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەمنىڭ: «بىزدىن ئەمەس» دېگەن سۆزىدىن كېيىن: «ھىيلىگەرلىك ۋە ئالدامچىلىق قىلىش دوزاختا كىرىشكە سەۋەب بولىدۇ» دېگەنلىكى قوشۇپ رىۋايەت قىلىنغان[1].

(«ئەلكەبىر»: 10234؛ «ئەلسەغىر»)

4670 - عَنْ عَبْدَ اللهِ بْنَ عُمَرَ قال قَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ مَنْ ابْتَاعَ مُحَفلَةً فَهُوَ بِالْخِيَارِ ثَلَاثَةَ أَيامٍ فَإِنْ رَدهَا رَد مَعَهَا مِثْلَ أَوْ مِثْلَيْ لَبَنِهَا قَمْحًا.

4670 ـ ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيهى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:

«كىمكى يېلىنى چىڭقالغان سېغىن مال سېتىۋالسا، ئۈچ كۈنگىچە ئىختىيارلىق ھەققى بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۇنى (بۇ مۇددەت ئىچىدە ئىگىسىگە) قايتۇرۇپ بەرسە، سېغىپ ئىچكەن سۈتىنىڭ بىر ياكى ئىككى ھەسسىسىدە بۇغداي بىلەن بىرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ»[2].

(ئەبۇ داۋۇد: 3446)

---

[1] ھەيسەمى (6341): بۇ ھەدىسنى تەبەرانى رىۋايەت قىلغان بولۇپ، راۋىيلىرى ئىشەنچلىكتۇر. لېكىن ئاسىم ئىبنى بەھدەلەنىڭ ئەستە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتىنىڭ تۆۋەنلىكى ھەققىدە تالاش ـ تارتىش بار، ـ دېگەن.

[2] ئەلبانى (746): زەئىپ، ـ دېگەن.

4671 - قَالَ عَمْرٌو كَانَ هَا هُنَا رَجُلٌ اسْمُهُ نَوَاسٌ وَكَانَتْ عِنْدَهُ إِبِلٌ هِيمٌ فَذَهَبَ ابْنُ عُمَرَ رَضِيَ اللَّهُ عَنْهُمَا فَاشْتَرَى تِلْكَ الْإِبِلَ مِنْ شَرِيكٍ لَهُ فَجَاءَ إِلَيْهِ شَرِيكُهُ فَقَالَ بِعْنَا تِلْكَ الْإِبِلَ فَقَالَ مِمَّنْ بِعْتَهَا قَالَ مِنْ شَيْخٍ كَذَا وَكَذَا فَقَالَ وَيْحَكَ ذَاكَ وَاللَّهِ ابْنُ عُمَرَ فَجَاءَهُ فَقَالَ إِنَّ شَرِيكِي بَاعَكَ إِبِلًا هِيمًا وَلَمْ يَعْرِفْكَ قَالَ فَاسْتَقْهَا قَالَ فَلَمَّا ذَهَبَ يَسْتَاقُهَا فَقَالَ دَعْهَا رَضِينَا بِقَضَاءِ رَسُولِ اللَّهِ صَلَّى اللَّهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ لَا عَدْوَى.

4671 ـ ئەمىر ئىبنى دىنار مۇنداق دەيدۇ: مۇشۇ ئەتراپتا (يەنى مەككىدە) نەۋۋاس ئىسىملىك بىر ئادەم بولۇپ، ئۇنىڭ سۇغا قانمايدىغان كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر تۆگىسى بار ئىدى. ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما ئۇ تۆگىنى نەۋۋاسنىڭ شېرىكىدىن سېتىۋاپتۇ. شېرىكى ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ:

ـ ھېلىقى تۆگىنى سېتىۋەتتىم، ـ دېگەندە، ئۇ:

ـــ كىمگە ساتتىڭ؟ ــ دەپ سوراپتۇ. ئۇ، تۆگىنى ئالغان ئادەمنى تەرىپلەپ بېرىپتىكەن، نەۋۋاس:

ـ ئاپلا، ئوبدان قىلماپسەن، ﷲنىڭ نامى بىلەن قەسەمكى، ئۇ ئادەم ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما بولىدۇ، ــ دەپتۇ. ئاندىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـ مېنىڭ شېرىكىم ساڭا سۇغا قانماس تۆگىنى سېتىپتۇ، ئۇ سېنى تونىمايتتى، ـ دەپتۇ. ئۇ:

ـ ئۇنداق بولسا، تۆگىنى ئېلىپ كەتكىن، ــ دەپتۇ. نەۋۋاس تۆگىنى ھەيدەپ ماڭغاندا، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇما:

ـــ ئۇنى قويۇپ قويغىن، بىز پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ: «كېسەل يۇقمايدۇ» دېگەن ھۆكمىگە رازى بولدۇق، ــ دەپتۇ.

(بۇخارى: 2099)

4672 - قَالَ مَالِك عَنْ نَافِعٍ عَنْ عَبْدِ اللهِ بْنِ عُمَرَ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْـهِ وَسَلمَ نَهى عَنْ النجْشِ قَالَ مَالِك وَالنجْشُ أنْ تُعْطِيَهُ بِسِلْعَتِهِ أكْثَرَ مِنْ ثَمَنِهَا وَلَـيْسَ فِـي نَفْسِكَ اشْتِرَاؤُهَا فَيَقْتَدِي بِكَ غَيْرُكَ.

4672 ـ ئىمام مالىك نافىئتىن ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇمانىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مالغا يالغان خېرىدار بولۇشتىن توسقان. ئىمام مالىك يالغان خېرىدار بولۇشنى مۇنداق چۈشەندۈرگەن: بىراۋنىڭ ئۆزەڭ ئالمايدىغان مېلىنى باشقىلارنىڭ ساڭا ئەگىشىپ ئېلىشى ئۈچۈن يالغاندىن ئالغاندەك بولۇۋېلىپ، مال ئىگىسىگە مالنىڭ ئەسلى قىممىتىدىن يۇقىرى پۇل بېرىشىڭ يالغان خېرىدار بولغانلىقتۇر.
(مالىك: 1392)

4673 - وَقَالَ ابْنُ أبِي أوْفَى الناجِشُ آكِلُ رِبًا خَائِنٌ وَهُوَ خِدَاعٌ بَاطِلٌ لَا يَحِلُّ.

4673 ـ ئىبنى ئەبۇ ئەۋفا مۇنداق دەيدۇ: يالغان خېرىدار بولغۇچى جازانە يېگەن، خىيانەتخور ھېسابلىنىدۇ. ئۇ، ئالدامچىلىق ۋە قىزىلكۆزلۈك بولۇپ، ھەرگىز دۇرۇست ئەمەس.
(بۇخارى مۇئەللەق رىۋايەت قىلغان)

4674 - عَنْ أبِي هُرَيْرَةَ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ أن رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ قَالَ لَا تَلَقَوْا الركْبَانَ وَلَا يَبِعْ بَعْضُكُمْ عَلَى بَيْعِ بَعْRٍ̈ وَلَا تَنَاجَشُوا وَلَا يَبِعْ حَاضِرٌ لِبَادٍ وَلَا تُصَـروا الْغَنَمَ وَمَنْ ابْتَاعَهَا فَهُوَ بِخَيْرِ النظَرَيْنِ بَعْدَ أنْ يَحْتَلِبَهَا إنْ رَضِيَهَا أمْسَـكَهَا وَإنْ سَـخِطَهَا رَدهَا وَصَاعًا مِنْ تَمْرٍ.

4674 ـ ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن:
«ئاشلىقنى بازارغا ئاشلىق ئېلىپ كېلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ئالدىغا چىقىپ سېتىۋالماڭلار، بىرىڭلارنىڭ سودىسىنى يەنە بىرىڭلار بۇزمىسۇن، يالغان خېرىدار بولماڭلار، يېزىلىقنىڭ مېلىنى شەھەرلىك سېتىپ بەرمىسۇن، سېغىن ماللارنىڭ يېلىنلىرىنى چىڭقاپ

ساتماڭلار. كىمكى شۇنداق مالنى (ئۇقماي) سېتىۋالسا، سۈتىنى ساغقاندىن كېيىن مۇنداق ئىككى ئىشنىڭ ياخشىسىنى قىلىدۇ: ئەگەر مالغا رازى بولسا، سېتىۋالغىنى سېتىۋالغان بولىدۇ. ئەگەر نارازى بولسا، بىر سا خورما بىلەن ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

(بۇخارى: 2150)

4675 - عَنْ قَيْلَةَ أُم بَنِي أَنْمَارٍ قَالَتْ أَتَيْتُ رَسُولَ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ فِي بَعْRِ̀ عُمَرِهِ عِنْدَ الْمَرْوَةِ فَقُلْتُ يَا رَسُولَ اللهِ إني امْرَأَةٌ أَبِيعُ وَأَشْتَرِي فَإِذَا أَرَدْتُ أَنْ أَبْتَاعَ الشيْءَ سُمْتُ بِهِ أَقَل مِما أُرِيدُ ثُم زِدْتُ ثُم زِدْتُ حَتى أَبْلُغَ الذِي أُرِيدُ وَإِذَا أَرَدْتُ أَنْ أَبِيعَ الشيْءَ سُمْتُ بِهِ أَكْثَرَ مِنْ الذِي أُرِيدُ ثُم وَضَعْتُ حَتى أَبْلُغَ الذِي أُرِيدُ فَقَالَ رَسُولُ اللهِ صَلى اللهُ عَلَيْهِ وَسَلمَ لَا تَفْعَلِي يَا قَيْلَةُ إِذَا أَرَدْتِ أَنْ تَبْتَاعِي شَيْئًا فَاسْتَامِي بِهِ الذِي تُرِيدِينَ أَعْطِيتِ أَوْ مُنِعْتِ وَإِذَا أَرَدْتِ أَنْ تَبِيعِي شَيْئًا فَاسْتَامِي بِهِ الذِي تُرِيدِينَ أَعْطَيْتِ أَوْ مَنَعْتِ.

4675 ـ قەيلە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەلۇم بىر ئۆمرىدە مەرۋەنى تاۋاپ قىلىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ قېشىغا بېرىپ:

ـــ ئى اﷲنىڭ رەسۇلى! مەن مال ئېلىپ ـ سېتىپ تىجارەت قىلىدىغان بىر ئايالمەن. ئەگەر بىرەر نەرسىنى سېتىۋالماقچى بولسام، ئۆزەم ئالماقچى بولغان باھادىن تۆۋەن باھاغا تالىشىمەن، ئاندىن ئۆرلەپ ـ ئۆرلەپ، ئالماقچى بولغان باھاغا چىقىمەن. ئەگەر بىرەر نەرسىنى ساتماقچى بولسام، ئۆزەم ساتماقچى بولغان باھادىن يۇقىرى باھا قويىمەن، ئاندىن چۈشۈرۈپ ـ چۈشۈرۈپ، ساتماقچى بولغان باھاغا چۈشىمەن، ـ دېدىم. پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم:

ـــ ئى قەيلە! ئۇنداق قىلمىغىن، ئەگەر بىرەر نەرسىنى سېتىۋالماقچى بولساڭ، مەيلى ئۇنى ئالالىغىن ياكى ئالالمىغىن، ئۆزەڭ ئالماقچى بولغان باھاغا تالاشقىن. ئەگەر بىرەر نەرسىنى ساتماقچى

بولساڭ، مەيلى ئۇنى بەرگىن ياكى بەرمىگىن، ئۆزەڭ كۆڭلۈڭگە پۈككەن باھانى قويغىن! ـ دېدى[①].

(ئىبنى ماجە: 2204)

[①] ئەلبانى (479): زەئىپ، ـ دېگەن.

**مۇندەرىجە**

**ھەدىسلەر توپلىمى ........................................ 1**

بۇ كىتابتا ئۇچرايدىغان بىر قىسىم ھەدىس ئاتالغۇلىرىغا قىسقىچە چۈشەنچە ........................................3

ھەج سەپىرىدە توسۇلۇپ قېلىش، ھەجگە ئۆلگۈرەلمەسلىك، فىدىيە بېرىش ۋە شەرتلىك ھەج قىلىش........................................9

مەككىگە كىرىش، مەككىدىن چىقىش ۋە مۇھەسسەب دېگەن جىلغىدا قونۇش ........................................21

ۋاكالەتەن ھەج قىلىش ۋە كىچىك بالىنىڭ ھەج قىلىشى................33

تەشرىق كۈنلىرىدە تەكبىر ئېيتىش، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ خۇتبىلىرى، قانچە قېتىم ھەج، قانچە قېتىم ئۆمرە قىلغانلىقى ۋە ئۇندىن باشقا پائالىيەتلەر ........................................39

مەككە ۋە كەئبىنىڭ پەزىلىتى، ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلماسلىقنىڭ ھارام بولۇشى، زەمزەم، ئۇ يەردىكى ئەزان، كەئبىنىڭ يوپۇقى ۋە سۇ تارقىتىش ھەققىدىكى ھەدىسلەر ........................................55

كەئبىنىڭ قۇرۇلمىسى، بىنا قىلىنىشى، ئۇنىڭ يىقىتىلىشى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ........................................81

مەدىنىنىڭ پەزىلىتى، ھەرەم ئىكەنلىكى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر........................................107

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ مەسجىدى، ئۇنى زىيارەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى ۋە مەدىنىنىڭ بەلگىلىك ئورۇنلىرى..............135

قۇربانلىق قىلىش........................................153

ئوۋ ئوۋلاش........................................175

مال سويۇشنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلىرى ........................................189

گۆشى ھارام، مەكرۇھ ۋە مۇباھ بولغان ھايۋانلار ................................205

ئۆلتۈرۈشكە تېگىشلىك ۋە ئۆلتۈرمەسلىككە تېگىشلىك جانلىقلار ....225

ئەقىقە، فەرەئ ۋە ئەتىرە قۇربانلىقلىرى........................................239

**قەسەم بۆلۈمى ........................................ 251**

**نەزىر بۆلۈمى........................................ 273**

**نىكاھ بۆلۈمى ............................................................. 283**
پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ بەزى ئاياللىرىغا
ئۆيلىنىشى..................................................................283
ئۆيلىنىشكە تەرغىپ قىلىش، چاي ئىچۈرۈش، (نىكاھتىن بۇرۇن)
قىزنى كۆرۈش ۋە نىكاھ ئەدەپلىرى.............................................299
(نىكاھتا) ۋەلىيلەر ۋە گۇۋاھچىلار، رازىلىق ئېلىش ۋە خىلىنى تېپىش323
مەھرى ھەققى، توي زىياپىتى ۋە چاقىرغان يەرگە بېرىش ..................331
ئۆيلىنىشكە توسالغۇ بولىدىغان ئامىللار ۋە ئېمىلداشلىق..................353
مۇتئە (ۋاقىتلىق نىكاھ)، قىز تېگىشىش، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى
نىكاھ شەكلى، نىكاھنى بۇزىدىغان ۋە بۇزمايدىغان ئامىللار .................375
خوتۇنلىرى ئارىسىدا ئادىل بولۇش، ئەزلى قىلىش، غىيلە، سەركەشلىك،
شەرت قىلىش، ئۆزىنى ئاختا قىلىش قاتارلىق مەسىلىلەر.................393
ئەرنىڭ ئايال ئۈستىدىكى ۋە ئايالنىڭ ئەر ئۈستىدىكى ھەق ـ
ھوقۇقلىرى ...................................................................................411
ئاياللار بىلەن ئەپ ئۆتۈش..................................................................435
كۈنلەش، ئاياللار بىلەن يالغۇز ئولتۇرۇش ۋە ئاياللارغا قاراش ...............449
**تالاق بۆلۈمى ............................................................. 465**
تالاقنى ئىپادىلەيدىغان كەلىمىلەر، نىكاھتىن كېيىن يېقىنچىلىق
قىلماي تۇرۇپ تالاق قىلىش، نىكاھتىن بۇرۇن تالاق قىلىش ۋە ھەيزدار
ھالەتتىكى ئايالنى تالاق قىلىش ..........................................................465
ئايالنى تالاق قىلىشقا زورلانغان كىشىنىڭ، ساراڭ، مەست ۋە قۇل
قاتارلىقلارنىڭ قىلغان تالىقى..............................................................481
خۇلئى، ئىيلا ۋە زىھار قىلىش..............................................................497
لەنەت ئېيتىشىش، بالىنى نەسەبگە چېتىش ۋە تېپىۋېلىنغان بالا.......509
ئىددەت تۇتۇش، ئىستىبرا، ماتەم تۇتۇش، بالىغا قاراش.......................537
سېتىشقا بولمايدىغان نىجىس نەرسىلەر، تېخى قولىغا ئالمىغان مالنى
سېتىش، تېخى پىشمىغان مېۋىلەرنى سېتىش، باشاقتىكى بۇغداينى
تاغارغا ئېلىنىپ بولغان بۇغدايغا تېگىشىش، دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى ھۆل
مېۋىنى قۇرۇق مېۋىگە تېگىشىش، بۇنىڭدىن ئىستىسنا قىلىنىپ
ھاجەتمەنلەرگە بېرىلگەن رۇخسەت ۋە باشقا مەسىلىلەر........................573

مال ساتقاندا شەرت قىلىش، ئىستىسنا قىلىش، ھىلە ئىشلىتىش، ئەيىبىنى يوشۇرۇش ۋە يالغان خېرىدار بولۇشقا ئوخشاش سودىدا دۇرۇس بولمايدىغان ئىشلارنى قىلىشنىڭ ئەيىب ئىكەنلىكى ......................591